شىنجاڭدىكى يازغۇچىلارنىڭ نادىر ئەسەرلىرى

يالقۇن روزى



# مەن ئىمتىھانغا ئوبزور يازىمەن

شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى



يالقۇن روزى

# The Works of Yalqun Rozi



يالقۇن روزى

# مەن نېمشقا ئوبزور يازىمەن

(ماقالە - ئوبزورلار)



شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

我为什么要写文学评论：维吾尔文/牙里坤·肉孜著.一乌鲁木齐：新疆科学技术出版社，2012.4
（新疆名家名著丛书）
ISBN 978-7-5466-1228-7

I.①我…II.①牙…III.①中国文学：当代文学一文学评论一文集一维吾尔语（中国少数民族语言）IV.①I206.7-53

中国版本图书馆CIP数据核字(2012)第075115号

پىلانلىغۇچى: ئادىل مۇھەممەت
مەسئۇل مۇھەررىرى: باھارگۈل تۇداخۇن
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: بەگمەت يۈسۈپ
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن
بەت لايىھەلىگۈچى: دىلنۇر ئۆمەر

شىنجاڭدىكى يازغۇچىلارنىڭ نادىر ئەسەرلىرى
**مەن نېمىشقا ئوبزور يازىمەن**
* * *
شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى №255 پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
بېيجىڭ شېڭتۇڭ مەتبەئەچىلىك پاي چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 880mm×1230mm 1/32 باسما تاۋىقى: 15.375
2012 - يىلى 4 - ئاي 1 - نەشرى
2012 - يىلى 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5466 - 1228 - 7
باھاسى: 54.00 يۈەن

# نەشرىياتتىن

يالقۇن روزى 1966 - يىلى 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئاتۇشنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى گۈزەل تاغلىق يېزىسى ئاغۇدا تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى 1973 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە ئاغۇ يېزىسىدا ئوقۇغان. 1980 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1982 - يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسىي فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. بىر يىلدىن كېيىن قىزىقىشى بويىچە ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئالماشقان. 1987 - يىلى ئوقۇشنى پۈتكۈزۈپ شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسىغا مۇخبىرلىققا تەقسىم قىلىنىپ، 1991 - يىلىغىچە خەۋەرلەر بۆلۈمىدە مۇخبىرلىق قىلغان. 1991 - يىلى 1 - ئايدىن 2005 - يىلغىچە «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» دە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 2005 - يىلى 4 - ئايدىن بۇيان شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ دەرسلىك بۆلۈمىدە ئانا تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىنى تۈزۈش، تەھرىرلەش خىزمىتىنى ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

يالقۇن روزىنىڭ نەتىجە - ئۇتۇقلىرىنى ئالتە جەھەتتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

بىرىنچى، ئەدەبىيات ئوبزورچىلىقى جەھەتتە: يالقۇن روزىنىڭ ئەدەبىيات ئوبزورچىلىقى 1986 - يىلى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 6 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئاق روماللىق پەرىزات، داستانى توغرىسىدا» دېگەن ئوبزورى بىلەن باشلانغان. ھازىرغىچە 60 پارچىدىن ئارتۇق ئوبزورى ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ ئوبزورلىرى لوگىكىلىق قۇرۇلما جەھەتتىن پۇختا، پىكرى ئۆتكۈر، پوزىتسىيەسى قەتئىي،

تەنقىدىي روھقا باي، مۇستەقىللىققا ئىگە، مۇلاھىزە - رەددىيەلىرى قايىل قىلارلىق بولغاچقا، ئۇ ئەدەبىيات مۇنبىرىدە لىللا، خاسلىقى كۈچلۈك ئوبزورچى سۈپىتىدە تونۇلغان. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئوبزورلىرى ئىچىدە «زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت»، «ئەدىبلەر نېمە ئۈچۈن پۇشايمان قىلىدۇ»، «ئەدەبىياتىمىزدىكى ئازغۇن روھ»، «چۇسا مىجەز تەنقىدچىلىك، توغرىسىدا»، «ئانا يۇرت، تىن تەسىرات» قاتارلىقلار زور ئالقىشقا ئېرىشكەن. 1999 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇنىڭ «تەكلىماكاندىكى ئالتۇن كولدۇرما» ناملىق ئوبزورلار توپلىمىنى نەشر قىلغان.

ئىككىنچى، پۇبلىستىك ماقالە جەھەتتە (پۇبلىستىكا — سىياسىي ياكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىنىدىغان ئەدەبىي ژانىر): يالقۇن روزىنىڭ پۇبلىستىك ماقالە ئىجادىيىتى ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن 1995 - يىلى يازغان «ئۇيغۇرلاردا ئىجادىيەتنىڭ قىممىتى ۋە ئىجادكارنىڭ قىممىتى» دېگەن ماقالىسى بىلەن باشلانغان. ھازىرغىچە ئۇنىڭ 30 پارچىدىن ئارتۇق پۇبلىستىك ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە «كامالتۈرك ۋە ئۈرۈمچى»، «بىز قانداقلارچە ‹ناخشا - ئۇسسۇل مىللىتى› ئاتىلىپ قالدۇق»، «زادى قانداق ئانىلار ئۇلۇغ»، «بېكخام مۇھىممۇ، ئېشەكمۇ — ھوشۇر قارىيغا ئوچۇق خەت»، «لاي قەلئەنىڭ سىرى»، «بىر پارچە خىشنىڭ سىرى»، «نەزەرىيە ئەمەلىي ۋە ئىدىيە قاتماللىقىدىن قاچان قۇتۇلىمىز» قاتارلىقلارنىڭ تەسىرى زور بولغان. ئۇنىڭ پۇبلىستىك ماقالىلىرى كۆتمىگەن مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، قىزىق تېما پەيدا قىلىش، مۇنازىرە دولقۇنى قوزغاشتەك ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە. يالقۇن روزىنىڭ پۇبلىستىك ماقالىلىرى چېتىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، پىكرىنىڭ جانلىقلىقى، مۇھاكىمىسىنىڭ ئىنچىكىلىكى، باش تېمىنى يورۇتۇش جەريانىدا تېمىدىن تېمىغا، مەسىلىدىن مەسىلىگە تەبىئىي ئۆتۈشتەك ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكى بىلەن كىشىنى قىزىقتۇرىدۇ. ئۇنىڭ پۇب-

لىستىك ماقالىلىرى يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغاچقا، يالقۇن روزى جەمئىيەتكە تەنقىد ئىككى كۈچلۈك بىر پۇبلىست سۈپىتىدە تونۇلغان.

ئۈچىنچى، جەدىدىزم تەتقىقاتى جەھەتتە: يالقۇن روزىنىڭ تەتقىقات ماقالىلىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتى بولغان جەدىدىلىك ھەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇ بۇ جەھەتتە ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېف، ئابدۇقادىر داموللام، مەخسۇت مۇھىتى، مەمتىلى ئەپەندى، گۇلەندەم ئابىستاي قاتارلىق مەشھۇر جەدىدچىلەرنىڭ زامانىۋى مىللىي سانائەت بەرپا قىلىش، يېڭى مائارىپنى يولغا قويۇش، يېڭى ئىدىيەنى ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتتىكى ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان كىتاب ـ ماقالىلەرنى يازغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە مىر ئەھمەد سېيىت ئەپەندىنىڭ ئەسلىمىسى ئاساسىدا يېزىپ چىققان تارىخىي تەرجىمىھال ئەسىرى «مەمتىلى ئەپەندى»، مەشھۇر جەدىدچى مۇتەپەككۇر ئابدۇقادىر داموللام ھەققىدىكى «20 ـ ئەسىردىكى تۇنجى ئىسلاھاتچى»، مەشھۇر كارخانىچى مۇسابايېفلار ھەققىدىكى «ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ توققۇز چوڭ تۆھپىسى» ۋە «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان»، «گۇلەندەم ئابىستاينىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى ئىزىدىن»، «ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، قاچان، قانداق قۇرۇلغان» قاتارلىق تەتقىقات ماقالىلىرىنىڭ قىممىتى يۇقىرى. بۇ ماقالىلەرنىڭ روشەن بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلاردا ئىلگىرى مۇشۇ تېمىلاردا يېزىلغان ماقالە ـ ئەسەرلەردىكى زىددىيەتلىك بايانلار، خاتا قاراشلار ۋە ئىشەنچسىز پاكىتلار تەنقىدلەنگەن ۋە تۈزىتىلگەن.

تۆتىنچى، نۇتۇق ـ لېكسىيە جەھەتتە: يالقۇن روزى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى بىلىم قۇرۇلمىسى كەڭ، پىكىر ـ مۇلاھىزىلىرى لوگىكىلىق، سۆز ـ جۈملىلىرى راۋان، قايىل قىلىش كۈچى كۈچلۈك ناتىقلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ 1990 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئەدەبىيات سىمنارىيەلىرىدە، باشلانغۇچ مەكتەپتىن

تەنقىدىي روھقا باي، مۇستەقىللىققا ئىگە، مۇلاھىزە ـ رەددىيەلىرى قايىل قىلارلىق بولغاچقا، ئۇ ئەدەبىيات مۇنبىرىدە لىللا، خاسلىقى كۈچلۈك ئوبزورچى سۈپىتىدە تونۇلغان. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئوبزورلىرى ئىچىدە «زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت»، «ئەدىبلەر نېمە ئۈچۈن پۇشايمان قىلىدۇ»، «ئەدەبىياتىمىزدىكى ئازغۇن روھ»، «چۇسا مە-جەز تەنقىدچىلىك، توغرىسىدا»، «ئانا يۇرت، تىن تەسىرات» قاتار-لىقلار زور ئالقىشقا ئېرىشكەن. 1999 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرى-ياتى ئۇنىڭ «تەكلىماكاندىكى ئالتۇن كولدۇرما» ناملىق ئوبزورلار توپلىمىنى نەشر قىلغان.

ئىككىنچى، پۇبلىستىك ماقالە جەھەتتە (پۇبلىستىكا ـ سىيا-سىي ياكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىنىدىغان ئەدەبىي ژانىر): يالقۇن روزىنىڭ پۇبلىستىك ماقالە ئىجادىيىتى ئالىم ئاب-دۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنىنىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن 1995 ـ يى-لى يازغان «ئۇيغۇرلاردا ئىجادىيەتنىڭ قىممىتى ۋە ئىجادكارنىڭ قىممىتى» دېگەن ماقالىسى بىلەن باشلانغان. ھازىرغىچە ئۇنىڭ 30 پارچىدىن ئارتۇق پۇبلىستىك ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە «كامالتۇرك ۋە ئۇرۇمچى»، «بىز قانداقلارچە ‹ناخشا ـ ئۇس-سۇل مىللىتى، ئاتىلىپ قالدۇق»، «زادى قانداق ئانىلار ئۇلۇغ»، «بېكخام مۇھىممۇ، ئېشەكمۇ ـ ھوشۇر قارىيغا ئوچۇق خەت»، «لاي قەلئەنىڭ سىرى»، «بىر پارچە خىشنىڭ سىرى»، «نەزەرىيە ئەمەلىقى ۋە ئىدىيە قاتماللىقىدىن قاچان قۇتۇلىمىز» قاتارلىقلارنىڭ تەسىرى زور بولغان. ئۇنىڭ پۇبلىستىك ماقالىلىرى كۆتمىگەن مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، قىزىق تېما پەيدا قىلىش، مۇنازىرە دولقۇنى قوز-غاشتەك ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە. يالقۇن روزىنىڭ پۇبلىستىك ماقا-لىلىرى چېتىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، پىكرىنىڭ جانلىقلى-قى، مۇھاكىمىسىنىڭ ئىنچىكىلىكى، باش تېمىنى يورۇتۇش جەريا-نىدا تېمىدىن تېمىغا، مەسىلىدىن مەسىلىگە تەبىئىي ئۆتۈشتەك ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكى بىلەن كىشىنى قىزىقتۇرىدۇ. ئۇنىڭ پۇب-

لىستىك ماقالىلىرى يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغاچقا، يالقۇن روزى جەمئىيەتكە تەنقىد ئېڭى كۈچلۈك بىر يۈزلىنىش سۈپىتىدە تونۇلغان.

ئۈچىنچى، جەدىدىزم تەتقىقاتى جەھەتتە: يالقۇن روزىنىڭ تەتقىقات ماقالىلىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتى بولغان جەدىدلىك ھەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇ بۇ جەھەتتە ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېف، ئابدۇقادىر داموللام، مەخسۇت مۇھىتى، مەمتىلى ئەپەندى، گۈلەندەم ئابىستاي قاتارلىق مەشھۇر جەدىدچىلەرنىڭ زامانىۋى مىللىي سانائەت بەرپا قىلىش، يېڭى مائارىپنى يولغا قويۇش، يېڭى ئىدىيەنى ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتتىكى ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان كىتاب ـ ماقالىلەرنى يازغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە مىر ئەھمەد سېيىت ئەپەندىنىڭ ئەسلىمىسى ئاساسىدا يېزىپ چىققان تارىخىي تەرجىمىھال ئەسىرى «مەمتىلى ئەپەندى»، مەشھۇر جەدىدچى مۇتەپەككۇر ئابدۇقادىر داموللام ھەققىدىكى «20 ـ ئەسىردىكى تۇنجى ئىسلاھاتچى»، مەشھۇر كارخانىچى مۇسابايېفلار ھەققىدىكى «ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ توققۇز چوڭ تۆھپىسى» ۋە «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان»، «گۈلەندەم ئابىستاينىڭ كۆندىلىك خاتىرىسى ئىزىدىن»، «ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، قاچان، قانداق قۇرۇلغان» قاتارلىق تەتقىقات ماقالىلىرىنىڭ قىممىتى يۇقىرى. بۇ ماقالىلەرنىڭ روشەن بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلاردا ئىلگىرى مۇشۇ تېمىلاردا يېزىلغان ماقالە ـ ئەسەرلەردىكى زىددىيەتلىك بايانلار، خاتا قاراشلار ۋە ئېنىقسىز پاكىتلار تەنقىدلەنگەن ۋە تۈزىتىلگەن.

تۆتىنچى، نۇتۇق ـ لېكسىيە جەھەتتە: يالقۇن روزى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى بىلىم قۇرۇلمىسى كەڭ، پىكىر ـ مۇلاھىزىلىرى لوگىكىلىق، سۆز ـ جۈملىلىرى راۋان، قايىل قىلىش كۈچى كۈچلۈك ناتىقلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ 1990 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئەدەبىيات سېمىنارىيەلىرىدە، باشلانغۇچ مەكتەپتىن

ئالىي مەكتەپكىچە بولغان ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەردە، ھەرقايسى
تېلېۋىزىيە ۋە رادىيو ئىستانسىلىرىنىڭ سۆھبەت پروگرامما-
لىرىدا 100 قېتىمدىن ئارتۇق مەخسۇس تېمىلىق نۇتۇق ـ لېكسىيە
سۆزلىگەن ھەم سۆھبەت بايان قىلغان. ئۇنىڭ نۇتۇق ـ لېكسىيەلى-
رىنىڭ مەزمۇنى ساپا مائارىپى، دەرس ئىسلاھاتى، تىل ـ ئەدەبىيات
ئوقۇتۇشى، ئەدەبىيات ئوبزورچىلىقى، ئىجتىمائىي ئەخلاق مەسىلە-
لىرى، ئائىلە تەربىيەسى قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. ئۇنىڭ
«مەدەنىيەت بوستانى» ۋە «چىن يۈرەكتىن چىن سۆزلەر» قاتارلىق
تېلېۋىزىيە سۆھبەت پروگراممىلىرىدا ئۆتكۈزگەن سۆھبەتلىرىدىن
«بەخت ئىلكىڭىزدە»، «كىشىلىك ھاياتنىڭ چىرىغى ـ ئۈمىد»،
«نەغمە ـ ناۋا ۋە مىللەت ساپاسى»، «ئوقۇتقۇچى روھى» قاتارلىقلار
كۆرۈرمەنلەرنىڭ زور ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

بەشىنچى، تىل ـ ئەدەبىيات مائارىپى جەھەتتە: يالقۇن روزى ئانا
تىل ـ ئەدەبىيات مائارىپىمىزنىڭ دەرسلىك، ئوقۇشلۇق ۋە قوللان-
مىلىرىنى تۈزۈش، تەھرىرلەش ئىشلىرىدا كۆرۈنەرلىك خىزمەت
ئىشلىگەن مۇتەخەسسىس ھېسابلىنىدۇ. ئۇ 2001 ـ يىلى باشلانغان
يېڭى دەرس ئىسلاھاتىنىڭ ئىدىيەسى ۋە تەلىپى بويىچە ئاساس مائا-
رىپ تىل ـ ئەدەبىيات تەجرىبە دەرسلىكلىرىنى تۈزۈش خىزمىتىگە
قاتناشقان. دەرسلىك تۈزۈش داۋام قىلغان ئون يىل جەريانىدا ئۇ
دەرسلىك كىتابلارنىڭ تېكىستلىرىنى يېغىش، سەرخىللاشتۇرۇش
جەھەتتە كۆرۈنەرلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. تولۇقسىز ئوتتۇرا
مەكتەپنىڭ ئىككى يۈرۈش، 12 پارچە دەرسلىك كىتابىنى تۈزۈشكە
بىۋاستە قاتناشقان. باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ تۈزگەن كى-
تابلاردىن سىرت، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن
تۆت پارچە «گۇمانىتار ئوقۇشلۇق» ۋە تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچى-
لىرى ئۈچۈن توققۇز پارچە «ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش قوللانمى-
سى» دېگەن كىتابنى مۇستەقىل تۈزگەن. دوتسېنت ئابدۇللا مەتقۇر-
بان بىلەن بىللە يەنە «ئالىي مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىياتى» دەرسلىكى-

نى تۈزگەن. تىل ـ ئەدەبىيات مائارىپىغا ئالاقىدار 90 پارچىدىن ئارتۇق دەرسلىك ۋە قوشۇمچە ماتېرىياللارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئالغان. تەكلىپ بويىچە ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىغا نەچچە ئون قېتىم دەرس ئۆتكەن.

ئالتىنچى، نەشرىياتچىلىق جەھەتتە: يالقۇن روزى نەشرىياتچىلىق كەسپىدە تەجرىبىسى بولغاچقا، شەخسلەرنىڭ مەبلەغ سېلىپ كىتاب نەشر قىلىشىغا يول ئېچىلغاندىن كېيىن، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، بىر ـ بىرىدىن ياخشى كىتابلارنى پىلانلاپ، ئالىملىرىمىزدىن ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن بىلەن ئەسەت سۇلايماننىڭ كىتابلىرىنى نەشر قىلىشنى ئاساس قىلىپ جەمئىي 20 پارچىغا يېقىن كىتاب نەشر قىلدۇرۇپ، ئوقۇرمەنلەرنى ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى، ئويلاندۇرۇش كۈچىگە ئىگە، سەرخىل كىتابلار بىلەن ئۇچراشتۇرغان. ئۇ نەشر قىلدۇرغان كىتابلارنىڭ مەزمۇنى دىن ۋە تارىخ، مەدەنىيەت ۋە مائارىپ، سىياسەت ۋە سىياسىيونلارغا مۇناسىۋەتلىك نادىر كىتابلار بولغاچقا ئوقۇرمەنلەرنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىغا، دۇنيا قارىشىغا، ئىدىيەۋى تونۇشىغا ئالاھىدە ئاكتىپ تەسىر كۆرسەتكەن. مەسىلەن، ئۇ نەشر قىلدۇرغان «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، «تەكلىماكانغا دۆملەنگەن روھ»، «ئۇيغۇر تۇتېم مەدەنىيىتى»، «ئىدىقۇت ئوغلانلىرى — مۇھىتلار جەمەتى»، «كىروراننىڭ سىرى»، «خەلىپىلەر دەۋرىدىكى ئىسلام دۆلىتى»، «ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم»، «ئىسلام دىنىغا دائىر سوئال ـ جاۋابلار»، «بۈگۈنكى زامان ئەرەب ـ ئىسلام پەلسەپەسى»، «يەھۇدىيلارنىڭ قەد كۆتۈرۈش تارىخى»، «مۇستاپا كامال» قاتارلىق كىتابلار ئوقۇرمەنلەرنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى كۈچەيتىش، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، ئاڭ ـ چۈشەنچىلىرىنى يېڭىلاشقا ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەن ياخشى كىتابلاردۇر.

ئومۇمەن، يالقۇن روزى تەنقىدىي روھقا باي ئوبزورچى، مەسئۇ-

لىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك پۈبلىست، ئىزدىنىش روھىغا باي تەتقىقاتچى، قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە ناتىق سۈپىتىدە بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت، مەدەنىيەت - مائارىپ، رادىيو - تېلېۋىزىيە ساھەلىرىمىزدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۇتۇق قازانغان، بۇرچىنى بىلىپ ياشاۋاتقان بىر زىيالىينىڭ رولىنى ئويناپ كەلمەكتە.

نەشرىياتىمىز يالقۇن روزىنىڭ ماقالە - ئوبزورلىرى ۋە تەتقىقات - نۇتۇقلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ نەشر قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت، ئۆگىنىش، ئىزدىنىش ۋە ئىجادىيەت ئىشلىرىدا تېخىمۇ ئىلمىي ۋە ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە نەتىجە - ئۇتۇقلارنى روياپقا چىقىرىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىدۇ.

# مۇندەرىجە

مەن نېمىشقا ئوبزور يازىمەن ........................ 1
ئەدىبلەر نېمە ئۈچۈن پۇشايمان قىلىدۇ ................ 18
شائىر ۋە يۇلتۇز ...................................... 30
تەۋپىق روھى — ئۆچمەس مەشئەل ..................... 36
تۈركىيە فىلىملىرى قىزغىنلىقى بىزگە نېمىلەرنى ئېلىپ
كەلدى ................................................ 45
«تىل كېكەچلىكى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقى» غا رەددىيە ............ 66
سېلىم بوۋاينىڭ سىمۋوللۇق قىممىتىنى قېزىش ............ 116
ئەدەبىياتنىڭ كۆچى نەدىن كېلىدۇ ...................... 125
مېنىڭ ئەدەبىي تەنقىد قارىشىم ........................ 151
«ئويغانغان زېمىن» دىن ئويغانغان پىكىرلەر ................ 160
گۈلئايىم ھەققىدە ئېيتىلغان قوپال ناخشا ............... 166
«ھايات شۇنداق» رومانىغا باھا ........................ 173
«بۇرۇت ماجىراسى» نىڭ قىممىتى ...................... 188
ئەدەبىياتىمىز مۇنازىرىگە موھتاج ...................... 195
زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت ........................ 202
«زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت» كە قوشۇمچە ............ 215
يەنە «زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت» توغرىسىدا ............ 221
تېنەپ يۈرگەن ئاسىي روھ .............................. 241
مۇتلەقلەشتۈرۈش ۋە مۇجمەللەشتۈرۈش ................... 245
«چۈشا مىجەز تەنقىدچىلىك» توغرىسىدا ................... 258
گۇمانىستارلىق قانداق ئۇقۇم ........................... 269
ئامېرىكا نېگىرلىرىغا يىلتىزىنى تونۇتقان يازغۇچى ............ 287

ياۋغۇچى نۇرمۇھەممەت توختىغا خەت ........................ 299
قەشقەر ھەققىدىكى يېڭى ئەپسانە ........................ 302
«ئاتا» رومانىنى «قىدىرىپ تەكشۈرۈش» تىن دوكلات ........................ 307
ئەدەبىياتتىكى نورماللىقمۇ ياكى نورمالسىزلىقمۇ ........................ 315
زوردۇن سابىرنىڭ سۈپەت قارىشىغا باھا ........................ 330
«ئانا يۇرت» تىن تەسىرات ........................ 346
«ئەقىللىك» ئوسكار بېلىق ........................ 362
بەخت ئىلكىڭىزدە ........................ 374
زادى قانداق ئانىلار ئۇلۇغ ........................ 395
بېكخام مۇھىممۇ، ئىشەكمۇ ........................ 403
كۈرەش رەجەپكە ئوچۇق خەت ........................ 429
بىز قانداقلارچە «ناخشا - ئۇسسۇل مىللىتى» ئاتىلىپ قالدۇق
........................ 440
بىزگە قانداق ئارتىسلار كېرەك ........................ 452
«ۋاڭ مېڭنىڭ ئۆز تەرجىمىھالى» بۇنداق يېزىلماسلىقى كېرەك
ئىدى ........................ 465

# مەن نېمىشقا ئوبزور يازىمەن

ھەرقانداق قەلەمكەشنىڭ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىدا مۇئەييەن مۇددىئاسى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قىممەت نىشانى جەھەتتىكى پەرق ئوخشاشمىغان ئىجادىيەت مۇددىئاسى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. بىر ئوبزورچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مېنىڭمۇ مۇئەييەن ئىجادىيەت مۇددىئايىم بار، ئەلۋەتتە. مەن نېمىشقا ئوبزور يازىمەن، دېگەن سوئال ئاساسىدىكى بۇ مۇھاكىمە ۋە بايان مېنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئايىمدىن بىرقەدەر ئېنىق ئۇچۇر بېرەلەيدۇ. مەن نېمىشقا ئوبزور يازىمەن، دېگەن سوئالغا ئويناشقاندەك جاۋاب بېرىش ئاسان. ئەمما، ئوقۇرمەنلەرنى ئويلاندۇرغۇدەك، باشقىلار ئۈچۈن ئىدىيە بولغۇدەك جاۋاب بېرىش خېلىلا تەس. ھەممىگە ئايان، ھازىرقى ئەدەبىيات ئەمەلىيىتىدە خىلمۇخىل قاراش ۋە پىكىر ئېقىملىرى، ھەر خىل ئىجادىيەت ئۇسلۇبلىرى ۋە ئەدەبىي ئېقىملار مەۋجۇت. شۇنداقتىمۇ، ھەرقانداق ئوبزورچى ھامان ئۆزى ئېتىقاد قىلىدىغان مەلۇم يېتەكچى ئىدىيە، پرىنسىپ بويىچە تەنقىد ئېلىپ بارىدىغان بولغاچقا، ئوخشاش بولمىغان يۆنىلىشتە ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرىدۇ.

مەن ئەدەبىياتنى ياخشى كۆرىمەن ھەم ناھايىتى كۆپ كىشىلەرنىڭ ئەدەبىياتنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. گۇمانىتار پەن بولغان ئەدەبىيات سېھرىي كۈچى كۈچلۈك ساھە. جاھان ئەدەبىياتى مۇنبىرىدە بىر - بىرىدىن مەشھۇر ئەسەرلەر ناھايىتى كۆپ، بۇ مەشھۇر ئەسەرلەرنى ئوقۇشنىڭ ئۆزى بىر خىل بايقاش، يەنى ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن، تونۇش ۋە ناتونۇش دۇنياغا قارىتا بايقاش ھەم ئۆز ۋۇجۇدىدىكى يوشۇرۇن مەنىۋى كۈچنى بايقاشتۇر. تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، بۇ، «ئادەم» گە قارىتا بايقاشتۇر، ئەدەبىياتنىڭ سېھرىي

كۆچى ئەنە شۇ يەردە! مىللىي ئەدەبىياتىمىزدىمۇ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ناھايىتى ئېسىل ئەسەرلەر بار. ھازىرمۇ ئەدەبىيات كوچىسىدا يېڭى - يېڭى ئەسەرلەر، يېڭى - يېڭى ئاپتورلار دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئەدەبىي ئوبزورچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئەدەبىياتقا ئىشتىياق باغلىغان قەلەمكەشلەرگە يېقىندىن دىققەت قىلىپ، ئەسەرلىرىنى چامىمنىڭ يېتىشىچە ئوقۇپ ئۇلارنىڭ بەدىئىي ئىستىداتىنىڭ قانچىلىكلىكىنى دىتلاپ، ئىجادىيەت مۇددىئاسىنى كۆزىتىپ تۇرىمەن. ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ مېھرى ئىسسىق كوچىدا خىلمۇخىل ئەدىبلەر ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ بەدىئىي ئىستىداتىدا روشەن پەرق بولغاندەك، ئىجادىيەت مۇددىئاسىدىمۇ روشەن پەرق بار. بەزىلەرنىڭ ئەدەبىياتقا ئىشتىياقى ھەقىقەتەن كۈچلۈك بولسىمۇ، لېكىن تالانتى كەمچىل بولغاچقا «پاھ!» دېگۈدەك ئەسەرلەرنى يارىتالمايدۇ. ئۇلار تىرىشىپ يۈرۈپ نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقىغا قايىل بولساممۇ، ئەمما تەلەپچان ئەدەبىي ئوبزورچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن تەلەپتىن يىراق ئەسەرلىرىگە ئالقىش ياڭرىتالمايمەن. ئىجادىيەت مۇددىئاسىدا مۇجمەللىك بار، يازمىلىرى ئادەتتىكىچە بەزى ئاپتورلارنى گاھىدا تەنقىدلەشكىمۇ مەجبۇر بولىمەن. گاھىدا ئوخشاش ئاپتورنىڭ ئوخشاشمىغان ئەسەرلىرىگە ئوخشاشمىغان باھا بېرىمەن. يەنى بىر ئەسىرىنى مۇئەييەنلەشتۇرسەم، بىر ئەسىرىنى ئىنكار قىلىمەن. چۈنكى ئوبزور ئالدى بىلەن ئادەمگە ئەمەس، ئەسەرگە يېزىلىدۇ. كىم ئۇچۇن، نېمە ئۇچۇن ئەسەر يازىدىغانلىقىنى ئاڭقىرماي، ئەرزىمەس نەرسىلەرنى قوغلىشىپ ئەسەر يېزىۋاتقان، بولۇپمۇ ئوقۇرمەنلەرنى قايمۇقتۇرۇپ يۈرگەن قەلەمكەشلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرگەندە تەنقىدىي روھىم ئۇرغۇپ تاشىدۇ.

راستىنى ئېيتسام، ئوبزورچىلىقتا كۆپ ھاللاردا تەنقىدلەشكە مايىلمەن. مېنىڭچە، تەنقىد — تەنقىدىي روھقا باي قەلبنىڭ ئىنكاسى، تەنقىدىي روھ مەسئۇلىيەتچان، پرىنسىپچىل پوزىتسىيەنى ۋە

مۇستەقىل، ئىجادىي تەپەككۇر ئادىتىنى شەكىللەندۈرىدىغان قىم-
مەتلىك ئامىل. تەنقىدىي روھنىڭ كەمچىل بولۇشى ھەقىقەت ئىز-
دەيدىغان روھنىڭ كەمچىل بولۇشىدىن دېرەك بېرىدۇ. تەنقىدىي روھ
كەمچىل جەمئىيەت ياخشىچاقلار جەمئىيىتىدىن ئىبارەت. ياخشى-
چاقلىق كەيپىياتى قويۇق جەمئىيەتتە چىنلىق بىلەن ساختىلىقنىڭ
قىممىتى مۇجمەللەشتۈرۈۋېتىلگەن، رەزىللىك بىلەن گۈزەللىكنىڭ
چېگراسى ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن بولىدۇ. بىر ئېغىز گەپ بىلەن
ئېيتقاندا، بۇنداق جەمئىيەتتە ساپا تۆۋەن بولىدۇ، ھاياتىي كۈچ بول-
مايدۇ. چۈنكى، بۇنداق جەمئىيەتتە مۇتىزىم پىرىنسىپ، نوپۇزلۇق
ئۆلچەم بولمايدۇ. مەسئۇلىيەتسىزلىك، بىپەرۋالىق كەيپىياتى ئو-
مۇملاشقان بولىدۇ. يالغان ـ ياۋىداق مەدھىيە چۇقانلىرى بۆلۈك ـ
پۇچقاقلاردىن ھالقىپ، ئاشكارا سورۇنلاردا غازاڭدەك تۆكۈلۈپ تۇرى-
دۇ. تەنقىدىي روھقا باي ئەدەبىي ئوبزورچىلىقنىڭ چەكلەش كۈچى
شەكىللەنمىگەن ئەدەبىيات ساھەسىدىمۇ ئەھۋال ئوخشاشلا ئېچىنار-
لىق بولىدۇ. ئاساسى يوق، ئىلمىگە خىلاپ، ئاتالمىش ئادەمگەرچى-
لىك روھى بىلەن سۇغىرىلغان مەدھىيە ۋە ماختاشلار سۈپەت ئېڭىغا
ئىگە كىشىلەرنى بەكلا بىئارام قىلىدۇ. ئەمما، ماختانچاقلىق خۇمارى
كۈچلۈك ئاتالمىش قەلەمكەشلەرنى راسا سەمرىتىدۇ. بۇنداق كەلسە ـ
كەلمەس ماختاپ ـ ئۇچۇرۇشلاردىن مەست بولغان بەزى ئەدىبلەر
ئۆزىنى توغرا مۆلچەرلىمەي، ئۆزىگە مەپتۇن بولۇش كېسىلىگە گى-
رىپتار بولۇپ قالىدۇ، نەتىجىدە پىشقان ئىدىيەسى، مۇستەھكەم
مەۋقەسى، تارازا باسقۇدەك ۋەزنى يوق ئاددىي ئەدىبلەر مەشھۇرلۇق
دەۋاسى قىلىپ قىلمىغىنى قالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن چاكىنىلىق كۆ-
پىيىدۇ. ئوبيېكتىپ چىنلىققا قىلچە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بىر ـ
بىرىدىن يوغان قۇرۇق گەپلەر گويا سولياۋ خالتىدەك ھەممىلا يەردە
كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. مۇشۇنداق مەدەنىيەت ھاۋاسىدا، مەسئۇلى-
يەتچان، پىرىنسىپچىل كىشىلەر تەنقىدىي روھنى بەكمۇ سېغىنىدۇ.

تەنقىدىي روھ دېگەن نېمە؟ بۇنىڭغا تەتقىقاتچىلى چاڭجى مۇنداق

جاۋاب بېرىدۇ: «بۇ ھەققانىيلىق تۇيغۇسىدۇر؛ ھەق ـ ناھەق ئۈستىـ
دە مۇجمەللىك قىلمايدىغان، ئۆتكۈزۈۋەتمەيدىغان ھۆكۈم ئىقتىدارى
ۋە سۈرۈشتۈرۈش خۇسۇسىيىتى؛ ياخشى نەرسىلەرگە نىسبەتەن
چوڭقۇر ئىگىلەش ۋە ئۇنى ھەركىمگە تەشۋىق قىلىپ ئومۇملاشتۇـ
رۇش قىزغىنلىقىغا ئىگە بولۇش؛ رەزىللىككە نىسبەتەن سەۋر
قىلالماسلىق، ئۇنىڭغا بار كۈچى بىلەن ھۇجۇم قىلىپ بەربات قىـ
لىشتۇر؛ ئۇنىڭ ئىپادىسى سەممىيلىك، تۈزلۈك، قەيسەرلىك،
راستچىللىق، جەسۇرلۇق، كەسكىنلىك، ئىخچاملىق، مول ھاياتىي
كۈچكە ئىگە بولۇشتۇر؛ ئۇ چېكىنمەي كۈرەش قىلىدۇ، شۇنداقلا
كىشىلەرنىڭ چېكىنمەي كۈرەش قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.»

ئەدەبىي ئوبزورنىڭ ئەمەلىيەتتە كۆپرەك يۈزلىنىدىغىنى تەنقىدـ
لەش، يەنى يېتەرسىزلىك ۋە مەسىلىلەر ئۈستىدىكى رەت قىلىش،
ئىنكار قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە تەھلىل ۋە باھا. ھەققىي ئوبزور
جىددىي مۇنازىرە، مۇرەسسەسىز ئىدىيەۋى ئېلىشىشتىن دېرەك بېـ
رىدۇ. بۇ، ئەدەبىي ئوبزورنىڭ ئۆزىگە خاس شەكلى. شۇڭا ئۇ ئالاھىـ
دە ۋە مۇرەككەپ مەدەنىيەت پائالىيىتى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىنتىـ
لىدىغىنى ئېستېتىكىلىق قىزغىنلىق ۋە ئىدراكىي يۈكسەكلىك.
مۇنازىرە كەيپىياتىنىڭ سۇس بولۇشى ياكى بولماسلىقى ئايدىڭلاشـ
تۇرۇشقا تېگىشلىك جىددىي مەسىلىلەرنى مۇجمەل ھالەتتە قالدۇـ
رىدۇ. سەپسەتە، ئويدۇرما ۋە ساختىلىقنى بازارغا ئىگە قىلىدۇ. مۇـ
ناسىپ ئىلمىي تالاش ـ تارتىش ۋە يوللۇق بەس ـ مۇنازىرە شەكلى
ھەقىقەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، سۈپەتلىك ئەسەرلەر بىلەن سۈپەتسىز
ئەسەرلەرنى ئايرىيدۇ. ساغلام، ھاياتىي كۈچكە تولغان بىر جەمئىيەت
ھەمىشە تەنقىدكە كەڭ قورساق مۇئامىلە قىلىدۇ ھەمدە ئۆزىدە
ساغلام، كۈچلۈك تەنقىد روھىنى يېتىلدۈرۈشكە تىرىشىدۇ. نورمال
بەس ـ مۇنازىرىنى خاتا چۈشىنىۋېلىش مەدەنىي جەمئىيەتنىڭ بەلـ
گىسى ئەمەس. مەدەنىي جەمئىيەتنىڭ بىر روشەن ئالاھىدىلىكى شۇـ
كى، بۇنداق جەمئىيەت تەنقىد ۋە گۇمانلىنىش روھىنى قوۋۋەتلەيدۇ.

ھەقىقىي زىيالىي يۇكسەك تەنقىد ئېڭىغا ۋە كۈچلۈك تەنقىد قابىلىيىتىگە ئىگە بولىدۇ، قارىغۇلارچە مەدھىيە ناخشىلىرىنى ياڭراتمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

شۇڭا ھەقىقىي ئوبزور ــ قايناق مۇنازىرە تۇسىدىكى دىيالوگ ۋە تالاش - تارتىش بولۇشى كېرەك. ئۇ مۇنازىرە ئۇچۇنلا مۇنازىرىلەشمەي، بەلكى ھەقىقەت ئۇچۇن مۇنازىرىلىشىشى لازىم. چۈنكى ئەدەبىيات توغرىسىدىكى بارچە ئىشەنچلىك بىلىش ۋە ھۆكۈملەرگە ئوخشاشمىغان سۇبيېكتلار ئوتتۇرىسىدىكى قارشىلىشىش خاراكتېرلىك سۆھبەت ۋە ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئېرىشىلىدۇ: ئەدەبىي مەسىلىلەر توغرىسىدىكى بىلىش ۋە ئېگىلەشلەر ــ ئوخشاشمىغان سۇبيېكتلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا تەنقىدىي ۋە ئىدراكىي مۇنازىرىنىڭ نەتىجىسى. ئەدەبىي ئوبزور بىر خىل سۆھبەتلىشىش بولغاچقا، سۇبيېكتلار ئوتتۇرىسىدا ئايرىلىش ۋە قارشىلىشىش مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن ھەقىقىي مەنىدىكى سۆھبەتنى شەكىللەندۇرگىلى بولىدۇ. بۇ، كىشىلەرنىڭ ئوخشاشمىغان قىممەت ۋە قىزىقىش تۇقۇنۇشى ئىچىدە، مەسىلىنى تېخىمۇ ئەتراپلىق كۆرسىتىپ، تېخىمۇ تولۇق مۇھاكىمە قىلىشىغا پايدىلىق.

ئىلمىي روھ كەمچىل، تەنقىد روھى سۇس بىر جەمئىيەتتە كىشىلەر ئوبزورچىلار بىلەن يازغۇچى، شائىرلارنىڭ توقۇنۇشۇپ قېلىشىدىن بەك ئەنسىرەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئەنسىرەشكە توغرا كەلسە ئۇلارنىڭ ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ، بىر - بىرىنى ماختاپ ئۇچۇرۇشىدىن ئەنسىرەش كېرەك. فىرانسىيەلىك مەشھۇر يازغۇچى ۋە ئەدەبىي ئوبزورچى ئالبېرت تىبودېت (Albert Thibaudet) «ئەدەبىي ئوبزور ھەققىدە ئالتە مۇلاھىزە» دېگەن ئەسىرىدە شەرھلىگەندەك «تالاش - تارتىش ئەدەبىياتنىڭ جېنى»، بۇنداق «تالاش - تارتىش» بولمىسا، «ئوبزورچىلىق ھالاك بولىدۇ». ئەدەبىي ئوبزور ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، توقۇنۇش مۇھىتىدا يۇز بېرىدىغان ۋە قانات يايدۇرىد-

لىدىغان مەنىۋى ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى. ئەدەبىي ئوبزور كونكرېت يازغۇچى ياكى ئەسەرگە قارىتا بىلىش ۋە باھالاش قانات يايدۇرۇلىدىغان قەلب بىلەن قەلبنىڭ كۆرۈشى. بۇنداق ئالاھىدە شەكىلدىكى ئېلىشىش نەتىجىسىدە ئوبزورچىلار بىلەن يازغۇچىلارنىڭ روھىي ئۆزگىرىشى ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ. پەقەت شۇنداق بولغاندىلا، بىز ئاندىن يازغۇچى ۋە ئەسەرگە بولغان ئىشەنچلىك باھاغا ئىگە بولالايمىز.

شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەككى، ئەدەبىي ئوبزورچىلىق ئەمەلىيىتىدە ئوبزورچى دۇشمەنلىشىپ قالغان يازغۇچى — شائىرلارغا باھا ۋە تەنقىد يۈرگۈزگەندىمۇ، ئوبخشاشلا ئىدراكىي پرىنسىپ ۋە ئەدەبىي ئوبزور ئۆلچىمىنىڭ ئىچكى تەقەززاسىدىن ھەرگىز چەتنىمەسلىك كېرەك. ئۇنداق بولمىسا، يازغان ئوبزور يامان نىيەتلىك ھاقارەتلەش ۋە بىشەملىك بىلەن ھۇجۇم قىلىش بولۇپ قالىدۇ. دېمەك، ئوبزورچى پاكىت ۋە ئەسەرنىڭ ئىچكى مەزمۇنى ئاساسىدا تەھلىل ۋە باھا يۈرگۈزۈشى لازىم. سۆزىدە ئاساس بولمىغان ئوبزورچى قۇرۇق گەپ قىلىدىغان ئوبزورچى ھېسابلىنىدۇ. «باھالاش ئىقتىدارىغا ئىگە كىشى مۇھىتقا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ» دېگەن گەپ بار. بۇ گەپ ئەدەبىي ئوبزورنىڭ ئىقتىدارى ۋە رولىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەلۋەتتە ئەدەبىي ئوبزور ئەدەبىي ئەسەر ۋە پىكىر ئېقىمى ھادىسىلىرىگە بولغان تەھلىل ۋە باھا ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئوقۇشىغا ھەم ئەدىبلەرنىڭ ئەسەر يېزىشىغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىپ، ئەدەبىيات ۋە ئىجتىمائىي مەنىۋى مۇھىتنىڭ ساغلاملىقىنى قوغدايدۇ. ئەنگلىيەلىك ئەدەبىيات ئوبزورچىسى مەسىيۇ ئارنولد (Matthew Arnold) «ئوبزور ئىدىيەۋى تەرتىپ ئورنىتالايدۇ. گەرچە ئۇ مۇتلەق توغرا بولمىسىمۇ، ھامان ئىلگىرىكىدىن توغرىراق بولىدۇ، ئۇ يەنە ئەڭ ياخشى ئىدىيەنى ئۇستۇنلۇككە ئىگە قىلىشى مۇمكىن ... ئەدەبىي ئىجادىيەت دەل مۇشۇ ئاساستا گۈللىنىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. ئەگەر بىر ئوبزورچىنىڭ كەسپلەشكەن شەرھلىرى ۋە

باھالىرى قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولسا بارا - بارا نوپۇز تىكلەپ، ئۇنىڭ ئوبزورلىرى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى چۈشىنىش ۋە زوقلىنىش قىبلىنەماسى بولۇپ قالىدۇ ھەم يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتىگە يېتەكلەش خاراكتېرلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ.

پۇشكىن ئېيتقاندەك: «ئەدەبىي ئوبزور بىر تۈرلۈك پەن. ئۇ ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ گۈزەللىكىنى ۋە خۇنۇكلۇكىنى ئېچىپ بېرىدىغان پەن.» پەنگە تۇتۇلغان ئىلمىي پوزىتسىيە يېتەرلىك بولمىغان جايدا ساختىلىق يامراپ كېتىدۇ. ئەدەبىيات ساھەيىمىزدىمۇ غايىسى نامرات، ئىرادە كۈچى ئاجىز، روھىي دۇنياسى زەئىپ، سەنئەت ئۆلچىمى زىيادە تۆۋەن، ئولتۇرسا - قوپسا ماختاش سۆزلىرىنى تاما قىلىپ تۆت تەرەپكە تەلمۈرۈپ ياشايدىغان قەلەمكەشلەر خېلى بار. بۇ خىلدىكى ئاتالمىش قەلەمكەشلەر ئەسەرلىرىنىڭ تەنقىد ئۆتكىلىدىن ئۆتكۈزۈلۈشىنى ھەرگىز خالىمايدۇ. بۇنداق ئەدىبلەر قەلەمكەشلەرنىڭ ئەركەك - چىشىسىنى، ئەسەرلەرنىڭ ياخشى - يامىنىنى ئايرىيدىغان ئۆتكەل ھېسابلىنىدىغان ئەدەبىي ئوبزوردىن چاياندىن قورققاندەك قورقىدۇ.

ئەدەبىي ئوبزور — يازغۇچى، شائىرلارنى ماھارەت جەھەتتىكى ئاجىزلىقى، مەنىۋىيەت، پىكىر ۋە بىلىم جەھەتتىكى نامراتلىقى ھەققىدە قايتا ئويلىنىشقا دەۋەت قىلىپ، ئۆزلىرىگە يۇقىرى تەلەپ قويۇشنى ئۆگىتىدىغان پەن. ئەدەبىي تەنقىدكە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان، پەقەت مەدھىيە - ماختاشلاردىنلا مەدەت ئالىدىغان ھەرقانداق قەلەمكەش ئەدەبىيات كوچىسىدا قانچە سوكۇلدىمىسۇن، بەربىر ئېتىبارغا ئېرىشەلمەيدۇ. بالزاك «ناپولېئون ئەلەم بىلەن ئورۇنلىيالمىغان ئىشلارنى مەن قەلەم بىلەن ئورۇنلايمەن» دەپتىكەن. ۋۇجۇدىدا بۇنداق بۈيۈك ئىرادىنى تىكلىگەن يازغۇچى مەدھىيە سۆزلىرىدىن مەست بولۇش، تەنقىدىي باھالاردىن قايغۇرۇشتىن تولىمۇ يىراق تۇرىدۇ. ئۆزىگە ئىشەنچىسى بار، ئىلگىرىلەشنى ئارزۇ قىلىدىغان، ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇشنى ئويلايدىغان، مەسىلىلەرنى ھەقىقەت نە-

زىرى بىلەن كۆزىتىش جاسارىتىگە، چىنلىق بىلەن ساختىلىق ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش پاراستىگە ئىگە، ئىلمىي پوزىتسىيەسى كۈچلۈك ئەدىبلەر ئۈچۈن ئەدەبىي ئوبزور ئۇلارنىڭ ئىلگىرىلەش يولىدىكى پەلەمپەيدىن ئىبارەت. دانىل بونسكات: «ئەگەر بىر يازغۇچىنىڭ تەنقىدنى قوبۇل قىلغۇدەك غەيرىتى بولمىسا، ئۇنداقتا ئۇ يازغۇچى بولۇشتىن سۆز ئاچمىسىمۇ بولىدۇ» دېگەنىدى. مىللىي ئەدەبىياتىمىزنى گۈللەندۈرۈشنى چىن كۆڭلىدىن ئارزۇ قىلىدىغان ھەرقانداق قەلەمكەش ئۆزىدە ئالدى بىلەن ئەدەبىي ئوبزورغا ئىلمىي، توغرا، بىمالال پوزىتسىيە تۇتالايدىغان ساپانى ھازىرلىشى، شۇنداقلا تەنقىدكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ھاياتىي كۈچى كۈچلۈك ئەسەرلەرنى يارىتىش يولىدا تىنىمسىز ئىزدىنىشى كېرەك.

ئەمەلىيەتنى تەن ئالغان ئاساستا شۇنداق دەيمىزكى، بىزنىڭ ئوبزورچىلىقىمىز بەك ئاددىي ۋە ئاجىز ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ. بۇنداق بولۇشىدا ھەر تۈرلۈك سەۋەب بار. مۇھىمى كىشىلەرنىڭ ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ ئويغىنىشى يېتەرلىك ئەمەس. بىزنىڭ مائارىپىمىز ئۆزلۈك ئېڭىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان مائارىپ ھېسابلىنىدۇ. ئىلىم - پەن ئاتموسفېراسىدىمۇ ئىلىم - پەن دېموكراتىيەسى يېتەرلىك ئەمەس. نوپۇزنىڭ بېسىمى كۈچلۈك. شەخسنىڭ ئۆزلۈك ئېڭى ئويغانسا، تەنقىدىي روھ ۋە گۇمانىستارلىق تەرەققىي قىلىدۇ. چۈنكى جىمى نەرسە «ئۆزلۈك» نەزىرىنىڭ تەپتىش قىلىشىدىن ئۆتسە، ئەنئەنىگە قارىغۇلارچە چوقۇنۇشتىن، نوپۇزغا قارىغۇلارچە باش ئېگىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئەنگلىيەلىك مەشھۇر مۇتەپەككۇر كارل پوپپېر (Karl Popper) «ئېچىۋېتىلگەن جەمئىيەت ۋە ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى» دېگەن كاتتا ئەسىرىدە «ئېچىۋېتىلگەن جەمئىيەت خۇراپىيلارچە ئىشىنىش ۋە قارىغۇلارچە بويسۇنۇشقا قارشى تۇرۇپ، تەنقىدىي ئىدراكىي روھنى تەشەببۇس قىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

مەدەنىيەت مۇھىتىدىكى مانا مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن

بىزنىڭ ئوبزورچىلىقىمىزدا ئاددىيلىق ھەم ئاجىزلىق ھالىتى ساق-لىنىپ تۇرماقتا. ئاددىيلىق كەسپىي بىلىمى يېتەرسىز بولۇش، تەھلىل قىلىش، باھالاش ئىقتىدارى يۈزە بولۇش مەسىلىسىگە بې-رىپ تاقالسا، ئاجىزلىق ئوبزورچىلارنىڭ ئالاھىدە مەنىۋى خاراكتې-رىنىڭ مۇكەممەل ئەمەسلىكىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. ئوبزورچى ئالاھى-دە مەنىۋى خاراكتېر ئارقىلىقلا ئۆزىنىڭ ئوبزورچىلىق خىزمىتىنى قانات يايدۇرالايدۇ. بۇ خىل ئالاھىدە مەنىۋى خاراكتېرنىڭ نېگىزى ھەقىقەتكە بولغان ئېتىقاد ۋە بەدەل تۆلەشكە تەييار تۇرىدىغان جاسا-رەتتىن ئىبارەت. بىر قىسىم ئوبزورچىلارنىڭ يېتەرلىك كەسپىي بىلىمى بولسىمۇ، ھەقىقىي ئۆتكۈر، ۋىجدانەن، پىرىنسىپلىق تەن-قىدلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرالمىغانلىقى سەۋەبىدىن، ئەدەبىي ئوب-زورچىلىق ساھەسى بەك زەئىپلىشىپ كەتتى. بىر قىسىم ئوبزور-چىلار باشقىلارغا يامان بولۇشتىن ئەنسىرەپ، خوش - خوش دەپ قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرىدىغان «ئىتائەتمەن دوستلار» غا ئايلىنىپ كەتتى. بىر قىسىم ئەدەبىي ئوبزورچىلار جاھاننىڭ رەپتارىغا كى-رىۋالغان جان باقتىلارغا ئايلىنىپ كەتتى. ئەدەبىي ئوبزورچىلارنىڭ بوشاڭلىقى تۆپەيلى ئەخلەت ئەسەرلەرگىمۇ، مەسئۇلىيەتسىز ئەدىب-لەرگىمۇ ئىدراكىي ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشكە پېتىنالمايدىغان ۋەزى-يەت شەكىللەندى. بىلىش كېرەككى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تەنقىد-سىز قوبۇل قىلىش ئەدەبىياتنى خارابلاشتۇرىدۇ. باشقىلارغا قارشى چىقمىغان شارائىتتا ئالدامچىلىق، مەسئۇلىيەتسىزلىك كۆچىيىپ بېرىۋېرىدۇ. ئەدەبىيات ئوبزورى دەپ ئاتالغان مۇستەقىل بىر پەن-دىن، ئۇنىڭ مىللىي ئەدەبىياتقا بولغان خىزمىتىدىن نەدىكى بىر ئا-دەملەرنىڭ خاھىشىغا قاراپ ۋاز كېچىشكە بولامدۇ؟ ئەدەبىيات ئوب-زورچىلىقى بىر خىل كەسپىي شەرھلەش ۋە باھالاش ھەرىكىتى. ئە-دەبىي ئوبزورچى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ قىممىتىنى زېرەكلىك بىلەن بايقايدۇ ھەم بۇ خىل قىممەتنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىدۇ. ئەدەبىي ئوبزورچى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ قىممىتىنى شەرھلەشتە، يەنى

قىممىتىگە باھا بېرىشتە ئەدەبىيات نەزەرىيەسىگە ۋە سىستېمىلىق جەمئىيەت، مەدەنىيەت بىلىملىرىگە ئاساسلىنىدۇ. بۇ، ئەدەبىي ئەسەرگە باھا بەرگەندە رېئال قاتلام بىلەن ئېستېتىكىلىق قاتلام نۇقتىسىدىن باھا بېرىلىدۇ، دېگەنلىك. ئەسەرگە ئومۇمىي باھا بەرگەندە ئېستېتىكىلىق باھا ئاساس قىلىنىدۇ. رېئال ئۆلچەم ئېستېتىكىلىق ئۆلچەمگە بويسۇنىدۇ. ئەدەبىيات ئوبزورچىسىنىڭ ۋەزىپىسى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئەھمىيىتىنى نەزەرىيەۋى نۇقتىدىن چىقىپ شەرھلەش، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ رېئال ئەھمىيىتىنى ۋە ئېستېتىكىلىق ئەھمىيىتىنى كەسپىي تىل بىلەن چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت. ئەدەبىيات ئوبزورچىسى مۇشۇ جەرياندا ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئۇتۇقى ۋە كەمچىلىكىگە ياتىدىغان تەرەپلىرىنى ئىلمىي ۋە پاكىتلىق تەھلىل قىلىدۇ. بۇ خىل تەھلىل ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى خاھىشىغا، شەكلىگە، ئىپادىلەش ئۇسۇلىغا قارىتىلىدۇ.

ئەدەبىيات ئوبزورچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئوبزورچىلار ئەدەبىياتنىڭ كۆپ قاتلاملىق خاراكتېرىگە قارىتا ئوخشاشمىغان ئوبزورچىلىق نەزەرىيەسىنى قورال قىلىدۇ. ھەربىر ئوبزورچى ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشىغا ئاساسەن ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەلۇم ئالاھىدە تەرىپىگە بەكرەك دىققەت قىلىدۇ ھەمدە ئوخشاشمىغان نۇقتىدىن چىقىپ ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ قىممىتىنى چۈشەندۈرىدۇ. مېنىڭ ئوبزورچىلىق ئۇسلۇبۇم بەدىئىي تەھلىل بىلەن ئىدىيەۋى تەھلىلنى بىرلەشتۈرۈپ باھالاش ئېلىپ بېرىش، ئەدەبىي ئوبزور بىلەن ئىجتىمائىي ئوبزورنى بىرلەشتۈرۈپ مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش. مېنىڭچە، بۇ ئېستېتىكا تارىخىدىكى ئېستېتىكىلىق بىلەن تارىخىيلىق بىرلەشتۈرۈلگەن ئوبزورچىلىق ئەنئەنىسىگە چۈشىدۇ. بىز ئۈچۈن ھازىر مۇھىمى، ئوبزورچى ئەدەبىي ئۆلچەم ئارقىلىق مەلۇم ئەسەرنىڭ ئەدەبىي ئەسەر ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلالايدىغان بولۇش بولۇپ قالدى. چۈنكى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تەنقىدىي يوسۇندا كۆزىتىش ئادىتى شەكىللەنمىگەن، نوپۇزلۇق ئەدەب-

لەرگە گۈدەكلەرچە قىزغىنلىق كۆرسىتىدىغان بىر جەمئىيەتتە ئە-
دەبىياتنىڭ چۈشكۈنلىشىشى كۆچىيىپ، ساپاسى يوق يازغۇچىلارنىڭ
سورەن - چۇقانلىرى ئاۋۇپ، قىممىتى يوق ئەسەرلەر يامراپ كېتى-
دۇ. بىز دەل مۇشۇنداق بىنورمال ئەدەبىيات مۇھىتىدا تۇرۇۋاتىمىز.
شۇڭا، ئوبزورچىلىقنىڭ ئاساسىي مەۋقەسىنى ھەقىقىي ئەدەبىي ئە-
سەرلەر بىلەن ساختا ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كۆرسىتىپ بېرىشكە قو-
يۇشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ.

زىيالىيلىق مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇق ھالىتىنى سەز-
گۈرلۈك بىلەن كۆزىتىپ تۇرۇش ۋە ئۇنىڭ يۈزلىنىشىنى يېتەكلەش
بىلەن ئۆلچىنىدىغانلىقى بۇگۈنكى دۇنيادا ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان
قاراش بولۇپ قالدى. زىيالىيلىق ئېتىكىلىق مەنىسىدىن ئالغاندا،
ئۆزى تەۋە مەدەنىيەتكە مەسئۇل بولۇش جاسارىتىنى بىلدۈرىدۇ. مۇ-
شۇ مەنىدىن ئالغاندا، ئۆزىگە خاس ئوبزورچىلىق ئىستىلى ۋە ئوب-
زورچىلىق ئىندىۋىدۇئاللىقى بار ئوبزورچى بولۇش، ئالدى بىلەن
مىللىي ئەدەبىياتنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا ۋە بارغانسېرى گۈللە-
نىشىگە تۈرتكە بولىدىغان ھەقىقىي ئەدەبىي ئوبزورچىلىقنى شە-
كىللەندۈرۈش جاسارىتىگە ئىگە ئوبزورچى بولۇش بىلەن ئىپادىلە-
نىدۇ. ئەدەبىي ئوبزور ئۆلچىمىنىڭ چەكلىمىسىگە ئەھمىيەت بەر-
گەندىلا، ئاندىن ئۇنۇملۇك تەنقىد ئارقىلىق يېزىقچىلىقتىكى چۈش-
كۈنلۈكنى ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىكنى چەكلىگىلى بولىدۇ. ئۇيغۇر ئە-
دەبىياتىدا ئەدەبىي ئوبزورچىلىقنىڭ ئاجىز بولۇشى مەسئۇلىيەت-
چان، مەسىلە ئېڭى كۈچلۈك، يۈز قارىماي راست سۆزلىيەلەيدىغان
ئوبزورچىلارنىڭ يوق دېيەرلىك بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. سى-
لىق - سىپايە ئوبزورچى بولۇش ئوبزورنىڭ قىممىتىنى بەكلا تۆ-
ۋەنلىتىۋېتىدۇ ھەم زىيانلىق ئاقىۋەت شەكىللەندۈرىدۇ. گېرمانىيە-
لىك پەيلاسوپ شوپىنخاۋېر: «سىلىق - سىپايىلىك ئىجتىمائىي مۇ-
ناسىۋەتتە ئۆز مەنىسىگە ئىگە. لېكىن ئەدەبىياتتا بىر خىل ياتلاشقان
ھەمدە كۆپىنچە زىيانلىق ئامىل؛ چۈنكى ئۇ كىشىنى رەزىللىكنى

خەيرلىك، نىجىسلىقنى گۈزەللىك دەپ قاراشقا مەجبۇرلايدۇ. پەن بىلەن سەنئەتنىڭ ئالىيجاناب مەقسىتى شۇنىڭ بىلەن دەپسەندە قىلىنىدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرغان. پىرىنسىپچانلىقى، رېئاللىق تۇيغۇسى يوق، تەنقىد روھى سۇس، مەسئۇلىيەت ئېڭى ئاجىز سىلىق ـ سىپايە ئوبزورچى بولۇش، ئەدەبىيات مۇنبىرىدە ئادەمگەرچىلىك ئوبزورى، خۇشامەت ئوبزورى، گورۇھ ئوبزورى، مەنپەئەتپەرەسلىك ئوبزورى دېگەندەك چاكىنا ئوبزورچىلىقنى ئەۋج ئالدۇرۇۋېتىدۇ. شۇبھىسىزكى، بۇنداق ئوبزورچىلار ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، ئوبزورچى كەلسە ـ كەلمەس ماختايدىغان ياخشىچاق ئوبزورچى بولۇشتىن ياكى ئۆزىنى ئاياپ جىممىدە تۇرۇۋالىدىغان بىچارە ئوبزورچى بولۇشتىن ھەزەر ئەيلىشى، ئادىل، ھەققانىي ئوبزورچى بولۇشى، ئەسەرگە بىۋاسىتە يۈزلىنىشى، ئەسەرنىڭ ئاپتورى بىلەن ھېسابلاشماسلىقى لازىم. باشقىلارغا يامان بولۇشتىن قورقۇپ ھەممىنى ماختايدىغان ياخشىچاق ئوبزورچى بولۇش، نوپوزى بار يازغۇچىلارنىڭ قاش ـ قاپىقىغا قاراپ، تىنچ، ئارامخۇدا ئۆتۈشنى خالايدىغان سىلىق ـ سىپايە ئوبزورچى بولۇشنىڭ زىيىنى ناھايىتى زور. بۇنى بىز مەشھۇر رۇس ئەدەبىي ئوبزورچىسى بېلىنسكىنىڭ مۇنۇ سۆزىدىن ئېنىق ھېس قىلالايمىز. بېلىنسكى مۇنداق دېگەن: «ھەر دائىم تىنچ ۋە ئارامخۇدا ئۆتۈشنى خالىساڭ، گېپىڭ ھەممە يەردە تاتلىق بولۇۋەرسە، مۇلايىملا بولساڭ قانداق بولىدۇ دېمەمسەن، ئۇ ھالدا ۋىجدانسىزلىق، ئالدامچىلىق، نادانلىق ئۇچۇن كەڭ يول ئېچىلىدۇ. ھېچكىم ئۇ ئىللەتلەرنى پاش قىلمايدۇ، ئاخىرى ھەقىقەتنىڭ قۇدرەتلىك خىتابىنى ئېيتىدىغان ئادەممۇ چىقماي قالىدۇ.»

ھازىرقى تاۋار جەمئىيىتىدە مۇبالىغىچىلىك، يوغان گەپ قىلىش، داۋراڭچىلىق كەلكۈندەك يامراپ كەتتى. چوڭچۇرىخانا ئاچقان ئادەم ئۆزىنى «چوڭچۇرە پادىشاھى» دەپ ئاتاشتىن ئۇيالمايدىغان بولۇپ كەتتى. يازغۇچى، شائىرلار ئارىسىدىمۇ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويى-

ماستىن، ماختىنىشقا ھېرىسمەن بولۇش، دوست تارتىپ ماختى-
شىش، يۇقىرى - تۆۋەن قاتراپ تون كىيىش ھەلەكچىلىكىدە چېپىپ
يۈرۈش، شۇ ئارقىلىق ئەدەبىيات ئاسمىنىدىكى چولپان بولۇشنى
كۆزلەش، ئەسەرنىڭ سۈپىتى بىلەن ھېسابلاشماستىن سانى بىلەن
ھېسابلىشىپ كىتاب چىقىرىپ «ئوبراز قۇرۇلۇشى» ئېلىپ بېرىش
خاھىشى ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە كۆپىيىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ
بۇنداق بىچارىلەرچە ئېرىشكەنلىرى ئەمەلىيەتتە ئەدەبىياتقا قىلىنغان
ئاسىيلىق ۋە ئوقۇرمەنلەرگە قىلىنغان زىيانكەشلىك. يامان يېرى
شۇكى، بۇنداق نامۇۋاپىق ئۇرۇنۇش ۋە ئەخمىقانە ھەرىكەتلەر يامراپ
كەتسە ئاساسىي ئېقىمغا ئايلىنىپ، گويا نورمال ئىشتەك بىلىنىدى-
غان بولۇپ كېتىدىكەن. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولۇپ كەتتى. مەش-
ھۇر يازغۇچى لېف تولستوي «ئادەملەر كۆندۈرۈلۈش ئارقىلىق ھەر-
قانداق ئىشقا ئادەتلىنىدۇ. ھەتتا ئەڭ ناچار ئىشلارغىمۇ ئادەتلىنە-
لەيدۇ. خۇددى كىشىلەر ئىچىپ قالغان يېمەكلىكىكە، تاماكىغا، ئەپ-
يۇنگە، ھاراقىقا ئادەتلەنگىنىگە ئوخشاش، ناچار سەنئەتكىمۇ ئادەتلى-
نىپ كېتىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. دەرۋەقە، ناچار سەنئەتكە ئادەتلىنىپ
كەتكەن ئاۋام سۈپەتسىز ئەسەرلەرنى ۋە قابىلىيەتسىز يازغۇچى -
شائىرلارنى رەت قىلمايدىغان بولۇپ كېتىدىكەن. تەلىيى تۆۋەن بۇ
خىل ئوقۇرمەنلەرنىڭ بازار شەكىللەندۈرۈشى سۈپەتسىز ئەسەرلەر-
نىڭ يولىنى تېخىمۇ راۋانلاشتۇرۇۋېتىدىكەن. بۇنداق ئەھۋالدا يەنە
«بولمىغاندىن بولغىنى ياخشى» دەپ ئىلىمگە يات ئاددىي گەپلەر بى-
لەن ساغلام بولمىغان كەيپىيات پەيدا قىلىدىغان ئاتالمىش كەڭ
قورساق كىشىلەرمۇ ئوتتۇرىغا چىقىدىكەن. نەتىجىدە، ئەخلەت ئە-
سەرلەر بىلەن مەسئۇلىيەتسىز قەلەمكەشلەرگە ئەركىن - ئازادە
بوشلۇق يارىتىلىدىكەن. ھازىر بىزنىڭ مىللىي ئەدەبىيات مۇنبىرى-
مىزدە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقىنى دەل مۇشۇنداق كەيپىيات بولۇپ قالدى.
مۇشۇنداق ئەھۋالدا بىر ئوبزورچىغا نىسبەتەن بۈگۈنكى كۈندە
قانداق قىلغاندا ئۆزىنىڭ روھىي پەزىلىتىنى، مۇستەقىل تەنقىد

روھىنى ۋە قىممەت ئېگىزلىكىنى ئىمكانقەدەر ساقلاپ قېلىش بىر مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالدى.

بىز ئەدەبىي ئوبزورغا شۇنىڭ ئۈچۈن موھتاجكى، بارلىق ئەدەبىي ئەسەر ياكى ئەدەبىيات تەتقىقاتى ھەرگىزمۇ ساپ، ئەستايىدىل، سالماقلىق ۋەياكى پايدىلىق بولۇۋەرمەيدۇ. بىراق، ئۇ ئوبيېكتىپ ئەدەبىي ئوبزورنىڭ بارلىق ئۆلچەملىرىگە ئۇيغۇن كەلگەندىلا، ساپ، ئەستايىدىل، پايدىلىق نەرسىگە ئايلىنىدۇ. داڭلىق ئەدەبىيات ئوبزورچىسى لى جيەنجۈن ئېيتقاندەك، مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئەدەبىي ئوبزورنىڭ ئۈستىگە ئېلىشى زۆرۈر بولغان مەسئۇلىيەت ئېتىكىسى «ئۆز دەۋرىدىكى ئەدەبىياتنى چىن ۋە ئىشەنچلىك ھۆكۈملەر بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق ئۇنى ئاكتۇئال ئىشلەپچىقىرىشچانلىقتا ئىگە ئېيتىم كۈچىگە ئايلاندۇرۇشتۇر. كونكرېت ئېيتقاندا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەينى ئەھۋالنى چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە بىر خىل چەكلىگۈچى كۈچ سۈپىتىدە، يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىگە نىسبەتەن قىممەت ۋە سۈپەت نازارەتچىلىكى ئېلىپ بېرىشتۇر.» بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئەدەبىي ئوبزورچىلار خالىسلىق، باتۇرلۇق پەزىلىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەسپىي بىلىمىنى ۋە كېسىشمە پەنلەر جەھەتتىكى بىلىمىنى كۆپەيتىپ، خىرىس قىلىشقا جۈرئەت قىلىشتەك قايناق ھېسسىياتى ۋە جاسارىتىنى ئۇرغۇتۇپ، ئەدەبىياتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى يۈكسەلدۈرۈشكە پايدىلىق قاراشلارنى، ئويلاندۇرۇش كۈچى بار مۇھاكىمىلەرنى، قوبۇل قىلىنىشچانلىقى كۈچلۈك باھالارنى، چەكلەش كۈچى كۈچلۈك ئۆتكۈر تەنقىدىي پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى لازىم.

ئەدەبىي ئوبزورچى ئوبيېكتىپ، ئىلمىي، ئادىل، توغرا بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى، مەلۇم ئەدىب ياكى ئەسەرنى ئاشۇرۇپ ماختاش ياكى قارشى تەرەپنى ئاساسسىز سۆكۈش قىلمىشىنى سادىر قىلىشتىن قەتئىي ساقلىنىشى لازىم. بۇنداق قىلمىش ئوبزورچىلىقنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى يەرگە ئۇرىدۇ. ئوبزورچى ئۆزىنىڭ لىللالى-

قى، ئۆتكۈر پىكىرلىكلىكى ۋە جۇشقۇن ــ جانلىقلىقى ئارقىلىق يې-
زىقچىلىقتىكى ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈكنى ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىكنى
توسۇپ، ئوبزورنىڭ ئىززەت ــ ھۆرمىتىنى ئاشۇرۇشى لازىم. شو-
پىنخاۋېر ئېيتقاندەك «ئۆلچەمدىن ئارتۇق بېرىلگەن دورىدىن مەنپە-
ئەت بولمىغاندەك، ئادالەت ئۆلچىمى چېگراسىدىن چىقىپ كەتكەن
دەشنەم، تەنقىدتىنمۇ مەنپەئەت بولمايدۇ.» شۇڭا، ئادىل، لىللا بو-
لۇش پىرىنسىپىدىن چەتنىمەسلىك، ئاساسسىز تەنقىد قىلىشتىن
ساقلىنىش كېرەك.

ئەلۋەتتە، ئەدەبىي ئوبزورنى پەن دەپ قارايدىغان مەدەنىيەت مۇ-
ھىتى كەمچىل، نورمال تالاش ــ تارتىش ۋە زۆرۈر بەس ــ مۇنازىرىد-
نى ئىناقسىزلىق دەپ قارايدىغان قاتمال مۇھىتتا، ئەدەبىي ئوبزور-
چىلىق تەنقىدلەشنى ئاساس قىلىشتەك خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن
ئۇنچە بەك قارشى ئېلىنىپ كەتمەيدۇ. بۇنداق مۇھىتتا ھەقىقىي بىر
ئوبزورچى ئاسانلا خاتا چۈشىنىش ۋە دۈشمەنلىككە دۇچار بولۇشتىن
ساقلىنالمايدۇ. لېكىن، مەسئۇلىيەتچان، تەلەپچان، سۇپەت ئېڭى
كۈچلۈك، ئىلمىي ئاتموسفېراسى كەم مۇھىت بىلەن قارشىلىشالاي-
دىغان ئىلمىي جاسارەتكە ئىگە ھەقىقىي بىر ئوبزورچى يازغۇچىدىن
كېلىدىغان دۈشمەنلىك ۋە زىيانكەشلىكلەرگە بەرداشلىق بېرىش
كۈچىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. داڭلىق ئەدەبىي ئوبزورچى لى جيەن-
جۈن «دەۋرىمىز ۋە ئەدەبىياتىمىزنىڭ دۈشمەنلىرى» دېگەن ماقالى-
سىدە بۇ توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «روھىي جەھەتتىكى قەيسەرلىك
ۋە خاراكتېردىكى قەتئىيلىك ئوبزورچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا
مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، ئەگەر ئىنتائەت قىلماسلىق روھى ۋە قار-
شىلىشىش جاسارىتى بولمىسا، ئوبزورچى ئۆز دەۋرى ۋە ئەدەبىياتى-
نى قىممەتكە ئىگە قاراشلار بىلەن تەمىنلىيەلىشى ناھايىتى تەس.
چۈنكى بىر جاسارەتسىز كىشى مەسىلىگە توغرا قاراشقا، راست
سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ، ھالبۇكى، راست سۆزگە يوشۇرۇنغان
ھەقىقەتلا قىممەتكە ئىگە بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ھۆرمەت بىلەن قوللاق

سېلىپ ئاڭلىشىغا مۇيەسسەر بولالايدۇ.»

قىسقىسى، مىللىي ئەدەبىياتنىڭ گۈللىنىشىگە ئەمەلىي، ئىجا-بىي تۆھپە قوشۇش ئىستىكى كۈچلۈك بىر ئوبزورچى بولۇش ئاسان ئەمەس. مېنىڭ ئەدەبىي ئوبزورچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋات-قىنىمغا 25 يىل بولدى. شۇنى تونۇپ يەتتىمكى، ئەدەبىي ئوبزورچى-لىق ساھەسىدە ياكى ئۇنداق، ياكى مۇنداق زىددىيەتلەردىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. يىقىلىپ ـ قوپۇشلار دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئەمما، مىللىي ئەدەبىياتنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان بىر ئوب-زورچىدا يېتەرلىك ئىلمىي جاسارەت بولمىسا بولمايدۇ. داڭلىق ئوبزورچى جو يوچياڭ ئۈكۈنگەندەك، ھازىر بىزنىڭ «ئەدەبىي ئوب-زور قوشۇنىمىزدا خۇش خەۋەرچى سوپىسوپىياڭلار كۆپىيىپ، تۆ-مۈرتۆمشۇقلار ئاز قالدى»، يېتەكچى كۈچكە باي، ئېستېتىكىلىق، تارىخىي قاراشلاردا چىڭ تۇرىدىغان، ئېستېتىكىلىق ئۆلچەملەرنى پەسلەشتۈرۈۋېتىش خاھىشىغا قارشى كۆرەش قىلالايدىغان، ئىجتىـ-مائىي قىممەتكە ھۆكۈم قىلىشقا جۈرئەتلىك، مەنىۋى قىممەتلەرنى گەۋدىلەندۈرىدىغان، پىرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان، ئەخلاقىي مىزان-نى يوقىتىپ قويمىغان، مىللەتنىڭ ئارزۇ ـ ئىستىكىنى نامايان قىلىدىغان، سەنئەت ئىلھامىغا باي، ئىدىيە يۈكسەكلىكىگە ئىگە مۇستەقىل قاراشلار بىلەن تولغان، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان، غايىسىز، قابىلىيەتسىز، ئەمما شۆھرەتپەرەس قەلەمكەشلەرگە يۈز ـ خاتىر قىلمايدىغان، ئىمتىيازلىقلارغا چېقىلىش جاسارىتىگە ئىگە، كۆرەشچانلىق روھى ئۈستۈن ئەدەبىي ئوبزورچىلىقنى شەكىللەندۈ-رۈش ئۈچۈن، تۆمۈرتۇمشۇقا ئوخشاش خىسلەتكە ئىگە ھەقىقىي ئوبزورچىلار قوشۇنى بولۇش كېرەك.

نۇرغۇن كىشىلەر ئەدەبىي ئوبزور ماختاشنى، مۇئەييەنلەشتۈ-رۈشنى، ئىلھام بېرىشنى ئاساس قىلىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئەدەبىي ئوبزورچىلارنىڭ سىلىق سۆزلۈك بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ۋاھالەنكى، ئۇلار مەدھىيەلەشنى ئاساس قىلىدىغان ئوب-

زورچىلىقنىڭ چەكلەش كۈچى بولمايدىغانلىقىنى، چىڭغىز ئايتما-
تو‌فنىڭ «ھەقىقىي ئوبزورچى ئىللىق سۆزگە گاداي كېلىدۇ» دېگەن
مەشھۇر سۆزىنى بىلمەيدۇ. ياخشىچاقلىقنى تەلەپچانلىقتىن ئەلا بى-
لىدىغان بۇ خىل كىشىلەر، ئىجتىمائىي ئالاقىدە زۆرۈر بولغان سى-
لىق - سىپايە مۇئامىلىنىڭ ئىلىم مۇنبىرىدە، كەسپىي ساھەدە
ئىنتايىن يامان ئاقىۋەت پەيدا قىلىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈ-
رۈشمەيدۇ. شۇڭا مەن شۇنداق دەيمەنكى، مەۋجۇت ھالەتكە قانائەت
قىلىش ئوبزورچىنىڭ خىسلىتى ئەمەس! مەن شۇنىڭ ئۈچۈن ئوب-
زور يازىمەن.

2012 - يىلى 1 - ئاينىڭ بېشىدا يېزىلدى

# ئەدىبلەر نېمە ئۈچۈن پۇشايمان قىلىدۇ

قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن مەشھۇر پەيلاسوپ سوقرات «ھەقىقەتنى بىر ئادەم سۆزلەيدۇ، پىتنە ـ پاساتنى مىڭ ئادەم سۆزلەيدۇ!» دېگەنىكەن. ھەقىقەتنىڭ نوپۇزىنى قوغداش مەيدانىدا مۇستەھكەم تۇرۇپ دارغا ئېسىلغان سوقرات ئۆز زاماندىشلىرى ئىچىدە ھەقىقەتنى سۆزلىگەن ساناقلىقلا كىشىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئاپېنا سوتىدا سۆزلىگەن چاغدىكى جاراڭلىق ئاۋازى تاكى ھازىرغىچە ياڭراپ، تالاي كىشىلەرنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالماقتا. ئەلۋەتتە، ھەقىقەتلا ئىجازەتسىز ساياھەت قىلىدىغان قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە.

مەن ئەدەبىيات كوچىسىغا ئىشتىياق باغلىغاندىن بۇيان ئوقۇغان ئەسەرلىرىمدە ئەدىبلەرنىڭ ھەقىقەت قارىشىغا ۋە ئىدىيەۋى مەۋقەسىگە بەكرەك دىققەت قىلىپ كەلدىم. ئادەتتە ئەدەبىيات تارىخىدا ساختىلىقنى چىنلىق، رەزىللىكنى گۈزەللىك، قەبىھلىكنى مېھرىبانلىق دەپ چۈشىنىدىغان ياكى ئۇلارنىڭ پەرقىنى مۇجمەل تونۇيدىغان ئەدىبلەر كۆپ ئۆتكەن. شۇڭا، نۇرغۇن ئەدىبلەرنىڭ يازغانلىرى تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلمەي، دەۋر شاماللىرىدا توزۇپ تۈگىگەن. بىز ئىنسانىيەتنىڭ ئەدەبىيات تارىخىغا ھەقىقەت نەزىرى بىلەن قارايدىغان بولساق، ھەر خىل مەۋقەدىكى ئەدىبلەرنى، يەنى ھەقىقەت ئۈستىدە تىنىمسىز ئىزدەنگەن ئىزدىنىش روھىغا باي، پاراسەتلىك ئەدىبلەرنى، ھەقىقەت مەيدانىدا تەۋرەنمەي تۇرالىغان جاسارەتلىك ئەدىبلەرنى؛ ھەقىقەت ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلاپ تىللاردا داستان بولغان ئوت يۈرەك ئەدىبلەرنى؛ ھەقىقەتتىن بىخەۋەر ھالدا ياشاپ ئۆتكەن ئالىجوقا ئەدىبلەرنى؛ ھەقىقەتنى تونۇغان، ئەمما ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشقا جۈرئەت قىلالمىغان توخۇ يۈرەك ئەدىبلەرنى؛ ھەقىقەت-

نى قوغداشقا ھەرقاچان تەييار تۇرغان پىداكار ئەدىبلەرنى؛ بىر ئۆمۈر ھەقىقەتنى سىتىپ خەجلەپ ئادەتلەنگەن «ھايانكەش» ئەدىبلەرنى ... كۆرىمىز.

ھەرقايسى ئەل ئەدەبىياتىنىڭ ئاسمىنىدا نۇرانە يۇلتۇزلاردەك چاراقلاپ، ئۆزىگە تىكىلگەن جۈپ - جۈپ كۆزلەرنى قاماشتۇرۇۋېتىدىغان ئەدىبلەر دەل تارىخنىڭ رەھىمسىزلىك بىلەن تاسقاشلىرىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈپ، جاھان ئەھلىنىڭ ئورتاق ئېتىراپىغا ئېرىشكەن ئەدىبلەردۇر. بىلىش قانۇنىيىتى بويىچە ئېيتقاندا، بىر ئادەمنىڭ تونۇشى تەدرىجىي چوڭقۇرلىشىش جەريانىنى بېسىپ ئۆتىدىغانلىقى تەبىئىي ئەھۋال. بىز ھەرقانداق بىر ئەدىبنىڭ ھەقىقەتنى بىلىش جەريانىنى مۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە كۆزىتىمىز. مۇشۇنداق ئىلمىي پوزىتسىيە بويىچە قارىغاندا، دىققىتىمىزنى ئالاھىدە تارتىدىغىنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىدىن، ئېنىقراق ئېيتقاندا، ھەقىقەت قارىشىدىن پۇشايمان خاراكتېرلىك خۇلاسە چىقارغان بىر قىسىم ئەدىبلەردۇر. پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ بىلىشلىرى جەريانىدا، بىر ئادەمنىڭ بارلىق بىلىشلىرى جەريانىدا، سۇبيېكتىپ بىلەن ئوبيېكتىپنىڭ تامامەن ماس، بىردەك بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. سەپسەتىدىن قۇتۇلماق تەس. لاتىنلارنىڭ «خاتالاشمايدىغان ئادەم يوق، خاتالىقىدا چىڭ تۇرۇۋېلىش كالۋالىق، ئاقىللار خاتالاشمايدىغانلار ئەمەس، بەلكى خاتالاشسا شۇئان تۈزىتىدىغانلاردۇر» دەيدىغان ھېكمەتلىك سۆزى بار. بىر ئەدىبكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىلگىرىكى ئىجادىيەت يولىدىن پۇشايمان قىلىش قارىماققا كىشىنى ئۆكۈندۈرىدۇ، ئەمما چوڭقۇرراق كۆزەتسەك، پۇشايمانلىق تەپەككۇر قىلىش مەزكۇر كىشىنىڭ ئىدىيەۋى تونۇشىدا، قىممەت قارىشىدا تۈپتىن بۇرۇلۇش بولغاندا، ھەقىقەتنى يېڭىباشتىن چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەندە كۆرۈلىدىغان ئىجابىي سۈپەت ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. بىر ئۆمۈر ھەقىقەتنى تونۇش، چۈشىنىش بەختىگە مۇيەسسەر بولالماي ئۆتۈپ كەتكەن ۋە ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئەدىبلەرگە

سىلىنىشتۇرغاندا ھەقىقەتنى تونۇش، چۈشىنىپ ياشاش ۋە ھەقىقەت ئىزدەپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش بىر ئەدىب ئۈچۈن بەخت ھەم يۇقىرى مەنىۋى ساپا ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە. ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىدىن پۇشايمان خاراكتېرلىك خۇلاسە چىقارغان بۇ خىلدىكى ئەدىبلەر بىزنىڭ مىللىي ئەدەبىيات تارىخىمىزدىمۇ بار. مەن 1980 ـ يىللاردىن بۇيان ئۆز ئەدىبلىرىمىزنىڭ ھەقىقەت قارىشىغا، يەنى ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتكەن چىنلىقىغا، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى سۆزلەش جاسارىتىگە ۋە ھەقىقەت ئىزدەش قىزغىنلىقىغا، قىسقىسى، خەلقىمىزنىڭ تارىخىي كەچۈرمىشى ۋە ئىجتىمائىي رېئاللىقىغا مۇناسىۋەتلىك ھەقىقەت مەسىلىسىدىكى مەيدانىغا بەكرەك دىققەت قىلىپ كەلدىم. ئۇلارنىڭ قەلبىدە ھەقىقەت بولسىلا، قەلەمىدە ئەكس ئەتمەي قالمايتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ سۆز ـ جۈملىلىرى ئارىسىدا، مىسرا ـ كۇپلېتلىرىنىڭ قات ـ قاتلىرىدا ھەقىقەت دۇردانىلىرىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى بەكرەك زېغىرلىدىم. شۇ جەرياندا بىر قىسىم ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئاسى ۋە مەۋقەسىدىن پۇشايمان خاراكتېرلىك خۇلاسە چىقارغانلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇ يېرى دىققەتكە سازاۋەركى، ئۇلار بۇ خىلدىكى ئەسەرلىرىنى 55 تىن كېيىنكى ياش باسقۇچىدا يازغانىدى. ئومۇمىي مەنىدىن ئېيتقاندا، قەلەمكەشلەرنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىجادىيەت مۇددىئاسى ۋە مەۋقەسىدە بۇرۇلۇش ياسىشى، شۈبھىسىزكى، مەزكۇر ئەدىبنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىغا ئالاھىدە قىممەت بېغىشلايدۇ.

20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، ئەمما ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنىڭ ھەقىقەت قارىشىنى چىن مەنىسى بىلەن يېشىپ ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىدىن پۇشايمان خاراكتېرلىك خۇلاسە چىقارغان ئەدىبلەر ئانچە كۆپ ئەمەس. ئەسلىدىنلا ھەقىقەتكە بولغان ھېرىسمەنلىك ھېسسىياتى يوق، ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىشنى ئادەت قىلمىغان ئەدىبلەر نېمە يېزىشىدىن قەتئىينەزەر، ھەقىقەت بىلەن مۇناسىۋەتسىز ھالدا قايسى كوچى-

نىڭ يېشىل چىرىغى يېقىلسا نىشاننى شۇ ياققا بۇراپ، ئاغزىغا نې-مە كەلسە شۇنى يېزىپ ياشاپ كېتىۋېرىدۇ. ئەمما، ھەقىقەتكە ھې-رىسمەن، ھەر ۋاقىت ھەقىقەتنى تېپىشنىڭ، ئۇنى تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق ئىپادىلەشنىڭ كويىدا بولغان ئەدىبلەر ھەقىقەتنى تاپقان ياكى يېقىنلاشتىن تونۇغان چېغىدا ئىدىيەدە تامامەن «قاسىراق» تاشلاپ، يېپيېڭى قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ خىلدىكى ئەدىبلىرىمىزدىن مېنىڭ بىلىدىغانلىرىمدىن نىمشېھىت، ئابدۇرې-ھىم ئۆتكۈر، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن، روزى سايىت قاتار-لىقلار بار.

شائىر نىمشېھىت 1971 ـ يىلى ئاۋغۇستتا ئانا يۇرتى بايدا ئۆمۈ-رىنىڭ ئاخىرىدا ناھايىتى قىيىن كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان چاغلىرىدا «پېقىرنىڭ ئىقرارى» ناملىق ئېسىل شېئىرىنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ھەقىقەتنى تامامەن خاتا چۈشىنىپ كەلگەن پۇشايمىنىنى چوڭقۇر نادامەت بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن. شائىر ئاب-دۇرېھىم ئۆتكۈر 1981 ـ يىلى يېشى 58 گە ئۇلاشقاندا «ھىدايەتنامە» (يەنە بىر ئىسمى «ئۆمۈر ھەققىدە مۇخەممەس») ناملىق نادىر شېئى-رىنى ئىجاد قىلىپ، ئەڭ توپ پەلسەپىۋى ھەقىقەتنى خاتا چۈشىنىپ ياشاپ كەلگەنلىكىنى تەن ئالغان. شائىر بۇ بىر پۈتۈن شېئىرىنى «ئۆمۈر مەنزىلىدە تاپتىم ناھايەت شۇ ھەقىقەتنى» دېگەن مىسرا بى-لەن ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ساماۋى ھەقىقەتنى يېقىنلاشتىن، چىن مەنىسى بىلەن تونۇپ يەتكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. ئالىم ئابدۇ-شۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن 1993 ـ يىلى 60 ياشقا تولغانلىقى مۇناسى-ۋىتى بىلەن يازغان كاتتا ئەسىرى ــ «ئۆمۈر تەلقىنلىرى» دە ئۆزى-نىڭ 60 ياشتا مېتافىزىكىلىق ھەقىقەتنى چوڭقۇر چۈشىنىپ ئارىپ بولغانلىقى، يەنى ئويغانغانلىقىنى ئىقرار قىلغان. ئۇنىڭ «ئارىپ» لىقنىڭ مەنىسى تېخىمۇ كەڭ ھەقىقەت مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇ ئۆزىنىڭ مەنىۋى مۇساپىسىدە روشەن ھالدا ئويغانغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن تېخىمۇ مەنىلىك قىلىپ، «ئاتمىش ياشتىمۇ غەپ-

لەتتە قالغان كىشىنى زېمىن لەرزىسى بىلەن تەقدىر زىلزىلىلىرىمۇ ئويغىتالمايدۇ» دەپ ئېيتقان. شائىر روزى سايىت 1998 - يىلى 55 يېشىدا يازغان «بېغىشلىما» ناملىق شېئىرىدا ئۆزىنىڭ رېئال دۇنياغا مۇناسىۋەتلىك ھەقىقەتنى خاتا تونۇغانلىقىنى ھەم ئىلگىرىكى خاتا ئىجادىيەت مۇددىئاسى ھەققىدىكى پۇشايمانلىق ھېسسىياتىنى ناھايىتى دادىل ھالدا مۇنداق ئىپادىلىگەن.

قەلەمنى ھەر مۇقامغا يورغىلاتتىم، مەيلىگە قويماي،
تېرىقنى «تاغ» قىلىپ يازدىم، غولاچنى «بىر ئىلىك» قىلدىم.
تېخى «ئايغىر غونانلاپتۇ، — دېدىم، — قومىلار چېچەكلەپتۇ ...»
دېمەك ئىلھامنى يالغاننىڭ چىراغىغا پىلىك قىلدىم.
يېشىم ئەللىكتىن ئاشقاندا، دېدىم: بەس! ھەقنى سۆزلەيمەن،
ئۆزۈمنى زاتى مەنسۇردەك كۆلاھۇ - جەندىلىك قىلدىم.
بىلىڭلار ئۇشبۇ يازمامدىن مېنىڭ ھالىمنى ئوغلانلار،
كېتەرمەن بىئەجەل، مەيلى، ئاۋامنى خەندەلىك قىلدىم! ...

دېمەك، بىزنىڭ 20 - ئەسىر ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ھەقىقەت ئۈستىدە قايتا ئويلىنىش، رېئاللىقنى يېڭىباشتىن تونۇش ئارقىلىق ھەق - ناھەقنى ئېنىق ئايرىغان، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقەت قارىشىدىكى بۇ خىل روشەن ئۆزگىرىشنى مەردانە ھالدا قەغەز يۈزىدە تەن ئالغان ئەدىبلىرىمىز مېنىڭ بىلىشىمچە يۇقىرىقى تۆت زات.

شەرقنىڭ مۇتەپەككۇرى كۆڭزى «يېشىم 60 قا يەتكەندە، باشقىلارنىڭ سۆزىنىڭ ھەق - ناھەق ئىكەنلىكىنى شۇئان ئايرىۋالىدىغان بولدۇم» دېگەنىكەن. بەلكىم 60 ياش ھەقىقەتنى تونۇش يېشى بولسا كېرەك. ياش 60 قا ئۇلاشماي تۇرۇپ ھەقىقەتنى تونۇغىلى، چوڭقۇر چۈشەنگىلى بولمايدۇ، دەپ كېسىپ ئېيتقىلىمۇ بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى، ھەقىقەتنى تونۇش مەسىلىسى ھە دېگەندىلا ياشقا باغلىق بولۇۋەرمەيدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ تەپەككۇر تارىخىدا ياش، قىران

چاغلىرىدىلا ھەقىقەتنى ئاجايىپ ئېنىق تونۇغان، چوڭقۇر چۈشەنگەن تالاي ئەدىبلەر ئۆتكەن.

ھەقىقەت دېگەن نېمە؟ دېگەن بۇ مەسىلىگە مۇتەپەككۇرلار مۇنداق ئۈچ جەھەتتىن ئېنىقلىما بېرىشتى: ھەقىقەت ــ مۇقەررەر قانۇنىيەت. ھەقىقەت ــ لوگىكا. ھەقىقەت ــ ئىنسانىيەت ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ مەنبەسى. بۇ يەردىكى مۇقەررەر قانۇنىيەت تورلۇك ـ تۈمەن شەيئىلەردىكى مۇقەررەر قانۇنىيەتنى، لوگىكا بولسا تەپەككۇرنىڭ لوگىكىلىقىنى، ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ مەنبەسى ــ مەڭگۈلۈك «ساماۋى ئەقىل» نى كۆرسىتىدۇ. بىر ئېغىز سۆزگە يىغىنچاقلىغاندا، پىكىر چىن بولسا، يەنى پىكىر بىلەن رېئاللىق بىردەك بولسا، مانا بۇ ھەقىقەت بولىدۇ. ئادەتتە چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى سۈپىتىدە تەكىتلىنىدۇ. لوگىكا چىنلىقنى، سەنئەت گۈزەللىكنى، ئېتىكا ياخشىلىقنى توپ مەقسەت قىلىدۇ. ھەقىقەت سۇبيېكتىپنىڭ ماسلىقى، بىردەكلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. سەپسەتە ئوبيېكتىپ شەيئى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنىڭ بۇرمىلانغان ئىنكاسى بولۇپ، سۇبيېكتىپ بىلەن ئوبيېكتىپنىڭ بىر ـ بىرىدىن يىراقلىشىشى، بۆلۈنۈشىنى ئىپادىلەيدۇ. مۇئەييەن دائىرىدە، مۇئەييەن ئوبيېكتىپ شەيئىگە قارىتا، ھەقىقەت ھامان ھەقىقەت، سەپسەتە ھامان سەپسەتە، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك پەرق بار. لېكىن، پەلسەپە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ھەقىقەت بىلەن سەپسەتە بىر ـ بىرىگە تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىر ـ بىرىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ھەقىقەت بولمىسا سەپسەتە بولمايدۇ؛ سەپسەتە بولمىسا ھەقىقەتمۇ نامايان بولمايدۇ. مۇتەپەككۇر ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن «يوقلۇق بارلىقنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق باھالىغۇچىسى» دېگەنىدى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، يالغاننىڭ مەنىسىنى تەكشۈرۈپ چىقىش ھەقىقەتنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا جەدىدلىك بايرىقىنى

كۆتۈرۈپ مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنى شەكىللەندۈرگەن مۇتە-
پەككۇر ئىسلاھاتچى ئابدۇقادىر داموللام 1910 - يىلى يازغان «نەسى-
ھەتى ئامما» ناملىق ئەسىرىدە «بۇ زامان غەپلەت ۋە بىپەرۋالىق زاما-
نى ئەمەس، ئويغىنىش ۋە سەزگۈرلۈك زامانىدۇر! جاھىللىق ۋە نادان-
لىق دەۋرى ئەمەس، ئىلىم - مەرىپەت دەۋرىدۇر. سۇسلۇق ۋە بىكار-
لىق ۋاقتى ئەمەس، تىرىشىش ۋە غەيرەت ۋاقتىدۇر. باشقا مىللەتلەر
ئىلىم ۋە مەرىپەت سايىسىدە ھاۋادا ئۇچۇپ پەرۋاز قىلماقتا، سۇ
ئاستىدا بولسا خۇددى قۇرۇقلۇقتا يۈرگەندەك ئەركىن ئۈزۈشمەكتە.
بىز تېخى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتماقتىمىز. ئۇيقۇ ئۆلۈمنىڭ بۇرادىرى
ۋە مۇقەددىمىسىدۇر. بۇ ھالەتتە دائىم ئۇخلىماق يوقىلىش ۋە ئۆلۈم
يولىدۇر! ھېلىھەم ۋاقىت ۋە پۇرسەت بار» دەپ چۇقان سالغان. ئۆز-
زىنى «كۆكتە يۇلتۇزلار يانار، يەردە پەقەت شائىر يانار ...» دەپ
خاراكتېرلىگەن ئوت يۈرەك شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ 1930 -
يىللىرىنىڭ بېشىدا يازغان بىر شېئىرىدا نادانلىقىمىز، بىپەرۋال-
قىمىزغا قاتتىق ئېچىنىپ:

كېلىدۇ بىركۈن پۇشايمان قىلىسەن،
تەكتىگە گەپنىڭ شۇ چاغدا يېتىسەن.
«خەپ» دېسەڭ ئۇ چاغدا ئۆلگۈرمەي قالۇر،
شۇندا ئۇيغۇر سۆزىگە تەن بېرىسەن!

دەپ كېسىپ ئېيتقان. بىز ئابدۇقادىر داموللام بىلەن ئابدۇخالىق
ئۇيغۇرنىڭ بۇ خىتابلىرىدا ئەكس ئەتكەن تارىخىي ھەقىقەتكە گۇمان
بىلەن قارىيالايمىزمۇ؟ ئەقىل كۆزى روشەن بۇ ئىككى ئوت يۈرەك
ئەدىبنىڭ دانا ھۆكمى ئىجتىمائىي رېئاللىق ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇ-
قەررەر يۈزلىنىشنى چوڭقۇر كۆزىتىش ۋە چۈشىنىش ئارقىلىق يە-
كۈنلىگەن لوگىكىلىق تەپەككۇر ئەمەسمۇ؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن
زامانداشلىرىغا قارىغاندا شۇنچە چوڭقۇر ھەم دانا ئويلىيالىغان؟ بۇ

يەردىكى روشەن سەۋەب شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى مەۋجۇت كىرىزىسنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئۇنىڭغا دادىل يۈزلىنىپ ۋە ئۇنى چوڭقۇر چۈشىنىپ تەپەككۇر قىلغاچقا، ھەقىقەت ھېسابلىنىدىغان پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويالىغان. كىرىزىس ئېڭى يوق ئادەمنىڭ ھەقىقەت بىلەن بولغان ئارىلىقى تولىمۇ يىراق بولىدۇ.

بىلىشىمىز كېرەككى، ساماۋى ھەقىقەتتىن تاشقىرى ھەرقانداق ھەقىقەت مۇتلەق بولمايدۇ. شۇڭا، ھەربىر شەخس، ھەربىر قوۋمنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي كەچۈرمىشلىرىگە، ئىجتىمائىي ئەھۋالىغا يارىشا تۇرلۇك غايە ــ مەقسەتلىرى بولىدۇ. ئاشۇ غايە ــ مەقسەت ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى ھەقىقەت مەشئىلىگە توتاشقان بولىدۇ. بۇ ھەقىقەت مەشئىلىنى ھەربىر كىشىنىڭ پەرق ئېتىش ئىقتىدارى، چۈشىنىش قابىلىيىتى ئوخشاش بولمايدۇ. بۇنىڭغا تۇتقان پوزىتسىيەسىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. ھەقىقەت مەشئىلىنى دەس كۆتۈرۈپ ئۆز قوۋمىنىڭ ھايات يولىغا نۇرانە شولا چۈشۈرۈپ ياشاش كويىدا كۈرەش قىلىدىغانلارمۇ بولىدۇ. ھەقىقەت مەشئىلىنى ئۆچۈرۈپ تاشلاش ھەلەكچىلىكىدە بىر ئۆمۈر دولىغا ئەپكەش ئارتىپ ئىككى چېلەك يۈزىدىنى كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان ناكەسلەرمۇ بولىدۇ. ھەقىقەت نېمە، سەپسەتە نېمە؟ پەرۋايى پەلەك ھالدا بىر ئۆمۈر ئاشقازىنىنىڭ غېمىنى يەيدىغان، ئارىستوتېل ئېيتقاندەك، ياشاش ئۈچۈن ئەمەس، يېيىش ئۈچۈن ياشايدىغان ئەرزىمەس كىشىلەرمۇ بولىدۇ.

ئەگەر چىن مەنىسى بىلەن چۈشىنىدىغان بولسا، ئەدىبلەر ھەرگىز ئادەتتىكى كىشىلەر ئەمەس. ئەگەر ئەدىبلەر ئەدىبلىكىنى مەسئۇلىيەت دەپ بىلمەي ئابرۇي ــ مەنپەئەت دەپ چۈشىنىدىغان بولسا، تۈپتىن خاتالاشقان بولىدۇ. ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، مۇئەييەن دەۋردىكى ئەدىبلەر ئۆز مىللىتىنىڭ روھىيەت دۇنياسىنى ھەقىقەت مەشئىلىنىڭ نۇرانە شولىسى بىلەن يورۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. ئۇلار خەلقنىڭ يادرولۇق مەنپەئىتىنى ۋە تۈپ قىممەت قارىشىنى چۈشەنگەن، نۆۋەتتىكى مىللىي ئېھتىياجنى ئۆزىنىڭ

مەقسەت ـ مۇددىئاسىغا ئايلاندۇرغان، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق تونۇغان، بۇ خىل مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشتىن ھەرگىز باش تارتـ. مايدىغان بولۇشى كېرەك. ھەربىر دەۋرنىڭ، ھەربىر جەمئىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرى بولىدۇ. ئەدىبلەر دەۋرنىڭ ماھىيىتىنى ئې ـ نىق تونۇشى، جەمئىيەتنىڭ تومۇرىنى ماھىرلىق بىلەن تۇتۇشى لازىم. ئەدىبلەردە دەۋرنىڭ ماھىيىتىنى ئېنىق تونۇيدىغان ئۆتكۈر دىت، جەمئىيەتنىڭ تومۇرىنى تۇتۇش جەھەتتىكى ئالاھىدە سەزگۈر ـ لۈك بولمايدىكەن، ئۆز قوۋمىنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدى ـ كى دەۋەتنى ھەرگىز ھېس قىلالمايدۇ. ئانا خەلقىنىڭ قەلبىدىكى بىلىنەر ـ بىلىنمەس پىچىرلاشلىرىنى ئاڭلاشقا قادىر بولالمىغان ئەدىب، ئۆزىنىڭ ياشاش مەقسىتىنى مەڭگۈ قىممەتكە ئىگە قىلالماي ـ دۇ. ئۇنداق ئەدىب ئەرزىمەس كويلاردا سوكۇلداپ، سورۇن ـ سەھنى ـ لەردە كاپىلداپ، تون كىيىش ھەلەكچىلىكىدە قۇرۇق شۆھرەت غې ـ رىبى بولۇپ ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىلەرنىمۇ ئالداپ ئۆتۈۋېرىدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا تارىخ تەرىپىدىن سۈپۈرۈپ تاشلىنىدىغان ئەخلەت ئەدىبلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ، خالاس!

ھەقىقىي ئەدىب ھەقىقەتكە ئېتىقاد قىلىش، ھەقىقەتنى ئىز ـ دەش، ھەقىقەتنى سۆيۈش جەھەتتە ئاۋانگارتلىق روھقا ئىگە بولىدۇ. ئالاھىدە ئىجتىمائىي، تارىخىي شارائىتتا ياشاپ تۇرۇپمۇ، ھەقىقەت ئىزدەش جاسارىتى يوق ئەدىب كىتابخانلارنى بەكلا ئۈمىدسىزلەندۈ ـ رىدۇ. مەن بۇنداق ئەدىبلەرنى «ئەخلەت ئەدىبلەر» دەپ ئاتاشنى مۇۋا ـ پىق دەپ قارايمەن. ھەقىقەتنى سەپسەتە بىلەن بىر تەكىيگە باش قويغۇزۇش مەقسىتىدە نىكاھ ئوقۇپ يۈرگەن ئەدىبلەرنى بولسا، «ئەخمەق ئەدىبلەر» دەپ ئاتاشنى مۇۋاپىق دەپ قارايمەن. ئەلۋەتتە، بۇ ئىككى خىل ئەدىب مېنىڭ نەزىرىمدە ھەقىقەتنى خالىغان باھادا سېتىپ خەجلەپ ئادەتلىنىپ كەتكەن «ھايانكەش» ئەدىبلەردىن ئەۋ ـ زەلرەك. چۈنكى، ئۇ ئىككى خىل ئەدىب كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ھەقىقەت ئالدىدا تىز پۈكۈپ پۇشايمان ياشلىرىنى تۆكۈشى ئېھتىمال. ئەمما،

«ھەقىقەت ھايانكەشلىرى» نى قۇتقۇزۇش بەسى مۇشكۇل!

مەن نەزىرىنى ھەقىقەتكە تىككەن، ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدەنگەن، ھەقىقەتكە ئېتىقاد قىلىدىغان، مۇئەييەن ھەقىقەت قارىشىغا ئىگە، ھەقىقەتنى سۆيىدىغان، ھەقىقەتنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە بولسىمۇ چۈشەنگەن، ئۇنى ئىپادىلەشكە ئۆزىنى ئاتىغان ئەدىبلەرنى دادىل پىكىرلىك ئەدىبلەر، چوڭقۇر پىكىرلىك ئەدىبلەر، دەپ ئىككى خىلغا ئايرىپ چۈشىنىپ باقتىم. دادىل پىكىرلىك ئەدىبلەر ھەقىقەتنى سۆزلەش جەھەتتىكى جەسۇرلۇقى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلبىنى سۆيۈندۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ تەپەككۇرى چوڭقۇر بولمىسىمۇ، پىكىرلىرىنىڭ دادىللىقى بىلەن ئەزىمەت ئەدىبلەردىن ھېسابلىنىدۇ. ئۇلاردا مۇتەپەككۇرلارغا خاس دانا پىكىر، چوڭقۇر بىلىم، ئىلمىي قاراش، مۇكەممەل ئىدىيە بولمىسىمۇ، خەلقنىڭ كۆڭلىدىكىنى دېيەلەيدىغان ئەزىمەتلەرگە خاس يارقىن خاسلىق بار. ئۇلار مۇستەقىل ئىدىيە، يېڭىچە چۈشەنچە، پىشقان قاراشلىرى بىلەن زامانداشلىرىنىڭ ئەقلىنى ئويغىتالمىسىمۇ، مەردانە چۇقان ــ سادالىرى بىلەن زامانداشلىرىنىڭ قەلبىنى ھاياجانلاندۇرۇپ ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتالايدۇ. ھەقىقەتنى سۆيۈش، ھەقىقەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىش جەھەتتىكى پىداكارلىقى بىلەن ئۇلار گاھىدا كىشىنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك دەرىجىدە ئاجايىپ كۈچلۈك بولۇپ كېتىدۇ. گاھىدا كىشىنىڭ ئىچى ئاغرىغۇدەك دەرىجىدە ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئەمما، ھەرگىز شەرمەندە ئورۇنغا چۈشۈپ قالمايدۇ.

بىر قوۋمنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلغۇچى مۇنەۋۋەر زىيالىيلار توپىغا ھاياتىي كۈچ بېغىشلايدىغان ئېنېرگىيەنى دانا پىكىرلىك، چوڭقۇر بىلىملىك، مۇستەقىل ئىدىيەگە ئىگە مۇتەپەككۇر ئەدىبلەر يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇ خىل ئەدىبلەر ناھايىتى ساناقلىق بولىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ تەسىرى بەكمۇ چوڭقۇر ھەم ئۇزاق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ پىكىر، ئىدىيەلىرىنى بىر قوۋمنىڭ ئۇگە ــ ئۇگىلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بىز يۇسۇف خاس ھاجىپنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «قۇتاد-

غۇبىلىك» نىڭ قىممىتىنى ئارىدىن 1000 يىللار ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە ئىچ ـ ئىچىمىزدىن قايىل بولغان ھالدا تەن ئالماقتىمىز. ئۇ ـ نىڭ قەۋەت ـ قەۋەتلىرىگە سىڭگەن تەپەككۇر دۇردانىلىرى بىلەن ئەدىبىيە ئۇچقۇنلىرى كۆز ئالدىمىزدا بىر مۇكەممەل ئەدەبىي جەمئىيەتنىڭ مودېلىنى نامايان قىلماقتا. ھەقىقەتەنمۇ بىر مۇتەپەككۇر ئەدىب بىر مىللەتنىڭ تارىخىدا پارلاق ماياكتەك يېنىپ، مىللەت ئەزالىرىنى كېلەچەكتە دۇچ كېلىدىغان ئاپەتلەردىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇلار تىرىشسا ئېرىشەلەيدىغان ئامەتلەردىن بېشارەت بېرەلەيدۇ. ئۇلار بۇ خىل رولى ۋە سالاھىيىتى بىلەن مىللەتنىڭ مەنىۋى داھىيلىرىغا ئايلىنىدۇ.

مېنىڭچە، دادىل پىكىرلىك ئەزىمەت ئەدىبلەر بىلەن چوڭقۇر پىكىرلىك مۇتەپەككۇر ئەدىبلەرنىڭ كۆنلەرنىڭ بىرىدە پۇشايمانلىق ھېسسىياتتا ئۆكۈنۈپ ئەسەر يېزىشى كەم كۆرۈلسە كېرەك. سەۋەبى، ئۇلارنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى يىراق ـ يىراقلاردا چاقناۋاتقان ھەقىقەت يۇلتۇزلىرىغا ئاداشماي تىكىلگەن، ئۇلارنىڭ بارماقلىرى ھەقىقەت مەشئىلىنىڭ دەستىسىنى باشتىن ـ ئاخىر بوشاشماي مەھكەم تۇت ـ قان بولىدۇ. ئادەتتە بىز ھەقىقەتنى تونۇش باشقا مەسىلە، بىلىم سە ـ ۋىيەسى بىلەن تەپەككۇر قابىلىيىتى باشقا مەسىلە، دەپ چۈشىنىـ ـمىز. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەدىبلىرىمىز نېمە ئۈچۈن پۇشايمان قىلىدۇ، دېگەن مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشكە ئازراق يې ـ قىنلاشقىلى بولىدۇ، دەپ قارايمەن. ئادەتتە، بىلىم قۇرۇلمىسى مۇ ـ كەممەل، ئەمما ھەقىقەت ھەققىدىكى تونۇشى مۇجمەل ئالىم ـ ئە ـ دىبلەر ھەممىلا دەۋردە، ھەممىلا جايدا ئۇچرايدۇ. بىز ماقالىمىزنىڭ باش تېما ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، ئەدىبلەرنىڭ بىلىم ـ ماھارىتى بىلەن ھەقىقەتنى بىلىشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە نەزەر سالساقمۇ، مۇئەييەن بىلىم ـ ماھارەت ھازىرلىغان، ئەمما ھە ـ قىقەتتىن يىراق ئەدىبلەرنى خېلى كۆپ كۆرىمىز. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، يېزىقچىلىق ئالدى بىلەن بىر خىل ماھارەت. نۇرغۇن ئەدىب ـ

لەرنىڭ يېزىقچىلىق ماھارىتى بولسىمۇ، مۇتەپەككۇرلۇق سالاھىيىتى ھازىرلانمىغاچقا «سۆز ۋادىسىدا ئېزىقىپ يۈرگۈچىلەر» قاتارىدا كولدۇرلاپ يۈرۈۋېرىدۇ. يەنە بىر قىسىم ئەدىبلەرنىڭ مۇئەييەن بىلىم قۇرۇلمىسى بولسىمۇ، بىلىش مەقسىتى ئايدىڭ بولمىغاچقا، يەنى كىم ئۈچۈن يېزىش، نېمە ئۈچۈن يېزىش چۈشەنچىسى ئايدىڭ بولمىغاچقا، ھەر مۇقامغا يورغىلاپ، ئاخىرقى ھېسابتا مەغلۇبىيەتكە ئايلىنىدۇ. شۇڭا، بىر كىشىدە بىلىم ۋە ماھارەتنىڭ بولۇشى ئۇنىڭ ھەقىقەتنى تونۇغانلىقىغا باراۋەر، دەپ چۈشىنىشكە ھەرگىز بولمايدۇ.

2010 ـ يىلى 8 ـ ئايدا يېزىلدى

# شائىر ۋە يۇلتۇز

— ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋاپاتىنىڭ 70 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

«ئوت يۇرتى» تۇرپاندا يازنىڭ تومۇز ئايلىرىدا كۈندۈزى پېژغىرىم ئىسسىقنىڭ دەستىدىن يەر - جاھان چىدىغۇسىز ئىسسىپ، ھاۋا تولىمۇ تىنچىق بولىدۇ. جاننى قاقشىتىدىغان بۇنداق كۈندۈزدە چىپ - چىپ تەرلەپ توختىمايۋاتقان كىشىلەر ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي، ئىلاجىسىز ساپ، سالقىن ھاۋالىق كېچىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىدۇ. كەچ كىرىشى بىلەن تەڭ كىشىلەر يوتقان - كۆرپىلىرىنى قولتۇقلىشىپ ئۆز ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ، سالقىن تاغ شامىلىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ يېتىشىدۇ. كېچە ئاسمىنى بەكمۇ ئوچۇق بولۇپ، ئالىقانچىلىكمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيدۇ. تۈن قاراڭغۇلۇقىدا تىنىمسىز چاراقلاپ تۇرغان سانسىز يۇلتۇزلار گويا باش ئۈستىدىلا ئېسىلىپ تۇرغاندەك يېقىن كۆرۈنىدۇ. بارا - بارا تاغنىڭ سالقىن شامىلى ئېسىپ، كىشىلەر كېچىنىڭ راھەتبەخش ھاۋاسىدىن ئۆز يارەنلىرى بىلەن مۇڭداشقاچ ھۇزۇر سۈرۈشكە باشلايدۇ.

1920 - يىللىرىنىڭ ئەنە شۇنداق ياز كېچىلىرىنىڭ بىرىدە قەلبى ئوت - ئاتەش بولۇپ يالقۇنلاۋاتقان بىر شائىر يۇلتۇزلۇق ئاسمان ئاستىدا چوڭقۇر خىياللارغا غەرق بولغان ھالدا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ياتاتتى. پۈتكۈل ئەتراپ تىمتاسلىقتا چۆمگەن تۈن نىسپىدە شائىرنىڭ كۆزلىرى بىپايان يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا تىكىلىپ تۇرسىمۇ، ئەمما پىكىر - خىياللىرى خۇددى ئاقار يۇلتۇزدەك توختىماي

هەرىكەتلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن سەمىمىيلىك ۋە چوڭ-قۇر ئازاب تۆكۈلۈپ تۇراتتى. بۇ كۆزلەر گويا سىز ئۇچۇن ئىغىر ئۇھسىنىۋاتقاندەك، سىز ئۇچۇن ئەپسۇسلىنىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئەمما، شائىرنىڭ بۇ ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن چىقىۋاتقان قەيسەر نۇرنى ھەممىلا كىشى كۆرەلمەيتتى. ئۇ خەلقىگە ئاجايىپ بىر ئۇلۇغۋار رە-ۋىشتە مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۇچۇن بارلىقىنى قۇربان قىلىشقا رازى ئىدى.

شائىر ياشىغان دەۋر جۇڭگو ۋە دۇنيا ۋەزىيىتىدە كەسكىن ئۆز-گىرىشلەر بولۇۋاتقان دەۋر ئىدى. ئۇ ۋەتەن ئاسمىنىنى جاھالەت بۇ-لۇتلىرى باسقان، خەلق نادانلىق، نامراتلىق، قالاقلىق، ھوقۇقسىز-لىق، مەدەنىيەتسىزلىك پاتقىقىدا ئىڭراۋاتقان كۈلپەتلىك يىللاردا ياشىدى. ۋەتىنىنى، خەلقىنى چەكسىز قىزغىنلىق بىلەن سۆيىدىغان بۇ شائىر ئۇچۇن ئېيتقاندا، پۈتكۈل دۇنيانى يېڭىلىققا كۆچۈش، تە-رەققىياتقا ئىنتىلىش، مىللىي گۈللىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش چۇ-قان - سادالىرى قاپلىغاندا، بارچە ئەللەر ئۆزلىرىنىڭ كېلەچىكى ئۈستىدە تەخىرسىزلىك بىلەن ئىزدىنىۋاتقان ئەھۋالدا، ئاسىيانىڭ مەركىزىدىكى بۇ قەدىمىي خەلقنىڭ ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز ھالدا غەپلەت ئۇيقۇسىدا خورۇلداپ ئۇخلىشى شائىرنىڭ قەلبىنى ئازابتىن ئۆرتىدى، ئۇنى ئىچ - ئىچىدىن پۇچىلىدى ۋە ئۆكۈندۈردى. شائىر چوڭقۇر كۆزىتىش ۋە سېلىشتۇرۇش، توختاۋسىز تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق ئاخىر ئۆزىنى بارلىق نادانلىق، زەئىپلىك، ئىتائەتمەن-لىكنىڭ قارشى تەرىپىدىكى يېگانە ئادەمگە ئايلاندۇردى. ئىدىيەسى كەسكىن، خاراكتېرى كۈچلۈك، ئىرادىسى مۇستەھكەم، ئۇلۇغۋار ئارزۇغا ئىگە بۇ ئەزىمەت شائىر ئەينى دەۋردىكى بارلىق چىرىگەن گەۋدىلەر ئارىسىدىن بىراقلا قەد كۆتۈرۈپ چىقىپ، بار ئاۋازى ۋە زەردىسى بىلەن ھالاكەت ئۇيقۇسىدا ياتقان قېرىنداشلىرىغا قاراپ «ئويغان!» دەپ خىتاب قىلدى.

نادان خەلق ئۆز شائىرىنىڭ روھىي ئۆزگىرىشىدىكى ئۇلۇغلۇقنى



پەقەتلا ھېس قىلمىدى. ۋاھالەنكى، ئۇ بىر ئوت، شۇنداقلا چاراسلاپ يا- غان بىر ئوت ئىدى! ئۇنىڭ يالقۇن- لۇق خىتابى گويا بوغدا چوققىسى- دىن قويۇپ بېرىلگەن كۈچلۈك نۇر- دەك ئەينى يىللارنىڭ زۇلمەت باسقان ئاسمىنىنى يېرىپ ئۆتتى. ئەمما، تەپسە تەۋرىمەس دەرىجىدە بىخۇدلى- شىپ، قەلبى كورلىشىپ كەتكەن نادان خەلقىنىڭ بۇ نۇرنى تولۇق كۆ- رەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى! ھە- قىقەتنى چىن مەنىسى بىلەن تونۇغان شائىر ئىدىيەدە قېرىنداشلىرى ئىنتىلىپ باقمىغان بىر قىرغاققا يېتىپ كەلگەنىدى. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ ئەتراپى پۈتۈنلەي قۇپقۇرۇق ئىدى! ئۇنىڭدىكى ھەقىقەت ئۇ- چۇن ئۆزىنى بېغىشلىغان قىزغىن ھېسسىيات ئىلاجسىز ئېچىنىش- لىق سۈكۈت ئىچىدە تىنچىپ قالدى. قاتتىق غېرىبسىنغان شائىر، بىپايان تۇن ئاسمىنىدا بىر ـ بىرىدىن نۇرانە ھالدا چاراقلاپ يېنىپ تۇرغان يورۇق يۇلتۇزلارغا تىكىلگىنىچە:

بار مەگەر شائىر غېرىب، يالغۇز ياتۇر كۆككە قاراپ،
كۆكتە يۇلتۇزلار يانار، يەردە پەقەت شائىر يانار ...

دەپ ئازابلىق ئۇھسىنىدى. بۇ خىل ئازابلىنىش ھېسسىياتى كاللىسى ئويغاق، ھەقىقەتنى چۈشەنگەن، ۋەتەن، خەلق غېمىدە قەلبى پۇ- چىلانغان، نادانلىققا، قالاقلىققا قاتتىق نەپرەتلىنىدىغان، تەرەققى- ياتقا، ھەقىقىي ئىنسانىي مەنىدىكى يېڭى ھاياتقا چەكسىز تەلپۈنى- دىغان ئالىيجاناب روھقا ئىگە كىشىگىلا خاس ئالىي ئازاب تۇيغۇسى

ئىدى. ھەرگىزمۇ ئەزمە شائىرلارنىڭ ئۇمىدسىزلىكى ئەمەس ئىدى! ئۇ بىر خىل پەلسەپىۋى مەنىدىكى ئازاب ئىدى، ئۇلۇغۋار بىر قەلب-نىڭ چاقنىشى ئىدى. شائىر ئاشۇ دەۋردىكى قېرىنداشلىرىغا سې-لىشتۇرغاندا، بۇ جەھەتتە يېگانە ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇ باشقىلار بىلەن ئورتاق تىل تاپالمىدى. ئۆزىنىڭ قەلبىدىكى ھەقىقەت يالقۇ-نىنىڭ ئۇچقۇنىنى باشقىلارنىڭ قەلبىگە تۇتاشتۇرۇشقا نائىلاج قال-دى. رېئاللىقنى ئۆزگەرتىشنىڭ، كىشىلەرنىڭ ئېڭىنى ئويغىتىش-نىڭ قىيىنلىقىدىن پەرياد چەكتى. چىدىغۇسىز نادانلىقلىرىمىزدىن قاتتىق ئىچى پۇشتى، ئاقىۋەتنىڭ قىلچىمۇ خەيرلىك بولمايدىغانلى-قىنى تونۇپ يېتىپ چوڭقۇر ھەسرەت چەكتى. قىسقىسى، شائىرنىڭ بىپايان ئاسمان بوشلۇقىغا قاراپ يېتىپ ئىچ - ئىچىدىن غېرىبسى-نىشى، مۇشۇنداق مول مەنىگە ئىگە غېرىبسىنىش ھېسسىياتى ئى-دى. بۇنداق ئالاھىدە مەنىگە ئىگە غېرىبسىنىش دانىشمەنلەرگە خاس بولغان ئالاھىدە مەنىۋى سۈپەت ئىدى. بۇنداق ئۇلۇغۋار تەنھالىق تۇيغۇسىغا ئۆز غېمىنىڭلا كويىدا بولىدىغان، ھاياتنى كۈن چىقتى، كۈن پاتتى دەپلا ئۆتكۈزىدىغان، ئەتىدىن كەچكىچە ئادەتتىكى تۇر-مۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن شاپاشلاپ يۈرىدىغان كىشىلەرنىڭ ئېرد-شەلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى! مۇشۇ مەنىدىن شائىر جۇشقۇن روھى، ھېچقانداق مىللىي ئېتىقادى ۋە ئىجتىمائىي قىزغىنلىقى يوق ئادەملەرگە ئىچ - ئىچىدىن نەپرەتلىنەتتى. ئۇنىڭ بارلىق شې-ئىرلىرىدىن شائىرنىڭ ئۆكۈنۈش ۋە ئازابلىنىش ھېسسىياتىنى ھەمىدە چوڭقۇر تەپەككۇرىنى روشەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

كۆزىنى غەپلەت پەردىسى توسۇۋالغان، ئەقلى زەئىپلەشكەن، رو-ھى سەزگۈرلۈكىنى يوقاتقان بىچارە خەلق، ئادەم قانداق ياشىشى كېرەك، بۈگۈنكى رېئاللىق نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ، جاھان نەدىن نەگە كېتىۋاتىدۇ، دوست كىم، دۈشمەن كىم؟ ... دېگەندەك نېگىز-لىك ئوي - خىياللاردىن تولىمۇ يىراق، مەۋجۇتلۇقىغا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەردە پۈتۈنلەي نادان بولغاچقا، ئۆز شائىرىنىڭ

شېئىرلىرىدىكى يالقۇنلۇق دەۋەتلەرگە قىلچە قۇلاق سالمىدى.

ئەمما، سىياسىي قارا نىيەت جاللات شېڭ شىسەي ۋەتەن ئاسمىنىدا چاراقلاپ چاقنىغان بۇ يورۇق يۇلتۇزنىڭ ئۆتكۈر نۇرىنى بايقىۋالدى. ئۇ شائىر تاراتقان بۇ نۇرنىڭ ھامىنى مىليونلىغان بىخۇد قەلبلەرگە بوسۇپ كىرىدىغان ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىپ، زەھەرلىك قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ 1933 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈن 32 ياشلىق بۇ ئوت يۈرەك شائىرنى ياۋۇزلۇق بىلەن كېچىكتۈرمەي چېپىپ ئۆلتۈردى.

ئاشۇ پەيتتە، شائىرنىڭ ئادەتتە قېرىنداشلىرىغا ئاق كۆڭۈللۈك يېغىپ تۇرىدىغان قوي كۆزلىرىدىن دۈشمەنلەرگە بولغان غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى. ئاغزىدىن يۈرەكنى لەرزىگە سالغۇچى مەردانە شوئارلار ياڭرىدى.

پەقەت بىرلا خىل ئۆلۈم، مەڭگۈ ھالاك بولغانلىقنى ئىپادىلىمەيدۇ. ئۇ بولسىمۇ، توزۇپ كەتكەن گۈل، ساقىپ كەتكەن يۇلتۇز، پىشقان مېۋە، بىخ سۈرگەن ئۇرۇق، يەرگە تۆكۈلگەن يوپۇرماق، سۇنۇپ كەتكەن شەمشەر ...

نادان خەلق جاللات شېڭ شىسەينىڭ قانلىق قىلىچى ئاستىدا جان بەرگەن بۇ سالماق ھەم چوڭقۇر پىكىرلىك ياش شائىرنى ھەيران بولغان ھالدا بايقاشتى! شائىر تاراتقان نۇر ئۇلارنىڭ قەلب ئاسمىنىنى ئاستا ـ ئاستا يورۇتۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى كۈچلۈك ئىسيانكارلىق روھ، يىراقنى كۆرەر نەزەر ۋە چاقىرىق كۈچىگە باي پىكىرلەر ئۇلارنىڭ ئۆلۈك سۈدەك جىمجىت قەلبىدە يېڭىلىك تەۋرىنىش پەيدا قىلىشقا باشلىدى. نەچچە يۈز يىللار مابەينىدە قاداقلىشىپ كەتكەن بۇ قەلبلەرنى لەرزىگە سېلىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە!

20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، بۇ نۇرانە يۇلتۇز ئۆزىنى ئىزدەش سەپىرىگە ئاتلانغان، ئۆزلۈك تۇيغۇسى ئويغانغان بىر ئەۋلاد ياشلارنىڭ قەلبىدە چاراقلاپ يېنىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە مەپتۇن

قىلىۋالدى. «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر» دېگەن ئىسىم ئۇلار ئېغىزىدىن چۈشۈرۈشمەيدىغان ئەڭ گۈزەل ئىسىم بولۇپ قالدى. خەلق ئۈچۈن ياشىغان، ئەركىنلىك ئۈچۈن چۇقان سالغان، نادانلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن پەرياد كۆتۈرگەن ئادەمنىڭ گېپى چىقسا ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىغا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ سىيماسى كېلىدىغان بولدى. ۋەتەن دەۋتىگە سەزگۈرلۈك بىلەن قۇلاق سالىدىغان، قىزغىن ھېسسىياتقا، يۈكسەك ئارزۇغا ئىگە بۇ ياشلار ئادەتتە باشقا نۇرغۇن مەسىلىلەردە گەپ تالىشىپ قالسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ زۇلمەت ئاسمىنىدا چاقنىغان شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا بولغان ھۆرمىتى بىردەك ئىدى.

مانا بۈگۈن شائىرنىڭ ۋاپات بولغىنىغا توپتوغرا 70 يىل بولدى. شۇ تاپتا پۈتكۈل ئۈرۈمچى شەھىرى ئېغىر ئۇيقۇ قوينىغا كىرىپ كەتتى. مەن ئۈستەل چىرىغى ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن غايىۋانە سۆزلەشمەكتىمەن. ئادەتتە، قەدىمىلىكنىم بوشىشىپ، دېلىغۇللۇقۇم كۈچىيىپ قالغان چاغلاردا، ھاياتنىكى چاكىنىلىقلار بىلەن ئېلىشىپ چارچىغان ۋاقتىمدا، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇسام ماڭا جاسارەت ۋە كۈرەش خۇشاللىقى ئاتا قىلىدۇ. قىسقىسى، شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قەلبىمدىكى مەڭگۈلۈك يورۇق يۇلتۇز!

2003 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، تۈن كېچىدە يېزىلدى

# تەۋپىق روھى — ئۆچمەس مەشئەل

20 - ئەسىردىكى ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلارنىڭ جىمجىت ئۆزىشى بىلەن ئالەمدىكى كۆپىنچە كىشىلەر 20 - ئەسىرنىڭ تارىخقا ئايلىنىپ كېتىشىگە گۇۋاھچى بولۇپ قېلىشتى. يېڭى بىر ئېرا، يېڭى بىر ئەسىرنىڭ ھەيۋەتلىك قوڭغۇرىقى داڭ ئۇرۇپ دۇنيانى لەرزىگە سالدى. ھەرقايسى ئەللەر، مىللەتلەر، قوۋملار ئۆزىنىڭ ئەسىرلىك نەتىجە - ئۇتۇقلىرى ۋە تەجرىبە - ساۋاقلىرى ھەققىدە ئويلىنىشقا ئۈلگۈردى. يېڭى بىر تاڭ، يېڭى باشلىنىش ئەسىرلەردىن بېرى تۇرلۇك - تۈمەن قىسمەتلەرگە دۇچار بولۇپ كەلگەن بىزدەك قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مىللەتكە قانداق تۇيغۇ بېغىشلىدى؟

21 - ئەسىرنىڭ قوڭغۇرىقى كىشىنى ھاياجانلىق ھېسلارغا چۆمدۈرىدىغان، ئەسلىتىش، ئويلاندۇرۇش ۋە ئويغىتىش كۈچىگە باي ياڭراق ساداسى بىلەن ھەربىر خەلقنى نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي كەچمىشلىرىنى ۋاراقلاشقا؛ دۇچ كەلگەن ھايات قىسمەتلىرىدىن ئىدراكىي يەكۈن چىقىرىشقا، يېڭىدىن دۇچ كەلگەن كىرىزىسلىرىغا چارە - ئامال ئىزدەشكە، كېلەچىكى ئۈستىدە ئەستايىدىل باش قاتۇرۇشقا، نېمىگە ئەقىدە باغلاپ، نېمىگە ئىنتىلىپ ياشىشى كېرەكلىكى ھەققىدە تەخىرسىز ئىزدىنىشكە ئۈندىدى.

شۇ قاتاردا بىزمۇ، تەپەككۇر قۇۋۋىتىمىزنىڭ ۋە بىلىش ئىقتىدارىمىزنىڭ يېتىشىچە ئەسلەشكە، ئويلاشقا ۋە ئىزدىنىشكە تىرىشتۇق. ئۇزاق - ئۇزاقلاردىن ئۇزۇلۇپ - ئۇزۇلۇپ كېلىۋاتقان خىلمۇخىل ئاۋازلارنى ئاڭلىدۇق.

بىز ئانا تارىخىمىزنىڭ قاراڭغۇ جىلغىلىرىدىن ئاڭلانغان خاسىيەتلىك كۆك بۆرىنىڭ سوزۇپ - سوزۇپ ھۇۋلاشلىرىغا قۇلاق سال-

دۇق. قۇلاقلىرىمىزغا تونۇش بولغان بۇ مۇقەددەس ئاۋاز بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزنى ھاياجان ئىلكىدە تىترەتتى؛ تومۇرلىرىمىزدىكى ئۇيۇغان، سوۋۇغان قانلىرىمىزنى قىزىتىپ جۇشقۇن دولقۇن ياسىدى.

بىز، ئۇلۇغ بوۋىمىز ئوغۇزخاننىڭ ئاپپاق ئارغىماق ئۈستىدە غالىبلارچە ئولتۇرۇپ جاكارلىغان ئۇلۇغ پەرمانىغا قۇلاق سالدۇق، ئۇنىڭ شىردەك ھۆركىرەپ تۇرۇپ جاكارلىغان پەرمانى قۇلاق تۈۋۈمىزدە جاراڭلاپ كەتتى:

مەن سىلەرگە بولدۇم خاقان،
ئېلىڭلار يا بىلەن قالقان.
تامغا بولسۇن بىزگە بۇيان ①،
كۆك بۆرە بولسۇن ئۇران ②.

بىز تۇران شاھى بۈيۈك بوۋىمىز ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ يۈزمىڭلىغان ئۇچلۇق قالپاقلىق چەۋەندازلارنى ئەگەشتۈرۈپ مەككار پارس پادىشاھلىرىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن قانلىق جەڭگاھتا تۇتۇشقاندا ئارغىماق ئېتىنىڭ ئېچىنىشلىق كىشنىگەن ئاۋازىنى ئىشىتتۇق. يەر ـ كۆك ياش تۆكتى. يۇتكۇل تۇران ۋادىسى لەرزىگە كېلىپ ئۇچار قاناتلاردىن تارتىپ گۇل ـ گىياھلارغىچە ئەلەملىك پەرياد كۆتۈردى:

ئالىپ ئەرتۇڭا ئۆلدىمۇ؟
ۋاپاسىز دۇنيا قالدىمۇ؟
پەلەك ئۆچىنى ئالدىمۇ؟
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.

بىز مۇقەددەس ئۆتۈكەن تېغىدا ئولتۇرۇپ جاھان سورىغان باھا-

① بۇيان ــ غەلىبە، بەخت ـ سائادەت دېگەن مەنىدە.
② ئۇران ــ جەڭ شوئارى دېگەن مەنىدە.

دىر قاغانلىرىمىزنىڭ جەڭگىۋار قوشۇنلىرىنى باشلاپ سەددىچىنىنىڭ شىمالىدىكى بىپايان يايلاق ــ چۆللەردە شۇڭقاردەك پەرۋاز قىلىپ، مەغرۇر تەلەپپۇزدا: «ئالدى تەرەپتە كۈن چىقىشقىچە، جەنۇبتا كۈن ئوتتۇرىسىغىچە، ئارقا تەرەپتە كۈن پېتىشقىچە (ۋە) شىمالدا تۈن ئوتتۇرىسىغىچە، بۇ چېگرالارنىڭ ئىچىدىكى پۈتكۈل خەلقلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا قارايدۇ. بېشى بارلارنى باش ئەگكۈزدۈم، تىزى بارلارنى تىز پۈكتۈردۈم، سەلتەنىتىمنىڭ سۈر ــ ھەيۋىسى تۆت ئەتراپنى قاپلىدى» دېگەن غالىبانە ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق.

بىز دانىشمەن سۇلتانىمىز سۇتۇق بۇغراخاننىڭ جۇشقۇنلۇق ئۇرغۇپ تۇرغان قىپقىزىل خاقانىيە بايرىقىنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئاسمىنىدا ھەيۋەت بىلەن قانداق لەپىلدەتكەنلىكىنى كۆردۇق. قەشقەردە ياڭراپ، پۈتكۈل تارىم ۋادىسىنى قاپلىغان مۇڭلۇق ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق.

بىز لەنەتگەردى ئاپاق خوجا 17 ــ ئەسىرنىڭ ئاخىرى جوڭغار قوشۇنلىرىنى سەئىدىيە سەلتەنىتى ئۈستىگە باشلاپ كەلگەندە، ئۇر ــ كۆپ چۆل ــ جەزىرىلەرگە قاچقان مەزلۇم خەلقنىڭ ئاچ ــ زارلىقتا قىلغان نالىسىنى ئاڭلىدۇق؛ يەركەندىكى ئالىي بىلىم يۇرتى، 360 ھۇجرىلىق ئالتۇنلۇق (رەشىدىيە) مەدرىسەسىنى قورشاپ ئۇز قولى بىلەن ئوت قويغاندا، مەدرىسە ئىچىگە پاناھلىنىۋالغان 2000 دىن ئوشۇق ئۇستاز ــ شاگىرتنىڭ چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان دەھشەتلىك ئوت دېڭىزى ئىچىدە قىلغان قارغىشلىرىنى ئاڭلىدۇق ...

بىز ئەنە شۇ قۇللۇق ئاسارىتى ۋە نادانلىق جاھالىتى تۈپەيلى باشلانغان كۆپ ئەسىرلىك تۈگىمەس سورۇقچىلىقلاردا، تارىخنىڭ تۈگىمەس تاسقاشلىرىدا قەدىمدە تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئاۋانگارت ھېسابلىنىدىغان بۇ مەدەنىيەتلىك مىللەتنىڭ پۈتۈنلەي ھالىدىن كېتىپ، تولىمۇ زەئىپ ۋە بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئەسلىدۇق. ئوتتۇرا ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئىسلام تارىخچىسى مەسئۇدى ئەجدادلىرىمىز توغرۇلۇق «دەۋرىمىزدە (943 ــ يىللىرى)

تۈرك قەبىلىلىرى ۋە تۈركلەر ئىچىدە توققۇز ئوغۇزلاردەك باتۇر، ئۇلاردەك قۇدرەتلىك ھەم ئۇلاردەك مۇستەھكەم دۆلەت باشقۇرغانلار يوق» دەپ قايىللىق بىلەن تەسەننا ئوقۇغان. بۇ ئۇلۇغ خەلق ئارىدىن 1000 يىللار ئۆتكەندە خۇددى ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىننىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئەھمەدشاھ قاراقاشىنىڭ مەشھۇر ساتىراسى «ئات ھەققىدە مۇخەممەس» تە تەسۋىرلەنگەن ئەبگار ئاتنىڭ ھالىغا چۈشۈپ قالغانىدى. ھەقىقەتەنمۇ ئۇيغۇر خەلقى بۇ يىللاردا مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قۇللاشتۇرغۇچى قەبىھ سىياسەت ـ قانۇنلىرىنىڭ تۆمۈر پەنجىسىدە ۋە سوپى ـ ئىشانلارنىڭ نادانلاشتۇرغۇچى ئەقىدە ـ تەشەببۇسلىرىنىڭ جاھالەت ئىسكەنجىسىدە غۇرۇر ـ ئىپتىخارىدىن ۋە ئىشەنچ ـ ئېتىقادىدىن ئايرىلىپ، زەئىپلىشىپ، ھورۇنلىشىپ، چۈشكۈنلىشىپ، بۇزۇقلىشىپ، ئىنسانىي ساپاسىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدىغان بىر توپ ئاڭقاۋ ـ ئازغۇن قوۋمغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئاشۇ يىللاردا قەشقەرىيە تۇپرىقىغا قەدەم باسقان 23 ياشلىق قازاق ئالىمى چوقان ۋەلىخانوف 1858 ـ يىلى ئۆز خاتىرىسىگە مۇنداق يازغانىدى: «بۇ مىللەتنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان پۈتمەس ـ تۈگىمەس قۇللۇق ئاسارىتى، زورلۇق ـ زومبۇلۇق ھەم ئادالەتسىزلىكلەر ئەنە شۇنداق بىر ـ بىرىگە ئىشەنمەسلىك، ھورۇنلۇق، يالغانچىلىق، بۇزۇقلۇق دېگەندەك ئىللەتلەرنىڭ يامراپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولۇۋاتىدۇ. لېكىن بۇ مىللەتتە باشقا مىللەتلەرگە نېسىپ بولمىغان شۇنداق بىر سېھرىي كۈچ باركى، ئەگەر بۇ مىللەت باشقىچە بىر ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە بولالىغان بولسىدى، ئۆزلىرى بىلەن بىر دىندىكى باشقا مىللەتلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى.» چوقان ۋەلىخانوف توغرا ئېيتقانىدى. ئەلۋەتتە، «كىشىلەر زىيادە پەرۋىشكە، چېكىدىن ئاشقان رەھبەرلىككە ۋە قاتتىق نازارەتكە چۈشۈپ قالغان جايدا مۇقەررەر شۇنداق بىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. بۇنداق كىشىلەر قۇتقۇزغىلى بولمايدىغان زەئىپلىككە گىرىپتار بولىدۇ» (ساموئېل سمايلىس).

تايىنىپ كەلگەن مۇقەددەس ئېتىقاد تۈۋرۈكلىرىنى قۇرت يەپ كاۋاك قىلىپ قويغان، نۇر چېچىپ كەلگەن مەرىپەت مەشئەللىرىنى بوران سوقۇپ خىرە قىلىپ قويغان بۇ خەلقنىڭ نادان قىز - ئوغۇللىرى بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرىكى، كونا ئەسىردىن يېڭى ئەسىرگە ئاتلىنىشنىڭ خاسىيىتىنى قىلچە ھېس قىلالمىغان، ئەسىر ئالمىشىش پەيتىدە ياڭرىغان قوڭغۇراق ساداسىنى ئاڭلىيالمىغانىدى. ئەينى چاغدا كۆتۈرۈلگەن يېڭى ئەسىر قۇياشىنىڭ تۇنجى ئالتۇن نۇرىغا سۆيۈنۈش ئىلكىدە چۆمەلمىگەنىدى.

دېمەك، 19 - ئەسىردىن 20 - ئەسىرگە جاھاندىن بىخەۋەر ھالدا، قۇللۇق كىشەنلىرىنى شاراقشىتىپ، نادانلىق جەندىلىرىنى سۆرىشىپ كىرىپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقى، ئىنسانىيەت ئالىمىدە يۈز بېرىۋاتقان ئىمپېرىيە ئۇرۇشلىرىدىن، ئازادلىق ھەرىكەتلىرىدىن، ئىلىم - مەرىپەت يېڭىلىقلىرىدىن تامامەن خەۋەرسىز ئىدى.

زۇلمەت قۇيۇنلىرى چۆرگىلەپ تىنمىغان بۇ قەدىمكى تۇپراق، غەپلەت ئۇيقۇسىغا غەرق بولۇپ كەتكەن بۇ قەدىمكى خەلق يېڭى تارىخ يارىتالايدىغان شىر يۈرەك ئەزىمەتلىرىنىڭ ۋە يېڭى دولقۇن قوزغىيالايدىغان ئوت يۈرەك ئوغلانلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆزلىرىنى بۇ كۈلپەتلىك تەقدىردىن قۇتۇلدۇرۇشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى.

20 - ئەسىرنىڭ بېشىدا ئاكا - ئۇكا مۇساباييېفلار ئاچقان يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەر، ئابدۇقادىر داموللام ئېلىپ كەلگەن جەدىدىزم تەشەببۇسلىرى، قومۇل تاغلىرىدا يانغان ئىنقىلاب يالقۇنى، مۇھەتىيلار ئوغۇللىرىنىڭ قىلىچىدا يالتىرىغان قۇياش نۇرى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تۇۋلىغان ئويغىنىش چۇقانلىرى، مەمتىلى ئەپەندى قوزغىغان يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى، قۇتلۇق شەۋقى چىقارغان گېزىت - ژۇرناللار بۇ قەدىمكى تۇپراقنىڭ ئۇنتۇلغان شۆھرىتىنى تىكلەش، قەدرىنى يوقاتقان بۇ قەدىمكى مىللەتنىڭ ئىنسانىي ئىززىتىنى تىكلەش يولىدىكى تارىخىي ئۇرۇنۇشلار ئىدى.

ئېتىقاد جەھەتتىكى ساپلىقنى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئەنئە- نىۋى ئىزچىللىقنى يوقىتىپ جاھالەت دەشتىدە تېڭىرقاپ تۇرغان، قۇللۇق ۋە مەھكۇملۇق پسخىكىسىغا ئەسىر بولۇپ خار ۋە زەبۇنلۇق كوچىسىدا ئۆمىلەپ يۈرگەن بۇ خەلقنى، ھە دېگەندىلا ئۆزلۈمەس مە- نىۋى رىشتىگە ئىگە قىلىپ ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ئورتاق مىللىي ئارزۇ يولىنى بويلاپ مېڭىشقا يېتەكلەش ھەقىقەتەن مۇشكۇل ئىدى. شۇنداقتىمۇ تىرىشچانلىق ۋە قىزغىنلىق ئۈنۈمىنى كۆرسەتتى. بۇ مەزلۇم خەلقنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش، ئۆزىنىڭ ئىنسا- نىي قەدىر - قىممىتىنى تېپىپ ياشاش، ئىشەنچ - ئېتىقادىنى مۇستەھكەملەش، ئىلىم - مەرىپەت مەشئەللىرىنى يېلىنجىتىپ نادانلىقنىڭ قارا قولىدىن قۇتۇلۇش يولىدىكى تارىخىي ئۇرۇنۇشلىرى دولقۇن ياسىدى. بۇ تارىخىي ئۇرۇنۇشلار مەيلى قانداق نەتىجىلەنگەن بولسۇن، خەلق بۇ جەرياندا نېمىگە ئەقىدە باغلاپ، نېمىگە ئىنتىلىپ ياشاش كېرەكلىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە تونۇپ يەتتى. نەتىجىدە، مىللىي ئۆزلۈك ئېڭىمىزدا زامانىنىڭ تەلىپىگە ماسلاشقۇدەك دەرى- جىدە بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا ئىلگىرىكى يىللاردىكىگە سېلىشتۇر- غاندا كىشىنى ئۈمىدۋار قىلىدىغان ئويغىنىش دولقۇنلىرى شەكىل- لەندى. ئەنە شۇ مىللىي ئۆزلۈك ئېڭىمىزدا شەكىللەنگەن ئويغىنىش دولقۇنلىرىنىڭ ئەۋجىدە بىر ياڭراق سادا، يەنى تەۋپىق روھى — نادانلىقتىن، قالاقلىقتىن، بىخۇدلۇقتىن قۇتۇلۇش يولىدا بارلىقنى بېغىشلاش، ئىلىم - مەرىپەت ئارقىلىق مىللەتنى گۈللەندۇرۇش روھى ئۆزگىچە سېھرىي قۇدرەت بىلەن نەرە تارتتى:

ئويغان خەلق، يۇرتۇڭنى سەن قۇتۇلدۇر،
مەكتەپ بىلەن چىراغ ياقىن، نۇر تولدۇر!
بىتسۇن ئەمدى، زۇلمەت دەۋرى — ئىستىبدات،
قارا كۈندىن، شۇم تەقدىردىن بول ئازاد!



20 ـ ئەسىر تارىخىمىزدىكى ئۇلۇغ مائارىپچى، تالانتلىق تەشكىلاتچى، ئوت يۈرەك كومپوزىتور ۋە شائىر مەمتىلى ئەپەندى (تەۋپىق، 1901 — 1937) ئۆزىنىڭ قىسقا، ئەمما قىسمەتكە باي شانلىق ھاياتىدا ھەقىقىي مائارىپچىغا خاس پىداكار ئوبرازى، ئىنقىلابچىغا خاس جەڭگىۋار روھى، تەشكىلاتچىغا خاس پۇختا ھەرىكىتى، جەڭچىگە خاس قەيسەر خاراكتېرى ۋە سەنئەتكارغا خاس مەغرۇر خىسلىتى بىلەن تىللاردا داستان قىلغۇدەك ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، يالقۇنلۇق مەكتەپ ناخشا ـ مارشلىرىنى ئىجاد قىلىپ، ئۆز ئەقىدىسى يولىدا كۆيۈپ كۈل بولۇپ، روھىيەت تارىخىمىزدىكى قىممەتلىك ئەڭگۈشتەر — تەۋپىق روھىنى ياڭرىتىپ، مىللىي ئۆزلۈك ئېڭىمىزدا شەكىللەنگەن ئويغىنىش دولقۇنلىرىنىڭ ئەۋجىگە بىر ياڭراق ئۈن قاتتى؛ مەنىۋىيەت ئاسمىنىمىزغا بىر ئۆچمەس مەشئەل ياقتى. بۇ ئۇلۇغ روھ گويا ئۆچمەس مەشئەلگە ئوخشاش بىزنىڭ ئىزدىنىش يوللىرىمىزدا دائىم نۇر چېچىپ تۇرىدۇ. ئۇ بىر مۇقەددەس سادا سۈپىتىدە بىزنى نېمىگە ئەقىدە باغلاپ، نېمىگە ئىنتىلىپ ياشاش كېرەكلىكى ھەققىدە ھەردائىم ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ ۋە ئۈمىدۋارلىق، پىداكارلىق بىلەن ياشاشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.

21 ـ ئەسىرنىڭ تۇنجى تاڭ قۇياشى ئۆزىنىڭ ئىلھامبەخش جىلۋىسى بىلەن خەلقىمىزنىڭ قەلب قەسرىدىن ئورۇن ئالغان قىممەتلىك ئەڭگۈشتەر — تەۋپىق روھىنى ۋە بۇ روھنىڭ ياراتقۇچىسى

بولغان مەدەنىيەتلىك ئەپەندى تۇغۇلغانغا توپتوغرا 100 يىل بولغانلىقىنى ئېسىمىزگە سالدى.

بىز، بارلىقىنى ئانا خەلقىگە بېغىشلىغان بۇ بۈيۈك ئوغلانىنىڭ 100 يىللىق تەۋەللۇتىنى قانداق خاتىرىلەيمىز؟ ھېيسىياتلىق نەزم ـ قوشاقلارنى پۈتۈپ قويۇش، قەبرىسىنى زىيارەت قىلىپ، تۇپراق بېشىغا گۈلدەستىلەر قويۇش، خاتىرىلەش سورۇنلىرىنى تەشكىللەپ ھاياجانلىق نۇتۇق ـ تەسىراتلارنى سۆزلەپ قويۇشتەك ئومۇملاشقان ئادەت بويىچە خاتىرىلەيمىزمۇ ياكى ئەقمەدە گۈلزارلىرىدىن، تەپەككۇر گۈلشەنىدىن ھېكمەت گۈلدەستىلىرى راسلاپ ئۇنىڭ شەرىپىگە ئاتايمىزمۇ ياكى بولمىسا تەۋپىق روھىنىڭ ماھىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئۇنى ھايات پائالىيەتلىرىمىزدە ئىزچىللاشتۇرۇپ ياشايمىزمۇ؟ بۇ، ھەركىمنىڭ ئەقىدە ـ ئېتىقادىغا، ئەقىل ـ ئىقتىدارىغا ۋە غەيرەت ـ جاسارىتىگە باغلىق مەسىلە، ئەلۋەتتە.

مېنىڭچە، ئەڭ ئەۋزىلى: مىللىي روھىيەت تارىخىمىزدىكى قىممەتلىك ئەڭگۈشتەر ـــ تەۋپىق روھىنىڭ ماھىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئۇنى ھايات پائالىيەتلىرىمىزدە ئىزچىللاشتۇرۇپ ياشاش؛ خەلقىمىزنىڭ ئويۇن ـ تاماشا، كۈلكە ـ چاقچاق، نەغمە ـ ناۋا سورۇنلىرىغا غەرق بولۇپ، بىخۇدلارچە ياشىشىنىڭ زاۋالەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرۇش؛ زامانىنىڭ تەقەززاسىغا قولاق سېلىپ، ئىلىم ـ مەرىپەت ئىشلىرىنى ئەلا بىلىپ، نادانلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن قول ئۈزۈشكە تۈرتكە بولۇش؛ دۆچ كەلگەن خىلمۇخىل كىرىزىسلارغا ئاقىلانە يۈزلىنىپ، ئۆزىمىزنى تونۇپ ۋە ئۆزىمىزنى كۈچەيتىپ، رىقابەت سورۇنلىرىدا ئۆزىمىزنى نامايان قىلىپ، شان ـ شەرەپ قۇچۇپ ياشاشقا تۈرتكە بولۇش؛ ئەۋلادلارنى ھەرقانداق خىرىس ۋە توسالغۇلارغا تاقابىل تۇرالايدىغان، ئىززەت ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن كۆرەش قىلالايدىغان قىلىش؛ ئۆزىنى ئۈزۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۆزگە خەلقلەر بىلەن قولنى قولغا تۇتۇشۇپ، باراۋەر، ئىناق، بەختىيار، كۆڭۈللۈك تۇرمۇش بەرپا قىلالايدىغان قىلىش، دەۋر ۋە

زامان يۈكلىگەن مەسئۇلىيەتنى بەجانىدىل ئورۇنلىيالايدىغان قىلىش ...

ئەنە شۇ چاغدىلا بىز مەمتىلى ئەپەندىنى ھەقىقىي خاتىرىلىگەن بولىمىز. كەسكىن رىقابەت دولقۇنلىرىغا ئۆزىمىزنى بىمالال ئاتالايمىز ۋە كۆتمىگەن خىرىسلار ئالدىدا مۇستەھكەم، مەزمۇت پۇت دەسسەپ تۇرالايمىز.

تەۋپىق روھى — شەخسىيەتسىز روھ! ئۇ بەھرىمەن بولۇپ ياشاشنى ئەلا بىلىدىغان ئەمەس، بەلكى بېغىشلاپ ياشاشنى ئەلا بىلىدىغان روھ.

تەۋپىق روھى — كۆرەشچان روھ! ئۇ نادانلىق ۋە ياۋۇزلۇققا قارشى تۇرۇپ، ئەركىن، مەدەنىي، ھۆر ھاياتنى ئالىي نىشان قىلغان روھ.

تەۋپىق روھى — مەنىسى مول، ئەھمىيىتى زور ئەنگۈشتەر كەبى روھ.

تەۋپىق روھى — ئىلھامبەخش روھ! ئۇ جاسارەت ۋە پاراسەت بىلەن تولغان روھ.

تەۋپىق روھى — ئۆچمەس روھ! ئۇ مەشئەلگە ئوخشاش يورۇق سېپىپ، ئۇزۇكسىز لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرىدىغان روھ!

تەۋپىق روھى — مەڭگۈ ۋاقتى ئۆتمەيدىغان يۈكسەك روھ! ئۇ مىللى ھاياتىمىزدىكى بىر تۇرلۇك قىممەت ئۆلچىمى.

2001 ـ يىلى يانۋاردا يېزىلدى

# تۈركىيە فىلىملىرى قىزغىنلىقى بىزگە نېمىلەرنى ئېلىپ كەلدى

تۈركىيەنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى بىلەن ئىزچىل ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتى ئاپتونوم رايونىمىزدا 1980 ـ يىللارنىڭ بېشىدا باشلانغان دېيىشكە بولىدۇ. ئەينى چاغدا رېشات نۇرى گۈنتېـ گىن (1889 ـــ 1956) نىڭ 33 يېشىدا، يەنى 1922 ـ يىلى ئېلان قىلغان مەشھۇر ئەسىرى «چالىقۇشى» داڭلىق تەرجىمان تۇرسۇنئاي ساقىم خانىمنىڭ ئىجتىھاتى بىلەن ئانا تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىـ نىپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغاندىن كېـ يىن، بىر ئەۋلاد ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالغانىدى. داغسىز مۇھەببەت تەلپىي كۈچلۈك، خاراكتېرى شوخ، قەيسەر، جاـ ھىل، ساھىبجامال قىز پەرىدەنىڭ ئوبرازى 1980 ـ يىللاردىكى يىـ گىت ـ قىزلارنىڭ رومانتىك دۇنياسىدىكى يېگانە سىما بولۇپ قالـ غان. لىرىكىلىق خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك بۇ ئېسىل رومان ئۇلارنىڭ قولىدىن چۈشۈرمەي ئوقۇيدىغان كىتابى ئىدى. ئۇلار بۇ رومانىدىكى پەرىدە بىلەن كامراننىڭ ئەگرى ـ توقاي مۇھەببەت ھېكايىسىدىن تۈگىمەس زوق ئالاتتى. مۇھەببىتىگە داغ چۈشۈپ قالغانلىقى سەۋەـ بىدىن قېيىداپ، تۈگىمەس ئاني تېپىش، تۇرلۇك سىقىلىشلار بىلەن تولغان ھەسرەت ـ نادامەتلىك ھاياتقا چىشىنى چىشلەپ چىداپ ياـ شاشقا مەجبۇر بولغان جاھىل قىز پەرىدە قىزلارنىڭ غۇرۇرىغا غۇـ رۇر قوشقانىدى. «چالىقۇشى» قىزغىنلىقىغا ئۇلىشىپلا، ساباھىدىن ئەلىنىڭ «جۈۋىلىق خانىم» ناملىق پوۋېستى، «يېتىم يۇسۇپ» ناملىق رومانى، ياشار كامالنىڭ «مەمەت ئاۋاق» ناملىق رومانى، نەجافى جۇمالىنىڭ «سۇسىز ياز» ناملىق پوۋېستى، كەرىمە نادىرنىڭ «ساـ

مانىيولى»، «ئۆكسۈش» ناملىق رومانلىرى، ئەزىز نەسىننىڭ ھەجۋىي ھېكايىلىرى، ئۆمەر سەيفەتتىننىڭ «ئاق لالە» قاتارلىق ھېكايىلىرى ۋە «پىرىمو تۈرك ئوغلى» ناملىق ئېسىل پوۋېستى ئارقا - ئارقىدىن ئانا تىلىمىزدا نەشر قىلىندى. بۇ ئەسەرلەر قاتمال ئىجادىيەت قارىشىدىن قۇتۇلۇپ، ئەدەبىياتنىڭ ئۆز قانۇنىيىتىنى چىقىش قىلىپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئىستىكى كۈچلۈك ياش قەلەمكەشلەرنىڭ ئىجادىيەت قارىشى ۋە يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىغا زور تەسىر كۆرسەتتى. بۇ ئەسەرلەر ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەدەبىيات ھەققىدىكى تونۇشىنىڭ يېڭىلىنىشىغا، ئەدەبىي ئەسەرلەرگە قويىدىغان تەلىپىنىڭ يۈكسىلىشىگە تۈرتكە بولدى. 1990 - يىللاردا تۈركىيە ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تونۇشتۇرۇلۇشى 1980 - يىللاردىكىدەك نەتىجىلىك بولمىدى. رىشات نۇرى گۈنتېكىننىڭ «لەۋدىن قەلبكە» ناملىق رومانى بىلەن سۇئاد دەرۋىشنىڭ «ئەنقەرە مەھبۇسى» ناملىق رومانى نەشر قىلىنغاندىن باشقا، ئاز ساندا ھېكايە، شېئىر ۋە نەسرلەر تەرجىمە قىلىندى. ئەمما، تۈركىيەنىڭ ناخشا - مۇزىكىلىرى ئۈن - سىن بازىرىدا كۆپىيىشكە باشلىدى. بۇ يىللاردا تىلغا ئېلىشقا ئەرزىگۈدەك بىر ئالاھىدە يېڭىلىق شۇ بولدىكى، 1990 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا «چالىقۇشى» ناملىق رومان ئاساسىدا ئىشلەنگەن كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ كۆكنۇر ئۈن - سىن شىركىتىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئانا تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئۈن - سىن بازىرى ئارقىلىق كۆرۈرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكەنلىكى بولدى. بۇ فىلىم ئارقىلىق پەردە بىلەن كامىراننىڭ تەسىرلىك مۇھەببەت ھېكايىسى مىڭلىغان، مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا تولىمۇ جانلىق نامايان قىلىندى. تالانتلىق ئاۋاز ئارتىسى ھاۋاخان ھېيتىنىڭ تەبىئىتى نازۇك ئەركە قىزلارنىڭ خاراكتېرىنى چاقنىتىۋېتىدىغان ئاۋازى پەردەدىن ئىبارەت ئۇنتۇلماس ئوبرازنى تېخىمۇ يارقىن تۇسكە كىرگۈزۈپ، كۆرۈرمەنلەرنى سەنئەتنىڭ سېھىرلىك دۇنياسىغا غەرق قىلدى. فىلىمدىكى مېلودى-

يەسى يېقىملىق مۇزىكا، گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىسى، كونا قاراش بىلەن يېڭى ئىدىيەنىڭ توقۇنۇشى، پەرىدەنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى، كامىرانىڭ مۇڭلۇق بېقىشلىرى، كىرىستالدەك ساپ مۇھەببەت... كىشىلەرنى ئۇنتۇلماس تەسىراتلارغا مۇيەسسەر قىلدى. 1990 - يىللاردىكى يەنە بىر روشەن ھادىسە شۇ بولدىكى، ئۇ بولسىمۇ، تۈركىيە ناخشا - مۇزىكىلىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۈن - سىن بازىرىدا ناھايىتى كەڭ تارقالدى. ھازىرقى زامان تۈركىيە ناخشا - مۇزىكىلىرىنىڭ كەڭ تارقىلىشى زامانىۋىلىشىش ئارزۇسىدا ئىزدىنىۋاتقان ئۇيغۇر ناخشا - مۇزىكا سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. بولۇپمۇ MTV ئىشلەش ئۇسۇلى جەھەتتە ئوپېراتورلىرىمىز بىلەن رېژىسسورلىرىمىزنى يېڭى نەزەرگە ئىگە قىلدى. ناخشىچىلىرىمىزنىڭ سەھنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاققان قوزۇقتەك قوزغالماي تۇرۇپ، بىردەم ئوڭ قولىنى، بىردەم سول قولىنى، ئاخىرىدا ئىككى قولىنى تەڭ ھاۋاغا كۆتۈرۈپ قويۇپ ناخشىسىنى تۈگىتىدىغان قاتمال ئادىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلاردا سەھنىدە ئۆزىنى ئازادە قويۇۋېتىپ ناخشا ئېيتىدىغان ئەركىن ئۇسلۇبىنىڭ يېتىلىشىگە تۈرتكە بولدى.

21 - ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى، تېخنىكىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە تاراتقۇلارنىڭ قاپلاش كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، تۈركىيەنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتى تېخىمۇ زورايدى. ئەدەبىي ئەسەرلەردىن دەسلەپتە «ئېچىنىش»، «تامغا» ناملىق رومانلار نەشر قىلىندى، ئۇزاق ئۆتمەي، نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن يازغۇچى ئورخان پاموكنىڭ «مېنىڭ ئىسمىم قىزىل»، «يېڭى ھايات» ناملىق رومانلىرى، «ئۆمەر سەيفەتتىن ھېكايە - پوۋېستلىرىدىن تاللانما» دېگەن كىتابلار نەشر قىلىنىپ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ يىللاردا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۈن - سىن بازىرى تازا جانلىنىپ، غەرب ئەللىرىنىڭ، تۈركىيەنىڭ، ئۆزبېكىستاننىڭ

ھېكايە فىلىملىرى ئارقا ـ ئارقىدىن تەرجىمە قىلىنىپ بازارغا سې-
لىنىدى. كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى خەلقئارا سە-
ۋىيەگە يەتكەن تۈركىيەنىڭ كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلىملىرى ھەر
خىل يوللار ئارقىلىق مەدەنىيەت بازارلىرىدا كۆپەيدى. دەل مۇشۇ
چاغدا، كۆرۈرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ماس
ھالدا، تۈركىيەنىڭ دۇنياۋى تەسىر قوزغىغان كۆپ قىسىملىق تې-
لېۋىزىيە تىياتىرى «بۆرىلەر ماكانى» (كوردلار ۋادىسى) ئىنتېرنېت
توردا تارقىتىلىپ، كىشىلەر ئارىسىدا «كوردلار ۋادىسى» قىزغىن-
لىقىنى قوزغىۋەتتى. ۋەقەلىكى مۇرەككەپ ھەم جىددىي، زىددىيەت-
لىرى ئۆتكۈر ھەم كەسكىن، دىيالوگلىرى تەبىئىي ھەم مەنىلىك،
پېرسوناژلىرى خاسلىققا ئىگە، مەزمۇنىنىڭ چېتىلىش دائىرىسى
كەڭ بۇ فىلىم كىشىلەرنى ناھايىتى تېزلا ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋال-
دى. خاراكتېرى روشەن ھەم رەڭدار پېرسوناژلار كۆرۈرمەنلەرگە
پۈتمەس ـ تۈگىمەس زوق ئاتا قىلدى. بولۇپمۇ پولات ئەلەمدارنىڭ
قارىماققا سولغۇن كۆرۈنىدىغان، ئەمما ھوشيار، جەسۇر، چەبدەس،
كەسكىن، تەدبىرلىك، تەمكىن، قوۋ خاراكتېرى، ۋەتەننى سۆيۈشتە-
كى قەتئىيلىكى ۋە ئۇزۇل ـ كېسىللىكى تاماشىبىنلارنى مەستانە
قىلدى. بۇ فىلىم قايسى ئىشنى ئاۋۋال قىلىش ھەم ئىشنى قانداق
قىلىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى بىلەن كۆرۈرمەنلەرنىڭ ئاڭ ـ
چۈشەنچىسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. كۆرۈرمەنلەر بۇ فىلىم-
دىكى ھېكايىلەرنى بەس ـ بەستە سۆزلىشىدىغان، پولات ئەلەمدار،
سۇلايمان چاكىر، ماماتى، ئارسلان بەگ، مەھمەت قاراخانلى، لەززىيا،
ئىسكەندەر بۈيۈك، ئەلىف، ئابدۇلھەي قاتارلىق ئوبرازلار توغرۇلۇق
تەسىراتلىرىنى ئالماشتۇرۇشىدىغان بولدى. «كوردلار ۋادىسى» فى-
لىمى 97 قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ
ئۇ ھەقتىكى سۆز ـ سۆھبەتلىرىمۇ يىللاپ داۋام قىلدى. كىشىلەر
بۇ فىلىمدىكى جەسۇرلۇق، سالماقلىق ۋە پاراسەت ئامىلىنى ۋۇجۇ-
دىغا ئۆزلەشتۈرۈشكە تىرىشتى، قايسى ئىشنى ئاۋۋال قىلىشنى ۋە




ئىشنى قانداق قىلىش-نى ئۆگىنىشكە ئىنتىلدى. بۇ فىلىمگە ئەگىشىپ، ئارقىدىنلا ئىراقتىكى ئامېرىكا ئەسكەرلىرى پەيدا قىلغان سۇلايمانىيە ۋەقەسى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ ئىشلەنگەن «كوردلار ۋادىسى. ئىراق» ناملىق ئىككى قىسىملىق كىنو فىلىمى، پولات ئەلەمدارنىڭ ئوبرازىنى دۇنيا جاما-ئەتچىلىكىگە تونۇتۇۋەتتى. پولات ئەلەمدارنىڭ رولىنى ئالغان نىجاتى شاشماس مىليونلىغان مەستانىلىرى بار دۇنياۋى چولپانغا ئايلاندى. ئۇنىڭدىن كېيىن «كوردلار ۋادىسى. پۇسۇ» («بۆرىلەر ماكانى . پىس-تىرما») ناملىق كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى بىر تەرەپتىن ئىشلىنىپ، بىر تەرەپتىن تارقىتىلىپ «كوردلار ۋادىسى» قىزغىن-لىقىنى تېخىمۇ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈۋەتتى. ئىنتېرنېت تورىنى ئاساس قىلغان زامانىۋى كۆپەيتىش، تارقىتىش ۋاستىلىرىنىڭ قولايلىق بولۇشىدەك ئەۋزەللىك ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىڭلىغان، مىليونلىغان قىزىققۇچىلارنىڭ بۇ تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى بىمالال كۆرۈشىگە ئىمكانىيەت هازىرلاپ بەردى. تاماشىبىنلار «كوردلار ۋادىسى» قىزغىنلىقىنىڭ تەسىرى بىلەن تۈركىيەدە ئۈزۈكسىز ئىشلىنىپ قويۇلۇۋاتقان كۆپلىگەن تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى كۆ-رۈشكە ئىنتىلدى. كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى ئىش-لەش جەھەتتە ھەيران قالارلىق ئۇنۇم قازىنىۋاتقان تۈركىيەدىكى ئوسمان سىناۋ ئىستۇدىيەسى، راجى شاشماس ئىستۇدىيەسى، ئاي ئىستۇدىيەسى (ئاي ياپىم) قاتارلىق ئىستۇدىيەلەر بەس - بەستە

ئىشلىگەن فىلىملەر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئون ـ سىن بازىرىنى قاپلىدى. «غازاڭ پەسلى»، «چەكلەنگەن سۆيگۈ»، «ئەلىفنىڭ كۆز يې-شى»، «ئاچچىق ھايات»، «ئەزەل»، «ئايرىلىش»، «قاچقۇن ئاشىقلار»، «قىزىم سەن نەدە؟»، «ئادانالىق رازۋېدكىچى چاكىر»، «ئاشىق ۋە جازا»، «تۈركىيە تۈرمىسىدىن قېچىش»، «فاتمەگۈلدە نېمە گۇناھ»، «سىلا»، «ئىسمىنى فەرىخە قويدۇم»، «ئىستانبۇللۇق قەھرىمان چا-كىر»، «قىساسكار ئاشىق» (تۈركچە نامى «كايبولان يىللار»، يەنى «يوقالغان يىللار»)، «ئەسىر شەھەر»، «گۈللەنگەن يۈز يىل»، «كوردلار ۋادىسى. تېررور»، «كوردلار ۋادىسى. پەلەستىن»، «ئاسىي-لىق»، «ھىجران كېچىسى»، «ئاشۇنداق بىر زامان ئۆتكەنكى» (تۈرك-چە نامى «ئۆيلە بىر گېچەر زامانكى») قاتارلىق تېلېۋىزىيە تىياتىر-لىرى كىشىلەر زور قىزغىنلىق بىلەن كۆرۈپ ھۇزۇرلانغان فىلىم-لەر بولۇپ قالدى. بۇ فىلىملەرنىڭ ئىچىدە «چەكلەنگەن سۆيگۈ» (تۈركچە نامى «ئىشقى مەمنۇ»)، «ئاچچىق ھايات»، «ئاسىيلىق»، «ئە-زەل»، «ئەلىفنىڭ كۆز يېشى»، «مىڭبىر كېچە»، «قاچقۇن ئاشىقلار» (تۈركچە نامى «مەنەكشە بىلەن خېلىل»)، «ئاشىق ۋە جازا»، «ئادانا-لىق رازۋېدكىچى چاكىر»، «قىساسكار ئاشىق» (تۈركچە نامى «كاي-بولان يىللار»، يەنى «يوقالغان يىللار») قاتارلىقلار ئون ـ سىن سو-دىگەرلىرىنىڭ ئۆيۈشتۇرۇشى بىلەن ئانا تىلىمىزغا تەرجىمە قىلى-نىپ بازارغا سېلىندى. مانا مۇشۇنداق ئەسلىيسىنى ياكى تەرجىمى-سىنى بىۋاستە ھالدا توردىن كۆرۈش ۋە ئون ـ سىن دۇكانلىرىدىن سېتىۋېلىپ كۆرۈش نەتىجىسىدە ئاپتونوم رايونىمىزدا «تۈركىيە فى-لىملىرى قىزغىنلىقى» رەسمىي يوسۇندا شەكىللەندى. جۇڭگو مىق-ياسىدىمۇ تۈركىيە فىلىملىرىگە بولغان قىزىقىش دەسلەپكى قەدەم-دە شەكىللەندى. مەسىلەن، كىنو «كوردلار ۋادىسى. پەلەستىن» دىن باشقا، مەشھۇر كىنو سەنئەتكارى سەمى قاپلان ئوغلىنىڭ «يۈسۈپ تىرىلوگىيەسى» ناملىق فىلىمنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى بولغان «تۇخۇم»، «سۈت»، «ھەسەل» نىڭ VCD پىلاستىنكىلىرى كەڭ كۆ-

لەمدە نەشر قىلىپ تارقىتىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزنى قاپلىغان تۈركىيە فىلىملىرى قىزغىنلىقىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىگە بەش ـ ئالتە يىلچە ۋاقىت بولدى. نۆۋەتتە، بۇ خىل قىزغىنلىق ئۆزۈكسىز كۆچىيىپ بارماقتا.

«تۈركىيە فىلىملىرى قىزغىنلىقى» بىر تۈرلۈك مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىزنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىمىز، تەتقىق قىلىشىمىز ۋە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشىمىزنى كۈتمەكتە. ئۇنداقتا، ئاپتونوم رايونىمىزدا، جۈملىدىن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە شەكىللەنگەن «تۈركىيە فىلىملىرى قىزغىنلىقى» بىزگە نېمىلەرنى ئېلىپ كەلدى؟ شۈبھىسىزكى، ئوخشاش ئەسەر ئوخشاشمىغان كىشىلەرگە ئوخشاشمىغان تەسىر بەرگەندەك، تۈركىيە فىلىملىرى ئىجتىمائىي ئەھۋالىمىزغا ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكىمىزگە ماس ھالدا، بىزگە ئۆزگىچە تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلدى. زوقلىنىش پسىخولوگىيەسى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، زوقلىنىش خاسلىققا ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، يەنە مىللىيلىككە ئىگە بولىدۇ. مەن «تۈركىيە فىلىملىرى قىزغىنلىقى» نىڭ بىزگە ئېلىپ كەلگەن تەسىرىنى تۆۋەندىكى ئالتە جەھەتتىن ئىزاھلاپ چۈشەندۈرىمەن.

بىرىنچى، يېڭىچە زوق ئېلىپ كەلدى.

تۈركىيەنىڭ كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى بىزگە ئېلىپ كەلگەن يېڭىچە زوقنى «ئىللىقلىق» ۋە «ھەيرانلىق» دېگەن ئىككى سۆز بىلەن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. ئۇنداقتا، ئۇيغۇر تاماشىبىنلىرىدا ئىللىقلىق پەيدا قىلغان سەۋەب نېمە؟ ئايانكى، بۇ سەۋەبلەر تۇرمۇش شەكلى، ئەخلاق ئادەتلىرى، كىشى ئىسىملىرى، ئېتىقاد سىستېمىسى، ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتتىكى ئوخشاشلىق قاتارلىق ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئېتىقاد سىستېمىسى جەھەتتىكى ئورتاقلىق ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى مۇئەييەن ئوخشاشلىق زوقلانغۇچىلار پسىخىكىسىدا تەبىئىي ھالدا ئىللىقلىق پەيدا قىلىدۇ. بۇ ھال تاماشىبىنلارنىڭ ئېستېتىك زوق دۇنياسىغا يېڭىچە تەسىر بې ـ

رىدۇ. مەلۇمكى، تۈركىيەنىڭ كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىدا كىشىگە ئىللىقلىق ھېس قىلدۇرىدىغان مەزمۇن ۋە كۆرۈنۈشلەر ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، «غازاڭ پەسلى» (تۈركچە نامى «ياپراك دۆكۈمى») دېگەن تېلېۋىزىيە تىياتىرى 170 نەچچە قىسىملىق فىلىم بولۇپ، بۇ فىلىم رىشات نۇرى گۈنتېكىننىڭ «ياپراك دۆكۈمى» ناملىق رومانى ئاساسىدا سېنارىيەلەشتۈرۈلۈپ ئىشلەنگەن. ئەسلىي ئەسەردە تۈركىيەنىڭ 1950 ـ يىللاردىكى تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن. سېنارىيەدە بولسا، ۋەقەلىك 2000 ـ يىللارنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. بۇ تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ سۇژىتى ئىستانبۇلغا كۆچۈپ كەلگەن ئەلى رىزاتېكىن ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى چۆرىدەپ قانات يايدۇرۇلغان، فىلىمدە، قوشنا ـ قولۇم، خىزمەتداش، تۇرمىداش، قۇدا ـ باجا، كېلىن ـ كۈيئو ئوغۇللار ئوتتۇرىسىدىكى ئەگرى ـ توقاي، مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەر تەسۋىرلىنىپ، بۈگۈنكى كىشىلەرنىڭ ئائىلە، نىكاھ، دوستلۇق، پۇل قارىشى تەبىئىي يوسۇندا ئىپادىلەپ بېرىلگەن. ئەنئەنىگە بولغان قىيالماسلىق بىلەن زامانىۋى تۇرمۇش شەكلىگە ماسلىشالماسلىق ئوتتۇرىسىدىكى ئىدىيە توقۇنۇشلىرى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەسەردىكى پېرسوناژلار مۇناسىۋىتىدە ئىپادىلەنگەن سۆز ـ ئىبارىلەر، ھېسسىيات ماجىرالىرى كىشىگە گويا ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدىكى سۆز ـ ئىبارىلەر ۋە رىددىيەت ـ ماجىرالارنىڭ دەل ئۆزىدەك تۇيغۇ بېرىدۇ. بولۇپمۇ قېيىنئانا بىلەن كېلىن ئوتتۇرىسىدىكى رىددىيەت ـ توقۇنۇش، تالاش ـ تارتىشلار سىز، بىز قەشقەر ياكى غۇلجىدا ئۇچراتقان مەلۇم بىر ئائىلىدىكى رىددىيەت ـ ماجىرالارنىڭ ئېكرانلاشتۇرۇلۇشىدەك تەسىرات بېرىدۇ. شۇڭا بىز، تۈركىيەنىڭ كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى ئىچىدىكى كۆپلىگەن مەزمۇن، ۋەقە، پېرسوناژ ۋە كۆرۈنۈشلەر بىزگە «ئىللىقلىق» تۇيغۇسى بەخش ئېتىپ، ئېستېتىك زوقىمىزنى يېڭىچە تەمگە ئىگە قىلدى، دېيەلەيمىز.

«ھەيرانلىق» دېگەن سۆزگە كەلسەك، تۈركىيەنىڭ كۆپ قىسىم-



«غازاڭ پەسلى» فىلىمىدىن بىر كۆرۈنۈش

لىق تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ سۇژىتى تولىمۇ ئەگرى ـ توقاي بولغاچقا، كۆرۈرمەنلەرنى ھېلىدىن ـ ھېلىغا ھەيرانلىق تۇيغۇسىغا چۆمدۈرىدۇ. مەلۇمكى، ئەگرى ـ توقاي سۇژىت زوقلانغۇچىلارنى زوقلاندۇرۇپ، ھەر خىل تەسىراتلارغا مۇيەسسەر قىلىدىغان مۇھىم ئېستېتىكىلىق ئالاھىدىلىك. بەش ـ ئون يىلدىن بۇيان قويۇلۇپ كېلىۋاتقان كورېيە كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىيا-تىرلىرىنىڭ سۇژىتىدىكى مىس ـ مىسلىق ۋە پېرسوناژلارنىڭ دىيا-لوگىدىكى ئەزمىلىك بىلەن سېلىشتۇرغاندا، تۈركىيە فىلىملىرى-نىڭ سۇژىت قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىشچانلىق تولىمۇ روشەن ھەم رەڭدار. دىيالوگلار جانلىق ھەم كەيپىياتلىق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاسا-سىي سۇژىتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن يانداش سۇژىتلار بۇ فىلىملەرنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ جەلپكارلىققا ئىگە قىلىدۇ. مەسىلەن، «قاچقۇن ئاشىقلار»، «غازاڭ پەسلى» دېگەن فى-لىملەرنىڭ تىنىمسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان سۇژىتى فىلىمدىكى ئانچە چىن بولمىغان، تۇرمۇش ئاساسى ئاجىز ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى

چاندۇرماي ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. سۈژەت قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىشچان-
لىق ۋە رەڭدارلىق ئىچىدە ھەربىر پېرسوناژ ئادەمنى بىردەم سۆيۈن-
دۈرسە، بىردەم نەپرەتلەندۈرىدۇ، بىردەم ئۆكۈندۈرسە، بىردەم
زوقلاندۇرىدۇ. بۇ ئارقىلىق پېرسوناژلار خاراكتېرىدىكى كۈچلۈك
تەرەپلەر بىلەن ئاجىز تەرەپلەر، ئاقىلانە ھەرىكەتلەر بىلەن ئەخمىقانە
ھەرىكەتلەر ئارىلاش ئىپادىلىنىپ، كۆرۈرمەنلەرگە چىنلىق تۇيغۇسى
ئاتا قىلىدۇ. تۈركىيە فىلىملىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقى
زوقلانغۇچىلارنى مەستانە قىلغان بىر مۇھىم ئامىل.

ئىككىنچى، يېڭىچە قاراش ئېلىپ كەلدى.

«تۈركىيە فىلىملىرى قىزغىنلىقى» بىزگە ئېلىپ كەلگەن ئەڭ
ئاكتىپ تەسىر يېڭىچە قاراشلارنى ئاتا قىلغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.
«كوردلار ۋادىسى» فىلىمىدىكى «بالىلارسىز ۋەتەن بولماس»، «ئاقىد-
ۋەتنى ئويلىغان ئادەم قەھرىمان بولالماس»، «جاسارەت ياخشى ئادەم-
لەر تەرىپىدىن جارى قىلدۇرۇلمىسا، رەزىل ئادەملەرنىڭ قورالى بو-
لۇپ قالىدۇ»، « ۋەتەن ئۈچۈن نامىسىز قەھرىمان بولۇش تېخىمۇ شە-
رەپلىك»، «كۈچىمىز تۈگىگىچە ئېلىشىمىز، كۈچىمىز تۈگىگەندە
ئۆلىمىز»، «تۈركىيەنى تۈركىيە قىلغان ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى» دې-
گەندەك ئىدىيە ۋە قاراشلار فىلىمدە كونكرېت ۋەقە - ھادىسىلەر
جەريانىدا ئىسپاتلىنىپ، كىشىگە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات ئاتا قىلى-
دۇ. «چەكلەنگەن سۆيگۈ» فىلىمىدە ئىپادىلەنگەن «ئەخلاقتا ئۇيغۇن
بولمىغان سۆيگۈ ھېچكىمگە بەخت ئاتا قىلالمايدۇ» دېگەن ئىدىيە،
تاماشىبىنلارغا ناپاك مۇھەببەتنىڭ ئاپەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقى
توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش بىلەن بىللە، كىشىلەرنى سۆيگۈ -
مۇھەببەتنىڭ ئەخلاقتا ئۇيغۇن بولۇشى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلى-
نىشقا، ئۆز ھېسسىياتىنى ئەقىل ۋە ئەخلاق بىلەن تىزگىنلەپ،
كەيپىياتىنى ئاقىلانىلىك بىلەن كونترول قىلىپ ياشاشنىڭ زۆرۈر-
لۈكىنى تونۇشقا ئۈندەيدۇ. «غازاڭ پەسلى»، «قاچقۇن ئاشىقلار» فى-
لىمىدىكى كىچىك باللار ئالدىدا ۋارقىراپ - جارقىراپ جېدەل قى-

لىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەيدىغان، بالىلارغا بەكمۇ كۆيۈنىدىغان ئاتا-ئانىلار بىزنىڭ بەزى ئادەتلەنگەن قاراشلىرىمىزدىن پەرقلىنىدىغان-لىقى بىلەن بىزنى ئويغا سالىدۇ. مەسىلەن، بىزدە چوڭلارنىڭ ئال-دىدا جېدەل - ماجىرا قىلىشتىن، ۋارقىراپ - جارقىراپ گەپ تا-لىشىشتىن ھەزەر ئەيلەيدىغان ئادەتنىڭ ئەكسىچە، تۇركلەرنىڭ كى-چىك بالىلارنىڭ ئالدىدا بۇنداق قىلمىشنى سادىر قىلىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەيدىغان ئادىتى تۈپتىن پەرقلىنىدىكەن. بۇنىڭ قايسىسى توغرا دېگەندە، مېنىڭچە، بىزنىڭكىگە قارىغاندا ئۇلارنىڭ توغرا. چۈنكى، ① كىچىك بالىلار چوڭلارنىڭ جېدەل - ماجىراسىنى كۆر-سە قورقۇپ كېتىدۇ. بۇ بالىلارنىڭ يۈرەكئالدى چوڭ بولۇپ قېلى-شىغا سەۋەب بولىدۇ. دېمەك، چوڭلارنىڭ ۋارقىراپ - جارقىراپ ئۇ-رۇشۇشلىرى بالىلاردا قەلب زەخمىسى پەيدا قىلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ پسىخىكىسىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرىدۇ. ② چوڭلار ياخشى - يامانىنى پەرق ئېتىش، ھەق - ناھەقنى ئايرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغاچقا، گەپ تالاشقۇچى ياكى جېدەللەشكۈچىلەرنىڭ قايسىسىنىڭ يوللۇق، قايسىسىنىڭ يولسىزلىقىنى بىلەلەيدۇ. شۇڭا، ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلەشنىڭ ئۇنچە زۆرۈرىيىتى يوق. ئۇلار تەربىيەگە موھتاج-نى تەربىيەلەيدۇ، تەنبىھكە موھتاجغا تەنبىھ بېرىدۇ. ئەمما، با-لىلاردا پەرق ئېتىش ۋە ھەق - ناھەقنى ئايرىش ئىقتىدارى تېخى يېتىلمىگەن ياكى يېتىلىشمۇ تۆۋەن بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئالدىدا گەپ تالاشقاندا تەربىيە ياكى تەنقىد ئاڭلاش يوق گەپ بولۇپ قالىدۇ. تېخىمۇ يامىنى جېدەللەشكەن ئىككى تەرەپنىڭ ئىچىدىكى يوللۇق تەرەپنىڭ ئوبرازىغىمۇ ئوخشاشلا پايدىسىز. ③ ئەڭ يامىنى چوڭلار-نىڭ ئادەت - خۇسۇسىيەتلىرى مۇقىملاشقان بولسىمۇ، بالىلارنىڭ ئادەت - خۇسۇسىيەتلىرى ئۆلگىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش باسقۇچىدا تۇرىۋاتقان بولىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بالىلار ناچار ئۆلگىگە ئۇچرىسا پاسسىپ تەسىر ئالىدۇ، بولمىغۇر سۆز - ھەرىكەتلەرنى ئۆزىگە يۇقتۇرىۋالىدۇ. شۇڭا، بالىلارنىڭ ئالدىدا جېدەللەشكەننىڭ




جېدەللەشكۈچىلەرگىمۇ، بالىلارغىمۇ زىيىنى چوڭ بولىدۇ. دېمەك، تۈركىيە فىلىملىرىدە ئىپادىلەنگەن تۇرمۇش ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردىكى بەزى ئىدىيە ھەم ئادەتلەر بىزگە ئۇيلىمىغان نۇقتىدىن تەسىر ئېلىپ كەلدى، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

ئۈچىنچى، يېڭىچە بىلىم ئېلىپ كەلدى.

بۈگۈنكى دۇنيادا بىلىم پەقەت مەكتەپ ــ ئاكادېمىيەلەردىلا ئەمەس، كىتاب ياكى ئۇستازلاردىلا ئەمەس، بەلكى ھەممە يەردە، يەنى جەمئىيەتتە، تەبىئەتتە، كىنو ــ تېلېۋىزىيەلەردە، ھەتتا دورا ــ ئوكۇللارنىڭ چۈشەندۈرۈش قەغەزلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تۈركىيە فىلىملىرىمۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئاز بولمىغان بىلىملەرنى ئاتا قىلدى، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، «گۈللەنگەن يۈز يىل» (تۈركچە نامى «مۇھتەشەم يۈز يىل») دېگەن كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى تارىخىي فىلىم بولۇپ، ئۇنىڭدا 625 يىل دەۋران سۈرگەن ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ 15 ــ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 16 ــ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئەڭ گۈللەنگەن مەزگىلىدە تەختتە ئولتۇرغان قانۇنىي سۇلتان سۇلايماننىڭ ھاياتى ۋە ئوردا تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ فىلىمدە

ئوسمانىيلارنىڭ ئوردا ھاياتى، ھەرەم تۇرمۇشى، ئوسمان ئىمپېرد-
يەسى بىلەن ياۋروپا دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ۋە دىپلوما-
تىك مۇناسىۋەتلەر، فېئودال پادىشاھلىقنىڭ مۇستەبىتلىك ماھىيە-
تى ۋە ۋارىسلىق شەكلى قاتارلىق بىر قاتار تارىخىي بىلىملەر ئەكس
ئەتتۈرۈلگەن، فىلىمنى كۆرۈش ئارقىلىق بۇلارنى ئۆگىنىش ۋە
چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. «چەكلەنگەن سۆيۈ-
گۈ»، «فاتمەگۈلدە نېمە گۇناھ» دېگەن فىلىملەردىن تۈركىيە بۇرژۇ-
ئازىيە قاتلىمىدىكىلەرنىڭ چىرىك تۇرمۇشىنى كۆرۈۋالغىلى، تۈر-
كىيە جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي سەۋىيەسىنى پەرەز قىلغىلى بو-
لىدۇ. بۇ فىلىملەردىن يەنە تۈركىيە جەمئىيىتىدە قانۇننىڭ ھەر-
قايسى قاتلامدىكىلەرنىڭ ئۆزىنى قوغداشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك قورا-
لىغا ئايلىنىپ بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. «قاچقۇن ئا-
شىقلار»، «ئاشىق ۋە جازا» دېگەن فىلىملەردىن تۈركىيە جەمئىيە-
تىدە جەمەت ۋە گۇرۇھلار زىددىيىتىنىڭ ئىنتايىن ئۆتكۈرلۈكىنى،
قىساسخورلۇق ئادىتىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.
«كوردلار ۋادىسى» فىلىمىدىن تۈركىيەنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىنىڭ
نەقەدەر مۇرەككەپلىكىنى، ئىچكى ـ تاشقى كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى
زىددىيەتلەرنىڭ نەقەدەر ئۆتكۈر، مۇناسىۋەتلەرنىڭ نەقەدەر مۇرەك-
كەپلىكىنى كۆرۈۋالغىلى ھەم قارا گۇرۇھلارنىڭ تۈركىيە جەمئىيە-
تىدە ئويناۋاتقان پاسسىپ رولىنى، ئۇلارنىڭ دۆلەتنى ئاجىزلاشتۇ-
رىدىغان ھەم دۆلەت مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان بىر مۇھىم
ئامىلغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. «ئايرىلىش»
(ئوخشاش ناملىق ئىككى فىلىم بار) فىلىمىدىن ئەرمەن ھەرىكى-
تىنىڭ مۇددىئاسىنى، تۈركلەر بىلەن ئەرمەنلەر ئوتتۇرىسىدىكى
تارىخىي ئۆچ ـ ئاداۋەتنىڭ يىلتىزىنى ۋە ئىپادىسىنى كۆرۈۋالغىلى
بولىدۇ.

تۆتىنچى، يېڭىچە روھ ئېلىپ كەلدى.

تۈركىيە فىلىملىرىدە نومۇس ۋە شەرەپ قارىشى ئىنتايىن كۆپ

تەكىتلىنىدۇ. بىر ئادەمنىڭ كىشىلىك قىممىتىنى ئىنكار قىلماق-چى بولسا، «شەرەپسىز» دېگەن ئىبارىنى ئىشلىتىپ ئىنكار قىلىدۇ. شەرەپسىز ياشاشنى ئەڭ زور نومۇس، ئەڭ ئېغىر ھاقارەت دەپ بىلىدۇ. بۇنداق روھ پايدا ـ مەنپەئەت، ھوقۇق ـ مەرتىۋە، مال ـ دۇنيا ئالدىدا كىشىلىك قىممىتىنى قىلچە ئىككىلەنمەستىن پايخان قىلىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، كۆچلۈك سىلكىنىش، چوڭقۇر ئويلىنىش ئاتا قىلماي قالمايدۇ. تۈركىيە فىلىملىرىدە ئىپادىلەنگەن روھ بويىچە ئېيتقاندا، ئادەم ئۈچۈن شەرەپسىز ياشاشتىن ئېغىر ئىش يوق. ئۇلار شەرەپسىز ياشىغاندىن ئۆلگەن ئەلا، دەپ قارايدۇ. جەمئىيىتىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەردە دائىم دېگۈدەك كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان شەرەپ ۋە نومۇس مەسىلىسىگە سەل قاراشتەك بىخۇدلۇق-قا سېلىشتۇرغاندا، ئۇلاردىكى شەرەپسىز ياشاشنى كۆڭلى كۆتۈرمەي-دىغان پىرىنسىپال روھ زور ئەخلاقىي تەربىيە ھېسابلىنىدۇ.

تۈركىيە فىلىملىرىدە يەنە قەتئىي خاراكتېرگە ئىگە پېرسو-ناژلار كۆپ بولۇپ، ھەق ـ ناھەق مەسىلىلىرىدە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىشنى ھايات ـ مامات مەسىلىسىدىن ئۈستۈن قويىدۇ. ھەق ـ ناھەق مەسىلىلىرىدە ھەممىنى بىر اقلا دوغا تىكىدىغان بۇنداق خاراكتېر قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. چۈنكى ھاياتنىڭ ئەھمىيە-تى لەقۋالارچە بولسىمۇ ئۇزاق ياشاشتا ئەمەس، بەلكى ھەق ـ ناھەق مەسىلىلىرىدە جان پىدالىق كۆرسىتىپ مەردانە ياشاشتا. بۇنداق روھ پولات ئەلەمدارنىڭ ۋۇجۇدىدا، سۇلتان سۇلايماننىڭ ۋۇجۇدىدا، مۇھەممەتنىڭ ۋۇجۇدىدا، خېلىلنىڭ ۋۇجۇدىدا، ئەلى رىزاتېكىننىڭ ۋۇجۇدىدا دائىم دېگۈدەك كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇ پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىدىكى قەتئىيلىك ئىنسانىي ئەخلاقتا ئۇيغۇن ئېسىل پەزى-لەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل ئەخلاقىي روھمۇ تۈركىيە فىلىملىرى بىزگە ئاتا قىلغان يېڭىچە مەزمۇننىڭ مۇھىم بىر قىسمى.

بەشىنچى، يېڭىچە ئىنتىلىش ئېلىپ كەلدى.

مەلۇمكى، كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلىملىرى مەدەنىيەت كاتېگورى-



سۇلتان ئەھمەد جامەسى (يەنە بىر نامى «كۆك مەسچىت»)

يەسىگە مەنسۇپ بولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن بىر دۆلەت ياكى بىر مىللەتنىڭ يۇمشاق كۈچىنىڭ بىر قىسمى. چۈنكى مەدەنىيەت ھادىسىسى بولغان كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلىملىرى ئۆزىنىڭ زەرەتلەش خاراكتېرى بىلەن كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا يېتەكلەش، قىزىقتۇرۇش خاراكتېرلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، گۈللەنگەن ئىقتىساد، رەڭدار جەمئىيەت، ئاۋات شەھەر، گۈزەل مەنزىرە، سالاپەتلىك قىياپەت، مەدەنىي شەكىلدىكى ئىنسانىي مۇئامىلە، يارىشىملىق كىيىم ـ كېچەك، رەڭگارەڭ تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى كىشىلەرنىڭ شۇ دۆلەت ياكى رايونغا، شۇ دۆلەتتىكى كىشىلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ياشاش شەكلىگە قىزىقىش ھېسسىياتىنى قوزغىماي قالمايدۇ. بۇ خىل قىزىقتۇرۇش ۋە ئىنتىلدۇرۇش كۈچى تۈركىيە فىلىملىرىدە ناھايىتى مول دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، ئىستانبۇلنىڭ سۇ، تۆپىلىك، قورۇقلۇق، ئورمان، بىنا، يوللار گىرەلىشىپ كەتكەن تەڭداشسىز گۈزەل مەنزىرىسى، مارمارا دېڭىزىدا لىقشىپ تۇرغان كۆپكۆك سۇ، بوسفور بوغۇزىنىڭ ئىككى تەرىپىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان ھەيۋەتلىك ئىستانبۇل كۆۋرۈكى، كۆۋرۈكنىڭ ئۇستىدە چۇمۇ-



ئىستانبۇل كۆۋرۈكى

لىدەك قاتارلىشىپ ئۆزۈلمەي ئۆتۈپ تۇرۇۋاتقان ماشىنىلار، دېڭىز-نىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، سىرلىق ھېكايە بىلەن باغلانغان «قىز قەلئەسى»، تالاي تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ شاھىتى بولغان مەشھۇر گالاتا قەلئەسى، دېڭىز بويىدىكى بىر - بىرىدىن گۈزەل داچىلار، تىپتىنىچ قەھۋەخانىلار، تۈركىيە بايرىقىنى لەپىلدىتىپ كۆپكۆك دېڭىز يۈزىدە ئۈزۈپ كېتىۋاتقان كېمە - كاتېرلار، ئوسمانىيلاردىن قالغان سۇلتان ئەھمەد جامەسى، سۇلايمانىيە جامەسى، رۇستەم پاشا جامەسى، شاھزادە مەھمەت جامەسى، فەتىھ جامەسى، مېھرىما سۇلتان جامەسى قاتارلىق بىر - بىرىدىن گۈزەل قەدىمىي مەسچىتلەرنىڭ ھەيۋەتلىك گۈمبەزلىرى، نەيزىدەك ئۈچلۈق مۇنارلىرى ھەرقانداق كىشىدە تۈر-كىيەگە بېرىپ، ئۆز ئايىغى بىلەن ئىستانبۇلنىڭ كوچىلىرىدا ئاي-لىنىپ بېقىش، يىراقتا تۇرۇپ ئىستانبۇل كۆۋرۈكىنىڭ ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشىنى تاماشا قىلىش، ساياھەت پاراخوتى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، بوسفور بوغۇزىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان گۈزەل مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ بېقىش، سۇغا چىلىشىپ تۇرغان ھەرد-

كەتچان گالاتا كۆۋرۈكى ئۈستىدە تۇرۇپ 100 يىللار ئىلگىرىكى ياۋ-رۇپالىشىش چۇقانلىرىنى ئەسلەپ بېقىش، كوناشەھەر رايونىدىكى ئوسمانلى دەۋرىدىن قالغان خىيالىي كۆرۈنۈشكە ئوخشاش قەدىمىي مەسچىتلەرنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ سۈرەتكە چۈشۈش، توپكاپى سارىيى ئىچىدە يۈرۈپ ئوسمانىيلارنىڭ سەلتەنىتىدىن كېلىۋاتقان تارىخىي تۇيغۇنى ھېس قىلىپ بېقىش ئىستىكىنى قوزغىماي قالمايدۇ. نۆ-ۋەتتە، دۇنيا مىقياسىدا قوزغالغان «تۈركىيە قىزغىنلىقى» نىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى دەل تۈركىيەنى ساياھەت قىلىش قىزغىنلىقىنىڭ ئەۋجىگە چىققانلىقى بولماقتا. تەتقىقاتچىلار بۇنداق ئەھۋالنىڭ شە-كىللىنىشىدە تۈركىيەنىڭ كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرلى-رىنىڭ ئاساسلىق رول ئوينىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتى.

ئالتىنچى، يېڭىچە ئۇلگە ئېلىپ كەلدى.

تۈركىيە فىلىملىرى بىزگە تۈت جەھەتتىن ئۇلگە ئېلىپ كەل-دى، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇلار: ① يېڭى سۆز - ئىبارىلەرنى قو-بۇل قىلىش جەھەتتە ئۈلگە كۆرسەتتى. مەسىلەن، «شەرەپسىز»، «كەچمىش بولسۇن»، «مەرھابا»، «قولاي بولسۇن»، «ئاللا راھەتلىك بەرسۇن» دېگەندەك سۆز - ئىبارىلەر ئانا تىل ئىستېمالىمىزدا قول-لىنىشقا تېگىشلىك سۆز - ئىبارىلەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق. «كەچمىش بولسۇن» دېگەن سۆزنى ئالساق، گەرچە بۇ ئىككى سۆز ئا-نا تىلىمىزنىڭ لۇغەت تەركىبىدە بار بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىككى سۆزنى بىرىكتۈرۈپ ئىشلىتىدىغان تىل ئادىتى بىزدە يوق. تۈركىيە فىلىملىرىدىن شۇنى ھېس قىلدۇقكى، تۈركلەر ئۆلۈمدىن باشقا بار-لىق كۆڭۈلسىزلىكلەرگە ئۇچرىغان كىشىگە تەسەللى بەرگەندە «كەچمىش بولسۇن» دېيىش ئارقىلىق بۇنداق كۆڭۈلسىزلىك، بۇنداق ئازاب، بۇنداق دەرد - ئەلەم بېشىڭىزغا قايتا كەلمىسۇن، دېگەن مە-نىدە تەسەللى بېرىدىكەن. بىزدە مۇشۇنداق ئەھۋالدا تەسەللى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، شۇ چاغدىكى ھېسسىياتنى يىغىنچاق ھەم دەل ئى-پادىلەيدىغان سۆز يوق. مۇنداقچە ئېيتقاندا، «كەچمىش بولسۇن» دې-

گەن سۆز بىرىكمىسىنىڭ ئورنىنى باسالايدىغان ياكى شۇنىڭغا تەڭداش مەنىدە ئىشلەتكىلى بولىدىغان تەسەللى سۆزى يوق. بىز تۈركىيە فىلىملىرىدىن ئۈلگە ئېلىپ «كەچمىش بولسۇن» دېگەن سۆزنى تۇرمۇش ئەمەلىيىتىمىزدە كەڭ قوللانساق «ئوقۇرمەن»، «كۆرۈرمەن» دېگەن سۆزلەردەك تېز قوبۇل قىلىنغان بولاتتى. ئەڭ مۇھىمى تىلىمىزنى ئىپادىگە باي قىلىش جەھەتتە بىر مۇھىم خىزمەتنى قىلىۋالغان بولاتتۇق. بۇنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى، تۈركىيەنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت، كىنو - تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغاندا، «كەچمىش بولسۇن» دېگەن سۆزنى ئۆز پېتى ئىشلىتىشتۇر. «ئاللا راھەتلىك بەرسۇن» دېگەن تەسەللى سۆزنى ئالساق، بىزدە نېمە ئۈچۈندۇر «لىك» قوشۇمچىسىنى «راھەت» دېگەن ئىسىمنىڭ ئارقىسىغا قوشۇپ تۇراقلاشتۇرۇپ سۈپەت شەكلىدە ئىشلىتىدىغان ئادەت بولماي كەلدى. ئادەتتە «راھەت - پاراغەتلىك» دېگەن شەكلىدە تۇراقلاشتۇرۇپ قوللىنىش ئادەت بولۇپ كەلدى. گەرچە بىز تىل ئىستېمالىدا «راھەت» دېگەن سۆزنى «راھەتسىز» دېگەن سۈپەت شەكلىدە تۇراقلاشتۇرۇپ ئاندا - مۇندا ئىشلەتسەكمۇ، لېكىن، «راھەتلىك» دېگەن شەكلىدە تۇراقلاشتۇرۇپ قارشى مەنىلىك سۆز سۈپىتىدە ئىشلىتىپ باقمىدۇق. «راھەتلىك» دېگەن سۆز «راھەت - پاراغەتلىك» دېگەن سۆز بىلەن ئوخشاش مەنە ئىپادىلىسىمۇ، لېكىن ئالدىنقىسى ئىخچام بولغاچقا تېخىمۇ كەڭ قوللىنىش ئۈنۈمىگە ئىگە. شۇنداقلا شېئىرىي تىل قىلىپ ئىشلىتىش ئەۋزەللىكىگىمۇ ئىگە. بىزدىكى «راھەت - پاراغەتلىك» دېگەن كېلەڭسىز سۆز تىل ئادىتىمىزدىكى سەۋەنلىكنىڭ ئىپادىسى. شۇڭا بىز بۇ سۆزنى ئىسلاھ قىلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىدە ياكى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ جانلىق تىلدا قوللىنىپ ئىشلەتسەك ھەم «ئاللا راھەتلىك بەرسۇن» دېگەن تىلەك سۆزنىمۇ ئومۇملاشتۇرساق تامامەن بولىدۇ. ② ئەسلىي ئەسەرنى سېنارىيەگە ئۆزگەرتىش جەھەتتە ئۈلگە ئېلىپ كەلدى. بىزدە سېنارىيە يېزىقچى-

لىقى ئەڭ ئاجىز ساھەنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئەسلىي ئە-
سەرنى سېنارىيەگە ئۆزگەرتىش جەھەتتە قاتماللىق خېلىلا مەۋجۇت.
بىز خالىت زىيا ئۇشاكلىگىل (1865 — 1945) نىڭ «ئىشقى مەمنۇ»
(«چەكلەنگەن سۆيگۈ») ناملىق رومانى بىلەن رىشات نۇرى گۈنتې-
كىننىڭ «غازاڭ پەسلى» ناملىق رومانلىرىنىڭ سېنارىيەلەشتۈرۈ-
لۈشىدىكى جانلىقلىقنى كۆرگەن ۋاقتىمىزدا، ئۆزىمىزنىڭ بۇ جە-
ھەتتە خېلىلا قاتمال ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىمىزنى ھېس قىلىمىز.
مەسىلەن، تۈرك رومانچىلىقىنىڭ بۈيۈك ئۇستىسى دەپ شۆھرەتلە-
نىدىغان خالىت زىيا ئۇشاكلىگىلنىڭ «ئىشقى مەمنۇ» ناملىق روما-
نى 1900 – يىلى نەشر قىلىنغان ھەم ئۆلمەس ئەسەر دەپ تەرىپلەن-
گەن. بۇ رومان 18 – ئەسىرنىڭ ئاخىرى بارلىققا كەلگەن ئەدەبىيات
ئېقىمى — «سەرۋەتى فۇنۇن» ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ مەشھۇر رومانى
بولۇش بىلەن بىللە، تۈرك رومانچىلىقىدىكى تۇنجى نادىر رومان
دەپمۇ قارىلىدۇ. كۈنىمىزدىن 100 يىل ئىلگىرى نەشر قىلىنغان بۇ
روماننى سېنارىيەلەشتۈرگەن سېنارىستلار رومان ۋەقەلىكىنى
2000 – يىلىنىڭ باشلىرىدىكى ئىستانبۇلنىڭ زامانىۋى تۇرمۇشىغا
ئۆزگەرتىۋەتكەن. بۇنىڭ بىلەن بۇ ئەسەرنىڭ جەلپكارلىقى تېخىمۇ
كۈچىيىپ، ھاياتىي كۈچى ئاشقان. رىشات نۇرى گۈنتېكىننىڭ
«غازاڭ پەسلى» ناملىق رومانىمۇ 1942 – يىلى نەشر قىلىنغان (بۇ
رومان مائارىپچى ۋە ئەدەبىي تەرجىمان ئابدۇۋەلى مۇقىيت ئەپەندى
تەرىپىدىن ئانا تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىنىپ، «دۇنيا ئەدەبىياتى»
ژۇرنىلىنىڭ 2010 – يىلىدىكى سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان). «غازاڭ
پەسلى» دېگەن رومان ئاساسىدا سېنارىيەلەشتۈرۈلگەن 170 نەچچە
قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرىدىمۇ ۋەقەلىك 2000 – يىللارنىڭ
بېشىدىكى ئىستانبۇل تۇرمۇشىغا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن. بىز بۇ ئىككى
ئەسەرنى ئەسلىيسىگە سېلىشتۇرۇپ باقساق، سېنارىيەلەشتۈرۈش
جەھەتتە قانداق پىرىنسىپ ۋە ئىمكانىيەتلەرنىڭ بارلىقىنى ئۆگىنە-
لەيمىز. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «لەۋدىن قەلبكە»

دىگەن رومان ئاساسىدا سىنارىيەلەشتۈرۈپ ئىشلەنگەن كۆپ قىسىم-لىق تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى سىلىشتۇرۇپ كۆرسەكمۇ، بۇ جەھەتتە مۇنەۋۋەر ئۈلگىگە ئېرىشەلەيمىز. ③ «تۈركىيە فىلىملىرى قىزغىن-لىقى» بىزگە يەنە بىر ئۈلگە قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئاكتىيورلارنى ئې-لىپ كەلدى. بىز تۈركىيە فىلىملىرىنى كۆرگەن چېغىمىزدا ئاكتې-يورلارنىڭ رول ئېلىش جەھەتتىكى تەبىئىي ھەم جانلىق ماھارىتىگە ھەيران بولماي تۇرالمايمىز. پولات ئەلەمدار، سۇلتان سۇلايمان، خې-لىل، بېھتەر، ھۆررەم، ئىسكەندەر بۈيۈك، فاتىمەگۈل، ئەلى رىزاتې-كىن، فەرۋىندە، مۇھەممەت، ئەزەل، سۇلايمان چاكىر قاتارلىق «كوردلار ۋادىسى»، «چەكلەنگەن سۆيگۈ»، «قاچقۇن ئاشىقلار»، «ئا-شىق ۋە جازا»، «گۈللەنگەن يۈز يىل»، «فاتىمەگۈلدە نېمە گۇناھ»، «غازاڭ پەسلى»، «ئاچچىق ھايات» قاتارلىق فىلىملەردىكى ئوبرازلار-نىڭ رولىنى ئالغان ئارتىسلارنىڭ ئاكتىيورلۇق ماھارىتىگە ھەقىقە-تەن مەپتۇن بولۇپ قالىمىز. بىزدەك كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىشلىرى ئارقىدا قالغان بىر خەلققە نىسبەتەن رولنى بۇنداق تەبىئىي، بىمالال ئېلىپ ئۇنتۇلغۇسىز ئوبراز يارىتىدىغان مۇنەۋۋەر ئاكتىيورلار قىم-مەتلىك ئۈلگە ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە. ④ تۈركىيە فىلىملىرى بىزگە يەنە بالىلارغا ئىسىم قويۇش جەھەتتە ئۈلگە ئېلىپ كەلدى، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بىز ئانا تىلىمىزنىڭ لۇغەت تەركىبىدە بار، ئەمما ئادەمگە ئىسىم قىلىپ قوللىنىش جەھەتتە سەل قارىغان بەزى ئىسىملارنى بالىلارغا ئىسىم قىلىپ قويۇش جەھەتتە ئۈلگىگە ئې-رىشتۇق. مەسلەن، يامغۇر، شەبنەم، دېڭىز، قىلىچ، سەنجەر، ئەد-نان، بېھتەر، فىردەۋس، نىھال، بەشىر، پەيكەر، خەيرىيە، ئەلەمدار، قاراخان، ئۇپۇق، يىپەك، ئاھۇ قاتارلىق ئىسىملار بىزنىڭ ئانا تىلى-مىزنىڭ لۇغەت تەركىبىدە بار بولسىمۇ، بىز بۇ ئىسىملارنى ئىسىم ـ فامىلە قىلىپ قوللىنىشقا دىققەت قىلماي كەلگەنىدۇق. تۈركىيە فىلىملىرى بىزنى بۇ جەھەتتىمۇ ئۈلگە بىلەن تەمىنلىدى.

ئۇمۇمەن، تۈركىيە فىلىملىرى قىزغىنلىقى مىللىي ھاياتىمىز-

دىكى بىر مەدەنىيەت ھادىسىسى. ئۇنى مۇھاكىمە قىلىش، تەسىرىنى تەتقىق قىلىش زۆرۈر. ئۇنىڭ تەسىرىنى ئاڭلىق يوسۇندا چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئاڭلىق يوسۇندا يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك. مېنىڭچە، تۈركىيە فىلىملىرى قىزغىنلىقى بىزگە بىز ھېس قىلغان ياكى تېخى ھېس قىلىپ يەتمىگەن كۆپلىگەن ئىجابىي ئامىللارنى ئاتا قىلدى، دەپ ئىشىنىشكە بولىدۇ.

2011 - يىلى 9 - ئاينىڭ باشلىرى يېزىلدى

# «تىل كېكەچلىكى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقى» غا رەددىيە

ھەرقانداق بىر پەن ۋە ساھەدە ئۈزۈكسىز ئىزدىنىش، تەپەككۇر قىلىش ۋە مۇنازىرىلىشىش ھەقىقەتكە يېتىشتىكى زۆرۈر ھەم مۇقەررەر يول. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، مۇنازىرە بىلىش جەھەتتىكى ئېغىشلارنى تۈزىتىدىغان، قايمۇقۇشلارنى تۈگىتىدىغان، ئېنىقسىزلىقلارنى ئايدىڭلاشتۇرىدىغان، خاتالىقلارنى توغرىلايدىغان زۆرۈر ئىلمىي پائالىيەت. ئىلىم ـ پەن ھەرگىزمۇ ئېتىقاد ئەمەس، ئۇ ئېچىۋېتىلگەن ئەركىن ساھە. ئىلىم ـ پەننىڭ ئەڭ تۈپ روھى ئىلمىي گۇمان ۋە ئىدراكىي تەنقىد روھىدىن ئىبارەت. ئىلمىي گۇمان ۋە ئىدراكىي تەنقىد ئەركىن مۇنازىرە ئارقىلىق ئەكس ئېتىدۇ. شۇڭا، ئىلىم ـ پەن دېموكراتىيەسى ھەرقانداق ماكان ۋە زاماندا دەخلى ـ تەرۇزسىز بولۇشى كېرەك. ئىلمىي گۇمان ۋە ئىدراكىي تەنقىد روھى سۇس ئىلىم قاتمال ئىلىم ھېسابلىنىدۇ. قاتمال ئىلىم ھەقىقەت ئىزدەشنى ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى مەلۇم گۇرۇھ ياكى مۇئەسسەسەنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ھەقىقەتكە ئايلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئىلمىي گۇمان ۋە ئىدراكىي تەنقىد روھى كۈچلۈك ئىلىم ئېچىۋېتىلگەن، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ئىلىم بولۇپ، بۇنداق ئىلىم ئۆزىنى ئىلمىيلىك جەھەتتىن مۇكەممەللەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇ ھەرقانداق گۇرۇھ ياكى مۇئەسسەسەنىڭ ئۆزىنى نورمال بولمىغان ئۇسۇلدا قوغدىشىنى رەت قىلىدۇ. ئەپسۇسكى، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت مۇھىتىدا ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت روھى يارىتىلىدىغان بولغاچقا، پەرقلىق مەدەنىيەتلەرنىڭ ئىلىم ـ پەن دېموكراتىيەسىگە ئەھمىيەت بېرىش دەرىجىسىمۇ پەرقلىق بولىدۇ.

ئىلىم ـ پەن تەقەززا قىلىدىغان مۇنازىرە پائالىيىتىمۇ شۇنىڭغا يا ـ
رىشا كۆچلۈك ياكى ئاجىز بولىدۇ. ئىلىمنى ئىلىم سۈپىتىدە چۈ ـ
شەنمەيدىغان بىر قىسىم كىشىلەر باركى، ئۇلار ئىلىم ـ پەن ساھە ـ
سىدە تالاش ـ تارتىشلارنىڭ بولۇشى، ئەركىن مۇنازىرىلەرنىڭ قانات
يېيىشى زۆرۈر ھەم تەبىئىي ئەھۋال دەپ قارىماستىن، گويا ئۆزلىرى
كۆنۈكۈپ قالغان مۇئەييەن تەرتىپ قالايمىقانلىشىپ ياكى ئۆزگىرىپ
كېتىدىغاندەك ئەنسىرەپ، زىيادە جىددىيلىشىپ كېتىدۇ. كۆتمىگەن
چاتاق ياكى قالايمىقانچىلىقلار يۈز بېرىدىغاندەك قورقۇپ، چۆرقە ـ
رىشىپ كېتىدۇ. بۇ بەلكىم «مۇنازىرىدىن قورقۇش» تەك پىسخىكـ ـ
لىق نورمالسىزلىقنىڭ ئىپادىسى بولسا كېرەك. بۇ خىل پىسخىكـ ـ
لىق نورمالسىزلىق كېسىلى بار كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئىلمگە يات پو ـ
زىتسىيەسى بىلەن ئىلمىي مۇنازىرىنى باسىدۇ ياكى ئىلمىي تالاش ـ
تارتىشلارنى «ئىتتىپاقسىزلىق»، «زىددىيەت تېرىغانلىق»، «كۆرەل ـ
مەسلىك» دېگەندەك نامۇۋاپىق سۆزلەر بىلەن خاراكتېرلەپ، نادانلار ـ
چە پوزىتسىيەدە قارشى تۇرىدۇ، ئىلىم ساھەسىدە مۇنازىرە روھىنىڭ
كىشىنى ئۆكۈندۈرىدىغان دەرىجىدە سۇس بولۇشى ئىلىم ـ پەن سا ـ
ھەسىدىكى ئىلمىي ھەقىقەتنى ئىزدەش روھىنىڭ سۇسلۇقىدىن،
كىرىزىس ئېڭىنىڭ ۋە مەسئۇلىيەت ئېڭىنىڭ ئاجىزلىقىدىن دېرەك
بېرىش بىلەن بىللە، ئىلىم ساھەسىدە ئىدراكقا ئەھمىيەت بېرىدىغان
روھىنىڭ تۆۋەنلىكىدىنمۇ دېرەك بېرىدۇ. مەن بىر ئوبزورچى بولۇش
سۈپىتىم بىلەنلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئىلىمنى قەدىرلەيدىغان بىر
ئۆگەنگۈچى، ھەقىقەتكە ھېرىسمەن بىر ئىزدەنگۈچى بولۇش سۈپە ـ
تىم بىلەن توغرا، ئوبيېكتىپ، ئىلمىي، ئادىل مۇنازىرىنىڭ بولۇ ـ
شىنى قوۋۋەتلەيمەن. مۇنازىرە تىلى، مۇنازىرە شەكلى ۋە مۇنازىرە
ئۇسۇلى قوپال، ئاددىي، بىر تەرەپلىمە ۋە ئىلمىيسىز بولمىسىلا كۇ ـ
پايە. ئىلىمنى قەدىرلەيدىغان، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە ھەر ـ
قانداق زىيالىي ئۆزى ناتوغرا دەپ قارىغان نەرسىگە مۇۋاپىق ئىنكاس
قايتۇرۇشى كېرەك. مۇۋاپىق قايتۇرۇلغان ئىنكاسنى ئىلىمنى ۋە

ئىلىم ھەقىقىتىنى سۆيىدىغان ھەرقانداق كىشى يوللۇق دەپ قاراي-دۇ. ھېچكىم پىكىر ۋە قاراشتا ئاغمايمەن دەپ ھۆددە قىلالمايدۇ. ئا-خىرقى ھېسابتا كىمنىڭ توغرا بولۇپ چىقىشى بۇ ئايرىم مەسىلە، ئەمما پىكىر ۋە ئىدىيە ساھەسىدىكى ئەركىنلىكنى ھىمايە قىلىش، ئىلمىي مۇنازىرىنى زۆرۈر دەپ چۈشىنىش بۇ ئايرىم مەسىلە. مېنىڭ «تىل كېكەچلىكى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقى» دېگەن ماقالىگە يازغان بۇ رەددىيە ماقالەم نورمال مۇنازىرە، دەپ چۈشىنىلىشىلا شۇ يېتەرلىك.

ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخان تەرىپىدىن يېزىلغان «تىل كېكەچ-لىكى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقى» ماۋزۇلۇق ماقالە «شىنجاڭ مەدەنىيە-تى» ژۇرنىلىنىڭ 2010 ـ يىللىق 5 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان. بۇ ماقالىدە «تىلنىڭ كېكەچلىكى»، «ئېغىر تىل ۋە چۈشىنىشلىك تىل-نىڭ سېلىشتۇرمىسى»، «تىلدىكى ئاتالغۇلار مەسىلىسى»، «تەپەككۇر نامراتلىقى توغرىسىدا چۈشەنچە»، «تەپەككۇرنى ئېچىشنىڭ ئۇسۇل-لىرى ئۈستىدە ئويلىنىش»، «مەدەنىيەت ئۇقۇمىمىز»، «دۇنيا قارى-شىمىز ۋە زىيالىيلار»، «مىللىي روھنى قانداق جارى قىلدۇرىمىز»، «سەممىيەتسىزلىك»، «ئەۋلادلارنىڭ تەپەككۇر بۇلىقىنى ئېچىش»، «ئۆزلۈك چۈشەنچىمىز»، «زىيالىيلاردىكى تىپىك مەسىلىلەر»، «ئام-مىنىڭ ئىلىم ـ پەن قارىشى ۋە تەپەككۇرى» دېگەندەك 13 كىچىك ماۋزۇ بويىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن. بۇ تېمىلار كىشىنىڭ دىققە-تىنى جەلپ قىلىدىغان، ھەركىم كۆڭۈل بۆلىدىغان، بىلىۋېلىشنى ۋە ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشنى خالايدىغان ئەھمىيەتلىك تېمىلاردۇر. تە-پەككۇر، تىلشۇناسلىق، لوگىكا، مەدەنىيەت، پەلسەپە، ئېتىكا، مائا-رىپ، مىللەت، پەن ـ تېخنىكا قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدىغان بىر ـ بىرىدىن ئىنچىكە ھەم نازۇك بۇ تېمىلاردا مۇلاھىزە يۈرگۈ-زۈپ، ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ يورۇتۇش ئۈچۈن، ئاپتوردا ئەتراپلىق ھەم چوڭقۇر بىلىم، پىشقان ئىلمىي يېزىقچىلىق قابىلىيىتى، تە-پەككۇر جەھەتتىكى زىللىق ۋە ئىنچىكىلىق، پىكىر جەھەتتىكى ئې-نىقلىق ۋە لوگىكىلىق، پەلسەپىۋى ۋە نەزەرىيەۋى ئۇقۇملارنىڭ مە-

نىسى ھەققىدىكى روشەن بىلىش ۋە ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىكى مۇنا-
سىۋەتنى چوڭقۇر چۈشىنىش قابىلىيىتى بولۇشى كېرەك. ناۋادا
چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، زىل ھەم ئابستراكتلىقى يۇقىرى بۇنداق
تېمىلاردا مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندە ئاپتور پىكرىنى قايىل قىلارلىق
ئىپادىلەشكە ئاجىز كەلسە، يەنى ماقالىدىكى نۇقتىئىنەزەرلەر زورۇر
بولغان نەقىل ۋە ئەقىل بىلەن ئىسپاتلىنىپ، ھۆكۈم ـ خۇلاسىلەر
يېتەرلىك ئاساس ئۈستىگە تۇرغۇزۇلمىسا، مۇلاھىزە نەتىجىسىنىڭ
مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. دېمەك،
بۇنداق ماقالە ھەرقانچە ئەھمىيەتلىك تېمىلاردا يېزىلىشىدىن قەت-
ئىينەزەر كېرەكسىز ماقالە بولۇپ قالىدۇ. مېنىڭچە، «تىل كېڭەيت-
مىلىكى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقى» دېگەن ماقالە دەل مۇشۇنداق كېرەك-
سىز ماقالە بولۇپ قالغان. ئاپتورنىڭ نازۇك ھەم مۇھىم تېمىلارنى
بىراقلا تۆكمە قىلىپ يۈرگۈزگەن تەنقىد ـ تەھلىللىرى ئالىجو-
قىلارچە جۆيلۈش بولۇپ قالغان.

مەن رەددىيە يېزىۋاتقان بۇ ماقالە ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخاننىڭ
مەن ئوقۇغان ئىككىنچى ماقالىسى. مەن بۇ ئاپتورنى «شىنجاڭ ئىج-
تىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2007 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا
ئېلان قىلىنغان «بىزدىكى پەن بىلەن سەنئەت مۇناسىۋىتىدىكى ئې-
غىشلار» دېگەن ماقالىسى بىلەن تونۇغانىدىم. بۇ ماقالىمۇ كىچىك
ماۋزۇلارغا بۆلۈنۈپ مۇقەددىمە ۋە ئاخىرقى سۆزدىن باشقا «بىزنىڭ
ناخشا ـ ئۇسسۇللىرىمىز»، «بىزدىكى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر»،
«بىردىنبىر چىقىش يولىمىز ئىلىم ـ پەن ۋە تېخنىكا» دېگەن ئۈچ
كىچىك تېما بويىچە يېزىلغانىدى. مەن بۇ ماقالىنى ئوقۇپ ئاپتور-
نىڭ كىرىزىس تۇيغۇسىغا ئىگە، پىكىر قىلىشقا ھېرىسمەن ئىكەن-
لىكىنى، ئەمما يازمىسىنىڭ گۆدەكلەرچە قاراش ۋە مەنتىقىسىز
مۇلاھىزىلەر بىلەن تولغانلىقىنى ھېس قىلغانىدىم. ماقالىدە ئوتتۇ-
رىغا قويۇلغان قاراشلاردا بىر تەرەپلىمىلىك زىيادە ئېغىر ئىدى.
مەسىلەن، ئاپتور مەزكۇر ماقالىسىنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا مۇنداق

قۇرلارنى يازغان: «يەر شارىدىن ئىبارەت ئىنسانلارنىڭ بۇ كەڭ تۇرالغۇسىدا 2000 دىن ئارتۇق مىللەت ياشايدۇ. چوڭ مىللەتنىڭ ئادەم سانى مىليارد بىلەن، كىچىكلىرىنىڭ ئادەم سانى بارماق بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئەمما، بۇ مىللەتلەرنىڭ دۇنيا تەرەققىياتىغا ۋە ئىنسانىيەتكە قوشقان تۆھپىسى ئادەم سانىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بىلەن ئەمەس، بەلكى مىللەتنىڭ نەتىجىسىگە، تىرىشچانلىقىغا، روھىغا باغلىق بولغان. بىزمۇ مىليون دېگەن سان بىلەن ئۆلچىنىدىغان مىللەت بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بىزنىڭمۇ يەر شارىدىن ئىبارەت گىگانت ئائىلىدە ئوخشاشلا ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىش مەجبۇرىيىتىمىز ھەم باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىز بار.

ئەگەر بىر يات كىشى بىزدىن نېمەڭ بار دەپ سوراپ قالسا، ئىشىنىشكە بولىدۇكى، بۇنداق سوئالغا بىزدىكى ئەڭ ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرمۇ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سەنئىتىمىزنى، ناخشا - ئۇسسۇللىرىمىزنى ھەم مۇقاملىرىمىزنى بىر - بىرلەپ تىزىپ قويغان، بىز ياشاۋاتقان ماكانىنىڭ ئېسىللىكىنى، كۆمۈلۈپ ياتقان قېزىلما بايلىقلىرىنى، تارىم، يۇرۇڭقاش دەريالىرىنى، تەكلىماكان قۇملۇقىنى، ھەرقايسى شەھەرلىرىمىزنى دەپ بەرگەن بولاتتى. بۇ يەردىن چىقىدىغان مېۋە - چېۋىلەرنى، ھۈنەرۋەن - كاسىپلىرىمىز ياسىغان قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنى، يىپەك رەختلىرىمىزنى ۋە گىلەملىرىمىزنى دېگەن بولاتتى. بىزنىڭ ھېيتگاھ جامەسىنى، تۇرپان مۇنارىنى، قەدىمىي ئىدىقۇت، يارغول، كىروران، لوپنور، نىيە شەھەر خارابىلىرىنى، نەزىرىمىزدىكى كىروران گۈزىلىنى كۆز - كۆز قىلغان بولاتتى. بىز يەنە ئۇيالماستىن تارىختا يېزىلغان، ئىجاد قىلىنغان ھەممىيلەنگە مەلۇملۇق ھېلىقى كىتابلارنىمۇ تىلغا ئېلىشنى ئۇنتۇپ قالمايتتۇق.»

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئاپتور نەچچە مىڭ يىللار مابەينىدە ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن يارىتىلغان بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت نەتىجىلىرىمىزنى، ئەجدادلىرىمىزدىن مىراس قالغان ئانا

ماكانىمىزنى نېگىلىزملىق پوزىتسىيەدە بىراقلا ئىنكار قىلغان.
بۇنداق چېكىدىن ئاشقان نېگىلىزملىق پوزىتسىيەنى بىز ئاپتورنىڭ
«بىز يەنە ئۇيالماستىن» دېگەن سۆزلىرىدىن تېخىمۇ ئېنىق ھېس
قىلىمىز. «بىر يات كىشى بىزدىن نېمەڭ بار دەپ سوراپ قالسا» بىز
كۇسەن ۋە ئىدىقۇت مەدەنىيىتىنىڭ گۈلتاجى بولغان مىڭئۆي سەن-
ئىتىنى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەن، لوياڭلارنى چاڭ
كەلتۈرۈۋەتكەن ناخشا ـ ئۇسسۇللىرىمىزنى، بىباھا مۇزىكا بايلىقى-
مىز بولغان مۇقامنى، مول ھەم رەڭگارەڭ گۇمانىستار مەدەنىيىتى-
مىزنى، تۆت پەسلى روشەن، جۇغراپىيەلىك لاندشافتى مىسلىسىز
ھەيۋەتلىك ئانا ماكانىمىزنى، پۈتمەس ـ تۈگىمەس تىلسىملار كانى
بولغان تەكلىماكان قۇملۇقىنى، بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىنى دۇنيا مىل-
لەتلىرىنىڭ «غوجا ئاكىلىرى» قاتارىدا ساناپ ياشاۋاتقان رۇسلار
شىمالىي كەڭلىكتىكى قاراڭغۇ ئىپتىدائىي ئورمانلاردا ياۋا چوشقا
ئوۋلاپ جېنىنى بېقىپ، شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن يېپىلغان تاش كە-
پىلەردە تەرتىپسىز ھايات كەچۈرۈۋاتقان چاغلاردا، ئاللىبۇرۇن تەر-
تىپلىك شەھەر ھاياتىغا قەدەم قويغان ئەجدادلىرىمىز قۇرغان كى-
روران، يارغول، كۇسەن، ئىدىقۇت، كاشغەر شەھەرلىرىنى، روشەن
ئانتروپولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن يىمىرىلمەس تارىخىي
پاكىت سۈپىتىدە تالاي كاززاپ تارىخچىلارنىڭ سەپسەتىلىرىنى ئۇ-
جۇقتۇرۇۋەتكەن سۆيۈملۈك «كىروران گۈزىلى» نى تىلغا ئالساق خا-
تا بولغانىنىڭ ئۈستىگە، فارابى، مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس
ھاجىپ، ئەلىشىر نەۋائىي قاتارلىق دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە دانىش-
مەنلىرىمىز ئىجاد قىلغان «ھېلىقى كىتابلارنى» تىلغا ئالساق نو-
مۇسسىزلىق ھېسابلىنىدىكەن. ئاپتورنىڭ قارىشىچە، بۇلارنى تىلغا
ئېلىشتىن ئۇيىلىشىمىز كېرەككەن.

ساغلام، ئىلمىي مەدەنىيەت روھى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئەل-
ۋەتتە، ئۆز مەدەنىيىتىگە ۋە ئۆزگە مەدەنىيەتكە بولغان ئاڭلىق تەن-
قىدنى توغرا چۈشىنىش ھەم قۇۋۋەتلەش كېرەك. بىر مىللەتتە ئۆ-

زىنىڭ مەدەنىيىتىگە ھەم ئۆزگىلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە قارىتا بۇنداق ئاڭلىق تەنقىد روھى شەكىللەنمەسلىكىنىڭ ئۆزى بىر بىچارىلىك ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخاننىڭكىدەك ئاڭلىق تەنقىد روھىدىن خالىي بۇنداق قارىقويۇق مىللىي ئىنكارچىلىق پوزىتسىيەسىگە جىددىي رەددىيە بېرىش زۆرۈر ئىدى. مەن ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ ماقالىسىدىكى بۇ ناتوغرا قاراشقا دەرھال رەددىيە ماقالىسى يېزىشنى ئويلىغان بولساممۇ، ئەمما ئاپتورنىڭ ماقالىسىنىڭ باش قىسمىدىلا ناھايىتى تۆۋەنچىلىك بىلەن «مەن بىر قەلەمكەش ياكى شۇنداق خىياللاردا بولۇۋاتقان ئادەم ئەمەس. شۇنداق بولغاچقىمۇ ھازىرغىچە مەتبەئە ئاتىقىغا كىرگەن ھەرقانداق قەغەز يۈزىدە ئىككى قۇر ھەجىمدىكى بىر نەرسە ئېلان قىلىپ باقمىغان. شۇڭا يازغانلىرىم تومتاق، پىكىر بايان قىلىشىم قالايمىقان بولۇپ قالدى. شۇ سەۋەبلىك ئالدى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەيىبكە بۇيرۇماسلىقىنى ئۆتۈنىمەن» دەپ يازغان جۈملىلىرىنى ئوقۇپ، «بولدىلا، يېڭىياچە قەلەمكەشكەنغۇ، ھەر ـ ھەر تونۇلغان ئەدىب، پىروفېسسورلىرىمىزنىڭ يازمىلىرىدىمۇ بىر ـ بىرىدىن بەتتەر ئالىجوقا جۈيلۈشلەر كۆرۈلۈۋاتقان شارائىتتا، يازغان نەرسىسىنىڭ تومتاق، قىلغان پىكىرلىرىنىڭ قالايمىقان ئىكەنلىكىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئەسكەرتكەن بىر يېڭى ئاپتورغا رەددىيە يېزىپ نېمە قىلاي» دەپ ئۆتكۈزۈۋەتكەنىدىم. قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، يازمىسىنىڭ «تومتاق، پىكىرلىرىنىڭ قالايمىقان» بولۇپ قالغانلىقىنى بىلگەن ئاپتور مەتبۇئاتقا يوللىماسلىقى كېرەك ئىدى. مەشھۇر يازغۇچى گوگول «يازغان ئەسىرىمدىن ئۆزۈممۇ رازى بولمىسام، تاشلىۋېتىشكە رازىمەنكى، ھەرگىز يەڭگىللىك قىلىپ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرمەيمەن، بولمىسا ئۇنداق ئەسەر ئەۋلادلاردا خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىپ، جەمئىيەتكە زىيان يەتكۈزىدۇ» دېگەن. بۇ بىر مەسئۇلىيەتچان قەلەمكەش ئۈچۈن چوقۇم ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك قائىدە. ئەپسۇسكى، نۆۋەتتە مەتبۇئاتلىرىمىز ئارقىلىق بىز بىلەن يۈز كۆرۈشۈۋات-

قان ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرى بىزگە گوگۇل ئېيتقان بۇ قائىدىنى پىسەنتىگە ئېلىپمۇ قويمايدىغاندەك تەسىرات بېرىۋاتىدۇ. ئىجادىيەتكە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشتەك بۇ قىممەتلىك روھ بۇلغانماسلىقى ھەم ئاجىزلاشماسلىقى كېرەك ئىدى. بولمىسا پۇ-چەكلىك يامراپ كېتەتتى. قەلەم تەۋرەتكۈچىلەرنىڭ ئەستايىدىل بو-لۇشى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەنقىدىي نەزەر بىلەن ئوقۇشى ئىجادىيەت ساھەسىنى يۇقىرى سۈپەت ئۆتكىلىگە قاراپ سىلجىتاتتى.

ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخاننىڭ مۇھاكىمە ماقالىسىدىكىگە ئوخ-شاش مەسئۇلىيەتسىزلىكلەر بىزنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە ماقالە يې-زىقچىلىقى ساھەمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا كۆپ كۆرۈلىدىغان مە-سىلە بولۇپ قالدى. بىزنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە ماقالە يېزىقچىلىقى-مىزدا نۇقتىئىنەزەر مۇجمەل بولۇشتەك ئەجەللىك ئاجىزلىق ئىز-چىل ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئاپتورنىڭ نېمىنى تەشەببۇس قىلىپ، نېمىنى ئىنكار قىلىۋاتقانلىقى، نېمىنى ھىمايە قىلىپ، نېمىگە قارشى تۇرۇۋاتقانلىقى ئېنىق بولماسلىق مەسىلىسى خېلىلا ئو-مۇملاشقان ئەھۋالدۇر. مۇھاكىمە ماقالىلىرىگە قويۇلىدىغان روشەن تەلەپ شۇكى، ئاپتور مۇھاكىمە قىلىۋاتقان ئوبيېكتقا نىسبەتەن پو-زىتسىيەسىنى ئېنىق ئىپادىلىشى، مەقسىتىنى روشەن ئوتتۇرىغا قويۇشى، نۇقتىئىنەزىرىنى دەلىل ـ پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلاپ، نەزەرىيە جەھەتتىن چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىپ ئوقۇرمەننى قايىل قىلىشى كېرەك. دەۋرداشلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ماقالىلىرىدە ئاپتور ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلمەسلىك ۋە ئېغىر لوگىكى-سىزلىق، يەنى ئەقلىي قۇرۇلمىسىنىڭ ئاجىزلىقى، پىكىرنىڭ ئىز-چىلسىزلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان چېچىلاڭغۇلۇق مەسىلىسى خې-لىلا ئېغىر. بۇنداق بولۇشىدىكى تۈپ سەۋەب، ئىدراكىي تەپەككۇرى-مىزنىڭ يىگلەپ كەتكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىلىشىمىز كې-رەككى، لوگىكىلىق قۇرۇلمىسىغا يۇقىرى تەلەپ قويۇلۇپ يېزىلما-غان ھەرقانداق ماقالە خەلقئارا ئىلىم مۇنبىرىدە ئېتىبارسىز قارى-

لىدۇ. ئەركىن ئىسھاق ئوغوزخاننىڭكىدەك قارىقويۇق ئىنكارچىلىق خاھىشىدىكى، «تومتاق، قالايمىقان پىكىر» لەر بىلەن تولغان ماقالە ئەخلەت يازمىلار قاتارىدا تاشلىۋېتىلىدۇ. قىزىق يېرى شۇكى، ئۇز يازمىسىنىڭ «تومتاق، قالايمىقان پىكىر» لەر بىلەن تولغانلىقىنى بىلىدىغان ئاپتور «بىزدىكى پەن بىلەن سەنئەت مۇناسىۋىتىدىكى ئېغىشلار» دېگەن بۇ ماقالىسىدە گويا بىزنى كىرىزىستىن قۇتۇلدۇ-رۇشنىڭ چارىسىنى تاپقان دانىشمەندەك «بىردىنبىر چىقىش يولى-مىز ئىلىم ـ پەن ۋە تېخنىكا» دەپ كۆرسەتكەن. ئۇزىنىڭ «تومتاق، قالايمىقان پىكىر» قىلىدىغانلىقىنى تەن ئالغان بىر ئادەتتىكى ھەۋەسكارنىڭ بۇنداق چوڭ گەپلەرنى قىلىشى، ھەتتا «بىردىنبىر چى-قىش يولىمىز» دەپ ئالاھىدە تەكىتلەپ كېتىشى ساددىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھېلىغۇ بىر ئادەتتىكى ھەۋەسكار قەلەمكەش ئىكەن، سالاھىيەتلىك بىرەر تەتقىقاتچى، نوپۇزلۇق ئالىم ياكى سىياسىيون بولۇشىدىن قەتئىينەزەر «بىردىنبىر چىقىش يولىمىز پەن ـ تېخ-نىكا» دەپ ئوتتۇرىغا قويىدىكەن، بۇ ۋاقتى ئۆتكەن بىر تەرەپلىمە شوئار بولۇپ قالىدۇ، خالاس. پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، پەن ـ تېخ-نىكا ھېچقاچان، ھېچكىمنىڭ «بىردىنبىر چىقىش يولى» بولالماي-دۇ. پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق قۇدرەت تېپىش، زامانىۋى مىللەتكە ئايلىنىش، جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەقەللىي ساۋات بول-سىمۇ، ئەمما ئۇ ھەرگىزمۇ بىر مىللەت ۋە بىر دۆلەتنىڭ «بىردىن-بىر چىقىش يولى» بولالمايدۇ. پەن ـ تېخنىكا قوش بىسلىق شەم-شەر دەپ قارىلىپ، تالاش ـ تارتىشلىق تېما سۈپىتىدە مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقىلى ئۇزاق بولدى. دىن، پەن ۋە سەنئەتنى ئىنسانىيەتنىڭ ئۈچ چوڭ روھىي تۈۋرۈكى سۈپىتىدە تونۇش ئومۇميۈزلۈك ئوتتۇ-رىغا قويۇلدى. مەشھۇر ئالىم ئېيىنشتېيىن «پەندىن ئايرىلغان دىن توكۇرغا ئوخشايدۇ، دىندىن ئايرىلغان پەن كورغا ئوخشايدۇ» دېگەن. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، پەن ـ تېخنىكىدىن ئىبارەت يەككە ئامىل ھەرگىزمۇ «بىردىنبىر چىقىش يولى» بولۇش سالاھىيىتىنى ھازىر-

لىيالمايدۇ. پەن ـ تېخنىكىنىڭ قوش بىسلىق شەمشەرگە ئوخشايدى-
غانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىجابىي نەتىجىمۇ، سەلبىي ئاقىۋەتمۇ كەلتۈرۈپ
چىقىرىدىغانلىقىنى پەيلاسوپلار، مۇتەپەككۇرلار ئومۇمىيۈزلۈك دېگۇ-
دەك تونۇپ يەتكەن مەسىلىدۇر. پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە
ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشىگە زىيادە ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارايدىغان،
پەلسەپىۋى تەپەككۇرى كەمچىل بەزى ئالىملار پەن ـ تېخنىكا ئىن-
سانلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئاسانلىق ۋە چاققانلىق ئېلىپ كېلىدۇ، ماد-
دىي تەرەققىيات ۋە باياشاتلىققا ئىگە قىلىدۇ، دەپ قاراپ، پەن ـ
تېخنىكىنى زىيادە مۇئەييەنلەشتۈرىسىمۇ، لېكىن قارشى پىكىردىكى
مۇتەپەككۇرلار پەن ـ تېخنىكا كىشىلىك ھايات مەسىلىسىنى ھەل
قىلالمايدۇ، ئەركىنلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلالمايدۇ، بەختلىك
كىشىلىك ھاياتنى ئۇ بەلگىلىمەيدۇ. ئىنسان پەقەت ماددىي تەرەققى-
يات ۋە بايلىق ئارقىلىقلا ئوڭشالمايدۇ. ئەمەلگە ئاشمىغان ئارزۇ
كىشىنى ئازابلىسا، ئەمەلگە ئاشقان ئارزۇ يېڭى ئىستەكلەرنى تۇغدۇ-
دۇ. دېمەك، پەن ـ تېخنىكا (ماددىي تەرەققىيات) تۇرمۇشىمىزغا ھە-
قىقىي مەنە ئاتا قىلىشتىن تولىمۇ يىراق تۇرىدۇ. ئۇ پەقەت ماددىي
جەھەتتە بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزدىكى بىر زۆرۈر ۋاستە، دەپ
قارايدۇ. مۇتەخەسسىسلەر «بۈگۈنكى ئىنسانلار يۇقۇملۇق كېسەللىك
دەۋرى، جىسمانىي كېسەللىك دەۋرىدىن مەنىۋى كېسەللىك دەۋرىگە
كىردى» دەپ كۆرسىتىشتى. قېنى ئويلاپ باقايلى، ئىنسانىيەت بۈ-
گۈن دۇچ كەلگەن مەنىۋى كېسەللىك كىرىزىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇش
ئۈچۈن پەن ـ تېخنىكىغا مۇراجىئەت قىلىشى مۇمكىنمۇ؟ ئالىملار-
نىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ئىنسانىيەت ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇ-
شىدىن كېيىنكى 50 يىل ئىچىدە تېخنىكا ۋە ماددىي تەرەققىيات
جەھەتتە ئۆتكەن 50 ئەسىر جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر-
دىنمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئەپسۇسلىنارلىقى،
ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن تەرەققىي قىلغان غەرب جەم-
ئىيىتىدە ئەخلاق جەھەتتە زاۋاللىققا يۈز تۇتۇش ھادىسىسى كۆرۈل-

گەن. ئۇنىڭ ئاساسىي ئىپادىلىرى: بىرىنچى، ئەدەپ ـ ئەخلاق مۇنا-
سىۋەتلىرى يامانلاشقان، كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت بىر ـ
بىرىگە قاپقان قۇرۇشقا ئايلانغان؛ ئىككىنچى، قىممەت قارىشى
چۇشكۇنلەشكەن، ئادەملەر ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنىڭ قولىغا ئايلى-
نىپ قالغان، شەخسنىڭ ئىدىيەۋى ھېسسىياتى ئۆزىنىڭ مۇستەقىل-
لىقىنى يوقاتقان؛ ئۈچىنچى، جەمئىيەتتە جىنايەت يۈز بېرىش نىس-
بىتى يۇقىرىلىغان، زەھەر چېكىش، قاتىللىق، بۇزۇقچىلىق قاتار-
لىق يامان ھادىسىلەر كۆپىيىپ كەتكەن.

دېمەك، ئىنسانلار ئۆتكەن ئەسىردە پەن ـ تېخنىكا ۋە ئىقتىسا-
دىي جەھەتتە مىسلىسىز يۈكسەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەخلاق جەھەت-
تە مىسلىسىز يۈكسەلدى، دېگىلى بولمايدۇ، مىسلىسىز بەختلىك
بولۇپ كەتتى، دېگىلىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى دۇنيا ماددىي جەھەتتە تە-
رەققىي قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئىنسانلارنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسى
بارغانسېرى ئاجىزلاشتى. جىنايەتشۇناس ئالىملار ھەر خىل جىنايى
قىلمىشلارنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە ئېشىپ
بېرىشى نۆۋەتتىكى دۇنيانىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى، دېگەن ئورتاق
قاراشقا كەلدى. ئۇلار ھەتتا بىز ياشاۋاتقان يەر شارىنىڭ جىنايەت
سادىر قىلىش ئىستىكى كۈچلۈك ئىنسانلارنىڭ قورشاۋىدا قالغانلى-
قىنى ئېتىراپ قىلدى. بىز ئىلگىرى ھەر خىل جىنايەتنى نامراتلىق
بىلەن قالاقلىققا باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە ئادەتلەنگەن ھەم پەن ـ
تېخنىكا بىلەن ماددىي تەرەققىياتقا زىيادە ئىشەنچ باغلاپ كەلگۈسى-
دىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتكەن، ئەپسۇس، نەتىجە ئۇنداق بولمىدى،
دېيىشتى. پەن ـ تېخنىكىنىڭ بەخت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا، ماد-
دىي تەرەققىياتنىڭ خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا چىن
كۆڭلىدىن ئىشەنگەن ئىنسانلار ئىجتىمائىي يېرىقلارنىڭ بارغانسېرى
كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئاخىرقى ھېسابتا پەن ـ تېخ-
نىكا مەيلى قانچىلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلسۇن، ئۇنىڭ گۈزەل
ئەخلاق بىلەن ئېتىقادنى ئەرزىمەس ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويالىشى

ھەرگىز مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتتى. ھەقىقەتەنمۇ، پەن - تېخنىكىنىڭ پۈتكۈل دۇنيانى قاپلىغان ئىجتىمائىي كىرىزىسنى ھەل قىلىش ئاچقۇچىنى ئىنسانلارغا تەقدىم قىلىش قولىدىن كەلمەيتتى. چۈنكى پەن - تېخنىكا ئىنسانلار ئىزدىنىۋاتقان ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدىكى سوئاللارغا ھەرگىز توغرا جاۋاب بېرەلمەيتتى. نېمە ئۈچۈن ياشاش، قانداق ياشاش كېرەك، دېگەن ھاياتنىڭ مەزمۇن ۋە شەكلى ھەققىدىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىشكە پەن - تېخنىكا ئاجىزلىق قىلاتتى. پەن - تېخنىكىنىڭ قولىدىن ئىنسانلارغا قىممەتلىك ئەخلاقىي مىزانلارنى تەقدىم قىلىش ئەسلا كەلمەيدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. قانداقتۇر بىرلىرى ئۇنداق - مۇنداق تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويغان تەقدىردىمۇ، ئۇ بىر سەپسەتە ھالىتىدە تۇرۇپ قالىدۇ، خالاس. چۈنكى ھايۋانىي تۇرمۇشنى ئىنسانىي تۇرمۇش يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرەلەيدىغان قىممەتلىك مىزانلار ئەقىلگە ۋە ئىنسان تەبىئىتىگە ئۇيغۇن بىر ئەقىدىنى نەزەردىن ساقىت قىلغان ئەھۋالدا نامەلۇم ۋە چۈشىنىكسىز پېتى قېلىۋېرىدۇ. مانا بۇ، پەن - تېخنىكىنى ئىچكى قىسمىدىن ئەمەس، بەلكى سىرتقى قىسمىدىن، يەنى ئىنسان تەبىئىتىگە ئۇيغۇن، ئەقىلگە مۇۋاپىق مەلۇم بىر مەدەنىيەت ئارقىلىق ساقلاپ قالغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ناۋادا بىز «پەن - تېخنىكا بىردىنبىر چىقىش يولىمىز» دېگەن قاراشقا ئېسىلىۋېلىپ، نوقۇل پەن - تېخنىكىغىلا تايانساق ھەم ئۈمىد باغلىساق، ئۇ ھالدا بىز پەن - تېخنىكىدىن ئىنسانىيەت دۇچ كەلگەن مەنىۋى قەھەتچىلىكنى ھەل قىلالايدىغان بىرەر كۈچنى بايقىيالمايمىز، كەڭ تارقالغان ئىجتىمائىي رەزىللىكلەرنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇيالايدىغان بىرەر ئەخلاقىي قىممەتنى ئەسلا تاپالمايمىز. نەتىجىدە، كىشىلەردە ئۈمىدسىزلىك تۇيغۇسى ئومۇملىشىدۇ. ماھىيەتتە بۇ روشەن ئەخلاقسىزلىقنىڭ مەلۇم بىر تەرىپى بىلەن خاراكتېرلەنگەن ئىجتىمائىي ئاپەت ئالدىدىكى پەن - تېخنىكىنىڭ ئۈمىدسىزلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇتەپەككۇرلار مۇشۇ نۇقتىدىن

چىقىپ «بىز پەن ـ تېخنىكىنى رەت قىلماقچى ياكى رەت قىلايلى
دېمەكچى ئەمەس، بەلكى پەن ـ تېخنىكىنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغان
سەپسەتىنى رەت قىلايلى دېمەكچى» دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن. ئۇلار
پەن ـ تېخنىكىدىن ۋاز كېچىشنى تەشەببۇس قىلمىغان، بەلكى
ئىنسانىيەت دۇچ كەلگەن مەنىۋى ۋە ئىجتىمائىي كىرىزىسنى ھەل
قىلىش ئۈچۈن پەن ـ تېخنىكىدىن ئىبارەت بۇ قوش بىسلىق شەم-
شەرنى ئۆزىگە قورال قىلىۋالغان سەپسەتىلەردىن ۋاز كېچىپ، ئۇنى
توغرا دۇنيا قاراشنىڭ قولىغا تاپشۇرايلى، دېگەننى تەشەببۇس قىل-
غان. بۇ تەشەببۇس بىزنىڭ پەن ـ تېخنىكىغا قارىغۇلارچە تايىنىشنى
ئويلايدىغان ۋە ئۇنىڭغا زىيادە ئۈمىد باغلايدىغان ساددىلىقىمىزنى ئە-
قىلگە مۇۋاپىق ئىزغا سالىدۇ. ئەگەر پەن ـ تېخنىكا تەڭداشسىز
كۈچ ھېسابلىنىدىغان بولسا، 1980 ـ يىللاردىن بۇيان پەن ـ تېخ-
نىكىغا تايىنىپ قۇدرەت تېپىپ ئىقتىسادىي جەھەتتە گىگانت گەۋ-
دىگە ئايلانغان، ھەربىي كۈچ جەھەتتە ئامېرىكىغا ئوخشاش قۇدرەت-
لىك دۆلەتلەرمۇ چۆچۈيدىغان دەرىجىدە زورايغان جۇڭگو 21 ـ ئە-
سىرگە قەدەم قويغاندا توساتتىن «ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى يولغا قو-
يۇش» نى ھۆكۈمەت ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇپ ئېلىپ بارمىغان بولات-
تى. شۈبھىسىزكى، بۇ ھەرىكەت جۇڭگو جەمئىيىتى ئېغىر ئەخلاق
كىرىزىسىگە پاتقاندا يولغا قويۇلغان ھەرىكەتتۇر. ئۇنداقتا، ھۆكۈمەت
ھەرىكىتى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ نې-
گىزى نېمە؟ ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ نېگىزى ـ سەممىيلىكتۇر. نې-
مە ئۈچۈن سەممىيلىك ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ نېگىزى سۈپىتىدە
تەكىتلىنىدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابىنى بىز بازارلارنى قاپلىغان سۈپەتسىز
مەھسۇلات، يەنى سۈپەتسىز دورا، سۈپەتسىز يېمەكلىك، ئائىلىلەرنى
ۋەيران قىلىۋاتقان ئىشەنچسىز نىكاھ، كىشىلىك قەدىر ـ قىممەتنى
يەكسان قىلىۋاتقان پۇل ئۈستىگە قۇرۇلغان مۇناسىۋەت قاتارلىق
ئىجتىمائىي مەسىلىلەردىنلا تاپالايمىز. مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى
سەممىيلىككە سەل قارىلىپ، ساختىپەزلىك ئەۋج ئالغاندا كۆرۈلى-

دىغان ئىجتىمائىي ئاپەتلەر ھېسابلىنىدۇ. زامانىمىزدىكى تونۇلغان پەلسەپىچى جۇ خېجۇن ئەپەندى «كونىدە بىر دەم پەلسەپە ئوقۇيلى» دې-گەن كىتابىدا ئېيتقانىدەك «دىن غەربلىكلەرنىڭ مەنىۋى نىجاتكارى. ھالبۇكى، جۇڭگولۇقلاردا دىننى مەنىۋى نىجاتكار دەپ قارايدىغان مۇنداق ئەنئەنە يوق.» شۇڭا، دىننىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاقنى ئو-مۇملاشتۇرۇشتەك بۇنداق رولىنى باشقا مەدەنىيەت ئامىللىرىغا تايى-نىپ ئېلىپ بارماي ئامال يوق. بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن داڭلىق نەزەرىيەچى ۋۇ زۇرېن ئەپەندى «يازغۇچىلار گېزىتى» نىڭ 1993 - يىلى 13 - مارتتىكى سانىدا ئېلان قىلغان ماقالىسىدە ئې-نىق قىلىپ مۇنداق دېگەن: «دۇنيادىكى ھەرقانداق دۆلەت ۋە مىللەت-تە مەنىۋى تىرەك بولمىسا بولمايدۇ، ۋاھالەنكى، جۇڭگودا مەنىۋى تىرەك بولۇش ۋەزىپىسى زور دەرىجىدە تارىخىي يوسۇندا ئەدەبىياتقا يۈكلەنگەن. نېمىشقا مۇنداق دەيمىز؟ جۇڭگودا دىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن. مەسىلە ھەقىقەتەنمۇ دەل مۇشۇ يەردىن چىقمۇاتىدۇ. مىللى-تىمىز نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىدىن قارىغاندا، ئېشىپ كەتسە، جىنغا ئىشىنىپ، ياراتقۇچىغا ئىشەنمىدۇق. جۇڭگولۇقلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغىنى كۆڭزى تەرىقىتى، ئەمما كۆڭ-زى تەرىقىتى بىر خىل ئاتاقتىنلا ئىبارەت. ماھىيىتىدىن ئالغاندا، ئۇ يەنىلا ئىجتىمائىي ئەخلاقشۇناسلىق (كىشىلەر ئادەتتە دەۋاتقان پەلسەپىمۇ ئەمەس)، ئەمما دىن ئەمەس. جۇڭگولۇقلاردا پانىي ئالەم قارىشىلا باركى، باقىي ئالەم قارىشى يوق.» مانا مۇشۇ چۈشەنچىلەرنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ قارىغاندا، جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالى «ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش» نى ھۆكۈمەت ھەرىكىتىگە تايىنىپ ئې-لىپ بېرىش زۆرۈرىيىتىنى تۇغدۇرغان. ئادەمگە ئەخلاق تەرتىپى بې-غىشلايدىغان دىنىي ئېتىقاد مەۋجۇت بولمىغان ئەھۋالدا، ئەخلاق قۇ-رۇلۇشىنى ھۆكۈمەت ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇپ ئېلىپ بېرىش بىر رېئال تاللاشتۇر. شۈبھىسىزكى، ئەخلاقنىڭ بىر ئادەم، بىر ئائىلە، بىر مىللەت ۋە بىر جەمئىيەتكە بولغان ئەھمىيىتىنى ھەرگىز تۆۋەن

چاغلاشقا بولمايدۇ. بىرەر جەمئىيەتتە ئەخلاقنىڭ تۇتۇپ تۇرۇش رو-
لى كەمچىل بولىدىكەن، ئۇنداقتا، بۇ جەمئىيەتنى ھالاك بولىدىغان
دائىرىگە كىرگۈزۈشكە تامامەن بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا بىر قىسىم
كىشىلەر زىيادە ئۈمىد باغلىغان پەن ـ تېخنىكا ئىنسانىيەتنى قۇت-
قۇزىدىغان نىجاتكار بولۇشقا تامامەن ئاجىزلىق قىلىدىغانلىقىنى تەن
ئېلىشقا مەجبۇر بولماي ئامالى يوق. ئەمەلىيەتتە كۆرۈپ ھەم چوڭ-
قۇر چۈشىنىپ يەتتۇقكى، پاكىتلار «پەن ـ تېخنىكا بىر دىبىر چىد-
قىش يولى» دەيدىغان قاراشنىڭ بەكمۇ بىر تەرەپلىمە قاراش ئىكەن-
لىكىنى ئىسپاتلىدى. پەن ـ تېخنىكىنىڭ كۈچى بىلەن زامانىۋىلاش-
قان جەمئىيەت ۋە گۈللەنگەن ئىقتىساد پۇقرالارنىڭ ئەخلاق ئېڭىنى
ئاجىزلىتىپ، جىنايەت سادىر قىلىش نىسبىتىنى ئاشۇرۇۋەتتى.
كىشىلەرنى ئالغا بېسىشقا ئىتتىلدۇرىدىغان بىردىنبىر ھەرىكەتلەند-
ۈرگۈچ كۈچ پۇل بولۇپ قالدى. بۇنداق ئەھۋالدا كىشىلەر ماددىي
تۇرمۇشنىڭ ھوزۇرىدىن ئۆزلىرىگە تەسەللى تاپسىمۇ، لېكىن قۇر-
غاقلىشىپ كېتىۋاتقان مەنىۋىيىتىنى يوشۇرالماي قالدى. نەتىجىدە،
ئەخلاقىي پىرىنسىپلارغا سەل قارايدىغان بولۇپ كەتتى. شۈبھىسىز-
كى، ئەخلاقىي پىرىنسىپنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولمىغان ھايات مەند-
ۋى پالەچلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھازىرقى كىشىلەرنىڭ تۇر-
مۇشقا قويغان تەلىپى كىشىلىك خاراكتېرنىڭ ئەڭ ئالىي قاتلىمى
بولغان ئالىيجانابلىق، بېغىشلاش، قانائەت، تاكامۇللۇق بولماستىن،
بەلكى كىشىلىك خاراكتېرنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمى بولغان ئەيش ـ
ئىشرەت، ئويۇن ـ كۈلكە ۋە راھەتپەرەسلىككە بېرىلىش بولغانلىقد-
تىن، ئىجتىمائىي كەيپىيات بۇزۇلۇشقا قاراپ يۈزلەندى. نەتىجىدە،
ئىنسانلار ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ئەخلاق ئۆلچىمىنى ئاساس قد-
لىپ ھۆكۈم قىلىشنى ئادەت قىلمايدىغان بولۇۋالدى. كېيىپ ئېيد-
تىشقا بولىدۇكى، ئەخلاقىي مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشتىن باش
تارتقان كىشىلەر بىلەن تولغان جەمئىيەت قاباھەتلىك جەمئىيەتتۇر.
مۇتەپەككۇرلار ئېيتقاندەك: «ئەخلاق ۋەيران بولسا، ئېتىكا بىر چەت-

كە تاشلىنىپ قالسا، مەدەنىيەت نابۇت بولىدۇ، ئاساس تەۋرەيدۇ، ۋىجدان يوقايدۇ، مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ ئادەم يەنىلا ياشايدۇ، لېكىن ئادەمدەك ياشىيالمايدۇ.» بازار ئىگىلىكى ئېلىپ كەلگەن پۇلغا چوقۇنۇش شامىلىدا ئىجتىمائىي ئەخلاق سىستېمىسى پارچىلىنىپ كەتتى. بۇ خىل كىرىزىسنىڭ ئېغىرلىقى تونۇپ يېتىلگەچكە «ئەخلاق قۇرۇلۇشى» يولغا قويۇلدى. «پۇلنى ئاساس قىلىش» شامىلىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن «ئادەمنى ئاساس قىلىش» شوئارى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

بەزىلەرنىڭ ئېتىكا، ئېستېتىكا، پەلسەپە، تېئولوگىيەگە ئوخشاش ئىنساننى روھىي ۋە مەنىۋى قىممەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىشكە ئۈندەيدىغان ئىلىملەرمۇ پەنغۇ، دەپ تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ يۈرۈشىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇشۇم كېرەككى، ھەرقانداق كونتېكستتا قوللىنىلغان ئۇقۇمنىڭ ئىپادىلىگەن مەزمۇنى ھە دېگەندە ئىزاھلىق لۇغەتتىكى مەنىسىگە تەڭ بولۇۋەرمەيدۇ. ئاپتور مۇئەييەن ئۇقۇمنى ئۆزىنىڭ نۇقتىئىنەزىرىنى ئىسپاتلاش جەريانىدا كەڭ مەنىدە قوللىنىش ياكى تار مەنىدە قوللىنىشنى ئېھتىياجغا قاراپ بەلگىلەيدۇ. شۇڭا، پەن دېگەن ئۇقۇمنى مەنمۇ ماقالەمدە كەڭ مەنىدە قوللانمىدىم، تېخنىكا دېگەن ئۇقۇمنى بولسا كەڭ مەنىدە قوللاندىم. مەن نەزەردە تۇتقان پەن دۇنيانى تونۇش، ئوبيېكتىپ ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىش، شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىشنى ۋەزىپە قىلغان بىلىم سىستېمىسىدىن ئىبارەت. مۇتەپەككۇرلار «پەننىڭ جاۋاب بېرىدىغىنى ئەتراپىمىزدىكى كونكرېت شەيئىلەر بولۇپ، ئۇ بىز ياشاۋاتقان ئوبيېكتىپ دۇنيانى تەسۋىرلەيدۇ. ئۇ بىزگە شەيئىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ھەرىكىتىنى چۈشەندۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، ماھىيىتى ۋە قىممىتىنى بايان قىلىدۇ. پەننى بايقاشلار بىز بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان نەرسىلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ، باللارنىڭ يېمەكلىكىدىن تارتىپ ۋودورود بومبىسىغا قەدەر نەرسىلەرنى ياسىيالىسىمۇ، لېكىن ئۇ بىز-

گە شەيئىلەرنىڭ ئۆزگىرىشىدىكى سەۋەبلەرنى ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. ئۇ يەنە بىزنىڭ ئۇنى خاتا ئىشلىتىشىمىزدىن كېلىپ چىققان يامان ئاقىۋەتنىڭ ئالدىنى ئالالمايدۇ. يەن ئىككى ياقلىمىلىق دورا، ئۇ داۋالايدۇ ھەم زەھەرلەيدۇ، قۇرىدۇ ھەم بۇزىدۇ» دەپ قارايدۇ. مانا بۇ، مەن ماقالەمدە نەزەردە تۇتقان يەن ئۇقۇمىنىڭ دائىرىسىنىمۇ ھەم يەننىڭ خاراكتېرىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدىغان ياخشى مىسال.

بىز ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخاننىڭ «بىزدىكى يەن بىلەن سەنئەت مۇناسىۋىتىدىكى ئېغىشلار» دېگەن ماقالىسىنى «يازغانلىرىم تومتاق، پىكىر بايان قىلىشىم قالايمىقان بولۇپ قالدى» دەپ تەن ئالغانلىقىدىن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ «تىل كېكەچلىكى» نى بىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدۇق. ئۇنىڭ «بىردىنبىر چىقىش يولىمىز يەن – تېخنىكا» دېگەن قارىشىنىڭ يۇزە ھەم بىر تەرەپلىمىلىكىنى، بۇ مەسىلىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ ئەتراپلىق، چوڭقۇر، ئىنچىكە ئەمەسلىكىنى تەنقىدلەش جەريانىدا تەپەككۇرىنىڭمۇ نامراتلىقىنى بىلىپ يەتتۇق. خوش، ئۇنداقتا 2007 – يىلى ئېلان قىلغان ماقالىسىدە ئۆزىنىڭ تىل كېكەچلىكى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقىنى پاكىتلاشتۇرغان ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخاننىڭ 2010 – يىلىغا كەلگەندە بىردىنلا «تىل كېكەچلىكى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقى» دەپ ماۋزۇ قويۇپ، «بايقىشىمچە، نۆۋەتتىكى مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرى قاتلىمى ھەم خەلقنىڭ تەپەككۇر ئېڭىدا جىددىي ئويلىنىشقا تېگىشلىك تۆۋەندىكى مەسىلىلەر ئەڭ كۆرۈنەرلىك بولماقتا» دەپ 13 كىچىك ماۋزۇ ئاستىدا بىر – بىرىدىن مۇھىم ھەم نازۇك، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ تېمىلاردا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، تەنقىدىي روھ بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشى كىشىنى ئەجەبلەندۈرمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە، شەرق تەپەككۇر خەزىنىسىدە «بىر ئادەمنى ئۈچ كۈن كۆرمىسەڭ يېڭىچە نەزىرىڭ بىلەن قارا» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنىڭ بارلىقىنى بىلىمەن. شۇڭا ئۈچ كۈن ئەمەس، ئۈچ يىل مەتبۇئاتتا ماقالىسى كۆرۈنمىگەن ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخانغىمۇ ئەستايىدىل قاراش كېرەك. بەلكىم ئۈچ يىل

جەريانىدا ئۆزىنىڭ تىل كېكەچلىكى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقىنى تو-
گىتىپ، مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرىنىڭ تىل كېكەچلىكى ۋە تەپەك-
كۇر نامراتلىقى توغرۇلۇق تەنقىدىي مۇلاھىزە يۈرگۈزگۈدەك سالاھى-
يەتنى ھازىرلىغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، ئوقۇپ بىرنەرسە دېيىش
كېرەك - تە. مانا مۇشۇنداق پوزىتسىيە بىلەن مەن ئۇنىڭ يېڭى ما-
قالىسى «تىل كېكەچلىكى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقى» نى ئەستايىدىل
ئوقۇپ چىقتىم. تەسىراتىم شۇكى، ئاپتور مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرى
ۋە خەلقنىڭ تەپەككۇرىدىكى تىل كېكەچلىكى ھەم تەپەككۇر نامرات-
لىقىنى باھالىغۇدەك سالاھىيەتنى ئازراقمۇ ھازىرلىمىغانلىقىنىڭ ئۈس-
تىگە، ئوقۇرمەنلەرگە ئۆزىنىڭ تىل كېكەچلىكى ۋە تەپەككۇر
نامراتلىقىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئايان قىلغان. مەن بۇ قارىشىمنى
ئوقۇرمەنلەرگە پاكىت ئارقىلىق ئىسپاتلاپ بېرىش ھەم يازسىلا ما-
قالە بولۇۋەرمەيدىغانلىقىنى ئىلمىي نۇقتىدىن كۆرسىتىپ بېرىش
مەقسىتىدە بۇ رەددىيەنى يازدىم، مۇۋاپىق بولغان - بولمىغانلىقىغا
ئوقۇرمەنلەر باھا بېرىپ باقسۇن.

ئاپتور مەزكۇر ماقالىسىنىڭ ژۇرنال سەھىپىسىدە، يېرىم بەتچە
كېلىدىغان مۇقەددىمە قىسمىدىلا قانچىلىك مەسىلە سادىر قىلغانلى-
قىنى تەھلىل قىلساقلا، ئوقۇرمەنلەر ماقالىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا
دىياگنوز قويالايدۇ. مەن تەنقىدىمنى ئېنىقلىقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن
بۇ مۇقەددىمىنى ئۆزۈندىلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىمەن.

«بىلىشىمچە، مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرى، يەنى پەيلاسوپ، مۇتە-
پەككۇر، پەلسەپىچىلەر جەمئىيەت مەسىلىلىرىنى توغرا كۆزىتىش،
كىشىلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسى ۋە ئوي - پىكرىنى توغرا تەھلىل
قىلىش، ئۇلارنىڭ پائالىيىتى، ھەرىكىتى ئۈستىدە ئويلىنىپ، مۇۋا-
پىق يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشى، پىسخىكى-
سىغا تەسىر كۆرسىتىپ ياخشىلىققا باشلاش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى
سۈرۈشنى مەقسەت قىلغان كىشىلەردۇر.»

بىز بۇ ئۆزۈندىنى ئۇقۇم مۇجمەللىكى ۋە مەنتىق خاتالىقى جە-

ھەتتىن تەھلىل قىلىپ باقايلى: ئاپتور «مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرى» دېگەن ئۇقۇمنى ئىزاھلىماق بولۇپ، «يەنى پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇر، پەلسەپىچىلەر» دەپ كۆرسەتكەن. بۇ ئىزاھاتتىكى پەيلاسوپ بىلەن پەلسەپىچى بىرگەپ بولغانلىقى ئۈستىگە مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرى دېگەن ئۇقۇم پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇر دېگەن ئۇقۇملارغا باراۋەر ئەمەس. بۇنداق ئىزاھلاش تامامەن خاتا. ئاپتور بۇ يەردە قۇرۇق-تىن - قۇرۇق ئاتالغۇلار ئويۇنى ئوينىغان. ئاپتور يەنە مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرىنى «توغرا تەھلىل» يۈرگۈزىدىغان، «مۇۋاپىق يەكۈن» چىقىرىدىغان كىشىلەر دەپ چۈشەندۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بارلىق مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرى «توغرا تەھلىل» يۈرگۈزىدىغان، «مۇۋاپىق يەكۈن» چىقىرىدىغان دانىشمەنلەر بولۇپ قالغان. نەتىجىدە، مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرى تىل كېكەچلىكى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقى سادىر قىلىشى مۇمكىن بولمايدىغان، يازمىلىرى بىردەك مەقبۇل كۆرۈلىدىغان ئالاھىدە ئىمتىياز ئىگىلىرى بولۇپ قالغان. بۇنداق ئەھۋالدا مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرى توغرۇلۇق «تىل كېكەچلىكى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقى» دەپ ماۋزۇ قويۇپ تەنقىد يۈرگۈزۈشمۇ ئارتۇقچە ئىش بولۇپ قالامدۇ؟ بىز تېخى ئاپتوردىن سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە «توغرا تەھلىل» بىلەن «مۇۋاپىق يەكۈن» نىڭ ئۆلچىمى نېمە، دەپ سورىمىدۇق. مۇئەييەن ئۆلچەمنى ئوتتۇرىغا قويمايتۇرۇپ، «توغرا تەھلىل» بىلەن «مۇۋاپىق يەكۈن» نى تىلغا ئېلىش تولىمۇ يەڭگىلتەكلىكتۇر. بىز ئەمدى مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرى ھەققىدىكى تەبىرنىڭ مۇۋاپىق ياكى نامۇۋاپىق ئىكەنلىكىگە قاراپ باقايلى: مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرى دېگەن ئۇقۇمنى ئاپتور «جەمئىيەت مەسىلىلىرىنى توغرا كۆزىتىش، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسى ۋە ئوي - پىكرىنى توغرا تەھلىل قىلىش، ئۇلارنىڭ پائالىيىتى، ھەرىكىتى ئۈستىدە ئويلىنىپ، مۇۋاپىق يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشى، پسىخىكىسىغا تەسىر كۆرسىتىپ ياخشىلىققا باشلاش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلغان كىشىلەردۇر» دەپ

تەبىرلىگەن. بىز بۇ تەبىرنىڭ پەلسەپەتىشلىكىنى قويۇپ تۇرۇپ، ئۇ-نىڭدا ئوبزورچىنىڭ تۆپ ئالاھىدىلىكى بولغان «باھالاش» دېگەن مۇھىم ئاتالغۇنىڭ تىلغا ئېلىنمىغانلىقىدىنلا ئاپتورنىڭ بەكلا قې-يىپ ھەم چەتنەپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

«مەلۇم مەسىلىنىڭ توغرا يۈنىلىشى ئۈستىدە ئەمەلىي، ئىجابىي ئىزدىنىش، شۇنداقلا ھەممىگە ئورتاق بولغان قانۇنىيەتنى تېپىش ھەم يەتكۈزۈش جەريانى پەلسەپە، تەپەككۇر بولسا كېرەك. شۇڭا تە-پەككۇر رېئال مەسىلە ئۈستىدە بولىدۇ. گۈزەللەشتۇرۇلگەن تەسەۋ-ۋۇر بىلەن تۈپتىن ئوخشىمايدۇ.»

بۇ ئۈزۈندىدە كۆرۈلگەن بىرىنچى خاتالىق شۇكى، پەلسەپە بىلەن تەپەككۇر باراۋەر ئۇقۇم قىلىپ قويۇلغان. بۇلارنىڭ باراۋەر ئۇقۇم ئەمەسلىكى مۇئەييەن مەدەنىيەت تەربىيەسىگە ئىگە كىشىلەرگە ئايان ئەقەللىي ساۋات. پەلسەپە مۇستەقىل بىر ئىلىم، تەپەككۇر پىسخى-كىلىق پائالىيەت. ئىككىنچى خاتالىق شۇكى، تەپەككۇر ھەرگىز «مەلۇم مەسىلىنىڭ توغرا يۈنىلىشى ئۈستىدە ئەمەلىي، ئىجابىي ئىزدىنىش، شۇنداقلا ھەممىگە ئورتاق بولغان قانۇنىيەتنى تېپىش ھەم يەتكۈزۈش جەريانى» ئەمەس، بەلكى پىكىر قىلىش جەريانى. ئەمما، پىكىرنىڭ ئۆزى ئەمەس. پىكىر تەپەككۇرنىڭ نەتىجىسى، ئۇ-نىڭ توغرا ياكى خاتا بولۇشى باشقا گەپ. ئۈچىنچى خاتالىق شۇكى، «مەلۇم مەسىلىنىڭ توغرا يۈنىلىشى ئۈستىدە ئەمەلىي، ئىجابىي ئىزدىنىش، شۇنداقلا ھەممىگە ئورتاق بولغان قانۇنىيەتنى تېپىش ھەم يەتكۈزۈش جەريانى» پەلسەپە ئەمەس. پەلسەپە جەريان ئەمەس، بەلكى ئىلىم. ئۇنىڭ بارلىق ۋەزىپىسى گېرمانىيەلىك مەشھۇر ھا-دىسىشۇناس پەيلاسوپ ھېيدىگېرنىڭ ئېيتقىنىدەك، «ئادەمنى مۇلا-ھىزىگە ئۈندەش». ئەركىن ئېيتقان يۇقىرىقى تەرىپ پەننىڭ ۋەزى-پىسىگە يېقىن كېلىدۇ. چۈنكى، پەن بىز تۇرۇۋاتقان مۇشۇ ئوبيېك-تىپ دۇنيانىڭ چىنلىقى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ. ئۇ ئوبيېكتىپ چىن بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. زىددىيەتلىك ئەھۋالنىڭ كۆرۈلۈشىگە يول

قويمايدۇ. پەلسەپە كىشىلەرنىڭ ھەقىقەتنى بايقىشىغا ياردەم بېرىدۇ. سوقرات ئېيتقاندەك، بىلىم تەبىئەت بىلەن، ئەقىل ـ پاراسەت ھايات بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. تۆتىنچى خاتالىق شۇكى، پەلسەپىنى «ھەممىگە ئورتاق قانۇنىيەتنى تېپىش» خۇسۇسىيىتىگە ئىگە قىلىپ كۆرسەتكەن. بۇ ئاپتورنىڭ قانۇنىيەت دېگەن ئۇقۇمنى بىلمەيدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. قانۇنىيەت دېگەن بۇ سۆز ئادەتتە شەيئىلەرنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك، تۈپكى خۇسۇسىيەتلىرى، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكلىرى، شۇنداقلا شەيئىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەسۋىرلەپ بېرىدىغان ئومۇمىي پىرىنسىپلارنى كۆرسىتىدۇ. بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلىغاندا، ئىنسانلار رىئايە قىلىشقا مەجبۇر بولىدىغان نەرسە قانۇنىيەتتۇر. ئاپتور پەلسەپىنى «مەلۇم مەسىلىنىڭ ... ھەممىگە ئورتاق بولغان قانۇنىيىتىنى تېپىش» خۇسۇسىيىتىگە ئىگە قىلىپ كۆرسەتكەن ھەم شۇنداق چۈشەنگەن. كونتېكىستتىن قارىغاندا، ئاپتور تىلغا ئالغان «مەلۇم مەسىلە» ئىجتىمائىي مەسىلە بولۇپ، ئىجتىمائىي مەسىلە ئىنسانىيەت تۇرمۇشىنىڭ تەركىبىي قىسمىدۇر. ئەپسۇسكى، پەيلاسوپلار تۇرمۇشىنىڭ ئاساسلانغۇدەك قانۇنىيىتى يوق، دەپ قارايدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا پەلسەپە تۇرمۇشتىكى مەسىلىلەرنىڭ قايسى ئورتاق قانۇنىيىتىنى تاپىدۇ؟ بەشىنچى خاتالىق شۇكى، «ئىجابىي ئىزدىنىش» پەلسەپە بىلەن تەپەككۇرنىڭ جەريانى سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ بىر ئەخمىقانە چۈشەنچىدۇر. «ئىجابىي ئىزدىنىش» نى پەلسەپە بىلەن تەپەككۇرنىڭ خۇسۇسىيىتى دەپ قاراش ئوخشاشلا خاتا. نى ـ نى رەزىل ئوي ـ خىياللارنى تەپەككۇر ئەمەس دەپ كىم ئېيتىدۇ، ئىنسانىيەتنى چۈشكۈنلۈككە ياكى قىرغىنچىلىققا ئۈندەيدىغان تەلىماتلارنى پەلسەپە ئەمەس دەپ كىم ئېيتىدۇ؟ ئالتىنچى خاتالىق «تەپەككۇر رېئال مەسىلە ئۈستىدە بولىدۇ» دېگەن قاراشتا كۆرۈلىدۇ. تەپەككۇر پەقەت رېئال مەسىلە ئۈستىدە بولىدىغان بولسا، فانتازىيەلىك ئەسەرلەر ۋە سەپسەتىلەر تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى ئە-

مەسمۇ؟ يەتتىنچى خاتالىق «گۈزەللەشتۈرۈلگەن ئەدەبىي تەسەۋۋۇر» دېگەندەك غەلىتە سۆزدە كۆرۈلگەن. بۇ جۈملىدە «گۈزەللەشتۈرۈل-گەن» دېگەن سۆزنى قوشۇپ ئىشلىتىش ئۇشۇقچە. ئۇنداق بولسا «خۇنۈكلەشتۈرۈلگەن ئەدەبىي تەسەۋۋۇر» قانداق بولىدۇ، دەپ سوئال سورالسا، ئاپتورنىڭ «تىل كېكەچلىكى» دەرھال ئاشكارىلىنىدۇ.

«پەلسەپە بىر قاراشتىن مۇرەككەپ، سىرلىق جەمئىيەت ئىلمى بولۇپ، ئەگەر چۈشىنىشلىك، ئاممىباب مەزمۇندا بولسا مۇرەككەپ بولمىغان ئىلىم ھېسابلىنىدۇ.»

بۇ ئۆزۈندىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاپتورنىڭ نەزىرىدە پەلسەپە جەمئىيەت ئىلمى ئىكەن، ئۇنداقتا جەمئىيەتشۇناسلىقنى نېمە دەيمىز، پەلسەپە دەمدۇق؟ بۇنداق دېيىلسە پەلسەپە بىلەن جەم-ئىيەتشۇناسلىق بىر گەپ بولۇپ قالامدۇ ياكى «مۇرەككەپ، سىر-لىق» راقىنى پەلسەپە، ئاددىي، چۈشىنىشلىكرەكىنى جەمئىيەتشۇ-ناسلىق دەمدۇق، پەنلەرنىڭ پەرقىنى مۇشۇنداق ئايرىش توغرىمۇ؟ ئاپتورنىڭ يېزىشىچە، «پەلسەپە ... ئەگەر چۈشىنىشلىك، ئاممىباب مەزمۇندا بولسا مۇرەككەپ بولمىغان ئىلىم ھېسابلىنىدۇ» كەن. بۇ جۈملىدىن ئاپتورنىڭ مەقسىتىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئۇ تەبىئەت پەلسەپىسىگە ئوخشاش مۇرەككەپ، ئاممىبابلىقتىن خالىي پەلسەپە-نى ئىنكار قىلماقچىمۇ ياكى پەلسەپە ئىلمىنى «مۇرەككەپ پەلسەپە»، «مۇرەككەپ بولمىغان پەلسەپە» دەپ غەلىتە ھالدا ئىككىگە ئايرىماق-چىمۇ؟ قىسقىسى، ئاپتور نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلمىگەن ئەھۋالدا بۇ جۈملىنى قۇراشتۇرغان. ئاپتورنىڭ پەلسەپىنى جەمئىيەت ئىلمى دەپ قارىشى بەكمۇ خاتا قاراشتۇر. ئۇنداقتا، تەبىئەت پەلسە-پىسى، مېتافىزىكىلىق پەلسەپە قاتارلىقلارنى پەلسەپە كاتېگورىيە-سىدىن چىقىرىۋېتىش كېرەكمۇ؟ شۇنى بىلىپ قويۇشىمىز كېرەك-كى، كەسپىي پەيلاسوپلار پەلسەپىنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە زى-يادە كۆڭۈل بۆلۈپ دىداكتىكا ۋە جاھاندارچىلىق ئەقلىيىلىرى دە-رىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويۇلۇشىغا ئىنتايىن قارشى تۇرىدۇ. بۇنى

پەلسەپىنىڭ قىممىتىنى تۆۋەنلىتىۋەتكەنلىك دەپ قارايدۇ. ئاپتور-نىڭ يەنە «تەپەككۇر ... تەسەۋۋۇر بىلەن تۇپتىن ئوخشىمايدۇ» دېگەن قارىشىمۇ ئورۇنسىزدۇر. بۇ قاراشنى گويا بىر بايقاشنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقاندەك كەسكىن تەرزدە ھەم كۆرەڭ تەلەپپۇزدا ئوتتۇرىغا قويغۇچىلىكى يوق. چۈنكى، پىسخىكىلىق پائالىيەت ھېسابلىنىدىغان تەپەككۇر بىلەن تەسەۋۋۇرنىڭ ئۆزئارا پەرقلىنىدىغان ئۇقۇملار ئىكەنلىكى پسىخولوگىيەدىكى ئەقەللىي ساۋاتتۇر.

«پەلسەپىنىڭ تۈپ مەقسىتى دۇنيادىكى نەرسىلەر (شەيئىلەر) نىڭ، مەيلى ئۇ كۆرگىلى، تۇتقىلى بولىدىغان ياكى مەۋھۇم نەرسە بولسۇن، ئىچكى يوشۇرۇنغان تۈپ قانۇنىيىتى (مىسالەن، ئىنساننىڭ ماھىيىتى) نى ئىزدەش، بايقاش ھەم بەرھەق نەرسىگە ھۆرمەت قىلىش جەريانى بولۇپ، ھەقىقەتتىن ئايرىلغاندا پەلسەپىنىڭ قىلچىلىك قىممىتى بولمايدۇ.»

بۇ ئۆزۈندىدە ئىپادىلەنگەن قاراشقا بېرىدىغان رەددىيەم شۇكى، پەلسەپىنىڭ مەقسىتى جىسمى بار ياكى جىسمى يوق نەرسىلەرنىڭ ئىچكى يوشۇرۇنغان تۈپ قانۇنىيەتنى تېپىش ئەمەس، بۇ پەننىڭ مەقسىتى. پەلسەپە بىر تورلۇك دۇنيا قاراش. ئۇ كىشىلىك ھاياتتىكى ئۈچ چوڭ مەسىلىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ. يەنى ئادەم بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن شەيئى، ئادەم بىلەن تەڭرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئادەمنىڭ ئالەمدىكى ئورنى، يەنى ئادەمنىڭ قىممىتى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ.

پەلسەپىنىڭ مەقسىتى توغرىسىدا ئاپتور يەنە «بەرھەق نەرسىگە ھۆرمەت قىلىش» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەم «ھەقىقەتتىن ئايرىلغاندا پەلسەپىنىڭ قىلچىلىك قىممىتى بولمايدۇ» دەپ ئېيتقان. بۇ سۆز توغرا بولسىمۇ، ئەمما چەتنەپ كېتىش تۇسى بار. بارلىق پەلسەپىلەر بەرھەق نەرسىنى ھۆرمەت قىلامدۇ؟ ئۇنداقتا، ئاتېئىزملىق پەلسەپە بىلەن ئىلاھىيەتشۇناسلىق پەلسەپىسى «بەرھەق» دەپ تونۇغان نەرسە ئوخشاشمۇ؟ «بەرھەق» نەرسىنىڭ بەرھەقلىقىنى

نېمە بىلەن ئۆلچەش كېرەك؟ ئىلاھىيەتشۇناسلىق پەلسەپىسى بەرھەق دەپ تونۇغان ئوبيېكتقا ئاتېئىزملىق پەلسەپە «هۆرمەت قىلىش» ى مۇمكىنمۇ؟ ئۇنداقتا، بۇ ئىككى پەلسەپىنىڭ قايسىسى سەپسەتە؟ ئاپتور بۇ قارىشىدا مانا مۇشۇنداق مۇجمەل ھەم زىددىيەتلىك مەسىلىنىڭ پاتقىقىغا پېتىپ قالغان.

«تىل كېكەچلىكى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقى» ماۋزۇلۇق ماقالىنىڭ مۇقەددىمىسىدىن ئۆزۈۋېلىنغان بۇ ئۆزۈندىگە بىز يەنە «تىل كېكەچلىكى» نۇقتىسىدىن قارىساق، جۈملىنىڭ لوگىكىلىق قۇرۇلمىسىدا ئېغىر مەسىلە بارلىقىنى بايقايمىز. مەسىلەن، «پەلسەپىنىڭ تۈپ مەقسىتى... بەرھەق نەرسىگە هۆرمەت قىلىش جەريانى بولۇپ» دېگەن قۇرۇلمىدا بىزگە يېتىدىغان ئۇقۇم «پەلسەپىنىڭ مەقسىتى ئەخلاقىي جەريان» دېگەن غەلىتە چۈشەنچىدىن ئىبارەت. چۈنكى «هۆرمەت قىلىش» ئەخلاق مەسىلىسى. پەلسەپىنىڭ مەقسىتى هۆرمەت قىلىش جەريانى ئەمەس. ئاپتورنىڭ قىسقىغىنا بۇ مۇقەددىمىسىدىكى بىرقەدەر توغرا قاراش «ئۇ (پەلسەپە)، كىشىلەرنى ئەقىل ـ پاراسەتكە هۆرمەت قىلىش، تەپەككۇر ۋە ھەرىكىتىدە ئىدراك، پاكىتنى ئاساس قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان ئىلىم» دېگەن جۈملىدە ئىپادىلەنگەن. لېكىن بۇ جۈملىنىڭ گىراماتىكىلىق قۇرۇلمىسىدا يەنىلا مەسىلە كۆرۈلگەن. مەسىلەن، بۇ جۈملىدىكى «كىشىلەرنى» دېگەن سۆزدىكى قوشۇمچىنى «دىن» قىلىپ «كىشىلەردىن» گە ئۆزگەرتسە جۈملە ئاندىن توغرىلىنىدۇ. ئاپتور يۇقىرىقى جۈملىگە ئۇلاپلا «شۇڭا بۇ ئىلىمنى ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق زاكونشۇناسلىق ئىلمى دېيىشكىمۇ بولىدۇ» دەپ يېزىپ ئېغىر خاتالىق سادىر قىلغان. پەلسەپىنى زاكونشۇناسلىق دېيىش ئۇقۇملارنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنلىك ھەم پەنلەرنىڭ خاس پەرقىنى نەزەرگە ئالمىغانلىقتۇر. «زاكون» ئانا تىلىمىزغا رۇس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان كىرمە سۆز بولۇپ، «قانۇن، مىزان، قائىدە، داۋلى» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. زاكونشۇناسلىق دېگەن ئاتالغۇ قانۇنشۇناسلىق دېگەن سۆزدۇر. پەلسەپە قانداق قىلىپ

قانۇنشۇناسلىق بىلەن ئوخشاش ئىلىم بولىدۇ؟ قانۇنشۇناسلىق قا-
نۇننى تەتقىق قىلىدىغان، پەلسەپە كىشىگە ئەقىل بېرىدىغان، كى-
شىنىڭ زېھنىنى ئاچىدىغان ئىلىم تۇرسا. پەلسەپە دېگەن دۇنيا
قاراشنىڭ نەزەرىيەۋى سىستېمىسى، ئۇ قانداقمۇ «ئىسمى - جىس-
مىغا لايىق زاكونشۇناسلىق» ھېسابلانسۇن. ماقالە يازغاندا ئىلمىي
ئاتالغۇلارنى كەلسە - كەلمەس قوللىنىش ھەم ئارىلاشتۇرۇپ قويۇش
سەل قارايدىغان مەسىلە ئەمەس. تاسادىپىي خاتا قوللىنىلىپ قالسا
ياكى ئالماشتۇرۇپ قويۇلسا چۈشىنىشكە بولىدۇ، ئەمما يول قويۇشقا
بولمايدۇ. پەلسەپىنى «ئىسمى - جىسمىغا لايىق قانۇنشۇناسلىق ئىل-
مى دېيىشكە بولىدۇ» دېگەندەك ئەھۋالنى قاتتىق تەنقىد قىلىش زۆ-
رۈر، ئەلۋەتتە.

«ئۇ (پەلسەپە)، مەڭگۈ تېخىمۇ يېڭى بولغان قانۇنىيەتلەرنى باي-
قاشنى ئۆزىنىڭ ئىزدىنىش نىشانى قىلغان. شۇنداق بولغاندىلا ھە-
قىقىي ئەھۋال (قانۇنىيەت) نى بىلىش تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىلگىرى
سۈرۈلىدۇ. بۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى يەنىمۇ ئالغا سىلجىتىپ،
تەدرىجىي تەرەققىيات ئۈنۈمىگە ئېرىشتۈرىدۇ.»

مۇقەددىمىگە مەنسۇپ بۇ ئۈزۈندىدىكى بىرىنچى خاتالىق شۇكى،
ئاپتور بىز يۇقىرىدا تەنقىدلەپ كۆرسەتكەن پەننىڭ نىشانى بىلەن
پەلسەپىنىڭ نىشانىنى بىر قىلىپ قويۇشتەك خاتالىقنى تەكرارلى-
غان. ئىككىنچى خاتالىق شۇكى، «يېڭى قانۇنىيەت» دېگەن بىر يو-
قىلاڭ ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا چىقارغان. ئىلىم - پەندە كونا قانۇنى-
يەت، يېڭى قانۇنىيەت دېگەن ئاتالغۇ يوق. ئۈچىنچى خاتالىق شۇكى،
ئاپتور پەلسەپىنىڭ مەقسىتى ئەمەس نەرسىنى ئۇنىڭ مەقسىتى قى-
لىپ زورلاپ تېڭىپ، «شۇنداق بولغاندىلا ھەقىقىي ئەھۋال (قانۇنى-
يەت) نى بىلىش تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ» دېگەن قارىشىنى ئوت-
تۇرىغا قويغان. بۇ قاراش بىر بىمەنە قاراش بولسىمۇ ئاپتور بۇنى
ئىنسانىيەتنى پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە قىلىدىغان قاراشتەك «بۇ،
ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى يەنىمۇ ئالغا سىلجىتىپ، تەدرىجىي تە-

رەققىيات ئۇنۇمىغا ئېرىشتۈرىدۇ» دەپ جاكارلىغان. ئاپتورنىڭ بۇ ئابستراكت (ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلمىگەن) قارىشى بىزگە بىر تۇتامى يوق ئۇچۇرنى يەتكۈزگەن، خالاس. تۆتىنچى خاتالىق شۇكى، بۇ ئۇزۇندى لوگىكا جەھەتتىن چېچىلاڭغۇ بولۇپ قالغان. مەسىلەن، ئاپتور بىرىنچى جۈملىدە پەلسەپە قانۇنىيەتنى بايقاشنى «نىشان قىلغان» دەپ كېسىپ ئېيتقان بولسا، ئىككىنچى جۈملىنى «شۇنداق بولغاندىلا» دەپ ئارزۇ بىلەن باشلاپ، بىرىنچى جۈملىدىكى «نىشان قىلغان» دېگەن ھۆكۈمنى يوققا چىقارغان. شۇنىڭ بىلەن بىرىنچى جۈملىنىڭ ئىپادىلىگەن مەزمۇنى بىلەن ئىككىنچى جۈملىنىڭ ئىپادىلىگەن مەزمۇنى ئۈچىنچى جۈملىگە نىسبەتەن ئەھمىيىتىنى يوقاتقان. مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىدە ئاۋۋال ئاپتورنىڭ مەقسىتى ئېنىق تاپشۇرۇلۇشى، ئاندىن نۇقتىئىنەزەر دەلىللىنىشى، ئاخىرىدا ئىسپاتلىنىشى كېرەك. «بۇ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى يەنىمۇ ئالغا سىلجىتىپ، تەدرىجىي تەرەققىيات ئۇنۇمىغا ئېرىشتۈرىدۇ» دېگەندەك كاتتا ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخانىنىڭكىدەك تومتاق ئوتتۇرىغا قويۇلسا، ئىلىم ئەھلىرىنىڭ نەزىرىگە ئازراقمۇ ئېلىنماي پۇتۇنلەي ئېتىبارسىز مۇئامىلىگە ئۇچرايدۇ. ھۆكۈم كەسكىن تەرزدە ئېيتىلغان بىلەن ئوبيېكتىپ پاكىتلار بىلەن دەلىللەنمىگەن ۋە نەزەرىيەۋى ئاساسلار بىلەن ئىسپاتلانمىغان. بۇنداق قىلىش ئىلىم - پەن جەھەتتىكى بىلىمسىزلىك، نەزەرىيەدىكى ئاجىزلىق، ئىلمىي دۇنيا قاراشنىڭ تۆۋەنلىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇڭا ئېتىبارسىز مۇئامىلىگە ئۇچرايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ قايىل قىلىش كۈچى يېتەرسىزلا ئەمەس، پەقەتلا يوق!

ماقالىسىنىڭ ئالىقانچىلىك مۇقەددىمىسىدە مانا مۇشۇنداق بىر تالاي خاتالارنى سادىر قىلغان ئاپتور ئادەمنى ھەيران قالدۇرۇپ، يەنە تېخى «ئۇزۇندىن بۇيانقى كۆزىتىشىمگە ئاساسەن نۆۋەتتىكى يېزىقچىلىق، پەلسەپە، دۇنيا قاراش، قىممەت قاراش قاتارلىق جەھەتلەرگە

چېتىلىۋاتقان بىر قىسىم مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئويلىشىپ كېلىۋاتقانىدىم» دەپ لاپ ئاتقان. ئەلۋەتتە، ھەركىم بۇ جەھەتلەرگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەردە تەنقىد يۈرگۈزۈشكە ھوقۇقلۇق. ئەمما، ئۆزى مۇئەييەن سالاھىيەتنى ھازىرلىشى كېرەك. يازمىسىدا تىل كېكەچلىكى بىلەن تەپەككۇر نامراتلىقىنى كىشىنىڭ ئىچى ئاغرىغۇدەك دەرىجىدە كۆپ سادىر قىلىدىغان بىر ئادەم يېزىقچىلىق، پەلسەپە، دۇنيا قاراش، قىممەت قاراش قاتارلىق جەھەتلەردە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىمەن، دەپ مەيدە كېرىپ سەھنىگە چىقسا، بىلىدىغانلار مەسخىرە نەزىرى بىلەن قارىماي تۇرالمايدۇ.

مەتبۇئاتلىرىمىزدا ئەخلەت يازمىلار تۆكمە بولۇپ كەتكەچكە، يۇقىرىقىدەك مەسخىرىلىك كۆرۈنۈشلەرمۇ ئۈنچىۋالا غەلىتە تۇيۇلمايدىغان بولۇپ قالىدىكەن كىشىگە. «ئەخلەتچىلىك» گۈللىنىگەن كەسىپكە ئايلىنىپ ئەخلەت كىتاب، ئەخلەت رومان، ئەخلەت شېئىر، ئەخلەت ماقالە، ئەخلەت ناخشا، ئەخلەت سەنئەت دېگەندەكلەر ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇرۇۋاتسا، تېخى بۇنداق «ئەخلەتچىلەر» شۆھرەت ۋەسۋەسىسىدە، ئۆزى تەشەببۇسكار بولۇپ تۈرلۈك يوللارنى ھازىرلاپ «تون كىيىش» ھەلەكچىلىكىدە قاتراپ يۈرسە، بۇنداق تېتىقسىزلىقلارغا مەسخىرىلىك كۈلۈپمۇ ئۈلگۈرگىلى بولمايدۇ — دە، شۇنىڭ بىلەن قېنى قەيەرگىچە بارالايسەنكىن، دەپ سوغۇق نەزەردە قاراپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخانىنىڭكىدەك نازۇك تېمىلاردا تاقىقا — تۇققا قاراشلارنى ئىپادىلىگەنلىكى سەۋەبىدىن تەنقىدكە ئۇچرايدىغان ئەسەرلەر ئاندا — مۇندا ئۇچراپمۇ تۇرىدۇ. بۇ ھال ھەرگىزمۇ بۇ خىل سۇپەتسىزلىك ھادىسىسى باشقىلاردا كۆرۈلمىگەنلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ. باشقا خېلى كۆپ «ئەخلەتچىلەر» نىڭ ئەسەرلىرى كۆڭۈل قويۇپ تەنقىدلەشكىمۇ ئەرزىمەيدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، خالاس.

ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخان 13 كىچىك ماۋزۇغا بۆلۈپ يازغان بۇ ماقالىسىدە سادىر قىلغان خاتالىقلارنى مۇقەددىمىنى تەھلىل — تەن-

قىلغاندەك بۇنداق ئىنچىكە تەھلىل ـ تەنقىد قىلساق بىر تالاي نەرسە يېزىشقا توغرا كېلىدۇ. مۇقەددىمە ھەققىدىكى تەھلىل ـ تەنقىدلەر بىلەن بولدى قىلىپ «تىل كېكەچلىكى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقى» توغرۇلۇق ماقالە يازغان ئاپتورنىڭ يېزىقچىلىق قابىلىيىتى ۋە تەپەككۇر قۇۋۋىتى مانا مۇشۇ سەۋىيەدە، قالغىنىنى پەرەز قىلىۋېلىڭلار، دەي دېسەم، كېيىنكى مەزمۇنلاردا سادىر قىلىنغان خاتالارنىڭ خاراكتېرى مۇقەددىمىدە كۆرۈلگەن خاتالىقلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئېغىر، شۇڭا ھېچبولمىغاندا باشتىكى ئىككى ماۋزۇدا يېزىلغان پارچىلارنى تەھلىل ـ تەنقىد قىلىپ، قالغان 11 پارچىنى قويۇپ تۇرۇشنى لايىق تاپتىم.

ئاپتور ماقالىسىنىڭ «تىل كېكەچلىكى» دېگەن بىرىنچى ماۋزۇدىكى مۇلاھىزىسىدە (توغرىسى تەنقىدىدە) گەپنى «بۇ تېمىدىكى ئاتالغۇ نۆۋەتتىكى ‹پەيلاسوپ› ياكى ‹مۇتەپەككۇر› نامىدا ئاتىلىپ كېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ماقالە ۋە ئەسەرلىرىدىكى ئېغىر تىل، پاساھەتلىك تىل، مەزمۇندار تىل ئۇسلۇبىغا، ئۆزىنى تىلدار (تىلغا باي) قىلىپ كۆرسىتىۋاتقان كىشىلەرگە قارىتا ئېيتقىنىم» دەپ باشلىغان. بىز ئاپتورنى خىجىل قىلىپ «مەزمۇندار تىل ئۇسلۇبى» دېگەنىڭىز قانداق گەپ، بۇ بىر غەلىتە گەپقۇ دەپ تۇرۇۋالماي، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ «كېكەچ» دېگەن ئاتالغۇنى «مۇتەپەككۇر» ياكى «پەيلاسوپ» نامىدا ئاتىلىپ كېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئەسەرلىرىگە قارىتا ئېيتقانلىقىغا كېلەيلى. نۆۋەتتە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى مەتبۇئاتلاردا قايسى مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرى «پەيلاسوپ» ياكى «مۇتەپەككۇر» نامىدا ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ، ئاپتور ئۇلارنى ئېنىق كۆرسەتمىگەنىكەن، مەن كۆرسەتسەم خاتا پەرەز قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنالمايمەن. پەقەت مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرى ئىچىدىكى بىر قىسمىلىرىنى كۆزدە تۇتقان دەپ چۈشىنىمەن. شۇڭا، ئاپتورنى ئاتالغۇلار ئۇيۇنى ئويناشقا ئامراقلىقتىلا ئەيىبلىيەلەيمەن ھەم «كېكەچلىمەي ئېنىق كۆرسەتسىڭىز بولمامدۇ» دەپ تەنقىدلەيمەن. ئاپتور

مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرىمىز ئىچىدىكى ئۆزى ئاتىۋالغان بۇ نامەلۇم
«پەيلاسوپ»، «مۇتەپەككۇر» لارنىڭ ئەسەرلىرىنى، سۆزلىرىنى «چۈ-
شەنمەسلىكىم، تېگىگە يېتەلمەسلىكىم پاكىتتۇر» دەپ قاقشىغان.
ئاپتور ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى، سۆزلىرىنى چۈشىنىدىغانلارنى «سە-
ۋىيەسى يۇقىرى زىيالىيلار قاتلىمىغا تەۋە»، «ئاز ساندىكى كىشى»
دەپ خاراكتېرلىگەن. ئۆزىنى «مەن تۆۋەن سەۋىيەلىك زور كۆپچى-
لىك كىشى توپىغا، ئوقۇغۇچىلارغا، ئادەتتىكى كىشىلەرگە ھەم قا-
رىتۇرۇك دېھقانلار توپىغا تەۋە» دەپ خاراكتېرلىگەن. بۇ ئارقىلىق
ئۇ «ھەقىقەت كۆپ سانلىقلارنىڭ قولىدا بولىدۇ، شۇڭا بىز مۇھىم
ھەم ئاساسلىق تەرەپ» دېمەكچى بولىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى،
كۆپ ھاللاردا ھەقىقەت كۆپ سانلىقلارنىڭ ئىلكىدە بولماي قالىدۇ.
ھەتتا كۆپچىلىك ھەقىقەت دەپ بىلگەن نەرسە ھەقىقەت ئەمەس بولۇپ
چىقىدۇ. ئېينىشتېيىنمۇ «مېنىڭ دۇنيا قارىشىم» دېگەن مۇھىم ما-
قالىسىدە «ئاۋام ئىدىيە جەھەتتە ھامان قاشاڭ بولىدۇ» دەپ ئەس-
كەرتكەن. شۇڭا، «ئادەم دېڭىزى تاكتىكىسى» غا تايىنىش ئىلمىي
ساھەدە ئاقمايدۇ. قىزىق يېرى شۇكى، ئاپتور ئۆزىنى «مەن ئومۇ-
مىيلىققا ۋەكىللىك قىلىمەن»، چۈنكى «مەن تۇرغان تەرەپ ئەڭ كەڭ
خەلق ئاممىسىدىن ئىبارەت» دەپ كۆرسەتكەن. ئاپتور بۇ قۇرلارنى
يېزىۋاتقاندا «پەيلاسوپ»، «مۇتەپەككۇر» لارنىڭ ئەسەرلىرىنى چۈ-
شەنمىگەن ئادەمنىڭ ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ھەرقانداق نۇقتىدىن
تەھلىل ـ تەنقىد قىلىش سالاھىيىتىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى ئويلى-
مىغان. بىلىش كېرەككى، ئاكادېمىك ماقالە تىلى بىلەن ئاممىۋى
ماقالە تىلىنىڭ مۇتلەق پەرقى بولىدۇ، ئۇلارغا ئوخشاش تەلەپ قو-
يۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. بىرقەدەر مۇرەككەپ بولغان پەلسەپىۋى ئە-
سەرلەر تىلى ۋە ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ تىلى بىلەن ئاممىۋى ماقالى-
لەرنىڭ تىلىمۇ خېلىلا پەرقلىق بولىدۇ. پەلسەپىۋى ئەسەرلەر سىس-
تېمىلىق ۋە يۈكسەك ئەقلىي تەپەككۇر بىلەن يېزىلىدىغان بولغاچقا،
ئىشلىتىلگەن تىل ۋە قوللىنىلغان جۈملىلەر مۇرەككەپرەك بولىدۇ.

بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن ھەقىقەتەن سەۋىيە كېرەك. بۇ خىلدىكى ما-
قالە - ئەسەرلەرنىڭ تىلىغا ئامىمىباپلىق تەلەپ قويۇش مۇۋاپىق
ئەمەس. ئەگەر يازغان ماقالە - كىتابلىرىنىڭ تىلى ئامىمىباپ بول-
مىغان پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇرلارنى ئەيىبلەشكە توغرا كەلسە، بۈيۈك
راتسىيونالىزمچى پەيلاسوپلاردىن ئەپلاتون، ئارىستوتېل، دىكارت،
سپىنوزا، كانتلار، گېرمان ئىدېئالىزمچىلىرىدىن گېگېل ۋە
شىللىڭلار، ئىسلامىيەت پەيلاسوپلىرىدىن فارابى، ئىبنى ئەرەبى،
مۇھەممەد غەززالىلار، غەربنىڭ ھادىسىشۇناسلىرىدىن ھېيدىگېر ۋە
لېۋىناسلار، جۇڭگونىڭ پەيلاسوپلىرىدىن لاۋزى ۋە جۇاڭزىلار بىردەك
ئەيىبلىنىشى كېرەك. بىراق، بۇنداق قىلىش ئەقىلگە سىغمايدۇ ھەم
نادانلىق بولۇپ قالىدۇ.

ئاپتور بىزنىڭ نۆۋەتتىكى «پەيلاسوپ» ياكى «مۇتەپەككۇر» لىرد-
مىزنى ئەيىبلەپ، ئۇلار «مۇددىئاسىنى بىر تەرەپتىن زىيادە ئۇخشى-
تىش ۋە كۆچمە مەنىدىكى سۆزلەرنى ئىشلىتىش، جۈملە قۇرۇلمى-
لىرىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈش، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلىرى ئوقۇغان،
ئەمما تولۇق ھەزىم قىلىشقا ئۈلگۈرمىگەن كىتابلاردىكى ئۇزۇندىلەر-
نى ئىشلىتىپ پەردازلاش، سىرلىق ئۇقۇملار بىلەن كىشىلەرنى
گاڭگىرىتىپ، ئۆز مەقسىتىنى ئۇدۇل ئېيتماي گەپ ئوينىتىش ئار-
قىلىق نامەلۇم مەقسەتلىرىگە يەتمەكچى بولۇشتى» دەپ قاتتىق ئە-
يىبلىگەن. بىز ئالدى بىلەن ئاپتورنىڭ بۇ پەلسەپەتىش جۈملىسىنى
قۇرۇلما جەھەتتىن تەھلىل قىلىپ باقساق چاك باسمايدىغانلىقىنى
بايقايمىز. مەسىلەن، «مۇددىئاسىنى» دەپ باشلانغان جۈملىنىڭ
«مەقسەتلىرىگە يەتمەكچى بولۇشتى» دەپ ئاياغلاشتۇرۇلغانلىقى خاتا
بولغان. شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش لازىمكى، يېزىقچىلىقتا «كۆچمە
مەنىدىكى سۆزلەرنى ئىشلىتىش» چەكلەنگەن ئۇسۇل ئەمەس، پى-
كىرنى ئىپادىلەشتە ئېھتىياج تۇغۇلسا «جۈملە قۇرۇلمىلىرىنى مۇ-
رەككەپلەشتۈرۈش» مۇ ھەرگىز خاتا ئەمەس. ئەركىن ئىسھاق ئو-
غۇزخان ئۆزىمۇ يۇقىرىقى جۈملىسىنىڭ قۇرۇلمىسىنى مۇرەككەپ

تۇزگەن. ئۇنداقتا، بۇنى نېمە دەيمىز؟ بىزنى ئەڭ ئەپسۇسلاندۇرغان يېرى شۇكى، ئاپتورنىڭ «پەيلاسوپ»، «مۇتەپەككۇر» لارنى «نامەلۇم مەقسەتلىرىگە يەتمەكچى بولۇشتى» دەپ، قەلبى رەزىل ئارزۇلار بىلەن تولغان كىشىلەر قاتارىدا ئەيىبلىگەنلىكىدۇر. بۇنى بىز كەلسە - كەلمەس ئەيىبلەش ياكى تۆھمەت دېمەي تۇرالمايمىز. ماقالىسىدە «تەپەككۇر ئىگىلىرى» نى ئۇلۇغلىماق بولۇپ «روھ دۇنياسىدىكى مۇنەۋۋەر سىياسىيونلار» دەپ قاملاشمىغان ھالەتتە تەرىپلىگەن ئاپتور ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى «بەزىلىرى» نى «نامەلۇم مەقسەتلىرىگە يەتمەكچى» دەپ ئەيىبلىگەنىكەن، روشەن پاكىت، رەت قىلغۇسىز مۇلاھىزىلىرى بىلەن ئوقۇرمەننى قايىل قىلغۇدەك دەرىجىدە يېزىپ كۆرسىتىشى لازىم ئىدى. ئەگەر ئۇلارنىڭ «يەتمەكچى بولغان نامەلۇم مەقسىتى» رەزىل مەقسەت بولسا ھەم ئاپتور ئېيتقاندەك «بىلەرمەنلىكىنى شەكلى ئۆزگەرگەن ئۇسۇلدا كۆز - كۆز قىلىش» ۋە «شۆھرەت تاما قىلىش» تەك «چوڭ پەسكەشلىك!» بولسا، بۇنىمۇ مىسال بىلەن كۆرسىتىشى لازىم ئىدى. ئەگەر ئاپتور ئېيتقاندەك، بۇ بىر قىسىم «پەيلاسوپ» ياكى «مۇتەپەككۇر» لىرىمىزنى «دېمەكچى بولغىنىنى ئېغىر تىل ئىچىگە كۆمۈپ قويۇپ، ئويۇن ئويناۋاتقان» «چوڭ پەسكەش» لەر قاتارىغا چىقىرىپ، ئۇلارغا «ئەمدى يەنە يېزىش توغرا كەلسە تەكلىپىم شۇكى، بۇ كىشىلەر ئەڭ ياخشىسى مەسەل يازسۇن، تىلى چۈشىنىشلىك، ئوقۇشلۇقى بار، جەلپ قىلارلىق مەسەل ئارقىلىق پەلسەپىۋى ئىدىيەسىنى سىڭدۈرۈشكە تىرىشسۇن، خۇددى ‹بۆرە كەلدى›، ‹بۆرە بىلەن قوزىچاق› قاتارلىقلاردەك. شۇنداق بولغاندا، بىرلا ئوقۇپ چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ» دەپ كۆرسەتمە بەرسە توغرا بولارمۇ؟ «تىلى ئېغىر» بۇ مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرى «چوڭ پەسكەش» بولسا، تىلى يېنىك مەسەلچىلەر «بۈيۈك ئالىيجاناب» لار سانىلىشى كېرەكمۇ؟ ئىنسانىيەتنىڭ پەلسەپە تارىخى ئىزوپ بىلەن كىرىلوفتەك دۇنياۋى مەسەلچىلەرنىمۇ پەلسەپىچى سۈپىتىدە تونۇمدۇ - تونۇمامدۇ؟ پەلسەپە - ئىدىيە تارىخىدا بىز تېخى ئىزوپ بىلەن

كىرىلوفنىڭ ئىسمىنى ئۇچراتمىدۇق. بەلكى «تىلى ئېغىر» ئەسەرلەرنى يازغان ئەپلاتون، ئارىستوتېل، فارابى، غەززالى، سپىنوزا، كانت، گېگېل، ماركس، لاۋزى، جۇاڭزى، سارترى، ھېيدىگېر، ۋېستگىنتىيىن قاتارلىق پەيلاسوپلارنىڭ ئىسمىنى ئۇچراتتۇق. پەلسەپىنى ساددىلىق بىلەن دىداكتىكا ۋە جاھاندارچىلىق ئەقلىيىلىرى دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويغان كىشىلەرنى قاتتىق تەنقىد قىلىدىغان كەسپىي پەيلاسوپلار، ئەركىن ئىسھاق ئۇغۇزخاننىڭ «مەسەل دەرىجىسىگە چۈشۈرۈش» تەكلىپىنى كۆرسە نېمە بولۇپ كېتەر؟ قەلەمدىن قەدەمدە بىر «تىل كېكەچلىكى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقى» كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئەركىنجان ئېنىقكى، نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇ مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرىغا قاراتقان يوقىرىقى تەكلىپىدىمۇ «ئوقۇشلۇقى بار» دېگەن خاتا سۆزنى ئىشلەتكەن. كونتېكستتىن قارىغاندا ئەسلىي ئۇ «ئوقۇشچان» دېمەكچى ئىكەن. «ئوقۇشلۇق» دېگەن ئىسىم، «ئوقۇشچان» دېگەن سۈپەت. جۈملىنىڭ مەزمۇن ئېھتىياجى سۈپەتنى تەلەپ قىلىۋاتقان ئەھۋالدا ئىسىمنى ئىشلىتىش خاتا. ئەركىنجاننىڭ بۇ يازمىسىدا جايىنى تاپالمىغان بۇنداق سۆزلەر سامانەدەك. مەسىلەن، ئۇ مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرىنى ئەيىبلىمەكچى بولۇپ يۇرگۈزگەن گۇمانىدا مۇنداق يازغان: «مېنىڭچە، بىر قىسىملارنىڭ دېمەكچى بولغىنىدىن تىل بايلىقىغا ‹پىشقان› مەنمەنلىكىنى كۆز ـ كۆز قىلىشى مۇھىمدەك تۇرىدۇ.» كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ جۈملىدىكى «پىشقان» دېگەن سۈپەت سۆزى جايىغا چۈشمىگەن. چۈنكى، ئانا تىلىمىزدا «بايلىققا پىشقان» دېگەن تىل ئادىتى يوق. ئۇنىڭ يەنە «كىلاسسىك پەلسەپىۋى پىكىر چەمبىرىكى» دېگەن سۆزىمۇ خاتا.

ئاپتور ماقالىسىنىڭ «ئېغىر تىل ۋە چۈشىنىشلىك تىلنىڭ سېلىشتۇرمىسى» دېگەن ئىككىنچى ماۋزۇ ئاستىدا يۈرگۈزگەن تەنقىدىي مۇلاھىزىسىدە «زىيالىيلار ئېغىر تىل بىلەن يېزىلغان ماقالىلەر» گە «بەك ئېھتىياجلىق ئەمەس»، چۈنكى «زىيالىيلار قاتلىمى

جەمئىيەتنىڭ باشلامچى قوشۇنى بولۇپ، نېمىنىڭ توغرا، قايسى يولنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى باشقىلاردىن ئېنىق بىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. گۆدەكلەرچە ئېيتىلغان بۇ سۆزگە قائىدە بويىچە رەددىيە بەرمەستىن، مىيىقىمىزدا قىيسىق كۈلۈپ قويۇشلا كۇپايە بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ «تەپەككۇر نامراتلىقى» ھەققىدە تەنقىد يۈرگۈزۈۋاتقان ئاپتورغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلماي بولمايدۇ.

بالىلارچە سەۋىيەدە پىكىر قىلىدىغانلار دائىم ئەستايىدىل ئويلانماستىنلا ئۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان بولغاچقا، بىلىش سەۋىيەسى بىرقەدەر تۆۋەن بولىدۇ، مۇلاھىزىسى ئەتراپلىق بولمايدۇ، پىكىرلىرى چوڭقۇرلۇق ھاسىل قىلالمايدۇ. مەسىلىنى يۈزە ھالدا ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قايىل قىلىش كۈچى يوق بولىدۇ. بىلىش چوڭقۇر بولمىغاندا ئىشنىڭ بىر تەرىپىنى ياكى ئايرىم نۇقتىسىنى تۇتۇۋېلىپ ھەممىسىگە باھا بېرىدىغان ئەھۋال كۆرۈلىدۇ. بىر ئادەمنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەل بولۇشى، ئۇنىڭ دۇنياغا، ئەتراپىدىكى ئادەم ۋە ئىشلارغا توغرا مۇئامىلە قىلىشىغا، توغرا، ئىلمىي، ئادىل، ئوبيېكتىپ باھا شەكىللەندۈرۈشىگە ياردەم بېرىدۇ. گۆدەكلىك دېمەك نادانلىق دېمەكتۇر. نادانلارنىڭ پىكىر ۋە قاراشلىرى ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىمەيدۇ. ئەمما، خەلقنىڭ ئومۇمىي بىلىش سەۋىيەسى گۆدەكلىك ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان شارائىتتا، پىكىر - قاراشلىرى پەلىپەتىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئوتتۇرىغا چىقىپ سۆزلەشكە ۋە يېزىشقا جۈرئەتلىك بىر تۈركۈم «جاسارەتلىك نادانلار» نىڭ تومتاق ھەم قالايمىقان پىكىر - قاراشلىرى، پۇچەك مەسخىرىلىرى، يالغان - ياۋىداق پىتنە - پاساتلىرى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ئاجىز گول كىشىلەرنى خېلىلا قايمۇقتۇرۇش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا، ئەستايىدىل تەنقىد يۈرگۈزۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ. ئاۋام خاتا بىلىشكە ئىگە قىلىنسا خەيرسىز ئاقىۋەت يۈز بېرىدۇ.

خاتا بىلىش، يۈزە بىلىش، بىر تەرەپلىمە بىلىش ئىدىيە جەھەت-

تىكى ئاقارتىش ھەرىكىتىنىڭ ئىسلاھات نىشانىدۇر. بۇنداق ئاقارتىش ھەرىكىتى بىزگە ھەر زامان كېرەك. بۇنىڭدا ھەقىقەتەن زىيالىيلارنىڭ رولى چوڭ بولىدۇ. لېكىن زىيالىيلارنىڭ ھەممىسى توغرا ئىدىيەنىڭ، ئەتراپلىق بىلىمنىڭ ۋە پىشقان يېزىقچىلىق قابىلىيىتىنىڭ ئىگىسى بولۇشى ناتايىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە مەسئۇلىيەت روھى بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. جان باقتى، ساختىپەز، بىپەرۋا، لىكىتاسما زىيالىيلارمۇ يوق ئەمەس. جۇڭگولۇق زىيالىيلارنىڭ ساپاسى توغرىسىدا كۆپ مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن، زامانىمىزدىكى پەيلاسوپ جۇ خېجۇن ئەپەندى «غەربلىكلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا بىز جۇڭگولۇقلارنىڭ ھەق ـ ناھەق قارىشىمىز ئۇلارنىڭكىدەك قەتئىي روھقا ئىگە ئەمەس. بىزنىڭ ھەق ـ ناھەق قارىشىمىز مۇجمەل، ئومۇمەن، ئەڭ ئاخىرقى ئۇنۇمگە ئىنتىلىمىز، ۋەقەنىڭ ئەينى ئەھۋالىنى بىلىشكە ئىنتىلمەيمىز، ھەق ـ ناھەق، توغرا ـ خاتالىق توغرىسىدا كاجلىق قىلمايمىز، بۇنىڭ بىلەن باشقىلارغا توغرا ـ خاتا، ھەق ـ ناھەقنى ئايرىمايدىغاندەك تەسىرات بېرىمىز. مانا شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن مىللىتىمىزدە ئىلىم ـ پەن روھى بارلىققا كەلمىدى» دەپ ئۆكۈنگەن. جۇ خېجۇن ئەپەندىنىڭ بۇ قارىشىنى بىز ئۇيغۇر زىيالىيلىرىغا تەتبىقلاپ باقساق تېخىمۇ بىچارە ئەھۋالدا ئىكەنلىكىمىزنى ھېس قىلىمىز. بىزنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىمىزدە، تەتقىقات ئورۇنلىرىمىزدا ئىشلەۋاتقان بىر قىسىم پىروفېسسور، دوكتورلارنىڭ ئىلىم ـ پەن روھى زادى قانچىلىك دەرىجىدىدۇ؟ مەۋقەسى مۇستەھكەممىدۇ؟ ئۆزىگە يېتەكچى قىلغان ئۆزگەرمەس پىرىنسىپى بارمىدۇ؟ ئۇلار ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكى چىرىكلىك شامىلىنىڭ تەسىرىگە قانچىلىك ئۇچرىغاندۇ؟ ئىلىم ـ پەن ساھەسىگە يامراۋاتقان «قاراڭغۇ بازارچىلىق» قا قاتنىشىۋاتقانمىدۇ؟ ئۇلاردا ئىلىم ـ پەن روھىنىڭ جەۋھىرى ھېسابلىنىدىغان تەنقىد روھى يېتەرلىكمىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەسەرلىرىدىكى روشەن خاتالىقلارغا يېزىلغان ئانچىكىم تەنقىدلەرگىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي

تېپىلار لاپ، ھەممە يەرگە سوكۇلداپ، ئۇچرىغانغا كوتۇلداپ قاقشاپ يۈرگەن ئاجىز ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر يوق دەپ ئېيتالامدۇق؟ مې-نىڭچە، ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخاننىڭكىدەك بارلىق زىيالىيلارنى ئۇلار «جەمئىيەتنىڭ باشلامچى قوشۇنى بولۇپ، نېمىنىڭ توغرا، قايسى يولنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى باشقىلاردىن ئېنىق بىلىدۇ» دەپ چۈشىنىشنى قارىغۇلارچە قاراشنىڭ مەھسۇلى دەپ ئېيتىشقا بولى-دۇ. زىيالىيلارنىڭ ھەممىسى ئۇنداق، لىدىرلارغا خاس ساپانى ھازىر-لىغان، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك، سەگەك تەپەككۇرغا ئىگە بولۇپ كەتمەيدۇ. زىيالىي دېگەن ئاتاقنى مۇناسىپ ئادەم بولۇش ئاسان ئەمەس. ئادەتتە، ئۆز خەلقىگە نىسبەتەن پىكىر ـ ئىدىيەدە ئىلغار، ئۆتكۈر ھېسابلىنىدىغان سەرخىللار زىيالىي دەپ قارىلىدۇ. ئەمما بۇ زىيالىينىڭ مۇكەممەل ئوبرازى ئەمەس. ئەڭ مۇھىمى ئۇلاردا ئادا-لەتنى ياقلايدىغان روھ، ھەقىقەتكە بولغان ئوتتەك قىزغىن پوزىتى-سىيە بولۇشى كېرەك. چۈنكى، رۇسىيەلىك داڭلىق يازغۇچى پىرىش-ۋىن ئېيتقاندەك «ھەقىقەتتىن قېچىش تولىمۇ ئاسان، ئەمما ھەقىقەت ئۈچۈن ياشاش تولىمۇ مۇشكۇل.» زىيالىي بولغان كىشى دەل مۇشۇ مۇشكۇل يولنى تاللىغان بولۇشى كېرەك. ئالىم، مۇتەخەسسىس، پىروفېسسور، دوكتور بولسىلا زىيالىي ھېسابلانمايدۇ. «سايىسى مەكتەپنىڭ سىرتىغا چىقمايدىغان، تەتقىقات قولچىلىقىغا گىرىپتار بولۇپ كەتكەن»، ئومۇمنىڭ ئىشىغا كۆڭۈل بۆلۈشى يېتەرسىز ئا-لىم، مۇتەخەسسىس، پىروفېسسور، دوكتورلار ھەممىلا يەردە بار. ئۇنداقلار ھەق ـ ناھەق مەسىلىلىرىگە بولغان مۇستەقىل قاراشتىن مۇستەسنا، مۇھەببەت ـ نەپرەت پوزىتسىيەسى مۇجمەل، بوشاڭ يا-كى ئىجتىمائىيلىقى يوق گول كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىجتىمائىيلىقى يوق ساددا بىلىم ئىگىلىرىنى خېلىلا كۆپ دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئۇلار ئۆز كەسپىنىڭ سىرتىدىكى ئانچىكىم ئىشلارغىمۇ ھەيران بولۇپ يۈرىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ۋە سىياسىينىڭ ئايلىنىش قانۇنىيىتىنى بەكمۇ يۈزە چۈشىنىدۇ. بۇنداق گول ھەم

گىرى بىلىم ئىگىلىرىنى مەدرىسە تىلى بويىچە «موللا پەقەت» ئا-
لىملار، «موللا پەقەت» دوكتورلار دەپ سۈپەتلەشكە بولىدۇ. پەقەت
موللىلىقنىلا بىلىپ باشقا ئىشلاردا گول، ساددا، ئاجىز، ئەزمە بول-
غان ئۆلىمالارنى كىشىلەر بۇرۇن «موللا پەقەت» دەپ سۈپەتلىگەنـ-
كەن. گەرچە مەلۇماتى چوڭقۇر بولسىمۇ، ئەمما ئۇمۇرژايەت كىتاب-
تىن چىقالمايدىغان، ئىلمىنى جانلىق تەتبىقلىيالمايدىغان، بىرى
ئارقىلىق باشقىلارنى بىلەلمەيدىغان بۇنداق كىشىلەرنى ياۋروپا-
لىقلارمۇ «ئىلىملىك دۆت» (a learned- fool) دەپ ئاتايدىكەن. بۇ
ئىلىم باشقا، ئەقىل باشقا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. يەنى ئىلىم-
لىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەقىل ـ پاراسەتلىك بولۇۋەرمەي-
دىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

دېمەكچى بولغىنىمىز، ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخاننىڭ زىيالىيلار
قوشۇنىنى قارىتىۋىلىق «باشلامچى قوشۇن»، ئۇلار «توغرا ـ خاتانى ئې-
نىق بىلىدۇ» دەپ چۈشىنىشى بىر تەرەپلىمىلىكتۇر. ئۇلارنىڭ ئى-
چىدە يېتەكچىلىك رول ئوينىيالايدىغان لىدىرلىق خۇسۇسىيەتكە ۋە
ھەققانىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت روھى كۈچ-
لۈك ھەم سەزگۈر زىيالىيلار مەلۇم نىسبەتتە بار دېمەكچى. ئادەتتى-
كى ئاۋام ھەقىقەتكە ئەمەس، چولپانغا ھېرىسمەن بولغاندەك، مەس-
ئۇلىيەت روھى يوق زىيالىيلار ھەقىقەتكە ئەمەس، پەقەت مەنپەئەتكە
ھېرىسمەن بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈپ قاراش كېرەك. نام ـ
ئاتىقىنىڭ بولغانلىقى، ئۇنۋانىنىڭ چوڭلۇقى ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ
مۇكەممەللىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

«تىل كېكەچلىكى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقى» نىڭ ئاپتورى «ئې-
غىر تىل» دا يېزىلغان ئەسەرلەر توغرىسىدا توختىلىپ يەنە «مې-
نىڭچە، بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپلىرى ئۆزلىرىنىڭ نېمە
دەۋاتقانلىقىنىمۇ ئېنىق ئاڭقىرىپ كېتەلمىسە كېرەك. دېمەك، بۇ
«پەيلاسوپلار» ئاخىرىدا يېڭىلگۈچىلەردىن ئىبارەت. شۇڭا، ھە دېسىلا
جەمئىيەتتىن ئاغرىنىدۇ، بارغانسېرى بۇزۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن

ئېچىنىدۇ» دەپ يازغان.

بۇ ئۆزۈندىدىمۇ ئاپتورنىڭ يەنە زىددىيەتلىك پىكىرنىڭ پاتقىقىغا پېتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بىز ئاپتوردىن «بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپلىرى ئۆزلىرىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئېنىق ئاڭقىرىپ» كېتەلمەيدىغان تۇرسا، ئۇلارنىڭ يازغان ماقالىلىرى بىلەن ئېيتقان سۆزلىرىنى «چۈشەنمەسلىكىم، تېگىگە ھەقىقىي يېتەلمەسلىكىم بىر پاكىت» دەپ تەن ئالغان ئاپتور، قانداق قىلىپ ئۇلارنىڭ «ھە دېسىلا جەمئىيەتتىن ئاغرىنغان» لىقىنى، «بارغانسېرى بۇزۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئېچىنغان» لىقىنى بىلىۋالغاندۇ، دەپ سوئال سورىماي تۇرالمايمىز. قېنى بۇ سوئالغا بىزنىڭ تېخى «پەيلاسوپ» ياكى «مۇتەپەككۇر» بولمىغان ئاپتورىمىز نېمە دەپ جاۋاب بېرىدىكىن. بىز يەنە ئاپتوردىن يۇقىرىقى ئۆزۈندىدىكى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى جۈملىگە «شۇڭا» دەپ باشلانغان ئۈچىنچى جۈملىنىڭ مەزمۇن جەھەتتىن باغلىنامدۇ؟ دەپ سوراپ باقساقمۇ، ئاپتورىمىز كېكەچلەپ تۇرۇپ قېلىشى مۇمكىن. چۈنكى، پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇرلارنىڭ «ئاخىردا يېگىلگۈچىلەردىن» بولۇشىغا، ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ «ھە دېسىلا جەمئىيەتتىن ئاغرىنىدىغان» لىقى، ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ «بارغانسېرى بۇزۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئېچىنىدىغان» لىقى سەۋەب بولمايدۇ. بۇنداق قاراشنى بىز ئۈچىنچى چىققان «تەپەككۇر نامراتلىقى» دەپ ھېسابلايمىز. بىز پىششىق بىلىدىغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىدە ئەينى دەۋر جەمئىيىتىدىكى بۇزۇلغان ئىجتىمائىي كەيپىيات ۋە ديانەتسىز ئادەملەردىن قاتتىق ئاغرىنغان ھەم ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىنى يېزىپ قالدۇرغان. ئەجەبا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «ئاخىردا يېگىلگۈچى پەيلاسوپ» بولدىمۇ؟ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىدا ئۆز زاماندىن ۋە زامانداشلىرىدىن قاتتىق ئاغرىنىپ، ئۇلارنى ئېچىنىپ ھەم ئەيىبلەپ تۇرۇپ تەنقىدلىگەن. ئەجەبا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «ئاخىردا يېگىلگۈچى شائىر» بولدىمۇ؟ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەد ئىمىن 1990 ـ يىللارنىڭ باشلىـ

رىدا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان «ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار»، «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىلـ-لەت»، «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇ-قەددىمىسى»، «يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش» ماۋزۇلۇق ماقالىلە-رىدە بىزنىڭ تارىخىي ۋە رېئال ئىللەتلىرىمىز ھەققىدە ئېچىنىپ ۋە ئاغرىنىپ تۇرۇپ مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن. ئەجەبا، ئابدۇشۈكۈر مۇھەم-مەد ئىمىن «ئاخىرىدا يىغلىغۇچى مۇتەپەككۇر» بولدىمۇ؟ جەمئىيەت-تىن ئاغرىنىپ، ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىۋاتقانلى-قىغا ئېچىنىپ ماقالە ـ ئەسەر يازغانلاردىن «ئاخىرىدا يىغلىغۇچى» بولغانغا بىرەر مىسال بارمۇ؟ شۈبھىسىزكى، تارىختا بۇنىڭغا مىسال يوق. ئەمما، قاباھەتلىك جەمئىيەت بولسىمۇ ئادالەتلىك جەمئىيەت دەپ مەدھىيەلەپ، خەلقنى قۇل ئورنىدا كۆرىدىغان رەزىل پادىشاھ بولسىمۇ، پۇقراغا بەخت ـ ئامەت ياغدۇرىدىغان دانىشمەن پادىشاھ دەپ ماختاپ ـ ئۇچۇرۇپ ئەسەر يازغان ۋىجدانسىز قەلەمكەشلەرنىڭ بىر مەزگىل بازار تاپقان بولسىمۇ «ئاخىرىدا يىغلىغۇچى» بولۇپ مەسخىرە ھەم لەنەتكە قالغانلىقىنى جاھان مىقياسىدا خېلىلا ئۇچراتقىلى بولىدۇ. شۇڭا سەمىمىزدە بولسۇنكى، ئېسىگە كەلگەن چېچىلاڭغۇ پىكىر ـ قاراشلارنى، نامۇۋاپىق تەنقىد ـ تەكلىپلەرنى، ئارزۇ ـ خىياللارنى كەلسە ـ كەلمەس يېزىۋەرسە ماقالە بولۇپ قال-مايدۇ. مەيلى ئادەتتىكى چۈشەندۈرۈش ماقالىسى بولسۇن ياكى بىر-قەدەر ئىنچىكە ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان بايان ماقالىسى بولسۇن، ۋەياكى يۇقىرى دەرىجىدە لوگىكىلىقتا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدى-غان مۇھاكىمە ماقالىسى بولسۇن، ھەممىسىنىڭ قائىدە ـ قېلىپى، تەرتىپ ـ پىرىنسىپى بار. مېنىڭچە، «تىل كېكەچلىكى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقى» تۆۋەن سەۋىيەدە يېزىلغان بىراك ماقالىدۇر.

ئاپتور ماقالىسىدە مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرىغا قارىتىپ ئۇلار «ئۆز تەپەككۇرىنى كىشىلەرگە ئەڭ يېقىن ئاددىي، چۈشىنىشلىك زاغرا تىل بىلەن بايان قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك» دەپ كۆر-

سەتمە بەرگەن ھەم ئۆگىنىدىغان ئۈلگە تىكلەپ بەرمەك بولۇپ «ياز-غۇچى ئەختەم ئۆمەرنىڭ ‹يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام› ناملىق ئەسىرى تىپىك مىسال بولالايدۇ» دەپ يازغان. مەن بۇ يەردە ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخان مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرىغا يېزىقچىلىق جەھەتتە ئۈلگە سۈپىتىدە كۆرسەتكەن تىپىك مىسالى «يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام» دېگەن ئەسەرگە تەھلىل - تەنقىد يۈرگۈزۈپ يۈرمەي، داڭلىق مەدەنىيەت ئوبزورچىسى ئابدۇقادىر جالالىددىننىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 300 سان نەشر قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىپ، مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 2009 - يىلى 6 - سانىدا ئېلان قىلغان ««شىنجاڭ مەدەنىيىتى› ژۇرنىلى ۋە مەنىۋىيىتىمىز» دېگەن ماقالىسىدىكى مۇنۇ باھانى كۆرسىتىپ قويۇش بىلەن كۇپايىلىنىمەن:

««شىنجاڭ مەدەنىيىتى› ژۇرنىلىنىڭ ئىجتىمائىي پىكىر ئويغى-نىشىدىكى ئورنىنى مۆلچەرلىگىنىمىزدە، ئەختەم ئۆمەرنىڭ ‹يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام› دېگەن ساياھەتنامىسىنى ئېسىمىزگە ئالماي ئۆتەلمەيمىز. مېنىڭچە، بۇ ئەسەرنىڭ ئىلمىي لاياقىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ، جەمئىيەتنىڭ ئاددىي قاتلىمى-دىكى كىشىلەرنى ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىشنىڭ قىزغىن غۇل-غۇلىسىغا باشلاپ كىردى. بۇ غۇلغۇلا قانچىلىك ساددا، يۈزە ۋە تەر-تىپسىز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاۋام ئۆزىنى بىلىش مۇھاكىمە-سىنىڭ تەمىنى تۇنجى قېتىم تېتىدى.»

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھاياجانلىق بايانلار بىلەن تولغان، ئەمما مۇئەييەن قىممەتكە ئىگە، ئاددىي، زاغرا تىل بىلەن يېزىلغان ماقا-لىنىڭ ئۇنۇمى بىلەن ئەقلىيلىكى كۈچلۈك، سىستېمىلىق، چوڭقۇر يېزىلغان ماقالىنىڭ ئاددىي تەپەككۇر شەكلىگە كۆنۈكۈپ كەتكەن ئادەتتىكى ئادەملەر ئىچىدىكى ئۈنۈمى پەرقلىق بولىدۇ. بۇنى بىز ئىستېمال كۆلىمى بىلەن ئىستېمال قىممىتى نۇقتىسىدىن چۈشەن-مىسەك بولمايدۇ. ھاياجانلىق بايانلار بىلەن تولغان، ئەمما مۇئەييەن قىممەتكە ئىگە، ئاددىي، زاغرا تىلدا يېزىلغان ماقالىنىڭ بىۋاستە

تەسىرى كۈچلۈك بولغاچقا، ئىستېمال كۆلىمى كەڭ بولىدۇ. ئەق-لىيلىكى كۈچلۈك، سىستېمىلىق، چوڭقۇر يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ بىۋاستە تەسىرى كۈچلۈك بولمىغاچقا ھەم ئۇنىڭ ئوبيېكتلىرى ئاز - سەۋىيەسى يۇقىرى ئاز سانلىقلار بولغاچقا ئىستېمال كۆلىمى تار بولىدۇ. ۋاھالەنكى، ئىلمىي ساھەدە ئىستېمال كۆلىمى، مەڭگۈ ئىستېمال قىممىتىدىن كېيىن تۇرىدۇ. شۇڭا، بىرەر ئەسەرنى باش-قىلارغا ئۆلگە ئېلىشقا تېگىشلىك «تېپىك مىسال» قىلىپ كۆرسەت-كەندە، ئالدى بىلەن ئىستېمال قىممىتىنى نەزەردە تۇتۇش لازىم.

«زاغرا تىل» نىڭ خاسىيىتى، خىسلىتى ۋە «مۆلچەرلىگۈسىز ئۇ-نۇمى» نى زوق - شوق بىلەن تەرىپلىگەن ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخان ماقالىسىدە يەنە ئاجايىپ مەغرۇر ھېسسىيات ۋە دانالارچە تەلەپپۇزدا «بىز ئەدەبىي تىل بىلەن تەپەككۇر تىلىغا قايتا ئېنىقلىما بېرىشكە بولىدىغاندەك قىلىدۇ» دەپ يازغان. بىرەرى «ئەپەندىم، ئۇنداق بولسا تەپەككۇر تىلى دېگەن قانداق تىل؟ ئېنىقلىما بېرىپ باقسىلا» دەپ قالسا، نېمە دەرمەن، دەپ ئويلىمىغان. تىلنىڭ تەپەككۇر تىلى، ھېسسىيات تىلى، تەسەۋۋۇر تىلى دەپ ئايرىلمايدىغانلىقىنى خىيالى-غىمۇ كەلتۈرۈپ قويماي، كۆزىنى يۇمۇپلا قارىسىغا يوغان گەپ قى-لىۋېرىش چىداپ بولغۇسىز نادانلىققا «تېپىك مىسال» بولسا كېرەك دەپ قارايمەن. قارىغاندا، ئاپتورىمىزنىڭ پىسخىكىلىق مەسلىھەت بېرىش خادىملىرىغا ئېھتىياجى باردەك قىلىدۇ. مەن ئاپتورنىڭ يۇ-قىرىقى يوغان گېپىنى ئوقۇپ قازاقىستانلىق ئېتۇتچىلىرىمىز مەخمۇتجان دارايېف قاتارلىقلار ئورۇنلىغان «لايىق تونۇشتۇرۇش» دېگەن ئېتۇتنى ئەسلەپ قالدىم. ئۆزىگە تونۇشتۇرۇلماقچى بولغان لايىقنىڭ ئۆيىگە كىرگەن چاغدا «مىياڭ مۇشۈكتەك» تۈگۈلۈپ، تې-نەپ - تەمتىرەپ ئاران كىرگەن بولۇمسىز ئەر ئىككى رومكا قې-قىۋالغاندىن كېيىن خۇدىنى يوقىتىپ «قۇتىرىغان يولۋاستەك ھۆر-كىرەپ»، «بۇ پالاس بۇياقتا سېلىنسۇن، بۇ گىلەم ئۇياقتا ئېسىل-سۇن» دەپ كەلسە - كەلمەس بۇيرۇق قىلىپ قالايمىقانچىلىق چى-

قارغىنىدەك، ماقالىسىنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا «ساقلىنىۋاتقان پا-كىتلىق مەسىلىلەرنى توپتوغرا ئوتتۇرىغا تاشلاپ، كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلىشىشنى مەقسەت قىلدىم» دەپ مۇلايىملىق بىلەن ئىپادە بىلدۈرۈپ گەپ باشلىغان ھەم كەينىدىنلا ئۆزىنى «مەن تۆۋەن سەۋى-يەلىك زور كۆپچىلىك كىشى توپىغا تەۋە» دەپ چۈشەنچە بەرگەن ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخان مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرىنىڭ تىلىنىڭ «كېكەچلىكى» نى بولار ـ بولماس سۆز ـ جۈملىلەر بىلەن بىرەر قۇر ئەيىبلەپ بولغاندىن كېيىن ئۆز ـ ئۆزىدىن ھاياجانلىنىپ مەست بولۇپ، «ئەمدى يەنە يېزىش توغرا كەلسە تەكلىپىم شۇكى، بۇ كى-شىلەر ئەڭ ياخشىسى مەسەل يازسۇن»، «ئۇلار ئۆز تەپەككۇرىنى كى-شىلەرگە ئەڭ يېقىن، ئاددىي، چۈشىنىشلىك زاغرا تىل بىلەن بايان قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك»، «بىز ئەدەبىي تىل بىلەن تەپەك-كۇر تىلىغا قايتا ئېنىقلىما بەرسەك بولىدىغاندەك قىلىدۇ» دەپ قالايمىقان بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، چىدىغۇسىز دەرىجىدىكى يوغان گەپ-لەرنى قىلىپ كەتكەن. مېنىڭچە، بۇ ئالىجوقا بۇيرۇق ۋە تەكلىپلەر نورمال تەپەككۇرنىڭ ئەمەس، بەلكى نورمالسىز كەيپىياتنىڭ مەھ-سۇلىدەك قىلىدۇ. «كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلىشىشنى مەقسەت قىل-غان»، ساغلام ئەقىلگە ۋە نورمال تەپەككۇرغا ئىگە بىر قەلەمكەش ئۆزىنىڭ «تۆۋەن سەۋىيەلىكلەر توپىغا» مەنسۇپ ئادەتتىكى ئۆگەن-گۈچى ۋە ئىزدەنگۈچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، بۇ قەدەر ئاتمە-كارچىلىق قىلىشقا پېتىنالمايدۇ. كۆزىتىشىمچە، ئەركىنجان سۈپەت ئېڭى يوق «جاسارەتلىك نادانلار» توپىغا تەۋەدەك قىلىدۇ. بىزنىڭ مەتبۇئاتلىرىمىزدا «مانا بۇ، مەن يازغان رومان»، «مانا بۇ، مەن يازغان پەلسەپۋى ئەسەر»، «مانا بۇ، مەن يازغان يېڭىچە شېئىر» دەپ كۆ-رەڭلىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدىغان، ئوقۇپ باقسىڭىز ھەم قاملاش-مىغان، ھەم قىلچە قىممىتى يوق، مۇقامغا چۈشمەيدىغان ئەخلەت كەبى نەرسە ئىكەنلىكى ئايان بولىدىغان ئاتالمىش ئەسەرلەرنى يازغان «جاسارەتلىك نادانلار» پات ـ پات ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇلار ھېچكىمنى

ياراتمايدۇ، ھېچكىم ئۇلارنى ياراتمايدۇ. ئۇلار بىرنەچچە يىل ئەدەبىيات كوچىسىدا لاغايلاپ چۆرگىلەپ يۈرۈپ، بارا ـ بارا بوشاپ، سولىشىپ، ئۈن ـ تىنسىز غايىب بولۇپ كېتىدۇ. قايسىدۇر بىرەر سورۇن ـ سۆھبەتلەردە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەققىدە پاراڭ بولغاندا توساتتىن ئېسىدىن كەچكەن بىرى «راست، ھېلىقى پۈستانى بىر چاغلاردا پوپاڭ سېلىپ بىرنېمىلەرنى قىلىپ يۈرەتتى، يوقىلىپ كەتتىمۇ» دەپ تىلغا ئېلىپ قويىدۇ. بۇنداق كۆرۈنۈشلەر يېزىقچىلىق ساھەسىدە ئۆكسۈپ قالمايدۇ. مەن بۇ ئاپتورنىمۇ شۇنداق ئۆتكۈنچى ئاپتورلاردىن بولۇپ قالامدىكىن، دەپ ئويلاپ قالدىم. قالدىسى ئۆزىگە باغلىق، ئەلۋەتتە.

«ئاددىي تىل، تۈز تىل، جانلىق تىل ئارقىلىق بىۋاسىتە ئىپادىلەپ» ئەسەر يېزىشنى قارىغۇلارچە تەكىتلىگەن بۇ ئاپتورىمىز ئۆزىنىڭ قارىشىنى پاكىت بىلەن ئىسپاتلاپ بەرمەكچى بولۇپ، «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار ۋە ئاجىزلىقلار»، «ئەقىل ـ پاراسەت دەستۇرى»، «دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ مال ساتقۇچى»، «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى» قاتارلىق كىتابلارنى تىلغا ئېلىپ، «مانا بۇ كىتابلار ناھايىتى چۈشىنىشلىك يېزىلغان بولۇپ، بىۋاسىتە تەسىر قىلىش شەكلى بىلەن دۇنيادىكى نۇرغۇن كىشىنىڭ ھاياتىنى ئۆزگەرتكەن، سېتىلىشىمۇ غايەت زور مىقداردا ئاشقان، مانا بۇ چۈشىنىشلىك، ئامىباب ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى» دەپ كۆرسەتكەن. ئالدى بىلەن شۇنى ئەسكەرتىمىزكى، بۇ ئەسەرلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ھەرگىزمۇ «ئاددىي تىل، تۈز تىل، جانلىق تىل ئارقىلىق بىۋاسىتە ئىپادىلەپ» يېزىلغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئەمەس، بەلكى ئەڭ مۇھىمى ئۇلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاراشلارنىڭ يېپيېڭى، مەزمۇنىنىڭ ئەھمىيەتلىك، پىكىرنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەگەر «چۈشىنىشلىك، ئامىباب» لىقى ئۇلارنىڭ دۇنياۋى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى مۇھىم ئامىل دەپ چۈشىنىلسە تامامەن بىر تەرەپلىمە بولۇپ قالىدۇ. «چۈشىنىشلىك، ئامىباب ئەسەر» دېگەن ھەرقايسى

جايلاردىكى كىتابخانىلاردا تولۇپ يېتىپتۇ. قېنى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قازانغان مۇۋەپپەقىيىتى؟! كۆپىنچىسى سۇپەتسىز بىراق مال. مۇشۇنداق سۇپەتسىز ئەسەرلەرنىڭ ئادەمنىڭ ساپا تەرەققىياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىمۇ سەلبىي نۇقتىدىن بولىدۇ. گېرمانىيەلىك پەيلاسوپ فېيېرباخ «ئادەم ئۆزى يېگەن نەرسىگە ئوخشايدۇ» دېگەن. بۇ ھەرگىزمۇ «قوي گۆشىنى كۆپ يېگەن ئادەملەرنىڭ مىجەزى قويغا ئوخشاش ياۋاش، قورقۇنچاق بولۇپ قالىدۇ» دېگەندەك ئىلمىي ئاساسى يوق ھۆكۈم ئەمەس. بۇ، ئادەمنىڭ ئوقۇغان نەرسىلىرىدىن ئۇنىڭ مەنىۋى پەزىلىتىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ، ئوقۇش ۋە تەپەككۇر قىلىش جەريانىدا قەدىمكى ۋە ھازىرقى پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇر ھەم داڭلىق ئەدىبلەر بىلەن سىرداشالايدىغان ئادەم بىلەن پەقەت سۇپەتسىز رومان، چولپانلارنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى، قاتىللىق ھېكايىلىرى ۋە پۇچەك تور يازمىلىرىنىلا ئوقۇغان ئادەملەرنىڭ ئىچكى دۇنياسى تامامەن ئوخشاش بولمايدۇ، دېگەنلىكتۇر.

يەنە شۇنى ئەسكەرتىمىزكى، «ئاددىي تىل، تۈز تىل، جانلىق تىل» ئىشلىتىلمىگەن، «چۈشىنىشلىك، ئاممىباب» يېزىلمىغان ئەسەرلەر دۇنياۋى مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ، دەپ قاراش پۈتۈنلەي خاتا. ئىنسانىيەتنىڭ تەپەككۇر تارىخىدا ھەيران قالارلىق رول ئوينىغان ھەم داۋاملىق رول ئويناپ كېلىۋاتقان تەسىرى زور ئەسەرلەر بىلىم ئاساسى كەڭ، مەزمۇنى مۇرەككەپ، ئىدىيەسى چوڭقۇر، چۈشىنىمەك قىيىن ئەسەرلەر ئىچىدىن چىققان. ھەتتا ئەدەبىيات ساھەسىدىمۇ بۇنداق ئەھۋالنى كۆپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. مەسىلەن، كافكا، گارسىيا ماركوز، جامىس جويىس، ئەلىشىر نەۋايى قاتارلىق دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە ئەدىبلەرنىڭ نادىر ئەسەرلىرى ئالاھىدە ئەدەبىيات تەربىيەسى كۆرگەن كىشىلەر چۈشىنىپ ھۇزۇر ئالالايدىغان ئەسەرلەردۇر. ئەلىشىر نەۋايىنىڭ غەزەللىرىدىكى چوڭقۇر پىكىر، نازۇك ھېسسىيات، كەڭ تەپەككۇر، ھەيران قالارلىق تەسەۋۋۇرنى چۈشىنىش ئادەتتىكى كىشىلەرگە نېسىپ بولمايدۇ.

مەن بۇلارنى يېزىش ئارقىلىق قانداقتۇر قانچە مۇرەككەپ ئەسەر بولسا شۇنچە مۇۋەپپەقىيەت قۇچىدىغان ئەسەر بولىدۇ، شۇڭا چۈشىنىشلىك يازماسلىق كېرەك، دېگەندەك بىر تەرەپلىمە قاراشنى ئوتتۇرىغا قويماقچى ئەمەس. بەلكى مۇرەككەپلىكنى مەغلۇبىيەتكە، چۈشىنىشلىك بولۇشنى مۇۋەپپەقىيەتكە تەڭ دەپ ئاددىي هالدا مۇتلەقلەشتۇرۇپ قارىماسلىق كېرەك، دېمەكچى.

ئاپتور «ئېغىر تىل ۋە چۈشىنىشلىك تىلنىڭ سېلىشتۇرمىسى» دېگەن ئىككىنچى كىچىك ماۋزۇ ئاستىدىكى مۇلاھىزىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئالدىدا، ئۆندەرىگەندەكلا «دېمەك، زامانىمىزدا قائىدىشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى تەپەككۇرىنى ئىپادىلەشتە ‹ئاددىي›، ‹چۈشىنىشلىك› تىن ئىبارەت ئىككى نۇقتىغا كۆچ چىقىرىشى هاجەت» دەپ يازغان. بوپتۇ، بىز ئاپتورنىڭ بۇ جۈملىدە ئىشلەتكەن «ئاددىي»، «چۈشىنىشلىك» دېگەن گەپلىرىنى يۇقىرىدا كۆپ تەكرارلانغان گەپلەر دەپ تۇرايلى. ئۇ «قائىدىشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى» دېگەندە كىملەرنى نەزەردە تۇتقاندۇ، دەپ تېگىگە يېتەلمىدىم. ئاپتور ماقالىسىدە باشتىن باشلاپ مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرى، يەنى «پەيلاسوپ»، «مۇتەپەككۇر» لارنى تىل كېيكەچلىكى بىلەن تەپەككۇر نامراتلىقىدا ئەيىبلەپ كېلىۋاتاتتى، شۇڭا ئۇنىڭ توساتتىن «قائىدىشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى» لەرگە كۆرسەتمە بېرىشىدىن غەلىتىلىك هېس قىلىپ قالدىم. قائىدىشۇناسلىق دېگەن قائىدە ــ يوسۇنلارنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم تۇرسا، بۇ ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرى، يەنى ئاپتورنىڭ نەزىرىدىكى «پەيلاسوپ» ياكى «مۇتەپەككۇر» لار بىلەن نېمە باغلىنىشى باردۇ، دېگەن سوئال هەرقانداق ئوقۇرمەندە تۇغۇلماي قالمايدۇ. بۇنىڭ جاۋابىنى يەنىلا ئەركىن ئىسهاق ئوغۇزخاننىڭ بىنورمال تەپەككۇرىدىن ئىزدىگەن مۇۋاپىقتەك تۇرىدۇ. چۈنكى، بۇ ئاپتور باشتىن ــ ئاخىر مانا مۇشۇنداق تاققا ــ تۇققا نام ــ ئاتالغۇلىرى، ئالىجوقا سۆز ــ جۈملىلىرى، ئورۇنسىز

تەنقىد ـ تەكلىپلىرى، بىر تەرەپلىمە قاراش ـ قېيىداشلىرى بىلەن بىزنى غەلىتىلىك ھېس قىلماسلىققا كۆندۈرۈۋەتكەن. شۇڭا، ئۇنىڭ ماقالىسىنى ئوقۇپ، ماڭدامدا بىر ئۇچرايدىغان تىل كېكەچلىكى بىلەن تەپەككۇر نامراتلىقىدىن ھەرقانچە غەلىتىلىك ھېس قىلساقمۇ، ھەش ـ پەش دېگۈچە بۇ خىل تۇيغۇنىڭ ئورنىنى «توغرا چۈشىنىش» ئىگىلەيدۇ.

ئەسلىي پىلانىمدا «تىل كېكەچلىكى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقى» دېگەن بۇ ماقالىنىڭ 13 كىچىك ماۋزۇ ئاستىدىكى بارلىق مۇلاھىزە، تەكلىپ، تەنقىد ۋە قاراشلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئوپېراتسىيە قىلىپ، ئىلمىي ھەم پاكىتلىق تەنقىد ئارقىلىق كەڭ ـ كۇشادە تەلقىن قىلماقچى ئىدىم، چۈنكى كېيىنكى قىسىملاردا مەسىلە ـ خاتالىقلار تېخىمۇ ئېغىر ئىدى. ئەمما، ماقالەمنىڭ مەزمۇنى ئۇزىراپ ئوقۇر مەنلەرنى چارچىتىپ قويماي، دەپ ئويلاپ كېيىنكى 11 ماۋزۇ ئاستىدىكى تېمىلارغا چېقىلمىدىم. پەقەت داڭلىق ئەدىب ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ:

تەڭ ئىدۇق ئىككىمىز تەڭرى ئالدىدا،
ۋە لېكىن تەڭ ئەمەس دەۋر ئالدىدا.
كۆرەڭلەپ كەتمىگىن ئامەتلىرىڭدىن،
ئاخىر تەڭ بولۇرمىز قەبرە ئالدىدا.

دېگەن ئېسىل رۇبائىيسىنى خاتا تەھلىل قىلىپ، نامۇۋاپىق تەنقىد لىگەنلىكىنىلا كۆرسىتىپ قويغۇم كەلدى. چۈنكى بۇ رۇبائىينى ئىلگىرى باشقا قەلەمكەشلەرمۇ «ئىچىگە زەھەر يوشۇرۇنغان، تەپەككۇرىمىزنى زەھەرلەپ كېلىۋاتقان رۇبائىي» دەپ ئوبزور يازغانىدى. ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخانمۇ بۇ ماقالىسىدە «رۇبائىيدىكى ئىدىيە ئادەملەرنى شۇكۇر ـ قانائەتچان بولۇشقا، تەركىدۇنيالىق بىلەن ئاددىي ياشاشقا، باشقىلارنىڭ نەتىجىسىنى ئىنكار قىلىشقا ئۈندەيدۇ. ئادەم-

نىڭ تۇغۇلۇشى بىر مەزگىل ياشاپ ئاخىرىدا ئۆلۈمنى كۈتۈۋېلىشلا
بولۇپ قالماستىن، بەلكى هاياتىدا قانداق نەتىجىلەرنى يارىتىشى ۋە
باشقىلارغا قانداق نەرسىلەرنى ئاتا قىلالىغانلىقىنى بەلگە قىلىشى
كېرەك» دېگەندەك ئورۇنسىز گەپلەرنى قىلغان. بۇ رۇبائىيدا شۇ-
كۇر - قانائەتچانلىقتا ئۇندەش مەنىسىمۇ يوق. تەركىدۇنيالىق بىلەن
ئاددىي ياشاشقا ئۈندەش مەنىسىمۇ يوق، باشقىلارنىڭ نەتىجىسىنى
ئىنكار قىلىش مەنىسىمۇ يوق. بۇ ئېسىل رۇبائىي «سولچىل» سى-
ياسەت ھەممە يەرنى قاپلىغان، ھەق - ناھەق ئاستىن - ئۈستۈن
بولغان، بەتنىيەت، پۇرسەتپەرەس سىياسىي يانچۇقچىلارنىڭ بازىرى
چىققان، تەلىيى ئوڭدىن كەلگەن، ياخشىلار داغدا قالغان، ئەبلەخلەر
باغدا يايرىغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ياشاپ ئىچى
ھەسرەتكە تولغان بىر دانىشمەن شائىرنىڭ مۇتەپەككۇرانە قەلب
ساداسىدۇر. ئاپتورنىڭ ئادالەتسىزلىكتىن ئۆكۈنۈش ۋە ئىجتىمائىي
ئادىللىق ئىزدەش ئارزۇسى رۇبائىينىڭ بىرىنچى مىسراسىدا ئىپا-
دىلەنگەن. تەنقىدىي پىكرى ۋە نەپرەتلىك ھېسسىياتى ئىككىنچى
مىسراغا مۇجەسسەملەنگەن. مەسخىرىلىك پوزىتسىيەسى ئۈچىنچى
مىسراغا سىڭدۈرۈلگەن. دانىشمەنلەرچە سەۋرچانلىق روھى تۆتىنچى
مىسراغا سىڭدۈرۈلگەن. بۇ رۇبائىينى ھەرگىزمۇ «سەن بىلەن مەن
ئىنسان سۈپىتىدە قانۇن ئالدىدا ۋە ئىجتىمائىي ئادىللىق جەھەتلەر-
دە تەڭ ھوقۇقلۇق ئىدۇق. سولچىللىق كاساپىتىدىن سەندەك دىيا-
نەتسىز ئەبلەخلەر ئەتىۋارلىنىپ كېتىۋاتىدۇ، ۋىجدانسىزلىق بەدى-
لىگە كەلگەن بۇ ئامەتلىرىڭدىن كۆرەڭلەپ كەتمەي تۇر، 3 - ئۇمۇ-
مىي يىغىندىن كېيىن ئاندىن ئادىل ھالدا كىمنىڭ پەسكەشلىكى،
كىمنىڭ ئالىيجانابلىقى ئايدىڭلىشىدۇ» دەپ يازغىلى بولمايدۇ. چۈن-
كى، ئۇ شېئىر. ئۇنىڭدا سىمۋول، ئوخشىتىش ۋاستىلىرىنى ئىش-
لىتىشكە، دارىتمىلاش، يوشۇرۇن ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى قوللى-
نىشقا، ھېسسىيات جەھەتتىكى مۇرەككەپ ھەم زىددىيەتلىك ھالەتنى
بىمالال يېزىشقا تامامەن بولىدۇ.

دانىشمەنلەرچە سۈكۈتنى قۇلاقنى يوپۇرۇۋېلىش، ئاقىلانە سەۋرچانلىقنى ئاجىزلىق دەپ چۈشىنىش مېنىڭچە خاتا. ئاخىرقى ئۈمىدىنى «قەبرە» ئالدىدىكى ئادىللىقتا باغلاپ يېزىش، ھەرگىزمۇ پاسسىپ مەنىدىكى ئۈمىدسىزلىك ئەمەس، بەلكى ئاكتىپ مەنىگە ئىگە پەلسەپىۋى ئۈمىدسىزلىك. ئۈمىدسىزلىكنىڭ ھەممىسى پاسسىپ روھىي ھالەتنىڭ مەھسۇلى ئەمەس، ئوخشاشلا، ئۈمىدۋارلىقنىڭ ھەممىسى ئاكتىپ روھىي ھالەتنىڭ ئىپادىسى ئەمەس. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا خەلقنىڭ بېشىدا ئوت كۆيۈۋاتسا، دەۋرنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناپ «ماڭغان يولىمىز داغدام يول، ئەتىمىز گۈزەل، پارلاق» دېگەندەك ئاتالمىش شېئىرلارنى يازغان گالۋاڭ شائىرلارنىڭ ھاماقەتلەرچە ئۈمىدۋارلىقى، بۇ رۇبائىيدا ئەكس ئەتكەن دانىشمەنلەرچە ئۈمىدسىزلىك ئالدىدا پاخالچە قىممىتى يوق ئۈمىدۋارلىقتۇر. بۇ رۇبائىيدىكى «قەبرە» بىر سىمۋول. ئۇ ئاق بىلەن قارىنىڭ پەرقىنى ئېنىق ئايرىيدىغان، ياخشى بىلەن يامانىنىڭ قىممىتىنى ئادىل باھالايدىغان زامانىنىڭ ھامىنى يېتىپ كېلىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچتۇر. نادانلارنىڭ قارىغۇلارچە ئۈمىدۋارلىقى ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتقاندەك، دانالارنىڭ ئاچچىق، ئىدراكىي ئۈمىدسىزلىكى ئادەمنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدۇ. چۈنكى، دانالار قارىماققا ئۈمىدسىزلەنگەندەك تۇرغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە تەپەككۇر يۈرگۈزۈشتىن، پۇرسەت ۋە ئىمكانىيەت ئۈستىدە ئىزدىنىشتىن يىراق تۇرمايدۇ. دەۋرىمىزدىكى مۇتەپەككۇر جۇ گوپىڭ ئەپەندى «ئۈمىدسىزلىك ئاساس قىلىنىدىغان ئىزدىنىش ئەمەلىيەتتە بىر خىل خالىيلىق» دېگەن. ئۈمىدسىزلىك ئاساس قىلىنىدىغان ئىزدىنىش ھەرگىزمۇ تەركىدۇنيالىق ئەمەس. ئويلايدىغان بولساق، بەزىدە ھاياتىمىزغا قەيسەرلىك ئەمەس، بەلكى ئاجىزلىق، ئۈمىدۋارلىق ئەمەس، بەلكى ئۈمىدسىزلىك يار ـ يۆلەك بولىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ ھاياتى ئەمەلىيەتتە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە داۋاملىشىدۇ. ئېينىشتېيىن «مېنىڭ دۇنيا قارىشىم» دېگەن ماقالىسىنىڭ بېشىنى «ھامىنى ئۆ-

لۇپ كېتىدىغان بىزلەرنىڭ تەقدىرىمىز نېمىدېگەن غەلىتە! ھەربىر
ئادەم دۇنيادا قىسقا تۇرىمىز، مەقسەت نېمە بىلگىلى بولمايدۇ» دەپ
باشلاپ، بۈيۈك ئىنسانلارنىڭ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە يەنىلا ئاكتىپ-
لىق بىلەن ياشاۋاتقان ۋە ئىزدىنىۋاتقان ھالىتىنى توغرا ئەكس ئەت-
تۈرۈپ بەرگەن. ئۆلۈمنى ھەر دائىم ياد ئېتىپ ياشاش دەل مۇشۇ قا-
ئىدىگە چۈشىدۇ. ئادەتتىكى ئادەملەر شەيئىلەرگە ئۆزىگە زىيادە ئې-
شەنچ قىلغان ئاساستا ھۆكۈم چىقىرىدۇ. بىر بۇغداينى كۆرۈپ سەھ-
رىسە، بىر بۇغداينى كۆرۈپ ئورۇقلايدىغان ئادەملەر ماڭىدامدا بىر
ئۇچرايدۇ. ئەمما، چوڭقۇر پىكىرلىك، ھادىسىنى ئەمەس، ماھىيەتنى
كۆرۈپ ياشايدىغان دانالار مەشھۇر پسىخولوگ فىرىئۇد ئېيتقان
«كوللېكتىپ ساراڭلىق» ھادىسىسى كۆرۈلگەن مەزگىللەردە، شارا-
ئىتنى توغرا كۆزىتىپ، ۋەزىيەتنى توغرا تەھلىل قىلىپ، كەلسە -
كەلمەس چالۋاقاپ، تەنتەكلەرچە چېچىلىپ يۈرمەستىن ئۆز - ئۆزد-
نى تەڭشەپ، باشقىلارنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان دەرىجىدە سەۋرچان ۋە
تىنچ بولۇپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا ئۇلار بۇرنىنىڭ ئۇچىنى ئاران كۆرۈد-
دىغان نادانلاردەك ئۆك - تەتۈر دەسسىگەن ھالدا ھەممىنەپەس بولۇپ
ياشىماستىن، مەنىۋى تەنھالىققا چۆكۈپ، «يەك نەپەس ھۇزۇرىنى دۆ-
لەتى سۇلايمان بىل» دېگەن مۇقام ئىچىدە ياشايدۇ. مانا مۇشۇنداق
چاغلاردا سەۋرچانلىق بىر خىل ئېسىل پەزىلەت، بىر خىل پاراسەت،
شۇنداقلا بىر خىل ۋاستە. ئۇ ھەرگىزمۇ قورقۇنچاقلىق ئەمەس.
ئادالەتسىزلىككە پاسسىپلىق بىلەن تەن بەرگەنلىكمۇ ئەمەس. بەلكى
تېخىمۇ زور بىر نىشان ئۈچۈن ۋاقتىنچە مۇرەسسە قىلغانلىق. بۇ
چاغدا ئۇلار بەئەينى پۈرژىنىغا ئوخشاش يىغىلغان ھالەتتە تۇرسىمۇ
ھامان ئۆستىگە ئېتىلىش ھالىتىنى يوقاتمايدۇ. شارائىت پىشسىلا
ئەھۋالغا قاراپ پارتلايدۇ. ئومۇمەن، سەۋرچانلىق مۇۋەپپەقىيەت قۇ-
چۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان بىر تاكتىكا. مانا مۇشۇنداق دانىش-
مەنلەرچە سەۋرچانلىق روھى بولغاچقا، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى
1980 - يىللارنىڭ كېلىشى بىلەن ھازىرلانغان ياخشى شارائىتتا

دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ «مەن ئاق بايراق ئەمەس»، «ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك»، «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن» قاتارلىق بىر - بىرىدىن تەسىرى زور، بىر - بىرىدىن قىممىتى يۇقىرى ئەسەرلەرنى روياپقا چىقاردى. بۇ رۇبائىينى ئۆتكۈر ئەپەندى قايسى دەۋردە، قانداق ئىدىيەۋى ھېسسىياتتا يازغان دېمەستىن، «ئىچىگە زەھەر يوشۇرۇنغان، تەپەككۇرىمىزنى زەھەرلەپ كېلىۋاتقان»، «تەركىدۇنيالىقنى تەرغىب قىلغان» رۇبائىي دەپ چۈشىنىش بەكمۇ خاتا چۈشىنىشتۇر.

پەيلاسوپلار سۈكۈت قىلىش پىشىپ يېتىلگەنلىك، دەيدۇ. مۇتەپەككۇرلار سۈكۈت قىلىش ئېسىل پەزىلەت، دەيدۇ. مائارىپشۇناسلار سۈكۈت قىلىش ئەقىل - پاراسەت، دەيدۇ. سەنئەتكارلار سۈكۈت قىلىش سېھرىي كۈچ، دەيدۇ. مەنمۇ شۇنداق دەيمەن: سۈكۈت قىلىش ئېرىشمەك تەس بولغان پىسخىكىلىق ساپا ۋە قىممەتلىك جاھاندارچىلىق يولى. لېكىن، ھەرقانداق ھەقىقەت شەرتلىك بولىدۇ. سۈكۈت قىلىش ۋە سەۋرچانلىقمۇ شۇنداق.

ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخاننىڭ شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ بۇ ئېسىل رۇبائىيسىدىكى «كۆرەڭلەپ كەتمىگىن ئامەتلىرىڭدىن» دېگەن مىسرادا ئىپادىلەنگەن مەنىستەمەسلىك ھەم مەسخىرىلىك پوزىتسىيەسىنى تامامەن خاتا چۈشىنىپ، «بىر كىشى ئۆز ئىقتىدارىغا تايىنىپ كۈچلەنسە، ئامەتكە ئېرىشسە، كېرىلسە نېمىشقا بولمىغۇدەك؟» دەپ سوئال قويۇپ تەنقىدلىشى كاللا دېسە پاقالچاق دېگەندەك ئەخمەقانە تەنقىدتۇر. بۇ تەنقىدنى لوگىكا بويىچە داۋاملاشتۇرۇپ باقساق شائىرنى «چىدىماس»، «ھەسەتخور» دېگەن يامان ئاتاقلار بىلەن سۈپەتلەشكە توغرا كېلىدۇ.

ئەلۋەتتە، شائىرنىڭ بۇ مىسراسىنى بىر پۈتۈن كۇپلېتتا ئىپادىلەنگەن پىكىر ئىزچىللىقى بويىچە تەھلىل قىلماي، ئالدى - كەينىدىكى مىسرالاردىن ئايرىپ تەھلىل قىلساق ساغلام بولمىغان پىكىر كېلىپ چىقىدۇ. لېكىن، بۇ رۇبائىي ئاجرالماس بىر پۈتۈن پە-

كىرگە ئىگە. شېئىردىكى كۆرەڭلەپ قىنىغا سىغماي قالغان ئەبلەخ ئىجتىمائىي ئادىللىقتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدىغان، ياخشى - يامان تامامەن ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن بىر قاباھەتلىك دەۋرنىڭ قەھرىمانى. ئۇنىڭ تالاي بىگۇناھ كىشىلەرنى ئورەككە ئىتتىرىپ، پەسكەشلىك يولىنى تۇتۇپ ئېرىشكەن ئامەتلىرى، نورمال ئىجتىمائىي شارائىتتا، ئادىل رىقابەت مۇھىتىدا ياشاۋاتقان كىشىلەر ھالال يول بىلەن قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرگە ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئامەتلىرى باشقىلارنىڭ بېشىغا ياغدۇرۇلغان سۇنئىي ئاپەتلەر بەدىلىگە كەلگەن رەزىل ئامەتلەردۇر. قائىدە بويىچە قاباھەتلىك دەۋرنىڭ بۇنداق كۆيدۈرگە قەھرىمانلىرىنى نەشتەردەك سۆزلەر بىلەن ئاشكارا سۆكۈپ، ئەيىبلەش مۇمكىن بولمىغان ئەھۋالدا، ئۇلارنىڭ ئېرىشكەن ئامەتلىرىگە مەنسىتمەسلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش، مۇنبەرلەردە كۆرەڭلىك بىلەن كېرىلىپ، شالىنى چاچىرىتىپ سۆزلەشلىرىگە مەسخىرىلىك نەزەر بىلەن بېقىش ئىنتايىن تەبىئىي ئەھۋال. بۇنداق پوزىتسىيە ئەقلى ئويغاق، ۋىجدانى تويغۇن، ئادىمىيلىكى مۇكەممەل، مۇھەببەت - نەپرىتى روشەن، ھەق - ناھەق تۇيغۇسى كۈچلۈك ئادەمنىڭلا روھىيىتىدە چاقنايدۇ. شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەنە شۇ قاباھەتلىك دەۋردە مۇشۇنداق يۈكسەك ساپاسى بىلەن ساغلام سۆكۈت ۋە مۇزدەك مەسخىرىنى قەلبىگە مۇجەسسەم قىلالىغان دانىشمەن شائىردۇر.

ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخاننىڭ «تىل كېكەچلىكى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقى» دېگەن ماقالىسىنىڭ باش قىسمىدىكى ئۈچ بەت مەزمۇنغا قارىتا يۈرگۈزگەن تەنقىدىي مۇلاھىزەمنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ قالغان 15 بەتتىكى مەزمۇندا كۆرۈلگەن تىل كېكەچلىكى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقىنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئوقۇرمەنلەرنىڭ نەزىرىگە قالدۇردۇم.

2011 - يىلى 1 — 4 - مارت كۈنلىرى يېزىلدى



# سېلىم بوۋاينىڭ سىمۋوللۇق قىممىتىنى قېزىش

مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بىر مىللەت ياكى بىر رايوننىڭ ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىكى تىل، ئەقىدە ـ ئېتىقاد، قىممەت قاراش، سەنئەت، ئەخلاق، ئۆرپ ـ ئادەت، ئەنئەنە ۋە سىمۋوللار ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ.

جۇڭغارىيە چۆللۈكىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان رومانتىك شەھەر قاراماينىڭ ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ تۇرىدىغان قىممەتلەر ئىچىدە سېلىم بوۋاينىڭ سىمۋوللۇق قىممىتى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. مىللىي سىمۋوللىرى يوق خەلق بولمايدۇ. سىمۋولدىن خالىي شەھەرنىڭ شۆھرىتى بولمايدۇ. مىللىي سىمۋول كىشىلەر قەدىرلەپ، ئەسلەپ ھەم ھېس قىلىپ تۇرۇش جەريانىدا ئۆزلىرىنى قايتىدىن يارىتىدىغان قىممەتلىك بايلىق. كىشىلەر ئۆزلىرى سۆيۈنىدىغان سىمۋوللار ئارقىلىق ئورتاق ھېسسىيات، ئورتاق رىشتە ۋە ئورتاق تەۋەلىك تۇيغۇسىنى تېپىۋالىدۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيۇشۇشچانلىق، ئىناقلىق ۋە خاسلىقنى روياپقا

چىقىرىدۇ.

دېمەك، سىمۋول بىر مىللەت ياكى بىر رايوندىكى خەلق ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبتا بەرگەن ئوبرازلاشقان مەنىلىك ۋەكىلدۇر. ئۇ مەلۇم بىر ئىجتىمائىي گۇرۇپپىنىڭ كىملىكىنى، ئۇلارنىڭ قەدىرلەيدىغان نەرسىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. سىمۋولنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتىنى چۈشىنىش، ئۇنىڭ قىممىتىنى قېزىش ۋە ئىپادىلەش ھەممەيلەنگە ئورتاق ۋەزىپە. بولۇپمۇ ئەدىبلەر، سەنئەتكارلار ئۈچۈن باش تارتىپ بولمايدىغان مۇقەددەس بۇرچ!

سېلىم بوۋاي قاراماي خەلقى ئۈچۈن ھەم شەرەپلىك، ھەم يېقىملىق سىمۋول. ئۇنىڭ روبىنزون كىرۇزونىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئالاھىدە قىسمىتى ۋە قارامايىنىڭ تۇنجى يۇقىراسى بولۇشتەك رېئال قىسمىتى قاراماي شەھىرى ۋە قاراماي خەلقى بىلەن ئەبەدىيلىك يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن. ئۇنىڭ گۈزەل قوشاقلىرى قارامايىنىڭ دەسلەپكى تارىخىدىكى سىرلىق تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى!

نەلىك سەن؟ دېگەنلەرگە،
قارامايلىق دەپ قويدۇم.
تاپسام يېغى مايبۇلاق،
ئايەت ئوقۇپ، ئات قويدۇم.

جەرەن تۇتۇپ يېدىم مەن،
كېيىك تۇتۇپ يېدىم مەن.
تېرىسىنى ئۆشنەمگە،
ئېگىن ئېتىپ كىيدىم مەن.

ماكانىمدۇر مايبۇلاق،
جەرەنبۇلاق، ئاقبۇلاق.
تۆھمەت، ئالۋان ـ ياساقتىن،
باغرى تازا، ساق بۇلاق.

قاراماىغا ئىسىم قويغان بۇ خاسىيەتلىك بوۋاينىڭ سىمۋوللۇق قىممىتى 1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ ھېس قىلىنىشقا، تەرىپلىنىشكە، تەكىتلىنىشكە باشلىغان. ئەنە شۇ يىللاردىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ ئۆز قوشاقلىرىدا ئەكس ئەتكەن تېتىك، مەردانە، چېچەن، خۇشخۇي ۋە تەۋەككۈلچى ئوبرازى بارا ـ بارا ئەدىبلەر ۋە سەنئەتكارلارنىڭ ئىجتىھاتى بىلەن ئەدەبىي ئەسەرلەردە ۋە سەنئەت ئەسەرلىرىدە قايتا ئىپادىلەندى. سېلىم بوۋايغا بېغىشلانغان شېئىر، نەسر، ھەيكەل، رەسىم ۋە رومانلار بارلىققا كەلدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ قاراماي خەلقى ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئالىدىغان يۈكسەك مەنىگە ۋە ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە ھەقىقىي سىمۋولغا ئايلاندى. «قاراماىغا ئىسىم قويغان تۇنجى ئاتا»، «قارامايىنىڭ تۇنجى پۇقراسى»، «قاراماينىڭ تۇنجى شائىرى»، «ئۇيغۇرلاردىن چىققان تۇنجى نېفىت سودىگىرى»، «خىزىرغا يولۇققان ئاتا»، «جۇڭغارىيە ئەركىسى» قاتارلىق بىر ـ بىرىدىن گۈزەل تەرىپلەر قاراماي خەلقى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان سۆز ـ جۈملىلەرگە ئايلاندى. ئەلۋەتتە، سېلىم بوۋايدىن ئىبارەت بۇ يۈكسەك قىممەتكە ئىگە سىمۋولنى قانچە تەرىپلىسە، ئۇنىڭ ھاياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن دىراما ـ كىنولارنى ئىشلىسە، ھېكايە ـ رومانلارنى يازسا، ئۇنىڭغا ئاتاپ ناخشا ـ مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلسا، ئۇنىڭ نامى بىلەن كوچىلارنى ئاتىسا، ئۇنىڭ نامىنى مەكتەپلەرگە قويسا، تاۋار ماركىسى قىلىپ قوللانسا تامامەن ئەرزىيدۇ. چۈنكى، سېلىم بوۋاينىڭ ئورنى قاراماىلىقلارنىڭ قەلبىدە ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە. قاراماىلىقلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ چېچەن، مەردانە، تېتىك، خۇشخۇي ۋە تەۋەككۈلچى بوۋىسىنى ھەر خىل ئۇسۇلدا ياد ئېتىدۇ، سېغىنىدۇ، ئۇنىڭدىن سۆيۈنىدۇ، شەرەپ ھېس قىلىدۇ. ئۇنى باشقىلارغا بىلدۈرگۈسى كېلىدۇ. «خىزىرغا يولۇققان ئاتا» ناملىق بىيوگرافىك رومان دەل مۇشۇنداق ئورتاق ئارزۇ ـ ئىستەكنىڭ تۈرتكىسىدە يېزىلغان ئەھمىيىتى يۇقىرى روماندۇر.

قاراماىلىق قەلەمكەشلەرنىڭ باشلامچىلىرىدىن بىرى بولغان

ئىجتىمائىلىق يازغۇچى ئارسلان تالىپنىڭ قېتىرقىنىپ ئىزدىنىشى ۋە بېرىلىپ قەلەم تەۋرىتىشى بىلەن روياپقا چىققان بۇ قىممەتلىك رومان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۇچۇنمۇ، قاراماي خەلقى ئۇچۇنمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. يازغۇچى ئارسلان تالىپ بۇ بىيوگرافىك روماندا سېلىم بوۋاينىڭ ئەگرى ـ توقاي سەرگۈزەشتىلەر بىلەن تولغان بىر پۈتۈن ھاياتىنى خېلىلا يۇقىرى ماھارەت ھەم ئەستايىدىل پوزىتسىيە بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن. بولۇپمۇ ئۇنىڭ چېچەن، مەردانە، تېتىك، خۇشخۇي ۋە تەۋەككۇلچى خاراكتېرىنى يارىتىشتا زور كۈچ سەرپ قىلغان. سېلىم بوۋاينىڭ خاراكتېرىدىكى بۇ روشەن خاسلىق سېلىم بوۋاينىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتا نىيەت قىلغان ھەرقانداق ئەدىب ۋە سەنئەتكار ئۈچۈن قىممەن نۇقتا ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، سېلىم بوۋايدىن ئىبارەت بۇ تارىخىي شەخسنىڭ ۋۇجۇدىدىكى خاسلىقلارنى ماھىرلىق بىلەن ئىپادىلەپ، زوقلانغۇچىلارنىڭ زوقىنى ھەقىقىي رەۋىشتە قوزغاش ئاسان ئەمەس.

يازغۇچى ئارسلان تالىپ سېلىم بوۋاينىڭ خاراكتېرىدىكى چېچەن، مەردانە، تېتىك، خۇشخۇي ۋە تەۋەككۇلچىلىكتىن ئىبارەت بۇ روشەن ئالاھىدىلىكلەرنى ئىپادىلەشكە كىرىشىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ قوشاقلىرىنى قېتىرقىنىپ مۇلاھىزە قىلمىغان، سېلىم بوۋاينىڭ ھايات ئىزلىرىغا مۇناسىۋەتلىك جايلارنى ئەستايىدىل تەكشۈرمىگەن، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى تەكرار زىيارەت قىلمىغان بولسا، سېلىم بوۋاينىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتالمىغان بولاتتى. ئاپتور مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئەتراپلىق توپلىغان ھەم ئۇنى بەدىئىي جەھەتتىن ئەستايىدىل پىششىقلاپ ئىشلىگەچكە، تارىخىيلىق ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتە خېلىلا يۇقىرى قىممەتكە ئىگە ياخشى روماننى يېزىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاسمىنىدا بىر يورۇق يۇلتۇزنى چاقنىتىشتا مۇۋەپپەق بولغان.

مەن ئارسلان تالىپنىڭ «خىزىرغا يولۇققان ئاتا» ناملىق بۇ روماننى 2005 ـ يىلى ئوقۇغانىدىم. شۇ چاغدا بىز دەرس ئىسلاھاتىنىڭ

تەلىپى بويىچە ئۈتتۈرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىنى تۈزۈۋاتاتتۇق. باشلانغۇچ مەكتەپ 5 ـ يىللىقلار ئۈچۈن 2 ـ قىسىم «تىل ـ ئەدەبىيات» دەرسلىكىدىكى «پېرسوناژلار سىيماسى» دېگەن بۆلەكنىڭ تەلىپى بويىچە يازغۇچىلارنىڭ پېرسو- ناژلارنى تەسۋىرلەش ئۇسۇللىرى نامايان قىلىنغان ياخشى ئەسەرلەر- نى تېپىش زۆرۈر بولۇپ قالدى. بىز تۇرلۇك ژانىردىكى ئەسەرلەرنى ئوقۇپ ئاخىر يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ «ئانا يۇرت» رومانىدىن غېنى باتۇرنىڭ ئوبرازى جانلىق تەسۋىرلەنگەن «جازا» دېگەن پارچە- نى، ھوسەيىن تاشنىڭ بالىلار ئۈچۈن يېزىلغان پوۋېستى «ئاياللار ئىپتىخارى — نوزۇگۇم» ناملىق پوۋېستىدىن نوزۇگۇمنىڭ تىز پۈكمەس ئوبرازى تەسىرلىك تەسۋىرلەنگەن بىر پارچىنى، ئارسلان تالىپنىڭ «خىزىرغا يولۇققان ئاتا» ناملىق رومانىدىن پايدىلىنىپ تەييارلانغان «سېلىم بوۋاي» دېگەن پارچىنى ھەم ئامېرىكا يازغۇچى- سى مارك تۋېننىڭ «بىر مىليون فوند» ناملىق ھېكايىسىدىن ئې- لىنغان «پۇلنىڭ سېھرىي كۈچى» دېگەن پارچىنى دەرسلىككە تاللى- دۇق. شۇنىڭ بىلەن سېلىم بوۋاينىڭ ئوبرازى تەسۋىرلەنگەن ئەسەر دەرسلىككە كىرگۈزۈلۈپ، ھەر يىلى 150 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئوقۇيدىغان دەرس تېكىستىگە ئايلاندى. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە سېلىم بوۋاينىڭ سىمۋوللۇق قىممىتىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە نامايان قىلى- شنىڭ ئەۋزەل پۇرسىتى بولۇپ قالدى.

نېمە ئۈچۈن سېلىم بوۋاي تەسۋىرلەنگەن بۇ پارچە دەرسلىككە تاللاندى؟ سەۋەبى شۇكى، سېلىم بوۋاينىڭ كەچۈرمىشلىرى مول، خاراكتېرى قەيسەر بولغاچقا ئوقۇغۇچىلارغا ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر قالدۇرىدۇ. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ يىرتقۇچ بۆرىلەر تونىبويى ھوۋلاپ، تى- نىمسىز ۋەھىمە سېلىپ تۇرىدىغان، ياز بويى تونۇردەك قىزىق ئاپ- تاپقا قاقلىنىپ پىژىلداپ تۇرىدىغان، قىشچە قەھرىتان سوغۇقتا ئۆلۈكتەك ئۇيۇپ قالىدىغان، ئەتىيازدا پات ـ پات قۇرقۇنچلۇق بوران ـ چاپقۇن كۆتۈرۈلۈپ ئالەمنى مالەم قىلىۋېتىدىغان، كۆزدە

ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرىدىغان قېلىن توقايلىقلار، رەڭگارەڭ
گۈزەل تۈسكە كىرىدىغان بىپايان جۇڭغارىيە چۆلىدە 40 يىلغا يېقىن
تەنها هايات كەچۈرگەنلىكى باللارنىڭ سەبىي قەلبىدە قەهرىمان
سۈپەت بىر قەيسەر ئادەمنىڭ سىماسىنى نامايان قىلىدۇ. قىيىنچى-
لىقنى يېڭىش جاسارىتى كەمچىل، ئۆز ئۆيىدىمۇ يالغۇز يېتىشقا پې-
تىنالمايدىغان، قاراڭغۇدىن زىيادە قورقىدىغان، پىسخىكىسى ئاجىز
هازىرقى ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، سىلىم بوۋاينىڭ
روبىنزون كىرۇزودەك ئاجايىپ ئوبرازى ئۇنتۇلماس تەسىر قالدۇرى-
دۇ هەم ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشىگە، دۇنيا قارىشىنىڭ
شەكىللىنىشىگە ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ.



يازغۇچى ئارسلان تالىپ «خىزىرغا يولۇققان ئاتا» رومانىدا سې-
لىم بوۋاينىڭ ئوبرازىنى تەسۋىرلەشتە هەقىقەتەن دەرسلىككە تې-
كىست قىلىپ تاللىغۇدەك هەم ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلبىدە زوق قوز-
غىغۇدەك دەرىجىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىغانمۇ ـ يوق؟

مەن ئۆزۈمنىڭ قىممەت ئۆلچىمى ۋە ئەدەبىيات چۈشەنچىسىگە

ئاساسەن ئارسلان تالىپنىڭ قەلىمى ئاستىدا سېلىم بوۋاينىڭ ئوبرازى ھەقىقەتەن ئۇتۇقلۇق يارىتىلغان، دەپ ئېيتالايمەن. ئەلۋەتتە، بۇنداق دېگەنلىكىم سېلىم بوۋاي ئوبرازى مۇكەممەل ۋە نۇقسانسىز بەدىئىي ئوبراز سۈپىتىدە ۋايىغە يەتكەن، دېگەنلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ.

ئۇنداقتا، سېلىم بوۋاي ئوبرازىنىڭ ئۇتۇقى قايسى تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ؟

1. ئادەتتە پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىشتىكى ئەڭ جانلىق ئۇسۇللارنىڭ بىرى پېرسوناژلارنى ئىنچىكە تەپسىلاتلار ئىچىگە قويۇپ يارىتىشتىن ئىبارەت. يازغۇچى ئارسلان تالىپ سېلىم بوۋاينىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىدىكى خاسلىقنى تەپسىلاتلار ئىچىدە نامايان قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئادەتتە، ماھارەتتە ناقىس بولغان كۆپىنچە يازغۇچىلار پېرسوناژلارنىڭ خاسلىقىنى بىۋاسىتە بايان قىلىش يولى بىلەن ئىپادىلەپ قويىدۇ. ئارسلان تالىپ بۇ جەھەتتە، ئۆزگىچە يول تۇتۇپ كۆپلىگەن ئۇششاق تەپسىلاتلار ئارقىلىق سېلىم بوۋاينىڭ خاراكتېر خاسلىقىنى ئاستا ـ ئاستا يورۇتۇپ بەرگەن.

2. سېلىم بوۋاينىڭ ھاياتى قارشىلىق، قېچىش، تەۋەككۇلچىلىك ۋە تەنھالىق ئىچىدە ئۆتكەن ھايات. بۇنداق ئادەمنىڭ ھاياتى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ھاياتىدەك ئانچىكىم زېددىيەت ـ توقۇنۇشلار بىلەن ئەمەس، ئادەم ئويلاپ باقمىغان مۇشكۇلچىلىكلەر بىلەن تولغان بولىدۇ. يازغۇچى ئارسلان تالىپ بۇ نۇقتىنى تولۇق نەزەردە تۇتۇپ سېلىم بوۋاينىڭ بىر پۈتۈن ھاياتىنى ئۇنتۇلغۇسىز ھايات مۇشەققەتلىرى ئىچىدە يورۇتۇپ بەرگەن. مەيلى ياشلىق مەزگىللىرىدىكى كەچۈرمىشلىرى بولسۇن، مەيلى ئىلىغا قېچىپ چىقىش جەريانى بولسۇن، مەيلى قاراماينىڭ جاڭگاللىرىدا ئىنس ـ جىن يوق ئەھۋالدا 40 يىلچە تەنها ياشاش جەريانى بولسۇن ھەممىسى بىر ـ بىرىدىن مۇشەققەتلىك كەچۈرمىشلەر بىلەن تولغان.

3. يازغۇچى روماندا سېلىم بوۋاينىڭ خۇشخۇي، چېچەن، ئەمما جاھىل مىجەزىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىنى تەسۋىرلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. سېلىم بوۋاي ئادەتتە كۆپ گەپ قىلمايدۇ، ئەمما قىلغان گېپىدە چىڭ تۇرىدۇ، سۆزلىگەندە قىسقا، مېغىزلىق سۆزلەيدۇ. سۆزىگە يۇمۇرلۇق تۈس بېرىپ سۆزلەشكە ئامراق. ھەرىكەتلىرى سالماق، ئەمما چەبدەس. بۇنداق سالماق ھەرىكەت ئادىتى بىلەن چەبدەس ھەرىكەت ئادىتى ئۇنىڭ قاچقۇنلۇقتا ھەم تەنھالىقتا تاۋلانغان خاراكتېرىگە تازا ماس كەلگەن.

4. يازغۇچى سېلىم بوۋاي ئوبرازىنى يارقىنلىقتا ئىگە قىلىشتا يەنە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئادەملەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ سېلىم بوۋايغا تۇتقان مۇئامىلىسى، سېلىم بوۋاي ھەققىدىكى تەسىراتى ئارقىلىق سېلىم بوۋاي ئوبرازىنى ياندىن يورۇتۇپ بەرگەن. مەسىلەن، سەككىزىنچى بابنىڭ «خورلانغان بوۋاي» دېگەن ماۋزۇ ئىچىدىكى باياندا سېلىم بوۋاينىڭ 30 نەچچە يىللىق چۆپقىتى ھېلىم بايدا قالدۇرغان تەسىرى ھەم ئۇنىڭ سېلىم بوۋاي ھەققىدىكى ئوي ـ خىياللىرى ناھايىتى چىن ھەم قايىل قىلارلىق يېزىلغان.

5. سېلىم بوۋاينىڭ سىمۋوللۇق قىممىتى رومانىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن. جۇڭغارىيەدىكى رومانتىك شەھەر قارامايغا ھەم قاراماينىڭ تۇنجى بەرپاچىسى بولغان سېلىم بوۋايغا ئالاھىدە مۇھەببىتى بار يازغۇچى ئارسلان تالىپ «ئاخىرقى سۆز» دە «زور ئىشتىياق، ھەۋەس، ئاجايىپ ئىپتىخارلىنىش ھېسسىياتى بىلەن ئەسەرنى يېزىپ بولغىنىمدا مۇرەمدىن تاغنى ئېلىۋەتكەندەك يەڭگىللىشىپ قالدىم» دەپ يازىدۇ. يازغۇچى بۇ سەمىمىي ھېسسىيات سىڭگەن جۈملىلىرىدە ئۆزىنىڭ بۇرچىنى «تاغ» دەك ئېغىر ھېس قىلغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. ھەقىقەتەنمۇ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك بىر يازغۇچى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەل ـ ۋەتەن ئۈچۈن قىلىنىدىغان ھەربىر خىزمەت تاغدەك ئېغىر، تاغدەك يۈكسەك سېزىلىدۇ. يازغۇچى ئارسلان تالىپ بۇ «ئاخىرقى سۆز» ىدە ئۆزىنىڭ

ۋىجدانىي بۇرچىنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبىنى ھەم بۇ بۇرچىنى ئادا قىلىش جەريانىدىكى ئوي - خىياللىرى، ئىزدىنىش - ئىجتىھاتلىرىنى سەمىمىي رەۋىشتە بايان قىلىپ سېلىم بوۋاينىڭ سىمۋوللۇق قىممىتىنى قانچىلىك چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن. ناۋادا سېلىم بوۋاينىڭ سىمۋوللۇق قىممىتى بۇ قەدەر چوڭقۇر ھېس قىلىنمىغان بولسا، ئۇنىڭ ئوبرازىمۇ بۇنچىلىك يارقىن يارىتىلمىغان بولاتتى.

بىز بۇ بايانلار بىلەن بىر پۈتۈن رومان ۋەقەلىكىنى بىرلەشتۈرسەك، شۇ چاغدىلا سېلىم بوۋاي ئوبرازىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغانلىقىدىكى سىرنى چۈشىنەلەيمىز.

2011 - يىلى 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى يېزىلدى

# ئەدەبىياتنىڭ كۈچى نەدىن كېلىدۇ

1999 - يىلى نەشر قىلىنغان «ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى» ناملىق رومان، ئەينى چاغدا ئىدىيە ۋە ھېسسىيات جەھەتتىكى ھۆرمەتسىزلىكى ھەم ئەخلاق جەھەتتىكى زىيادە چۈشكۈن مەزمۇنى بىلەن قاتتىق ئەيىبلەشكە ۋە ئۆتكۈر تەنقىدكە دۇچار بولۇپ، يېڭى دەۋر پىروزىچىلىقىمىزدىكى ئەڭ ناباب رومان ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەنىدى. روماندا ئىپادىلەنگەن بۇ خىل نابابلىق ئادەتتىكى مەسىلە بولمىغاچقا، مەسئۇلىيەتچان كىشىلەرنىڭ ئورتاق ئەيىبلىشىگە ئۇچرىغان ھەم شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىمۇ بۇ رومانىنى قايتا نەشر قىلىشتىن ھەزەر ئەيلىگەنىدى. «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 2011 - يىللىق 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان ««ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى» رومانى ۋە بىزنىڭ ئەدەبىيات قارىشىمىز» ناملىق ماقالىنى ئوقۇپ، بۇ ماقالىنىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىدە ئون يىللار ئىلگىرى مەن يازغان «ئەدەبىياتىمىزدىكى ئازغۇن روھ» ۋە باتۇر روزى يازغان «ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەيدىز ۋىرۇسى» ناملىق نەشتەردەك ئوبزورلار بىلەن نابابلىقى بىر - بىرلەپ چۈۋۈپ تاشلانغان ئۇ رومانىنى ئاقلاش ۋە مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە ئۇرۇنغانلىقىنى ھېس قىلدىم. مەن مامۇتجان ئىمىن ئېلتېكىن ئىمزاسىدا ئېلان قىلىنغان بۇ ماقالىنىڭ يېزىلىشىنى نورمالسىز ئەھۋال دېمەيمەن، ئەدەبىيات ساھەسىدە كەسكىن تالاش - تارتىشلارنىڭ بولۇپ تۇرۇشىنى ھەم ھەركىمنىڭ ئۆز قارىشىنى چىقىش قىلىپ مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش ھوقۇقىنى ئىزچىل ھىمايە قىلىمەن. چۈنكى، مۇنازىرىنىڭ قانات يېيىشى ئىدىيەنىڭ چوڭقۇرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ماڭا نورمالسىز بىلىنگىنى مامۇتجاننىڭ ماقالىسىدىكى مۇنازىرە لوگىكىسىغا خىلاپ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى بول-

دى. ماموتجان بۇ ماقالىسىدە بىزنىڭ ئەينى چاغدا «ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى» رومانىنى ئىپادىلەش شەكلى جەھەتتىن ئەمەس، ئەڭ مۇھىم تېماتىك مەزمۇنى جەھەتتىن تەنقىدلەپ، جاڭ چىڭجىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا «نومۇسسىزلار ھېيىقىدىغان مەنىۋى بايراقنى كۆتۈرۈپ چىققان» لىقىمىزنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرگەن. ماموتجان «پەرھات تۇرسۇننىڭ ‹ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى› رومانىنىڭ ئاشۇنداق چوڭ تالاش ـ تارتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىنى ئوخشاشمىغان ئەدەبىيات قارىشىدىن بولغان، دەپ قاراشقا بولىدۇ»، «ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىن، بۇ ئەسەر پۈتۈنلەي ئالڭ ئېقىملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا يېزىلغانىدى»، شۇڭا «بايان قىلىشتىكى ئۆزگىچىلىك ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات قارىشىنى ئاساس قىلغان كىشىلەرنىڭ دەرھال ئېتىراپ قىلىپ كېتىشىگە ئېرىشەلمىدى، شۇنىڭ بىلەن تالاش ـ تارتىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى» دەپ يازغان. دېمەك، ماموتجان «ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى» رومانىنىڭ توپتىن ئىنكار قىلىنىشىنى ئالدى بىلەن مەزمۇن نۇقتىسىدىن ئىزدىمەي شەكىل نۇقتىسىدىن، يەنى «ئىپادىلەش ئۇسۇلى» بىلەن «باياندىكى ئۆزگىچىلىك» جەھەتتىن چۈشەندۈرگەن. ماموتجان مەسىلىنى ئورنىنى ئۆزگەرتىپ مۇھاكىمە قىلىش، ئاساسىي نۇقتىنى قوشۇمچە ئورۇنغا قويۇش ئارقىلىق، «ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى» نى ئاقلاش ھەم مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنغان. ئەينى چاغدا مەن «ئەدەبىياتىمىزدىكى ئازغۇن روھ» دېگەن ماقالەمدە بۇ رومانىنى مىليونلىغان خەلقىنىڭ قەلبىدىكى مۇقەددەس سىمۋولىغا قىلىنغان ئېغىر ھۆرمەتسىزلىك ۋە خەلقىمىزنىڭ يادرولۇق ئەخلاق مىزانلىرىغا قىلىنغان بۇزغۇنچىلىق نۇقتىسىدىن قاتتىق تەنقىدلىگەنىدىم. باتۇر روزىمۇ، بۇ رومانىنىڭ ئەخلاق جەھەتتىكى كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدىغان چۈشكۈنلۈكلىرىنى قاتتىق سۆكۈپ «ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەيدىز ۋىرۇسى» دەپ خاراكتېرلىگەنىدى. بىز ھېچقاچان بۇ رومانىنى «ئىپادىلەش ئۇسۇلى» بىلەن «باياندىكى ئۆزگىچىلىكى» كۆزىمىزگە سىغماي ياكى «ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات قارىشى ئاساسىدا

يېزىلمىغان»، «ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىكى چىنلىقنى يازماي، سۇبـ-يېكتىپ ئاڭدىكى چىنلىقنى يازغان» دەپ تەنقىدلىگەن ئەمەس. «ئۆ-لۈۋېلىش سەنئىتى» روماندىكى مەسىلە ھەرگىزمۇ شەكىلدىكى مەسىلە ئەمەس ئىدى. ئەگەر شەكىلدىكى مەسىلە بولسا، ئەدەبىيات مۇنبىرىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا بۇ قەدەر قاتتىق ئەيىبلەنمىگەن بولاتتى. دېمەك، مامۇتجان مۇنازىرە لوگىكىسىغا مۇخالىپ ھالدا مەسىلىنى يۆتكەپ، كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ، بۇ روماننى ئاقلـ-ماقچى ۋە مۇئەييەنلەشتۇرمەكچى بولغان.

مامۇتجان ماقالىسىدە «پەرھات تۇرسۇننىڭ ‹ئۆلۈۋېلىش سەنئـ-تى› دېگەن رومانىنىڭ ئاشۇنداق چوڭ تالاش ـ تارتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىنى، ئوخشاشمىغان ئەدەبىيات قارىشىدىن بولغان، دەپ قاراشقا بولىدۇ» دېگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، «ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى» نىڭ ئەڭ كەسكىن تەنقىدكە دۇچ كېلىشىگە «كىشىلەرنىڭ ئاڭ ـ پا-ئالىيەتلىرى، پىسخىكىسى، ئىچكى دۇنياسى قاتارلىقلارنى ئەدەبىيات ئىپادىلەيدىغان ئىككىنچى رېئاللىق سۈپىتىدە» تونۇمىغانلىقىمىز، پەرھات تۇرسۇننىڭ «ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات قارىشىدىكىلەر ئىزچىل تۇردە ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەلگەن ‹ئۆلۈۋېلىش› تىن ئىبارەت بىر خىل تۇيغۇنى ئىپادىلەپ بېرىشكە ئۇرۇنغانلىقى» سەۋەب بولغانىكەن.

شۇبھىسىزكى، باتۇر روزىنىڭ ماقالىسىدىمۇ، مېنىڭ ماقالەمدى-مۇ مەسىلىنىڭ نېگىزى «ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى» دە كۆڭۈل بۆلۈنگەن «ئىككىنچى رېئاللىق» نى ئىنكار قىلىش ياكى پەرھات تۇرسۇننىڭ «ئۆلۈۋېلىش» تىن ئىبارەت بۇ خىل تۇيغۇنى ئىپادىلەشكە ئۇرۇنغاز-لىقىنى تەنقىدلەشكە قارىتىلمىغان. بىز ماقالىمىزدە «سۇبيېكتىپ ئاڭدىن ئىبارەت ئىككىنچى رېئاللىق» نى ئىنكار قىلىدىغان سۆز ـ جۈملىلەرنى ئىشلىتىپ باقمىغان. پەرھات تۇرسۇنمۇ بۇ رومانىدا «ئۆلۈۋېلىش، تىن ئىبارەت بىر خىل تۇيغۇنى ئىپادىلەپ بېرىشكە» ئۇرۇنمىغان، بەلكى باش پېرسوناژ تاھىرنىڭ ئۆلۈۋېلىش ئارزۇسىنى قوۋۋەتلەيدىغان پوزىتسىيەسىنى روشەن ئىپادىلىگەن. يەنى ئۆلۈۋې-

لىشنى قىزغىن ھىمايە قىلىدىغان مەۋقەسىنى ئىزچىل ئىپادىلىدى. بىلىش كېرەككى، مۇئەييەن تۇيغۇنى گۈزەللەشتۈرۈپ ياكى خۇنۇكلەشتۈرۈپ ئىپادىلەشنىڭ پەرقى بار. پەرھات تۇرسۇن رومانىدا «ئۆلۈۋېلىش» تىن ئىبارەت تۇيغۇنى، يەنى باش پېرسوناژ تاھىرنىڭ «ئۆلۈۋېلىش» ئىستىكىنى باشتىن - ئاخىر گۈزەللەشتۈرۈش پوزىتسىيەسىدە تەسۋىرلىگەن.

ماموتجاننىڭ پىكرىچە، پەرھات تۇرسۇننىڭ ئەدەبىيات قارىشى باشقا يازغۇچىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىكەن. «ئۇنىڭ ئەدەبىيات قارىشى ئىزچىل تۇردە ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ روھىي دۇنياسىنى، ئاڭ پائالىيەتلىرىنى ئىپادىلەشنى ئاساس قىلغان ئەدەبىيات قارىشى» ئىكەن. شۇنداقمۇ دېيلى، ئۇنداقتا پەرھات تۇرسۇننىڭ بۇ خىل ئەدەبىيات قارىشىنىڭ ئېتىكىلىق مەزمۇنى بارمۇ - يوق؟ مېنىڭچە، بۇ سوئال ئارتۇقچە بولمىسا كېرەك. ھەققانىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك يازغۇچى، نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى سولژېنىتسىن «بىز بىر سەنئەتكارنىڭ ھوقۇقىنى قوللىنىپ ئۆزگىچە ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەشكە ئارىلاشمايمىز، بىراق ئۆزى بىلەنلا بولۇپ، دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا نەزىرىنى ئاغدۇرماي يۈرۈشىنىمۇ قۇۋۋەتلىمەيمىز» دەپ مەسئۇلىيەت ئېڭى يوق يازغۇچىلارنى سەگىتمەكچى بولغان ھەم تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ «يازغۇچى ئۆز قېرىنداشلىرى ۋە دەۋرداشلىرىنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىگە قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرسا بولمايدۇ، بەلكى ئۆز خەلقى سادىر قىلغان تۈرلۈك جىنايەتلەرنى تەڭ ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ناۋادا يازغۇچى تەۋە دۆلەتنىڭ تانكىسى باشقا دۆلەتنىڭ پايتەختىدە قانلىق ۋەقە سادىر قىلسا، ئۇنداقتا خىرە جىگەر رەڭ قان ئىزلىرى ئۇنىڭ يۈزىدە قېلىشى كېرەك. ناۋادا سىزگە ناھايىتى ئىشىنىدىغان بىر دوستىڭىز دارغا ئېسىلسا، ئۇنداقتا يازغۇچىنىڭ ئالىقىنىدا ئارغامچىنىڭ سۈرسۈن ئىزى قېلىشى كېرەك، ناۋادا دۆلىتىمىزدىكى ياشلار شاللاقلىق، زەھەر چېكىش ياكى تۇتقۇن قىلىش قاتارلىق قىلمىشلار

بىلەن شۇغۇللانسا، ئۇنداقتا يازغۇچىنىڭ نەپسىدىمۇ بىر خىل بەدبۇي پۇراق بولىدۇ»[1] دېگەن. مەن مانا مۇشۇنداق روشەن ئېتىكىلىق مەنىسى بار ئەدەبىيات قارىشىنى قۇۋۋەتلەيمەن. مەسئۇلىيەت ئېڭى يوق، ئاقىۋەتكە ئىگە بولمايدىغان ئەدىبلەرنىڭ يازمىلىرىنى قەتئىي رەت قىلىمەن. پەرھات تۇرسۇننىڭكىدەك ئەخلاق يۆنىلىشى ساغلام بولمىغان، مىللەتنىڭ مەنىۋىيىتى ۋە روھىيىتى ئۈستىدىكى ئىزدەنىشلەردىن سۆز ئاچقىلى بولمايدىغان، ئەكسىچە، بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى بۇنداق رومانلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن تەنقىدلەيمەن. بىز ئىنساننىڭ ئىنسانلىقىنى نۇرلاندۇرۇپ تۇرىدىغان پاك، ئىزگۇ، ئالىيجاناب، نازۇك نەرسىلەرنى تاشلىۋېتىۋەرسەك، تۇرمۇشنىڭ نىشانىنى يوقىتىپ قويىمىز. شۇڭا مۇتەپەككۇرلار: «ئەخلاق ۋەيران بولسا، ئېتىكا بىر چەتكە تاشلىنىپ قالسا، مەدەنىيەت نابۇت بولىدۇ، ئاساس تەۋرەيدۇ، ۋىجدان يوقايدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ ئادەم يەنىلا ياشايدۇ، لېكىن ئادەمدەك ياشىيالمايدۇ» دەپ قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ كەلمەكتە.

دۇنيادا ھەر خىل خاراكتېردىكى ئەدەبىيات بار. بۇلار دۇنيادىكى ئىشلارغا ئويناشقاندەك مۇئامىلە قىلىدىغان شەخسىيەتچى ئەدەبىيات، باشقىلارنى نەزەردە تۇتىدىغان، ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزۇشنى ئويلايدىغان ئەدەبىيات، يالغانچىلىق قىلىدىغان ئەدەبىيات، ھەققانىيەتكە ئىنتىلىپ راست گەپ قىلىدىغان ئەدەبىيات، زوراۋان سىياسەتنى تىزلىنىپ تۇرۇپ مەدھىيەلەيدىغان ئەدەبىيات، رەزىللىككە تىك تۇرۇپ قارشى چىقىدىغان ئەدەبىيات قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنداقتا، ئىنساننى مەقسەت قىلىدىغان گۇمانىتار پەن ھېسابلىنىدىغان ئەدەبىياتنىڭ كۈچى زادى نەدىن كېلىدۇ؟ «ئەدەبىياتنىڭ كۈچى نۇرغۇن تەرەپلەردىن كېلىدۇ. تەسۋىرنىڭ دەللىكى، تىل-

---

① سولژېنىتسىن (رۇسىيە): «ئىنسانلار ئۈچۈن سەنئەت — نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى تارقىتىش مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن سۆز»، «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 2001 - يىللىق 2 - سانى، ئالىمجان تاھىر تەرجىمىسى.

نىڭ گۈزەللىكى، قۇرۇلمىسىنىڭ ئەپچىللىكى، تەسەۋۋۇرىنىڭ مۇللۇقى، ئىستىلىستىكىسىنىڭ نەپىسلىكى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر پارچە ئەسەرنىڭ تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئامىللار ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، بىر پارچە ئەسەرنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك كۈچى ئۇنىڭ ئېتىكىلىق روھى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بۇ خىل ئېتىكىلىق روھ ئەسەردىكى قىزغىنلىق ۋە غايە؛ ھەقىقەت بىلەن ھەققانىيلىققا تۇتۇلغان پوزىتسىيە تەرىپىدىن شەكىللىنىدۇ. گەرچە بەدىئىيلىكى يۇقىرى ئەسەر، سىزگە گۈزەللىك تۇيغۇسى ئاتا قىلسىمۇ، ئەمما ئەگەر ئۇ ئادەمدە ئىللىق سەزگۇ پەيدا قىلالمىسا، ئادەمنىڭ جاسارىتى ۋە كۈچىنى ئاشۇرالمىسا، ئادەمنى بىر خىل غايە ۋە مەنزىل بىلەن تەمىنلىيەلمىسە، ئۇنداقتا، بۇ خىل گۈزەللىك ئەھمىيەتسىز، مۇكەممەلسىز ھېس قىلىنىدۇ.[1]»

پەرھات تۇرسۇننىڭ «ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ روھىي دۇنياسىنى، ئاڭ پائالىيەتلىرىنى ئىپادىلەشنى ئاساس قىلغان ئەدەبىيات قارىشى» ئۇنىڭ ئېتىكا قارىشىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ «ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى» رومانى ئۇنىڭ چۈشكۈن، يادرولۇق ئەخلاق مىزانلىرىغا قارشى مەيدانىدىن روشەن دېرەك بېرىدۇ. باتۇر روزى ئىككىمىز ئەيىنى ۋاقىتتا يازغان ماقالىلىرىمىزدە بۇ جەھەتتىكى پرىنسىپال خاتالىقلارنى كونكرېت پاكىتلارنى نەقىل كەلتۈرۈپ قاتتىق تەنقىد قىلغان. شۇڭا، بۇ يەردە يەنە سۆزلەپ يۈرمەيمەن. مامۇتجاننىڭ ماقالىسىدىمۇ مەزمۇنىغا چېتىلىدىغان نەق مەسىلىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، پەرھات تۇرسۇننىڭ مۇجمەل، تومتاق ئەدەبىيات قارىشى تەكىتلەنگەچكە، بۇ خىل پىكىر قىلىشنىڭ مۇنازىرە لوگىكىسىغا مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنىلا ئەسكەرتىپ قويۇش بىلەن كۇپايىلىنىمەن.

مامۇتجان ئۆز ماقالىسىدە پەرھات تۇرسۇننىڭ رومانىنى ئاقلاش ھەم مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ «مۇكەممەللىك ۋە كەمتۈك-

---

① لى جيەنجۈن: «ئەدەبىياتنىڭ پوزىتسىيەسى»، يازغۇچىلار نەشرىياتى، 2001 - يىلى نەشرى، 7 - بەت، خەنزۇچە.

لىۋك» دېگەن ماقالىسىدىكى ئىسخېمىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، «بۇ يەردە پەرھات تۇرسۇن ئىنساننى، ئىنساننىڭ تۇيغۇسىنى ۋە ئازابلىرىنى، ئۆزگىرىشچانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەدەبىياتنى بىر خىل ئىلـ. غارلىققا ئىگە ئەدەبىيات قارىشى دەپ قاراپ، ئۆزىگە خاس بولغان بىر خىل ئەدەبىيات قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدىكى ئەدەبىيات ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى رېئاللىقنى ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلاتتى» دەپ يازغان. مامۇتجاننىڭ بۇ بايانىدا تەنقىدىي مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشكە تېگىشلىك ئۈچ مەسىلە بار:

بىرىنچى، بىر ئادەمنىڭ ئەدەبىيات قارىشى بىلەن ئەدەبىي ئىجا. دىيەت ئەمەلىيىتى ھە دېگەندە بىردەك بولۇپ كەتمەيدۇ. مەسىلەن، ئالدى بىلەن ئۆزۈمنى مىسالغا ئالسام، مەن سولژېنىتسىننىڭ يۇ. قىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن سۆزىنى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىمدە تو. لۇق، ئىزچىل ئىپادىلەپ كېلىۋاتىمەن، دېيەلمەيمەن. بەلكى بۇ، مې. نىڭ غايەمدىكى ئۆلچەمگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، دەپ قارايمەن. مەن ئىجادىيەت ھاياتىمدا ئاشۇ نىشانغا ئىنتىلىمەن. پەرھات تۇرسۇنمۇ يۇقىرىقىدەك ئەدەبىيات قارىشىغا ئىگە دەپ قارالسا، شۇ خىل ئەدە. بىيات قارىشىغا ماس ئەدەبىيات ئەمەلىيىتىنى روياپقا چىقاردىمۇ ـ يوق؟ بۇنى تەكشۈرۈپ، دەلىللەپ ئىسپاتلاشقا توغرا كېلىدۇ. كۆپ ھاللاردا كىشىلەر ئۆزىگە مىزان قىلغان مەلۇم قاراش، مەلۇم ئۆل. چەم، مەلۇم پىرىنسىپ ئۇلارنىڭ ئەمەلىيىتىدىن خېلىلا ئۈستۈن ياكى يىراق ھالەتتە تۇرۇپ قالىدۇ. دەلىللەنمىگەن ھۆكۈمنىڭ قايىل قىلىش كۈچى بولمايدۇ. بىز تېخى ھازىرغىچە پەرھات تۇرسۇننىڭ «ئۆزىگە خاس بولغان بىر خىل ئەدەبىيات قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويى. غان» لىقىنى كۆرۈپ باقمىدۇق، پەقەت بۇگۈنكى زامان غەرب ئەدە. بىيات ـ سەنئەت نەزەرىيەسىدىكى ھەممىگە تونۇش بولغان بەزى قاراشلارنى تەكىتلىگەنلىكىنىلا كۆردۇق.

ئىككىنچى، «ئىنساننى، ئىنساننىڭ تۇيغۇسىنى ۋە ئازابلىرىنى، ئۆزگىرىشچانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەدەبىيات» مەسىلىسى. رو.

شەنكى، بۇ يەردە يازغۇچىنىڭ پوزىتسىيەسى تىلغا ئېلىنمىغان. قىممەت خاھىشى گەۋدىلەنمىگەن. «ئەدەبىيات ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا بىر خىل پوزىتسىيە خاراكتېرىگە، تاللاشچانلىققا ۋە باھاچانلىققا ئىگە مەنىۋى ھادىسە؛ پوزىتسىيەدىن خالىي ئەدەبىيات يوق، پەقەت پوزىتسىيەسى يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا، نورمال ياكى كېسەل ھالەتتىكى ئەدەبىياتلا مەۋجۇت.①» مەلۇمكى، ئىنساننىڭ بارلىق تۇيغۇسى، بارلىق ئازابلىرى، بارلىق ئوي ـ خىياللىرى قىممەتلىك بولۇۋەرمەيدۇ. ئۇنىڭ روماننىڭ باش قىسمىدا ئاساسلىق پېرسوناژ تاھىرنىڭ خىيالى سۈپىتىدە يازغان تۆۋەندىكى غەلىتە بايانلىرىنى ئوقۇغان چېغىمدىلا يازغۇچىنىڭ ھاياتقا تۇتقان پاسسىپ پوزىتسىيەسىنى ھېس قىلغانىدىم.

ئاپتور روماننىڭ 3 ـ بېتىدە مۇنداق يازغان: «كىشىلەر شۇنچە جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئازابلارغا بەرداشلىق بېرىپ نېمىشقا تۈگىمەس تەقەززالار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن جان ـ جەھلى بىلەن تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ياشاپ يۈرىدۇ؟ ئەگەر ئۇ ئەنە شۇنداق زور تەقەززالار ئارقىلىق دۇنيادا شۆھرەت قازانماقچى بولسا، ئۇنىڭغا شۆھرەتنىڭ نېمە كېرىكى؟ ئۇمۇ ھەممە ئادەمگە ئوخشاش ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. ئۇنىڭ نەزەرىيەسى بويىچە بولغاندا ئۇنىڭ ئۆزىگە ياغدۇرۇلۇۋاتقان بارلىق ئالقىش، ماختاشلارنى ھېس قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۆلگەن ئادەم ئۈچۈن ھەممە بەرىبىر. ئەگەر يوقسۇللارنىڭ ھۆرلۈكى، باراۋەرلىكى ئۈچۈن شۇنداق قىلغان بولسا، ھۆرلۈك، باراۋەرلىك دېگەنلەرنىڭ كىشىلەرگە نېمە كېرىكى؟ كۈرەش قىلىشنىڭ نېمە كېرىكى؟ ھەممە ئادەم ئۆلۈپ، چىرىپ يوقىلىدىغان، مەڭگۈلۈككە تۈگەيدىغان تۇرسا! ... ئۆلگەندە ئادەملەرنىڭ ھەممىسى باراۋەر بولىدۇ. ئۇنداقتا، نېمىشقا كىشىلەرنى ئۆلۈشكىلا سەپەرۋەر قىلمايمىز؟! ... ئادەملەر ئۆلگەندىن كېيىن ھېچكىم جاپا چەكمەيدۇ.»

① لى جيەنجۈن: «ئەدەبىياتنىڭ پوزىتسىيەسى»، يازغۇچىلار نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى، 1 ـ بەت، خەنزۇچە.

بىز بۇ ئۇچىغا چىققان پاسسىپ قاراشنى ئۆزىنىڭ قىلىپ بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ خىيالىنى قوزغاتساق، ئوقۇتقۇچى تەبىئىي ھالدا مۇنداق پاسسىپ خىيال قىلىدۇ: «مېنىڭ جاپا تارتىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشىمنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ بەربىر ئۆلۈپ كېتىدىغان تۇرسام. ئوقۇغۇچىلارنى كۆڭۈل قويۇپ تەربىيەلەشنىڭ، كۆيۈپ ـ پىشىپ ئوقۇتۇشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟ ئۇلارمۇ بەربىر ئۆلۈپ كېتىدىغان تۇرسا. ئۆزۈمنىمۇ، ئوقۇغۇچىلارنىمۇ ئاۋارە قىلغاندىن، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە دورا ئىچىپ ئۆلۈپلاۋالساق ياخشى ئەمەسمۇ؟ بەربىر ھەممىمىز ئۆلۈپ كېتىدىغان تۇرساق.» شۈبھىسىزكى، بۇنداق جىنايى خىيالغا ھېچكىم تاقەت قىلالمايدۇ. بىنورمال ئادەم بولمىسىلا ھەرقانداق كىشى بۇنداق پاسسىپ ئىدىيەگە لەنەت ئوقۇماي قالمايدۇ.

مەن «ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى» ناملىق بۇ غەلىتە روماننى ئوقۇپ بولۇپ ئىدىيە ۋە ھېسسىيات جەھەتتىن مىللەتىمىزگىلا ئەمەس، ھەتتا ھەرقانداق بىر ئىنسانغا پايدىلىق ھېچ نەرسە تاپقىلى بولمايدىكەن، دېگەن تونۇشقا كەلگەنىدىم. شۇنداقلا ئىدىيە ۋە ھېسسىيات جەھەتتە زەھەرخەندە نەرسىلەرنىڭ ھەر بەتتە دېگۈدەك ئۇچراپ، ئوقۇرمەننى سەسكەندۈرىدىغانلىقىنى، بىزار قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتۈشنىمۇ ئىچىدە بايقىغانىدىم.

مېنىڭچە، رومانىنىڭ ئاساسلىق پېرسوناژى تاھىرنى تىپىك «تەرتىپسىزلەنگەن ئادەم» (脱序人) دەپ قاراشقا بولىدۇ. پىسخولوگلارنىڭ يېزىشىچە، تەرتىپسىزلىنىش بىر كىشىنىڭ ئەخلاقى تۈپ يىلتىزىدىن يۇلۇپ تاشلىنىشتىن پەيدا بولىدىغان روھىي ھالەت بولۇپ، بۇنداق كىشى زەھەرخەندىلىك، ھەسرەتلىنىش ۋە بىئارامسىزلىق ھېسسىياتىنى باشتىن كەچۈرۈپ تۇرىدىكەن. بۇنداق ئادەمدە ھەرقانداق ئۆلچەم بولمايدىكەن، ئۇنداق ئادەم ئۆزئارا تەۋەلىك مۇناسىۋىتى بولمىغان كۆچلەرنىڭ ھەيدەكچىلىكى تەسىرىدە ھەرىكەتلىنىدىكەن. ئۇنىڭدا مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى، ئىجتىمائىي تويقا بولغان

مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئويغانمايدىكەن. تۇرمۇش نىشانىمۇ بولمايدىكەن. ئۇنداق ئادەم باشقىلارنىڭ قىممىتىنى مەسخىرە قىلىش، ئەھمىيەتسىز دەپ قاراشتەك پوزىتسىيەنى ئىپادىلەيدىكەن. ئۆزىنى كۆز ئالدىدىكى ھېچقانداق ئەھمىيەتسىز دەقىقىگە تاپشۇرۇپ بېرىدىكەن. بىردىنبىر ئېتىقاد قىلىدىغىنى ئىنكار پەلسەپىسى ئىكەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، «تەرتىپسىزلەنگەن ئادەم» نىڭ باشتىن كەچۈرۈۋاتقىنى قىممەت سىستېمىسىدىن تامامەن ئايرىلغان تۇرمۇش ھېسابلىنىدىكەن. يەنى ھېچقانداق ئىچكى قىممەت ۋە ئىجتىمائىي قىممەت بىلەن كارى بولمايدىكەن. قەلبى ئۆچمەنلىككە تولغان بولىدىكەن.

دېمەك، مامۇتجان پەرھات تۇرسۇننى «ئىنسانىنى، ئىنساننىڭ تۇيغۇسىنى ۋە ئازابلىرىنى، ئۆزگىرىشچانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەدەبىياتنى ئىلغارلىققا ئىگە ئەدەبىيات قارىشى دەپ» قارايدۇ، دەپ ماختاپ ئۇچۇرغاندا، ئۇنىڭ رومانىدا ئىنساننىڭ تۇيغۇسى ۋە ئازابلىرىغا تۇتقان پوزىتسىيەسىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقى كېرەك ئىدى. مەلۇمكى، تۇيغۇ ۋە ئازاب بارلىق ئىنسانلارغا ئورتاق نەرسە. تۇيغۇدىن، ئازابتىن خالىي ئادەم بولمايدۇ. مۇھىمى بۇنداق تۇيغۇ ۋە ئازابنى «قىممەت بىتەرەپلىكى» ياكى مەدەنىيەت ۋە سەنئەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ۋاندالىزم[1] لىق مەيداندا تۇرۇپ ئىپادىلەشتىن ساقلىنىش كېرەك. «20 ـ ئەسىرنىڭ رومان سەنئىتى تەھلىل قىلىنغان كىلاسسىك ئەسەر» دەپ تەرىپلىنىدىغان «رومان ھەققىدە مۇپەسسەل بايان» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئەنگلىيەلىك ئا. م. فوستېر «ئەگەر كىمكى يوگەنسىز رومان يېزىشنى خالىسا، شۇنداقلا ئاڭنىڭ ئەركىن تەرەققىياتى ھەققىدە ۋالاقلاۋېرىدىغان بولسا، ئۇنى ئۆرنەك قىلىدىغان ئادەم چىقماي قالىدۇ» دەپ كۆرسەت-

① ۋاندالىزم — ۋاندال (Vandal) دېگەن سۆزدىن ياسالغان بولۇپ، ۋاندال — ياۋروپادا ياشىغان قارام، قەبىھ، تەلۋە مىجەز ـ خاراكتېرگە ئىگە ۋاندال دېگەن قوۋمنىڭ نامىدىن كەلگەن. ۋاندالىزم (汪达尔主义 Vandalism) مەدەنىيەت ـ سەنئەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكىتىنى ۋە خاھىشىنى كۆرسىتىدۇ. ھازىر مەدەنىيەت ـ سەنئەت ساھەسىدە ۋاندالىزمچىلار خېلى بار.

كەن. فوستېر بۇ يەردە «پېرسوناژنىڭ ئەركىن مونولوگى ۋە تەسەۋ-
ۋۇرىنى دەخلىسىز رەۋىشتە قانات يايدۇردۇم»، «ئەسەرگە ئىدىيە يۈك-
لەشتىن خالاس بولۇپ، پېرسوناژنىڭ تۇيغۇسىنى خاتىرىلەش ئۇ-
چۇنلا خىزمەت قىلدىم»، «شەخسنىڭ تۇيغۇسىنى، ئاڭ كەچمىشلە-
رىنى بايان قىلىپ بېرىش» بىلەنلا چەكلەندىم، دەپ قارايدىغان
مەسئۇلىيەتسىز يازغۇچىلار بىلەن قىممەت نىشانى يوق، مەزمۇنى
ئەھمىيەتسىز، قالايمىقان تۇيغۇ - تەسىراتلاردىن تەركىب تاپقان
ئەسەرلەرنى نەزەردە تۇتقان. ھەقىقەتەنمۇ، ئەسەرنىڭ قىممىتى يۈزە-
كى تەسىراتلاردا ياكى پارچە - پۇرات تۇيغۇلاردا ئەمەس، بەلكى مەنە
قاتلىمى ۋە ئىدىيەۋى چوڭقۇرلۇقتا ئىپادىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، «ئىلغارلىق» نىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى. مامۇتجان يۇ-
قىرىقى مەزمۇندا، پەرھات تۇرسۇننىڭ «ئىنساننى، ئىنساننىڭ تۇي-
غۇسىنى ۋە ئازابلىرىنى، ئۆزگىرىشچانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئە-
دەبىياتنى بىر خىل ئىلغارلىققا ئىگە ئەدەبىيات قارىشى» دەپ قاراي-
دىغانلىقىنى يازغان. بىز مامۇتجاننىڭ قايسى ئۆلچەم بىلەن بۇ
قاراشنى «ئىلغارلىققا ئىگە» دەپ قارىغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى. ئۇ،
ماقالىسىدە «پەلسەپە جەھەتتىن قارىغاندا، مەلۇم كۆزقاراشلار توغرا -
خاتالىق جەھەتتىن ئەمەس، ئوخشاش بولمىغانلىقى جەھەتتىن پەرق-
لىنىدۇ. بىز قانداقتۇر بىر زۆرۈرىيەت تۈپەيلى ئوخشاشمىغان كۆز-
قاراشلارنىڭ مەلۇم بىرىنى توغرا دەپ قارايمىز» دەپ يازغان. بۇنىڭ-
دىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مامۇتجاننىڭ نەزىرىدىكى ئىلغارلىق-
نىڭ ئۆلچىمى «زۆرۈرىيەت» تىن ئىبارەت. مۇشۇ بويىچە بولغاندا
قانداق كۆزقاراش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىز دە ئۇنىڭغا نىسبەتەن
زۆرۈرىيەت تۇغۇلسىلا «ئىلغار» دەپ ھىمايە قىلىپ ئوتتۇرىغا چى-
قىش كېرەك بولىدۇ. بۇ مەنتىقە بويىچە بولغاندا، پەرھات تۇرسۇننىڭ
«ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى» ناملىق رومانىنى ئاقلاش ۋە مۇئەييەنلەشتۇ-
رۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغانىكەن. «ئىنساننى، ئىنساننىڭ تۇيغۇسىنى
ۋە ئازابلىرىنى، ئۆزگىرىشچانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەدەبىيات

قارىشى» نى ئىلغار دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك. ئىلغارلىقنى مۇشۇنداق مۇئەييەنلەشتۈرۈش توغرىمۇ؟ پەقەت شەخسنىڭ ئارزۇ - ئىستىكىنى ۋە پايدا - مەنپەئىتىنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ تۇرۇپ ئىلغارلىق ياكى قالاقلىقنى ئۆلچەيدىغان، ئىدراك ۋە ئەخلاق روھى - دىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدىغان بۇ خىل پوزىتسىيە ئۇچىغا چىققان پەسكەشلىك ھېسابلانامدۇ؟

ئەدەبىيات مۇنبىرىمىزگە نىسبەتەن يېڭى ئاپتور ھېسابلىنىدىغان مامۇتجان ئىمىن ئېلتېكىنىنىڭ بۇ ساھەگە قەدەم قويۇش بىلەن تەڭلا ئىپادىلىگەن بۇ خىل تۆۋەن دەرىجىلىك كىشىلىك ساپاسى باشقىلار - نى ئۈمىدسىزلەندۈرمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟ ھەركىم ئۆزىگە زۆرۈر بولغاندا مەلۇم بىر خىل قاراشنى «ئىلغار»، «توغرا» دەپ ياقلاپ چىقسا قورقۇنچلۇق ئاقىۋەت كېلىپ چىقماسمۇ؟ دېمەك، مامۇتجان - نىڭ نەزىرىدىكى «ئىلغارلىق» نىڭ ئۆلچىمى ئەنە شۇنداق ئىدراكتىن ھەم ئەخلاقتىن خالىي تۇتۇرۇقسىز نەرسىدىن ئىبارەت. ئەگەر زۆرۈ - رىيەت تۇغۇلسىلا ئىلغار ھېسابلىنىۋېرىدىغان بولسا، ھەممىلا كۆز - قاراش ئۆز نۆۋىتىدە ئىلغار بولۇۋەرمەمدۇ؟

مامۇتجان ماقالىسىدە پەرھات تۇرسۇننىڭ «ئۆلۈۋېلىش سەنئى - تى» رومانىنى ئاقلاش ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن يەنە «شۇنىسى ئالاھىدە ئەھۋالكى، ئۇ ھەتتا بىزنىڭ مەدەنىيەت مۇھىتىمىزدا ئىزچىل تۇردە ئىنكار قىلىنىپ كەلگەن ئادەمنىڭ روھىي دۇنيا - سىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر خىل ئاڭ پائالىيىتى بولغان ‹ئۆلۈۋېلىش› تىن ئىبارەت يوشۇرۇن ئاڭدىكى رېئاللىقنى سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ئىپادىلەپ بېرىدۇ، بۇ دەل ئۇنىڭ ‹ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى› رومانىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى. شۇڭا، ئۇ بۇ رومانىنىڭ بېشىغا سىلۋىيە پىلاسنىڭ ‹لەزەرس خانىم› دېگەن ئەسىرىدىن ئېلىنغان ‹ئۆلۈۋېلىش بىر تۈرلۈك سەنئەت› دېگەن بىر جۈملە سۆزنى پۈتۈن ئەسەردىن بېشارەت بېرىش ئۈچۈن نەقىل قىلىپ ئالىدۇ» دەپ ياز - غان. مامۇتجانىنىڭ بۇ مۇجمەل بايانىغىمۇ ئۈچ جەھەتتىن تەنقىدىي

مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، «شۇنىسى ئالاھىدە ئەھۋالكى» دېگەن سۆزنى قانداق چۈشىنىش مەسىلىسى. «بىزنىڭ مەدەنىيەت مۇھىتىمىزدا ئىزچىل تۈردە ئىنكار قىلىنىپ كەلگەن» ئالى پائالىيىتى بولغان «ئۆلۈۋې-لىش» نى يازغانلىقى ئالاھىدە ئەھۋالمۇ ياكى «ئۆلۈۋېلىش» تىن ئى-بارەت بۇ خىل ئالى پائالىيەتنى «سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ئىپادىلەپ بەرگەن» لىكى ئالاھىدە ئەھۋالمۇ؟ ئەگەر بۇ سۆزدە ئال-دىنقى ئەھۋال كۆزدە تۇتۇلغان بولسا، شۇنىسى ھەقىقەتكى، بىزنىڭ مەدەنىيەت مۇھىتىمىزدا ئېتىقاد سىستېمىسىدىكى پىرىنسىپ سە-ۋەبىدىن ئۆلۈم ئىككى قاتتىق كۈچەپ تەكىتلىنىدۇ. يەنى ئۆلۈمنى ھەر دائىم ياد ئېتىش، قازاغا رىزا بولۇش، ئۆلۈمگە بىمالال مۇئامىلە قىلىش دېگەندەك. لېكىن «ئۆلۈۋېلىش» ئىستىكىدىن ئىبارەت يو-شۇرۇن ئاڭدىكى رېئاللىق قاتتىق چەكلىنىدۇ. بىلىشىمچە، بىزنىڭ ئېتىقاد سىستېمىمىزدىلا ئەمەس، دۇنيادىكى ئاساسلىق دىنىي ئېتى-قاد سىستېمىلىرىنىڭ ھەممىسىدە «ئۆلۈۋېلىش» ئىستىكى قاتتىق چەكلىنىدۇ. ھاياتلىقنى قەدىرلەيدىغان بارلىق يادرولۇق ئەخلاق قاراشلىرىمۇ ئوخشاشلا «ئۆلۈۋېلىش» ئىستىكىنى مۇۋاپىق كۆرمەي-دۇ. پەرھات تۇرسۇننىڭ «ئۆلۈۋېلىش» نى بىر خىل سەنئەت دەپ چۈشىنىشى ئېنىقكى، ئۆلۈۋېلىشنى قۇۋۋەتلىگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق قۇۋۋەتلەش ھەقىقەتەن ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى بارلىق ئا-ساسلىق ئېتىقاد سىستېمىلىرى ئۈچۈن ۋە يادرولۇق ئەخلاق قاراش-لىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا «ئالاھىدە ئەھۋال» ھېسابلىنىدۇ. شۇبھى-سىزكى، پەرھات تۇرسۇن ئىپادىلىگەن بۇ خىل «ئالاھىدە ئەھۋال» گۇمانىتارلىققا خىلاپ، ئىنسانىيەتسىزلىك مەزمۇنى بىلەن خاراك-تېرلەنگەن ئالاھىدە ئەھۋالدۇر.

ئەگەر مامۇتجاننىڭ بۇ سۆزىدە كېيىنكى ئەھۋال، يەنى پەرھات تۇرسۇننىڭ «ئۆلۈۋېلىش، تىن ئىبارەت يوشۇرۇن ئاڭدىكى رېئال-لىقنى سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ئىپادىلەپ بەرگەن» لىكى

«ئالاھىدە ئەھۋال» ھېسابلانسا، بىز پەرھات تۇرسۇننىڭ «ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى» رومانىدا ئىپادىلەنگەن «سەنئەت دەرىجىسى» نى ھېلى كۆرىمىز. شۇڭا، بۇ يەردە ۋاقىتىنچە مۇھاكىمە يۈرگۈزمەيمەن.

ئىككىنچى، سىلۋىيە پىلاس (Sylvia Plath، 1932 — 1963) نىڭ «لەزەرس خانىم» دېگەن ئەسىرىدىن ئېلىنغان «ئۆلۈۋېلىش بىر تۈرلۈك سەنئەت» دېگەن بىر جۈملە سۆزى مەسىلىسى. سىلۋىيە پىلاس «ئادەم پەقەت ئۆلۈم ئىچىدىلا ئۆزىنىڭ ئەھمىيىتىنى تاپالايدۇ، ھاياتلىق پەقەت بىر ماشىنا بولۇپ، ئۇ يوقلۇقىلا دۇچ كېلىدۇ[1]» دەپ قاراپ، ئۆلۈۋېلىشنى گۈزەللەشتۈرۈپ كۆرسەتكەن ھەم بىرنەچچە قېتىم ئۆلۈۋېلىشقا ئۇرۇنۇپ، 31 يېشىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۆلۈۋالغان يازغۇچى. پەرھات تۇرسۇن رومانىدا دەل مۇشۇ يازغۇچىنىڭ «ئۆلۈۋېلىش بىر تۈرلۈك سەنئەت» دېگەن بىر جۈملە سۆزىنى پۈتۈن رومانىنىڭ مەقسىتىدىن بېشارەت بېرىش ئۈچۈن نەقىل قىلىپ ئىشلەتكەن. پەرھات تۇرسۇننىڭ رومانىدا نىشان قىلىنغان مەقسەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ بىر جۈملە سۆز تازا ماس كەلگەن. ئۆلۈۋېلىشنى قۇۋۋەتلەش مۇددىئاسىدىكى قەلەمكەشلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ راستتىنلا قالتىس سۆز. ئەمدى بىز يەنە بىر ئامېرىكىلىق ئايال يازغۇچى ئەين راند (Ayn Rand، 1905 — 1982) نىڭ «سەنئەتنىڭ بۇزغۇنچىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە نېمە دېگەنلىكىگە قاراپ باقايلى. ئەين راند بۇ ئەسىرىدە «ئەخلاق ئۆلچىمى» ۋە «غۇرۇر ئۇقۇمى» يوق «ۋاندالىزمچى» يازغۇچىلارنى يۈز - خاتىر قىلماستىن مۇنداق تەنقىدلىگەن: «ھازىرقى زامان رىيالىيلىرى ئىنسان خاراكتېرىنىڭ چۈشكۈنلىشىشىگە چوقۇنۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئەقىل - پاراستى، باتۇرلۇقى ۋە غۇرۇرىنى ئىپادىلەيدىغان رومانتىزم ئەدەبىياتىغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدۇ.» ئەين راند خانىمنىڭ بۇ تەنقىدى دەل سىلۋىيە پىلاس ۋە پەرھات تۇرسۇندەك مەدەنىيەتكە ھەم سەنئەت-

[1] «20 - ئەسىر چەت ئەل ئەدەبىياتى لۇغىتى»، يىلىن (تەرجىمىلەر) نەشرىياتى، 1998 - يىلى نەشرى، 970 - بەت، خەنزۇچە.

كە بوزغۇنچىلىق قىلىش خاراكتېرىدە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان «ۋاندالىزمچى» يازغۇچىلارغا قارىتىلغان. چۈنكى، بۇ خىل يازغۇچىلار دەل ئاشۇ خىل چۈشكۈن ئەدەبىياتنى رىئايە قىلىش نەمۇنىسى قىلىۋالغان. ئۇلارنىڭ رومان، ھېكايىلىرى ئىنسان خاراكتېرىنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى كۆرگەزمە قىلىدىغان سەھنە بولۇپ قالغان. ۋاندالىزمچىلارنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرىدىغان ماڭا ئوخشاش ئەدىبلەرنىڭ نەزىرىدىكى ئەدەبىيات ئازاب ئىچىدىن ئۈمىدكە ئىنتىلىدىغان، قىيىن ئەھۋالدا غايىگە ئىنتىلىدىغان ئالىيجاناب كەسىپتۇر. مەن پەقەت مۇشۇ نۇقتىدا مامۇتجاننىڭ ماقالىسىدىكى «پەرھات تۇرسۇننىڭ ئەدەبىيات قارشى بىلەن باشقىلارنىڭ ئەدەبىيات قارىشىدا پەرق بولغانلىقتىن بۇ خىل ئەھۋال يۈز بەرگەن» دېگەن قارىشىنى قۇۋۋەتلەيمەن.

مامۇتجان ماقالىسىدە پەرھات تۇرسۇننىڭ «ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى» رومانىنى ئاقلاش ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئاخىرقى كۇزىرى سۈپىتىدە «ئەدەبىيات دېگەن نېمە» دېگەن مەسىلىنى كۆتۈرۈپ چىققان ھەم بۇنداق سوئالنىڭ ئۆزىلا خاتا ئىكەنلىكىنى، شۇڭا «ئەدەبىيات زادى قانداق بولىدۇ» دەپ سوئال قويسا ئاقىلانە بولىدىغانلىقىنى ئىزاھلىغان.

مېنىڭچە، «ئەدەبىيات دېگەن نېمە» دېگەن سوئال «ئاجايىپ بىمەنە» سوئال بولمىسا كېرەك. غەرب ۋە شەرقتە «ئەدەبىيات دېگەن نېمە» دېگەن سوئال ئاساسىدا ئەدەبىياتنى شەرھلەش ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت. مەن بۇ يەردە تېپىك ئەھمىيەتكە ئىگە قىلىپ «بۈيۈك ئامېرىكا قامۇسى» دىكى ئەدەبىيات دېگەن نېمە؟ دېگەن سوئالغا بېرىلگەن تەبىرنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن. بۇ قامۇستا ئەدەبىياتقا مۇنداق تەبىر بېرىلگەن:

«ئەدەبىيات — ئىنسانلارنىڭ ھېسسىياتى، يۈرەك تۇيغۇشلىرى ياكى بىلىم توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈشتە قوللىنىلىدىغان ئەڭ ئىجادچانلىقتا ۋە ئومۇمىيلىقتا ئىگە ئۇسۇللارنىڭ بىرى. ئېسىل

ئەدەبىيات تەسەۋۋۇر كۆچىگە، مۇنەۋۋەر ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىلەن ماھارەتكە ئىگە كېلىدۇ. ئەدەبىيات ئۆزىدە تەربىيەلەش، خەۋەر بېرىش، كۆڭۈل ئېچىش ئالاھىدىلىكىنى ھازىرلىغان بولۇپ، ئادەملەرنىڭ خۇشاللىق بىلەن قايغۇلىرىنى ئىپادىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ دىنىي جەھەتتىكى ئىخلاسلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، دۆلەت ۋە قەھرىمانلارغا بولغان مەدھىيەلىرىنى ئىپادە قىلىدۇ ياكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ئىشلارنى ۋەياكى ئېستېتىكا جەھەتتىكى ئالاھىدە قاراشلىرىنى تەرغىب قىلىدۇ.»

ماموتجاننىڭ «ئەدەبىيات دېگەن نېمە» دەپ سوراش بىمەنە، «ئەدەبىيات زادى قانداق بولىدۇ» دەپ سوئال قويۇپ مۇھاكىمە قىلسا ئەمەلگە ئۇيغۇن بولىدۇ، دېگەن مەسىلىنى تىلغا ئېلىشتىكى مەقسىتى بۈيۈك يازغۇچى لېف تولستوي، فىرانسىيەلىك روب گىرېل، ئىسپانىيەلىك ئېمىل روسالى، ئەنگلىيەلىك گېئورگى ئېلىئوت، ۋېرگىنىيە ۋولف، روبېرت جامېس قاتارلىق دۇنياۋى ئەدەبىيات نامايەندىلىرىنىڭ «ھەممىسى دېگۇدەك ئەدەبىيات ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ ئاڭ پائالىيەتلىرىنى ئىپادىلەشنى ئاساس قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ» غانلىقى ئىكەن، چۈنكى پەرھات تۇرسۇننىڭ «ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى» رومانىنى مۇشۇ قاراش ئاساسىدا يازغانىكەن. مەن بۇ مەسىلىدە باشتىلا «بىر ئادەمنىڭ ئەدەبىيات قارىشى بىلەن ئەدەبىيات ئەمەلىيىتى ھە دېگەندە بىردەك بولۇپ كېتەلمەيدۇ» دەپ چۈشەنچە بېرىپ بولغان. بۇ يەردە مۇشۇ قارىشىمنى تەكىتلەش بىلەن بىللە شۇنى قوشۇمچە قىلىمەنكى، پەرھات تۇرسۇننىڭ ئەدەبىيات قارىشى يۇقىرىقى دۇنياۋى يازغۇچىلارنىڭ ئەدەبىيات قارىشىغا ئوخشايدۇ دېمەك بىلەن، ئۇنىڭ ئەدەبىيات سەۋىيەسى ئۇلارنىڭكى بىلەن تەڭلىشىدۇ دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئىككىسى ئىككى ئىش.

مېنىڭچە، پەرھات تۇرسۇننىڭ «ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى» رومانى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيەلىك رومان قاتارىغا كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئىدىيەسى بىلەن مەزمۇنى مېنىڭ «ئەدەبىياتىمىزدىكى ئازغۇن روھ» دېگەن ماقا-

لەم بىلەن باتۇر روزىنىڭ «ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەيدىز ۋىرۇسى» نامـ-لىق ماقالىسىدە تەنقىدلەنگەندەك ئېغىر خاتالىق ۋە رەسۋاچىلىقلار بىلەن تولغان بولسا، ئۇنىڭ بەدىئىي شەكلىمۇ ئوخشاشلا ئەڭ تۆۋەن سەۋىيەگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇڭا، مەن يۇقىرىدا «پەرھات تۇرسۇنـ-نىڭ ‹ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى›، رومانىدا ئىپادىلەنگەن ‹سەنئەت دەردـ-جىسى›، نى ھېلى كۆرىمىز» دەپ ئەسكەرتىپ ئۆتۈپ كەتكەنىدىم.

مەسئۇلىيەتچان بىر ئەدەبىيات ئوبزورچىسى ئەدەبىيات ساھەسىـ-دىكى يېڭى ھادىسىلەرگە سەزگۈر مۇئامىلە قىلىش بىلەن بىللە، مىللىي ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى تونۇلغان ياكى تونۇلمىغان يازـ-غۇچى ـ شائىرلارنىڭ يېڭىدىن نەشر قىلىنغان، ئېلان قىلىنغان ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى چامىنىڭ يېتىشىچە ئوقۇپ، ئۇ ئەسەرلەرگە ئىدىيە، پىكىر، خاھىش، خاراكتېر، پېرسوناژ، ھېسسىيات، قۇرۇلـ-ما ۋە تىل ئامىللىرى نۇقتىسىدىن نەزەر سېلىپ، ئۆزىگە يارىشا تەـ-سىرات جۇغلاپ ماڭىدۇ. بەزىدە ئالاھىدە تەسىراتلىرىنى ئوبزور قىـ-لىپ يېزىپ، كەسىپداشلىرى بىلەن ئورتاقلىشىدۇ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ شۇ ئەسەرلەر ھەققىدىكى بەدىئىي زوقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. گاـ-ھىدا ئۇلارنى يېتەكلەيدۇ.

مەن بۇ رومانىنى ئوقۇغان چاغدا مەتبۇئات ئورۇنلىرىنىڭ، بولۇپـ-مۇ مۇھەررىرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان كىشىلەرنىڭ شۇ قەدەر مەسئۇلىيەتسىز بولۇپ كەتكەنلىكىگە ھەيران بولغانىدىم. ئىدىيەسى، مەزمۇنى ۋە ھېسسىياتى ساغلام بولمىغان ناچار، ھەتتا سۆز ـ ئىبارىلەر خاتا قوللىنىلغان، جۈملىلىرىمۇ پىششىقلانمىغان مۇشۇنداق چالا، سۈپەتسىز رومانلارنى قانداق سەۋەبلەردىن نەشر قىـ-لىپ تارقىتىدىغانلىقىنى ھېچ چۈشىنەلمىگەنىدىم.

روماندا بىر ـ بىرىگە زىت قاراشلار، بىر ـ بىرىگە مۇخالىپ ھېسسىياتلار، بىر ـ بىرىگە زىت تەسۋىرلەر، كالالىنپاي بايانلار، تەكرار ۋە كېسەل جۈملىلەر بەكمۇ كۆپ بولۇپ، بەدىئىيلىككە ياتـ-مىغان بۇ نۇقسانلار بۇ رومانىنىڭ ئىدىيە ۋە مەزمۇن جەھەتتىكى خاـ

تاللىقلىرىغا ئوخشاشلا قاتتىق تەنقىد قىلىنىشى كېرەك[1].

رومانىنىڭ 26 ـ بېتىدە مۇنداق يېزىلغان: «كۈتۈپخانىلارغا كىرىۋېلىپ مەشھۇر رەسىملەرنى ۋە شېئىرلارنى چوڭقۇر ھېسسىياتىم بىلەن ئوقۇپ كېتەتتىم.» بۇ جۈملىدە رەسىملەرنى كۆرۈپ كېتەتتىم دېيىلمەي ئوقۇپ كېتەتتىم، دەپ تىل خاتا ئىشلىتىلگەن.

ئاپتور 84 ـ بەتتە مۇنداق يازغان: «بۇ سوغۇقلۇق خۇددى سەھەردە ئۇيقۇ بىلەن ئويغاقلىق ئارىسىدا ئاڭلىغان مۇزىكىدەك ...». بۇ جۈملىدىكى «ئۇيقۇ بىلەن ئويغاقلىق ئارىسىدا» دېگەن بۆلەكنى «چالا ئۇيقۇلۇقتا» دەپ يېزىش كېرەك ئىدى. بۇ تىلىمىزدىكى ئىپادىلەش كۈچى كۈچلۈك سۆز بولۇپ، ئاپتور مۇشۇ سۆزنى قوللانغان بولسا يۇقىرىدىكى ئەزمە بۆلەككە جان كىرگۈزگەن بولاتتى.

ئاپتور 99 ـ بەتتە مۇنداق يازغان: «رەشىدە، ئەمدى ئويلىسام مېنىڭ ئاشۇ ئەخمىقانە ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسى ئاشۇ بىر قېتىملىق مەست بولۇپ قېلىشىنىڭ خىجىللىقىدىن بوپتۇ. ئەگەر ئاشۇ مەست بولۇپ ‹ئاھ! ئاسىيە!› دەپ يىغلاپ يۈرگىنىمنى يوشۇرۇپ قېلىش ئۈچۈنلا ياشلىق باھارىمنى ئازابلىق بىر چۆلگە ئايلاندۇرۇپ، بۇ چۆلدە خۇدۇمنى يوقىتىپ، لەۋلىرىمگە تېگىپ تۇرغان ئابىھاياتنى ئىچىشكە جۈرئەت قىلالماي بىھۇدە جان بەرگەنىكەنمەن.»

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ ئابزاستىكى بۇ كالانپاي جۈملىلەرنىڭ مەزمۇنىنى «ئەگەر» دېگەن ئۇرۇنسىز باغلىغۇچى تېخىمۇ مۇجمەللەشتۈرۈۋەتكەن.

ئاپتور 100 ـ بەتتە مۇنداق يازغان: «ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىدىم. ئېنىقكى، بۇ كۆزلەر ئۇنىڭ مېنىڭ سۆزلىرىمنى تامامەن چۈشىنىپ يەتكەنلىكىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى.» بۇ جۈملىنى ئەزمىلەشتۈرۈۋەت-

① مەن «ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى» رومانىدىكى بۇ نۇقسانلارنى «قومۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا زۆرۈرىيەت تۇپەيلىدىن «غەلىتە رومان ‹ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى›، نىڭ تىلىدىكى نۇقسانلار» دېگەن ماۋزۇدا، نامەلۇم ئىمزادا ئېلان قىلغانىدىم. بۇ قېتىم بۇ ئوبزورىمدا تۈزىتىپ ھەم تولۇقلاپ ئىشلەتتىم.

كەن نەرسە دەل «ئۇنىڭ مېنىڭ» دېگەن ئىككى سۆزنى بىھۇدە قوشۇپ قويغانلىقى. مۇشۇ ئىككى سۆز چىقىرىۋېتىلسە جۈملىدىكى كېسەل ھالەت ئوڭشىلىدۇ.

ئاپتور 104 ـ بەتتە مۇنداق يازغان: «ئۇيان ـ بۇياندىكى ئۇزۇن يۆلەنچۈكلۈك ئورۇنداقلاردا بېشىغا ئاق كىرگەن ياشانغان كىشىلەر قوللىرىغا تۆمۈر شارىكلارنى تۇتۇپ، شاراقشىتىپ ئولتۇرۇشىدۇ.» بۇ جۈملىدە كېسەللىك ھەم ئەزمىلىك خېلىلا ئېغىر. بۇ جۈملە مۇنداق ئۆزگەرتىلسە، يەنى «ئۇزۇن يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقلاردا چې- چىغا ئاق كىرگەن ياشانغان كىشىلەر قوللىرىدا تۆمۈر شارىكلارنى شاراقشىتىپ ئولتۇرۇشىدۇ» بولسا توغرا، ئىخچام جۈملە بولاتتى. ئېنىقكى، بۇنىڭدا مەن «بېشىغا» نى «چېچىغا» قىلىپ، «قوللىرىغا» نى «قوللىرىدا» قىلىپ ئۆزگەرتتىم ۋە «ئۇيان ـ بۇياندىكى»، «تۇ- تۇپ» دېگەن ئارتۇق سۆزلەرنى چىقىرىۋەتتىم.

ئاپتور 104 ـ بەتتە يەنە «خۇشال، روھلۇق، ئۈمىدۋار چىرايلى- رىدىن كۈلكە ياغدۇرۇپ ئايلىنىپ يۈرۈشىدۇ» دەپ يازغان. بۇ جۈم- لىدىكى «خۇشال» دېگەن رەۋىش زىيادە. چۈنكى، جۈملىدە يەنە «كۈل- كە» دېگەن سۆز بار.

ئاپتور جۈملە تۈزۈشتە بىھۇدە سۆزلەرنى بەك كۆپ ئىشلەتكەن. بۇنداق مەسئۇلىيەتسىزلىك رومانىنىڭ تىلىنى بەكلا خۇنۈكلەشتۈرۈ- ۋەتكەن. مەسىلەن، 170 ـ بەتتە ئاپتور «بەلكىم ئۇنىڭ بۇنداق كۆرۈ- نۈپ كېتىشى ئۆزۈمنىڭ ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىم- دىندۇ ...» دەپ يازغان. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ جۈملىدىكى «ئۆ- زۈمنىڭ» دېگەن سۆز ئارتۇقچە.

ئاپتور 187 ـ بەتتە مۇنداق يازغان: «تاھىر ئۆزىنى تاشلىغىنىچە دۈم ياتاتتى. قار لەپىلدەپ چۈشمەكتە. قار ئۇچقۇنلىرى تاھىرنىڭ يۈزىگە تېگىپ ئېرىمەكتە ئىدى. تاھىرنىڭ يۈزلىرى ئورۇندۇق ئۈستىگە ياغقان قارغا چىڭ يېپىشقان بولۇپ، قار ئۇنىڭ يۈزلىرىگە خۇددى چوغدەك قىزىق يېپىشىپ، ئۇنىڭ يۈزلىرىنى مۇزدەك سوغۇق

جىسمى بىلەن كۆيدۈرمەكتە ئىدى. تاھىرنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ كېتىۋاتاتتى.»

قاراپ باقسام بۇ بۆلەكتە تىل ئىشلىتىشكە، تەسۋىرگە ۋە لوگىكىغا ئائىت خاتالىقتىن بىرنەچچىسى بار ئىكەن. بىرىنچى، مۇشۇنداق بىر قىسقا بۆلەكتە «تاھىرنىڭ يۈزلىرى»، «ئۇنىڭ يۈزلىرى» دېگەن ئوخشاش سۆزدىن بەشى بار ئىكەن. بۇ نېمىدېگەن تىل نامراتلىقى ـ ھە؟ ئىككىنچى، «يۈزلىرى» دېگەن سۆز كۆپلۈك شەكلىدىكى سۆز. بىر ئادەمدە بىرلا يۈز بولىدۇ. شۇڭا «يۈزىگە» دەپ ئېلىش كېرەك ئىدى. ئۈچىنچى، «قار ئۇچقۇنلىرى تاھىرنىڭ يۈزىگە تېگىپ ئېرىمەكتە ئىدى» دېگەن جۈملە بىلەن «قار ... ئۇنىڭ يۈزلىرىنى مۇزدەك سوغۇق جىسمى بىلەن كۆيدۈرمەكتە ئىدى» دېگەن جۈملە بۆلىكى ئىپادىلىگەن ئۇقۇم پەرقسىز. بۇنداق ئەزمىسىنى ئېزىپ تەكرار يېزىش ھاجەتسىز. تۆتىنچى، روشەنكى، ئەدەبىيات ئالدى بىلەن تىل سەنئىتى. شۇڭا، تەسۋىر بولغانىكەن، ئىنچىكە بولۇشى، ھەرگىزمۇ تومتاق، خاتا، مەۋھۇم بولماسلىقى لازىم. يۇقىرىقى بۆلەكتە تەسۋىرلەشتە دەل مۇشۇنداق خاتالىق سادىر قىلىنغان. «تاھىر ئۆزىنى تاشلىغىنىچە دۇم ياتاتتى» دەپ يازغان ئاپتور ئۇنىڭ يۈزىنى يېقىپ دۇم ياتقان ياكى سول يۈزىنى يېقىپ دۇم ياتقانلىقىنى ئېنىق تەسۋىرلىشى كېرەك ئىدى. ئەگەر تاھىر ھېچقايسى يۈزىنى ياقماي ئاغزى ـ بۇرنىنى يېقىپ ياتقان بولسا «قار ئۇچقۇنلىرى تاھىرنىڭ يۈزىگە تېگىپ ئېرىمەكتە ئىدى» دەپ يازمىغان بولاتتى. بەلكى «چاچلىرىنى كۆمۈپ تاشلىماقتا ئىدى» دەپ يازغان بولاتتى. بەشىنچى، «قار ئۇنىڭ يۈزلىرىگە خۇددى قىزىق چوغدەك يېپىشىپ، ئۇنىڭ يۈزلىرىنى مۇزدەك سوغۇق جىسمى بىلەن كۆيدۈرمەكتە ئىدى» دەپ يېزىش لوگىكا نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئەينىيەت قانۇنىغا خىلاپتۇر. چۈنكى ئوقۇرمەندە قار «قىزىق چوغدەك» مۇ ياكى ئۇنىڭ جىسمى «مۇزدەك سوغۇق» مۇ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ.

بۇ غەلىتە رومانىنىڭ ئاپتورى نېمىلەرنى يېزىۋاتقانلىقىنى ئۆزى

بىلمىگەن تەقدىردىمۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق نەشرىيات بولغان شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ مۇھەررىرلىرى قانداق نەرسىنى تەھرىرلەۋاتقانلىقىنى بىلىشى كېرەك ئىدى!

ئاپتور 203 ـ بەتتە مۇنداق يازغان: «سىزنىڭ ماڭا بۇنچىۋالا يېپىشىۋېلىپ قويۇپ بەرمەسلىكىڭىزگە مەن زادى نېمە گۇناھ قىلغان، مېنىڭ نېمە قىلغىنىمغا سىز شۇنچىۋالا قىلىسىز؟» بۇ بۆلەكتە ساقلانغان سەۋەنلىك جۈملىنىڭ سىنتاكسىسلىق تۈزۈلۈشىنىڭ پۇختا بولماسلىقى ۋە تەكرارلىقىدا كۆرۈلىدۇ. بىز جۈملىنى «سىز بۇنچىۋالا يېپىشىۋېلىپ قويۇپ بەرمىگۈدەك مەن زادى نېمە گۇناھ قىلغان؟» دەپ تۈزەپ ئىخچاملىساق ئاندىن سىنتاكسىسلىق قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن بولىدۇ. ئاخىرىدىكى «مېنىڭ نېمە قىلغىنىمغا سىز شۇنچىۋالا قىلىسىز؟» دېگەن تەكرار مەزمۇندىكى جۈملىنى قىسقارتىۋېتىش كېرەك.

قارىغاندا سۆزلەرنى تەكرار ئىشلىتىش بۇ ئاپتورنىڭ يېزىقچىلىق ئادىتىدىكى بىر روشەن سەۋەنلىكتەك قىلىدۇ. مەسىلەن، 323 ـ بەتتە مۇنداق يازغان: «مەن ئۈن ـ تىنسىز ياشاپ، ئۆمرۈمنى تۇرمۇشنىڭ ئەڭ ئۇششاق تەلەپلىرى بىلەن ئۈن ـ تىنسىز ئۆتكۈزۈشنى خالىمايمەن.» بۇ جۈملىدە «ئۈن ـ تىنسىز» دېگەن سۆز ئىككى قېتىم تەكرارلانغان. ئەسلىدە «ئۈن ـ تىنسىز ياشاپ» دېگەن سۆزلەرنى قىسقارتىۋەتسە بولۇۋېرەتتى.

يەنە قاراپ باقىدىغان بولساق، رومانىنىڭ 423 ـ بېتىدە ئوخشاش مەنە ئۇقتۇرىدىغان جۈملىلەرنىڭ تەكرارلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلىمىز: «چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئۇ خەتلەرنى سەن يېزىپ بەرگەن. مەن ھەر كۈنى سەن يازغان ئاشۇ مۇھەببەت خەتلىرىنى تاپشۇرۇۋالاتتىم. بىراق، ئاخىرقى بېتىدىكى خەت يازغۇچىنىڭ ئىسمىغا قارىسام بىرىمۇ سېنىڭ ئىسمىڭ بولۇپ چىقمايتتى.»، «ئاشۇ خەتلەردىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسى سېنىڭ سۆزلىرىڭ ئىدى، مەن بۇلارنى ھېس قىلاتتىم. پەقەت ئاخىرىدىكى باشقا بىراۋنىڭ

ئىسمىنى كۆرگەندىلا كۆڭلۈم ئىنتايىن يېرىم بولاتتى. بىراق، مەن يەنىلا ئۇلارنى سېنىڭ ماڭا قىلغان سۆزلىرىڭ دەپ ھېسابلايتتىم.»

بىز رومانىنىڭ 499 ـ بېتىدىكى «تاھىرنىڭ قوللىرىدىن سانسىزلىغان رەسىملەر لەيلەپ ئۇچۇپ چۈشمەكتە ئىدى. خۇددى سېرىكچىلەر قورۇق قوللىرىدىن توختىماي قارتا چىقارغاندەك تاھىرنىڭ قوللىرىدىن رەسىملەر توختىماي لەيلەپ چۈشمەكتە ئىدى» دېگەن جۈملىلەردىكى تەكرارلىقنى ئوقۇپ، ئاپتورنىڭ يېزىقچىلىق جەھەتتە ھەقىقەتەنمۇ تۈزەتمىسە بولمايدىغان ناباب ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋالغانلىقىنى بايقايمىز.

مېنىڭ بايقىشىمچە، ئاپتور بۇنداق ناچار ئادەتتىن باشقا يەنە تەسۋىر، ھېسسىيات، پىكىر، بايان قاتارلىق جەھەتلەردە زىددىيەتلىك ئامىللارنى كۆپلەپ سادىر قىلىشتەك ناچار يېزىقچىلىق ئادىتىنىمۇ شەكىللەندۈرۈۋالغاندەك قىلىدۇ. سۆزىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە بىر قىسىم مىساللارنى كەلتۈرۈپ ئۆتۈش كېرەك، ئەلۋەتتە.

ئاپتور بۇ غەلىتە روماندا باش پېرسوناژ تاھىرنىڭ كۈنداشلىق ھېسسىياتىنى ناھايىتى تۇتۇرۇقسىز، پەلىپەتىش ھەم زىددىيەتلىك يازغان. يەنى 153 ـ بەتتە «مەن ئۇ ئىككىسىنى (ئەركىن بىلەن پەرىدەنى دېمەكچى) كۆرگەندە قاتتىق ئازابلىنىشىم كېرەك دەپ ئويلايتتىم. بىراق، قىزىق يېرى شۇكى، بۇ ئازابلىق كۆرۈنۈشلەر مېنى زادىلا پۈچىلىيالمايتتى» دەپ يازغان بولسا، 154 ـ ۋە 155 ـ بەتلەردە تاھىرنىڭ ھېسسىياتىنى تامامەن يۇقىرىقى ھېسسىياتنىڭ ئەكسى قىلىپ مۇنداق يازغان: «كىشىلەرنىڭ گەۋدىلىرى ئارىسىدىن پەرىدە بىلەن ئەركىنىنىڭ گەۋدىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلار باشلىرىنى بىر ـ بىرىگە يېقىن قىلىشىپ بىرنەرسىلەرنى پىچىرلىشاتتى. بۇ چاغدا تاھىر ئەلەم بىلەن كۆزىنى يۇمۇۋالاتتى»، «ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆزى ئۇچۇن ئەڭ دەھشەتلىك بولغان ئاشۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ تۇرۇۋېرىشتىن نېمىشقا يالتىيىپ، بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالمىغانلىقىنى مەڭگۈ چۈشىنەلمەيدۇ.» ئاپتور تاھىرنىڭ بۇ خىل ھېسسىياتىنى

218 ـ بەتتە يەنە ئەكسىچە مۇنداق يازغان: «مەن ئۇنى (پەرىدەنى دې-مەكچى) ھاياتلىقتا ماڭا تەۋە، بىردىنبىر ماڭىلا تەۋە ۋۇجۇد ۋە جان دەپ ئويلايتتىم. بىراق، باشقىلارنىڭ ئۇنى ئىگىلىۋالغانلىقىنى كۆ-رۈپ تۇرغاندا بولسا گويا بەكمۇ يەڭگىللەپ قالغاندەك، ۋۇجۇدۇمدا ئازاب دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەستەك، لەيلەپ قالغاندەك ھېس قىلاتتىم.» ئاپتور رومانىنىڭ 57 ـ بېتىدە «ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن مەستانىلەرچە كۈلۈپ، چاقچاقلىشىپ يۈرگەنلىرىنى كۆرسەم ئەمدى مېنىڭ قەلبىمدە ئەندىشە پەيدا بولمايدۇ ...» دەپ يازغان بولسا، 153 ـ بەتتە ئەركىن بىلەن پەرىدەنىڭ مەكتەپ قىرائەتخانىسىدا بىللە تەكرار قىلىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەندە تاھىرنىڭ ئەلەمدىن بوغۇلۇپ كەتكەنلىكىنى، ئۇ ئىككىسىنىڭ قىرائەتخانىدىن قايتقىچە دەرەخلىك ئارىسىدا سۆيۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە ھەسرەت بىلەن ئاسمانغا تىكىلگەن قىلىپ يازغان. ئاپتور بۇ غەلىتە رومانىنىڭ 360 ـ بېتىدە تاھىرنىڭ كۈنداشلىق ھېسسىياتىنى مۇنداق كۈچلۈك ئىپادىلىگەن: «مەن دەرھال ئاشۇ تۆشۈك بىلەن ئۆي ئىچىگە قارىدىم. ھېلىقى ئەبلەخ پەرىدەنى ــ ئاشۇ مەن ئۇچۇن مۇقەددەس بولغان ۋۇجۇدنى كارىۋاتقا بېسىۋېلىپ، بارلىق ئىشتىياقى بىلەن سۆيمەكتە ئىدى. ئۇ مېنىڭ يۈرىكىمنى، مېنىڭ ياشلىقىمنى، مەن نۇرغۇن يىللار كۆز ياشلىرىم بىلەن قورۇپ چىققان گۈزەل قەسرىمنى ئىپلاس ئاياغلىرى بىلەن دەپسەندە قىلىپ، ۋەيران قىلماقتا ئىدى.» ئەپسۇسكى، ئاپتور 362 ـ بەتتە كىشى ئىشەنمىگۈدەك ھالەتتە قەلەم تەۋرىتىپ تاھىرنىڭ ھېسسىياتىنى يەنە مۇنداق يازىدۇ: «ئۇلار سۆ-يۈشمەكتە ئىدى. كامىلنىڭ قوللىرى پەرىدەنىڭ ئاپپاق يوتىلىرىنى سىلىماقتا ئىدى. بۇلارنى كۆرۈپ تۇرغىنىم ئۇچۇن قاتتىق ئازابلىـ-نىشىم كېرەك ئىدى، بىراق قىزىق يېرى شۇكى، خۇددى مارىلاش سەۋدالىقى كېسىلىگە گىرىپتار بولغان روھىي كېسەلگە ئوخشاش دەھشەتلىك ھاياجان بىلەن كۆزۈمنى ئۇزەلمەستىن ئۇلارغا قاراپ تۇراتتىم. توختىماي تۈكۈرۈكۈمنى ئىچىمگە يۇتاتتىم.»

بىر ئادەمنىڭ ھېسسىياتىنى بۇنداق تامامەن زىت ھالەتتە تەسۋىرلەش مەنتىقىگە سىغمايدۇ. ناۋادا تاھىرنىڭ ھېسسىياتىدىكى ئۆزگىرىشنى ئىپادىلىمەكچى بولسا، يازغۇچى ئىككى خىل ھېسسىيات ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتۈش باسقۇچىنى ئېنىق يېزىشى كېرەك ئىدى. ئاپتورنىڭ بۇنداق پەلىپەتىش بايانلىرىنى ئوقۇغان ئوقۇرمەن، يازغۇچىنىڭ پىسخىكىلىق تەسۋىرلىرىنىڭ زىددىيەتلىك دەرىجىسىنىڭ كىشى ئىشەنمىگۈدەك ھالەتتە يېزىلغانلىقىغا ھەيران بولماي تۇرالمايدۇ.

ئاپتور رومانىنىڭ 173 ـ بېتىدە يازغۇچى تاھىرنى پەرىدەگە «مەن سىزدىن باشقا نەرسىنى كۈتمەيمەن، بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ كۈتۈپ باقمىغان» دېگەنلىكىنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ رومانىنىڭ باش قىسمىدا تاھىرنىڭ پەرىدەگە مۇھەببەت خېتى يازغانلىقىنى بايان قىلغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان. شۇنداقلا 174 ـ بەتكە ئۆتۈپلا تاھىرنى پەرىدەگە «سىز تەنھا قالغاندا مېنىڭ سۆيگۈ تەلىپىمنى قوبۇل قىلارسىزمۇ؟» دېگۈزگەن. تاھىر پەرىدەدىن مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلىشنى كۈتۈۋاتقانلىقى ئېنىق تۇرسا، يەنە «باشقا نەرسىنى كۈتمەيمەن» دېگىنى، ھەتتا «بۇرۇنمۇ كۈتۈپ باقمىغان» دېگىنى غەلىتىلىك ئەمەسمۇ؟

دېمەك، ئاپتور زىددىيەتلىك تەسۋىر، زىددىيەتلىك جۈملىلەرنى بايقىماي يېزىۋەرگەن. ئۇ بۇ غەلىتە رومانىنىڭ 158 ـ بېتىدىمۇ بىرلا ۋاقىتتا زىددىيەتلىك ھالەت پەيدا قىلىپ قويغان. يەنى تاھىر خىيالىدا پەرىدەنىڭ قىپيالىڭاچ گەۋدىسىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئۇرۇنغانلىقىنى يېزىپ «تاھىر يالىڭاچ ئايالنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىدى، شۇڭا ئۇنى كۆز ئالدىغىمۇ كەلتۈرەلمەيتتى» دېگەن بولسا، ئارقىدىنلا «تاھىر تەسەۋۋۇرىدا پەرىدەنىڭ گەۋدىسىنى ئۆزى كۆرۈپ باققان پۇتكۇل ئاياللارنىڭ بەدەنلىرى بىلەن يۇغۇرۇپ ئويدۇرۇپ چىقارغانىدى» دەپ يازغان. 197 ـ بەتتە تاھىرنىڭ «ئالىي مەكتەپكە يېڭىدىن كەلگەن ۋاقتىمدا، بىر قېتىم كۈتۈپخانىدا بىر ژۇرنال ئىچىدە يالىڭاچ ئايالنىڭ بەدەن سۈرىتىنى كۆرۈپ پۈتۈن بەدىنىم تاتـ

لىق ئۆيۈشۈپ كەتكەندى» دەپ يازغانلىقىنى بولسا تامامەن ئەستىن چىقىرىپ قويغان.

ئاپتور رومانىنىڭ 495 ـ بېتىدە ياتاقنىڭ ئىچىدىكى ئىشلارنى يېزىپ، يەنى پەرىدەنىڭ «تاھىرنىڭ ياتىقىدا چامادانىنى تاھىرنىڭ ئالدىغا قويۇپ» سۆھبەتلەشكەنلىكىنى يېزىپ كېلىپ ھېچقانداق ماكان، زامان ئۆزگىرىشى بولمىغان ئەھۋالدا 498 ـ بەتتە «تاھىر سۆزىنى تۈگىتىپ كەينىگە ئۆرۈلۈپلا مېڭىپ كەتتى. پەرىدە ئۇنىڭ كەينىدىن قاتقىنىچە قاراپ تۇرۇپ قالدى» دەپ ماكان شارائىتىنى تالا قىلىپ خاتا يېزىپ قويغان.

ئاپتور رومانىنىڭ 110 ـ بېتىدە مەكتەپ بويىچە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنى، تاھىرنىڭ شۇ كېچىلىكتە شېئىر دېكلاماتسىيە قىلغىلى ئوتتۇرىغا چىقىپ پەرىدەنى كۆرۈپ قالغانلىقىنى يېزىپ «ئۇ ئالتۇندەك تاۋلىنىپ، يالتىراپ تۇرغان ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىۋالغان، بەدىنىگە بەكمۇ ياراشقانىدى» دەپ تەسۋىرلىگەن. ئەمما كېچىلىك ئاخىرلاشقاندا تاھىرنىڭ پەرىدەگە ئەگىشىپ ماڭغانلىقىنى يازغاندا پەرىدەنىڭ «ئالتۇندەك تاۋلىنىپ» تۇرغان «كۆڭلەك» نى «توق قىزىل شىم» غا ئالماشتۇرۇپ قويۇپ «ئۇنىڭ خىرە يالتىراپ تۇرىدىغان توق قىزىل شىمى تېنىگە مەھكەم چاپلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ يۇپيۇمىلاق ساغرىلىرى ئارانلا سىغقاندەك تۇراتتى» دەپ تەسۋىرلىگەن.

پەرىدەنىڭ پورترېتى رومانىنىڭ 20 ـ بېتىدە تەسۋىرلەنگەندە «ئوڭ كۆزىنىڭ تۇۋىدە كەڭ قاپاقلىرىنىڭ ئۇستىدىكى چىرايلىق ئەگمە قاشلىرىنىڭ قۇيرۇقىدىن پەسكە قاراپ يېرىلغان گازىرچىلىك چوڭلۇقتىكى بىر تاتۇق بار بولۇپ» دەپ يازغان بولسا، بۇ تاتۇق 118 ـ بەتتە سول كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا دەپ يېزىلغان. 147 ـ بەتتە بولسا يەنە ئوڭ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا دەپ يېزىلغان بولسا، 448 ـ بەتتە يەنە سول كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا دەپ تەسۋىرلەنگەن. مۇشۇنداق تاققا ـ تۇققا يېزىۋېرىش ئاپتورنىڭ ئەستايىدىل يېزىقچىلىق قىلىش

ئىستىلىنىڭ ئازراقمۇ يوقلۇقىنىڭ دەلىلىدۇر! ئەدەبىياتىمىزنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئويلايدىغان ئوقۇرمەنلەر ۋە ئەدىبلەر ئەدەبىيات مۇنبىرىمىزدە پەيدا بولغان ئەستايىدىل ئىجاد قىلىش ئا-دىتى كەم يازغۇچىلارنى ھەم ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق بەدىئىيلىكى تۆ-ۋەن، چۇۋالچاق ئەسەرلىرىنى ئىككىلەنمەي رەت قىلىش پوزىتسى-يەسىنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك.

تىل مەسىلىسىگە كەلگەندە يازغۇچىغا نىسبەتەن تىلنى توغرا، جايىدا قوللىنىش ئەڭ ئەقەللىي تەلەپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ جەھەتتىكى يۇقىرى تەلەپ تىلنى جانلىق، تەسىرلىك، خاسلىققا باي ھالەتتە قوللىنىش بىللە، ئەڭ مۇھىمى، تىلنىڭ مەنە قاتلىمى، مې-غىز قاتلىمى، ئەسلىي ھالەت قاتلىمىنى ئىگىلەش جەھەتتىكى ئىق-تىدارنى ھەمدە تىلنىڭ ئەھمىيىتى ۋە لوگىكىلىق شەكلى ئۆز ئىـ-چىگە ئالغان ئىماگىنى چۈشىنىش ئىقتىدارىنى ھازىرلاشتىن ئىبا-رەت. روشەنكى، يۇقىرىدىكى مىساللارنى كۆرگەن ھەرقانداق ئوقۇر-مەن، تىل جەھەتتە پەرھات تۇرسۇننىڭ يازغۇچىلار ھازىرلاشقا تې-گىشلىك ئەقەللىي تەلەپنىمۇ ھازىرلاپ ئۈلگۈرمىگەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ماۇتجاننىڭ «ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى» رومانىنىڭ «سەنئەت دەرىجىسى» دىن سۆز ئېچىشى كىشىنى غەلى-تىلىك ھېس قىلدۇرىدۇ.

2011 - يىلى 12 - ئايدا يېزىلدى

# مېنىڭ ئەدەبىي تەنقىد قارىشىم

مەن ئۆزۈمنىڭ قىزىقىشىم ۋە خاھىشىم بويىچە، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنى ئەدەبىيات - سەنئەت قەسرىگە كىرىدىغان يول قىلىپ تاللىۋالدىم. ئەدەبىي تەنقىد مۇئەككىلى ماڭا بۇ قەسرگە كىرىدىغان يول خېتىنى بېرىشنى خالامدۇ ياكى خالىمامدۇ، بۇ پۈتۈنلەي مېنىڭ تىرىشچانلىقىمغا ۋە جاسارىتىمگە باغلىق. كېيىنچە، ئالدىنىم مۇشكۇلات بىلەن تولغان بىر چىغىر يول ئىكەنلىكى ماڭا ئايان. ئۇ ئىرماش - چىرماش چاۋار - چاتقاللار بىلەن تولغان، ئۇ يەنە چوڭقۇر جىلغىلاردىنمۇ ئۆتىدۇ. بۇ يولدا سەپەر قىلغۇچى جاپا - مۇشەققەت چېكىشتىن ۋە تۈرلۈك خېيىم - خەتەرلەردىن خالىي بولالمايدۇ. بۇ، مۇشۇ يولنى تاللىغانلارنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق قىسمەت.

بۈگۈنكى جاھان ئەدەبىياتىدىكى ھەر خىل پەلسەپىۋى قاراشلار، ئېستېتىكىلىق تەشەببۇسلار ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئېقىملىرىدىن ھاسىل بولغان رەڭگارەڭ «ئىزىم» لار ئۆزىنىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان رەڭدار جۇلاسى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ روھىي دۇنياسىنى بېزىمەكتە. ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئەڭ ئىچكى چۆللۈكلىرىدە تىمىسقىلاپ يۈرگەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمۇ بۇنىڭدىن ئۆزىگە تۇشلۇق نېسىۋىگە ئىگە بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا، نۆۋەتتىكى كۆپ خىل قىممەت يۆزىلىنىشى، ھەر خىل ئېستېتىك تەشەببۇسلار، ئوخشاش بولمىغان ئەدەبىي ئېقىملار ئالدىدا ئۆز ئىرادىسى بويىچە ئەركىن تاللاش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى بىر ئومۇمىي يۆنىلىشكە بۇراش بىرەر ئەدەبىي تەنقىدچىنىڭ قولىدىن ھەرگىزمۇ كەلمەيدۇ. ئەمما، مەلۇم بىر خىل قىممەتنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مەلۇم كىشىلەرنى شۇنىڭغا جەلپ قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئەمەس.

مەن ھەر دائىم ئۆزۈمنىڭ سەنئەت خاھىشىم بويىچە، «ماڭا ئىزىم ئەمەس، ئۆزۈم كېرەك» دەپ تەشەببۇس قىلىشتا چىڭ تۇرىمەن. چۈنكى، ئۆزىگە خاس كەچۈرمىشكە ئىگە، شۇنداقلا ئالاھىدە تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي شارائىتتا تۇرغان ئۇيغۇر خەلقى ئالدى بىلەن ھەقىقىي مەنىدىكى «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» غا موھتاج. ئۇيغۇر خەلقى ئەدەبىياتتا ئۆزىنىڭ پەردازلانمىغان ھەقىقىي قىياپىتىنى كۆرۈشنى، يۈرىكىنىڭ قات ـ قېتىدىكى شىۋىرلاشلىرىنىڭ قۇدرەتلىك ئەكس ساداسىنى ئاڭلاشنى خالايدۇ. يازغۇچى، شائىرلىرىمىز ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى چاڭقاشلىرىنى ۋە تىتىلداپ تۇرغان يوشۇرۇن تەشنالىقىنى سەگەكلىك بىلەن ھېس قىلىشى كېرەك. رۇسىيە شائىرى يېۋتىشىنكو «خەلق ئۆزىنى بىلىش مەقسىتىدىلا ئۆزىنىڭ شائىرلىرىنى يارىتىدۇ» دېگەن. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ سەلتەنەتلىك، ئازابلىق ۋە بەختسىز قىسمەتلەر بىلەن تولغان ئۇزاق تارىخىي جەريانىدا مىڭلارچە شائىرىنى ياراتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى ياراتقان ئانا خەلقىنىڭ ئارزۇ ـ ئىتىقاد، ئازاب ـ ئەندىشىلىرىنى ھېس قىلىپ يەتكەن، ئۇنىڭ ئۆكسۈش تولغان دەۋىتىگە قۇلاق سالغان ھەم ئۇنى سەنئەتنىڭ سېھىرلىك تىنىقلىرى بىلەن ئۇلۇغۇار سۆكۈتلىرى ئىچىگە سىڭدۈرۈپ ئىپادىلىگەن شائىرلار ئانچە كۆپ بولمىغان.

بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە ئەدەبىياتىمىزنىڭ غورىگىل ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنى خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرىدىغان ئەلۋەك دەرياغا ئايلاندۇرۇش مەقسىتىدە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنىڭ سان جەھەتتە تارىخىمىزنىڭ ھەرقانداق مەزگىلىدىكىدىن كۆپلۈكى بىزنى ھاياجانلاندۇرسىمۇ، لېكىن ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان ئەسەرلەرنىڭ خېلى كۆپى يەنىلا ئۆزىنىڭ ئېستېتىكىلىق سۈپەت ۋە ئىجتىمائىي قىممەت جەھەتتە لاياقەتسىزلىكىنى ئاشكارىلاپ تۇرماقتا. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن تەشنالىقنى قاندۇرالايدىغىنىنى، يۈرەككە تېگىدىغىنىنى تېپىش بەكمۇ تەس.

بىز مەلۇم يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ تۇرۇپ، بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق، كۆزىمىزگە روشەن ھالدا چېلىقىپ تۇرغان بىردىنبىر «ئەنئەنە» شالاڭ ھاۋاغا ئوخشاش ئەدەبىياتىمىزنىڭ نەپەسىنى سىقىپ كەلگەن رېئالىستىك روھنىڭ كەملىكى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. رېئاللىق تۇيغۇسى كەمچىل ئەدەبىياتنىڭ ھاياتىي كۈچى بولمايدۇ. ئەدەبىياتىمىزنى كىرىزىسقا مۇپتىلا قىلغان روشەن سەۋەبلەرنىڭ بىرى دەل مۇشۇ. بىز بۇ كىرىزىستىن تا ھازىرغىچە قۇتۇلۇپ كېتەلمەيۋاتىمىز. مۇئەييەن يېڭىچە ئېستېتىكىلىق پرىنسىپلار بىلەن ئۆزىنى بېزىگەن يېڭى شېئىرلارمۇ ئۆزىنىڭ قانداق داۋراڭ پەيدا قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئەدەبىياتىمىزنىڭ رېئالىستىك روھ كەم بولۇشتەك خاس ئەنئەنىسىگە كەم ـ كوتىسىز ۋارىسلىق قىلدى. بىز يېڭىچە شېئىرلارنىڭ ئەنئەنىۋى شېئىرىيەتكە شەكىل جەھەتتە قىلغان كىچىككىنە ئاسىيلىقىنى ئېتىراپ قىلىمىز. بەزى شېئىرلار ئۆزىنىڭ يېڭىلىقى، گۈزەللىكى ۋە ئۆزگىچە سېھرىي كۈچى بىلەن ساناقسىز كۆڭۈللەرگە كىرىپ كەلدى. لېكىن بىر قىسىم ياش قەلەمكەشلىرىمىز ھەر خىل «ئىزم» لارغا قارىغۇلارچە چوقۇنۇپ، مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ شەكىل، قۇرۇلما، تىل، ئۇسلۇب جەھەتتىكى ئەركىنلىكىنى كەلسە ـ كەلمەس سۈيئىستېمال قىلىپ، سەنئەت پرىنسىپلىرىغا خىلاپلىق قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەپەككۇرىنىڭ ئاددىيلىقى، تەسەۋۋۇرىنىڭ يېتەرسىزلىكى ۋە تىلىنىڭ كەمتۈكلۈكىدىن بولۇۋاتقان دۇدۇقلاشلىرىنى كۆرەڭلىك بىلەن يېڭىلىق، دەپ بازارغا سالماقتا. مىللىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئاجىز، رېئاللىققا، تۇرمۇشقا چېقىلىش جۈرئىتى يوق، «يىلتىزى» غا ئەسلا قىزىقمايدىغان، ئەمما ئۆزى بىلەن سۆيگىنى ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىيات ماجىرالىرىنى چىڭقىلىپ تۇرۇپ تەسۋىرلەيدىغان، سەنئەتنىڭ ساپلىقىنى بەكمۇ غايىۋى چۈشىنىپ، ھايات رېئاللىقىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان، ئۆز قەلبىنىڭ ئاچقۇچىنى تاپالماي، «خىيالىي

تەجرىبە شېشىلىرىدە پەرىشتىسىمان لىرىك قەھرىمانلارنى ياردىتىش» قا ئادەتلىنىپ قالغان، ئازابلىنىش بەختىگە ئەسلا مۇيەسسەر بولالمىغان بۇ بىر قىسىم ياش قەلەمكەشلىرىمىزنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئاسى كېسەل ئازابىدا ئىڭراۋاتقان ئانىسىنىڭ ھالى بىلەن كارى يوق ئاشىنىسى ئۈچۈن ئۇپا ئىزدەپ يۈرگەن تېتىقسىز بايۋەچچىلەرنى ئەسلىتىدۇ. ئۇلار ئۆز خەلقى، مىللىتىنىڭ قەلب جاراھەتلىرىنى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى، روھىي جەھەتتىكى سىقىلىشلىرىنى چۈشەنمەيدۇ. ئوخشاش بولمىغان مۇھىتتا ۋە ئوخشاش بولمىغان تارىخىي شارائىتتا ياشاۋاتقان ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ھېسسىياتى، روھىي تەلەپلىرى بولىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. مىللەتنىڭ ئۆزىگە يۈزلىنەلمەيۋاتقان ئەدەبىياتنى دۇنياغا يۈزلەندۇرىمىز، دەپ قۇرۇق گەپ سېتىپ يۈرگەن قەلەم ئىگىلىرى شۇنى ئۇنتۇماسلىقى كېرەككى، دۇنياغا يۈزلىنىش مىللىي كىرىزىستىن ھالقىپ ئۆتۈشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۇيغۇر خەلقى بىلەن تەقدىرداش. بىز ئاۋۋال ھەقىقىي ئىنساندەك ياشاش ئارزۇيىمىزنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپ بولۇپ، ئاندىن «سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت» دېگەن يېڭىچە داۋراڭلارنى بازارغا سالساقمۇ ئۈلگۈرىمىز. تەرەققىي تاپقان غەرب ئەللىرىدىمۇ «سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت» دېگەن تەشەببۇس ئومۇمىي قاراش ئەمەس. غەرب ئەللىرىدىمۇ بۇ خىل قاراش ۋە تەشەببۇسقا قارشى مەيداندا تۇرىدىغان يازغۇچى، شائىرلار ئاز ئەمەس. مەسىلەن، گېرمانىيەنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئەڭ قارشى ئېلىنىپ كېلىۋاتقان يازغۇچىسى، «گېرمان تىلى دەرسى» دېگەن كاتتا ئەسەرنىڭ ئاپتورى زىگفرىد لېنتىس (Siegfried Lenz) سەنئەت تەشەببۇسى جەھەتتە «سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت» نۇقتىئىنەزىرىگە قارشى تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە سەنئەتنىڭ سىياسىي ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىنىمۇ ياقلىمايدۇ. ئۇ سەنئەت ئەخلاق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشى كېرەك، دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ، ئۇ يازغۇچى جەمئىيەتنىڭ «ۋىجدانى» سۈپىتىدە رول ئېلىشى، جەمئىيەتنىڭ

نۇقسانلىرى ۋە ئاۋامنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچى ھەم شۇلارغا ۋاكالىتەن سۆزلىگۈچى بولۇشى لازىم، دەپ قارايدۇ.

مېنىڭچە، ئەدەبىياتنىڭ مۇقەددەس بۇرچى خەلققە ياشاشنى ئۆگىتىش، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خەلققە قانداق ياشاۋاتقانلىقىنى ۋە قانداق ياشىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈشى كېرەك. بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، «ياشاش» دېگەن سۆزنىڭ ۋەزنى بەكمۇ ئېغىر. يازغۇچى، شائىرلار خەلققە نەپ بېرەلمەيدىغان قۇرغاق ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشتىن ھەزەر ئەيلىشى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ قايسى مۇددىئانىڭ تۈرتكىسى بىلەن قەلەم تەۋرىتىۋاتقانلىقىنى بىلىشى كېرەك. نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئامېرىكىلىق مەشھۇر يەھۇدىي يازغۇچى سىنگېر «مەن ھەربىر ھېكايەمدە مەلۇم نەرسىنى دەۋالماقچى بولىمەن»، «ئاممىباب ئەدەبىياتنى ياقلىسام ياقلايمەنكى، ئۇنداق قۇرغاق ئەسەرلەرنى ياقلىمايمەن، قۇرغاق ئەسەرلەرنى ئەسەر دېيىشمۇ بولىدۇ، دېمىسىمۇ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئادرېسى ۋە چوڭقۇر يىلتىزى يوق. ئۇلار كىشىلەرگە زوق بەخش ئېتەلمەيدۇ، ھەقىقىي تەربىيە ۋە ئىلھاممۇ بېرەلمەيدۇ» دېگەن. نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن چىلىلىق شائىر پابلو نېرۇدا: «شائىر ئىلاھ ئەمەس، شۇنداقلا تىرىكچىلىك ۋە ياكى باشقا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەردىن ئارتۇق ياكى سىرلىق قىسمەتكىمۇ ئىگە ئەمەس. ئەڭ ئېسىل شائىر ھەر كۈنى بىزنى بولكا بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدىغان، ئۆزىنى قىلچىمۇ ‹ئىلاھ› سانىمايدىغان بولكا ساتقۇچىلاردۇر»، «ئەگەر مەن ۋەتەننى ئويغىتىش ھەرىكىتىگە قاتنىشىش شەرىپىگە ئىگە بولالمىغان بولسام، شېئىرىيەتكە ماڭا بەرگەن بۇ شەرەپ ئالدىدا يۈز كېلەلمىگەن بولاتتىم» دەپ جاكارلىغان. دېمەك، ئەدەبىيات مىللىي يىلتىزىدىن ئايرىلالمىغانغا ئوخشاش، ئۆزىنىڭ مىللىي مەسئۇلىيىتىنىمۇ تەرك ئېتەلمەيدۇ. مىللىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى يوق يازغۇچىنى يازغۇچى دېگىلى، ھېچبولمىسا ئەستايىدىل يازغۇچى دېگىلى بولمايدۇ.

بۇ يەردە يەنە شۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەككى، ئەدە-
بىياتنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىش ئەدەبىيات-
نى چاكىنىلاشتۇرۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. بىز نەچچە ئون يىلدىن بۇيان
مۇشۇنداق چاكىنىلاشتۇرۇۋېتىشنىڭ زىيىنىنى كۆپ تارتتۇق، ھا-
زىرغىچە تارتىۋاتىمىز. ئەدەبىيات ھەرگىزمۇ يۈك تۆگىسى ياكى
تىللا تۇغىدىغان توخۇ ئەمەس. ئۇ سەنئەت قانۇنىيىتىدىن چەتنىگەن
ھالدا ئېلىپ بېرىلسا، روھقا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. ئەدەبىيات
روھنى تەربىيەلەپ، خاراكتېرنى يېتىلدۈرىدىغان ۋە ھېسسىياتنى
تاۋلايدىغان سېھرىي كۈچكە ئىگە سەنئەت. ئەدەبىياتنىڭ بىلىندۈر-
مەي تەسىر كۆرسىتىش رولى بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىن ئارتۇق
ئۈنۈم يارىتىدۇ. ئەنگلىيەلىك مەشھۇر يازغۇچى تۇماس خاردى ئېيت-
قاندەك «ئەگەر گالىلېي ئۆزىنىڭ يەر ھەرىكەتلىنىدۇ، دېگەن تەلىما-
تىنى شېئىرىيەتتە ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، بەلكىم دىنىي سوت ئۇ-
نىڭغا ئارىلاشمىغان بولاتتى.» ئوكتاۋىئو پاز ئېيتقاندەك «ئەگەر بۇش
بىلەن سادام شېئىر ئوقۇغان بولسا، پارس قولتۇقى ئۇرۇشى يۈز
بەرمىگەن بولاتتى.»

مەن ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشتا كېرەكلىك
بولغان مەنئۆى ئېنېرگىيەنى دەل مۇشۇنداق چىنلىقتىن قوبۇل قى-
لىمەن. مەن ماقالىلىرىم ئارقىلىق كىتابخانلارنىڭ زوقلىنىش ئادى-
تىنى ھەرىكەتچان پىسخىكىلىق قۇرۇلمىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارنى
يازغۇچى، شائىرلارغا جانلىق پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا
ئادەتلەندۈرۈشكە تىرىشىمەن، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەر-
لەردىن ھۇزۇرلىنىش ۋە ياخشى ئەسەرلەرنى پەرق ئېتىش ئىقتىدا-
رىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىشنى مەقسەت قىلىمەن. ئەل-
ۋەتتە، بۇ جەرياندا ئۆزۈمنىڭ سەنئەت خاھىشىنى بازارغا سېلىشتىن
ساقلىنالمايمەن، بۇنىڭدىن ساقلىنىشنىمۇ خالىمايمەن، چۈنكى بۇ
جەريان زورلاش، مەجبۇرلاش جەريانى ئەمەس، بەلكى قىزىقتۇرۇپ
مايىل قىلىش جەريانى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۆزۈمنىڭ نۇقتىئىنە-

زىرى ئۈچۈن قوللاشنى قولغا كەلتۈرۈش، ئوخشاش ئىدىيەدىكىلەرنى تېپىش ياكى تەربىيەلەش جەريانى.

مەن كىتابخانلىرىمىزنىڭ قەلبىدە مۇئەييەن ئورنى بار، ئەسەرلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ هازىرقى سەۋىيەسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، دەپ قارىلىدىغان بەزى يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىگە چېقىلىشنى بەكرەك ياقتۇرىمەن. چۈنكى، مېنىڭ قارىشىمچە، ئۇلار ئىجادىيەتتە نۇقتىلىق هالدا ئۇيلىنىلىدىغان، مۇلاهىزە قىلىنىدىغان، باها بېرىلىدىغان باسقۇچقا يەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان كىتابخانلار، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۈلگە قىلىدىغان هەۋەسكارلار خېلىلا كۆپ. شۇ سەۋەبتىن، مەن ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى چاممىنىڭ يېتىشىچە ئوپېراتسىيە قىلىپ، كىتابخانلار ۋە هەۋەسكارلار بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا يېڭىچە مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى ئىستەيمەن. گېرمانىيەلىك مەشهۇر پەيلاسوپ نىتچې «زىياندىش هاشاراتنىڭ ئادەمنى چېقىشى ئۇنىڭ نىيىتىنىڭ يامانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى هاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بولىدۇ. تەنقىدچىلەرمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ، ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزغا ئەمەس، قېنىمىزغا موهتاج» دېگەنىدى. نىتچېنىڭ بۇ سۆزنى قانداق مەقسەتتە ئېيتقانلىقىدىن قەتئىينەزەر، مېنىڭچە «نىيىتىنىڭ يامانلىقىدىن ئەمەس» دېگەن سۆزى ئادىل ئېيتىلغان. بىزنىڭ يازغۇچى، شائىرلىرىمىز، هەتتا كىتابخانلىرىمىزمۇ مەدهىيە ئىبارىلىرىنى، ئىللىق سۆزلەرنى ئاڭلاشقا خۇشتار هەم شۇنىڭغا كۆنۈك. تونۇلغان بىرەر يازغۇچىنىڭ بىرەر ئەسىرى ئۈستىدە ئوخشاش بولمىغان قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلسا، هەممە كىشى هودۇقۇپ كېتىدۇ، مەتبۇئات ئورۇنلىرى بۇنداق قاراشلارغا ئىنتايىن سالقىن پوزىتسىيە تۇتىدۇ. بۇ يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنىڭ ۋە كىتابخانلىرىمىزنىڭ ساغلام ئەدەبىي تەنقىد ئېڭىنىڭ يېتىلمىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. شۇنىسى ئېنىقكى، تا بۈگۈنگىچە هېچكىم هېچقانداق «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى» دە پالانى يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىگە چېقىلىشقا بولىدۇ،

پوكۇنى يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىگە چېقىلىشقا بولمايدۇ، دېگەن غە-لىتە ئۆلچەمنى ئۇچراتقىنى يوق.

دەرۋەقە، بىزدە بىرەر ئەسەر ئۈستىدە ھەر خىل باھا، بەس - مۇ-نازىرىلەرنىڭ بولۇشىنى نورمال ۋە زۆرۈر ئەھۋال دەپ قاراش تېخى ئومۇملاشمىغاچقا، ئاپتورلار ۋە كىتابخانلارنىڭ ئەدەبىي تەنقىدكە ئا-دەتلىنىشىگە مەلۇم مەزگىل كېتىدۇ. لېكىن، ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئۇلارنىڭ ئادەتلىنىشىنى ساقلاپ تۇرالمايدۇ. ئۇ نورمال بەس - مۇنا-زىرە ئارقىلىق ئۆز يولىنى ئۆزى ئاچىدۇ ھەم شۇنداق قىلىشى زۆ-رۈر. ئۇنداق بولمايدىكەن، بىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز مەڭ-گۈ بىر ئىزدا توختاپ قېلىشتىن، بۇرۇقتۇرمىلىقتىن خالىي بولالمايدۇ.

ئەدەبىي تەنقىدچىلىك يازغۇچى، شائىرلارنى تېخىمۇ ياخشى ئە-سەرلەرنى يېزىشقا رىغبەتلەندۈرۈشى، ئىلھاملاندۇرۇشى كېرەك، دەپ تونۇيدىغان ئەھۋال بىزدە بىرقەدەر ئومۇملاشقان. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ خىل قاراشنى توغرا دەپ تونۇيدۇ. مېنىڭچە، ئەسەرلەرگە ئوبيېك-تىپ باھا بەرمەي، ئەتەي ماختاپ، ئۇچۇرۇپ ئىلھاملاندۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇنداق قىلىش يازغۇچى ئۈچۈنمۇ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ پايدىسىز. بىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز چاۋاك چېلىپ ئالقىشلاشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان پاسسىپ ئو-رۇندا تۇرۇۋەرمىسۇن. ئۇ ئۆزىنىڭ خاس فۇنكسىيەسىنى جارى قىلـ-دۇرغىنى تۈزۈك. شۇنىسى ئېنىقكى، تەنقىدكە بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى يوق يازغۇچى ئۆز نۆۋىتىدە ماختاشقىمۇ بەرداشلىق بې-رەلمەيدۇ. بۇ يەردە، ئۇلارغا غەرب مۇتەپەككۇرى مۇنتايگىنىنىڭ مۇنداق بىر جۈملە سۆزىنى تەقدىم قىلىمەن: «ھەقىقىي گۈزەل قەلب كەڭ، ئوچۇق، شۇنداقلا بارلىق نەرسىلەرنى سىغدۇرۇشقا ھازىرلانغان بولۇشى كېرەك.»

بىزنىڭ مىللىي مەدەنىيەت پىسخىكىمىزدا كەمتەرلىك قىلىشنى مۇستەقىل قاراشلىرىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئۈستۈن كۆ-

رىدىغان خاھىش ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغانغا ئوخشاش، ئەدەبىيات ــ سەنئەت مۇھىتىمىزدىمۇ سۈنئىي ئىتتىپاقلىقنى ئوخشاش بولمىغان قاراشلار ھەققىدىكى بەس ــ مۇنازىرىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىن ئەۋزەل كۆرىدىغان خاتا تونۇش مەۋجۇت. شۇنى بىلىش كېرەككى، ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا بەس ــ مۇنازىرىدىن، تىركىشىپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. ئەگەر بىزنىڭ ئەدەبىيات ــ سەنئەتكە بولغان مۇھەببىتىمىز ساپ بولىدىكەن، بىز ئۇنى سەنئەت قانۇنىيىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىمىز ۋە ئەدەبىيات ــ سەنئەت ئىلمى نۇقتىسىدا تۇرۇپ چۈشىنىمىز. ئەگەر بۇنداق قىلالمىساق، ھودۇققىنىمىزدىن ئەدەبىيات ــ سەنئەت ئىلمىنىڭ تەلىپىگە سىغمايدىغان تىل ــ ئاھانەت، پوپوزا ــ دوق سۆزلىرى بىلەن بىر ــ بىرىمىزگە ھەيۋە قىلىپ، ئاممىۋى ئەخلاقتىن دەرس ئۆتىدىغان پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىمىز. ھەممىمىزگە روشەن بولسۇنكى، ئەدەبىيات ــ سەنئەتكە بولغان مەسئۇلىيەتچان پوزىتسىيە ئادەتتىكى ئاممىۋى ئەخلاق مىزانلىرىغا سىغمايدۇ. ئۇنىڭ ئەمەل قىلىدىغىنى ئاممىۋى ئەخلاق پىرىنسىپى ئەمەس، كەسپىي ئەخلاق پىرىنسىپى!

1993 ــ يىلى 2 ــ ئايدا يېزىلدى

# «ئويغانغان زېمىن» دىن ئويغانغان پىكىرلەر

نەچچە يۈز يىللاپ داۋام قىلغان مەنىۋى گادايلىق تۈپەيلى، ئۆز تارىخىنى ئۇنتۇش، مىللىي ئېڭىنى يوقىتىشتەك ھالاكەتلىك تەقدىردىن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئاران قۇتۇلۇپ قېلىۋاتقان خەلقىمىزنىڭ بەدىئىي زوقىدىن كۆرە «تارىخىي زوقى» بەكرەك ئېچىرقاپ كەتكەچكە، تارىخىي تېمىلارغا بېغىشلانغان ئەسەرلەرنى ئوقۇش قىزغىنلىقى باشقا تېمىلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەرلەرنى ئوقۇش قىزغىنلىقىنى بېسىپ چۈشتى. بۇ خىل روھىي ھالەت تەبىئىي ھالدا، تارىخىي رومانلارنىڭ بازىرىنى چىقاردى. بۇ ئىتتىك بازاردا بىرقەدەر ياخشى يېزىلغان تارىخىي رومانلارلا ئەمەس، ھەتتا بەدىئىي ماھارەت، تارىخىي چىنلىق جەھەتلەردە ناچار چىققان ئەسەرلەرمۇ بېسىلىپ قالمىدى. خەلقىنىڭ تارىخ ھەۋەسىنىڭ كۈچىيىشىنى تارىخىي رومانلارنى يېزىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى، دەپ بىلگەن بىر قىسىم «سەزگۈر» يازغۇچىلىرىمىز چوڭ ـ كىچىك تارىخىي تېمىلار ھەققىدە ئاجايىپ قىزغىنلىق بىلەن قەلەم تەۋرىتىپ، ئالدىراقسانلىق بىلەن ئېلان قىلدى. تارىخىي ئېڭى ئاجىز، بەدىئىي دىتى تۆۋەن بۇ بىر قىسىم يازغۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن يېزىپ چىققان بۇ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان چېغىمىزدا «بوپتىلا، يوقتىن ياخشى» دەپ ئۆزىمىزنى بەزلىمەستىن ئۆزگە چارە يوق.

ھازىرغا قەدەر نەشىردىن چىققان تارىخىي رومانلار ئىچىدە، تارىخىي چىنلىق ۋە بەدىئىي ماھارەت جەھەتتە خېلىلا پىششقان ئەسەرلەر بار بولسىمۇ، لېكىن بۇ رومانلارنىڭ بەدىئىي سەۋىيە، تارىخىي چوڭ-

قۇرلۇق، ئىپستېتىك يۈكسەكلىك جەھەتتىكى پەرقى ئانچە زور ئەمەس. بىز ئوقۇغۇۋاتقان بۇ تارىخىي رومانلار ئىچىدە بىرەرسىدىنمۇ يازغۇچىنىڭ خورسىنىشلىرى، ھەسرەتلىك نىدالىرى، رېئال دۇنيا ھەققىدىكى ئەندىشىلىرىنى، كەلگۈسى ھەققىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى ھەمدە تارىخ توغرىسىدىكى خىتابلىرىنى ئاڭلىغىلى بولمايدۇ. مىللىتىمىزنىڭ تارىخىي تەقدىرىگە نىسبەتەن، باشقا مىللەتلەرنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىيالايدىغان سېھرىي كۈچكە، قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى شۇئىرلاشلارنى باشقا مىللەتلەر قەلبىگە سىڭدۈرەلەيدىغان بەدىئىي كۈچكە ئىگە تارىخىي ئەسەر تېخى بىزدە يارالغىنى يوق. رېئال ئەھۋالىمىزغا قاراپ، لىللا مەيداندا تۇرۇپ ئېيتىدىغان بولساق، 20 ــ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تېخى بايراقتىن خالىي، بىز پەخىرلەنگۈدەك بىرەر ئۆلگىلىك نادىر ئەسەر ۋۇجۇدقا چىقمىدى. خەنزۇ خەلقىلۇ شۇن ئەپەندىنىڭ جەسەت ساندۇقىغا يازغان «مىللەتنىڭ قەلبى» دېگەن شەرەپلىك نامنى بىز تېخى كىمنىڭ قەبرە تېشىغا يېزىشنى بىلەلمەيمىز. شۇنداقتىمۇ بىز يەنىلا ھەسرەتلىك، ئۇلۇغ ئارمانلار ئىچىدە نەزىرىمىزنى ئەدەبىياتچىلار قوشۇنىمىزنىڭ بىرنەچچە قەدەم ئالدىدا كېتىۋاتقان جاسارەتلىك يازغۇچىلارغا تىكىمىز. ئۇلاردىن سۆيۈنىمىز. بىز سۆيۈنىدىغان يازغۇچىلاردىن بىرى ــ ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى مەجبۇرىي تېڭىلغان بىھۇدە بەدەللەرنى تۆلەشكە سەرپ قىلىپ، 67 يىلنى قېرىتقان مۆتىۋەر يازغۇچى ئۆتكۈر ئەپەندىدۇر.

بۇ پېشقەدەم يازغۇچى ئۆزىنىڭ قابىل قەلىمى ئارقىلىق يېزىپ چىققان تارىخىي رومانلىرىمىز ئىچىدە بەدىئىي ۋە تارىخىيلىق جەھەتتىكى ئۇتۇقلىرى بىلەن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان «ئىز» ناملىق رومانى 80 ــ يىللاردا ئۇيغۇر كىتابخانلىرىنى ئۆزىگە ئەڭ جەلپ قىلغانىدى. شۇڭا، بۇ يازغۇچىنىڭ «ئويغانغان زېمىن» ناملىق تارىخىي رومانى نەشردىن چىققۇچە، كەڭ كىتابخانلارنىڭ تەقەززالىق

ئىچىدىكى سادالىرى پەسەيمىدى. مەنمۇ شۇ تەشنا بولغۇچىلارنىڭ بىرى بولغاچقا، رومانىنى سۆيۈنۈش ئىچىدە ئوقۇپ چىقتىم. ئوقۇش جەريانىدا، بەزى جايلاردا ھاياجىنىم سۇسلاپ، تەبەسسۇمۇم چىرايىمدا قېتىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن يازغۇچىنىڭ قۇتلۇق قەلىمىنىڭ تېخى يورغىسىدىن قالمىغانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇدۇم. رومانىنىڭ مەندە تەسىر قالدۇرغان يېرى خوجىنىياز ھاجى بىلەن ما جۇڭيىڭ خاراكتېرىنىڭ تارىخىي ئەينەنلىك ئاساسىدا يارىتىلغانلىقى بولدى.

يازغۇچى بۇلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتا، تارىخىي شەخسلەرگە بولغان كۆزقاراش ۋە باھا جەھەتتە سىياسەتچىلەر، ھەتتا تارىخچىلار بىلەنمۇ ئوخشاش ئۆلچەم قوللانماسلىق پرىنسىپىغا ئەمەل قىلغان. ئۇلارنى خاراكتېر ئۆزگىچىلىكىگە ئىگە بىر پۈتۈن مۇرەككەپ ئادەم دەپ قاراپ، ئۇلارغا ئەدەبىياتچى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلغان. شۇڭا خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوپال، سورلۇك، قارام، تەرسا، ساددا، ئاق كۆڭۈل، نادان، مەردانە خاراكتېر ئالاھىدىلىكى زوقلانغۇچىلارغا ئىشەنچلىك، چىن تۇيۇلىدۇ. يازغۇچى خوجىنىياز خاراكتېرىنى يارىتىشتا، كىشىلىك خاراكتېرىنىڭ ماھىيىتىنى ئاشكارىلىغۇچى ئەپچىل دېتاللاردىن ۋە پىسخىكىلىق تۇسى قويۇق سۆز ـ جۈملىلەردىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ بۇ قارام داھىيسىغا ھەقىقىي ئىنسانىي تۇس بەخش ئەتكەن. شۇنچە زور قوزغىلاڭغا تۇتۇش قىلغان تۇرۇقلۇق، قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ ئاخىرقى نىشانىنىمۇ ئېنىق بىلمەيدىغان، ھەتتا بايراق لايىھەلەشنى ئويلاپ يېتەلمىگەن، ئېزىلگەن خەلقنىڭ بېشى تۇرۇقلۇق دۈشمىنىگە قول بەرگەن بۇ ساددا باشچىنىڭ خاراكتېرى يازغۇچىنىڭ قەلىمى ئاستىدا پەردازلىنىپ، مەدھىيىلەنگەن بولسىدى، چوقۇم ئۇ جانسىز، ساختا مەبۇدكە ئايلىنىپ قالغان بولاتتى. ئۇ چاغدا چىنلىق ئاساسى بولمىغان بۇ خاراكتېر كىتابخانلارنى تەسىرلەندۇرمەيلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۇنۇمىنى تۆۋەنلىتىۋېتەتتى.

مۇئەييەن تارىخىي ئاڭغا ئىگە، تارىخىي بۇرچ تۇيغۇسى كۈچلۈك بول-
غان مەسئۇلىيەتچان يازغۇچى بۇ خىل ئاقىۋەتكە يول قويمىغان.
ئەلۋەتتە، ھەقىقەتنى قىزغىن سۆيگەندىلا، ئاندىن ھەقىقەتنىڭ قوغ-
داقچىسىغا مۇيەسسەر بولغىلى بولىدۇ.

خوجىنىياز ھاجى ياسىن گاچىنىڭ ئاغزىغا ئېرىتىلگەن كۈمۈش
پۇلنى قۇيماقچى بولغاندا، بىز بۇ خىل رەھىمسىزلىكتىن جىددىي-
لەشسەك، قەمەرخان ئايالنى قويۇۋېتىپ، خەلىچە خېنىمنى ئالماقچى
بولغاندا، ئاۋۋال گاڭگىراپ، كېيىن يۇمۇرلۇق كۈلۈمسىرەيمىز.
جىمساردا قولغا چۈشۈرگەن قوراللارنى ۋاقتىدا ئالماي، ما جۇڭيىڭ-
نىڭ دامىغا چۈشكەندە، خوجىنىياز ھاجىنىڭ ساددىلىقىغا تېرىكىپ
قالىمىز. بىزنى تەسىرلەندۈرۈپ، ئۆزىمىزنى ئۇنتۇلدۇرۇۋاتقان بۇ
خىل سېھىرىي كۈچ ئەلۋەتتە خوجىنىياز ھاجى خاراكتېرىنىڭ چىنى-
لىقىدىن كەلگەن. بىز بۇ خىل سېھىرىي كۈچنىڭ تۈرتكىسى بىلەن
خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئەگرى - توقاي ھايات يولىنى بويلاپ ئىلگى-
رىلەپ، دەسلەپكى بىر چەتتە تاماشا قىلغۇچى ئورۇندىن ئاستا - ئاس-
تا ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ۋە ئىدىيەۋى ھېسسىياتلار توقۇنۇشىغا
كىرىپ قالىمىز.

يازغۇچى سەلبىي كۈچلەر ۋەكىلى بولغان تەلۋە سەركەردە ما جۇڭ-
يىڭنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتىمۇ سىياسەتچىلەرگە خاس بولغان ئەن-
ئەنىۋى قىممەت قارىشىنىڭ تەسىرىگە يول قويماي، زامانىۋى ئەدە-
بىياتنىڭ قىممەت يۈزلىنىشىگە ماسلاشقان ھالدا، ئۇنىڭ تەۋەككۈل-
چى، ھىيلىگەر، باتۇر، ئەمما نامەرد خاراكتېرىنى تارىخىي چىنلىق
ئاساسىدا خېلىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان. ما جۇڭيىڭ خوجىنىياز
ھاجىغا قارىغاندا بىلىملىك، ھىيلە - مىكرى تولا، ھەربىي تاكتى-
كىسىغا ماھىر سەركەردە. خوجىنىياز ھاجى بولسا، ئادەتتىكى ئۇ-
رۇش تاكتىكىسىغا ماھىر سەركەردە. خوجىنىياز ھاجى بولسا، ئا-
دەتتىكى ئۇرۇش تاكتىكىلىرىنىلا قوللىنالايدىغان، يىراقنى كۆرەل-
مەيدىغان نادان سەركەردە. روماندا يازغۇچىنىڭ ما جۇڭيىڭ ئوبرازى-

غا بۇ خىل تۈس بېرىشى، خوجىنىياز ھاجىنىڭ «پالۋان» لىق ئوبرا-
زىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. ئەگەر ما جۇڭيىڭدىن ئىبارەت بۇ تارىخىي
شەخسنىڭ خاراكتېر چىنلىقىغا ئېتىبار بېرىلمەي، ئۇنىڭ قابىلى-
يەتلىك سەلبىي قەھرىمانلىقى گەۋدىلەندۈرۈلمىگەن بولسا، تەبىئىي
ھالدا خوجىنىياز ھاجىنىڭ باتۇر ئوبرازىغا تەسىر يەتكەن بولاتتى.
چۈنكى، كۆپ ھاللاردا قەھرىماننىڭ جاسارىتى ۋە پاراستى رەقىبى-
نىڭ كۈچ - قۇدرىتى ۋە ھىيلە - قىلتاقلىرىنى شەرت قىلىدۇ.
مۇنداقچە ئېيتقاندا، پالۋاننى يەڭمىگەن ھەقىقىي پالۋان ھېسابلان-
مايدۇ. خوجىنىياز ھاجىنىڭ ما جۇڭيىڭنىڭ مۇنتىزىم قىسىملىرى
بىلەن كۆپ قېتىم تۇتۇشقانلىقى، شېڭ شىسەيدەك قابىلىيەتلىك،
قىلتاقچى، ھەربىي مەلۇماتى يۇقىرى، ئىستالىندەك كۈچلۈك يۆلەن-
چۈككە ئىگە مۇستەبىتنى نەچچە يىل ھالسىراتقانلىقى، شېڭ شى-
سەينىڭ خوجىنىياز ھاجىنى جەڭ بىلەن يېڭەلمەي، ئەڭ ئاخىر
«دوستلۇق قوڭغۇرىقى» نى جىرىڭلىتىش يولى بىلەن كۆندۈرۈپ،
جۇڭگو تارىخىدىكى فېئودال خان - ئەمەلدارلارنىڭ ئۆز رەقىبىنى
يوقىتىشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئەنئەنىۋى ئۇسۇلى «ئەمەلگە تەيىنلەش
ھىيلىسى» بىلەن ئالداپ ئۆلتۈرگەنلىكى سىر ئەمەس.

يازغۇچىنىڭ سىياسىي سېھىرگەر، مەككار تۈلكە ياڭ زېڭشىن-
نىڭ قېرىپ ئالجىغان چاغدىكى خاراكتېر ئالاھىدىلىكى «ھەممىڭلار
شىنجاڭلىق، ئەتىلا جەمئىيەتكە چىقىسىلەر، بۇ يەرنىڭ ئىشىنى بۇ-
زۇپ قويماڭلار، شۇنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلاركى، مۇبادا بارغان ئور-
نۇڭلاردا قانداقتۇر ‹ئىنقىلاب - پىنقىلاب› دەيدىغان بىرەر ھەرىكەت
بولۇپ قالسا، مېنىڭ قىلىچىم ئالدى بىلەن سىلەرنىڭ بېشىڭلاردا ئويى-
نايدۇ ...» دېگەن بىرنەچچە ئېغىز سۆزى بىلەن تولۇق ئېچىپ بې-
رىلگەنلىكى مېنى تېخىمۇ مەھلىيا قىلدى.

يازغۇچى «ئويغانغان زېمىن» رومانىدا، تارىخىي ئەينەنلىك بىلەن
بەدىئىي ئىقتىدار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى مۇۋاپىق ھەل قىلىپ،
تارىخىي چىنلىق بىلەن بەدىئىي چىنلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى خېلى

ئوبدانلا تەڭشىيەلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىجادىيەت جەريانىدا ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى يېزىشقا تازا كۆڭۈل بۆلۈپ، پىسخىكىلىق توقۇنۇشلارنى يېزىشقا ئانچە كۆچ سەرپ قىلمىغاندەك ۋە بەدىئىي بوياقنى ئالىراق سۇرتۇپ قويغاندەك ھېس قىلدىم. ئەدەبىي ئەسەرلەردىن زوقلىنىش كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدىكى كۆچلۈك ئىندىۋىدۇئال تۇسكە ئىگە ئېستېتىك پائالىيەت بولغاچقا، بىرەر ئەسەر ئۇستىدە ھەركىمنىڭ ئۆزگىچە قاراشقا ئىگە بولۇشى تەبىئىي، ئەلۋەتتە.

«ئويغانغان زېمىن» رومانىغا ماھارەت، بەدىئىيلىك ۋە تارىخىي نۇقتىدىن سىستېمىلىق باھا بېرىشتە، رومانىنىڭ ئاخىرقى قىسىملىرىنىڭ نەشردىن چىقىشىنى كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ. يازغۇچى 80 ـ يىللاردىكى تارىخىي رومانچىلىقىمىزدا «ئىز» رومانى ئارقىلىق ئۆزى ياراتقان يۇقىرى سەۋىيەنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، 90 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇر كىتابخانلىرىنىڭ قەلبىدىكى مۆتىۋەر ئورنىنى ساقلاپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

1990 ـ يىلى ئاۋغۇست

# گۈلئايىم ھەققىدە ئېيتىلغان قوپال ناخشا

چىنلىق پۇرىقى ئاجىز، بەدىئىي جەلپ قىلىش كۈچى تۆۋەن ئەسەر زوقلانغۇچى پىسخىكىسىدا ئەھمىيەتسىز ئۇنۇم ھاسىل قىلىپ، تەبىئىي ھالدا تەنقىد ئېقىمىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ. يازغۇچى سەمەت دۇگايلىنىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «گۈلئايىم» ناملىق رومانى مەندە ئەنە شۇنداق تەنقىدىي تەسىرات پەيدا قىلدى.

مەن ئىلگىرى بۇ يازغۇچىنىڭ «كىچىك لەقۋا»، «گۈزەللىك ئىزدىمە، ئۇ — سەندە» ناملىق پوۋېستلىرىنى ئوقۇغان چېغىمدا بۇ ئەسەرلەرنىڭ كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان مەلۇم زوقلاندۇرۇش ئامىللىرىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدىم. ئەپسۇسكى، «گۈلئايىم» رومانىنى ئوقۇپ، يازغۇچىنىڭ ئىجتىمائىي چوڭقۇرلۇق، خاراكتېر يارىتىش، بەدىئىي ئىپادىلەش ۋە تىل ئىشلىتىش جەھەتلەردە تۇنجى رومانى — «نۇرلۇق قەلبلەر» نىڭ سەۋىيەسىدىن ھالقىپ كېتەلمىگەنلىكىنى، رومان ئىجادىيىتىدە ئىزىغا سەكرەشتەك ئىجادىيەت مۆۋەپپەقىيەتسىزلىكىنى تەكرارلىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

بىرىنچى، ئىجتىمائىي چوڭقۇرلۇق جەھەتتە.

«گۈلئايىم» رومانىدا ئالاھىدە تارىخىي شارائىت ھېسابلانغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى ئىجتىمائىي ھايات ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئاشۇ يىللاردىكى تىراگېدىيە خاراكتېرلىك سىرلىق كەيپىيات ۋە ئەنسىزلىك بىلەن تولغان ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىلمىغان، زىددىيەتلەر تارىخىي رېئاللىقنىڭ ۋە تۇرمۇش چىنلىقىنىڭ مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن ئەمەس،

بەلكى سۇنئىي رەۋىشتە، زورمۇزور توقۇپ چىقىلغان. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ھەجمى زور بۇ روماندا زىددىيەتلەر باشتىن ـ ئاخىر تاق لىنىيەدە داۋام قىلدۇرۇلغان، تەپسىلاتلار ئاددىي ۋە تۇزلا بايان قىلىنغان، روماندىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت مۇرەككەپ تارىخىي رېئاللىقنىڭ ماھىيىتىنى، ئۇنىڭ خەلققە ۋە جەمئىيەتكە كەلتۈرگەن ۋەيرانچىلىقلىرىنى، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى قانداق نابۇت قىلغانلىقىنى، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى، ئىجتىمائىي ئەخلاقنى ۋە ئىجتىمائىي ئادىللىقنى كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان دەرىجىدە قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەنلىكىنى، شەخسكە چوقۇنۇشتەك فېئودال ئىستىل ۋە سىياسىي تېررورلۇقلارنى كۆرۈۋالغىلى ۋە تولۇق ھېس قىلغىلى بولمايدۇ. يازغۇچى ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي قالايمىقانچىلىقلارنىڭ ماھىيىتىنى بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ زىددىيەت توقۇنۇشلىرى ئىچىدە ئىپادىلەپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلغان. شۇڭا، يا ئەسەر سۇژىتىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى يوق، يا ئىپادىلەنگەن مەزمۇنىنىڭ ئەھمىيىتى چوڭقۇر ئەمەس.

باش قەھرىمان گۈلئايىمنىڭ بېشىغا كەلگەن دەردلەر، ئۇ يولۇققان مەسىلىلەر ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەرمۇ دەۋر چوڭقۇرلۇقىغا دېگەندەك ئىگە ئەمەس. روماندا ئۇنىڭ ئىنگلىز تىلىنى بىلىدىغانلىقى تەكرار تىلغا ئېلىنغان، لېكىن ئۇنىڭ سىياسىي كۆشەندىلىرى ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلغان چاغلىرىدا بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمايدۇ. تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرىدىغان سىياسىي سۇيىقەستچىلەرنىڭ گۈلئايىمغا زىيانكەشلىك قىلىشتا بۇ مەسىلىدىن پايدىلانماسلىقى، ئۇنىڭغا چەت ئەلگە باغلانغان، جاھانگىرلارنىڭ غالچىسى، كاپىتالىزمنىڭ ئۇرۇقى دېگەندەك بەتناملارنى چاپلىماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ يازغۇچىنىڭ مۇرەككەپ دەۋردىكى گىرەلىشىپ كەتكەن ئىجتىمائىي زىددىيەتلەردىن، مۇقەررەرلىككە ئىگە، ماھىيەتنى يورۇتۇپ بەرگۈچى ۋەقە ـ ھادىسىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، يانداپ ئۆتۈپ كېتىشى رومانىنى

چىنلىق ئاساسىدىن مەھرۇم قىلغان. چىنلىقتا يۇزلەنمەي تۇرۇپ، دەۋر روھىنى ۋە ئىجتىمائىي كەيپىياتنى يارىتىش مۇمكىن ئەمەس، يازغۇچى يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەرنىڭ ماھىيىتىنى قازماي، ئەكسىچە ھادىسىلەر قاينىمى ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگەچكە، رومان ئىجتىمائىي چوڭقۇرلۇق ۋە دەۋر كەڭلىكىگە ئىگە بولالمىغان.

ئىككىنچى، خاراكتېر يارىتىش جەھەتتە.

ئىنسان خاراكتېرى ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە تۇراقسىز بولۇپ، ئىنسان خاراكتېرىنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش، ئۇنى ئەدەبىياتتا سۇبىيېكتىپ چىنلىقتا ئۇيغۇن ھالدا ئەكس ئەتتۇرۇش يازغۇچىغا قويۇلىدىغان ئەڭ قاتتىق تەلەپ. روماندىكى پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى، ئىدىيەسى، ھېسسىياتى شۇ پېرسوناژ پەيدا بولۇش بىلەن تەڭلا كىتابخانغا ئايان بولىدۇ. بۇ روماندىكى پېرسوناژلار ئىنتايىن روشەن ھالدا ياخشى ۋە ياماندىن ئىبارەت ئىككى قۇتۇپقا ئايرىۋېتىلگەن. ئۇلارنىڭ پىسخىكىلىق كەچۈرمىشلىرى، روھىي زىددىيەتلىرى ۋە مەنىۋى ئېلىشىشلىرىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىشتا، ئىنسان تەبىئىتىدىن ئىبارەت سۇبىيېكتىپ چىنلىقتا ۋە رېئالىزملىق ئەدەبىياتنىڭ خاراكتېر يارىتىش قانۇنىيىتىگە خىلاپ ھالدا ئادەمنى بۇنداق ئاددىي، تۈز ھالدا ئۆلۈك قېلىپ ئىچىدە تەسۋىرلەش ئەدەبىياتنىڭ تەربىيەۋى رولى ۋە ئېستېتىك رولىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، يازغۇچىنىڭ قەلەم تەۋرىتىشتىكى مۇددىئاسى ۋە ئىجتىمائىي غايىسىنىمۇ كۆپۈككە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. گەرچە يازغۇچى روماننىڭ خاتىمىسىدە تەكىتلەپ ئۆتكەندەك باش قەھرىمان گۈلئايىمغا ئوخشاش غايىلىك، ئېتىقادقا ئىگە بىر ئەۋلاد ياش زىيالىيلارنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى رەزىل رېئاللىقنىڭ قاتمۇقات زۇلمى ئاستىدا ئىنسانىي قەدىر – قىممىتىنى قوغداپ، ئادەمگە ئوخشاش ھايات كەچۈرۈش، ئەھمىيەتلىك ياشاش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشنى كۆزلىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئاشۇ مۇرەككەپ ۋە چۈشىنىكسىز ئىجتىمائىي

داۋالغۇش ئىچىدە تۇرغان گۇلئايىمنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىشتا ئۇنىڭ ھايات مۇساپىسى ۋە پائالىيەت دائىرىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مەنىۋى دۇنياسىدىكى مۇرەككەپلىكنى، پەرىشانلىقنى، توقۇنۇشلارنى ئىنچىكە تەسۋىرلەشكە ئازراقمۇ ئەھمىيەت بەرمىگەن. ئىنسان تەبىئىتىگە ئورتاق بولغان، ئەر ـ خوتۇنلۇق تۇرمۇشتا يۈز بەرمەي قالمايدىغان بەزىبىر روھىي ھادىسىلەرمۇ، نازۇك ھېسسىياتلارمۇ تۇرمۇشقا چىققان گۇلئايىمدەك ئايالنىڭ خاراكتېرىگە يات قىلىپ قويۇلغان. خاراكتېردىكى مۇرەككەپلىكنى ئىنچىكە يازماي تۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇرەككەپلىكنى ئىپادىلەشكە ئۇرۇنۇش بىھۇدە ئاۋارىچىلىك، خالاس.

گۇلئايىمنىڭ پسىخىكىلىق كەچۈرمىشلىرى ئىنچىكە تەسۋىرلەنمىگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا پەقەت ئىنقىلابىي سىياسىي ئاڭ، تىرىشىپ ئىشلەيدىغان ئىرادە ۋە غايىۋى ئارزۇلا بار، ئەمما ھېسسىيات يوق. شۇڭا، ئۇنىڭ بەختسىز كەچۈرمىشلىرىگە نىسبەتەن كىتابخاندا ئانچە ھېسداشلىق قوزغالمايدۇ. بۇ، ئىنتايىن ئېچىنىشلىق يىغلاۋاتقان بىر كىشىنىڭ نېمە ئۈچۈن يىغلاۋاتقانلىقىنى باشقىلار بىلمىسە ھېچقانچە تەسىر قىلمىغاندەكلا بىر ئىش. چۈنكى ھەقىقىي ھېسسىياتلا يۈرەكتىن يۈرەككە يول تاپالايدۇ. رومانىنىڭ بەزى جايلىرىدا يازغۇچى پېرسوناژلارنىڭ پسىخىكىلىق كەيپىياتىنى تەسۋىرلەشكە كۆچىگەن بولسىمۇ، ئەمما پېرسوناژلارنىڭ دەل شۇ مىنۇتلاردىكى پسىخىكىلىق ھالىتىنى ئىنسان تەبىئىتىگە خاس ھالدا دەل، توغرا ئېچىپ بېرەلمىگەن.

روماندىكى ئىجابىي پېرسوناژلارنىڭ ئىدىيەۋى ئېڭىمۇ بەك ئۈستۈن بولۇپ، ئۇلار ھەمىشە دەۋر يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ پىكىر قىلىشىدۇ، مۇنازىرىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېڭىدا، روھىي ھالىتىدە تېڭىرقاش، گۇمانلىنىش، ئىككىلىنىش مەۋجۇت ئەمەس. ئۇلار يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش نەزىرى بىلەن قارايدۇ، ئۇلار «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت بۇ قالايمىقانچىلىق

بىلەن پاراكەندىچىلىكنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە. ئۇلار ھەتتا دەۋرنىڭ زور خاتالىقلىرى ۋە يورگۇزۇلۇۋاتقان سىياسەت ھەققىدە دۇدۇقلىماستىن كەڭ ـ كۇشادە سۆزلىشىدۇ. ئۆز ئېقىنىغا سۆرەپ كىرمىگەن ئادىمى قالمىغان بالايىئاپەتلىك «مەدەنىيە زور ئىنقىلابى» نىڭ سىرتىغا قويۇپ تەسۋىرلەنگەن، كىشىلەر ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان گەپ ـ سۆزلەرنى ئادەم كۆپ سورۇنلاردا بىمالال سۆزلىشىپ يۈرىدىغان دەۋردىن تاشقىرى بۇ ئىجابىي پېرسوناژلار زوقلانغۇچىلارغا تولىمۇ غەلىتە تۇيۇلىدۇ. چۈنكى، زاماننىڭ سىرتىدا تۇرۇپ مۇلاھىزە قىلىدىغان بۇنداق پېرسوناژلار ئەينى يىللاردىكى تارىخىي ئەمەلىيەتكە ۋە كىشىلەرنىڭ ئىدىيەۋى ئەھۋالىغىمۇ ئۇيغۇن ئەمەس. رومان ئاپتورى ئەدەبىيات نەزەرىيەسىدىكى كونا ئەندىزە بولغان تىپىك شارائىتتىكى تىپىك پېرسوناژلارنى يارىتىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئەمما تىپىك مۇھىتتىكى تىپىك خاراكتېرنى تەسۋىرلەشكە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن، بىر قاتار سۇنئىي، جانسىز، ھېسسىياتسىز پېرسوناژلار توپىنى قۇراشتۇرۇپ چىققان.

ئۈچىنچى، بەدىئىي ئىپادىلەش ۋە تىل ئىشلىتىش جەھەتتە.

روماننىڭ قۇرۇلمىسى دېگەندەك پۇختا ئەمەس، كېلەڭسىز ھەم چۇۋالچاق. كىشى قەلبىدە لىرىك تۇيغۇ قوزغايدىغان نازۇك تەسۋىرلەرمۇ، دىلنى مەپتۇن قىلىدىغان گۈزەل شېئىرىي تىلمۇ يوق. مەركىزىي ئىدىيەنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق، كۈچەپ يېزىشقا تېگىشلىك تەپسىلات ۋە دېتاللار ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىلىپ، يازمىسىمۇ، قىسقا يازسىمۇ بولىدىغان تەپسىلاتلار زورمۇزور ئۇزارتىۋېتىلگەن. مەسىلەن، ئىككى ئەترەپ دېھقانلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن سۇ تالىشىش ماجىراسى يېرىم بەتلا يېزىلغان بولسا، گۈلئايىمنىڭ ئۆيىدىكى ساۋاقداشلار ئولتۇرۇشى نەچچە ئون بەت يېزىلغان. روماننىڭ مەركىزىي ئىدىيەسى توسما قۇرۇپ سۇ قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاپ، يېزا ئىگىلىكىدىكى سۇ قىسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش. بۇ ئالدىنقى

تەپسىلاتىنى تەپسىلىي، تەسىرلىك يېزىپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ. رومانىنىڭ سۇژىتى ئەگرى ـ توقاي بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئۇستىگە، ۋەقەلەر ماھىرلىق بىلەن تاللانمىغاچقا ھەم سىياسىي، نەزەرىيەۋى جۈملىلەر ئۈزۈندىن ـ ئۈزۈنغا بېرىلگەچكە، ئوقۇغۇچىنى بەكلا زېرىكتۈرۈپ قويىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە جۈملىلەر، سۆزلەر، دىيالوگلار تازا تاۋلانمىغان، ئەسەر تىلى خېلىلا خام.

گۈلئايىمدىن ئىبارەت «ئەمگەك قەھرىمانى» توغرىسىدا يېزىلغان بۇ رومان مەيلى سۇژىت قۇرۇلمىسى ياكى تىل جەھەتتە بولسۇن خېلىلا قوپال چىققان. پېرسوناژلارنىڭ تىلى ئىندىۋىدۇئاللىقتا ئىگە ئەمەس. ھاكىممۇ، يېزا باشلىقلىرىمۇ، زىيالىيمۇ، دېھقانمۇ، ھارۋىكەشمۇ ئوخشاش تەلەپپۇزدا، ئوخشاش سەۋىيەدە سۆزلەيدۇ. ئۇلار كۆزقاراش، پىكىر جەھەتتە بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. بۇ ھال يەرلىك پۇراقىمۇ، مىللىي خۇسۇسىيەتكىمۇ، دەۋر ئالاھىدىلىكىگىمۇ ئىگە بولمىغان بۇ روماننىڭ چىنلىق ئاساسىنى تېخىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەن ھەم بەدىئىيلىكىنى بەكلا تۆۋەنلىتىۋەتكەن. بۇ روماندا يەنە لوگىكىلىق ۋە گىرامماتىكىلىق خاتالىقلارمۇ ئاز ئەمەس. 15 بابلىق بۇ روماننىڭ پەقەت 1 ـ بابىدىلا مۇنداق جۈملىلەر ئۇچرايدۇ: «گۈلئايىمنى تۈزۈكرەك رەھبەرلىرىمىز يۈرەكلىك ئىشقا سالالمىدى»، «ئۇرۇمچىدىكى چاغلىرىمىزدا بىزمۇ ھەۋەس بىلەن بىر ـ بىرىمىزگە نازارەت قىلىش، كۆزىتىپ تۇرۇش ھەم سەل ـ پەل ئىچى قايناش ھېسسىياتى بىلەن ياسىنىپ ـ تارىنىپتۇق»، «ئۇ مېنىڭ دادىل سۆزۈمنىمۇ، رەيھانىنىساننىڭ ئوت قۇيرۇقلۇقلىرىدىنمۇ ھېچقانداق تەسىر ئالمىغاندەك كۆرۈنەتتى»، «بىز ياشلار بەزى چاغلاردا بولسا تۇرمۇشنى ئوتتۇرا ھال كىشىلەر ئۇچۇن ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغان ھېسابلانسىمۇ، بىز ئۇچۇن يېڭىلىق تۇيۇلىدىغان ھېسسىياتلارنى ئورتاقلىشىپ كۆلۈشكەنىدۇق» ... روماندا بۇنداق كېسەل جۈملىلەرنىڭ كۆپلۈكى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

روماننىڭ يۇقىرىقىدەك بىر قاتار نۇقسانلىرى يازغۇچىنىڭ

مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ كۈچلۈك ئەمەسلىكىنى، يېزىقچىلىق ئىستىلىنىڭمۇ تازا ساغلام ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

يازغۇچى سەمەت دۇگايلىنىڭ خېلى كۆپ ئەدەبىي ئەسەر يازغان تۇرۇقلۇقمۇ، ھازىرغىچە كىتابخانىلارنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە جەلپ قىلالمايۋاتقانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ دىققەت مەركىزىگە شۇڭغۇپ كىرەلمەيۋاتقانلىقىدىكى سەۋەب، ئىجادىيەتتە نوقۇل سان قوغلىشىپ، سۈپەتكە ئېتىبار بەرمەيۋاتقانلىقىدا ھەم ئانا خەلقىنىڭ تومۇرىنىڭ سوقۇشىنى تۇيالمايۋاتقانلىقى ۋە قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى پىچىرلاشلىرىنى ئاڭلىيالمايۋاتقانلىقىدا بولسا كېرەك.

1991 - يىلى ئىيۇن

# «ھايات شۇنداق» رومانىغا باھا

**ئىلاۋە:** مەن بۇ ئوبزورۇمنى 1993 - يىلى يانۋاردا يازغان. شۇ چاغدا يازغۇچى ئەخەت تۇردىنىڭ «ھايات شۇنداق» ناملىق بۇ ئىككىنچى رومانى يېڭىلا نەشر قىلىنغانىدى. ئۇ يىللاردا ئۇيغۇر رومانچىلىقى ئەمدىلەتىن شەكىللىنىۋاتاتتى. يازغۇچى ئەخەت تۇردى بولسا ئۇيغۇر رومانچىلىقىنى شەكىللەندۈرۈشكە تۆھپە قوشۇۋاتقان ئاۋانگارت يازغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى. بۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب، مەن 1995 - يىلى 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىكى «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» گە تەييارلىغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ھازىرغىچە نەشر قىلىنغان رومانلار» دېگەن ئەدەبىي ئۇچۇردا 1950 - يىللاردىن 1995 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا نەشر قىلىنغان 40 پارچە رومانىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاپتورىنى بىر - بىرلەپ كۆرسەتكەنىدىم. شۇ تىزىملىكتە يازغۇچى ئەخەت تۇردىنىڭ «ئۇنتۇلغان كىشىلەر»، «ھايات شۇنداق»، «ئاي يامغۇرى» ناملىق ئۈچ رومانى بار ئىدى. دېمەك، يازغۇچى ئەخەت تۇردى ھەقىقەتەنمۇ ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ شەكىللىنىشىدە گەۋدىلىك رول ئوينىغان ئاۋانگارت يازغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى. مەن شۇ چاغدا ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ «ئويغانغان زېمىن» رومانىغا، زوردۇن سابىرنىڭ «ئانا» رومانىغا، سەمەت دۇگايلىنىڭ «گۈلئايىم» ناملىق رومانىغا تەنقىدىي ئوبزور يازغانىدىم. مەن تەنقىدلىگەن رومانلار ئىچىدە ئەخەت تۇردىنىڭ «ھايات شۇنداق» ناملىق رومانىمۇ بار ئىدى. قىزىق يېرى، مەن تەنقىدىي ئوبزور يازغان بۇ يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى مىللىي ئەدەبىياتىمىزدا ئالدىنقى قاتاردىكى رومانچىلار ئىدى. مېنىڭ ئۇلارنىڭ رومانلىرىغا ئوبزور يېزىشىم سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى. مەن بۇ ھەقتىكى مەيدانىمنى 1993 - يىلى 3 -

ئايدا «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ «گۈلشەن» بېتىدە ئېلان قىلىنغان «مېنىڭ ئەدەبىي تەنقىد قارىشىم» دېگەن ماقالەمدە ئېنىق چۈشەندۈرۈپ مۇنداق شەرھلىگەنىدىم: «مەن كىتابخانلىرىمىزنىڭ قەلبىدە مۇئەييەن ئورنى بار، ئەسەرلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى سەۋىيەسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، دەپ قارىلىدىغان بەزى يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىگە چېقىلىشنى بەكرەك ياقتۇرىمەن. چۈنكى، مېنىڭ قارىشىمچە، ئۇلار ئىجادىيەتتە نۇقتىلىق ھالدا ئويلىنىلىدىغان، مۇلاھىزە قىلىنىدىغان، باھا بېرىلىدىغان باسقۇچقا يەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان كىتابخانلار، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۈلگە قىلىدىغان ھەۋەسكارلار خېلىلا كۆپ. شۇ سەۋەبتىن، مەن ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى چامىمنىڭ يېتىشىچە ئوپېراتسىيە قىلىپ، كىتابخانلار ۋە ھەۋەسكارلار بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا يېڭىچە مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى ئىستەيمەن.»

مەن رومانلىرىغا ئوبزور يازغان يازغۇچىلار ئىچىدە ئەخەت تۇردىنىڭ ئىپادىسى ئالاھىدە بولدى، دەپ قارايمەن. بىرىنچىدىن، ئەخەت تۇردى كېيىن «ھايات شۇنداق» رومانىنى قايتا نەشر قىلغاندا تۈزىتىپ نەشر قىلدۇردى. بۇ ئەدەبىي تەنقىدنى توغرا تاپقانلىق ھەم ئىلمىي، ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغانلىق ھېسابلىناتتى. ئىككىنچى، تۇرلۇك سۆھبەت ۋە سورۇنلاردا مەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا ماڭا نىسبەتەن ھېچقانداق پاسسىپ پوزىتسىيەدە بولۇپ باقمىدى. بەلكى سالام ۋە سۆھبەتلىرى ئوچۇق - يورۇق ھەم مەردانە بولدى. قىسقىسى، ئەدەبىياتنى سۆيىدىغان، چۈشىنىدىغان، ئەدەبىي تەنقىدكە توغرا قارىيالايدىغان بىر پىرىنسىپچىل يازغۇچىنىڭ خىسلىتىنى نامايان قىلدى.

بىزنىڭ ئەدەبىيات ساھەيىمىزدە ئەدەبىي تەنقىدكە توغرا قارىيالايدىغان يازغۇچى، شائىرلار ئۇنچە كۆپ ئەمەس. مىرزاھىد كېرىمگە ئوخشاش «مېنى نېمىشقا تەنقىد قىلمايسىلەر» دەپ ئوبزورچىلارغا ئاشكارا جەڭ ئېلان قىلغان مەردانە يازغۇچىلار تېخىمۇ ئاز-

ئەدەبىي تەنقىدتىن چاياندىن قورققاندەك قورقىدىغان، ناۋادا بىرەر قېتىم تەنقىدلىنىپ قالسا، ئابرۇيۇم تۆكۈلۈپ كەتتى، دەپ قارايدىغان روھى ئاجىز يازغۇچىلار، ھەتتا ئولتۇرسا ـ قوپسا ماختىلىشنى تاما قىلىپ تۆت تەرەپكە تەلمۈرۈپ ياشايدىغان بىچارە يازغۇچى، شائىرلار ناھايىتى كۆپ. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، بىزنىڭ ئەدەبىيات ساھەمىزدە تەنقىد ئېڭى ۋە تەنقىد روھىنىڭ يېتەرلىك شەكىللەنمىگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

مەن بۇ قېتىم شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ «مەن ئىمشقا ئوبزور يازىمەن» ناملىق بۇ ئوبزورلار توپلىمىمنىڭ نەشرگە تەييارلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن يازغۇچى ئەخەت تۇردىنىڭ «ھايات شۇنداق، رومانغا باھا» دېگەن ئوبزورۇمغا ئالاھىدە ئىلاۋە يازغۇم كەلدى. چۈنكى، مەن يازغۇچى ئەخەت تۇردىنىڭ ئاكتىپ پوزىتسىيەسىنى تەنقىد ئېڭى تۇۋەن، تەنقىد روھى ئاجىز، ئەدەبىي ئوبزورغا توغرا پوزىتسىيە تۇتۇشقا ئاجىزلىق قىلىدىغان يازغۇچى، شائىرلار ئۈلگە قىلىشى لازىم، دەپ قارايمەن. ئەدەبىي ئوبزورچىلىق توغرا مۇئامىلىگە ئۇچرىمىسا، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ جانلىنىشى تەس. بولۇپمۇ سۈپەت ئېڭى تۆۋەن، مەسئۇلىيەتسىز قەلەمكەشلەرنىڭ ناتوغرا ئىجادىيەت ئىستىلىنى چەكلەش، ئۇلارنىڭ ئۆلچەمسىز يازمىلىرىنى رەت قىلىش مېخانىزمى شەكىللەنمىسە، ئەدەبىيات مۇنبىرى ئەخلەت ئەسەرلەر بىلەن تولۇپ كېتىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا، ئەدەبىي ئوبزور قەتئىي ھىمايە قىلىنىشى لازىم.

* * *

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى نامراتلىق ھالىتىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن تىنىمسىز ئىزدىنىۋاتقان يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرەر پارچە رومانى نەشر قىلىنسا، مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەقدىرىدىن كۆپ ئەندىشە

قىلىدىغان، ئەدەبىياتقا ئىخلاسى كۈچلۈك بىز دەك كىتابخانلار ئۈچۈن بۇ ئالاھىدە خۇشاللىق ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ كىتابخانلىق قىممىتىمىزنى نەزەرگە ئېلىپ «سۈپەت تەلىپىمىز» نى ئۇنتۇپ قالمايمىز، ئەلۋەتتە.

يازغۇچى ئەخەت تۇردىنىڭ يېڭىدىن نەشر قىلىنغان «ھايات شۇنداق» ناملىق رومانىنى قىزغىن ھالدا، زور ئۈمىد بىلەن قولۇمغا ئېلىپ، ئاپتورنىڭ خاتىرە دەپتىرىدىن ئالغان تۇنجى ئېپىگرافىنى كۆرۈپلا مەپتۇن بولۇپ قالدىم. ئاپتور مۇنداق دەپ يازغانىدى: «ھاياتتا ئۆتمۈش بىلەن ھازىر، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق، بايلىق بىلەن گادايلىق، پاكلىق بىلەن چىرىكلىك، سەممىيلىك بىلەن ساختىلىق، مۇھەببەت بىلەن نەپرەت بىر - بىرىگە كەسكىن سېلىشتۇرۇلغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.» گەرچە يازغۇچى بۇ قۇرلارنى كۈچلۈك ھاياجان بىلەن دەبدەبىلىك يوسۇندا، ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھايات ھەققىدىكى ئەڭ چوڭقۇر پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلىرىنىڭ يېگانە جەۋھىرى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن ھاياجىنى قۇرۇق، پىكرى چولتا بولۇپ قالغان. ئاپتور سۆز ئويۇنىغا بېرىلىپ كېتىپ، مەزمۇنىنىڭ ماس كېلىش - كەلمەسلىكى بىلەن ھېسابلاشماي، ئېسىگە كەلگەن قارشى مەنىلىك ئۇقۇملارنى قاتارىسىغا تىزىپ قويغان. ئەگەر بىز ئاپتورنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى بويىچە ھايات دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ، دەپ تونۇپ، قارشى مەنىلىك ئۇقۇملارنى، شەيئىلەرنى، ھادىسىلەرنى تادان بىلەن نادان، ھۇرۇن بىلەن ئىشچان، ئامەت بىلەن ئاپەت ... دەپ تىزىدىغان بولساق تۈگىمەس بىرنەرسە بولىدۇ. بۇنداق قىلىش ھەممىلا ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. شۇڭا، ئاپتورنىڭ بۇ «پەلسەپىۋى» پىكرىدە ھېچقانچە تەپەككۇر ئۆزگىچىلىكى ۋە تەپەككۇر چوڭقۇرلۇقى يوق. ئۇ ھايات ھەققىدىكى ئەڭ ئاددىي، ئەڭ چولتا چۈشەنچە بولۇپ، ئۇنى ئەمدىلا ئىجادىي تەپەككۇر مەشقىنى باشلاۋاتقان ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدىنمۇ

ئۈچراتقىلى بولىدۇ. ئەگەر ھايات راستتىنلا مۇشۇنداق «بىر ـ بىر-رىگە كەسكىن سىلىشتۇرۇلغان ھالدا مەۋجۇت» بولغان بولسا ئىدى، ياشاش بەكمۇ ئاسانغا توختىغان بولاتتى. ئەپسۇسكى، ھايات كۆپ ھاللاردا ئۆزىنىڭ ھادىسە بىلەن ماھىيەت ئوخشاش بولماسلىقتەك مۇرەككەپ، ئارىلاشما ھالىتى بىلەن بىزنى ئاچچىق ساۋاقلارغا، كۆ-تۈلمىگەن پاجىئەلەرگە، چوڭقۇر ئازابلارغا مۇپتىلا قىلىدۇ. ھاياتتا بىز گۈزەل دېگەن نەرسىلەر رەزىل، چىن دېگەن نەرسىلەر ساختا بو-لۇپ چىققان ئىشلار ئازمۇ؟

مەن ئاپتورنىڭ بۇ بىر ئابزاس «ھايات پەلسەپىسى» نى ئوقۇپ، كۆڭلۈمدە پۈتۈن ئەسەرگە دىياگنوز قويۇپ بولدۇم. رايىم قايتقان بولسىمۇ، لېكىن زورىغا ئوقۇش خاھىشىم ئۈستۈن كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرىنچى بەتنى ئاچتىم، تۇنجى قۇردىكى «ئاھ، دوستۇم!» دې-گەن سۆز مېنى يەنە بوشاشتۇرۇۋەتتى. بۇ «ھىدايەت بىلەن ئەدھەم ئوقۇش پۈتكۈزگەندە ئايرىلىپ، بەش يىلدىن كېيىن قايتا تېپىش-قاندا، ئەدھەمنىڭ ئالتۇن رەڭ كۆز كېچىسى ئۈرۈمچى كوچىلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ھاياجان بىلەن ئېيتقان تۇنجى سۆزى» ئىدى. «ئاھ، ئېھ» قا زورلايدىغان تېخنىكىلىق ئىلھامغا ئىگە شائىرلارنىڭ شې-ئىرلىرى بىلەن بەزى ھېسسىياتچان قىزلارنىڭ سالام خەتلىرىدىلا ئانچە ـ مۇنچە چېلىقىپ قالىدىغان بۇ سۆزنىڭ ئىككى يىگىتنىڭ ئۆزئارا سۆھبىتى جەريانىدا ئېغىزدىن چىقىشى ماڭا بەكمۇ سۈنئىي تۇيۇلدى. بۇ سۆز مەندىكى ئاران ـ ئاران تۇرغان قىزىقىشنى تەلتۆ-كۈس تەتقىدىي نەزەرگە ئۆزگەرتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن روماننى ئو-قۇپ تۈگەتتىم. ئوقۇپ بولۇپ مەيلى مەزمۇن، مەيلى قۇرۇلما، مەيلى خاراكتېر يارىتىش، مەيلى تىل گۈزەللىكى جەھەتتە بولسۇن ئازراقمۇ يېڭىچە ئىستېتىكىلىق زوق ئالالمىدىم. ئەگەر زوقلاندىم دېيىشكە توغرا كەلسە، مۇشۇنداق قۇرۇق، چۇۋالچاق، جانسىز، سۈن-ئىي روماننى تاقەت قىلىپ ئوقۇپ تۈگەتكەنلىكىمدىن زوقلاندىم. بۇنداق دېيىشىم ئەلۋەتتە ئاساسسىز ئەمەس.

1. پېرسوناژلار خاراكتېرى ۋە تەپسىلاتلار تەسۋىرىدىكى سۈنئىيلىك

بۇ رومانىنىڭ مەزمۇنىدا ھېچقانداق يېڭىلىق، ئۇسلۇبىدا ھېچقانداق ئۆزگىچىلىك بولمىغانىنىڭ ئۈستىگە ۋەقەلىكى، تەپسىلاتلار تەسۋىرى، پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلار، دىيالوگ ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرى كىشىگە چىنلىق تۇيغۇسى ئاتا قىلالمايدۇ.

يازغۇچى تۇرمۇشتىكى ئادەملەرنى ئەسلىي ھالىتى بويىچە يازماي، ئۇلارنى پەردازلاپ، ياساپ ـ جابدۇپ ئۆلچەملىك قېلىپلارغا چۈشۈرۈپ، ئىجابىي، سەلبىي دەپ رەتكە تۇرغۇزۇپ، مەلۇم ئىدىيە، مەلۇم قاراشنى ئىپادىلەيدىغان قورال سۈپىتىدە يارىتىپ، پېرسوناژلارنىڭ تىلى ئارقىلىق ۋائىزلىق قىلغان. يازغۇچى ئادەمنى تېخىچە نوقۇل ۋاستە، قورال دەپ تونۇپ، ئۇنىڭ ئىنتائىتچانلىقىنى بىلىپ، مۇستەقىل ئاڭغا، تاللاش خاراكتېرىگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئالمايدىغان «قورال نەزەرىيەسى» ۋە ئىجابىي پېرسوناژلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى كۆركەم، سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى كۆرۈمسىز بولىدۇ، باشلىقلار سېمىز، ئالىملار ئورۇق بولىدۇ، سودىگەرلەر گەپدان بولىدۇ ... دەپ تونۇيدىغان «مودېل قارىشى» دىن ھالقىپ چىقالمىغاچقا، پېرسوناژلىرىنى مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە ياراتقان ۋە پائالىيەت قىلدۇرغان. شۇڭا، روماندىكى پېرسوناژلار كۆڭۈل قويۇپ پىلانلانغان ھەم مەلۇم كۆزقاراش، ئىدىيە بويىچە باش قاتۇرۇپ قۇراشتۇرۇلۇپ چىققان تەقدىرى بېكىتىكلىك، تونى پىچىقلىق بىچارىلەردىن بولۇپ قالغان. ئۇلار مۇئەييەن دۇنيا قاراشنىڭ سىمۋوللۇق بەلگىسى، ئىدىيەنىڭ جانسىز كۆلەڭگىسى، مەقسەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇش ئاساسىدا پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ماشىنا ئادەملەردىن بولۇپ قالغان. روماندا سەلبىي پېرسوناژ «ئەدھەم ئەقىلگە كەلگەندىن بۇيان، ئۆزىدىن باشقا ئادەمگە كۆيۈنۈپ، ياخشىلىق ئويلاپ باققان ئەمەس ئىدى» دەپ يېزىلغان. بىز بۇنىڭدىن يازغۇچىنىڭ ئادەم ھەققىدىكى چۈشەنچىسى، ئەخلاق قارىشى، ئىجا-

دىيەت ئىستىلىنى ئېنىق كۆرۈۋپ يېتىمىز. يازغۇچى ئىجادىيەت جەريانىدا ئادەم خاراكتېرىنىڭ ئىككى ياقلىمىلىقىنى، كۆپ قاتلاملىق قۇرۇلمىغا، زىددىيەتلىك روھىي دۇنياغا ئىگە بولىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئالمىغان. شۇڭا ئىجابىي پېرسوناژلارنى تېشىدىن تارتىپ ئىچىگىچە گۈزەل، تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئۆلگۈچە ياخشى قىلىپ، سەلبىي پېرسوناژلارنى ئۇنىڭ ئەكسىچە قىلىپ ياراتقان. ئەجەبا، ئىجابىي پېرسوناژلارنىڭ نۇقسانسىز بولۇشى شەرتمۇ؟ ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە خاراكتېرگە ئىگە بولۇشى، مۇرەككەپ روھىي توقۇنۇشلارنى باشتىن كەچۈرۈشى نورمالسىز ئەھۋالمۇ؟ بىز نېمە ئۈچۈن رېئالستىك ئەدەبىياتنىڭ زۆرۈر تەلىپى بولغان خاراكتېرى ۋە كەچمىشى بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدىغان پېرسوناژلارنى يېزىش ئورنىغا پەقەت ئىجابىي ياكى سەلبىي پېرسوناژلارنىلا يېزىش ئادىتىنى جاھىللىق بىلەن تەكرارلايمىز؟! رېئاللىقتا مەۋجۇت خاراكتېرلارنى سادىقلىق بىلەن يازساق بولمامدىكەن؟ بارلىق ياخشى ئىشلارنى ئىجابىي پېرسوناژلارغا چاپلاش، بارلىق ئەسكى ئىشلارنى سەلبىي پېرسوناژلارغا تېڭىشتەك قاتمال ئىجادىيەت ئىستىلى قاچانغىچە ئەدەبىي ئىجادىيەت زېمىنىدا ئەرۋاھتەك ئەگىپ يۈرىدۇ؟!

بىز تۆۋەندىكى قىياپەت تەسۋىرلىرىنى كۆرۈۋپ باقايلى: «ئورۇق، مولۇن كۆز، دەلتە چىراي بۇ ئادەم ئەدھەمنىڭ ئىدارىدىكى ئەڭ يېقىن سىردىشى ئابىخان ئىدى»، «هامۇت كەنجى ئەللىك ياشتىن ھالقىغان بەستلىك، سېمىزلىكتە ئوتتۇرا ھال، قاشلىرى قاپقارا، كۆزلىرى ياراشقان، كېلىشىملىك ئادەم ئىدى»، «مەھەللىمىزدە ئەزھەر ئىشان ئىسىملىك بىر ئادەم بار ئىدى. يېشى ئاتمىشتىن ھالقىغان، ئۆچكە ساقال، ياغاق يۈز، لەش چىراي ...»، «مۆمىن قاسىم كەم سۆز، ئۆز ئىشىغا پۇختا، ئېغىر - بېسىق يىگىت ئىدى»، «ھىدايەت ناھايىتى ئېغىر - بېسىق، ئوي - مۇلاھىزىلىك يىگىت ئىدى. سۆزلەرنى تەمكىنلىك بىلەن پىشۇرۇپ سۆزلەيتتى». بۇ خىل قىياپەت تەسۋىرلىرىنىڭ بىر روشەن كەمچىلىكى شۇ يەردىكى، ھەرقانداق

پېرسوناژ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەنلا ئۇنىڭ ئىجابىي ياكى سەلبىي پېرسوناژلىقى شۇ هامان كىتابخانغا ئايان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ زوقلانغۇچىنى تارتىشتۇرغۇدەك هېچقانداق سىرلىق تەرىپى قالمايدۇ. رومانغا «هايات شۇنداق» دەپ ئىسىم قويغان ئاپتور «ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، هايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا» بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئادىي هەقىقەتكىمۇ ئەمەل قىلالمىغان. پېرسوناژلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىشكە، ئۇنى قېزىشقا ئازراقمۇ ئۇرۇنۇپ باقمىغان، پېرسوناژلىرىنى خۇددى بالىلارنىڭ قورچاق ئويۇنىدەك «ياخشى»، «يامان» دەپلا ئىككى بۆلەككە ئايرىپ قويغان. پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ يېتىلىش، ئۆزگىرىش، مەنىۋى جەهەتتە ئېلىشىش، يېڭىلاش جەريانىنى مەنتىقىلىق رەۋىشتە تەبىئىي ئىپادىلەپ بېرەلمىگەچكە، زوقلانغۇچىنى تەسىرلەندۈرۈش مەقسىتىگە يېتەلمىگەن. تۇرمۇش ئاساسى، خاراكتېر چىنلىقى يوق بۇ جانسىز پېرسوناژلار شۇڭىمۇ كىتابخانلارنىڭ ئالدىدا تىك تۇرالماي لىڭشىپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇلاردا خاسلىق ناهايىتى كەم. مەسىلەن، رومانىدىكى سەلبىي پېرسوناژ — ئەزهەر ئىشان، مەرۇپ ئاقساقال، سالمان، جاڭ داتۇ، ئەدهەم، گۈلجانلارنىڭ هەممىسىلا ئىشقىۋاز قىلىپ يارىتىلغان. رومانىدىكى پېرسوناژلارنىڭ هەممىسى دېگۈدەك سۆزلىرىدە ماقال – تەمسىللەرنى ناهايىتى كۆپ ئىشلىتىدۇ. كىتابىي تىلدا سۆزلىشىدۇ. تايىنى يوق سان – سېپىرلارنى قومدەك ياغدۇرۇۋېتىدۇ. بۇ خىل بىر قېلىپتىن چىققاندەك ئورتاقلىقلار بۇ پېرسوناژلارنى بىر – بىرىنىڭ ۋارىيانتىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان. شۇڭا زوقلانغۇچىغا ئۇلار بىر – بىرىنىڭ مودېلىدەك تەسىرات بېرىدۇ. مانا مۇشۇنداق «بەلگىلەنگەن فاكتېن» ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان، خاراكتېرى ئوخشىشىپ كېتىدىغان پېرسوناژلارنى يارىتىش، «تەكرار ئىشلەپچىقىرىش» خاراكتېرىدىكى قېلىپبازلىق، تەقلىدچىلىك، ئومۇملاشتۇرۇش خاهىشىدىكى ئىجادىيەت بولۇپ، بۇنداق ئىجادىيەت تۆۋى يوق چېلەككە سۇ قۇيغاندەك ئۈنۈمسىز ئەمگەك. ئۇ زوقلانغۇ-

چىلارنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان ھەۋىسىنى قاشاڭلاشتۇرۇش بىلەن بىللە، ۋاقىت ۋە نەشرىيات ئىسراپچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

روماندىكى كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان يەنە بىر نۇقتا شۇكى، سەلبىي پېرسوناژ مەرۇپ، ئەدھەم، ھېكمەت سوپىلارنىڭ ئەجابىي پېرسوناژ ھىدايەت، ۋاسىل ئەپەندىلەرنى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيانكەشلىك قىلغان» دەپ يوقىتىشقا ئۇرۇنۇش ئۇسۇلى قانچىلىك رەزىل بولغان بولسا، ئىجابىي پېرسوناژ ھىدايەت، مۇختەر، مۆمىن قاسىم، شۆھرەتلەرنىڭ ئەدھەمنى «بۇرژۇئاچە ئەركىنلىشىشنىڭ تەرغىباتچىسى» دەپ بابلاش ئۇسۇلى ئوخشاشلا شۇنچىلىك ئىپلاس بولغان. روماندا ئاپتور تەرىپىدىن ئىجابىي پېرسوناژلارنىڭ بۇ خىل «بابلاش ئۇسۇلى» غا ھەققانىي تۈس بېرىلگەن بولۇپ، بۇ بىر خىل چاكىنا ئىدىيە ۋە چاكىنا ئەخلاق قارىشىنىڭ ئىپادىسى، خالاس.

روماندا يەنە پېرسوناژلارنىڭ دىيالوگ، سۆھبەتلىرىمۇ بەك ياسالما، سۈنئىي بولۇپ قالغان. مەسىلەن، ئەدھەمنىڭ ئۆيىدە ھىدايەت بىلەن گۈلجان تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغاندا (ئايرىلغىنىغا يەتتە يىل بولغان ساۋاقداشلار)، ھىدايەت خۇددى گۈلجاننى زىيارەت قىلىپ كەلگەن مۇخبىردەك «ئەڭ ئالىي غايىڭىز نېمە؟» دەپ توغرىدىن ـ توغرىلا سوئال قويىدۇ. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئەقىلگە سىغدۇرغىلى بولمايدىغان ياسالمىلىقتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ساۋاقداشلارنىڭ قىلىشقان سۆزلىرى بەك دەبدەبىلىك ھەم ئۇزۇن بولۇپ، ماقالە پۇرىقى، ساۋات تۈسى قويۇق. بۇ پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىدە نە خاسلىق، سۆزلىرىدە نە ئىزچىللىق يوق، ھەممىسىلا ۋالاقتەگكۇر. قىزىق يېرى شۇكى، ئاپتور ھىدايەت بىلەن گۈلجاننى تامامەن قارىمۇ قارشى مەيداندا قويۇپ مۇنازىرىلەشتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۇلارنى پىكىر بىرلىكىگە ئىگە قىلىپ قويغان. مەسىلەن، ھىدايەت: «كىمدۇر بىرى ‹ئېتىقاد ــ يۈرەكتىكى بوستان، كارۋان ئۇنىڭغا ئەبەدىي يېتىپ بارالمايدۇ› دەپتىكەن. شۇنداق، ئۇ پە-

قەت يۈرەككىلا تەئەللۇق نەرسە» دېسە، گۈلجان قوپۇپ: «راستتىنى ئېيتقاندا، ئېتىقاد دېگەن نەرسە بەزى رومانتىك سىياسەتچىلەرنىڭ كاللىسىدىكى غايىۋى مەنزىل، ئۇ بىر مۇئەللەق دۇنيا! ئۇنىڭغا ھېچكىم چىقالمايدۇ» دەيدۇ. ئاپتورنىڭ قەلىمى ئاستىدا كەسكىن مۇنازىرىلىشىۋاتقان، پۈتۈنلەي قارىمۇقارشى دۇنيا قاراشقا ئىگە قىلىپ تەسۋىرلەنگەن ئىككى پېرسوناژنىڭ پىكرىدىكى بۇ ئورتاقلىقنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

روماندا يەنە پېرسوناژلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىمۇ بەك سۈنئىي قىلىپ يېزىلغان. مەسىلەن، ئەسەردە ئېرى بار خانقىز بىلەن بالىسى، ئايالى بار ھىدايەت قىزىلتاغقا مۇخداشقىلى چىقىدۇ (بۇ بىزنىڭ مىللىي ئەخلاق قارىشىمىز بويىچە ئېيتقاندا بىنورمال تۇس ئالغان خىيانەت خاراكتېرى بار سەيلە ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە). سەيلە جەرياندا بىر - بىرىگە يوشۇرۇن كۆيۈپ - پىشىپ كەلگەن بۇ ئىككىيلەن بەكمۇ تايىنى يوق، شۇ خىل ھېسسىيات مۇھىتىغا قىلچە ماس كەلمەيدىغان سۆز - ھەرىكەتلەرنى قىلىشىدۇ. قىيادىكى مۇنارنىڭ ئاپىرىدە بولۇشى ھەققىدىكى ئۇزۇندىن - ئۇزۇن رىۋايەتنى سۆزلەشىدۇ. ئاپتور بۇ تەپسىلاتنى يېزىۋاتقان چېغىدا خۇپىيانە سىرداشقان ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدا چوقۇم يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان مۇرەككەپ روھىي كەيپىياتنى يارىتالمىغان. تېخىمۇ قاملاشمىغان يېرى شۇكى، خانقىز ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ھىدايەتكە يۆلەنگىنىچە ئۇيقۇغا كېتىدۇ. ھىدايەت بولسا بۇ ۋاقىتتا ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەپ چىقىدۇ. خانقىز ئويغانغاندىن كېيىن ئىككىسى تەڭ قايتىپ چۈشىدۇ. بەلكىم بۇ ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھەببەت تەسۋىرلەنگەن ئەڭ سۈنئىي تەپسىلات بولسا كېرەك. قېنى بۇ يەردىكى ھېسسىيات ماجىرالىرى، قېنى بۇ يەردىكى نازۇك تەسۋىر؟ قېنى بۇ يەردىكى ھاياجانلىق سۆزلەر، شېرىن دەقىقىلەر، لىرىكىلىق كەيپىيات ۋە شېئىرىي مۇھىت؟! بۇ نېمىدېگەن قاقشال مۇھەببەت - ھە!

ئاپتورنىڭ بۇ ئىككىيلەننىڭ ھېسسىيات مۇناسىۋىتىنى مۇنداق

سۇنئىي بىر تەرەپ قىلىشى، بىرىنچىدىن، ئىنسان پىسخىكىسىنى چۈشىنىشىنىڭ كەملىكىدىن؛ ئىككىنچىدىن، رېئاللىقتا، ئادەملەر-گە تۇتقان پوزىتسىيەسىنىڭ ئۆلۈكلۈكىدىن؛ ئۈچىنچىدىن، سەنئەت قارىشىنىڭ كونىلىقىدىن؛ تۆتىنچىدىن، ئەخلاق قارىشىنىڭ بىر تە-رەپلىمىلىكىدىن؛ بەشىنچىدىن، يازغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى كىتاب-خانلارغا چىن نەرسىلەرنى تەقدىم قىلىش ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت مۇقەددەس بۇرچىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىدىن بولغان. يازغۇچى بولغان كىشى ئىجادىيەت جەريانىدا ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ كۆچىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا تىرىشىشى، سۇبيېكتىپ قىممىتىنى ئەمەلگە ئا-شۇرۇشى، تەپەككۇر كۆزىنى ئىجتىمائىي پىسخىكىنىڭ سېزىلىش تەس بولغان چوڭقۇر قاتلاملىرىغا قارىتىپ، كۆپ قىرلىق، كۆپ تە-رەپلىمىلىك، مۇرەككەپ ئىنسان خاراكتېرىنى، ئادەم بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن جەمئىيەت، ئادەم بىلەن ئەخلاق، ئادەم بىلەن تەبىئەت، ئادەم بىلەن تارىخ ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ، مەڭگۈلۈك مۇناسى-ۋەتنى ئىپادىلىشى، ئادەم روھىيىتىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا چۆك-مە ھاسىل قىلغان، ئېيتىپ بەرگىلى بولمايدىغان ئىدىيەلەرنى سې-زىملاشتۇرۇشى كېرەك. ئەنە شۇ چاغدىلا «ئەدەبىيات = ئىنسانشۇ-ناسلىق» دېگەن فورمۇلاغا ئۇيغۇنلاشقىلى بولىدۇ. خۇددى بىراندىس ئېيتقاندەك «ئەدەبىيات تارىخى چوڭقۇر مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر خىل پىسخولوگىيە ئىلمى بولۇپ، ئادەمنىڭ روھىنى تەتقىق قىلىدىغان روھنىڭ تارىخىدۇر.»

بۇ روماندا سۇنئىيلىك باشتىن ـ ئاخىرىغىچە ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، كىشىنى بەكمۇ زېرىكتۈرىدۇ. مەسىلەن، ئەدھەم بىلەن خاز-قىزدىن ئىبارەت بىر ئائىلىدە ياشايدىغان ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسى-دىكى دىيالوگ، سۆھبەتلەر تەبىئىي يوسۇندا يۈرگۈزۈلمىگەن. ئۇلار ھە دېسىلا بىر ـ بىرىگە «قارىسام، بۇگۈن شەنبە ئىكەن، ئازراق پاراڭلىشىپ ئولتۇرساق قانداق؟»، «ئەدھەم ئازراق پاراڭلاشساق قانداق؟» دېيىشىپ، بىر ـ بىرىنى سۆھبەتكە تەكلىپ قىلىشىدۇ.

كۈندە بىر ئۆيدە تۇرىدىغان ئەر - خوتۇنلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇناسىۋىتى ناچارلىشىپ كەتكەن ئەھۋالدىمۇ ئۇلار سۆھبەتنى بۇنداق سۇنئىي «يىغىن ئاچامدۇق» دېگەندەك ئۇسۇلدا باشلىمايدۇ.

مەرۇپ ئاقساقالنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىۋاتقان ساھىبخانا ئائىلە زىياپىتىدە تۆۋەندىكىچە قەدەھ سۆزى سۆزلەيدۇ: «بۈگۈن يەنە دۇنيا بويىچە تۇنجى پرولېتارىيات ھاكىمىيىتىنى قۇرغان پارىژ كوممۇناسى قوزغىلىڭىنىڭمۇ خاتىرە كۈنى. بۇنىڭدىن 116 يىل بۇرۇنقى بۈگۈنكى كۈندە، پارىژ خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، تېيىر بۇرژۇئا ھاكىمىيىتىنى مەغلۇپ قىلغان! شۇڭا بىز بۈگۈن ئىككى خاسىيەتلىك كۈننى خۇشال - خۇراملىق بىلەن خاتىرىلەيلى». ئوبيېكتىپ چىنلىقمۇ، سۇبيېكتىپ چىنلىقمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بۇ خىل سۇنئىي توقۇلما زوقلانغۇچىدا قىلچىمۇ ئېستېتىكىلىق تەسىر پەيدا قىلالمايدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردە مۇشۇنداق ساختا ئىنقىلابىي سۆز - ئىبارىلەرنىڭ يامراپ كېتىشى تۇپەيلىدىن، رېئاللىقنىڭ ئەسلىي قىياپىتى قەستەن ئۆزگەرتىلىپ تەسۋىرلەنگەچكە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا نەچچە ئون يىلدىن بۇيان «سۇنئىي رېئالىزم» لىق ئىجادىيەت خاھىشى ۋۇجۇدقا كېلىپ، زوقلانغۇچىلارنىڭ قانداق پوزىتسىيەدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىنىڭ بىر - بىرىدىن «نادىر ئۈلگىلىرى» بىلەن مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى «بەكمۇ مۇۋاپىق تەڭشەپ» كەلدى.

رومانغا يەنە مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ھەر بەتتە دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدىغان ئەقلىيە سۆزلىرى، گېزىت - ژۇرناللاردىن قىيىۋېلىنغان قىزىقارلىق سان - سىپىرلار، ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلار، كالېنداردىكى بىلىملەر، ئۇزۇندىن - ئۇزۇن ئەھمىيەتسىز ساۋاتلار زورمۇزور قىستۇرۇلۇپ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئىلمىي ئەسەرلەردە بولۇشقا تېگىشلىك بۇ خۇسۇسىيەت روماننىڭ بەدىئىيلىكىنى تېخىمۇ تۆۋەنلىتىۋەتكەن. «ئاھ، دوستۇم»، «يولداش باشلىق»، «يولداش ئەدھەم»، «ئىسمى مۆمىن، فامىلىسى قاسىم»، «ئاسمان خۇداسى»،

«كىچىك پارىژ قەھۋەخانىسى»، «تېھران قىزى»، «قارا يىلپىز» دېگەندەك سۆز ـ ئاتالغۇ، ئىسىم ـ لەقەملەر روماننىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنىمۇ، يەرلىك خۇسۇسىيىتىنىمۇ، چىنلىق پۇرىقىنىمۇ سۇسلاشتۇرۇۋەتكەن.

2. ئەمەلىيەتكە، مەنتىقىگە ۋە گىراماتىكىغا ئۇيغۇن بولمىغان تەرەپلەر

رومانىدىكى ئەمەلىيەتكە، مەنتىقىگە ۋە گىراماتىكىغا ئۇيغۇن بولمىغان بەزى نۇقسانلار ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەي: پۈتكۈل رومان 530 بەت بولۇپ، مەن سەھىپىنىڭ چەكلىكلىكى سەۋەبىدىن پەقەت 1 ـ بەتتىن 30 ـ بەتكىچىلا قانچىلىك سەۋەنلىكلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش بىلەن كۇپايە قىلىمەن. «قىزىق، ئۇ قاچانكى ئۇرۇمچى بىلەن داشۆنى ئويلىسا، ئۇ يەرلەر شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولاتتى.» بۇ جۈملىدىكى «قىزىق» دېگەن سۆزنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق بولۇپ، ئارتۇقچە ئىشلىتىلگەن. چۈنكى، نېرۋىسى جايىدىلا ئادەم بولسا، ئۆزى بۇرۇن كۆرگەن يەرلەرنى ئويلىسا شۇ ھامان كۆز ئالدىدا گەۋدىلىنىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ھېچكىمدە يوق ئالاھىدە ئىقتىدار ئەمەس ھەم ھېچقانچە قىزىق ئىشمۇ ئەمەس. «ئەنە، ئاۋۇ ئالتۇن سۈيى بىلەن ھەل بەرگەن، قۇببىلىرى كۆككە يەتكەن ھەيۋەتلىك كۆركەم خەلق تىياتىرى ئەمەسمۇ؟!» ئاپتور بۇ يەردە ئەمەلىيەتكە خىلاپ ھالدا، پەقەت بىرلا قۇببىسى بار خەلق تىياتىرىنى «قۇببىلىرى» دەپ كۆپلۈك شەكلىدە ئىپادىلىگەن. ئاپتور يەنە مۇنداق يازىدۇ: «كۈن ئوچۇق، ئەتىگەنكى شەبنەمدىن تويۇنغان ھاۋا ساپ ۋە سالقىن ئىدى». ھەممىگە مەلۇم، ھاۋا ھەرگىزمۇ شەبنەمدىن تويۇنمايدۇ، بەلكى ھاۋادىكى نەملىك مىقدارى ئاشقاندىلا شەبنەم پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە باھار پەسلىدە شەبنەم چۈشمەيدۇ. ئاپتور يەنە مۇنداق يازىدۇ: «ئەدھەم چىرايلىق كىيىنىپ ئۆيدىن چىقتى ... (ئەتىگەندە) ... ئۇ، بۈگۈن ئاخشام ئويلاشقان پىلانى بويىچە، نەشرىياتقا بارماقچى». ئەدھەم ئەتىگەندە ئۆيدىن چىقىۋاتقان تۇرسا، ياز-

غۇچىنىڭ يەنە «بۈگۈن ئاخشام» دېگىنى نېمىسى؟ ئاپتور يەنە مۇنداق يازىدۇ: «بۈگۈن پۈتۈن شەھەر باھار پەيزىگە چۆمگەن، ھەممە نەرسە باھار بىلەن تەڭ گۈللەپ ياشنىغانىدى». بىز كىشىدە قىلچە گۇزەل-لىك تەسىراتى پەيدا قىلالمايدىغان بۇ نامرات تەسۋىرنىڭ نابابلىقىنى قويۇپ تۇرۇپ، «ھەممە نەرسە» دېگەن ئىككى ئۇقۇمنىڭ مەزمۇن دائىرىسىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەكلا كۇپايە قىلىدۇ. بۇ يەردە بىز ئاپتورغا «ئاپتوموبىل، ئىستولبا، ئاسفالت يوللارمۇ باھار بىلەن تەڭ گۈللەپ ـ ياشنامدۇ؟» دەپ سوئال قويساق بولۇۋېرىدۇ. «ئەگەر بۇ قېتىمقى ئۇنىۋان باھالاشتا يۇقىرى ئۇنىۋانغا ئېرىشەلمىسە زىيالىي دېگەن تاجىنىمۇ كىيەلمەي ...» دەپ يازىدۇ ئاپتور يەنە. ئەجەبا، ئۇنىۋان ئالسا زىيالىي بولۇپ، ئۇنىۋان ئالالمىسا زىيالىي ھېسابلانمامدىكەن؟ بۇ قانداق مەنتىقە؟ ئاپتور يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىزنىڭ ئەدەبىي-ياتىمىزدىمۇ سىزگە ئوخشاش چولپان يۇلتۇزلار چىقىشى كېرەك!» بۇ سۆزنى ئەدەھەمنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئۇ يازغان «بىر پەردە، ئىككى كۆرۈنۈشلۈك بىر ئوپېرا» نىڭ ئىچىدىكى شېئىرلارنى كۆرگەندە ھا-ياجانلىنىپ ئېيتقان. بۇ جۈملىدە ئاپتور ئوخشىغۇچى شەيئى بىلەن ئوخشالغۇچى شەيئىنى پەرقلىق يوسۇندا توغرا ئىپادىلىمەي، جۈمە-لىنى مۇجمەل تۈزۈپ، نەتىجىدە خاتا ئۇقۇم كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇنىڭ بىلەن ئەدەھەمنىڭ ئۆزى «چولپان» بولۇپ قالغان. ئاپتور رومان‌دا يەنە مۇنداق يازىدۇ: «ئۇ شېئىردا ... نە شېئىرىي پىكىر، نە شېئىرىي ھېسسىيات، نە شېئىرىي مەدەنىيەت دېگەن نەرسىلەر بول-سۇن؟» ئۇيغۇر تىلىدا «شېئىرىي مەدەنىيەت» دېگەن ئاتالغۇ يوق. بەلكى «شېئىر مەدەنىيىتى» دېگەن ئىبارە بار. بىز ئاپتور قوللانغان «شېئىرىي مەدەنىيەت» دېگەن بۇ تەخداش بۆلەكنى كونتېكستنىڭ ئىچىگە قويۇپ قاراپ باقساقمۇ يەنىلا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

روماننىڭ پەقەت 30 ـ بېتىگىچىلا كۆرۈلگەن بۇ خاتالىقلاردىن كىتابخانلار قالغان 500 بەت قىسمىدا يەنە قانچىلىك «كارامەت» لەر-نىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىپ يەتسە كېرەك. «ھايات شۇنداق» رومان-

ىنىڭ بىز بىلەن بۇنچىۋالا ناباب ھالەتتە يۈز كۆرۈشۈشىدە كىتاب ئاپتورىنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكى بولۇش بىلەن بىللە، يەنە روماننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرىنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكىمۇ بار. ئەلۋەتتە. مېنىڭ بۇ «سوتسىيالىزم رېئالىزم» لىق روماندىن ھېس قىلغانلىرىم ھازىرچە مۇشۇنچىلىك.

1993 – يىلى يانۋار

# «بۇرۇت ماجىراسى» نىڭ قىممىتى

ئۆزىنىڭ قىزىقچىلىق تۈكۈلۈپ تۇرىدىغان قەلىمى بىلەن زوقلانغۇچىلار قەلبىدە يېپيېڭى بىر بەدىئىي زېمىن ئاچقان، ئىقتىدارلىق يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ ئەسەرلىرىگە بولغان قىزىقىشىم، ئۇنىڭ «سارىڭ» ناملىق ھېكايىسىدىن باشلانغان. كېيىن ئۇنىڭ بىر - بىرىدىن قېلىشمايدىغان «ئايخان»، «مۇساپىرلار قاۋقى، دا»، «بۇرۇت ماجىراسى»، «قىرلىق ئىستاكان» قاتارلىق بىر يۈرۈش ئېسىل ھېكايىلىرىنى ئوقۇش بەختىگە مۇيەسسەر بولدۇم. ئەلۋەتتە، ئىجتىمائىيلىق ۋە ئېستېتىكىلىق جەھەتلەردە ۋايىگە يەتكەن بىرەر ئەسەرنى ئوقۇپ ھۇزۇرلىنىش زوقلانغۇچى ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر ئامەت. چۈنكى، بىزگە كۆپ ھاللاردا ئېستېتىكىلىق قىممىتى تۆۋەن، كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئەھمىيىتى يوق ئۇششاق - چۈششەك ۋەقەلەر ۋە كىشىدە تەكرارلىق تۇيغۇسىنى قوزغايدىغان تېمىلار ھەققىدە يېزىلغان، پەند - نەسىھەتنىڭ ئۇيېقىغا ئۆتەلمىگەن زېرىكەرلىك ئەسەرلەرنى ئوقۇشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. بۇنداق ئەسەرلەرنى ئوقۇپ مەيلى ئىجتىمائىيلىق ياكى ئېستېتىكىلىق يېقىدىن بولسۇن، ھېچقانداق زوق ئالالماي، ئىلاجسىز ھالدا ئاشۇ ئەسەرلەرنى تاقەت قىلىپ ئوقۇپ تۈگەتكەنلىكىمىزدىن زوقلىنىدىغان ئادەت بىزنىڭ كىتابخانلىق ھاياتىمىزدىكى كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان غەلىتە قىسمەت بولۇپ كەلمەكتە.

مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ يۇقىرىقى ھېكايىلىرىدىكى يۈكسەك ئىجتىمائىيلىق ۋە ئېستېتىكىلىقنىڭ يۇغۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان سېھرىي كۈچ مېنى مەھلىيا قىلىپ قايتا - قايتا ئوقۇشقا مەجبۇر قىلدى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ روھىي دۇنيايىمدا پەيدا قىلغان زىلزىلە

خاراكتېرلىك ئۇنۇمىنى تەسىرات شەكلىدە ئىپادىلەپ بېقىشقا كۆپ قېتىم تەمشەلگەن بولساممۇ، لېكىن قولۇمغا قەلەم ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدىم. لېكىن «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1991 - يىللىق 9 - سانىدا ئېلان قىلىنغان، كېرىمجان ئابدۇرېھىمنىڭ «كۈلكىلىك تىراگېدىيە» ناملىق ئەدەبىي تەسىراتىنى ئوقۇپ، ماقالە ئاپتورىنىڭ «بۇرۇت ماجىراسى» دىكى يوشۇرۇن مەنىنى بەكلا يۇزە چۈشىنىپ، ماختايمەن دەپ ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىپ، ھېكايىنىڭ قىممىتىنى تۆۋەنلىتىۋەتكەنلىكىدىن ئەپسۇسلاندىم. شۇڭا، بىر قىسىم ساددا كىتابخانلارنىڭ «بۇرۇت ماجىراسى» نىڭ قىممىتىگە ئاشۇ ئاددىي تەسىرات ئاساسىدىلا باھا بېرىپ قويۇشىدىن، ھېكايىنىڭ ئىچ - ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن يوشۇرۇن مەنە قاتلاملىرىنى بەك يۇزە ھالدا چۈشىنىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ قەلەم تەۋرەتمەي تۇرالمىدىم.

«بۇرۇت ماجىراسى» ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىدا مېنى ئەڭ سۆيۈندۈرگەن ھېكايە دەپ ئېيتالايمەن. ئەسەردىكى پىكىر قاتلاملىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ئۆتكۈرلۈكى ھەم نازۇكلۇقى، دارىتمىلاشلارنىڭ چېتىشلىق دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى ۋە دەللىكى، پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، تىلىنىڭ باشتىن - ئاياغ يۇمۇرلۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇشى مېنى نەچچە كۈنلەرگىچە مەستخۇش قىلىپ ھاياجانلاندۇرۇپ، ئويلاندۇرۇپ ھەر كويلارغا سالغان. ئەگەر «بۇرۇت ماجىراسى» دىكى يوشۇرۇن مەنە كېرىمجان ئابدۇرېھىم ئېيتقاندەك «مەن» نىڭ ئەنسىرەش - قورقۇمسىراش ئېڭى كەلتۈرۈپ چىقارغان مەنىۋى تىراگېدىيەنىلا ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ ھېكايىنىڭ قىممىتى ئۇستىدە ئىزدىنىش ئارتۇقچە ئىش بولغان بولاتتى. مېنىڭچە، ھېكايىنىڭ جېنى «مەن» نىڭ ئەنسىرەش - قورقۇمسىراش ئېڭىنى ئىپادىلىگەنلىكىدىلا ئەمەس، بەلكى ئالدى بىلەن بازار باشلىقىنىڭ ئەنسىرەش - قورقۇمسىراش ئېڭىنى ئىپادىلىگەنلىكىدە. ئەگەر بازار باشلىقىدا بىر بۇرۇتلۇق ئادەم پىچاق كۆتۈرۈپ جېدەل چىقارسا، قورققىنىدىن بارلىق بۇرۇتلۇقلارنى تى-

زىملايدىغان، پۈتۈن بازارنى چۈۋۈپ توقۇشقا تەييار تۇرىدىغان، ھەم خەۋپلىك، ھەم كۈلكىلىك پىسخىكىلىق ئادەت بولمىغاندا ئىدى، «مەن» ئۈنچىۋالا ھودۇقۇپ، قورقۇپ كەتمىگەن بولاتتى. تەكرار - تەكرار چۈۋۈپ توقۇلۇشتىن ئىبارەت بەختسىز قىسمەت بۇ بۈرۈت- لۈقلارنى ئەنسىرەش - قورقۇمسىراش ئىچىگە گىرىپتار قىلغان. بۇ ھال تەبىئىي ھالدا بۇ بۈرۈتلۈقلارنىڭ ۋۇجۇدىدا يەنە يېگىش تەس بولغان پىسخىكىلىق ئاجىزلىقنى شەكىللەندۈرگەن. بازار باشلىقى چوڭقۇر ئەنسىزلىك ئىچىدە ئېيتقان، ئىسكەندەرنىڭ پېشانىسىگە پىچاق ئاتقان، چىڭگىزخانغا ئەگىشىپ غەربكە كەتكەن بۈرۈتلۈق پىچاقچىلارنىڭ ئەينى يىللاردىكى باتۇرلۇقى، قاراملىقى ئاللىبۇرۇن يوقىلىپ پەقەت ئۇلارغا ھەيۋەتلىك، قورقۇنچلۇق تۈس بېرىپ تۇرغان ئاشۇ بۈرۈتىلا قالغان بولسىمۇ، لېكىن بازار باشلىقىنىڭ پىسخى- كىسىدىكى ئەنسىرەش - قورقۇمسىراشتىن ئىبارەت ئەجەللىك ئا- جىزلىق ۋە مەڭگۈ ئۆزگەرمەس پىسخىكىلىق ئادەت يەنىلا «بۇ بۈرۈت- لۈقلارنى بىرەر پالاكەت تېرىمايدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟!» دەپ ئويلاندۇرۇپ، ھەر مىنۇت ئەندىشىگە سېلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ئۇ «چۈ- ۋۈپ توقۇش» تىن ئىبارەت رەزىل ئەڭگۈشتەرىنى ئايىماي ئىشقا سېلىپ تۇرىدۇ. چۈۋۈپ توقۇشتىن مەقسەت، ئەلۋەتتە ئۆز كۆڭلى- دىكىدەك شەكىلگە ۋە پاسونغا كىرگۈزۈش. ئىنسان ئۇچۇن ئېيت- قاندا بۇ ئەڭ چوڭ ئاپەت ئەمەسمۇ؟ ئىنساننى ئۆز خاھىشىدىن، يا- شاش ئېتىقادىدىن، ئارزۇ - ئىستەكلىرىدىن مەھرۇم قىلىدىغان بۇ خىل چۈۋۈپ توقۇش نەقەدەر دەھشەتلىك - ھە؟! ... بۇ نۇقتىدىن قا- رىغاندا «مەن» نىڭ ئەنسىرەش - قورقۇمسىراش ئېگى كېرىمجان ئېيتقاندەك كۈلكىلىك، قىزىق تۇيۇلامدۇ ياكى يۈرەكتە ئېچىنىشلىق پىغانلارنى، ھېسداشلىق تۇيغۇسىنى قوزغامدۇ؟

«بۈرۈت ماجىراسى» نىڭ قىممەتتىكى خاسلىقى ۋە يازغۇچىنىڭ مۇددىئاسى ھېكايىدىكى «چۈۋۈپ توقۇش» مەسىلىسىدە روشەن ئىپا- دىلىنىدۇ. ئەگەر كېرىمجان ئېيتقاندەك ھېكايىدىكى «كۈلكە ئادەم-

لەردىكى مەنىۋى تىراگېدىيەنى — بىھۇدە ئەندىشە - قورقۇمسىراش بىلەن ھايات خاتىرجەملىكىدىن مەھرۇم قېلىش، ئۆمۈرنى قىسقارتىۋېتىشتەك پاجىئەنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ» بەرگەن دەپ قارىلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا يازغۇچىنىڭ مەقسىتى، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش ئۈچۈن قورقماي، خاتىرجەم، ئەندىشىدىن خالىي ھالدا ياشاڭلار، دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ - دە، بۇ ھېكايىدىكى يوشۇرۇن مەنە تولىمۇ پۇچەكلىشىپ «تۇرمۇش مەسلىھەتچىسى» نىڭ ئەدەبىي تەشۋىقات شەكلى بولۇپ قالىدۇ. مېنىڭچە «بۇرۇت ماجىراسى» نىڭ قىممەتتىكى خاسلىقىنى ھەقىقىي يوسۇندا يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن، ھېكايىدىكى يوشۇرۇن مەنىنى چوڭقۇر قاتلاملىرىغىچە، دارىتملاشلارنى نازۇك يەرلىرىگىچە چۈشىنىش ئۈچۈن، چوقۇم زوقلانغۇچىدا روھىي تەييارلىق بولۇشى كېرەك. بۇنداق دېگەنلىك ھېكايىنى مەنپەئەتدارلىق نۇقتىسىدىن ئوقۇپ زوقلىنىش كېرەك، دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى زوقلانغۇچى قەلبىدە مىللىي ھېسسىياتتىن ئىبارەت «ئالماس ئاچقۇچ» بولۇشى كېرەك، دېگەنلىكتىن ئىبارەت. زوقلانغۇچى قەلبىدە چوقۇم بۇ «ئالماس ئاچقۇچ» بولمايدىكەن، ئۇنداقتا «بۇرۇت ماجىراسى» نىڭ قىممەتتىكى خاسلىقىنى ھېس قىلىپ يېتىش، يوشۇرۇن مەنە قاتلاملىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

بىز «بۇرۇت ماجىراسى» نى ئوقۇغاندا ئىنتايىن يۇمۇرلۇق كەيپىياتتا، يەڭگىل تۇيغۇ ئىچىدە ئوقۇيمىز، لېكىن ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن يۈرىكىمىزنىڭ بىر پاجىئەنى ھېس قىلىۋاتقانلىقىنى، تۇيغۇلىرىمىزنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ھېكايە ۋەزنىنىڭ بارغانسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى سېزىمىز. «مەن» نىڭ بۇرۇتلۇقلارنى ئېنىقلاپ، تىزىملاۋاتقانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىنكى كۆرگەن چۈشلىرى، قىلغان خىياللىرى، ئەتراپىدىكىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەسى ... باشتىن - ئاياغ كومېدىيەلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. بازار باشلىقىنىڭ قورقۇنچ چۈلغىۋالغان، گۇمان، شۇملۇق بىلەن

تولغان كاللىسى، چۈۋۈپ توقۇشتىن دېرەك بېرىدىغان پوپوزا ـ ھەيۋىسى، ئاخىرقى ھېسابتا سەنئەت ئۆمىكىنىڭ يالغان بۇرۇتىنى تاقىۋېلىشى ... تېخىمۇ كۈچلۈك كومېدىيەلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. لېكىن، مانا مۇشۇنداق كومېدىيەلىك شەكىل ئىچىدە كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان بىر تىراگېدىيەلىك پىكىر سوزۇلۇپ ياتىدۇ. بۇنىڭ زوقلانغۇچى قەلبىدە قوزغايدىغان تىراگېدىيەلىك ئۈنۈمى، تەسىرى كىشىنى ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ. بۇ خىل تىراگېدىيەلىك ئۈنۈم زوقلانغۇچىنىڭ جەمئىيەت ھەققىدىكى بىلىشىنى، ئادەملەرنىڭ، ئېنىقراق ئېيتقاندا دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ روھىي دۇنياسى، ئېڭى ھەققىدىكى چۈشىنىشىنى، مىللىي پىسخىكا، تارىخىي ئاڭ ھەققىدىكى تونۇشىنى كۈچەيتىدىغان، ئۇلارنى كۆزىتىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدىغان «روجەك» بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ئازابلىق ئويلىنىش، ئازابلىق كۆزىتىش خاراكتېرىگە ئىگە زوقلىنىش جەريانىدۇر.

«بۇرۇت ماجىراسى» نىڭ يەرلىك پۇرىقى ئىنتايىن قويۇق. پەقەت غۇلجىلىقلارغىلا خاس بولغان يۇمۇرلۇق خاراكتېر ۋە يۇمۇرلۇق تىل ھېكايىنىڭ كومېدىيەلىك مۇقامىنى ناھايىتى تەبىئىي قىزىقارلىقا ھەم جەلپكارلىققا ئىگە قىلغان. لېكىن، ئۇ ناھايىتى كەڭ ۋە چوڭقۇر تىراگېدىيەلىك مەزمۇننى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن. بۇ خىل تىراگېدىيە ھەرگىزمۇ لىرىكىلىق تۈسكە ئىگە مۇھەببەت تىراگېدىيەسى ئەمەس ياكى بىرەر پالاكەت باسقان بەختسىز ئائىلىنىڭ جەمەت تىراگېدىيەسىمۇ ئەمەس، بەلكى سەۋەب ـ نەتىجىلىك مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق بولغان، پەلسەپىۋى مەنىدىكى ئىجتىمائىي مىللىي پىسخىكا تىراگېدىيەسى.

بىزنىڭ قىممەت قارىشىمىز، ھايات قارىشىمىز، تارىخ قارىشىمىز ھەقىقەتەنمۇ ئۆلۈك فورما ئىچىدە دېيىشكە بولىدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ تارىخ قارىشىمىز، تارىخ ئېڭىمىز ئۈستىدە ئويلىنىپ كۆرمىسەك بولمايدىغان بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ بىزدەك تارىخي كەچۈر-

مىشى مۇرەككەپ، تارىخىي بىلىم تەشنالىقى كۈچلۈك مىللەت ئۇ-
چۈن بۇ تېخىمۇ مۇھىم. بىز ئۆزىمىزنىڭ مىللىي تارىخىمىزنى تا-
رىخىي پائالىيەتلەر ئىچىدىنلا ئىزدەپ، تارىخنىڭ ماھىيەتلىك مەز-
مۇنىنى تەشكىل قىلىدىغان مەنىۋى تارىخنى تارىخ ئۈستىدىكى ئىز-
دىنىشلىرىمىزنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇۋاتىمىز. بىزنىڭ كىتابخانلى-
رىمىز «يۈز يىل غېرىبلىق» نى ئوقۇغان چېغىدا ئۇنى «رومان» دې-
گەن كۆز ئەينەكنى تاقىۋېلىپ ئوقۇيدۇ – دە، ئۇنىڭ ھەقىقىي مەنى-
دىكى تارىخىي رومان ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقمايدۇ. بىزنىڭ «مودېر-
نىزم» دېسە ھەممىدىن ۋاز كېچىدىغان، رېئاللىقنىڭ ۋەزنىنى
ئازراقمۇ ھېس قىلمايدىغان بىر قىسىم ياش ئەدىبلىرىمىز «20 –
ئەسىردىكى ئەڭ مەشھۇر رومان» دەپ قارىلىپ، پۈتكۈل دۇنيا ئەدە-
بىياتچىلىرىنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن بۇ روماننىڭ
سېھرىي دېگەن ئۇقۇم بىلەن رېئالىزم دېگەن ئىككى ئۇقۇمدىن
خاراكتېرلەنگەن ئەدەبىي ئېقىمغا تەۋە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈ-
شەنمەيدۇ. چۈشىنىشنىمۇ خالىمايدۇ. ئەمەلىيەتتە مودېرنىزم ئەدە-
بىياتىغا تەۋە بولغان سېھرىي رېئالىزملىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بۇ
رومان لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ غېرىبلىق بىلەن تول-
غان مەنىۋى تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىشنى ئەڭ ئالىي مەقسەت قىل-
غان. قارىغاندا «بۇرۇت ماجىراسى» دىمۇ مەنىۋى تارىخىمىزنىڭ رو-
شەن كۆلەڭگىسى بارمۇ، قانداق؟ بىزنىڭ مىللىي پىسخىكىمىز
تەكرار – تەكرار چۈۋۈپ توقۇلۇشتىن ئىبارەت بەختسىز قىسمەت
جەريانىدا قانداق پاسون، قانداق شەكىلگە كىرىپ قالدى؟ بۇ بىر
ئېيتقۇسىز ئازاب. لېكىن رېئاللىق كىشىنى ئازابلايدىغان بۇ ئېچە-
نىشلىق پاكىتنى رەھىمسىزلىك بىلەن نامايان قىلىپ تۇرماقتا. ما-
نا مۇشۇنداق بايقاش خېلىلا قىيىن بولغان، ئىپادىلەش تېخىمۇ قى-
يىن بولغان ئازابلىق رېئاللىقنى سەنئەت شەكلىدە ئىپادىلەش مەه-
تىمىن ھوشۇرنىڭ قەلىمىگە نېسىپ بولدى، روھىي جەھەتتە ئازاب-
لىنىش بەختكە مۇيەسسەر بولمىغان يازغۇچىنىڭ ئازابلىق رېئاللىق-

نى ئىپادىلىيەلىشى بەكمۇ قىيىن. ئازاب ۋىجدانلىق قەلب ئىگىلىرىگىلا خاس روھ. غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن، ياش ئەدىبلىرىمىزنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلغان روھىي ئانالىز ئالىمى فىروئىدنىڭ «جىنسىي ئاڭنىڭ بېسىمى ئىجادىيەتنىڭ ئېنېرگىيە مەنبەسى» دېگەن مەشھۇر نەزەرىيەسى، بىزنىڭ مىللىي تەقدىرىمىز بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان مىللىي ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، «ۋىجداننىڭ بېسىمى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئېنېرگىيە مەنبەسى» دېگەن نەزەرىيە ئالدىدا ئۆز كۈچىنى يوقاتسا كېرەك.

«بۇرۇت ماجىراسى» باشتىن ــ ئاخىر دارىتمىلاش بىلەن تولغان ھېكايە، ئەسەردىكى دارىتمىلاشلارنىڭ چېتىشلىق دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. ئۇ بىزنىڭ تەپەككۇر ئادىتىمىزگە، پىكىر قىلىش ئۇسۇلىمىزغا، ئۆزىمىزگە، باشقىلارغا، تۇرمۇشقا، ھاياتقا تۇتقان پوزىتسىيەمىزگە، مىللىي ئەخلاقىمىزغا، مىللىي ئېڭىمىزغا، ئىجتىمائىي رېئاللىققا، تەرەققىيات ئەھۋالىمىزغا ... بېرىپ تاقىلىدۇ. بۇلار توغرىسىدىكى ئويلىنىشىم، چۈشەنچەم «سارائ»، «قىرلىق ئىستاكان» ھېكايىلىرى بىلەن چېتىلىپ بىر گەۋدە ھاسىل قىلغاچقا، بۇ ھەقتە باھا يېزىشنى بۇ ماقالەمگە راۋا كۆرمىدىم.

1991 ـ يىلى ئۆكتەبىر

# ئەدەبىياتىمىز مۇنازىرىگە موھتاج

ئەدەبىياتىمىزنىڭ غورىگىل ھاياتىنى ئۆزگەرتىش، ئۇنى جۇلالىق سەنئەت ئالىمىگە ئايلاندۇرۇش تۇرلۇك ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ ئىمكانىيەتلەرگە باغلىق. ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزمۇ ئەنە شۇنداق قىسمەتنىڭ ئىلكىدە. ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ راۋاجلىنىش يوللىرى كۆپ ھاللاردا ئوبيېكتىپ ئامىللاردىن كۆرە، سۇبيېكتىپ ئامىللارنىڭ چەكلىشىگە ۋە بوغۇشىغا ئۇچراپ كەلدى. ئېتىكىلىق ئاتالغۇلارنى شېپى كەلتۇرۇپ، ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

يازغۇچى مەتىمىن ھوشۇرنىڭ «بۇرۇت ماجىراسى» نامىلىق ھېكايىسى كېرىمجان ئابدۇرېھىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا، كېرىمجاننىڭ نەزىرىدە «پەزىلەتسىزلىك»، مېنىڭ نەزىرىمدە ئەھمىيەتلىك ھېسابلىنىدىغان كالتە «ماجىرا» نى پەيدا قىلدى. مېنىڭچە، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە مەردانە دوقۇرۇشۇپ قېلىشلاردىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. مەسىلە بۇنى قانداق چۈشىنىشتە. ئەگەر ئۇ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتىكى ساقلانغىلى بولمايدىغان نورمال ھادىسە دەپ قارالمىدىغان بولسا، بۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق قاراشتۇر. ئەگەر ئۇنىڭغا دۈچ كەلگەندە ھودۇقۇپ كېتىپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ ئېتىكىلىق ئاتالغۇلارغا مۇراجىئەت قىلىپ، «مۇھىمى پەزىلەت» دەپ قاراپ، ئۇنى ئەخلاققا باغلاپ چۈشىنىدىغان بولسا، بۇ بىر ئىلمىي بولمىغان خاتا پوزىتسىيەدۇر.

كېرىمجاننىڭ «كۈلكىلىك تىراگېدىيە» نامىلىق ماقالىسىدىكى تەھلىللەرنى ئىنكار قىلىش مەقسىتىدە يېزىلغان ««بۇرۇت ماجىراسى، نىڭ قىممىتى» نامىلىق ماقالەم كېرىمجاننىڭ نەزىرىدە ئوب-

زورچىلىقىمىزدىكى بىر ـ بىرىنىڭ پىكرىنى ئىنكار قىلىش بىلەن خاراكتېرلەنگەن كونا «ئەنئەنە» نىڭ داۋامى ئىكەن. مېنىڭچە، كېرىمجان ئىلگىرىكى ئۇبزورچىلىقىمىزدىكى سىياسىي قالپاق كىيگۈزۈشۈپ ئېلىپ بېرىلغان ئەھمىيەتسىز، خاتا، سەنئەتكە خىلاپ مۇنازىرىلەر بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولغان نورمال مۇنازىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ چۈشىنىۋالغاندەك قىلىدۇ. ئەگەر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ ئەسەر ھەققىدىكى تەنقىدچىلىكىدە مۇنازىرە تۈسىنىڭ قويۇق بولۇشىنى كېرىمجانغا ئوخشاش پەزىلەتسىزلىك، بىھۇدە ئىسراپچىلىق، تۈيۈق يولغا كىرىپ قالغانلىق، تەنقىدچىلىكنىڭ ئورنىنى تۆۋەنلىتىۋەتكەنلىك، دەپ قارايدىغان بولساق، بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ خاراكتېرىگە ئۇيغۇن بولمىغان، بىر تەرەپلىمە، خاتا قاراشتۇر. بىزنىڭ ئىلگىرىكى ئوبزورچىلىقىمىز راستىنلا سىياسىي نۇقتىدىن، شەخسىيەتچىلىك، گۇرۇھۋازلىق نۇقتىسىدىن چىقىپ مۇنازىرىلىشىشتەك بىمەنە يولدا كۆپ مېڭىپ كەتتى. بۇ بىر ئېچىنىشلىق ساۋاق. ئەمما، بۇ ھەرگىزمۇ ئوخشىمىغان ئەدەبىيات قاراشلىرى، ئوخشىمىغان ئېستېتىكىلىق چۈشەنچىلەر ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق، نورمال بەس ـ مۇنازىرە بىلەن بىردەك خاراكتېرگە ئىگە ئەمەس. ئەگەر خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان بۇ ئىككى خىل مۇنازىرە ئوخشاشلا «پەزىلەتسىزلىك، بىھۇدە ئىسراپچىلىق» دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا «بەس ـ مۇنازىرە» دېگەن ئۇقۇمنىمۇ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك لۇغىتىدىن چىقىرىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمما بۇنداق قىلىش مۇمكىنمۇ؟!

كېرىمجاننىڭ ماقالىسىدە يەنە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە مۇنازىرىدە شمەي، ھەركىم ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئەسەر ھەققىدىكى قارىشىنى، چۈشەنچىسىنى ئوتتۇرىغا قويسىلا بولمىدىمۇ، دېگەن بىر تولۇقلىما پىكىرمۇ بار. بۇ «مىڭ كىتابخاننىڭ مىڭ ھاملېتى بار» دېگەن توغرا سۆزنىڭ خاتا ئىستېمال قىلىنىشى. «مىڭ كىتابخانىنىڭ مىڭ ھام-

لىيتى بار» دېگەن بۇ ئىستېتىكىلىق ھەقىقەتكە ئىبلاستىكىلىق خۇ-سۇسىيەت بەخش ئېتىپ، ئۇنى خالىغانچە كېڭەيتىپ ئۇزلەشتۇ-رۇش، ماھىيەتتە بۇ ھەقىقەتنى سەپسەتىگە يېقىنلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ئالدى بىلەن ئەسەر ھەققىدىكى ھەرقانداق باھا ۋە تەسىرات چوقۇم ئۆزىدە مۇئەييەن قىممەتنى ھازىرلىغان بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا قوبۇل قىلىش ئېستېتىكىسى نەزەرىيەلىرىنىڭ چۆنتىكى كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز نەرسىلەر بىلەن توشۇپ كېتىدۇ. يەنە بىر جە-ھەتتىن، ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ھەر مۇقامدا يورغىلىسىمۇ ھېچقانداق تەنقىدكە، ئىنكار قىلىشقا ئۇچرىمايدىغان، ئەدەبىيات ـ سەنئەت قوشۇنىنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە ئەركە بالىلىرىدىن بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كەسكىن، رەھىمسىز مۇنازىرىلىشىش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ خەلقىمىز-نىڭ يېڭىلىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان مەدەنىيەت پسىخىكىلىق قۇ-رۇلمىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ ئىنتايىن مۇھىم. بىز ھازىرغا قەدەر تېخى ئەدەبىيات ـ سەنئەت قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولغان نور-مال بەس ـ مۇنازىرە مۇھىتىنى شەكىللەندۈرۈپ بولالماي تىت ـ تىت بولۇپ كېتىۋاتىمىز. ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ بىر ئىزدا چۆرگىلەۋەرگەنلىكىدىكى سەۋەبمۇ، ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىياتى جەريانىدىكى ماھىيەتلىك كۈچىنى جارى قىلدۇرالماي كەلگەنلىكىدىكى سەۋەبمۇ، قورال، ۋاستە بولۇپ قېلىشتەك تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغانلىقىدىكى سەۋەبمۇ دەل مۇشۇ يەردە. بىزنىڭ ياز-غۇچى، شائىرلىرىمىزمۇ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىمىزمۇ تەنقىدكە، بەس ـ مۇنازىرىگە كۆنەلمەيۋاتىدۇ ۋە ئىلمىي پوزىتسىيە تۇتالمايۋا-تىدۇ. ئەمما ماختىنىشقا ھەممىسىلا كۆنۈك، ھەتتا خاتا ماختالسىمۇ كەڭ قورساقلىق بىلەن خۇشال بولۇپ، قوبۇل قىلىۋېرىدۇ. بۇ يەر-دىكى مەسىلە ئەدەبىياتقا بولغان مۇھەببەتنىڭ ساپ ۋە كۈچلۈك بول-ماسلىقىدىن، ئەدەبىي تەنقىد ھەققىدىكى چۈشەنچىنىڭ چولتىلىقى-دىن كېلىپ چىقىۋاتىدۇ. بىزدە ئەدەبىي تەنقىدكە ئىجادىيەتنى ئىل-

كىرى سۈرۈلدىغان، ئەسەرلەرگە ياخشى ياكى يامان دەپ باھا بېرىلدى-
غان، كىتاب بىلەن كىتابخاننى مۇناسىۋەتلەشتۈرىدىغان بىر ئەدەبىي
تەركىب دېگەندەك بىر تەرەپلىمە تەبىر بېرىلگەن. بۇ ھەقتىكى
مۇلاھىزەمنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ تۇراي.

ئەمدى كېرىمجان بىلەن بولغان ئەسلىي «ماجىرا» — «يوشۇرۇن
مەنە» مەسىلىسىگە كېلەي. كېرىمجان ماقالىسىدە «ھەممىنى قويۇپ
تۇرۇپ ئەسەرگىلا مۇراجىئەت قىلىدىغان بولساق، بۇنداق ‹چۈۋۈپ،
توقۇلۇش›، نىڭ بازار باشلىقى بىلەن قىلچە سەۋەب ـ نەتىجىلىك
مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز»، «‹مەن› پەقەت بويى-
نىڭ ئۆزىگە پاراكەندىچىلىك كەلتۈرۈپ بەرمەسلىكى ئۈچۈنلا خىيا-
لىي دۇنياسىدا (چۈشىدە) چۈۋۈپ ـ توقۇلىدۇ»، «بۇ يەردىكى چۈۋۈپ ـ
توقۇلۇش ئەسەرنى ئوقۇغان ھەرقانداق ئادەمگە ئايانكى، پەقەت ‹مەن›
نىڭ ھېلىقى شاپ بۇرۇتنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بويى بىلەنلا
مۇناسىۋەتلىك» دەپ يازىدۇ. كېرىمجاننىڭ ئەسلىي «ئەسەرگە مۇرا-
جىئەت قىلىپ» ھاسىل قىلغان بۇ چۈشەنچىسىنى ئىنكار قىلماي
ئامالىم يوق. چۈنكى، مەن ئىلگىرىكى ماقالەمدە بۇ ھېكايىدىكى يو-
شۇرۇن مەنە قاتلاملىرىنى، دارىتمىلاش، سىمۋوللارنى چوڭقۇر يەر-
لىرىگىچە چۈشىنىش ئۈچۈن زوقلانغۇچىدا چوقۇم مىللىي روھتىن
ئىبارەت مەنىۋى تەييارلىق بولۇشى كېرەك، دېگەنىدىم. ھەرقانداق
كىشى ئۆز قەلبىدە بۇنداق «ئاچقۇچ» نى ھازىرلىمىغان ئەھۋالدا ھې-
كايىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىدىن كېرىمجانغا ئوخشاش يەكۈن چى-
قىرىشى تەبىئىي ئەھۋال.

«مەن» نىڭ ئەنسىرەش ـ قورقۇمسىراش ئېڭىنىڭ بازار باشلىقى
بىلەن زادى سەۋەب ـ نەتىجىلىك مۇناسىۋىتى بارمۇ ـ يوق؟ مەنمۇ
كېرىمجانغا ئوخشاش بۇ مەسىلىدە ئەسەرنىڭ ئۆزىگە مۇراجىئەت قى-
لىپ باقاي. ھېكايىنىڭ بېشىدا «مەن» «بۇرۇت قويغانلارنى تىزىملا-
ۋېتىپتۇدەك» دەپ ئاڭلاپ ئاۋۋال گاڭگىراپ قالىدۇ، كېيىن «توغرا،
ھېلىقى بىر يىللاردا ساقال ـ بۇرۇتلارنى قايچىلىغاندەك ئىشلار بو-

لۇۋىدى، يەنە شۇنداق بىر پالاكەت يۈز بەردىمۇ ـ يا؟!» دەپ ئويلاپ، بۇ خىل غەلىتە ئەھۋالنى ئۆزىنىڭ ھايات كەچمىشلىرىدىكى مەلۇم ئىشلارغا باغلاپ چۈشىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «تورۇپلا ئەندىشىگە چۈ-شۈپ» قالىدۇ. كېيىن قوغداش كادىرى ئۆمەرجاننى ئۇچرىتىپ، ئۇ-نىڭدىن «تۆت ـ بەش كۈنىنىڭ ئالدىدا مۇنۇ بازاردا سىلىگە ئوخشاش ئېگىز بوي، شاپ بۇرۇتتىن بىرى كۆپكۆندۈزدىلا پىچاق كۆتۈرۈپ ئادەم بوغۇزلىماقچى بولغان ئوخشايدۇ، ھازىر بازار باشلىقىنىڭ ئۆ-زى بۇ ئىشنى تەكشۈرۈۋاتىدۇ ...» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ مېڭىسىدىن «تۈتۈن چىقىپ» كېتىدۇ ھەم دەرھال بۇرۇتى بار بالىسىنىمۇ ئۇنى-مىغىنىغا قويماي ساتىراشخانىغا ئېلىپ بېرىپ بۇرۇتىنى غىردىتى-ۋېتىپ كېلىدۇ. ئايالى بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىسا، «يۇرتكى ئاجىز بۇ خۇتۇنغا راست گەپنى قىلغۇسى كەلمەيدۇ». شۇ ئاخشىمى ئۇ «چۈۋۈپ ـ توقۇلۇپ» چۈش كۆرىدۇ. ئەتىسى بازار باشلىقىنىڭ ھۇزۇرىغا چا-قىرتىلىپ، نۇرغۇن پوپوزا ـ ھەيۋىلەرنى ئاڭلايدۇ (بىچارە بۇرۇتلۇق ئۆزىدە قىلچە گۇناھ يوق تورۇپمۇ غىڭ قىلالمايدۇ. غىڭ قىلىپ قويسىلا چۈۋۈپ ـ توقۇلۇشتىن قورقىدۇ. چۈنكى، بۇنداق قىسمەت ئۇنىڭ ئۇچۇن يېڭىلىق ئەمەس). بازار باشلىقى بولسا، تېخىمۇ ئەز-ۋەيلەپ (ماھىيەتتە بولسا، ئۇ تېخىمۇ قورقىدۇ. چۈنكى، ئۇ دائىم ئۆزىنى شىرغا مىنىپ قالغان ئوۋچىدەك ھېس قىلىدۇ)، بۇرۇتلۇق پىچاقچىلار ھەققىدە ئىسكەندەر، چىڭگىزخانغا مۇناسىۋەتلىك رىۋا-يەتلەرنى سۆزلەيدۇ. ئاخىردا «مەن» گە «بۇرۇتتۇڭنىڭ شەكلىنى، شەكلى دېگىنىم: توم بۇرۇتمۇ، بوم بۇرۇتمۇ، شاپ بۇرۇتمۇ، سىم بۇ-رۇتمۇ ھەممىسىنى ئېنىق يېزىپ، ئەتىدىن قالدۇرماي بىزگە تاپ-شۇر!» دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. «مەن» شۇ كۈنى دەرھال بۇرۇتىنىڭ «تۇغۇلۇشىدىن تارتىپ ئۆلگۈچە بولغان قىسقىچە تارىخىنى» يېزىپ چىقىدۇ (مانا بۇ چۈۋۈپ ـ توقۇشنىڭ باشلىنىشى). كەچتە كىرئال-غۇنىڭ ئىچىدە پىرقىراپ، ماغزاپىنىڭ ئىچىگە چۆكۈپ كېتىپ، گۇلدۇر ـ غالاپ قىلغان ئاۋازلارنىڭ ئىچىدە ۋارقىراپ چۈش كۆرى-

دۇ. دېمەك، بۇ بۇرۇتلۇقنىڭ روھىي تەڭپۇڭلۇقى قاتتىق بۇزۇلۇپ ئارامى پۈتۈنلەي يوقىلىدۇ. ئولتۇرسا - قوپسا ئەندىشىدىن نېرى كېتەلمەيدۇ. كوچا ئايلىنىپ بازارغا چىققان چاغدىمۇ «ھەقاچان بازار باشلىقى بۇ بازارنى ئۇزاق ئۆتمەي چوقۇم باشقىدىن توقۇيدىغۇ، دەيمەن» دەپ ئويلايدۇ، بۇلاردىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، «چۇۋۇپ - توقۇش» نىڭ بازار باشلىقى بىلەن سەۋەب - نەتىجىلىك مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق. ئاشۇنداق سۇ كۆرمەي ئۆتۈك سالىدىغان تەنتەك، ئادالەت تۇيغۇسى، قانۇن ئېڭى كەم، بۇرۇتلۇقلارغا گۇمان بىلەن قارايدىغان، ھە دېسىلا چۇۋۇپ - توقۇشقا تەييار تۇرىدىغان بازار باشلىقىنىڭ «بازىرى» دا ياشاۋاتقان بۇرۇتلۇقلار تەبىئىي ھالدا ئەنسىرەش - قورقۇمسىراش ئېڭىغا گىرىپتار بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

كېرىمجان ھېكايىسىنىڭ مەزمۇنىدىكى مانا مۇشۇنداق چۈشىنىشلىك ئىچكى رېئاللىقنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، «ئەسەردىن مەلۇمكى، ئەنسىرەش - قورقۇمسىراش ئېڭى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا تەبىئىي دېگۈدەك مەۋجۇت» دەپ تونۇيدۇ. ئۆزى ياشاۋاتقان تۇپراقتا، ئۆزىنى ياراتقان خەلقىنىڭ قەلبىگە يىلتىز تارتقان بىر ئادەمنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردىن ئالىدىغان تەسىراتى ئاساسەن ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدىن ئالغان تەسىراتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مەن بۇ بۇرۇتلۇقنىڭ ئەنسىرەش - قورقۇمسىراش ئېڭىنى يالغاندىن «بۇ ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان ئەنسىرەش - قورقۇمسىراش ئېڭى»، «ئىنسان تەبىئىتىگە خاس بولغان پسىخىكىلىق كەچۈرمىش» دەپ چۈشىنىپ، ئۆزۈمگە ۋە يازغۇچىنىڭ ئەسىرىگە يالتىراق سۈپەت بېرىشنى خالىمايمەن. چۈنكى، يازغۇچىنىڭ يۇمۇرلۇق تەبەسسۇم ئىچىدىكى ياش يۇقى كۆزى مېنىڭ ئۇلۇغ ئازابلار بىلەن تولغان قەلبلەرنىڭ پۇچەلىنىشىدىن ھۇزۇرلىنىدىغان ئېستېتىكىلىق خاھىشىمغا ناھايىتى ئويغۇن كېلىدۇ. شۇڭا، ھېكايىدىكى «مەن» نىڭ ئەنسىرەش - قورقۇمسىراش ئېڭىنى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا تەبىئىي مەۋجۇت، دەپ قارىمايمەن. ئەگەر شۇنداق قارايدىغان بولساق، ساتىراشنىڭ مۇنۇ سۆزلى-

رىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ «توۋا دەيمەن، ئاتا ـ بالا ئىك-كىڭلارنى قوشقاندا، بۈگۈن ساتىراشخانىمىزغا كېلىپ بۇرۇتىنى غىردىۋەتكەنلەر يىگىرمىدىن ئېشىپ كەتتى.» شۇنچىۋالا بۇرۇت-لۇقلارنىڭ ھەممىسىدە ئەنسىرەش ـ قورقۇمسىراش ئىككى تەبىئىي دېگۈدەك مەۋجۇتمىدۇ؟ مېنىڭچە بۇ، روشەن ئوبيېكتىپ سەۋەبكە ئىگە غەيرىي تەبىئىي ھادىسە.

كېرىمجان ماقالىسىدە يەنە ئۆزىنىڭ «ئۇنىڭدىكى (ھېكايىدىكى) كۈلكە ئادەملەرنىڭ مەنىۋى تىراگېدىيەنى ـــ بىھۇدە ئەندىشە ـ قورقۇمسىراش بىلەن ھايات خاتىرجەملىكىدىن مەھرۇم قىلىش، ئۆمرىنى قىسقارتىۋېتىشتەك پاجىئەنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ بەر-گەن» دېگەن قارىشىدا چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ ھەم مېنىڭ تەھلىللىرىمنى «پېرسوناژلارنى مۇناسىۋەتسىز تەرەپلەر بىلەن بىھۇ-دە شەرھلىگەن» دەپ قارايدىغانلىقىنى يازىدۇ. كېرىمجاننىڭ تەھلى-لىچە بولغاندا، بۇ ھېكايە كىتابخانلارنىڭ ئۆزىنى ئۆمۈر كۆرۈشى ئۇ-چۇن پىسخىكىلىق مەسلىھەت بېرىشنى مەقسەت قىلغان، ئادەتتىكى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىگە ئىگە ئەسەر بولىدۇ، خالاس. بۇ نۇقتىدا مەن كېرىمجاننىڭ «بۇرۇت ماجىراسى»نىڭ زادى نېمە مەقسەتتە يېزىلغانلىقىنى بىلمەيمەن» دېگەن ئىزاھاتىغا تولۇق قو-شۇلىمەن. كېرىمجان ھەقىقەتەن بۇ ھېكايىنىڭ يۈكسەك قىممىتىنى ھېس قىلىپ يېتەلمەپتۇ. ئەگەر كىتابخاندا مەۋجۇت رېئاللىق تۇغ-رۇلۇق مۇئەييەن چۈشەنچە بولىدىكەن، بۇ ھېكايىنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلىش تەس گەپ ئەمەس. كۆزىمىزنى ساماۋى بوشلۇقلارغا ئەمەس، بەلكى ئاستىمىزدىكى قارا تۇپراققا، دۇچ كېلىۋاتقان ھايات قىسمەتلىرىمىزگە تىكىدىغان بولساقلا، ھېكايىنىڭ نېمە مەقسەتتە يېزىلغانلىقىنى بىلمەك تەس ئەمەس.

1993 ـ يىلى يانۋار

# زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت

ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن ئېيتىلغان بۇ جانسىز ناخشا ماڭا زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت ئاتا قىلدى. ھېسسىياتىمنى يوشۇرغۇم، گېپىمنى ئىچىمگە يۇتۇۋەتكۈم كەلمىدى. تەسىراتىمنى سان - ساناقسىز قەلبلەر بىلەن ئورتاقلاشتۇرۇپ باققۇم، ئاشۇ ئېزىلەڭگۈ ناخشىغا مەپتۇن بولغانلار بىلەن ئەركىن پاراڭلاشقۇم كەلدى.

بۇ ئېزىلەڭگۈ ناخشىنى يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر ئىشتىياق بىلەن ئېيتتى. مەن بۇ ناخشىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئىقتىدارىنى ۋە مىللىي مەدەنىيەت پىسخىكىمىزنىڭ ساپاسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت كۈيىنى ئاڭلىدىم. بۇ خاسىيەتسىز ناخشىنىڭ نامى — «خاسىيەتلىك قار».

«خاسىيەتلىك قار» مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىلى 1 -، 2 - سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان پوۋېستى. «ساراڭ» ناملىق ئېسىل ھېكايىسى بىلەن ئىجادىيىتىدە توپ بۇرۇلۇش ياساپ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ۋە ئىستىل يارىتىپ كەڭ ئۇيغۇر كىتابخانلىرىنى ھاياجانغا سالغان بۇ يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىگە بولغان قىزىقىشىم «خاسىيەتلىك قار» نى كۆرمىگىچە سۇسلاشمىغانىدى. مەمتىمىن ھوشۇر ئۆزىنىڭ «ساراڭ»، «بۇرۇت ماجىراسى»، «قىرلىق ئىستاكان»، «ئايخان»، «مۇساپىرلار قاۋىقى، دا»، «كۆز يامغۇرى» ناملىق بىر قاتار ھېكايىلىرى بىلەن مېنى مەپتۇن قىلىپ، ئەسىرى ئېلان قىلىنغان ھامان ئالدىراپ ئوقۇشقا ئادەتلەندۇرۇۋەتكەن. مەن مۇشۇ ئادىتىم بويىچە «خاسىيەتلىك قار» نى ئوقۇپ چىقتىم. ئوقۇپ بولۇپ ئالدانغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم.

پوۋېستىنىڭ باش قەھرىمانى تىلىۋالدىنىڭ خاراكتېرى مېنى

ئازابلىق بىر تەشۋىشكە سېلىپ قويىدى. ئۆز - ئۆزۈمگە سوئال قويدۇم: تىلىشۋالدى سۇنئىي پېرسوناژمۇ؟ ياق، ئۇ ھەقىقىي چىن ئادەم! تىلىشۋالدى بەختسىز ئادەممۇ؟ ياق، ئۇ زەئىپ ئادەم! مېنى مانا مۇشۇنداق زەئىپ ئادەمنىڭ ھەقىقىي چىن ئادەم بولۇپ قالغانلىقى ئېچىندۇردى.

ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكىدىن مەلۇمكى، تىلىشۋالدى ئىلىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، زامانىنى جەبىر - زۇلۇم قاپلىغان يىللاردا خوتۇن - بالىلىرىنى باقمەن دەپ هارۋىكەشلىك قىلىپ، نەس بېسىپ، ناهاقچىلىككە ئۇچراپ تۈرمىگە سولىنىپ، تەلىيى تاسادىپىي ئۆلۈمدىن كېلىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قېلىپ، قاچقان پېتى چېگرادىن يوشۇرۇن ئۆتۈپ سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق تۈركىيەگە بېرىپ ئورۇنلىشىپ، توي قىلىپ تۇرۇپ قالغان بىر ئادەم.

پۈتۈن پوۋېست تىلىشۋالدىنىڭ ئىلىدىكى ئايالى زۆھرەگە يازغان خەتلىرىدىن ئىبارەت. بۇ خەتلەردىن بۇ مۇساپىرنىڭ يۇرتىنى، يۇرتداشلىرىنى سېغىنىشلىرى، غېرىبلىق، مىسكىنلىك بىلەن ئېيتقان قەلب بايانلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. ھىجران ئازابىدا ئۆرتىنىپ، ئىچ - ئىچىدىن تۇگىشىپ كەتكەن بۇ ئادەم ئەزرائىلنىڭ كېلىپ ئۆزىنى ئېلىپ كېتىشىنى كۈتۈپ ئەرۋاھتەك لاغايلاپ يۈرىدۇ.

تىلىشۋالدىنىڭ خاراكتېرى خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدە ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ھەم شۇ مەدەنىيەت مۇھىتىدا يېتىلگەن. بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز ئادەمسىز يالغۇز ئارالغا چىقىپ قالسىمۇ تەقدىر بىلەن ئېلىشىپ، تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئۇ ئىندۋارلىق بىلەن ياشايدىغان روبىنزون گىروزودەك ئادەملەرنى ئەمەس، بەلكى ناتونۇش مۇھىتتا ھايات كەچۈرۈشكە ماسلىشالمايدىغان تىلىشۋالدىدەك روھى زەئىپ ئادەملەرنى تەربىيەلەپ چىقىدۇ. بۇ خىل زەئىپ روھ ئەقىلنىڭ زەئىپلىكى، خاراكتېرنىڭ زەئىپلىكى، ئىرادىنىڭ زەئىپلىكى، ئەخلاقنىڭ زەئىپلىكى ۋە ھېسسىياتنىڭ زەئىپلىكىنى ئۆزىگە مەزمۇن قىلغان.

مەدەنىيەتنى ئىنسانىيەت ئوخشىمىغان ئېكولوگىيەلىك مۇھىتتا ياراتقان بولۇپ، ئۇ ئۆزىگە خاس تەرەققىيات جەريانىدا جۇغلىنىپ، داۋاملىشىپ، ئوخشىمىغان تىپ ۋە ئەندىزە بولۇپ شەكىللەنگەن. ئۇ ئوخشىمىغان مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت پىسخىكىسى ۋە قىممەت قا-رىشىنى شەكىللەندۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ھەربىر كونكرېت شەخسنىڭ خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتى-دۇ. ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ خاراكتېرى ئۆزىگە مۇئەييەن مەدەنى-يەتنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولىدۇ. ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ئۆ-سۈش جەريانى، خاراكتېرى ۋە تەپەككۇرىنىڭ يېتىلىش جەريانى مە-لۇم مەدەنىيەت مۇھىتى ئىچىدە بولىدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق بىر ئادەم ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان مەدەنىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىگە مۇ-جەسسەملەيدۇ. مەشھۇر ئىنسانشۇناس لۇس بىنىدىكىت ئېيتقاندەك، «شەخسنىڭ ھايات تارىخى ئالدى بىلەن ئۇ ياشاۋاتقان توپنىڭ ئەۋلاد-تىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئۇسۇل ۋە ئۆل-چىمىگە ماسلىشىش تارىخىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئادەم تۇغۇلۇشى بە-لەنلا قوينىغا ئالغان ئادەت ئۇنىڭ سۇبيېكتىنى تەربىيەلەيدۇ. سۆز-لىيەلەيدىغان بولغاندا ئۇ ئاللىقاچان مەزكۇر مەدەنىيەتكە تەۋە بولغان بىر ئىجادىيەت بولۇپ قالىدۇ. مەدەنىيەتتىكى رەسىم - قائىدىلەر دەل ئۇنىڭدىكى رەسىم - قائىدە، مەدەنىيەتتىكى ئېتىقاد دەل ئۇ-نىڭدىكى ئېتىقاد، مەدەنىيەتتىكى مۇمكىنسىزلىك دەل ئۇنىڭدىكى مۇمكىنسىزلىك بولۇپ كېتىدۇ.»

مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تىلىۋالدىنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى زەئىپلىك مىللىتىمىزنىڭ سۇبيېكتىپ تۇزۇلمىسىدىكى ھاياتنى كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەلۋەتتە، بۇ ئومۇملۇقنى نەزەردە تۇتۇپ ئېيتىلغان سۆز. بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزدا ئاۋامغا ئەگە-شىش روھى كەمچىل، مۇستەقىللىق ئېڭى يوق دېيەرلىك. ئۆز - ئۆزىگە خوجا ھالدا تاللاش ئىقتىدارى، ياشاش ئىقتىدارى ئاجىز. تۇرمۇشتىن لەززەت ئېلىشى يېتەرسىز، يات مۇھىتتا ياشاش ئىق-

تىدارى يوق. تەپەككۇر قىلىش شەكلىدىن تارتىپ تۇرمۇش شەكلى-گىچە بىر خىل. بۇ خىل خاسلىقى يوق روھىي ھالەت مىللەت گەۋ-دىسىنى چېكىنىپ، يىگىلەپ، سولىشىپ كەتكەن ۋە ئىندىۋىدۇئال ھاياتىي كۈچى كەم بولغان پاسسىپ پىسخىكىغا مۇپتىلا قىلدى. بىز مىللەتنىڭ بۇ زەئىپ گەۋدىسى ئىچىدىن ئاجايىپ ھاياتىي كۈچنى، ئىرادىنىڭ، مۇستەقىللىقنىڭ، ئەركىنلىكنىڭ ۋە خاسلىق كۈچى-نىڭ جىلۋىسىنى تاپالمايمىز. خەلقىمىزنىڭ ھازىر مەۋجۇت بولغان مەدەنىيەت پىسخىكىسىغا نەزەر سالىدىغان بولساق ئىرادىمىزنىڭ كۈچلۈك ئەمەسلىكىنى، توغرا كەيپىياتلارنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلى-كىنى بايقايمىز، بىزنى غايەت زور بىر خىل شەكىلسىز پاسسىپ كەيپىيات رودۇپايدەك بېسىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بىز ئاۋامنى ئاساس قىل-غان ئومۇمىيلىقتىن ھالقىغان غەيرىي ئەقىل ئامىللىرىنى، يەنى خاسلىق ئېڭىنى، تەۋەككۇلچىلىك روھىنى ئۇنىڭدىن باشقا ئۆرپ - ئادەتلەرگە ئۇيغۇن كەلمىگەن يېڭى ئادەم، يېڭى ئىدىيە، يېڭى ھەرى-كەتلەرنى كۈچىمىزنىڭ بارىچە باسىمىز، ئادەمنىڭ ئىندىۋىدۇئاللى-قىنى ئېتىراپ قىلمايمىز. «ئەلنەرخى» بولۇشنى مۇقەددەس، دەخ-لىسىز ئۆلچەم بىلىپ مۇئامىلە قىلىمىز.

خەلقىمىزنىڭ بۈگۈنكى بۇ خىل مىللىي خاراكتېرىنى ئۇنىڭ يېقىنقى بەش ئەسىرلىك مۇرەككەپ تارىخىي سەرگۈزەشتىسى ۋە تۇرمۇش مۇھىتى مۇشۇنداق بېكىنمە ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان. يىپەك يولىنىڭ خارابلىشىشى، دىنىي مەزھەپلەرنىڭ قانلىق كۆرەش-لىرى، تىنىمسىز جەڭگى - جېدەللەر، يات مىللەتلەرنىڭ زۇلمى، قانائەتچانلىقتا، ياۋاش - مۆمىن بولۇشتا ئۈندەيدىغان بىر تەرەپلىمە ۋەز - نەسىھەتلەر، سوپى - ئىشانلارنىڭ بىخۇدلاشتۇرۇشى، بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ كەلگەن تەبىئىي ئاپەت ۋە ئىجتىمائىي ئاپەتلەرنىڭ چۈشكۈنلەشتۈرۈشى نەتىجىسىدە خەلقىمىزنىڭ مىللىي خاراكتېرى زەئىپلىشىپ، مىللىي مەدەنىيىتى چېكىنىپ، مىللىي مەدەنىيەت پىسخىكىسى قاتماللىشىپ كەتتى. ئۆز ئېھتىياجىنى ئۆز يېرىنىڭ

بايلىقلىرى بىلەن تەمىن ئېتىشتەك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، قالاق ناتۇرال ئىگىلىك بىلەن ساددا دىنىي ئېتىقادنىڭ يۇغۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە مىللىتىمىزنىڭ ئىنتائەتچان، مۇلايىم، ساددا، قانائەتچان، تار مىجەز ـ خاراكتېرى، مۇرەسسەچىلىكنى، قان ـ قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتنى ۋە تەقدىرچىلىكنى تەكىتلەيدىغان زەئىپ روھى روپايقا چىقتى. بۇنىڭ بىلەن خەلقىمىزنىڭ ئىلگىرىكى زامانلاردىكى جەڭگىۋارلىقى، قەيسەرلىكى، تەۋەككۇلچىلىكى، تېتىكلىكى، ھوشيارلىقى، قاراملىقى، جاھانكەزدىلىكى ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ قالدى. مىللىتىمىزنىڭ ئەخلاق قارىشى، قىممەت ئۆلچەملىرى، يوسۇن ـ ئادەتلىرى، تۇرمۇش شەكلى، تەپەككۇر شەكلى بۇ بەش ئەسىر جەريانىدا ئەنئەنە سۈپىتىدە داۋاملىشىپ، مۇقىملىشىپ ھېچكىم بويۇنتاۋلىق قىلالمايدىغان دەرىجىدە مۇقەددەسلىشىپ، مىللەت توپىنىڭ سۇبيېكتىغا بىر ـ بىرلەپ چۆكۈپ، مۇنتىزىم قۇرۇلما ھاسىل قىلدى. بۇ خىل ئۆزگە يۈزلەنگەن سۇبيېكتىپ قۇرۇلما سىرتقى مەدەنىيەتكە بولغان تەلپۈنۈشنىلا ئەمەس، بەلكى سەزگۈرلۈكىنىمۇ، ئىنكاسچانلىقىنىمۇ يوقىتىپ، بارا ـ بارا قاداقلىشىپ، بەزلىشىپ، سېپى ئۆزىدىن بىر قاتمال قۇرۇلمىغا ئايلىنىپ قالدى. مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ ماھىيىتىدىكى بۇ خىل مۇكەممەلسىزلىك تۈپەيلى بىزنىڭ كىشىلىك خاراكتېرىمىزدىمۇ بىر قاتار مۇكەممەلسىزلىكلەر ئىپادىلەندى. گەرچە ھەربىر يەككە سۇبيېكتىنىڭ تاكامۇللىشىشى پەرقلىق بولسىمۇ، لېكىن ھەرقانداق بىر ئادەم ئۆزى تەۋە بولغان توپىنىڭ سۇبيېكتىپ قۇرۇلمىسىدىن ئاجراپ كېتەلمەيدىغان بولغاچقا، مەزكۇر توپتىكى مەدەنىيەتنىڭ چەكلىمىسىدىن ۋە پسىخىكىلىق خاھىشىنىڭ چەكلىمىسىدىن ئاسانلىقچە قۇتۇلالمايدۇ. خۇددى ئەنگلىيە يازغۇچىسى لاۋرېنس ئېيتقاندەك، «ھەربىر ئادەمدە توپقا ئوخشايدىغان ۋە ئوخشىمايدىغان تەرەپ بولىدۇ. پەقەت ئىگىلىگەن نىسبىتىدىلا پەرق بولىدۇ.»

تىلىۋالدى ئەنە شۇنداق ئاجىز مەدەنىيەت ھېس ـ تۇيغۇسىغا ئىد-

گە بولغاچقا، يۇرتىنى ۋە يۇرتداشلىرىنى سېغىنىشتىن باشقا ھېچ-قانداق نەرسىنى ئويلىمايدۇ. ھەممىگە مەلۇم، مۇساپىر بولغان كى-شىنىڭ يۇرتىنى ۋە يۇرتداشلىرىنى سېغىنىشى بەكمۇ ئادەتتىكى ئومۇمىي ھېسسىيات بولۇپ، ئازراقمۇ ئۆزگىچە قىممەتكە ئىگە ئە-مەس. تىلىۋالدىدا ئۆزلۈكىنىڭ رايىنى ئىستەيدىغان روھ، ھاياتنىڭ مەنىسىنى ھېس قىلىدىغان ئاڭ، ئۆز قەلبىنى چۈشىنىدىغان سەز-گۈرلۈك يوق. ھاياتنىڭ سىنىقىغا، تۇرمۇشنىڭ زەربىسىگە، رېئال-لىقنىڭ رەھىمسىزلىك بىلەن ئەخمەق قىلىشىغا بەرداشلىق بېرە-لەيدىغان مەنىۋى قۇدرەت يوق. ئۇنىڭدا تەۋرەنمەس ئىرادە كۈچى بى-لەن تىراگېدىيەلىك تەقدىر ۋە تىراگېدىيەلىك مۇھىتقا قارشى تۇر-غۇدەك جاسارەت ئەسلا يوق. شۇڭا، ئۇنىڭ قولىدىن يۇرتىنى ۋە يۇرتداشلىرىنى سېغىنىشتىن ۋە مىجىقلىق بىلەن ئەزرائىلنىڭ با-غىقىنى كۈتۈپ ياشاشتىن باشقا ئىش كەلمەيدۇ. ئاۋامدىن ئايرىلال-مايدىغان، سۇبيېكتقا ئېتىبار بېرەلمەيدىغان، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ئادەم ئىكەنلىكى ھەققىدە ئويلاپ باقمىغان، ھاياتنىڭ مۇشكۈلاتلى-رىدىن ئۆز ئالدىغا لەززەت ئالالمايدىغان بۇنداق زەئىپ روھ ھەر-قانداق جايدا خار ۋە زەبۇن بولۇشتىن، ئايىغى چىقماس بەدەللەرنى، ئەرزىمەس قۇربانلارنى بېرىشتىن قۇتۇلالمايدۇ.

تىلىۋالدى تۇرمۇشقا بولغان تەلىپى بەك تۆۋەن، ھېسسىياتى نامرات، قىزىقىش دائىرىسى تار، ھەۋىسى ئاجىز، ئاۋامدىن ئۆزگىچە پىكىر قىلىشقا قۇربى يەتمەيدىغان، جۇۋاز كالىسىدەك بىر خىل تۇرمۇشنى تەكرارلاۋېرىشتىن زېرىكىش ھېس قىلمايدىغان، ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ماكاندىن سىرتقا چىقىپ بېقىش، يۇرت ئاتلاپ كۆرۈش ئىستىكى يوق، ئوت - چۆپكە ئوخشاش بىر ئورۇندا كۆكلەپ قۇرۇپ قالىدىغان، پەقەت خوتۇن - باللىرى بىلەن دائىم بىللە يا-شاشنى، تونۇش - بىلىشلەر بىلەن سالاملىشىپ، ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن دىدارلىشىپ، دوست - يارەنلىرى بىلەن تاغدىن - باغدىن پاراڭلىشىپ ۋە خەتنىسىنى قىلدۇرغانلارنىڭ سۈننەت تويىغا، ئۆلۈپ

كەتكەنلەرنىڭ نەزىرى ـ چىراغلىرىغا بېرىپ ياشاشنى ھاياتنىڭ بەختى، تۇرمۇشنىڭ مەنىسى دەپ چۈشىنىدىغان ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ تىپى.

ئۆزلۈكنىڭ رايىنى ئىستەيدىغان ئارزۇ، ئۆزىگە قايىللىق ئىزدەيدىغان روھ، مەنىۋى جەھەتتە مۇستەقىل ياشاشنى ئىستەيدىغان خاھىش، ئۆز ـ ئۆزىنى ئىپادىلەيدىغان جاسارەت، مۇستەھكەم ئىرادە كۈچى قاتارلىق يۇقىرى پىسخىكىلىق سۈپەتلەرنىڭ بولۇشىنى بىزنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيىتىمىز ۋە قاتمال مەدەنىيەت پىسخىكىمىز قوبۇل قىلالمايدۇ. ئەكسىچە چەكتىن ئېشىپ ئەخمەقلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن تەپسە تەۋرىمەيدىغان بىخۇدلۇق پىسخىكىسىنى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن سۈپەتلەپ قەدىرلەيدۇ. ساۋاتسىز بوۋىسى بىلەن چىشى قالمىغان مومىسىنىڭ سۆزىدىن چىقمايدىغانلارنى «قولىقى يۇمشاق ئوبدان بالا بوپتۇ» دەپ ماختايدۇ. ئادەتتىكىدىن سەللا ئۆزگىچە پىكىر قىلىدىغانلارنى، ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇنلارنى سەل يانداپ ئۆتۈپ كېتىشكە ئۇرۇنغانلارنى «باشباشتاق، بىھۆرمەت، شۇم بالا بوپتۇ» دەپ قارغايدۇ. جۇلىقى چىقىپ كەتكەن ئەقىدىلەر بىلەن چىشى قالمىغان ۋەز ـ نەسىھەتلەرنى ئەڭگۈشتەر بىلىپ، مۇقەددەس تەۋرۈك سۈپىتىدە قەدىرلەش، ئۆزىنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى شۇنىڭغا لايىقلاشتۇرۇپ تۇرۇش بىزگە ئوخشاش روھىي دۇنياسى بېكىپ كەتكەن قالاق مىللەتلەرنىڭ خاركتېر تىراگېدىيەسى بولسا كېرەك.

تىلىۋالدى ئەنە شۇنداق زەئىپ مەدەنىيەت روھىغا، ئاۋامغا يۈلىنىپ جان ساقلاش پىسخىكىسىغا ئىگە بولغاچقا، ئۆزىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىدىكى بەختسىزلىك ۋە سەرسانلىقنىڭ ئىجتىمائىي سەۋەبى ئۈستىدە ئويلىنىشقا قۇربى يەتمەيدۇ. شۇڭا، ئۇ نېمىنىڭ ھەقىقىي پاجىئە ۋە بەختسىزلىك ئىكەنلىكىنى ئەسلا ھېس قىلىپ يېتەلمەيدۇ. ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىڭ قىممىتى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە، سۆيىكىنىڭ خاسلىق قىممىتى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە ئاززاقمۇ ئۇنىدى-

مەيدىغان مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىمىز تىلىۋالدىغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ئەھمىيەتسىز خاراكتېر تىراگېدىيەسىنى ئۈزۈكسىز تۇغدۇرىدۇ.

ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىڭ قىممىتى ئۈستىدە ئويلىنىش، سۇبيېكتىنىڭ خاسلىق قىممىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش، روھنىڭ ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىق سەپىرىگە ئاتلانغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. چۈنكى، بارلىق ھەرىكەتنىڭ مەقسىتى ۋە بارلىق قىممەتنىڭ بىردىنبىر ئالىي ئۆلچىمى ئادەم. ئادەمنى بىردىنبىر مەركەز ۋە ئالەمنىڭ يارىلىشىنىڭ مەقسىتى دەپ چۈشىنىش، ئادەمنىڭ قىممىتىنى يۈكسەلدۈرۈپ، ئۇنى ئالەمنىڭ جەۋھىرى دەپ قاراش مىڭ يىللاردىن بېرى مەنسۇر ھەللاجى، جالالىدىن رۇمى، شەمسى تەبرىزى، ئەھمەد يەسسەۋى، ئەلىشىر نەۋايى، بابا رەھىم مەشرەپ، مۇھەممەد سىددىق زەلىلىي ۋە ئابدۇللا خەراباتى قاتارلىق تەسەۋۋۇپ مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدا ئىزچىل ياڭراپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ ساداسىنى ۋۇجۇدىمىزدىن تاپالمايمىز. بۇ سادانى بىز پەقەت ھازىرقى زامان غەرب مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۇچرىتىمىز. ئۇلارنىڭ «دۇنيادا مەن ئۇزۇل ـ كېسىل چۈشىنىشنى ئۈمىد قىلغان ئادەم پەقەت بىرلا، ئۇ دەل ئۆزۈم» (ئەنگلىيەلىك ئەدىب ئوسكار ۋىلد)، «ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى چۈشىنىپ يېتىش ئەڭ چوڭ بەخت» (ئامېرىكىلىق ئالىم فىرانكلىن) دەپ قاراپ، ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق بەخت ۋە گۈزەللىك «پەقەت قۇشۇمچە يېمەكلىكتۇر» (ئەنگلىيە دىراماتورگى بىرنارد شاۋ) دەپ ۋارقىراشلىرى بىزگە تامامەن يات تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى.

ئۆزىنى چۈشىنىشنى تەشەببۇس قىلمايدىغان قاتمال مەدەنىيەتنىڭ بۆشۈكىدە چوڭ بولغان تىلىۋالدىدا يەككە ئاڭ، ئۆزلۈك ئېڭى، خاسلىق تۇيغۇسى بولمىغاچقا، يۇرتداشلىرىدىن، يۇرتىدىن ئايرىلىپلا ھېچقانداق جاپا ـ مۇشەققەتنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىماي تۇرۇپمۇ مەنىۋى جەھەتتە مىجىقى چىقىپ كېتىدۇ. تۇرمىدە ئېغىر ئەمە-

گەك قىلىپ، خارلىنىپ ياشىغىنىدىن ياقا يۇرتتا بولسىمۇ ئەركىن، مۇستەقىل ياشاشنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلمەيدۇ. پەرق ئېتىش ئىقتىدارى يوق، ئەركىنلىك ئىستىكى يوق، ھاياتنى چۈشە-نىشى يېتەرسىز، ئېتىقادى ئاجىز، نېمە ئۈچۈن ياشاش مۇددىئاسى يوق، ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئازراقمۇ بىلمەيدىغان تىلىۋالدى بەكمۇ ئاددىي ۋە ئابستراكت قاراشلارنى تەشەببۇس قىلىدىغان مەدە-نىيەتنىڭ تەربىيەسىدە چوڭ بولغاچقا، گېزى كەلگەندە پەقەت ئىدد-يەلا ئادەمنىڭ ھەقىقىي ۋەتىنى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، سوقرات ئېيتقاندەك، «دۇنيا بەكمۇ رەزىل، ئادەم پەقەت ئۆزىنىڭ خىيالىي دۇنياسىدىلا ياشىشى كېرەك» ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلمىگەن. ئەل-ۋەتتە بۇ خىل پەلسەپىۋى مەنىدىكى يۈكسەك ۋەتەن چۈشەنچىسى ئۇ-نىڭ زەئىپ روھىغا سىغمايتتى. «ئاجىز ئەقىلگە چاقچاق ئارتۇقچە» دېگەندەك، ئۇنىڭغا پەلسەپىۋى ئىدىيە تېخىمۇ ئارتۇقچە ئىدى.

يۇرتى ۋە يۇرتداشلىرىنى سېغىنىشتىن باشقا مەنىۋى دەسمايىسى يوق بۇ زەئىپ ئىنسان يازغۇچىنىڭ قەلىمى ئاستىدا مەدھىيەلەندى، گۈزەللەشتۈرۈلدى ۋە ۋەتىنىنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقارمايدى-غان سادىق، ۋاپادار ئوغلان سۈپىتىدە تەسۋىرلەندى. يازغۇچىنىڭ كۆچلۈك ھېسداشلىق پوزىتسىيەسى بىلەن ياراتقان بۇ پېرسوناژى ماڭا يازغۇچىنىڭ تىراگېدىيە ئېڭى بىلەن زەئىپ مۇھەببىتىدىن دېرەك بەردى. بۇ خىل زەئىپ مۇھەببەت ۋە ئاجىز تىراگېدىيە ئېڭى-نىڭ يىلتىزى ئەلۋەتتە مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ خاراكتېرى ۋە مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت پسىخىكىسى قۇرۇلمىسىغا تۇتىشىدۇ. بۇ مىللىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ماھىيىتىدىكى مۇ-كەممەلسىزلىكنىڭ، چەكلىمىلىكنىڭ، ئاجىزلىقىنىڭ يەككە سۇب-يېكتتا كۆرۈلگەن كونكرېت ئىپادىسى.

يازغۇچى مەتىمىن ھوشۇر بۇ ئەسەردە تىلىۋالدىنىڭ ۋۇجۇدد-دىكى قالاقلىق، سولىشاڭغۇلۇق، دۆتلۈك، ئەخمەقلىق ۋە زەئىپلىك-كە ئېچىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلماي، ئەكسىچە ئۆز

قەلبىنى تەڭكەش قىلىپ ھېسداشلىق كەيپىياتىنى ئىپادىلىگەن. بۇ بىر پاجىئەلىك روھىي ھالەت بولۇپ، ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشىنىڭ ئاسارىتىگە مەھكەم چىرمىشىپ قالغان ئاڭنىڭ مەھسۇلى. بىز تە- لىۋالدىدەك مەنىۋى دۇنياسى پالەچ، ئۈسۈملۈكسىمان ئادەملەرنىڭ پەن - تېخنىكىنىڭ كۈچى ئارقىلىق شىددەت بىلەن تارىيىۋاتقان بوگۈنكى دۇنيادا بەكمۇ كۆلكىلىك مەسخىرە ئوبيېكتى بولۇپ قې- لىۋاتقانلىقىنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك.

ئەينى يىللاردىكى ئاشۇنداق ئادالەتسىز مۇئامىلە، مۇدھىش رې- ئاللىق، ھايۋان كەبى تۇرمۇش بىلەن مەدەنىيەتلىك، ئەركىن دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى ماھىيەتلىك پەرقنى بىۋاسىتە كەچۈرمىشلىرى ئار- قىلىقمۇ سېلىشتۇرۇپ ھېس قىلالىمىغان، مۇشۇنداق روشەن سې- لىشتۇرما ئىنساني ئېڭىنى، كىشىلىك غورۇرىنى ئازراقمۇ ئويغى- تالمىغان بىر زەئىپ ئىنساننى ئەجابىي مەۋقەدە تۇرۇپ گۈزەللەش- تۇرۇش مەلۇم جەھەتتىن مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ ھاياتىي كۈچى- نىڭ زادى قانچىلىك ئېكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرسە كېرەك.

يازغۇچىنىڭ ئەسەرگە سىڭدۈرگەن ئىدىيەۋى كەيپىياتىدىن ئۇ- نىڭ قايسى مەۋقەنى چىقىش قىلغانلىقى بىزگە ئايان بولدى. يازغۇ- چى ھەرگىزمۇ مول ھاياتىي كۈچكە ئىگە ساغلام ھېسسىياتنى تە- كىتلەش، ھاياتلىق ئېڭىنى كۈچەيتىش، روھىي سولىشاڭغۇلۇقنى ئېيبلەش، ئەنئەنىۋى قاتمال مەدەنىيەتنى تەنقىد قىلىش، توغما ئىقتىدارنىڭ تەبىئىي تەرەققىياتىنى تەرغىب قىلىش ۋە ئىنسان روھىنى چۈشەكتىن ئازاد قىلىشنى چاقىرىق قىلمىدى. ئۇنىڭ كۆ- ڭۈل بۆلۈپ يازغىنى ساختا سۇژىتنى ئاساس قىلغان، ئەھمىيەتسىز قىزىقچىلىقنى قوغلاشقان، بىر يارىماس بايقۇشنىڭ تىراگېدىيەلىك قىممەت ھاسىل قىلالمايدىغان ھاياتىغا ئوقۇلغان مەدھىيە ناخشىسى بولدى. ھەرگىزمۇ ئەينى يىللاردىكى كىشىلەرنىڭ ساغلام ئەقىل ۋە ساپ ھېسسىياتىغا ئاپەت خاراكتېرلىك زەربە بەرگەن داغدۇغىلىق ھەركەتلەر، پايخان قىلىنغان كىشىلىك ھوقۇق، گۇمران بولغان

ھەقىقىي روھىي ھالەت، چوڭقۇر ئىنسان تەبىئىتى ۋە كىشىنىڭ روھىي دۇنياسىنى زىلزىلىگە سالىدىغان ئېچىنىشلىق تىراگېدىيە بولمىدى. روھىي دۇنيانىڭ تەكتىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان مۇستەقىل چۈشەنچە ۋە سۇبيېكتىپ ئاڭنى، مىللەتنىڭ مەۋجۇت ھالىتىگە بېرىپ تېگىدىغان ئىدىيەۋى چوڭقۇرلۇقنى ئىپادىلىمىدى.

ئاپتور ھازىرقى زامان رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ قىممەت يۈزلىنىشىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، رېئالىزم ئەدەبىياتى ئاللىبۇرۇن ھالقىپ ئۆتۈپ كەتكەن دىراماتىكلىق، توقۇلما ۋە تىپ يارىتىش ئۇسۇللىرىنى ھېكايە توقۇشقا ھېرىسمەن ئاممىباب پىروزا يازغۇچىلىرىغا ئوخشاش كەڭ - كۇشادە ئىشلەتكەن. بۇنىڭ بىلەن رېئاللىقنىڭ ھەقىقىي ھالىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشتەك تۈپ مۇددىئادىن يىراقلاپ كەتكەن. تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي چىنلىق تۇيغۇسىغا ئەھمىيەت بېرەلمىگەن. قىپيالىڭاچ چىنلىق، ئېچىنىشلىق چىنلىق ئۇستىدە ئىزدىنەلمىگەن. ئەسەردە تۇرمۇش جەريانىنىڭ تەبىئىي ئېقىمىنى يېزىلماستىن، كىشىنى ئىشەندۈرەلمەيدىغان تاسادىپىي ماس كېلىپ قېلىشلار، ئەسەر بىلەن ئىچكى مۇناسىۋىتى بولمىغان پارچە - پۇرات ۋەقەلىكلەر كۆپلەپ يېزىلىپ، تۇرمۇشنىڭ ئەسلىي قىياپىتى ساقلاپ قېلىنمىغان. پۈتۈن ئەسەردىن يازغۇچى ئېڭىدىكى تىراگېدىيەلىك توقۇنۇشنى كۆرگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، بۇ ئەسەرنى كۆپ تەرەپلىمە سۈرەتلەنگەن مۇرەككەپ خاراكتېر يارىتىلمىغان، بىر خىل مەۋجۇت ھالەت، مەۋجۇت تىراگېدىيە ئېچىپ بېرىلمىگەن، ماھىيەتلىك بولىغان بىر خىل ھېسسىيات سىڭدۈرۈلمىگەن ئاددىي ئەسەر، ھەتتا ئاممىباب پىروزىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا يۈزلەنگەن يازغۇچىنىڭ مەشىق ئەسىرى، دەپ يەكۈن چىقىرىش مۇمكىن.

يازغۇچىنىڭ پۈتۈن ئەسەرگە سىڭگەن زەئىپ مۇھەببىتىنى ۋە ئاجىز تىراگېدىيە ئېڭىنى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ خاراكتېرىگە يىلتىز تارتقان ۋە شۇنىڭدىن ئۇزۇقلانغان دەپ قاراشنىڭ ئاساسى بارمۇ - يوق؟ مېنىڭچە، ئۇنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر ئاساسى ۋە سە-

ۋەب ـ نەتىجىلىك مۇناسىۋىتى بار.

شۈكۈر ـ قانائەت بىلەن بىر خىلدا تىرىكچىلىك ۋە ئىستىقامەت قىلىپ كەلگەن خەلقىمىز مادارا ـ مۇرەسسەچى، ئىتائەتمەن ـ مۇلا-يىم خاراكتېرىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، «فەرھاد ۋە شېرىن»، «تاھىر ۋە زۆھرە»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «غېرىب ۋە سەنەم» گە ئوخشاش تىرا-گېدىيەسى سۈس مۇھەببەت داستانلىرىنى توقۇپ ئۆزىنىڭ كۈنسېرى زەئىپلىشىپ ۋە قۇرغاقلىشىپ كېتىۋاتقان روھىيەت ئالىمىنى بې-زىدى. يۈرەكنى زىلزىلىگە سالىدىغان تىراگېدىيەلەرنىڭ تەسىرىگە بەرداشلىق بېرىشكە كۆنمەي، كۆپلىگەن داستان، قىسسە، چۆچەك-لىرىنىڭ خاتىمىسىگە ھەمىشە كىشىنى مۇئەييەن قانائەت تۇيغۇسى-غا چۆمدۈرىدىغان ئوچۇق ھەم يېقىملىق رەڭ بېرىش، كىشىلەرنى ئاز ـ تولا ئۈمىدلەندۈرۈش ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىگە تەسەللى بې-رىشكە ئادەتلەندى. تاسادىپىي ئوخشىشىپ قالغان بۇنداق ۋەقەلىك قېلىپى خەلقىمىزنىڭ نەچچە ئەسىر جەريانىدا شەكىللەنگەن ئېس-تېتىكىلىق پسىخىكىسىنىڭ «قېلىپى» ئىدى. تەتقىقاتچىلار شۇنى ئېتىراپ قىلىدۇكى، مۇئەييەن تارىخىي شارائىت، تەبىئىي شارائىت ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتتا شەكىللەنگەن مىللىي يوشۇرۇن ئاڭ شۇ مىللەتنىڭ تىراگېدىيە ئېستېتىكىسىنىڭ تىپىنى ۋە ماھىيىتىنى ئاستا ـ ئاستا بەلگىلەيدۇ. ھەتتا شۇ مىللەتنىڭ تىراگېدىيەلىك ئەسەرلىرىدىكى ئەڭ ئاساسلىق ھېكايە سەنئىتىنىڭ ئانا تېمىسىنى ۋە ۋەقەلىك مودېلىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇ بىر خىل مىللىي يوشۇرۇن ئاڭ بولغانلىقتىن، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، يازغۇچىلار-نىڭ ئىجادىيەتلىرىدىمۇ ھەر خىل شەكىلدە ئومۇمىيۈزلۈك ئەكس ئې-تىدۇ. يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «خاسىيەتلىك قار» ناملىق بۇ پوۋېستىدا تىلغا ئېلىنىدىن ئىبارەت بۇ پېرسوناژنىڭ بەختسىز كە-چۈرمىشلىرىنى تاسادىپىيلىقلار ئارقىلىق تۇغدۇرۇشى ۋە بۇ خىل شەخس تىراگېدىيەسىنىڭ يىلتىزىنى كەڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىگە قويالماسلىقى، ئاپتورنىڭ ئەسەردە-

كى ئىدىيەۋى چوڭقۇرلۇق ۋە پاش قىلىش كۈچى جەھەتتىكى ئاجىز-لىقىنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، ئەڭ ئاخىرىدا تىلىمىزدىكى مۇرادىغا يەتكۈزۈشى بىز يۇقىرىدا كۆرسەتكەن مىللىي مەدەنىيەت پىسخىكى-مىزدىكى ئىستېتىكىلىق پىسخىكىمىزنىڭ «قېلىپى» ئىچىدە تەپەككۇر قىلغانلىقى ۋە قەلەم تەۋرەتكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، تىلىمىزدىكى بەختسىزلىكى مانا مۇشۇنداق ئاجىز تىراگېدىيە ئې-گىسىنىڭ ۋە تىراگېدىيە پىسخىكىسىنىڭ مەھسۇلى. شۇنى بىلىش كېرەككى، تىراگېدىيە ئىگىسى ئاجىز خەلق ــ بەختسىز خەلق.

1993 - يىلى سېنتەبىر

# «زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت» كە قوشۇمچە

مەمتىمىن ھوشۇر

يالقۇن روزىنىڭ «خاسىيەتلىك قار» ناملىق پوۋېستىمنى تەھلىل قىلىپ يازغان، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىللىق 12 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت» دېگەن ماقالە-سىنى كۆردۈم. ئەسەر تەھلىل قىلىشنىڭ مۇنداقمۇ ئۇسۇللىرىنىڭ ئىجاد بولغىنىدىن ئانچە خەۋىرىم يوق ئىكەن. ئەدەبىي ئەسەر ھەق-قىدىكى مۇلاھىزىنى ئەمەس، مىللەت ئۈستىدىكى پۈتۈن بىر شىكا-يەتنامىنى ئوقۇپ چىققاندەك بولۇپ قالدىم. مەيلى نېمىلا بولمى-سۇن، كىتابخانلىرىمىز بىزنىڭ ئەسەرلىرىمىز بېسىلغان ژۇرناللار-نى پۇلغا سېتىۋالدۇ ۋە قىممەتلىك ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ ئوقۇپ چىقىدۇ. ئۇلار ئەسەرلىرىمىزگە ياخشى - يامان دەپ باھا بېرىشكە ھەقلىق. ياخشى نىيەتلىك تەنقىدچىلىرىمىز بولسا، ئەدەبىياتىمىزنى توغرا يۆنىلىشكە سېلىشقا باش قاتۇرىدۇكى، باشقا غەرەزدە بولمايدۇ. بىراق «زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت» نىڭ مۇھاكىمە دائىرىسى «خاسىيەتلىك قار» دىن ھالقىپ مىللىتىمىزنىڭ نەچچە يۈز يىللىق مەدەنىيەت تارىخى مەزمۇنىدىكى گەپلەرگە كېتىپ قالغاچقا، بۇ مۇنا-زىرىگە ئۆزۈمنىڭمۇ بىرنەچچە ئېغىز سۆز قوشۇمچە قىلىپ قويغۇم كېلىپ قالدى.

«زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت» نىڭ ئاپتورى ماقالىسىدە مەنسۇر ھەللاجى، جالالىددىن رۇمى، شەمسى تەبرىزى، ئەھمەد يەس-سەۋى، ئەلىشىر نەۋايى دېگەندەك بىرمۇنچە شەرق ئۆلىمالىرىنىڭ

ئىسمىنى قاتار تىزىپ، يەنە لوس بىنىنىنكىت، لاۋرېنىس، بىرناد شاۋ، ئوسكار ۋىلد، فىرانكلىنلاردىن روبىنزون كىروزو، سوقراتقىچە بولغان غەربنىڭ نامدارلىرىنى گوۋاھلىققا تارتىپ، خەلقىمىزنىڭ يېقىنقى بەش ئەسىرلىك تارىخىي سەرگوزەشتىلىرى، مىللەتنىڭ يارىماس ئەخلاق، قىممەت قاراشلىرى، تۇرمۇش ۋە تەپەككۇر شەكلى ... خەتنە توي، نەزىر ـ چىراغ ... ئۆزىنىڭ پەقەتلا خۇشى قالمىغان ساۋاتسىز بوۋىسى بىلەن چىشى قالمىغان مومىسى ... «فەرھاد ۋە شېرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «غېرىب ۋە سەنەم» ۋاھاكازالار ئۇستىدىكى دادلاشلىرىنى يېتەرلىك يېزىپتۇ. بۇ خۇددى بىرنېمىگە جىدلە بولۇپ قورسىقى كۆپۈپ تۇرغان ئادەمنىڭ يوقىلاڭ بىر ئىشنى باھانىلاپ، يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ ياقىسىغا كاپلا قىلىپ ئېسىلىپ، ئۇنىڭ ئانا ـ مانىسىنى قوشۇپ تىللاپ قورسىقىنى بوشىتىۋالغاندەك ئىش بولۇپتۇ. كىشىنىڭ ھەقىقەتەن كۈلكىسى كېلىدۇ. بىر زامانلاردا ئۇرۇمچى دۆڭكۆۋرۈكنىڭ ئەتراپىدا ئاشخانىمۇ ئاشخانا كىرىپ قىزىقچىلىق قىلىپ يۈرىدىغان ئابباس لويى دېيىدىغان بىر ئادەم بولىدىغان، تاغدىن ـ باغدىن ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەپ: «بىر پۇتۇم ئايدا، بىر پۇتۇم لايدا، ھەممىسىنى يامان دېيىسەن، ياخشىسى قايدا؟» دەپ ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ جوزىسىدىن بىر ـ ئىككى رومكا ھاراق ئىچىپ چىقىپ كېتەتتى، شۇ چېغىدىمۇ سورىغان نېمىسىنى بەرمىگەنلەرگە ئانچىۋالا كايىپ كەتمەيتتى.

ئويلىسام، بۇمۇ ئانچە ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەستەك تۇرىدۇ. بىز مۇشۇ بىر دەۋردىكى قەلەمكەشلەرگە ھازىر چىشى قالمىغان بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۆگۈت ـ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سېلىشتىن باشقا يەنە تېخى چىشى چىقمىغان «مومىلىرىمىز» نىڭ تاپا ـ تەنىلىرىگىمۇ چىداشقا توغرا كېلىدىغان بولۇپ قالدى.

گەپنى «زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت» نىڭ ئاپتورى زېرىكمەي ساناپ چىققان مىللەتنىڭ زەئىپلىكلىرى ئۈستىدە يورغىلىتىدىغان بولساق، بۇ كونا زەئىپلىكلەرنىڭ ئۈستىگە ئارتىلىپ يۈك بولۇۋاتقان

مۇنداق يېڭى زەئىپلىكلەرنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.
ئۇ بولسىمۇ، ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ جىمى نەرسىسىنى «يارىمايدۇ» غا چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ شۇلارنىڭ پۇشتى بولۇپ تۇرۇپ قالغىنىغا پۇشايمان قىلىپ، نالە ـ پەرياد چېكىدىغان زەئىپ روھ. مۇنداق روھتىكىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن ۋايساشتىن باشقا ھېچ نەرسە تاپقىلى بولمايدۇ. ئاغزىنى ئاچسىلا مىللەتنى قارغايدۇ؛ تاپا ـ تەنىلەرنى يە-غىشتۇرۇپ قويۇپ، باشقىلار قىلالمىغان ئىشلارنى ئۆزىدىن باشلاپ قىلسىمۇ بولىدىغانلىقىنى، ئۆتكەنكى تارىخلارنىڭ ھېچنېمىسى يا-رىمىسا يېڭىدىن تارىخ يارىتىش مۇمكىنلىكىنى، «بۈگۈن» نىڭ ئۆت-مۈشىنىڭ داۋامى، شۇنداقلا كەلگۈسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولالايدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ.

بىر مىللەتنى ۋەيران قىلىدىغىنى ئۇنىڭ ئۆتمۈشى ئەمەس، بۈ-گۈنى. چۈنكى، ئۆتمۈش ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن نەرسە. بۈگۈن دېمەك — پۇرسەت دېمەك. ئەگەر ئۇنىڭ بۈگۈنىمۇ بىر ـ بىرىگە تەنە قىلىش، پۇتۇپ كەتكەن كونا قاقاچلارنى تاتىلاپ ئولتۇرۇش بىلەنلا ئۆتىدىغان بولسا، ئىستىقبالىنىڭ قاراڭغۇلاشقىنى شۇ!

ھەممە ئەيىبنى ئۆتمۈشكە، ئاتا ـ بوۋىسىغىلا دۆڭگەپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ بۇرچىنى ھېس قىلماسلىق — ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ ئۇلۇغ-لۇقىدىن مەست بولۇپ ئەخمەقلەرچە گىدىيىپ يۈرگەنگە ئوخشاشلا خەتەرلىك. بۇ ئۆزىنىڭ زەئىپلىكىنى پەردازلاپ كۆرسىتىشنىڭ ئىككىنچى بىر خىل ئۇسۇلى. بۇنداقلارنىڭ بەزىلىرى ھازىر زاكى-سىدىن ئايرىلماي تۇرۇپلا قېرىپ ماكچىيىپ كەتكىلى تۇردى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تېخى ھېچبىر ئىش قىلىپ باقمىغانلىقىغا قارىماي جىمى ئادەمگە ئەقىل ئۆگىتىدۇ. كوچەپ چىڭقىلىپ، ئۆزىمۇ تېخى تۈزۈك چۈشىنىپ بولالمىغان «تەلىمات» لارنى باشقىلارغا چۈشەندۈ-رۈپ قويماقچى بولۇشىدۇ. بەزىلىرىنىڭ ئىزا تارتمىسا ھەممىنىڭ ساقىلىغا بىر ـ بىرلەپ ئېسىلىپ گۆلەڭگۈچ ئويناپ باققۇسى كې-لىدۇ. ئۇلار چىشى قالمىغان مومىسىنىڭ پەند ـ نەسىھەتلىرى، توي ـ

توكۇن، نەزىر ـ چىراغ دېگەنلەردىن شۇنچىلىك بىزار، بولسا خەت- نىسىنىمۇ قىلماي، بىلگە قاپاق باغلاپ، ئۇمىد تۇمشۇقىدىن قايتا ئۈزۈپ ئۆتۈپ، ئامېرىكا قىتئەسىنى باشقىدىن ئېچىپ باققۇسى ياكى روبىنزون گىرۇزودەك ئادەمسىز بىر ئارالغا چىقىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ «ئالەمنىڭ مەركىزى، بارلىق قىممەتنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى» ئىد- كەنلىكىنى ئىسپات قىلغۇسى بار ... ئۇلارنىڭ نەزىرىدە كىندىك قېنى توكۇلگەن زېمىننى، يۇرتداشلىرىنى سېغىنىشتىنمۇ ئەخمىقا- نە ئىش يوق. مۇمكىن بولسا، ئاشۇ خىلمۇخىل زەئىپلىكلەر بىلەن جاراھەتلەنگەن ئانىسىنى تاشلاپ، «ئەركىن دۇنيا» غا بىر چىقىۋال- سا، ئۇرۇق ـ تۇغقان، خوتۇن، بالىچاقىلىرى بار تەرەپكە قاراپمۇ قويغۇسى يوق. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى قىسمەنلىرى ھازىر ئۆزى ئارزۇ قىلغان «ئەركىن دۇنيا» سىغا يېتەلمىگەن بولسىمۇ، كۆڭۈل خۇش- لۇقىنى شۇ «مەدەنىيەتلىك» دۇنيانىڭ ئاق تاماكىسىدىن تاپتى، ئۇلارنىڭ چېكىۋېلىپ ئايىغى چىقماس خىياللارغا پېتىپ، «زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت» نىڭ ئاپتورى مەدھىيەلىگەن «دۇنيا بەك- مۇ رەزىل، ئادەم پەقەت ئۆزىنىڭ خىيالىي دۇنياسىدىلا ياشىشى كې- رەك» دېگەن چەككە يەتكىنىگە ئۇزاق بولۇپ قالدى.

ھەربىر مىللەتنىڭ ئۇزاق تارىخ جەريانىدا شەكىللەنگەن مىللىي مەدەنىيىتى، مىللىي روھىدا ساقلاپ قېلىشقا تېگىشلىك ئېسىل جەۋھەرلەرمۇ ۋە تاشلىۋېتىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن داشقاللارمۇ بو- لىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ئۆزى ئەجدادلىرى تۇرغۇزغان بارلىق ئەقىدى- لەردىن بىراقلا ۋاز كېچىدىكەن، ئۇنىڭ يىمىرىلىپ كەتمىكى ھېچ گەپ ئەمەس، مۇنداقلار باشقىلارنىڭ «ئەركىن دۇنيا» سىغا يېتىۋال- سىلا، «پەرق ئېتىش تۇيغۇسىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ» نامرات ئانىسى- نىڭ ۋەيرانە كۆلبىسىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ يۈرۈشتەك «ئەخمەق- لىق» نى ھەرگىز قىلمايدۇ. «ياقا يۇرتتا بولسىمۇ ئەركىن، مۇستە- قىل ياشاشنىڭ ئەۋزەللىكىنى تونۇپ»، يۈزىنى داپتەك قىلىپ ئۆزد- نى باشقا بىر مىللەت دەپ تىزىملىتىۋېلىشتىنمۇ يانمايدۇ. «خاسى-

يەتلىك قار» دىكى ئىدىيە دەل مۇشۇنداق جان باقارلىق زەئىپ روھ-
قا قارشى قويۇلغان. ئەسەر قەھرىمانى ئىلاجسىز ئەھۋالدا، ھاياتلىق
يولى ئىزدەپ چەتكە چىقىپ مەيلى يوقسۇل، مەيلى باي ئەھۋالدا
بولسۇن، تۇغۇلغان زېمىنىنى، يۇرتداش، خوتۇن، بالىچاقىلىرىنى
بىر مىنۇتمۇ ئۇنتۇپ قالمىغان، ۋەتەنگە قايتىپ كېلىشكە كۆزى
يەتمىگەنسېرى ھايات شامى ئۆچۈپ تۈگىشىپ كەتكەن. ۋەتەنگە قاي-
تىش ئۈمىدى پەيدا بولغاندا ھايات شامى قايتىدىن پىلىلداشقا باش-
لىغان ئاددىي بىر پېرسوناژ، بۇ «خاسىيەلىك قار» تورۇپ كەتكەن
تەقدىردىمۇ، ئۆز زېمىنىغا لەيلەپ چۈشۈشنى خالايدۇ. ئۆزى ئېرىپ
سىڭگەن تۇپراقتىن يەنە رەڭمۇرەڭ گۈللەرنىڭ بىخ ئۇرۇپ چىقىشى-
نى ئۈمىد قىلىدۇ ... «خاسىيەتلىك قار» دىكى ۋەقەلەر نەدىمۇ تور-
كىيەدە بولغان ئىش بولسۇن؟ ئۇ ئىشلارنىڭ زادى نەدە يۈز بەرگەن-
لىكىنى سورىسا ئۆزۈممۇ دەپ بېرەلمەيمەن. بۇ بىر خىيالىي توقۇل-
ما، قايىل قىلىش كۈچى يېتەرسىز بولغان ناچار توقۇلما ...

روبىنزون گىروزو ئۆزىنىڭ قەيسەرلىكىنى نامايان قىلغان
سىرلىق ئارالنى بۈگۈنكى كۈندە باشقا يەرلەردىن ئىزدەپ ئاۋارە بو-
لۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئادەم ئايىغى باسمىغان تاغ ــ باياۋان، چەك-
سىز قۇملۇقلىرىمىزدا خىلمۇخىل قىدىرغۇچىلارنىڭ ئەترەتلىرى
كېزىپ يۈرۈپتۇ. خىيالىي بەختىنى ئىزدەپ قاڭقىپ چىقىپ كېتىش
ئەمەس، شۇ زېمىنىنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى، غوجايىنى ئىكەنلىكىنى
تونۇپ، ھاياتىي كۈچىنى مەنىلىك ئىشلارغا بېغىشلاپ، ئۆز ئېلىدە
مەھكەم دەسسەپ تۇرۇشلا بۈگۈنكى كۈندە مەدھىيەلەشكە تېگىشلىك
ئەڭ جاسارەتلىك روھ!

مېنىڭ قەلىمىم ئاستىدىكى پېرسوناژلار ناھايىتى ئاددىي ئادەم-
لەر. ئۇلاردا ئۆز مىللىتىدە مەۋجۇت بولغان ئىللەتلەرنىڭ ھەممىسى
تېپىلىدۇ. بۇ «چەكتىن ئېشىپ ئەخمەقلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ئاق
كۆڭۈل ئادەملەر» نى يەنە مۇھەببەت بىلەن يازغۇم كېلىدۇ. ئۇلارنى
بەزىدە مەدھىيەلەپ، بەزىدە كۈلكە ئاستىغا ئېلىپ، شۇ ئادەملەرنىڭ

ئۆزىگە ئۆزىنى تونۇتقۇم كېلىدۇ. «زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت» نىڭ ئاپتورى تەشەببۇس قىلغاندەك، ھايات ياشاۋاتقان بۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ تارىخىدىن، ئۇرۇق ــ ئەۋلادىدىن قالغان ھەممە زەئىپلىكلەرنى گۇناھ قىلىپ ئارتىپ تىللاپ بېرىش قولۇمدىن زادىلا كەلمەيدۇ. ئۇنىڭسىزمۇ «تىراگېدىيە ئېگىسى ئاجىز بۇ بەختسىز خەلق» نىڭ تارىختا تارتقان ئازاب ــ ئوقۇبەتلىرى يېتىپ ئاشىدۇ. ئادەملىرىمىزگە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بېغىشلاش ئەدەبىياتىمىزنىڭ جىنايىتى ئەمەس، بۇرچى!

ئاڭلىسام، ھېلىقى دۆڭكۆۋرۈكنى چۆرگىلەپ يۈرىدىغان ئاببا س لويى دېگەن كىشى ئانچە ــ مۇنچە بوياقچىلىقمۇ قىلاتتىكەن. لېكىن، ئەدەبىياتتا ــ مەيلى ئەدەبىي ئىجادىيەت، مەيلى ئەدەبىي تەنقىدتە بولسۇن، رەڭۋازلىق ئانچە ئاقمايدۇ!

(بۇ ماقالە «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1994 ــ يىلى 3 ــ سانىدا ئېلان قىلىنغان)

# يەنە «زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت» توغرىسىدا

— سىنىڭ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىڭ چەت ئەللەرگە چىقماسلىقىڭ بىلەن ئىپادىلەنمەيدۇ.

— ئابدۇقادىر داموللام

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ مېنىڭ «زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت» ناملىق تەنقىدىي ماقالەمگە جاۋابەن يېزىپ، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1994 ــ يىلى 3 ــ سانىدا ئېلان قىلغان ««زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت، كە قوشۇمچە» ناملىق ماقالىسى مېنى يەنە قولۇمغا قەلەم ئېلىشقا مەجبۇر قىلدى. مېنىڭ بۇ ماقالىنى يېزىشىم ئەقلىمنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق مەمنۇن بولىدىغان قارشى قۇتۇپنى ئىزدەش ئۈچۈن ئەمەس ياكى مەمتىمىن ھوشۇر ئېيتقاندەك «ئەخمەقلەرچە گىدىيىپ»، «ئۆزلىرىنىڭ ھېچ ئىش قىلىپ باقمىغانلىقىغا قارىماي جىمى ئادەمگە ئەقىل ئۆگىتىش»، «كۆچەپ چىڭقىلىپ، ئۆزىمۇ تېخى تۇزۇك چۈشىنىپ بولالمىغان ‹تەلىمات› لارنى باشقىلارغا چۈشەندۇرۇپ» قويۇش ئۈچۈنمۇ ئەمەس، ياكى «ھەممىنىڭ ساقىلىغا بىر ــ بىرلەپ ئېسىلىپ ئىلەڭگۈچ ئويناپ بېقىش» ئۈچۈنمۇ ئەمەس. توغرا، ياشلار ئادەتتە نېمىلا بولمىسۇن، مەلۇم دەرىجىدە ئەخمەق ۋە نادان بولۇشتەك ئاجىزلىقتىن خالىي بولالمايدۇ. مەنمۇ ئۆزۈمدە شۇنداق ئاجىزلىقنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىمەن، لېكىن مەن ۋىلىيام پىت ئېيتقاندەك «نادانلىق ــ ئەخمەقلىقلىرى ياشلىق باھارى بىلەن تەڭ تۈگەيدىغان كىشىلەر تائىپىسىگە مەنسۇپ بولسام دەيمەن. ھەرگىزمۇ يېشىنىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىغا،

جىق ئىش كۆرگەنلىكىگە قارىماي، يەنىلا بىغەرەز ۋە ئەخمەق ـ نادان پېتى قالىدىغان كىشىلەردىن بولۇشنى خالىمايمەن.» دېمەك، مېنىڭ «زەئىپ روھ» نى چۆرىدەپ كاج مىجەزلىك بىلەن مۇنازىرىلىشىشىم ئۆزۈمگە تولۇق قايىللىق تاپقۇچە ئۆزۈم توغرا دەپ ئىشەنگەن ھەقىقەتنى قوغداش ۋە تەشەببۇس قىلىش ئۈچۈن.

مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ بۇ جاۋاب ماقالىسى مەنتىقلىق زىددىيەتلىرى كۆپ، ئەخلاقىي خاھىشلىرى ناچار، قاراشلىرى ئاددىي، نۇقتىئىنەزەرلىرى مۇجمەل بولۇشتەك تۆت تۈرلۈك ئالاھىدىلىككە ئىگە. مەن مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ خېلىلا كۈچلۈك ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانمايمەن. ئەمما، بۇ ماقالىسىنىڭ سالمىقىغا قاراپ نەزەرىيەۋى تەپەككۇرىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي تۇرالمىدىم. قارىغاندا بۇ يىللاردا بىزگە بىرەر مۇتەپەككۇر يازغۇچى، شائىر نېسىپ بولمايدىغان ئوخشايدۇ. ئەسلىي نەزەرىيەۋى تەپەككۇرىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولۇشى بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ۋە ھاياتىي ئىقتىدارىنى ئۆلچەيدىغان ئەڭ ئالىي ئۆلچەم ئىدى. قېرىشقاندەك دەل مۇشۇ ئىقتىدار بىزدە بوھران ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزدا ئۆزگىچىلىك، چوڭقۇرلۇق، ئىلمىيلىك، كەڭلىك ۋە سىستېمىلىق يوق دېيەرلىك. بىز ھەتتا ئۆزىمىزنىڭ بەزىدە نېمىگە قارشى تۇرۇپ نېمىنى قوللاۋاتقانلىقىمىزنى، نېمىنى توسۇپ نېمىنى تەشەببۇس قىلىۋاتقانلىقىمىزنىمۇ ئېنىق بىلمەيمىز. تەپەككۇر دەلدۈشلۈكى، تەپەككۇر ھۇرۇنلۇقى، تەپەككۇر قاتماللىقى، تەپەككۇر بىر خىللىقى بىزدىكى بىر ئومۇمىي كېسەل، بىز قاتتىق پىكىر قىلىشقا ئادەتلەنمىگەچكە مىللىي ئەقىل قۇرۇلمىمىز بەكمۇ ئاجىز، نەزەرىيەۋى تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىمىز يوق دېيەرلىك. شۇڭلاشقىمۇ بىزدىن يېڭى ئىدىيە تۇغۇلۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا بىز يېڭى ئىدىيەلەرنى قوبۇل قىلغۇدەك مادارغىمۇ يېتەرلىك دەرىجىدە ئىگە بولالمايۋاتىمىز. قىسقىسى، ئەقلىي زەئىپ-

لىنىڭ بىلەن روھىي زەئىپلىكى بىزنىڭ ھاياتلىق سەپىرىدىكى مۇشـ-
كۈلاتلىرىمىزنى تېخىمۇ كۆپەيتىۋېتىپ بارىدۇ ۋە قىيىنلاشتۇرۇۋېـ-
تىپ بارىدۇ.

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر ماقالىسىنىڭ بېشىدىلا «ئەسەر تەھـ-
لىل قىلىشنىڭ مۇنداقمۇ ئۇسۇللىرىنىڭ ئىجاد بولغىنىدىن ئانچە
خەۋىرىم يوق ئىكەن» دەپ يازغان. روشەنكى، بۇ مەنىدىن «ئىجازەت
كىنىشكاڭ بارمۇ ـ يوق؟» دەپ سورىغانلىق. مەن يازغۇچىنىڭ بۇ
مەسىلىدە ئۆزىنىڭ بىلمەسلىكىدىن گۇمانلانماي، مېنى خاتا قىلىپ
قويىۋاتىدۇ، دەپ گۇمانلىنىۋاتقانلىقىغا جاۋابەن «ئەدەبىي تەنقىدشۇ-
ناسلىق» ناملىق كىتابتىكى مۇنۇ بىر ئابزاسنى ئەينەن نەقىل كەلـ-
تۈرۈپ ئۆتەي: «ئەدەبىي تەنقىد بىر خىل ئالاھىدە مەدەنىيەت پائالـ-
يىتى، ئۇ مەدەنىيەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىگە ئېتىبار بەرمىسە بولمايـ-
دۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەدەبىي تەنقىد ئۆزىمۇ مۇقەررەر ھالدا مەدەنىيەت
تەنقىدىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەزى كىشىلەر ئەدەبىي تەنقىد پائالـ-
يىتىنى ‹ئەدەبىياتقا كىرىش›، ۋە ‹ئەدەبىياتتىن چىقىش›، دەپ ئىككـ-
گە بۆلۈپ پەرقلەندۈرىدۇ. ‹ئەدەبىياتقا كىرىش›، دېگەندە ئەدەبىياتنىڭ
ئۆزىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ ھەم ئەدەبىياتـ-
نىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكى ۋە ئېستېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى قاتار-
لىقلارنى تەكىتلەيدۇ. ‹ئەدەبىياتتىن چىقىش›، دېگەندە ئەدەبىياتنىڭ
ھەر خىل تاشقى ئالاھىدىلىكلىرى نەزەرگە ئېلىنىپ، ئەدەبىي تەنـ-
قىدنىڭ پەلسەپە، سوتسىئولوگىيە، سىياسىيشۇناسلىق، ئېتىكا،
مىللەتشۇناسلىق، پسىخولوگىيە، تارىخشۇناسلىق، ئېتنوگرافىيە،
مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى، ھەتتا تەبىئىي پەن قاتارلىقلار بىلەن
بولغان ئىلمىي باغلىنىشىنى تەكىتلەيدۇ. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتـ-
قاندا، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن تەكشۈرىدۇ ۋە
تەتقىق قىلىدۇ.» بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مېنىڭ يازغۇچى
مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «خاسىيەتلىك قار» ناملىق پوۋېستىنى «مىلـ-
لىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئىقتىدارىنى ۋە مىللىي مەدەنىيەت پسىخـ-

كىمىزنىڭ ساپاسىنى» تەنقىدلەش نۇقتىسىدىن باھالىشىم تامامەن يوللۇق. قاملاشتۇرالمىغان بولسام بۇ باشقا گەپ. مەن ئۆز نوۋىتىدە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈشۈم زۆرۈركى، مېنىڭ «خاسىيەتلىك قار» نى بۇ نۇقتىدىن باھالىشىم، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ روھىدىكى كېسەللىك ئالامەتلىرى ۋە بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ بىزنىڭ نوۋەتتىكى رېئاللىقىمىزغا «ماسلىشالماسلىق» ھادىسىسى ئۈستىدە چامىمنىڭ يېتىشىچە تەنقىد يۈرگۈزۈشۈمنىڭ ۋە ئويلىنىش ئېلىپ بېرىشىمنىڭ مۇقەددىمىسى ھېسابلىنىدۇ.

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر ئۆز ماقالىسىدە يەنە مېنىڭ ماقالەمنى «ئەدەبىي ئەسەر ھەققىدىكى مۇلاھىزىنى ئەمەس، مىللەت ئۈستىدىكى پۈتۈن بىر شىكايەتنامىنى ئوقۇپ چىققاندەك بولۇپ قالدىم» دەپ تەنقىدلىگەن. يازغۇچىنىڭ بۇ مەسىلىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ قاتمال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ تەنقىدىي پىكرى ماڭا پەخىرلىنىش ھېسسىياتى ئاتا قىلدى. چۈنكى، مېنىڭ نەزىرىمدە كىمىنىڭ تۇيغۇسى ئەڭ كۈچلۈك، مىللەتكە بولغان مۇھەببىتى ئەڭ چوڭقۇر، رېئاللىق ھەققىدىكى چۈشەنچىسى ئەڭ تېرەن، ئېتىقاد ۋە ئەقىدىسى، شۇنداقلا مىللىي مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى ئەڭ كۈچلۈك، ياخشى-چاقلىق، مادارا ـ مۇرەسسەچىلىك بىلەن قىلچە خوشى يوق كىشىلەرلا تەنقىدىي روھقا باي تەپەككۇر ئادىتىگە ئىگە بولىدۇ ياكى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا «شىكايەتچى» كېلىدۇ. بىز ئابدۇخالىق ئۇيغۇردىن نېمىشقا شۇنچە سۆيۈنىمىز، چۈنكى ئۇ ئۆچىغا چىققان «شىكايەتچى» شائىر ـ دە!

توغرا، مىللىتىمىزنىڭ تارىختىكى سەلتەنەتلىك يۈرۈشلىرىدىن، پارلاق مەدەنىيەت سەمەرىلىرىدىن ۋە ئېسىل ئەنئەنىلىرىدىن پەخىرلىنىش بىز ئۈچۈن ھەق. لېكىن، مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيىتى، روھىيىتى ۋە ئىجتىمائىي پىسخىكىسىدىكى زەئىپلىكلىرى، تارىخ سەھنىسىدىكى خاتالىقلىرى ئۈستىدە تەنقىدىي مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش، يۈرگۈزگەندىمۇ سىپايىلىك بىلەن ئەمەس، رەھىمسىزلىك

بىلەن يۇرگۈزۈش بىز ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر. «ھايات ياشاۋاتقان بۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ تارىخىدىن، ئۇرۇق ـ ئەۋلادىدىن قالغان ھەممە زەئىپلىكلىرىنى گۇناھ قىلىپ ئارتىپ تىللاپ بېرىش قولۇمدىن زادىلا كەلمەيدۇ» دەپ يۇمشاق كۆڭۈللۈك قىلساق ياكى ياخشىچاقلىق قىلساق، گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولىمىز. خۇددى تاگور ئېيتقاندەك «ئەگەر سەن بارلىق خاتالىقلىرىڭغا نىسبەتەن ئىشىكنى چىڭ يېپىۋالىدىغان بولساڭ، ئۇنداقتا ھەقىقەتمۇ ساڭا ئىشىكنى يېپىۋالىدۇ.» بىزنىڭ كۆپچىلىك قەلەمكەشلىرىمىز ئادەتتە «ئۇيغۇرلار تارىخى ئۇزۇن، باتۇر، ئەمگەكچان، ئەقىل ـ پاراسەتلىك مىللەت» دەپ ماختىنىشنى، «گۈزەل تاشقورغان»، «گۈزەل قەشقەر»، «گۈزەل تۇرپان»، «گۈزەل ئۈرۈمچى»، «گۈزەل بورتالا»، «گۈزەل غۇلجا» دەپ زېرىكمەي مەدھىيە ئوقۇشنى ئۆزلىرىگە ئادەت قىلغان. بىز قاچانغىچە مەدھىيە شەكلىدىكى تەپەككۇر قېلىپىدىن قۇتۇلالايمىز، نېمىشقا مىللىتىمىزنىڭ زەئىپلىكلىرى، رەزىللىكلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە پېتىنالايمىز، نېمىشقا چىلى شائىرى پابلو نېرۇدادەك «بىز جىنايەتلىك بىر مىللەتنىڭ تارىخىغا ۋارىسلىق قىلىۋاتىمىز» دەپ يۈرەكلىك ئېيتالايمىز؟! شۇنى بىلىش لازىمكى، كىرىزىس تۇيغۇسى كۈچلۈك ئادەملەرنىڭ غايىسىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. بۇ خىل تۇيغۇغا ۋە قاراشقا ئىگە ئادەملەر ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىدىن بىر نامراتلىقنىڭ ھەسرىتىنى چېكىدۇ ھەمدە شۇ ھەسرەت، ئۆكۈنۈش ۋە ئەندىشىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئويلىنىش ئېلىپ بارىدۇ. ئوكتاۋئىو پاز ئېيتقاندەك «ئويلىنىش ئالدى بىلەن تەنقىدنىڭ كۆز نۇرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش دېگەننى بىلدۈرىدۇ.» ئەلۋەتتە ھەرقانداق بىر مىللەت ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ھاسىل قىلغان قىممىتى بىلەن غۇرۇرلىنىپ ياشايدۇ. ئۇنىڭ ئۆتمۈشتىكى سەلتەنەتلىك مەدەنىيىتى ۋە غالىبانە يۈرۈشلىرى شۇ مىللەتنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ مىللىي قىممىتىگە مىسلىسىز مەغرۇرلۇق تۇيسىنى قوشىدۇ.

بىزنىڭ مىللىي قىممەت تۇيغۇمىزنى ئاشۇرۇپ، ئىپتىخار ئېڭىمىزنى كۈچەيتىدىغان يىراق ئۆتمۈشىمىز بىلەن بىزنى ئۆكۈنۈش، ھەسرەت، پۇشايمان تۇيغۇسىغا غەرق قىلىدىغان يېقىنقى بەش ئەسىرلىك تارىخىمىز مىللىتىمىز تارىخىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىدىن ئىبارەت. بۈگۈنكى كۈندە بىز باشقا مىللەتلەرنىڭ مىللىي قىممىتىنىڭ ھەر جەھەتتىن ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىغا، بىزنىڭ مىللىي قىممەت تۇيغۇمىزنىڭ قاتتىق خورلۇققا ئۇچراۋاتقانلىقىغا قايسى نۇقتىدىن قاراشنى بىلمەيۋاتىمىز. بۇ تېما بىزنىڭ تەپەككۇر بوشلۇقىمىزغا تېخى ئومۇمىيۈزلۈك سىڭىپ كىرگىنى يوق. بىزنىڭ ئەندىشە ئېڭىمىز تېخى يېتەرلىك ئەمەس. بىز يۇلتۇزىمىزنىڭ بارغانچە پەسلەۋاتقان ياكى ئېگىزلەۋاتقانلىقىغا ئىنچىكىرەك نەزەر سېلىپ باقايلى. بىز تەنقىد ئېڭىمىزنى كۈچەيتىدىغان بولساق، مىللىتىمىزنىڭ روھىيەت ئارخىپىدىن نۇرغۇن يىپ ئۇچىغا ئىگە بولالايمىز. خامۇشلارچە لاپ ئېتىپ ياشاۋەرسەك، ئەخمەقلەرچە ماختىنىۋەرسەك ياكى ياخشىچاقلىق قىلىپ قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق مەدھىيەلەۋەرسەك پاجىئەنىڭ پاتقىقىغا تېخىمۇ چوڭقۇر پېتىپ قېلىشىمىز تۇرغانلا گەپ. ھەممىگە ئايانكى، ھەربىر ۋىجدان ئىگىسىنىڭ ئۆز مىللىتىگە بولغان مۇھەببىتى توسۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىدىكى قۇدرەتلىك روھ. مېنىڭچە، مىللەت قەلبىنىڭ تارتىش كۈچى يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچىدىن قۇدرەتلىك. لېكىن، شۇ نەرسە ئېسىمىزدە بولۇش لازىمكى، ھەقىقەت بەزىلەرنىڭ شوئارى، بەزىلەرنىڭ بولسا نىشانى.

مېنىڭ ماقالەمنى «ئەدەبىي ئەسەر ھەققىدىكى مۇلاھىزىنى ئەمەس، مىللەت ئۈستىدىكى پۈتۈن بىر شىكايەتنامىنى ئوقۇپ چىققاندەك بولۇپ قالدىم» دەپ تەنقىدلىگەن يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر ئۆزىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ئۈستىدە توختىلىپ «مېنىڭ قەلىمىم ئاستىدىكى پېرسوناژلار ناھايىتى ئاددىي ئادەملەر، ئۇلاردا ئۆز مىللىتىدە مەۋجۇت بولغان ئىللەتلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ» دەپ

يازغان. مېنى «مىللەتنىڭ زەئىپلىكلىرىنى زېرىكمەي ساناپ چىققان» دەپ ئەيىبلىگەن بۇ يازغۇچى ئۆزىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى پېرسوناژلىرىدا مىللىتىمىزدىكى مەۋجۇت ئىللەتلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىدىغانلىقىدىن ماختانغان. روشەنكى، بۇ يازغۇچىنىڭ ماقالىسىدە كەتكۈزۈپ قويغان بىر مەنتىقلىق زىددىيەت. يازغۇچىنىڭ بۇ يەردە كەتكۈزۈپ قويغان يەنە بىر سەۋەنلىكى شۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ پېرسوناژلىرى ئۈستىدە ئەمەلىيەتتىن ھالقىغان دەرىجىدە يوغان گەپ قىلىشۋەتكەن. ئەگەر مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى پېرسوناژلاردا «مىللىتىمىزدە مەۋجۇت ئىللەتلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ» غان بولسا بۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن كارامەت زور ئىش ھېسابلانغان بولاتتى. مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى پېرسوناژلار «ئېچىلىش داستىخىنىم» دېسە ھەممە نازۇنېمەت تەل بولىدىغان خاسىيەتلىك داستىخاندەك، مىللىتىمىزدىكى مەۋجۇت ھەممە ئىللەت تېپىلىدىغان خاسىيەتلىك پېرسوناژلار ئەمەس. بۇ پېرسوناژلاردىن پەقەت مىللىتىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا مەۋجۇت بولغان بىر قىسىم ئىللەتلەرنى تاپقىلى بولىدىغانلىقى راست.

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر مەن ماقالەمدە ئىسمىنى ئاتاپ ئۆتكەن ۋە سۆزلىرىنى نەقىل ئالغان شەرق - غەرب مەدەنىيەت تارىخىدىكى مەشھۇر مۇتەپەككۇرلارنى «زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت» نىڭ ئاپتورى ئۆز ماقالىسىدە ... بىرمۇنچە شەرق ئۆلىمالىرىنىڭ ئىسمىنى قاتار تىزىپ ... غەربنىڭ نامدارلىرىنى گۇۋاھلىققا تارتىپ ... مىللەت ... ئۈستىدىكى دادلاشلىرىنى يېتەرلىك يېزىپتۇ» دەپ رەنجىگەن. مەن يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ بۇنچىلىك ئەقەللىي مەسىلىلەردىمۇ بىلمەس بولۇۋالغانلىقىغا قاراپ مېنىڭ تەنقىدىي ماقالەم يازغۇچىغا بەكمۇ سوغۇق كەپتۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم. ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىدە بولمىغان ياكى كەم بولغان نەرسىلەرنى ئۆزىدىن باشقا بىر مىللىي مەدەنىيەتنىڭ خەزىنىسىدىن قوبۇل قىلىدىغانلىقى ھەممىگە ئايانغۇ. ئۇلۇغ شائىر نەۋايى فەرھاد-

نى نېمە ئۈچۈن غاردا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان سوقراتنىڭ ئالدىغا ئاپىرىدۇ؟ بۇ ئاز ـ تولا مەدەنىيەت ئېڭى بار كىشىلەرگە چۈشىنىش-لىك ئاددىي ھەقىقەت ئەمەسمۇ؟ ئۆزى ئۈستىدىكى تەنقىدكە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن چوقۇم تەتۈرلۈك قىلىش كېرەكمۇ ـ يە؟ ئەدەبىي تەنقىدنى «چىشى چىقمىغان مومىلىرىمىزنىڭ تاپا ـ تەنىلىرى» دەپ مەسخىرە قىلغان يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «يازغۇچى — تەن-قىدچى — كىتابخان» دىن ئىبارەت بۇ ئۈچ تەرەپنىڭ ئاجرالماس بىر پۈتۈن سىستېما مۇناسىۋىتى ھەققىدە يېتەرلىك ئىدىيەۋى تەيى-يارلىقى يوق ئىكەن. يازغۇچى، شائىرلار تەنقىدچىنىڭ چىشىنىڭ بار ـ يوقلۇقىغا ئەمەس، يازغان ماقالىسىنىڭ داۋلىسىنىڭ بار ـ يوقلۇقىغا قارىشى كېرەك. ھە دېسە يېشىنىڭ چوڭلۇقىنى، قىلغان ـ ئەتكىنى ۋە كۆرگەن ـ بىلگىنىنىڭ كۆپلۈكىنى پەش قىلىپ، نوپۇ-زىنى پوپوزا قىلىپ جان بېقىپ ئادەتلىنىپ قالغان بەزى كىشىلەر شۇنى بىلىشى كېرەككى، ساقىلىنى چوڭ كۆرسىتىپ پەش قىلىش-نىڭ، قىزىل بويىۋېلىپ ئادەم قورقىتىشنىڭ ئىلمىي ساھەدە بازىرى كاسات. ئادەتتە بىزنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىك قەلەمكەشلىرىمىز مەد-ھىيە بىلەن تەنقىدنىڭ نېمىلىكىنى، پاسسىپ ھۆرمەت بىلەن ئۇ-مىدۋار تەنقىدنىڭ پەرقىنى ئاجراتمايدۇ. ماختىسىلا خۇشاللىق بىلەن قارشى ئېلىۋېرىدۇ. بىز ماختاپ قويسا خۇش بولۇۋېرىدىغان ھاما-قەتلىكتىن، تەنقىدلەپ قويسا چىچاڭشىپ كېتىدىغان تەنتەكلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۆزىمىزدە ئاز ـ تولا دېموكراتىك ئىستىلنى ۋە ئىلمىي ئاڭنى يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك. ماختىسىلا خۇشال بولۇۋې-رىش، ماھىيەتتە دېموكراتىنىڭ «چوشقا يۇندىدا يۇيۇنۇشنى بەخت، ھۇزۇر دەپ بىلىدۇ» دەپ ئېيتقىنىدەك بىر ئىش. ئەلۋەتتە، چوشقا ئالدىدا تۇرغان يۇندىنىڭ كۇمۇشتەك پارقىراپ، ئىسسىق ھور چىد-قىپ تۇرغان ھالىتىنىلا كۆرەلەيدۇ، ئۇنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە پاس-كىنا ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا، تاما سىڭگەن ماختاش بىلەن ئۈمىد سىڭگەن تەنقىدنى چۈشىنىش بىزدىن پەرق

تۆيغۇمىزنىڭ ئۆتكۈررەك بولۇشىنى، قىممەت ئۆلچىمىمىزنىڭ ئۆزگىچىرەك بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

دەرۋەقە «پۇتاقچى» تەنقىدچىلەر يوق بولسا قەلىمىنىڭ ئەيىبىنى ئاران يېپىپ، ساددا كىتابخانلارنى كولدۇرلىتىپ كۈن ئېلىۋاتقان بەزى بىچارە يازغۇچى، شائىرلارنىڭ قولىقى تىنچىپ، كۆڭلى ۋاقىتىنچە ئارام تاپىدۇ. لېكىن، بۇ بەكمۇ ئۆمرى كوتا ئەسەرلەرنىڭ تۆكمە بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئېكولو-گىيەسىنى نورمالسىز ئاقىۋەتكە مۇپتىلا قىلىدۇ، خالاس. بىزنىڭ بىر قىسىم يازغۇچى، شائىرلىرىمىز تەپەككۇر بېغىدا مېۋىنىڭ تا-يىنى يوق، قاشانى ئېگىز قوپۇرۇپ، مۇداپىئەنى پۇختا كۆرۈشنىڭ غېمىنى كۆپ يەيدۇ. ئەدەبىي تەنقىد ئۆزگە تەمەننا قويىدىغان بەزى يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنىڭ ئەسەبىي مەغرۇرلۇقىدىن بىر بوشلۇق-نى ئېچىپ قويۇۋىدى، ئۇلار ھايال ئۆتمەيلا ئۆزىنىڭ ئېغىر - بې-سىق، تەمكىن سالاپىتىنى ئۇنتۇپ قايناپ كەتتى. لېكىن، ھەممە كىشى باشقىلار كۆزىنىڭ ئېقىنى كۆرسىتىپ قاتتىقراق ۋارقىراپ قويسىلا ئۆزى توغرا، دەپ ئىشىنىپ كېلىۋاتقان قاراشلىرىدىن ۋاز كېچىشكە تەييار تۇرىدىغان ئىرادە كۈچى ئاجىزلاردىن ئەمەس - تە. ئۆزىگە تولۇق قايىللىق ئىزدەپ تاپىمىغۇچە تەشەببۇسىدىن ۋاز كەچ-مەيدىغان، مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارى بار كىشىلەرمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە كىشىلەر باشقىلارنىڭ دىتىغا ئانچە يېقىپ كەتمىسىمۇ، لېكىن بۇنداق كىشى-لەرسىز بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەتتى زاۋاللىقتىن قۇتۇلالىشى مۇم-كىن ئەمەس. تەيۋەنلىك مەشھۇر خەنزۇ ئالىم بەي ياڭ «رەزىل جۇڭ-گولۇقلار» ناملىق كىتابىدا «مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارى بولمىغان ئادەمدە پەرق ئېتىش ئىقتىدارى كەم بولىدۇ. ھەممە ئىشتا ئۇچۇق بولمايدۇ. ھەق - ناھەقنى ئايرىمايدۇ. ئۆلچەم بولمايدۇ. شۇڭا جۇڭگونىڭ بۇگۈنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى مە-دەنىيەتتىن ئىزدەش كېرەك» دەپ ئېيتقان.

تەنقىدتىن قورقۇش پىسخىكىسى ماھىيەتتە يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلدۈرسە، يەنە بىر جەھەتتىن، قەدىر ـ قىممەت چۈشەنچىسىنىڭ قاتماللىقىنى، ئىلمىي پوزىتسىيەسىنىڭ كەملىكىنى بىلدۈرىدۇ. بىر مۇنەۋۋەر يازغۇچى ئادەتتە تەنقىدچى ۋە كىتابخانلارنىڭ باھاسىغا ئارتۇقچە پىسەنت قىلىپ كەتمەيدۇ. ئۆزىنىڭ ئىچكى ئۆلچىمىنى ئاساس قىلىپ دائىمىي ھالەتتىن ھالقىپ ئۆتۈش كويىدا بولىدۇ. تەتقىقاتچىلار مۇنەۋۋەر يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتىدە ئادەتتە دائىمىي ھالەتتىن ھالقىپ ئۆتۈش، ئالدىدىكىلەردىن ھالقىپ ئۆتۈش، ئۆزىدىن ھالقىپ ئۆتۈشتىن ئىبارەت ئۈچ ئالاھىدىلىك ئىپادىلەنگەن بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ھەرقانداق بۆسۈش ماداراچىلىققا، كونا تەرتىپلەرگە قارشى تۇرىدۇ. ماداراچىلىق ئېڭى كۈچلۈك يازغۇچى ھامان ئۆزىدىن قانائەت ھاسىل قىلىشتەك قاتمال ھالەتتە تۇرغان بولىدۇ. ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنىڭ باھاسىنى، كىتابخانلارنىڭ رايىنى ئالىي ئۆلچەم قىلىۋالىدۇ.

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر ماقالىسىدە يەنە ئىلمىي پوزىتسىيە جەھەتتە چاكىنىلىققا يول قويۇۋاتقانلىقى بىلەن ھېسابلاشماي، تەنقىدچىگە بولغان ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن «ئابباس لويى چېغىدىمۇ سورىغان نېمىسىنى بەرمىگەنلەرگە ئانچىۋالا كايىپ كەتمەيتتى» دەپ، ماڭا ئابباس لويىدىن ئۆگىنىشىم ھەققىدە نەسىھەت قىلىدۇ. ئەمما لوگىكىلىق پىكىر قىلىشى پۇختا بولمىغان يازغۇچى ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدا «ئاڭلىسام، ھېلىقى دۆڭكۆۋرۈكنى چۆرگىلەپ يۈرىدىغان ئابباس لويى دېگەن كىشى ئانچە ـ مۇنچە بوياقچىلىقمۇ قىلاتتىكەن. لېكىن، ئەدەبىياتتا مەيلى ئەدەبىي ئىجادىيەتتە، مەيلى ئەدەبىي تەنقىدكە بولسۇن، رەڭۋازلىق ئانچە ئاقمايدۇ!» دەپ ئابباس لويىدىن ئۆگەنمەسلىكىمنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. بۇنداق ئۆزى ئۆگىنىش ئۆلگىسى تىكلەپ بېرىپ، ئۆزى يىقىتىۋېتىش ئۇسۇلى يازغۇچىنىڭ تەپەككۇرىنىڭ كاۋاك ھەم زىددىيەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ لوگىكىلىق پىكىر قىلىشىنىڭ ئىزچىل ئەمەسلىكى، ھە دېگەندىلا گەپنى قايىنامدىن باشلاپ سايرام-دىن چىقىپ كېتىدىغانلىقى بۇ قىسقا ماقالىسىنىڭ ھەربىر ئابزا-سىدا دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، يازغۇچى ماقالىسىنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكىدە گەپنى قەلەم تۇتقانلاردىن باشلاپ ئاخىرىدا «ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قىسمەنلىرى ھازىر ئۆزى ئارزۇ قىلغان ‹ئەر-كىن دۇنيا›، سىغا يېتەلمىگەن بولسىمۇ، كۆڭۈل خۇشلۇقىنى شۇ ‹مەدەنىيەتلىك› دۇنيانىڭ ئاق تاماكىسىدىن تاپتى» دەپ تاماملايدۇ. يەنە بىر بۆلىكىدە دەسلەپ ئۆزىنىڭ «خاسىيەتلىك قار» ناملىق ئە-سىرىنى، ئەسىرىگە سىڭدۈرگەن ئىدىيەۋى مەزمۇنىنى، ئۆزى تۇجۇ-پىلەپ ياراتقان پېرسوناژىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان تەلەپپۇزدا پە-كىر بايان قىلىپ، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ جان تىكىپ قوغداۋاتقان ئە-سىرىنى «بۇ بىر خىيالىي توقۇلما، قايىل قىلىش كۈچى يېتەرسىز بولغان ناچار توقۇلما» دەپ بىراقلا ئىنكار قىلىدۇ.

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر ماقالىسىدە بىزگە ئۆزىنىڭ ۋەتەن قارىشى، تارىخ قارىشى، ئەنئەنە قارىشى، مىللەت قارىشى، ئەدەبىيات قارىشى، ھايات قارىشى، ئەدەبىي تەنقىد قارىشى ۋە تىراگېدىيە قارد-شىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ. مەن يازغۇچىنىڭ بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدى-كى قارىشى ئۈستىدە ئازراق توختىلىپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىم.

يازغۇچى ماقالىسىدە «خىيالىي بەختنى ئىزدەپ قاڭقىپ چىقىپ كېتىش ئەمەس، شۇ زېمىننىڭ ھەقىقىي ئىگىسى، غوجايىنى ئىكەن-لىكىنى تونۇپ، ھاياتىي كۈچىنى مەنىلىك ئىشلارغا بېغىشلاپ، ئۆز ئېلىدە مەھكەم دەسسەپ تۇرۇشلا بۇگۈنكى كۈندە مەدەنىيەلەشكە تې-گىشلىك ئەڭ جاسارەتلىك روھ!» دەپ يازىدۇ. بۇ خىل ۋەتەن قارىشى بىزگە ناھايىتى تونۇش بولۇپ، بۇنىڭ مىللىي مەدەنىيەت پىسخىكى-مىزدىكى يىلتىزى ناھايىتى چوڭقۇر. خەلقىمىز «ئۆزگە ئەلدە سۇل-تان بولغۇچە، ئۆز ئېلىڭدە ئۇلتاڭ بول» دەپ ئېيتقان. شائىر تې-يىپجان ئېلىيېفمۇ «ئۆزگە ئەلدە شاھى تون ئىچرە قورۇنغان تەنلە-

رىم، ئۆز ئېلىمدە يايرىغاي كىيىسەم كۇلاھۇ جەندە مەن» دەپ يازغان. مانا بۇ، بىزنىڭ مىللىتىمىزنىڭ ۋەتەن ھەققىدىكى ئېتىقادىنىڭ نېگىزلىك مەزمۇنى. لېكىن، ئېتىقادنىڭ مەزمۇنى قېتىپ قالغان نەرسە ئەمەس. ئەگەر ئېتىقاد ۋە ئەقىدە ئىرادە تەرىپىدىن قانچە قوغدالسا سۇبيېكت ئۆزىنى شۇنچە مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ ۋە سەپسەتىگە شۇنچە يول قويىدۇ. ئوبيېكتىپ پاكىتلار ۋەجىدىن ئېتىقاد قانچە ئىنكار قىلىنسا سۇبيېكت ھەقىقەتكە شۇنچە يول ئاچىدۇ. بىزنىڭ ۋەتەن ھەققىدىكى ئەنئەنىۋى ئېتىقادىمىزنىڭ مەزمۇنى نۆۋەتتە ئوبيېكتىپ پاكىتلار ۋەجىدىن ئىنكار قىلىنىۋاتىدۇ. بىز بۇ رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. بۈگۈنكى دۇنيادا ۋەتەنگە بولغان ئېتىقاد كىندىك قېنى تۆكۈلگەن زېمىندا بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدا كۆرمىڭ مۇسۇلمانىنىڭ بىرى بولۇپ ياشاشتا ئەمەس. «خاسىيەتلىك قار» دىكى تىلىۋالدىدەك ۋەتەنگە بولغان قۇرۇق مۇھەببەت بىلەن ھاياتىنى لاي سۇدەك مەنىسىز ئۆتكۈزۈپ «ئۇلتاڭ» بولۇپ ياشاش ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. بۇ خىل ياشاشنىڭ مۇشكۈلىيرى يوق. ئۆزگە خاس ئەھمىيىتى، ماھىيىتى ۋە مەقسىتى بولمىغان ھايات، خاسلىق قىممىتى ۋە تەشەببۇسكارلىق روھى يوق، رىزقىدىن تاشقىرى ئىشتىھانى بىلمەي قارىغۇلارچە ئۈمىدۋارلىق ۋە نادانلارچە قانائەتچانلىق ئىچىدە ياشاش ئۇسۇلى مېنىڭچە ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. بىزنىڭ ۋەتەن ھەققىدىكى ئەنئەنىۋى چۈشەنچىمىزنى ئەڭ ئىپتىدائىي، ھەتتا ئەڭ نادان ھالەتتە دېيىشكە بولىدۇ. بىز ۋەتەننى «كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن زېمىن» دەپلا چۈشىنىمىز. بىلىشىمىز كېرەككى، بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ۋەتەن ئۆز مەنىسىنى ئىزدەۋاتقان ئۇقۇم.

بىز ۋەتەن ھەققىدىكى ئەنئەنىۋى ئېتىقادىمىزنىڭ مەزمۇنىنى يېڭىلاپ ئۇنى بېيىتمايدىغان بولساق، پۇشايماندىن باشقىغا ئېرىشەلمەيمىز. بىزنىڭ ئەنئەنىگە ئىتائەتمەن بولۇشتەك ئاجىز پسىخىكىمىز دائىمىي ھالەتتىن ھالقىپ ئۆتۈشىمىزگە ئاسانلىقچە مۇمە-

كىنچىلىك بەرمەيدۇ. شۇڭمۇ بىزنىڭ بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ بەدىئىي تەرەققىياتى بىر قەدەر رەڭدار بولسىمۇ، لېكىن تەپەككۇر تەرەققىياتى بىر تۈز سىزىقتىن ئىبارەت. تارىخنىڭ ئىسترېلكىسى 21 ـ ئەسىرنى كۆرسىتىپ تۇرسىمۇ، بىز تەپەككۇرىمىزدا يېڭى سەكرەش، ئىدىيەمىزدە يېڭى بۆرۈلۈش ياساپ بېقىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى ھېس قىلىپ يەتمەيۋاتىمىز. ئىدىيە، قىممەت قاراش ۋە ھەرىكىتىمىز يەنىلا ۋاقتى ئۆتكەن كونا پەدىدىن ئىبارەت. بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز كىشىلەرنىڭ ھايات ھەققىدىكى چۈشەنچىسىدە قانچىلىك ئۆزگىرىش ياسىيالىدى؟ ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشىغا قانچىلىك تەسىر كۆرسىتەلىدى؟ بىرەر يازغۇچى، شائىر بىرەر يېڭى ئىدىيەنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كىشىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى قىممەت قاراشلىرىدىن گۇمانلىنىشقا مەجبۇر قىلالىدىمۇ؟ بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا كۆتۈرۈپ چىققان ئىدىيەسىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن كىشىلەرنى گاڭگىرىتىپ قويغان، تالاش ـ تارتىشقا سالغان، مۇنازىرىگە سەۋەب بولغان ئەسەرلەردىن، كىتابخانلىرىمىزنىڭ قوبۇل قىلىشىدىن ھالقىپ كەتكەن ئىدىيەلەر بىلەن تويۇنغان ئەسەرلەردىن نەچچىسى بار؟! گەرچە «گۈللەر ھەر باھاردا ئېچىلسىمۇ، لېكىن يەنىلا شۇ كونا پۇراق!» (ئورفات). بىزنىڭ تەپەككۇرىمىز قاچانمۇ شىددەت بىلەن داۋالغۇپ تۇرىدىغان، ساھىللارغا زەرب بىلەن ئۇرۇلىدىغان بولار؟! فېيېرباخ «ھاياتىڭدىكى ئەڭ چوڭ خاتالىقىڭ — ئەزەلدىن ئادەت بولۇپ قالغان قائىدىلەرگە چېقىلمىغانلىقىڭ ۋە جىنايەت ئۆتكۈزمىگەنلىكىڭدۇر ...» دېمىگەنمىدى؟ بىزنىڭ بىر قىسىم مويسىپىت قەلەمكەشلىرىمىز مۇتەپەككۇرانە قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ، پوپلارنىڭ تەلەپپۇزىدا بەزى تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، چوقۇنۇش پىسخىكىسى ئېغىر، مەدەنىيەت سەۋىيەسى ئادەتتىكىچە كىتابخانلارنى ھاياجانغا سالسىمۇ، لېكىن ئېيتىۋاتقىنى يەنىلا ھەممىگە تونۇش بولغان «ئەنئەنە ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىش كېرەك»، «ئەدەبىياتنى خەلققە يۈزلەندۈرۈش كېرەك»، «بىزنىڭ ئەدەبى-

يات تارىخىمىزدا مۇنداق نادىر ئۆلگىلەر بار» دېگەندەك كونا مۇقام-
دىن ئىبارەت. بىز ئالدىمىزدىكىلەر ياراتقان پەللىنى تەكرارلاۋې-
رىشتىن نېمىشقا زېرىكىش ھېس قىلمايمىز؟ بىز ئىلگىرىكىلەر
سىزىپ قويغان سىزىقتىن ھالقىپ ئۆتەلمىسەك، خۇددى قەشقەرنىڭ
ئۆستەڭبويى كوچىسىدا ياشاپ ئۆتكەن، كېتىۋاتقان يولىدا بىر-ېر
توغرا سىزىلغان سىزىقنى كۆرسە ئۆتۈشكە پېتىنالماستىن كەينىگە
قايتىپ كېتىدىغان «ئاخۇنۇم سىزىق» ئىسىملىك كىشىگە ئوخشاپ
قالمايمىزمۇ؟

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر ماقالىسىدە ئۆزىنىڭ تارىخ قارىشى-
دىن ئۈچۈر بېرىپ «ئۆتكەنكى تارىخنىڭ ھېچنېمىسى يارىمىسا، يې-
ڭىدىن تارىخ يارىتىش مۇمكىن»، «بۈگۈن ئۆتمۈشنىڭ داۋامى،
شۇنداقلا كەلگۈسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى»، «بىر مىللەتنى ۋەيران
قىلىدىغىنى ئۇنىڭ ئۆتمۈشى ئەمەس بۈگۈنى. چۈنكى ئۆتمۈش ئۆتۈپ
كەتكەن نەرسە. بۈگۈن دېمەك — پۇرسەت دېمەك» دەپ يازىدۇ. مانا
بۇ، يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ پەلسەپىۋى مەنىدىن خالىي بول-
غان تارىخ قارىشى. ئەگەر بىزنىڭ تارىخ قارىشىمىز مۇشۇنداق يۈزە،
ئۆلۈك، بىر تەرەپلىمە بولىدىغان بولسا، يەنە قانداقمۇ مىللىي مەدە-
نىيىتىمىز ۋە مىللىي روھىيىتىمىزدىكى زەنجىرسىمان مەنىۋى
ئىزچىللىقنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز؟ ئۆتمۈش ئۆتۈپ كەتكەن نەرسە
دېيىش تارىخ ئۆلگەن نەرسە دېگەنلىك ئەمەسمۇ؟ گەرچە تارىخ زامان
جەھەتتە قايتىلانماس بولسىمۇ، لېكىن تارىخنىڭ روھى تىنىم تاپ-
ماستۇر. «بۈگۈن ئۆتمۈشنىڭ داۋامى، كەلگۈسىنىڭ باشلىنىش نۇق-
تىسى» دېگەن قاراش نوقۇل مەنىدە پەقەت تارىخنىڭ ئاددىي تەرتى-
پىنىلا كۆرسەتمەيدۇ. بىز بۇنىڭغا نەزەرىيەۋى يۈكسەكلىك نۇقتى-
سىدىن قارايدىغان بولساق «بۈگۈن» نىڭ ھېكمەتكە باي «جاھاننەما»
ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. يەنى «بۈگۈن» نى تۇغقان ئۆتمۈشنىڭ زادى
قانداق كەچمىشلەر بىلەن تولغانلىقىنى، كەلگۈسىمىزگە قانداق
خەۋپ يوشۇرۇنغانلىقىنى ئېنىق كۆرەلەيمىز. ئەگەر «ئۆتمۈش ئۆتۈپ

كەتكەن نەرسە» دەپ، تارىخقا بىپەرۋالىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولساق پارلاق يېڭى تارىخ يارىتىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس! بىز تارىخنىڭ بىپايان چۆللىرىدە تېنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرگەن ئەجداد روھىنىڭ كۆلەڭگىسىنى كۆرمەي تۇرۇپ «بۇگۇن» نىڭ تارىخنىڭ «كۆز يېشى» ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيمىز. ئۇزاق تارىخنىڭ چەكسىز ئۇپۇقىدىكى قېتىپ قالغان «قان دېغى» نى كۆرمەي تۇرۇپ، قەلبىمىزنىڭ پىنھان بۇلۇڭلىرىدىكى ئۆكسۈشنى ھېس قىلالمايمىز. گەرچە يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «ئۆتمۈش ئۆتۈپ كەتكەن نەرسە. بۇگۇن دېمەك ــ پۇرسەت دېمەك» دېگەن سۆزلىرى ناھايىتى دادىل تەلەپپۇزدا، ئۈمىدۋار ئاھاڭدا، جەڭگىۋار روھتا ئېيتىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن مەزمۇنى مۇكەممەل بولمىغان بۇنداق دەبدەبىلىك بايان قۇرۇق شوئاردىن ئىبارەت، خالاس.

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر ماقالىسىدە يەنە «ھايات ياشاۋاتقان بۇ قېرىنداشلىرىمىنىڭ ئۇستىگە ئۇلارنىڭ تارىخىدىن، ئۇزۇق ـ ئەۋلادىدىن قالغان ھەممە زەئىپلىكلەرنى گۇناھ قىلىپ ئارتىپ تىللاپ بېرىش قولۇمدىن زادىلا كەلمەيدۇ. ئۇنىڭسىزمۇ ‹تىراگېدىيە ئېڭى ئاجىز بۇ بەختسىز خەلق› نىڭ تارىختا تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى يېتىپ ئاشىدۇ. ئادەملىرىمىزگە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بېغىشلاش ئەدەبىياتىمىزنىڭ جىنايىتى ئەمەس، بۇرچى!» دەپ يازىدۇ. مانا بۇ تۇرمۇشقا، رېئاللىققا سەمىمىي مۇئامىلە قىلىدىغان (ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ باھاسى) يازغۇچىنىڭ ئەدەبىيات ۋە تىراگېدىيە قارىشى. تىراگېدىيەنى كىشىلەرگە ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك ئاتا قىلىدۇ، دەپ تونۇش ماھىيەتتە بىزنىڭ تىراگېدىيە ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزنىڭ چوڭقۇر ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەگەر ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئازاب ئېڭىنى ئىپادىلەش، تىراگېدىيەلىك چىنلىقنى يېزىش «ئادەملىرىمىزگە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ» بېغىشلىيالمايدۇ، دەپ قارايدىغان بولساق، ئۆزىمىزنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى نامراتلىقىمىزنى، روھىي جەھەتتىكى زەئىپلىكىمىزنى بەكمۇ بىچارىلەرچە شە-

كىلدە ئىپتىراپ قىلغان بولىمىز. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، غەرب ئېستېتىكا تارىخىدا ئارىستوتېلدىن كېيىن تىراگېدىيەنى سەنئەتنىڭ ئەڭ ئالىي شەكلى دەپ قاراش بىر ئەنئەنىگە ئايلانغان (ئەلۋەتتە بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان «تىراگېدىيە» مۇستەقىل تىياتىر شەكلى بولغان تىراگېدىيەنى ئەمەس، بەلكى ئېستېتىكىلىق كاتېگورىيە بولغان تىراگېدىيەنى كۆرسىتىدۇ). بىز ئىجادىيەتتە سەل قارايدىغان چۈشكۈنلۈك ئېڭىمۇ رېئال چىنلىقنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپ تۇرغان بىر خىل ئېستېتىكىلىق پەلسەپۋى ئاڭ. بىز غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان كافكانىڭ هايات قارىشىنىڭ يادروسى دەل ئۈمىدسىزلىك بىلەن تولغان چۈشكۈنلۈك ئېڭى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك. كافكا: «بالزاك هاسىسىغا ‹مەن هاياتتىكى هەربىر توسالغۇنى بىتچىت قىلىپ ماڭدىم› دەپ يېزىۋالغان بولسا، مەن قالپىقىمنىڭ ئىچىگە ‹هاياتتىكى هەربىر توسالغۇ مېنى بىتچىت قىلىپ كەلدى› دەپ يېزىۋالدىم» دېگەن. بۇ بىزنىڭ هايات ۋە سەنئەت هەققىدىكى چۈشەنچىمىزنىڭ نامراتلىقىنى ياندىن يورۇتۇپ بېرىدىغان ئاددىي مىسال.

تىراگېدىيە — كىشىلىك هاياتتىكى قىممىتى بار نەرسىلەرنىڭ ۋەيران قىلىنغانلىقىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش دېمەكتۇر، دېگەن قاراش تىراگېدىيە هەققىدىكى كىلاسسىك تەبىرلەرنىڭ بىرى. قەلبىمىزگە تەسەللى بېرىپ كېلىۋاتقان قەدىردان يازغۇچىمىز زۇنۇن قادىرنىڭ بىر قىسىم دراما ۋە هېكايىلىرىنىڭ بىزنى شۇنچىلىك مەپتۇن قىلىشىدىكى سىر دەل بىزگە غۇنچەم، باقىلارنىڭ هاياتىنى، ياشلىقىنى، بەختىنى، كىشىلىك هوقۇقىنى ۋەيران قىلىپ كۆرسىتىپ، بىزنىڭ رېئاللىقنىڭ پەردازسىز چىنلىقىدىن هوزۇرلىنىش بەختىگە مۇيەسسەر قىلالىغانلىقىدا، مىللىي تىراگېدىيە ئېڭىنى ئۆز ئەسىرىنىڭ ۋە پېرسوناژلىرىنىڭ ئۇگە — ئۇگىلىرىگە سىڭدۇرۇپ ئىپادىلىگەنلىكىدە ئىدى. بىزنىڭ باشقا يازغۇچىلىرىمىز زۇنۇن قادىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن يارىتىپ بەرگەن بۇ قىممەتلىك ئەن-

ئەنىگە قانچىلىك ۋارىسلىق قىلالىدى؟ شۇنى يوشۇرماستىن ئېيتىش كېرەككى، بىزنىڭ كۆپچىلىك يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا بۇنداق ساپ تىراگېدىيە ئېڭى كەمچىل بولغاچقا، ئۇلار رېئاللىقتا بەختىنى تاپالمىغان، مۇرادىغا يېتەلمىگەنلەرنى ئەسەرلىرىدە بەختكە ئېرىشتۈرۈپ، مۇرادىغا يەتكۈزۈپ يازدى. ئۆزلىرىچە بۇنى «كىشىلەرگە ئۈمىد بېغىشلاش» دەپ چىرايلىق سۆپەتلەشتى. يازغۇچى مەمتىمىن هوشۇرنىڭ «خاسىيەتلىك قار» نامىلىق ئەسىرىنىڭ ئۆزىنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، ئاپتور ئەسىرىدە ئەسلىدىلا هالاك بولغان نەرسىنى، يەنى تىلىۋالدىنىڭ ئەركىنلىكى، بەختى ۋە كىشىلىك هوقۇقىنى كىتابخانلارغا پەردازلاپ ساختىلىق بىلەن كۆرسەتكەن. بىزنىڭچە ئىجتىمائىي قاباهەتنى جاسارەت بىلەن ئېچىپ تاشلاش، ئۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان پاجىئە، هالاكەت، ۋەيرانچىلىق ۋە بەختسىزلىكلەرنى ياساپ ـ تاراپ، شەرق مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيا ـ ئەگلىكلىرى بىلەن پەردازلاپ ئولتۇرماستىنلا ئەينەن ئىپادىلەش تىراگېدىيەلىك تېرەنلىكنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئەگەر «خاسىيەتلىك قار» دىكى ۋەقەلىكنى راۋاجلاندۇرىدىغان هەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ تاسادىپىي هادىسىلەر ياكى پېرسوناژنىڭ پائالىيىتى بولماستىن، بەلكى جەمئىيەتنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرى بولغان بولسىدى، جەمئىيەتنىڭ ماهىيىتى، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەرلىكى جانلىق ئېچىپ بېرىلىپ، چوڭقۇر تىراگېدىيەلىك مەنە هاسىل قىلىنغان بولاتتى. ئەپسۇسكى، كىتابخانلارغا «ئىشەنچ ۋە ئۈمىد ئاتا قىلىشقا» بېرىلىپ كەتكەن يازغۇچى ئەينى يىللاردىكى رېئال تۇرمۇشنىڭ مەنتىقىسىگە خىلاپ هالدا، چىنلىقتىن ئايرىلغان هالدا هاياتنى پەردازلاپ «تەگرىدىن ... ئۆلسەممۇ ئاشۇ كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن شۇ تۇپراقتا يېتىپ ئۆلەي» دەپ تىلەيدىغان، ئەمما ئۆزىنى «تەقدىر بورىنىنىڭ ئاشۇ قىممەتلىك» نەرسىلىرىدىن «ئايرىپ، قانداق قىلىپ شۇنچە يىراق يەرلەرگە تاشلىۋەتكىنىنى زادى ئويلاپ يېتەلمەي» دىغان بىر هاماقەت پېرسوناژنى مۇرادىغا يەتكۈزۈپ، ئۆز قىسسىسىنى زەپەر تەنتەنىسى

بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان. بىز بۇ يەردە تىلىۋالدىدىن ئىبارەت بۇ زەئىپ روھقا ئىگە ئادەمنى تىلىكىگە يەتكۈزگەن قۇدرەت ئىگىسىنىڭ تىلىۋالدى ئىلتىجا قىلغان «تەڭرى» ئەمەس، بەلكى «دىدار غەنىيمەت» لىكنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرىمىز. بۇ خىل «دىدار غەنىيمەت» لىكنى ئۆزىگە بەلگە قىلىش تۇپەيلى بۇ ئەسەر يوشۇرۇش ۋە ئالداش سازلىقىغا پېتىپ، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىلا ئاجىز بولغان تىراگېدىيەلىك قىممىتىنى تېخىمۇ سۇسلاشتۇرۇپ، ئەقەللىي بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچىدىنمۇ مەھرۇم قالغان. ئەسەرنى تىراگېدىيەلىك ئامىللار بىلەن باشلاپ، زەپەر تەنتەنىسى بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇش ئۇسۇلى ئادەتتە «مۇقام ئايىغلاشقانچە شادىيانىگە چىلىش» دەپ ئاتىلىدۇ. مۇنداق «مۇقام ئاياغلاشقانچە شادىيانىگە چىلىش» ئەمەلىيەتتە يالغانچىلىقتىن، ئۆز ـ ئۆزىنى ئالداشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. «خاسىيەتلىك قار» دەل مۇشۇنداق ئاخىرلاشتۇرۇلۇپ ئىجتىمائىي قاباھەت پەردازلانغانلىقى تۇپەيلى، تىراگېدىيەلىك خۇسۇسىيىتى رېئال ئاساسىدىن، ئىجتىمائىي تەنقىدىي ئەھمىيىتىدىن ۋە ئېستېتىكىلىق جەلپكارلىقىدىن مەھرۇم قىلىنغان. شۇڭا، مەن تىلىۋالدىنىڭ بەختسىز كەچۈرمىشلىرى تىراگېدىيەلىك قىممەت ھاسىل قىلالمايدۇ، دەپ قارايمەن. بۇ دېگەنلىك باش پېرسوناژ چوقۇم ھاياتىنى ئۆلۈم بىلەن توگەتكەن بولۇشى كېرەك، دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ سەرسانلىق، بەختسىزلىك، غۇربەتلىك، ھەسرەتلىك، مەھرۇملۇق بىلەن تولغان كەچۈرمىشمۇ بىزگە ھاياتىكى ئىنتايىن قىممەتلىك نەرسىلەرنىڭ ھالاك قىلىنغانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ بۇ ئەسىرىنىڭ ئۆزى ئېيتقاندەك «قايىل قىلىش كۈچى يېتەرسىز بولغان ناچار توقۇلما» بولۇشىدىكى تۈپ سەۋەب ئەسەردە چىنلىقتىن ئىبارەت ئوكسىگېنىنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىدا ۋە يازغۇچىنىڭ تىراگېدىيە ئېڭىنىڭ چوڭقۇر بولمىغانلىقىدا. شۇ نەرسە ئايانكى، تىراگېدىيە ئېڭى ئاجىز يازغۇچى

مەڭگۈ ئۇلۇغ نەرسە يارىتالمايدۇ. بىلىشىمىز كېرەككى، تىراگېدىيەلىك ھەرگىزمۇ ئۇمىدسىزلىك ۋە چۈشكۈنلۈك بىلەن تەڭداش ئۇقۇم ئەمەس، بەلكى ئۇ «ئىنسانىيەتنىڭ ھەقىقەتنى ئىزدەش يولىدىكى مۇتلەق ئىرادىسىدە ئىپادىلىنىدۇ» (كارىل ياسپېرس).

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر ماقالىسىدە «ھايات ياشاۋاتقان بىر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ تارىخىدىن، ئۇرۇق - ئەۋلادىدىن قالغان ھەممە زەئىپلىكلەرنى گۇناھ قىلىپ ئارتىپ تىللاپ بېرىش قولۇمدىن زادىلا كەلمەيدۇ. ئۇنىڭسىزمۇ «تىراگېدىيە ئېڭى ئاجىز بۇ بەختسىز خەلق، نىڭ تارىختا تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرى يېتىپ ئاشىدۇ» دەپ يازىدۇ. مېنىڭچە، ئازابىنى كۆپ تارتقانلىق ھەرگىزمۇ «ئازاب ئېڭى» غا ئېرىشكەنلىككە باراۋەر ئەمەس. خەلقىمىزنىڭ «ئازاب ئېڭى» نى ھەرگىزمۇ يېتەرلىك دېگىلى بولمايدۇ. تارىختىكى ئازابلىرىمىزنىڭ ئوبيېكتىپ سەۋەبلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىش، كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجتىمائىي ئاقىۋەتلىرىنى چوڭقۇر ھېس قىلىش، شۇنىڭدەك تارىختىكى ئاشۇ ئازابلىرىمىزنىڭ تەكرارلانماسلىقى ۋە داۋاملاشماسلىقى ئۈچۈن بىزدە ئىنتايىن چوڭقۇر «ئازاب ئېڭى» يېتىلگەن بولۇشى كېرەك. ھازىرقى مەسىلە بىزنىڭ «ئازاب ئېڭى» نىڭ ئالاھىدىلىكىنى، مەزمۇنىنى ۋە شەكىللىنىش سەۋەبىنى چۈشەنمىگەنلىكىمىزدە. شۇنىسى ئېنىق بولسۇنكى، «ئازاب ئېڭى» ئاڭنىڭ ئالاھىدە بىر خىل ھادىسىسى. ئۇ ئىنتايىن چوڭقۇر بولغان خاس پەلسەپىۋى مەزمۇنغا ئىگە، ئۇ پسىخولوگىيەدىكى ئازابلىنىش كەيپىياتىغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، «ئازاب ئېڭى» ئادەمنىڭ قېنىدا ئېقىپ تۇرغان بىر خىل ھاياتىي كۈچ، بىر خىل مەنىۋى سۈپەت، بىر خىل قوزغاتقۇچ ئېنېرگىيە. تەربىيەلىنىشى ئەتراپلىق، جەمئىيەت ھەقىقىدىكى چۈشەنچىسى مول، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك كىشىلەرنىڭ «ئازاب ئېڭى» غا ئېرىشىشى ئەڭ بالدۇر، ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ ئۇزاق بولىدۇ.

«ئازاب ئېڭى» ئادەمنىڭ ئۆز ـ ئۆزىدىن ھالقىش، مەنىۋى جە-
ھەتتىن تاكامۇللىشىش، ئۆز ـ ئۆزىنى ئىپادىلىشىنىڭ بىر مۇھىم
مەنىۋى قورالى. شۇڭا، مەن مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «ئادەملىرىمىزگە
ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بېغىشلاش ئەدەبىياتىمىزنىڭ جىنايىتى ئەمەس،
بۇرچى!» دەپ ئېيتقان خىتابىغا قارىمۇقارشى ھالدا «ئادەملىرىمىزدە
‹ئازاب ئېڭى› نى يېتىلدۇرۇش ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇقەددەس بۇر-
چى!» دەپ جار سالىمەن.

1994 ـ يىلى ماي

# تېنەپ يۈرگەن ئاسىي روھ

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۇپۇق سىزىقىدا مىللىي قاننى ئۆركەشلىتىدىغان زەڭگەر نۇر توچكىلىرى پات - پات، بەزىدە خىرە، بەزىدە روشەن چاقناپ، دوزاخ ئوتىدەك قىپقىزىل رېشاتكىلار بىلەن قورشالغان ۋە كۆڭۈلنى ئايىنىتىدىغان ھاۋا بىلەن قاپلانغان بۇ بوشلۇقتا، ئۈمىد يالقۇنىدا ئۆرتىنىپ، كەينى - كەينىدىن كۈل بولۇپ كېتىۋاتقان بەختسىز، چۈشكۈن ھاياتقا ئاندا - ساندا ئۈمىد ئاتا قىلماقتا. زۇلمەت قوينىدا زەڭگەر نۇر چاقنىتىپ، قاغجىرىغان تىنىقلارغا ھاياتلىق ئۈمىدى بېغىشلايدىغان بۇ مۆجىزىنى پەقەت ئازابلىنىش بەختىگە مۇيەسسەر بولغان ئاسىي قەلب ئىگىلىرىلا ياراتالايدۇ. دەل ئاشۇلار بىز ئۇچراتساقمۇ، لېكىن تونۇيالماي قېلىۋاتقان خىزىرلاردۇر.

بىز مەدەنىيەت ئېڭىمىزنىڭ ئاجىزلىقى، پەرق ئېتىش ئىقتىدارىمىزنىڭ خۇنۇكلۇكى، ھەق - ناھەق تۇيغۇمىزنىڭ تۇنجۇقۇپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن، يالاق يالاپ سەمرىگەن قىزىل يۈزلۈك، ۋىجدانى پۇچەك، ساختا شۆھرەت تونى ئىچىدە سولىشىپ كەتكەن روھسىز گەۋدىسىنى جېنىنىڭ بارىچە سەلتەنەتلىك كۆرسىتىپ يۈرگەن «ئەۋلىيا ئەزەم» لەرنى پەخرىمىز دەپ بىلىۋاتىمىز، شۇڭلاشقىمۇ مىڭ يىللىق شېئىرىيەت تارىخىغا ئىگە بۇ تۇپراقنىڭ ھۆرلۈك ئەنئەنىسىگە نامراتلىقى ۋە ھاياتىي كۈچى، ئېستېتىك تۇيغۇسى كەمچىل شېئىرلارنىڭ سامانىدەك كۆپلۈكى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

تالانتلىق ياش يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» نىڭ 1991 - يىلى 16 - مارت سانىدا ئېلان قىلغان «شائىر» ناملىق ھېكايىسى ئارقىلىق مىللىي ئاڭ قۇرۇلمىمىزدىكى نازۇك

نېرۋىنغا ئۆتكۈر بىر قورۇق يىگىنە سانجىغان. بۇ ھېكايىنىڭ مەزمۇ-
نىغا سىڭگەن پەلسەپىۋىلىك بىلەن تىراگېدىيەلىك ھېكايىنىڭ ئۆ-
زىدىن ئېشىپ چۈشكەن. ئەختەم ئۆمەرنىڭ بۇ ھېكايىسىدە، چېخوف-
نىڭ ھېكايىلىرىدەك كۈندىلىك تۇرمۇش پاجىئەسى ئەكس ئەتتۇ-
رۇلگەن ئەمەس، بەلكى تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە پاجىئە ئەكس ئەت-
تۇرۇلگەن. ھېكايىدە ئالاھىدە مۇھىتتىكى قارشىلىق روھىغا باي
بىر بەختسىز شائىرنىڭ مەنىۋى ھاياتى ئىپادىلەنگەن. بۇ بەختسىز
شائىرنىڭ يۈرىكىگە بىر خىل قارشىلىقنىڭ يالقۇنى يوشۇرۇنغان
بولۇپ، كۈلپەتلىك تەقدىرگە قارشى چىقىشتەك ئىدىيەۋى كەيپىيات
بىلەن تولغان. ئەسەردىكى مەنىۋى مەنزىرە چەكسىز. ئىنسانىي غۇ-
رۇرى دەھشەتلىك خورلۇققا ۋە چىدىغۇسىز زىيانكەشلىككە ئۇچرى-
غان بۇ شائىرنىڭ گۈزەل ئارزۇلارنى پايخان قىلىدىغان بۇ رەزىل ھا-
ياتتىن پۈتۈنلەي ئىخلاسى قايتقان بولۇپ، ئۇنىڭ قەلبى گويا ئازاب
خالتىسى. شائىرنى ئوراپ تۇرغان ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ ئازاب-
ئوقۇبەتلىرى ئاللىبۇرۇن بىزنىڭ چۈشىنىشىمىزدىن ھالقىپ كەت-
كەن. بۇنى شائىرنىڭ ئويغاق قەلبى چۈشىنىپ، كۆرۈپ يەتكەن.
چۈنكى، ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايلاردىكى زەھەرلىك تەبەس-
سۇملارنى، قىسماق كۆزلەردىكى شۇملۇقلارنى، رەڭدار ۋۇۋىسكىلار-
نىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان رەزىل ئويۇنلارنى ئېنىق كۆرەتتى. ئۇ-
نىڭ ئارزۇ ـ ئىستىكى ۋە ياشاش ئىرادىسى بىلەن رېئاللىق ئوتتۇ-
رىسىدىكى كېلىشتۈرۈپ بولمايدىغان توقۇنۇش ئۇنى ئادەتتىن تاش-
قىرى ئازابلىغان ۋە يېتىمسىرەتكەن. ئەگەر بىر پەرىشتە كاتىپ بو-
لۇپ، كېچە ـ كۈندۈز توختىماي يازغان ھالەتتىمۇ، بۇ بەختسىز،
ئەمما ۋىجدانلىق شائىرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىكى خورلىنىش،
ئازاب، ئۈمىد، ئىسيان، ۋاز كېچىش ۋە ئەركىنلىك تۈيغۇلىرىنى
يېزىپ بولالىشى ناتايىن، چۈنكى ئۇ شەخسنىڭ ئۇيۇق سىزىقىدىن
ھالقىپ، مىللەتنىڭ ئۇيۇق سىزىقى ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرگەن شا-
ئىر بولۇپ، بىر پۈتۈن خەلقنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنىڭ كىچىكلىتىل-

گەن ھالىتى، شۇڭا كەسىپدىشى بولغان «ئەۋلىيا ئەزەم» ئاتالغان شائىر ئۇنىڭدىن ئۆلگۈدەك قورقىدۇ ھەم ئۇنى ئۇچ كۆرىدۇ، چۈنكى «ئەۋلىيا ئەزەم» نىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى نامەردلىك بىلەن تولغان بولۇپ، ھاياتى ئۆز ۋىجدانىغا مۇخالىپ يول تۇتۇش بىلەن ئۆتكەن. ئۇنىڭ بىلىش ۋە چۈشىنىش دائىرىسى ماددىي موھتاجلىقتىن ھالقىپ كېتەلمىگەن. ئۇ، خورلۇقنى لەززەت، قارشىلىقنى ئەخمەقلىق، مەنىۋى مۇستەقىللىقنى ئارتۇقچە دەپ بىلىدۇ. شائىر ئابدۇخالىقنىڭ ئىلھامىنى بوغۇپ تۇنجۇقتۇرۇۋاتقان دوزاخ ئوتىدەك قىزىل رېشاتكىلار «ئەۋلىيا ئەزەم» نىڭ كۆزىگە چوكا ئالتۇندەك كۆرۈنىدۇ. ئۇ مەنىۋى جەھەتتە مۇستەقىل ياشاشنىڭ قانچىلىك ھۇزۇرلۇق ئىكەنلىكىنى مەڭگۈ ھېس قىلىپ يېتەلمەيدۇ. شۇڭا، ئۇ ئىسمى بار، جىسمى يوق، سايىسى بار، نۇرى يوق، مەنىۋى دۇنياسى پالەچ، جانسىز مەخلۇق. ئۇ پۈتۈن زېھنىنى قەسىدىچىلىك شېئىرىيىتىگە بېغىشلاش ئارقىلىق، تاپان يالاپ، ساختا شەرەپ قوچۇپ «ئەۋلىيا» بولغان. كارل ماركسنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ «شېئىرىي گۈل ـ غۇنچىلىرى بىلەن سۆز ـ ئىبارىلىرىنىڭ يوشۇرۇشى ئاستىدا خەلقنى ساتقان». كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان يېرى شۇكى، دەل شۇ خەلق ئۆزىنىڭ پەرق تۇيغۇسىنىڭ خۇنۇكلۇكى تۈپەيلى، ئۇنىڭ ئەۋلىيالىقىغا ئىشەنگەن. مانا بۇ بارلىق بەختسىزلىكىمىزنىڭ نېگىزى.

ئەختەم ئۆمەرنىڭ «ئەۋلىيا ئەزەم» گە تۇتقان پوزىتسىيەسىگە يوشۇرۇن كىنايە ۋە مەسخىرە سىڭدۈرۈلگەن. يازغۇچى كىشىلەر ھېيىقىدىغان بۇ «ئەۋلىيا ئەزەم» نىڭ سەلتەنەتلىك پۈركەنجىسىنى يىرتىپ تاشلاپ، رەسۋاسىنى چىقارمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى بىچارە ھالىتىنى روشەن كۆرسىتىپ بەرگەن. يازغۇچى «ئەۋلىيا ئەزەم» بىلەن شائىر ئابدۇخالىقنىڭ ئۆتكۈر دىيالوگلىرى ئارقىلىق مەلۇم پەلسەپىۋى داۋالارنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئابدۇخالىق قارلىق دالادا تېنەپ يۈرگەن بولۇپ، ئۆزىنىڭ ھايا-

تىنى پايانسىز قارلىق دالاغا غەرق قىلىۋېتىشنى ئويلايدۇ. گېزى كەلگەندە ئۆلۈۋېلىش ئاجىزلىق ئەمەس، بەلكى ئۇمۇ بىر خىل قار-شىلىق. ھەركىمنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ئۇسۇلى ئوخشاش بول-مايدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھاياتنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن سۆيىدى-غان كىشىلەرلا ئۆز غايىسىدىكى ئەركىن ھايات ئىچىدە ياشاش ئىم-كانىيىتىگە ئېرىشەلمىگەندە ئۆلۈمنى تاللايدۇ. ئۇ چەكسىز نەپرەت ئىچىدە قارلىق دالاغا قېنى بىلەن شېئىر يازىدۇ. بۇنى شائىرنىڭ مەيۈس كۆڭلى ۋە بۇرۇقتۇرمىلىق ھەققىدىكى قايغۇلۇق شىكايىتىنى ئىپادىلەيدىغان يالقۇنلۇق «ئازاب ناخشىسى» دېيىش مۇمكىن. ئازاب — ۋىجدانلىق قەلب ئىگىلىرىلا ئېرىشەلەيدىغان ئالاھىدە بەخت. «ئەۋ-لىيا ئەزەم» بۇ خىل پەۋقۇلئاددە بەختكە مەڭگۈ ئېرىشەلمەيدۇ. شۇ-ڭا، ئۇ قارلىق دالادا تېنەپ يۈرگەن شائىرغا «ساڭا يامانلىق قىلغى-نىمنى بىلمەيمەن. لېكىن، سەن مېنى مەرەزنى كۆرگەندىنمۇ يامان كۆرىسەن» دەپ يېلىنىدۇ. ھاياتتىن ئىخلاسى قايتىپ «ئۆلۈم ۋاگو-نى» غا چىققان شائىر ئۇنىڭغا مەردلىك ناخشىسى بىلەن جاۋاب بې-رىدۇ. سىز بۇ ناخشىنى ناپولېئون ۋەتىنىنى بېسىۋالغان يىللىرى مىللى-لىي نومۇسقا چىدىماي ئۆلۈۋالغان گېرمانىيە شائىرى كلائىستىنىڭ:

ئەنسىرىمەڭلار نامەردلەر،
ئۇستۇڭلاردىن كۈلمەيمەن.
دۇنيا بىلەن خوشلاشتىم،
ئەمدى ھەرگىز كەلمەيمەن.

دېگەن يالقۇنلۇق ناخشىسى بىلەن ئوخشاش ئەمەس دېيەلەمسىز؟! «شائىر» ناملىق بۇ ھېكايە مۇڭ ۋە غەم بىلەن تولغان بولسىمۇ، بىراق مۇڭ ئىچىدە تىرىلىش كۈيلىرى، غەمكىنلىك ئىچىدە ئۈمىد نۇرلىرى چاقناپ تۇرىدۇ.

1991 – يىلى ئاپرېل

# مۇتلەقلەشتۈرۈش ۋە مۇجمەللەشتۈرۈش

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ 90 ـ يىللارغا خاس يېڭى سۈپەت قاتلىمى-نى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى دۇنياۋى ئەدەبىياتنىڭ قىممەت يۆزلىنى-شىگە ئىگە قىلىش نەزەرىيەۋى تەپەككۇرغا باي، بەدىئىي سېزىمى ئۆتكۈر، كىرىزىس تۇيغۇسى كۈچلۈك، ئازاب ئېڭى چوڭقۇر، مۇ-رەسسەسىز روھقا ۋە تەخىرسىز ھېسسىياتقا ئىگە يېپيېڭى بىر ئە-دەبىياتچىلار قوشۇنىنىڭ بولۇشىنى جىددىي تەقەززا قىلىدۇ. بىز يېقىنقى بىرقانچە يىللىق ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە كۆرۈل-گەن بەزى ئالامەتلەردىن مۇشۇنداق بىر ئەدەبىياتچىلار قوشۇنىنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى سەزدۇق. ساپ سەنئەت قىممىتىگە ئىگە يېڭىچە ئېستېتىكىلىق پرىنسىپلار ئاندا ـ ساندا باش كۆتۈرۈپ ئۆزىنىڭ ئۈمىدلىك جىلۋىسىنى نامايان قىلدى. ئەمما، بۇ تېخى ناھايىتى سۇس بىر تەبەسسۇم، خالاس. تېخى نوقۇل قېزىش ۋە ساددا، تېيىز خىياللاردىن تۇغۇلغان، ئۆزىدە خاس قىممەتنى ھازىرلاپ ئۈلگۈرمى-گەن خام تۇغۇندىلار ئەھمىيەتتىن خالىي مەۋجۇتلۇقى بىلەن مەتبۇ-ئات يۈزىدە يېيىلىپ تۇرماقتا. ئەلۋەتتە، ھەرقانداق قىممەتكە ۋە ئەھمىيەتكە ئىگە نەرسە نىسپىيلىكتىن خالىي بولالمايدۇ، قىممەت قارىشىنىڭ ئۆزگىرىپ، يېڭىلىنىپ تۇرۇشى قانۇنىيەتلىك تەبىئىي جەريان.

سىدىقھاجى روزىنىڭ «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1992 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىكى «گۈلشەن» بېتىگە بېسىلغان «كىلاسسىك ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىيات ئەنئەنىسى» ناملىق مۇلاھىزە ماقالىسى ئەدە-بىيات ـ سەنئەت نەزەرىيە تەتقىقاتى ساھەسىدىكى ئەنە شۇنداق بىر خام تۇغۇندى. مەن بۇ ماقالىنى ئوقۇپ، مۇئەللىپنىڭ پرىنسىپال

ئىلمىي خاتالىقلارغا كۆپلەپ يول قويغانلىقىنى، بىر تەرەپلىمە، مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىلگەن ۋە مۇجمەللەشتۈرۈۋېتىلگەن قاراشلارنىڭ خېلىلا نۇرغۇنلۇقىنى ھېس قىلدىم. شۇڭا مەن ئۆزۈم توغرا دەپ ئىشەنگەن بەزى چۈشەنچىلىرىمنى سىدىقھاجى روزىنىڭ قاراشلىرى بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ كۆرۈشنى لايىق تاپتىم. مۇنازىرىدە ئوبيېكتىنى شەرت قىلماي مۇمكىن بولمىغاچقا، مۇلاھىزىنى كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلىش پۇرسىتى بولماي قالدى.

سىدىقھاجى ماقالىسىنى «ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىنلا كىلاسسىك ئەدەبىيات بىلەن يۈز كۆرۈشتۇق» دەپ باشلايدۇ. بۇ بىر خاتا چۈشەنچە. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى بەدىئىي تەپەككۇرى كۈچلۈك خەلقىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئېستېتىكىلىق ھاياتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇنى ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردە ياشاپ ئۆتكەن ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ياراتقان، ھەربىر بوغۇن ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن بوغۇنلارنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرىنى ئوقۇپ، ئۆگىنىپ، راۋاجلاندۇرۇپ، ئەنئەنىۋى ئىزچىللىقنى ساقلاپ، تولۇقلاپ، يېڭىلاپ ماڭغان. ئۇيغۇر مىللىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىز بىر ئەۋلاد پەقەت بىرلا ھالقا، خالاس. ئەگەر بىز ئۆزىمىزنىلا مەركەز قىلغان ئاساستا «كىلاسسىك ئەدەبىيات بىلەن يۈز كۆرۈشتۇق» دېسەكمۇ يەنىلا خاتا ئېيتقان بولىمىز. بىزنىڭ غەيرىي تەبىئىي ھايات قىسمەتلىرىمىز جەريانىدا ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى خېلى بىر زامان كەم دىدار بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما پۈتۈنلەي ناتونۇش نەرسە بولۇپ قالغان ئەمەس. نەۋايى، مەشرەپلەرنىڭ مۇقام ئاھاڭلىرىغا سىڭىنغان مۇڭلۇق غەزەللىرى، تىلەمچى - ھاپىزلارنىڭ ئاغزىدىن قويۇلۇپ تۇرغان ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ ھېكمەتلىرى بىزنىڭ بەدىۋىلەشتۈرۈۋېتىلگەن قاتمال ھايات مۇساپىمىزدە گاھى ئاشكارا، گاھى پىنھان جىلۋە قىلىپ كەلدى. پەقەت ئۇچرىشىش كۆلىمى جەھەتتىلا بۈگۈنكىدەك كەڭ بولۇپ باقمىغانلىقى راست، شۇڭا بۇ ھەرگىزمۇ تۇنجى ئۇچرى-

شىش ئەمەس.

سىدىقهاجى يەنە مۇنداق يازىدۇ: «تىل ئۆتكىلىدىن، يېزىق ئۆتكىلىدىن ئۆتمەي تۇرۇپ، كىلاسسىك ئەدەبىياتتىن زوقلىنىش جەريانىغا كىرىش ... ناھايىتى قىيىن.» كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىن (ئېنىقراقى شېئىرىيەتتىن) زوقلىنىش ھەقىقەتەن تىل - يېزىق ئۆتكىلىدىن ئۆتۈشنى شەرت قىلىسىمۇ، لېكىن «ئېستېتىكىلىق زوق» ھەققىدىكى قاتمال چۈشەنچىلىرىمىزنى چۆرۈپ تاشلاپ، زوقلىنىش ئادىتىمىزنى جانلىق پسىخىكىلىق قۇرۇلمىغا ئايلاندۇرىدىغان بولساقلا، كىلاسسىك شېئىرىيىتىمىزنىڭ تىلىدىكى ئاھاڭدارلىقنىڭ، مۇزىكىلىق ھېسسىياتنىڭ ئېستېتىكىلىق دۇنيايىمىزدا قوزغىغان گۈزەللىك تۇيغۇسىنى مەلۇم مەنىدە «زوقلىنىش» جەريانىغا كىرگەنلىك، دەپ ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز. ئاھاڭدارلىقنى شېئىرىيەتنىڭ ئەڭ ئالىي ئېستېتىكىلىق پىرىنسىپلىرى قاتارىدا ساناپ مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن كىلاسسىك شېئىرىيىتىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىز «زوقلىنىش جەريانى» غا كىرىدىغان «ئىشىك» لەرنى كۆپرەك ئېچىشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە.

سىدىقهاجى يەنە مۇنداق يازىدۇ: «خەلقىمىز مىلادىيە 1 - ئەسىردىن 10 - ئەسىرگىچە بۇددا دىنىغا، 10 - ئەسىردىن كېيىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى.» مۇتلەقلەشتۈرۈپ ئېيتىلغان بۇ خاتا چۈشەنچە تارىخىمىزغا ئائىت ئادەتتىكى ساۋات خاراكتېرلىك پاكىتلارغىمۇ خىلاپ. ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا بۇددا دىنى بىلەن ئىسلام دىنى ھەقىقەتەن ناھايىتى چوڭقۇر ۋە كەڭ ئىز قالدۇرغان. بۇ ئىككى دىنىنىڭ تەسىرى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا ناھايىتى شۆھرەتلىك ھەم پارلاق سەھىپىلەرنى ئاچقان. لېكىن بىز مانى، شامان، زەردۇشت دىنلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنىنى نەزەردىن ساقىت قىلىساق توغرا بولمايدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، شىمالىي چۆللۈكتە ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان ۋاقتى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنى-

نى قوبۇل قىلىشتىن 1 ـــ 2 ئەسىر ئىلگىرى بولغان. قومۇل ـ تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا تولۇق ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان ۋاقتى بولسا كۆنىمىزدىن 5 ـــ 6 ئەسىر ئىلگىرىكى ئىش. شۇڭا ئاپتورنىڭ ئىككىلا دىنىي ئېقىمغا ئېلىپ ئۆتۈشى ۋە يىل دەۋرىنى كېسىپ ئوتتۇرىغا قويۇشى تارىخىي ئەمەلىيەتكە تازا ئۇيغۇن ئەمەس.

سىدىقھاجى يەنە مۇنداق يازىدۇ: «يېزىقنىڭ ئۆزگىرىشىگە شەرت ھازىرلىغان دىنىي جەھەتتىكى ئۆتۈش دەۋرى چوقۇم مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۆتۈش دەۋرىنىمۇ باشتىن كەچۈرىدۇ.» ئاپتورنىڭ بۇ جۈملىلىرىدىن دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى ئۆزگىرىش مۇقەررەر يوسۇندا يېزىقنى ئۆزگەرتىشكە ئېلىپ بارىدۇ، دەيدىغان بىر تەرەپلىمە ھەم خاتا نۇقتىئىنەزىرى چىقىپ تۇرىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇ بىر خاتا چۈشەنچە. ئىسلام دىنى ئۆز تارىخىدا ھەقىقەتەن باشقا مىللەتلەرگە دىنىي ئېتىقاد بىلەن قوشۇپ ئەرەب يېزىقىنى خېلى كەڭ ئومۇملاشتۇرغان. باشقا مىللەتلەرمۇ ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۆز يېزىقىنى ئىجاد قىلىپ ئىسلام دىنىغا بولغان ئېتىقادىنى «مۇستەھكەم» لىگەن. شۈبھىسىزكى، ئەرەب يېزىقىنى قوبۇل قىلىشنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى دەپ قاراش تونۇش جەھەتتىكى يېتەرسىزلىك، قاراشتىكى چەكلىمىلىك، نامۇۋاپىق پىسخىكىلىق خاھىش ئىدى. چۈنكى، دىنىي ئېتىقاد بىلەن يېزىق ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ماھىيەتلىك باغلىنىش يوق. يېزىقنىڭ پەيدا بولۇشىمۇ دىن بىلەن مۇناسىۋەتسىز، ئىككىسى ئايرىم ـ ئايرىم كاتېگورىيەگە ئىگە مەدەنىيەت ھادىسىسى. سىدىقھاجىنىڭ دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى ئۆزگىرىش مۇقەررەر يوسۇندا يېزىقنى ئۆزگەرتىشكە ئېلىپ بارىدۇ، دەيدىغان نۇقتىئىنەزىرىگە تارىخ بەتلىرىدىن مىسال تېپىش مۇمكىن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ناھايىتى ئايرىم ئەھۋال ھەم قىسمەنلىك. ئۇيغۇرلار گەرچە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ 200 ـــ 300 يۇز يىل جەريانىدا ئىلگىرى قوللىنىپ كەلگەن

يېزىقلىرىدىن تارىخىي يوسۇندا ۋاز كەچكەن ھەم ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىشقا باشلىغان بولۇشىمۇ، لېكىن سىلاۋيان ۋە لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنى ھېچقانداق دىنىي ئېتىقاد ئۆزگىرىشى ياسىماي تورۇپلا قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان. شۇنىڭدەك بۇددا دىنىمۇ خەنزۇلارنىڭ يېزىقىغا ھېچقانداق ئۆزگىرىش ياكى ئىسلاھات ئېلىپ كەلگەن ئەمەس.

سىدىقھاجى روزىنىڭ ماقالىسىدىكى «مەدەنىيەت تارىخىنى ئۈزۈپ قويۇشقا بولمىغاندەك، ئەدەبىيات ئەنئەنىسىنىمۇ ئۈزۈپ قويۇشقا بولمايدۇ» دېگەن سۆزىنى ئاپتورنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇسى دەپ چۈشىنىشنى ياكى مەدەنىيەت تارىخى، ئەنئەنە تارىخى ھەققىدە ئۆگەنگەن بىلىملىرى ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويغان ھۆكمى دەپ چۈشىنىشنى بىلمەي قالدىم، ئەگەر بۇ ئاپتورنىڭ ھۆكمى بولسا بۇ يەنىلا تومتاق ھەم بىر تەرەپلىمە چۈشەنچە ئاساسىدا چىقىرىلغان ھۆكۈمدۇر. چۈنكى مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى، ھېچبولمىغاندا مەلۇم مەزگىل ئۈزۈلۈپ قېلىشى ئوبيېكتىپ پاكىت. ئىندىيان قەبىلىلىرى ياراتقان ئاجايىپ پارلاق مايا مەدەنىيىتى بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىنىڭ ۋەيرانە خارابىسى ئارقىلىق ئەينى ۋاقىتتىكى مىسلىسىز گۈللەنگەن مەدەنىيەت مەنزىرىسىنى سىرلىق رەۋىشتە پىچىرلاشقا مەجبۇر بولماقتا. ئۇنىڭدىن ئىندىيانلارغا ئەستىلىك بولۇپ قالغىنى پەقەت ھەسرەتلىك گۈزەل رىۋايەتلا، خالاس. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپا جەمئىيىتىدە رىم پاپاسىنى مەركەز قىلغان دىنىي جەمئىيەتلەر مەدەنىيەتنى ۋە جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى پۈتۈنلەي مونوپول قىلىۋالغانىدى. 14- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا پەيدا بولۇشقا باشلىغان ۋە يېڭىدىن گۈللەنگەن بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ ۋەكىللىرى دەسلەپتە قەدىمكى گىرېتسىيە، رىم مەدەنىيىتى(كىلاسسىك مەدەنىيەت) دىن فېئوداللىق مەدەنىيەتكە قارشى تۇرۇشتا پايدىلىنىدىغان قورالنى — پەلسەپە ۋە تەبىئىي پەننى ھەم ئادەمنى مەركەز قىلغان (ئىلاھنى مەركەز قىلمىغان) ئەدەبىيات - سەنئەتنى تېپىۋالغان. ئۇلار، بۇ

كىلاسسىك مەدەنىيەتنى ئۇزاقتىن بېرى دىنىي جەمئىيەتلەر بوغۇپ ۋە بۇرمىلاپ كەلگەندى، ئەمدى بىز «كىلاسسىك مەدەنىيەت» بايرىقىنى كۆتۈرىمىز، دەپ جاكارلىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھەرىكەت «ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى قايتا گۈللەندۈرۈش» دەپ ئاتالغانىدى. ئۈزۈلۈپ قالغان ئەدەبىيات ئەنئەنىسىنى قايتا ئۇلىغان بۇ دەۋر تارىختا «ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرى» دەپ ئاتالدى. ئۇيغۇرلارمۇ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ھەيكەلتىراشلىق، رەسساملىق مەدەنىيىتىنىڭ مىڭ يىللاردىن بېرى ئۈزۈل ـ كېسىل ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىنى بۈگۈنكى كۈندە ئازابلانغان ھالدا ھېس قىلماقتا. مەلۇمكى، مەدەنىيەت تارىخىنىڭ، ئەنئەنە تارىخىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئارتۇقچە ئىسپاتلاشنى تەلەپ قىلمايدىغان ئاكسىيوما.

ئاپتورنىڭ يۇقىرىقى چولتا ھۆكمى يەنە بىر جەھەتتىن ئۆزىنىڭ «ئىسلام دىنى مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ۋە ئۇيغۇر خەلقى مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان كىلاسسىك ئەدەبىيات ئەنئەنىسى بۇددىزملىق ئەدەبىيات ئەنئەنىسىدىن ئارىنى ئوچۇق ئايرىغان ۋە ئۇنى تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇئەييەن دەۋرىدە ئاخىرلاشتۇرغان، ئۇنىڭغا ئۆزىدىن ئورۇن بەرمىگەن» دەپ كەسكىن تەلەپپۇزدا ئوتتۇرىغا قويغان مۇلاھىزىسى بىلەن تامامەن زىت كېلىدۇ. بىر ـ بىرىنى ئىنكار قىلىدىغان بۇ تومتاق، خاتا چۈشەنچىلەر كىشىنى ھەيران قالدۇرمامدۇ؟

سىدىقھاجى يەنە مۇنداق يازىدۇ: «بىر خىل مەدەنىيەت دەۋرىدىن ئىككىنچى بىر خىل دىنىي مەدەنىيەت دەۋرىگە ئۆتۈش جەريانى بىر خىل دىنىي مەدەنىيەت دەۋرىدىن ئىككىنچى بىر خىل مەدەنىيەت دەۋرىگە ئۆتۈش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، دېمەك، بۇ ئېتىقادنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.» بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئاپتور دىنىنىڭ مەدەنىيەتكە بولغان تەسىرىنى ۋە رولىنى بەك مۇبالىغىلەشتۈرۈپ چۈشىنىۋالغان. يېڭى بىر مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ باشلىنىشى ھەمىشە دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى ئۆزگىرىشنى شەرت

قىلىۋەرمەيدۇ. مەسىلەن، ياپونلارنىڭ مىلادىيە 7 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئېلىپ بارغان «داخۋا ئىسلاھاتى» ياپونلارنىڭ جۇڭگونىڭ گۈللەنگەن تاڭ مەدەنىيىتىگە بولغان قىزىقىشىنى ئەۋجىگە چىقارغان بولسا، 19 - ئەسىردىكى «مېيجى يېڭىلىقىقا كۆچۈش ھەرىكىتى» دىن كېيىن، ياپونلار جۇڭگونىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىگە چوقۇنۇش ۋە تەقلىد قىلىشتىن يېقىنقى زامان غەرب مەدەنىيىتىگە چوقۇنۇش ۋە تەقلىد قىلىشقا ئۆتكەن. بۇ ئىككى ئىسلاھات ياپونىيە تارىخىدىكى مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىككى قېتىملىق چوڭ ئۆتۈش جەريانى ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ياپونلار دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە ھېچقانداق ئۆزگىرىش ياسىمىغان، بەلكى بۇ ئىككى ئىسلاھات ئۆز نۆۋىتىدە ياپونلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ئىسلاھات ئېلىپ كەلگەن. ئېنىقكى، ياپونلارنىڭ ھاياتىدىكى بۇ ئىككى قېتىملىق چوڭ ئىسلاھات دىنىي ئېتىقاد ئۆزگىرىشىنىڭ مەھسۇلى ئەمەس.

ياۋروپا مەدەنىيەت تارىخىغا ۋە دىن تارىخىغا نەزەر سالساقمۇ، بۇ نۇقتىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ياۋروپانى قاپلىغان ئەدەبىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىشى رىم پاپاسىنى مەركەز قىلغان دىنىي جەمئىيەت ۋە چېركاۋلارنىڭ نوپۇزىنى قاتتىق تەۋرىتىپ، خىرىستىيان دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىگە زور ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلگەن. 16 - ئەسىردىكى خىرىستىيان دىنىي ئىسلاھاتىنىڭ يول باشچىسى گېرمانىيەلىك مارتىن لۇتېرنىڭ «95 ماددىلىق باياناتى» ى كەڭ خىرىستىيان مۇخلىسلىرىنى «شەخس ئۆز دىلىدىكى بىر خىل خۇپىيانە ۋاستە — تۇيغۇ ئارقىلىق خۇدا بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، شەخس بىلەن خۇدانىڭ ئوتتۇرىسىدا دىنىي جەمئىيەتنىڭ ۋاستىچى بولۇشى ھاجەتسىز» دەيدىغان تونۇشقا كەلتۈرگەن. شۈبھىسىزكى، گۇمانىزملىق مەدەنىيەتنىڭ تۇرتكىسىدە ئېلىپ بېرىلغان دىنىي جەھەتتىكى بۇ مىسلىسىز ئىسلاھات ئۆز نۆۋىتىدە غەرب كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى زور گۈللىنىش پۇرسىتى ئېلىپ كەلگەن. پۈتكۈل غەرب

دۇنياسى مارتىن لۇتېرنىڭ دىنىي ئىسلاھات تەشەببۇسلىرىنى ھىمايە قىلىدىغان پروتېستانت ئەقىدىسىنىڭ غەربنىڭ يېقىنقى زامان مادىي مەدەنىيىتىگە ۋە مەنىۋىيىتىگە كۆرسەتكەن غايەت زور تەسىرىنى بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇڭا بىز مەدەنىيەتنىڭ دىنغا، دىننىڭ مەدەنىيەتكە بولغان ئايلانما تەسىرىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا نەزەرگە ئېلىشىمىز كېرەك. «مەدەنىيەت پەقەت دىننىڭ تۇغۇندىسى» دەپلا تونۇيدىغان بىر تەرەپلىمە قاراش تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس.

سىدىقھاجى ئۆز ماقالىسىدە يەنە مۇنداق يازىدۇ: «ئۇيغۇر خەلقى تارىخىي ئۆتۈش دەۋرىدە ئىسلام دىنىنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيەلىرىنى بۇددا دىنىنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيەلىرىدىن ئىلغار دەپ تونۇغاچقا بۇددا دىنىدىن ئىسلام دىنىغا كىرگەن.» ئاپتور بۇ نۇقتىدا ناھايىتى يۈزە بىر چۈشەنچىنى ئوتتۇرىغا قويغان. يېڭى بىر دىنىي ئېتىقادنى قوبۇل قىلىش ناھايىتى مۇرەككەپ بولغان ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلەرگىمۇ باغلىق بولىدۇ. بۇ يەردە شۇ دىنىنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيەلىرىنىڭ ئىلغارلىقىنىلا نەزەرگە ئېلىپ، باشقا سەۋەبلەرنى نەزەردىن چەتتە قالدۇرۇش بىر بىمەنىلىك. ئەگەر بىر دىن ئۆز ئىچىگە ئالغان پەلسەپىۋى ئىدىيەلەرنىڭ ئىلغارلىقى ئارقىلىقلا كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە ئۆزگىرىش ياسىشىغا سەۋەب بولىدىغان بولسا، ئىسانىڭ گەۋدىسى كرېستتا مىخلىنىپ قان ئىچىگە غەرق بولمىغان بولاتتى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قىلىچقا تايىنىپ ئەرەب يېرىم ئارىلىدا سانسىز غازات ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ بارمىغان بولاتتى، خوتەن ئۇيغۇرلىرى قاراخانىيلار دەۋرىدە يۇسۇپ قادىرخاننىڭ ئۆزلىرىگە ئېلىپ بارغان غازاتلىرىغا 40 يىلغا سوزۇلغان دەھشەتلىك قارشىلىق ئۇرۇشلىرىنى قىلىپ ئۇيغۇرلار تارىخىدا قانلىق بىر سەھىپىنى قالدۇرمىغان بولاتتى! شۇڭا يېڭى بىر دىنىنىڭ تارقىلىپ ئومۇملىشىشى نوقۇل ھالدا ئۇنىڭ ئۆزىدىكى پەلسەپىۋى ئىدىيەلەرنىڭ ئەۋزەللىكىدىن بولغان، دەپ قارىساق، بىر تەرەپلىمە-

لىككە يول قويغان بولىمىز. ئەگەر بىز تونۇش جەھەتتە ئاپتور بىلەن شەرتلىك يوسۇندا بىر نوقتىدا تۇرۇپ، بۇددا ئىدىيەلىرىدىن ئىسلام دىنىنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيەلىرىنى ئىلغار دەپ تونۇساق، بۇگۈنكى زامان غەرب دۇنياسىدىكى تەسىرى ئەڭ زور پەيلاسوپلارنىڭ بىرى بولغان گېرمانىيەلىك شوپېنخاۋېرنىڭ ئىرادىچىلىك پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن، ھىندى دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئۇپانشاد» تىكى پەلسەپىۋى ئىدىيەلەرنىڭ قىممىتىنى چۈشەندۈرۈشكە ئامالسىز قالىمىز ھەم بۇددا دىنى، ھىندى دىنى ۋە خىرىستىيان دىنلىرىنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن بۈگۈنگىچە تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى چۈشەندۈرۈشكىمۇ ئامالسىز قالىمىز.

سىدىقھاجى يەنە مۇنداق يازىدۇ: «دىنىي ئېتىقادنىڭ بىرى يەنە بىرىنى چەكلەپ تۇرغاندا، ئىككى خىل ئەنئەنىنىڭمۇ بىرى يەنە بىرىنى چەكلەپ، توقۇنۇش ئىچىدە تۇرىدۇ. بۇ توقۇنۇش جەريانى بىرى يەنە بىرىنى رەت قىلىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.» بۇ بىرخىل دىنىي ئېتىقاد مۇھىتىدا پەقەت بىرلا مەدەنىيەت ئەنئەنىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دېگەنلىك ئەمەسمۇ؟ بۇنداق بولۇش مۇمكىنمۇ؟ دىن مەدەنىيەتكە نىسبەتەن شۇنچە زور چەكلەش كۈچىگە ئىگىمۇ؟ بۇنىسى ناتايىن. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، بۈگۈنكى غەرب دۇنياسىدىكى خىلمۇخىل پەلسەپە ئېقىملىرىنى، رەڭگارەڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئېقىملىرىنى ئەقىلگە سىغدۇرغىلى بولمايدۇ. ئەگەر بىز بىر خىل دىنىي ئېتىقاد مۇھىتى ئاستىدا بىرلا خىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دېگەن قاراشنى توغرا دەپ قارايدىغان بولساق، مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىمىزدە بۇرۇلۇش، سەكرەش ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن يېڭى بىر دىنىي ئېتىقادنى قوبۇل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇ بىر بىمەنىلىك، ئەلۋەتتە.

سىدىقھاجى يۇقىرىقى چۈشەنچىسىدە يەنە بىر ئىلمىي خاتالىققا يول قويغان. ئاپتور «دىنىي ئېتىقادنىڭ بىرى يەنە بىرىنى چەكلەپ

تۇرغاندا، ئىككى خىل ئەنئەنىنىڭمۇ بىرى بىرىنى چەكلەپ، توقۇ-نۇش ئىچىدە تۇرىدۇ. بۇ توقۇنۇش جەريانى بىرى يەنە بىرىنى رەت قىلىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.» دەپ تونۇيدۇ. ئەجەبا، راستتىنلا، ئىككى خىل ئەنئەنە داۋاملىق ھالدا بىرى بىرىنى چەكلەپ توقۇنۇش ئىچىدە تۇرامدۇ؟ بىرى يەنە بىرىنى رەت قىلىش بىلەن ئاخىرلىشام-دۇ؟ ئەنئەنە نوقۇل، ساپ ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرامدۇ ياكى ئەن-ئەنىلەر ئۆزئارا سىڭىشىش، ئۆتۈشۈش، مۇئەييەنلەشتۈرۈش، ئىنكار قىلىشتەك قانۇنىيەتلىك تەبىئىي جەريانغا ئىگە بولامدۇ؟ بىز بۇد-دىزم مۇھىتى ئاستىدىكى كوسەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ناخشا ـ ئۇس-سۇل، مۇزىكا مەدەنىيىتى بىلەن ئىسلام دىنى مۇھىتى ئاستىدا راۋاجلانغان ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكا مەدەنىيىتىمىز ئوتتۇرىسىدا تارىخىي ئىزچىللىق مەۋجۇت ئەمەس، دەپ ئېيتالامدۇق؟ ئۇلار ئوت-تۇرىسىدىكى ئەنئەنىۋى باغلىنىشنى ئىنكار قىلىش تارىخىي رېئال-لىققا ئۇيغۇن كېلەمدۇ؟ ئەگەر ئاپتور مۇشۇ خىل چۈشەنچىسىنى توغرا دەپ چىڭ تۇرىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئاپتورنىڭ «ئەنئەنە تارى-خىي ھەرىكەتلەر ئىچىدە چۈشۈپ قالىدۇ، تولۇقلىنىدۇ، ئۆزگىرىدۇ، ئۆزگە يېڭى مەزمۇنلارنى قوبۇل قىلىدۇ» دېگەن قاراشلىرىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ بۇ تامامەن بىر ـ بىرىنى ئىنكار قىلىدىغان قاراشلارغۇ؟ ئاپتورنىڭ «بىرى بىرىنى رەت قىلىش بىلەن ئاخىرلى-شىدۇ» دېگەن سۆزى يەنە ئۇنىڭ «ھەرقانداق مىللىي مەدەنىيەتنىڭ دىنىي ئەقىدىلەر تۈپەيلىدىن ئۆز خاسلىقىنى تولۇق يوقىتىشى مۇم-كىن ئەمەس» دېگەن سۆزلىرى بىلەنمۇ زىت بولۇپ قالغان.

سىدىقھاجى ئۆز ماقالىسىدە يەنە مۇنداق يازىدۇ: «بەزىلەر: يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن شائىر ئابدۇكېرىم خوجىغىچە نۇرغۇن كىلاس-سىكلار ياشىغان ۋە ئەسەرلەر يېزىلغان، دېيىشىدۇ»، «يۇقىرى قاتلامغا مەنسۇپ بولغانلىقى، ھېكايە، شېئىرلارنى يازغانلىقى ئۈ-چۈنلا ‹كىلاسسىك› دېيىشىمىز كېرەكمۇ؟» ئاپتور بۇ يەردە ھېچكىم مەتبۇئات يۈزىدە ئوتتۇرىغا قويمىغان، ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسى

يوق مۇشۇنداق ئەرزىمەس مەسىلىلەرنى ئېلىپ، ئۆزى سوئال قويۇپ، ئۆزى قايناپ تەتقىقات تېمىسىنى پۇچەكلەشتۈرۈپ قويغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە «يۇقىرى قاتلامغا» دېگەن ئىبارىنى تىلغا ئېلىپ تېخىمۇ مۇجمەل تونۇشقا يول قويغان. ئاپتور بۇ ماقالىسىنىڭ تېمىسىنى يۇقىرىقى مەسىلىدىن باشقا يەنە بىرقانچە نۇقتىدىمۇ پۇچەكلەشتۈرۈپ قويغان. مەسىلەن، ئاپتور «هازىرقى زامان كىشىلىرىدە ئىسلامىيەت-تىن كېيىنكى ئەنئەنىنى ئەنئەنە، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئەدەبىيـاتنى ‹كىلاسسىك ئەدەبىيات› دەپ قارايدىغان پىسخىكىلىق خاهىش شەكىللەنگەن» دەپ ئالاهىدە تەكىتلەيدۇ. ئاپتورنىڭ نۆۋەتتىكى كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا ئىپادىسى كۆرۈلمىگەن مۇشۇنداق بىر ئەرزىمەس «پىسخىكىلىق خاهىش» نى ئالاهىدە كۆرسىتىپ ئۆز-تۇشى كىشىنى تازا جەلپ قىلالمايدۇ. چۈنكى بىزنىڭ دەرسلىكلىرى-مىزدىمۇ، كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ، تارىخچى-لىرىمىزنىڭ تەتقىقات ئەمەلىيىتىدىمۇ هەرگىز ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى كىلاسسىك ئەدەبىيات مىراسلىرىمىزنى نەزەردىن ساقىت قىلىدىغان ئەھۋال كۆرۈلۈپ باققىنى يوق.

سىدىقھاجى يەنە مۇنداق يازىدۇ: «يېڭى دەۋردە ئەدىبلەر ‹ئىنقىلا-بىي رېئالىزم› پىرىنسىپلىرى بويىچە ئىجاد قىلغان، شۇڭا بۇ ئە-دىبلەرگە ‹ئىنقىلابىي رېئالىزم› پىرىنسىپلىرى بويىچە مۇئامىلە قىلىشقا بولىدۇ، ئۇلار ‹كىلاسسىكلار› قاتارىغا هەرگىز كىرەلمەيدۇ، دېگۈچىلەرمۇ بار. ئويلىشىمىز كېرەككى، مەنتىقىلىق بىلەن تارى-خىيلىق بىر ـ بىرىگە ئۆزگىرىپ تۇرىسمۇ نوقۇل تارىخقا بېرىلىپ، مەنتىقىلىقنى نەزەردىن ساقىت قىلساق، كىلاسسىكلارغا مۇئامىلە قىلىشتا ماركسىزمدىن چەتنەپ كېتىمىز، ماركسىزمدىن چەتنەش نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟» ئاپتور بۇ يەردە مەتبەئە يۈزىدە كۆرۈلمە-گەن مەسىلىلەرنى يەنە بىر قېتىم نەقىل كەلتۈرۈش ۋە سىياسىيغا كۆتۈرۈش ئارقىلىق قورۇقتىن قورۇق هەيۋە قىلغان. مۇشۇنداق مەنبەسىز مەسىلىلەرنى تىلغا ئېلىپ ئۇنى پىرىنسىپقا سېلىپ، ئىل-

مىي تەتقىقاتتا سىياسىي تۈس بېرىپ باشقىلارنى ئۆركۈتۈش توغرا ئىلمىي پوزىتسىيە ئەمەس، شۇنى بىلىش كېرەككى، ماركسىزم ئۆلۈك قېلىپ ئەمەس، ئۇ ھەرىكەتتىكى، راۋاجلىنىۋاتقان بىر نەزەرىيەۋى سىستېما.

سىدىقھاجى يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «‹كىلاسسىك› ئەدەبىياتقا بۇ قاراشلار بويىچە مۇئامىلە قىلساق، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئىنتايىن كۆپ ئىجاد قىلىنغانلىقىنى، لېكىن ئۇنداق مۇھىتتا ئەدەبىيات نەزەرىيەسىنىڭ، ئەدەبىي قاراشلارنىڭ، بولۇپمۇ ئەدەبىي تەنقىدنىڭ تېخى تۆرەلمىگەنلىكىنى بايقايمىز.» ئاپتورنىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئەدەبىياتشۇناسلىققا ئائىت ئەسەرلەرنىڭ خېلىلا نۇرغۇنلۇقىنى بىلمەيدىغانلىقى ئۇنىڭ بۇ بايانلىرىدىن مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ. ئۆزىگە خاس پەلسەپىۋى سىستېما ياراتقان ئۇيغۇر قارلۇق ئالىمى فارابىنىڭ ئېستېتىكىلىق قاراشلىرى ۋە ئەدەبىيات قاراشلىرى بايان قىلىنغان «شېئىرىيەت قانۇنلىرى ھەققىدە رىسالە»، «شېئىرىيەت ئىلمى توغرىسىدا كىتاب»، «شېئىر ۋە قاپىيە توغرىسىدا»، «رىتورىكا توغرىسىدا سەدرە كىتاب» قاتارلىق نادىر ئەسەرلىرى ۋە مويسىپىت شائىر ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيالىق 355 نەپەر ئەدىب ۋە ئالىمغا باھا بەرگەن «مەجالىسۇن نەفائىس»، شېئىرىيەت نەزەرىيەسىگە ئائىت ئەسەر «مىزانۇل ئەۋزەن» (ۋەزىنلەر ئۆلچىمى) ۋە تۈركىي ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىپادىلەش كۈچى پارس تىلىغا سېلىشتۇرۇپ مۇھاكىمە قىلىنغان «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» (ئىككى تىل ھەققىدە مۇھاكىمە) قاتارلىق ئەسەرلىرى ھەم ئۇلۇغ ئالىم، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى شېئىر ۋە شائىرغا ئائىت بايانلىرى كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى ئەدەبىياتشۇناسلىققا ئائىت مەشھۇر ئەسەرلەردۇر. بۇلارنى ئەدەبىيات نەزەرىيەسىگە، ئەدەبىي تەنقىدكە ئائىت ئەسەر دېگىلى بولمامدۇ؟ بىز كۆزىمىزنى يۇمىۋېلىپلا «كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزغا نەزەر سالساق تېخى ئەدەبىي تەنقىدنىڭ تۆرەلمىگەن-

لىكىنى بايقايمىز» دەۋەرسەك، پاكىت ئالدىدا مات بولۇپ قالىمىز. مەن ئاپتورنىڭ يۇقىرىقى قارىشىدىن ئۇنىڭ «كىلاسسىك ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىيات ئەنئەنىسى» دېگەن ماۋزۇلاردا سۆز ئېچىشقا تېخى بالدۇر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

سىدىقھاجى روزى ماقالىسىدە يەنە مۇنداق يازىدۇ: «بەزىلەرنىڭ ‹ئەدەبىيات غەيرىي ئەقلىيلىك› دېگەن قاراشلىرىنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ. ئەدەبىيات ئەنئەنىسىنىڭ ھەرىكىتىدىن قارىغاندا ئۇ ھەم ئەقلىي، ھەم ھېسسىيات ھەرىكىتى». ئاپتورنىڭ ئەدەبىيات ھەققىدىكى بۇ مۆتىدىل چۈشەنچىسى ئۇنىڭ «ھېسسىياتنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن ئەقىل - ئىدراكنىڭ تەرەققىي قىلماسلىقى ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇقارشىلىق دەل مەدەنىيەت بىلەن مەرىپەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقتۇر» دېگەن چۈشەنچىسى بىلەن زىت بولۇپ قالغان. مانا مۇشۇنداق مەنتىقىلىق زىددىيەتلەر، چالا چۈشەنچىلەر، تومتاق قاراشلار، مۇتلەق بايانلار، مۇجمەل ئۇقۇملار سىدىقھاجى روزىنىڭ بۇ ماقالىسىنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكىدۇر.

ئاپتورنىڭ بۇ ماقالىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن مەن مۇئەللىپنىڭ زادى قايسى مەسىلىنى نۇقتىلىق ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقانلىقىنىمۇ ھېچ ئاڭقىرالمىدىم.

ئاپتور ماڭا ھارۋىنى قۇرۇق ھالەتتە تاراقشىتىپ ئېلىپ قېچىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. مەن ئاپتورنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ۋەزنى ئېغىرراق ماقالىلەرنى يېزىپ، جىددىي كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە ۋە تەنقىد قىلىشقا ئەرزىيدىغان نازۇكراق مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

1993 - يىلى سىنتەبىردە يېزىلدى

# «چۇسا مىجەز تەنقىدچىلىك» توغرىسىدا

سەنئەتنىڭ ئۆز ساپلىقىنى ئىزدەش سەپىرى ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىنى ئىزدەش سەپىرىگە ئوخشاشلا مۈشكۈللۈك بىلەن تولغان ئۇلۇغۋار سەپەر. ئۇ ئۆزىنىڭ سەلتەنەتلىك ۋە ئازابلىق مۇساپىسىدە گاھىدا زالىملارنىڭ زۇلمەتلىك «ئالتۇن قەپەس» لىرىگە بەند قىلىنسا، گاھىدا جەڭ ئاتلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق كىشنەشلىرى، نەيزە – قالقانلارنىڭ جاراڭ – جۇرۇڭلىرى ۋە ئاچ – يالىڭاچلارنىڭ مۇڭ – زارى بىلەن تولغان قاباھەتلىك ئاسمان ئاستىدا ئىگە – چاقىسىز تېڭىرقاپ يۈردى، گاھىدا ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ياۋايى كۈچ بىلەن جەسۇرانە ھالدا غايىۋى مەنزىللەرگە قاراپ پەرۋاز قىلدى. ئۇنىڭ دەل مۇشۇنداق مىنۇتلاردىكى سېھرىي قۇدرىتى ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ يۈكسەك ئېستېتىكىلىق مەنىگە چۆمگەن پارلاق سەھىپىلىرىنى ئاچتى. ئازاب دەشتلىرىدە تېنەپ يۈرگەن ئىنسانىيەت ئەنە شۇ مىنۇتلاردا ياش يۇقى كۆزىدىكى سۇس كۈلۈمسىرەشنى، لەۋلىرىدە يۈگۈرۈپ يۈرگەن مەغرۇر تەبەسسۇمنى ھېس قىلدى. ئىنسان ئۈچۈن تۇتىيا سانالمىش مۇشۇنداق بىباھا دەقىقىلەردە ھەربىر ۋۇجۇد نۇردەك يەڭگىل ۋە پاك بولغان ئىلاھىي روھ بىلەن ئۇچرىشىپ پارلاش مۇمكىنچىلىكىگە مۇيەسسەر بولىدۇ. ئاھ، ئىنساننى ئۆز – ئۆزىگە تونۇتۇشنىڭ ئۇلۇغۋار ئۇزۇن سەپىرىگە ئاتلانغان مۇقەددەس سەنئەت! ئۇششاق – چۈششەك ئەرزىمەس غايىلەر بىلەن چاكىنا مەقسەت لەشلىرى قانات – قۇيرۇقلىرىڭغا چاپلاشمىسىكەن ...

سەنئەت بىلەن پاك ھالەتتە مۇناسىۋەت ئورنىتىش بىزنىڭ ۋىجدانىي بۇرچىمىز. شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، قەلبى-

مىزنى سەنئەتكە بولغان ساپ مۇھەببەت چىرمىغان ھالەتتە سادىر قىلغان بەزى خاتالىق ۋە سەۋەنلىكلىرىمىز، شۇبھىسىزكى، گۈزەل خاتالىق ۋە ئوماق سەۋەنلىك ھېسابلىنىدۇ. ئەكسىچە ھالدا ئۆتكۈزگەن خاتالىق ۋە سەۋەنلىكلىرىمىز سەنئەت پەرىسىنىڭ يۈزىگە يۇندى چېچىش ھېسابلىنىدۇ.

ئىنسان قەلبىگە يول ئېچىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى پاتقاققا پاتۇرۇپ قويۇۋاتقان ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ مەسىلىلەرنىڭ سارالڭ خوتۇنىنىڭ يىللاپ تارغاق كۆرمىگەن چېچىدەك چىگىشلىشىپ كەتكەنلىكى ھەممىگە ئايان. بۇ بىر ئېچىنىشلىق قىسمەت. مىللىي مەدەنىيەت پىسخىكىمىزنى ئۇزۇل - كېسىل يېڭىلىماي تۇرۇپ، بۇ قىسمەتنى ئۆزگەرتىشتىن سۆز ئېچىش بەكمۇ مۇشكۇل. بىزنى تېخىمۇ ئېچىندۇرىدىغان يېرى شۇكى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدا خېلى نامى بار بەزى تەنقىدچىلىرىمىز بۇ قىسمەتتىن زارلانغان، بۇ رېئاللىقنى ئۆزگەرتىشكە نىيەت باغلىغان ھالەتتە ئوتتۇرىغا چىقمۇۋاتقاندەك قىلىسىمۇ، لېكىن تەتۈر ھالدا تېخىمۇ مۇجمەل چىگىشلىكلەرنى پەيدا قىلماقتا. مەن بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن سىدىقھاجى روزىنىڭ ئەدەبىي تەنقىد پائالىيىتىگە نەزىرىمنى بىر ئاغدۇرۇپ باقاي.

يېقىنقى بىر - ئىككى ئاي ئىچىدە سىدىقھاجى روزىنىڭ «ئەدەبىيات قوشۇنى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى بەزى مەسىلىلەر»، «چوقۇنۇش ۋە كۆچۈرۈش»، «كۈس - كۈس كۈۋرۈكى، دىكى پاراڭلار»، «بېدىللىكتىكى سېرىق ئوتنىڭ يىلتىزى نەدە؟» ناملىق تۆت پارچە ماقالىسى «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتى ۋە «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» دە ئېلان قىلىندى. مەن بۇ ماقالىلەرنى ئوقۇپ بەزى جايلىرىنى ياقتۇرغان بولسامۇ، مۇتلەق كۆپ قىسىم جايلىرىنى پەقەتلا ياقتۇرمىدىم. ياقتۇرمىغان جايلار ھەققىدىكى تەسىراتىم تۆۋەندىكىچە:

مېنىڭچە بۇ ماقالىلەردە شەخسىي ئۆچ - ئاداۋەت پۇرىقى ناھايە-

تى قويۇق. گەرچە سىدىقھاجى روزى ئۆزى «ئەدەبىيات قوشۇنى ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتىكى بەزى مەسىلىلەر» دېگەن ماقالىسىدە: «ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىيات ساھەسىدە نەزەرىيەۋى قورال ئىدى» دېگەن بولسىمۇ، شۇنداقلا «ئوبزورچى قەلبىنىڭ ھودۇقۇش ئىچىدىكى ئىزھارى» دېگەن ماقالىسىدە «فېئودال ئورۇقداشلىق، تەلۋە يۇرتۋازلىق، ئەسەبىي مەزھەپچىلىك ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا سەلبىي تەسىر كۆرسەتتى» دەپ ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۆز ئەمەلىيىتىدە بۇ نۇقتىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىپ كەلدى. ھەممىگە ئايان، سىدىقھاجى روزى بەش — ئالتە يىل ئىلگىرى «تارىم» ژۇرنىلىدا «ئۇستىلىق بىلەن كۆچۈرۈۋېلىشمۇ ياكى تالانتنىڭ مەھسۇلىمۇ؟» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ شائىر ئارسلاننىڭ «يۇلتۇزلار يۇرتى»، «ئاھ، مېنىڭ خەلقىم» ناملىق داستانلىرىنى باشقىلاردىن ۋە ئۆزى ئۆزىنىڭكىدىن «ئۇستىلىق بىلەن كۆچۈرۈش» دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇ يىل يەنە جياڭ زېمىننىڭ مەملىكەتلىك تەشۋىقات، ئىدىيە خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆزىنى ۋە بۇنىڭغا ئالاقىدار ماقالىلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن قايتا ئىلھاملىنىپ يازغان بىرنەچچە پارچە ماقالىسىدە ئارسلاننى «ئۆمەر ھەييامنىڭ ئىزىدىن قوغلاپ» كۆچۈرگەن، ئۆزىنىڭ «يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانىدىن ئۆزى كۆچۈرگەن، دېگەن مەسىلىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. توۋا دېمەي تۇرالمايمەن. ئەگەر مەتبۇئات ئورۇنلىرى «يېشىل چىراغ» يېقىپ بېرىدىغان بولسا، سىدىقھاجى ئۆز ئۆمرىنى ئارسلاننىڭ «كۆچۈرمىچىلىكى»نى ئىسپاتلايدىغان ماقالىلەرنى يېزىشقا بېغىشلايدىغان ئوخشايدۇ. كۆچۈرمىچىلىكتىن، تېما تەكرارلىقىدىن زارلىنىپ ئوتتۇرىغا چىققان بۇ تەنقىدچىنىڭ بىرنەچچە پارچە ماقالىسىدە ئالتە — يەتتە يىللاپ تەكرار بىر مەسىلىنى سۆرەپ يۈرۈشى كىشىگە غەلىتە تۇيۇلىدىكەن. ئەجەبا، بۇ تەنقىدچىنىڭ «ئارسلانشۇناسلىق»نىڭ باشلامچىسى بولۇش غايىسى بارمىكىن؟ «ئارسلاننىڭ ‹يۇلتۇزلار يۇرتى›، ‹ئاھ، مېنىڭ خەلقىم›، ‹زېمىن ئەركىسى› قاتارلىق شېئىر، داستان-

لىرىنى ۋە مۇنداق كۆچۈرمىكەشلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى تولۇق سې- لىشتۇرۇشقا نەدە ۋاقىت» دەپ ئېيتقان بۇ تەنقىدچىنىڭ ئۆز ئەمە- لىيىتىگە زىت كېلىدىغان سۆزلىرى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئالتە ــ يەتتە يىل ۋاقىتنى بىر ئەرزىمەس مەسىلىگە سەرپ قىلىش بۇ تەنقىدچىگە ئازلىق قىلامدىغاندۇ؟ توغرا، ئىجادىيەتتىكى كۆچۈر- مىچىلىك، تەكرارلاش ھادىسىلىرى ئەدەبىي تەنقىدنىڭ تەنقىدلەش ئوبيېكتى بولۇشى كېرەك. لېكىن ئەدەبىياتىمىزدىكى تەنقىدلەشكە تېگىشلىك ئىنتايىن مۇھىم مەسىلىلەر تولۇپ ياتقان ئەھۋالدا بىر ـ ئىككى يازغۇچى ـ شائىرغا نەچچە يىللاپ ئېسىلىۋېلىپ «كۆچۈرمى- كەش» دەپ ئىسپاتلاپ چىقىشقا ئۇرۇنۇش ئانچە ئەرزىمەيدىغان ئىش. مېنىڭچە، ھەقىقىي تەنقىدچى ئېتىقاد ۋە مەسلەك نۇقتىسىدىن قو- لىغا قەلەم ئېلىشى كېرەك. سىدىقھاجىنىڭ نەچچە يىللاپ تالىشىۋات- قىنى ھەرگىزمۇ ئېتىقاد ۋە مەسلەك مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى چا- كىنىلارچە ئۆچەكىشىش، شەخسىي ئاداۋەت نۇقتىسىدىن زەربە بېرىش ھەرىكىتى. ئەگەر سىدىقھاجى چوڭقۇر مىللىي ئېتىقاد، ساپ سەنئەت غۇرۇرىغا ئىگە بىر تەنقىدچى بولغاندا ئىدى، ھېچقانچە ئەھمىيىتى يوق ئەرزىمەس مەسىلىلەرنى جاھىللىق بىلەن يېزىپ يۈرمىگەن بولاتتى. سىدىقھاجى زېرىككەن، ئاچچىقلانغان، تەنقىد قىلغان كۆ- چۈرمىچىلىك بىلەن تېما تەكرارلاش ھادىسىسى باشقىلار بايقىمىغان مەسىلە ئەمەس. بۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بىر ئومۇمىي كېسەل.

بىز ئىمانى پاكىز شائىر تاھىر تالىپنىڭ شېئىرىيەت ھاياتىدى- كى تاسادىپىي مۇۋەپپەقىيىتى بولغان «چۈنكى مەن ــ ئادەم» دېگەن شېئىرىنىڭ قانچىلىغان شېئىر ھەۋەسكارلىرى ۋە بەزى شائىرلى- رىمىزنىڭ ئىجادىيىتىگە يېڭى ئىلھام، يېڭى قان بەرگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشىغا ۋە پىكىر قىلىش كۈچىگە قانچىلىك تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى، بۇ شېئىردىكى ھېسسىيات ۋە پىكىرنىڭ باشقىلارنىڭ قەلىمىدە قانچە قېتىم تەكرارلانغانلىقىنى، قانداق تەق- لىد قىلىنغانلىقىنى بىرەر قۇر ئەسلەپ باقىدىغان بولساقلا، نۆۋەت-

تىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ سۈپىتىگە ۋە شائىرلىرىمىزنىڭ سا-پاسىغا ھۆكۈم قىلالايمىز.

بۇ شېئىر 1980 ـ يىللارنىڭ بېشىدا تۇنجى قېتىم «قەشقەر ئە-دەبىياتى» دا ئېلان قىلىنغاندا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان شېئىر ھەۋەسكارلىرىدىن مۇتەللىپ مۇھەممەد خۇرسەن-دى «مەن مىسالى غىلاپسىز خەنجەر» دېگەن شېئىرىنى، ئۆمەر مۇ-ھەممەدئىمىن «لەيلىدەيدۇ دىلدا غۇرۇر بايرىقىم» دېگەن شېئىرىنى، ئابابەكرى تۇيغۇن «مەن مىسالى بوران بالىسى» دېگەن شېئىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىشقانىدى. ھەۋەسكار شائىرلارغا نىسبە-تەن بۇنداق تەقلىد قىلىش نورمال ھادىسە بولسىمۇ، لېكىن ئاتىقى چىققان شائىرلارغا نىسبەتەن بۇنداق تەقلىدنى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش قاملاشمىغان ئىش ھېسابلىنىدۇ. لېكىن خېلى نامى بار شائىرلىرىمىزمۇ بۇنداق تەقلىد قىلىش، باشقىلارنىڭ شېئىرى-دىكى پىكىر ۋە ھېسسىياتنى تەكرارلاشتىن خالىي بولالمىدى. مە-سىلەن: شائىر ئوسمانجان ساۋۇت تاھىر تالىپنىڭ ئاشۇ بىر پارچە شېئىرىنىڭ تەسىرىدىن ھېلىغىچە قۇتۇلالىغىنى يوق، ئوسمانجان ساۋۇت تاھىر تالىپنىڭ «چۈنكى مەن — ئادەم» دېگەن شېئىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئارقا ـ ئارقىدىن «مېنىڭ ياشاش لوگىكام»، «تاشنى تېشەر نەزەر بىلەن ياشايمەن» دېگەندەك تېمىدا بىر تۈركۈم شېئىرلارنى ئېلان قىلدى. ھەتتا 1990 ـ يىللارغا كەلگەندىمۇ يەنە مۇشۇ شېئىرلىرىدىكى پىكىرلىرىنى تەكرارلىدى. مەسىلەن، «شىن-جاڭ گېزىتى» نىڭ 1991 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىكى ئەدە-بىيات بېتىدە ئېلان قىلىنغان «قۇياشتىكى سادالار» ناملىق شېئى-رىدا يۇقىرىقى شېئىرلىرىدىكى قەسەم ۋە ۋەدىلەرنى يەنە تەكرارلى-دى. مىسال ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىر كۇپلېتنى كۆرۈپ باقايلى:

ئوتتەك يېنىپ، لاۋۇلداپ، نۇردەك پارلاپ ئۆتىمەن،
يېنىش، پارلاش، لاۋۇلداش ئەسلىي مېنىڭ ئەقىدەم.

ھەر ئۆي ئۈچۈن ھەممىشە شېۋە قەدىر كۆتىمەن،
بۇ نىيەتتىن بەزگەن چاغ ــ مېنىڭ ئەجەل دەقىقەم.

بىز بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە ئورنى بار شائىر مۇھەممەدجان سادىق-نىڭ «چۈنكى مەن ــ ئادەم» دېگەن شېئىرنى ئەينەن كۆچۈرۈۋالغاندەكلا يېزىپ چىققان «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەت گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «ئادەممەن، يۈرىكى بار» دېگەن شېئىرنى كۆرۈپ باقايلى:

«ئادەممەن، ھېسسىياتلىق دىل - يۈرىكى بار.»
«ئادەممەن، ھېسسىياتلىق دىل - يۈرىكى بار،
ئار - نومۇس ئىچىدە ئاققان قىزىل قان.
ئېيتقىنا ھايۋاندىن بولامدۇ پەرقىم،
بولمىسا مېنىڭدە غۇرۇر ۋە ئىمان ...»
«ئەمەسمەن تاش ياكى ياسالغان ھەيكەل،
ئادەممەن، ۋىجدانلىق دىل - يۈرىكى بار!»

بىز بۇ مىسرالارنى ئوقۇغىنىمىزدا تاھىر تالىپنىڭ «چۈنكى مەن ــ ئادەم» دېگەن شېئىرىدىكى مىسرالار بىلەن نەقەدەر ئوخشاشلىقىنى ھېس قىلىمىز. بەنە مىسال كەلتۈرۈپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمىغان بولسا كېرەك.

مەن بۇ يەردە يېڭى چۈشىنىشمەسلىكتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ ئارسلاننىڭ ئىجادىيىتىگە بولغان قارىشىمنى قىستۇرۇپ ئۆتەي. مېنىڭچە، ئارسلان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى سەھىپە بەرمەي ئۆتەلمەيدىغان شائىرلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ 1980 - يىللارنىڭ بېشىدىكى بىر قىسىم شېئىر - داستانلىرى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە يېڭى رەڭ بەرگەنىدى. شۇ يىللاردا ئۇنىڭ قەلىمىدە قان ھىدى قويۇق ئىدى. 1980 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئۇنىڭ قەلىمىدىن

سىياھ پۇرىقى كېلىدىغان بولۇپ قالدى. بۈگۈنكى كۈندە ئارسلانغا بولغان قىزىقىش كىتابخانلار ئارىسىدا پۈتۈنلەي يوقالدى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ نامىنى پەقەت سىدىقهاجىلا كىتابخانلارنىڭ ئېسىگە سېلىپ تۇرۇۋاتىدۇ، خالاس.

سىدىقهاجى روزى ئىزچىل هالدا نامىنى بەزىدە ئاتاپ، بەزىدە ئاتىماي تەنقىدلەپ كېلىۋاتقان قەلەم ئىگىلىرىنىڭ بىرى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن. مەن سىدىقهاجى روزىنىڭ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىننىڭ «قارلىق تاغ شەجەرىسى» ناملىق داستانىنى تەنقىدلەپ يازغان «تىل ‹بۇزۇلسا بۇزۇلسۇن›، ۋەزىن ‹بۇزۇلمىسۇن›» دېگەن تەن-قىدىي ماقالىسىنى نورمال تەنقىد، دەپ قارايمەن، چۈنكى ھەرقانداق ئەدەبىي ئەسەر ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئوبيېكتى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن سىدىقهاجى روزىنىڭ «ئوبزورچى قەلبىنىڭ ھودۇقۇش ئىچىدىكى ئىزهارى» دېگەن ماقالىسىدە ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىننى «‹مەدە-نىيەت› دېگەن ئۇقۇم توغرىسىدا ئەقەللىي ساۋاتقا ئىگە بولماي تۇ-رۇپ، ‹ئارىلاشما مەدەنىيەت نەزەرىيەسى› نى بازارغا سېلىۋاتىدۇ» دەپ تەنقىدلىشى لىللا بولماي قالغان. سىدىقهاجى روزىنىڭ نەزىرىدە «مەدەنىيەت دېگەن ئەقەللىي ئۇقۇمنى بىلمەيدىغان» بۇ ئادەم مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى باشقىلار ئالدىراپ چىش پا-تۇرالمايدىغان ئەڭ ئېغىر تېمىلاردا خاس ئەسەرلەرنى يېزىپ بىزگە تەقدىم قىلىۋاتقان ھەقىقىي ئالىم. بىز ئادەمگە مۇئامىلە قىلىشتا سەل ئاقىلانىراق بولايلى. قۇلىقىمىزغا ئەمەس، كۆزىمىزگە ئىشە-نەيلى، فارابى ھەققىدە باشقىلارنىڭ هازىرغىچە تېخى ئالىقانچىلىك ئىلمىي ماقالە يېزىپ چىقالمىغانلىقىغا، ئېستېتىكا ھەققىدە تۇ-زۈكرەك بىر پارچە ئىلمىي ماقالە يېزىپ چىقالمىغانلىقىغا، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە بىرەر پارچە سىستېمىلىق ئەسەر يېزىپ چىقالمىغانلىقىغا قاراپ باقايلى. بۇ تېمىلاردا پەقەت ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىننىڭلا خاس ئەسەرلىرى بار. قىسقىسى، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى، ئۇيغۇر ئېستېتىكا تارىخى

ۋە ئۇيغۇر مۇقاملىرى تەتقىقاتىدا ياراتقان پەللىنى تېخى ئارىمىزدىن چىقىپ يېتىلىيالىغان بىرەر ئالىم يوق. بۇ پەللىنى يەنىلا تېخى ئا-شۇ «ساۋاتسىز» ئالىم ئۆزى يېتىلىپ بېرىۋاتىدۇ. ياكى بۇ «ساۋات-سىز» ئالىم باشقىلارنىڭكىنى ئوغرىلاۋاتامدىغاندۇ؟ مەن سىدىقھاجى-نىڭ بۇ «گۇمانلىق دېلو» نى ئېنىقلاپ بېقىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

بىر بەزى كىشىلەرنىڭ «ئۇيغۇر ئالىم، مۇتەخەسسىسلىرى» دېگەن سۆزلەرنى كۆپ ئىشلەتكىنىگە قاراپ ئالىملىرىمىز كۆپ ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالمايلى. ئەگەر قاتتىقراق تەلەپ بىلەن ئۆلچەيدىغان بولساق ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلىرىمىزنى يىغىپ كەلسە بىر مىنى-بۇس توشمايدۇ. زەلىلى «خالايىقنىڭ كۆزىدە پەردە ـ غەپلەت، نۇر ئا-يان بولماس!» دەپ ئېيتقاندەك، خامۇشلارچە، هاماقەتلەرچە ياشاۋەر-مەيلى، مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۇرەيلى. پەرق تۇيغۇسى خۇنۇك مىللەت كۆپ هاللاردا مەشئەل كۆتۈرگەن ئوغلانلى-رىنىڭ بويىنىغا سىرتماق سېلىشتەك خاتالىقنى تولا تەكرارلايدۇ.

بىز ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىندەك نەزەرىيەۋى تەپەككۇرى كۈچلۈك، ئىزدىنىش روھىغا باي، ئىلىم ساھەسىنىڭ ئېتىراپ قى-لىشىغا ئېرىشكەن بىر ئالىمنى «مەدەنىيەت» دېگەن ئۇقۇم توغرى-سىدا ساۋاتى يوق دەپ تەنقىدلىگەن سىدىقھاجى روزىنىڭ ساۋاتىنى بىر تەكشۈرۈپ كۆرەيلى: «تەنقىد ئېغىمىز تەرەققىي قىلغان بولسا، ‹ئىنجىل قىسسەلىرى› نى تەرجىمە قىلدۇرۇپ ئېلان قىلىپ، دۆلەت-نىڭ خىراجىتىنى ۋە ژۇرنالنىڭ ئاق بەتلىرىنى ئىسراپ قىلمىغان بولاتتۇق». مانا بۇ سىدىقھاجىنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تارىخى-دىكى ئەڭ مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولغان «ئىنجىل» غا تۇتقان پوزىتسىيەسى. بىز بۇنىڭدىن بۇ خۇدىنى بىلمەيدىغان كالتە پەم، تار نەزەر، يەڭگىلتەك، پەرق ئېتىش ئىقتىدارى تۆۋەن، تەنقىد ئوبيېك-تىنى تاللىيالمايدىغان، قىساسخور، مەنمەنچى ئوبزورچىنىڭ «مەدە-نىيەت» دېگەن ئۇقۇم توغرىسىدىكى ساۋاتىنىڭ قانچىلىكلىكىنى كۆرۈۋالايمىز. ئۆز نۆۋىتىدە شۇنىمۇ ئېيتىپ قويۇش زۆرۈركى،

ئىجادىيەتتە پىكىرنى ئۆزى تەكرارلاشقا بەكمۇ ئۆچ ھالەتتە ئۇتتۇر-غا چىققان بۇ تەنقىدچى ئۆزىمۇ دەل شۇ خاتالىقتىن خالىي بولالمى-غان. مەسىلەن، ئۇ «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1992 - يىلى 6 - ئاي-نىڭ 20 - كۈنىدىكى «گۈلشەن» بېتىدە ئېلان قىلغان «كىلاسسىك ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىيات ئەنئەنىسى» ناملىق ماقالىسىدە «كىلاس-سىك، ئەدەبىياتقا بۇ قاراشلار بويىچە مۇئامىلە قىلساق، ئەدەبىي ئە-سەرلەرنىڭ ئىنتايىن كۆپ ئىجاد قىلىنغانلىقىنى، لېكىن ئۇنداق مۇھىتتا ئەدەبىيات نەزەرىيەسىنىڭ، ئەدەبىي قاراشلارنىڭ، بولۇپمۇ ئەدەبىي تەنقىدنىڭ تېخى تۆرەلمىگەنلىكىنى بايقايمىز» دەپ ئۇتتۇ-رىغا قويغان چۈشەنچىسىنى 1994 - يىلى 2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلغان «ئەدەبىيات قوشۇنى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى بەزى مەسىلىلەر» دېگەن ماقالىسىدە «ئۇيغۇر ئەدەبى-ياتى ئەنئەنىسىدىن ئېيتقاندا، پوئېزىيە تەرەققىي قىلغان، نەزەرى-يەچىلىك تەرەققىي قىلمىغان» دېگەن جۈملىلەردە يەنە تەكرارلىغان. سىدىقھاجىنىڭ «پولاتتەك قاتتىق ئىجادىيەت غورۇرى» بۇنداق ئۆزى-نىڭ گېپىنى ئۆزى تەكرارلايدىغان ھادىسىگە ھەرگىز يول قويمايت-تى، بىراق شەيتان ئازدۇرغان بولۇشى مۇمكىن. «پۇل ئۈچۈن بىر - بىرىنى ئالدايدىغان ئىش تۇرمۇشتا ھەر يەردە ئۇچراپ تۇرىدۇ. لې-كىن ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ قاپپىيەسىنى ئۆزگەرتىپ قايتا ئېلان قىلىپ، پۇل ئۈچۈن مىللەتنىڭ ئېستېتىكىلىق تەلىپىنى ئالدايدىغان ئىش ئەدەبىيات تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان» دەپ باش-قىلارنىڭ «چاۋىسىنى چىتقا يېيىۋەتكەن» سىدىقھاجى ئوخشاش بىر پىكىرنى جۈملە شەكلىنى ئۆزگەرتىپ قايتا ئېلان قىلىشنىمۇ «چوڭ ئالدامچىلىق» ھېسابلامدىغاندۇ ياكى بۇ تاسادىپىيلىقمىدۇ؟

مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ئەدەبىي تەنقىدچى بولغان كىشى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلاردەك بىر پەۋقۇلئاددە قىسمەتكە دۇچار بولغان خەلقنىڭ ئەدەبىياتىنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىسى بولغان كىشى ئىجادى-يەتتىكى ئۇششاق - چۈششەك خاتالىقلار ئۈستىدە داۋاملىق ۋاراڭ -

چۈرۈلۈپ قىلىپ داۋراڭخورلۇق قىلىپ يورمەسلىكى كېرەك. مەن بۇ مەسىلىدە سىدىقھاجى روزى ئۆزى «كۆس - كۆس كۆۋرۈكى، دىكى كەچكى پاراڭلار» دېگەن ماقالىسىدە كۆرسەتكەندەك: «ھەرقانداق كىشىنىڭ خاتالىقى (بۇ جۈملە ئەسلى «ئادەمنىڭ ھەرقانداق بىر خاتالىقى» دەپ ئېلىنغان بولسا توغرا بولاتتى) ئۇنتۇشتىن — كىملىكىنى، نەسلىنى، مەدەنىيىتىنىڭ روھىنى، ئۆزىگە قايتىش ۋە ئۆزىنى تونۇشنى ئۇنتۇپ قېلىشتىن يارالغان خاتالىقنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ» دەپ قاراپ، ئىجادىيىتىدە دەل مۇشۇنداق ئېغىر خاتالىق سادىر قىلىۋاتقان يازغۇچى - شائىرلارنى نەپرەت ۋە تەنقىد قىلىشىنى تەشەببۇس قىلىمەن. سىدىقھاجىنىڭ ئۆزىنىڭمۇ تەنقىدچىلىك ئەمەلىيىتىدە مۇشۇ نۇقتىغا بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئەمەل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە تەنقىد نەزىرىنى ئەرزىمەيدىغان مەسىلىلەرگە ئاغدۇرۇپ، چوڭ مەسىلىلەرگە سەل قاراشقا بولمايدۇ. بىرەر ئەسەر ئۈستىدە سىستېمىلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزمەي، ئۇنىڭ بىر مىسراسىنى، بۇنىڭ بىر مىسراسىنى تەنقىدلەپ، تەنقىدنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، «چۇسا مىجەز تەنقىدچىلىك» بىلەن شۇغۇللىنىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. بۇنداق قىلىش خاتا ھېسابلانمىسىمۇ، لېكىن ئەھمىيىتى يوق.

گەرچە سىدىقھاجى روزى «كۆس - كۆس كۆۋرۈكى، دىكى كەچكى پاراڭلار» دېگەن ماقالىسىدە بىز قىممىتى بار دەپ ھېسابلايدىغان بىر تېمىغا كۆڭۈل بۆلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پىكىر قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىقىدىن ئەپسۇسلىنىپ قالدىم. سىدىقھاجى روزى «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەدىبلىرى» نى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ رېئال ھاياتىغا، ئۇلارنىڭ ئازابىغا سەل قارىدى، ئۇنى يېزىشتىن باش تارتتى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى يېزىشقا توغرا كەلسە پەردازلاپ، رەڭ بېرىپ يازدى، دەپ خېلى ئاچچىق تەنقىدلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ «ئەدەبىياتتا دېھقانلارنىڭ ئازابىنى ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك» دېگەن ھاياجانلىق تەشەببۇسى ماڭا بەك ئادەتتىكىچە تۇيۇلدى. مېنىڭچە،

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ھازىرقى ئەڭ مۇھىم مەسىلە كىمنى يېزىش مەسىلىسى ئەمەس، نېمىنى يېزىش مەسىلىسىدىن ئىبارەت. ئىشچى-نىڭ ئازابى، دېھقاننىڭ ئازابى، سودىگەرنىڭ ئازابى، زىيالىينىڭ ئازابى دەيدىغان ئاتالما بىزنى قايمۇقتۇرۇپ قويماسلىقى كېرەك. شۇنى بىلىش كېرەككى، ھەممە ئازابنىڭ يىلتىزى پەقەت بىرلا. مانا بۇ بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ بىردىنبىر ئانا تېمىسى. كىمنى يې-زىش، قانداق يېزىش يازغۇچىنىڭ ئەركىنلىكى، ئەمما نېمىنى يې-زىش، كىم ئۇچۇن يېزىش ئۇنىڭ ۋىجدانىي بۇرچىغا باغلىق ئىش.

1994 - يىلى ئاپرېلدا يېزىلدى

# گۇمانىستارلىق قانداق ئۇقۇم

گۇمانىستار (ئادەمىيەت 人文 Humanities) دېگەن ئۇقۇم ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتىگە ئالاقىدار بارلىق مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. ئۇنىڭدىن تۇرلەنگەن «گۇمانىستارلىق» دېگەن ئۇقۇمنى تار دائىرىدىن ئېيتقاندا ئادىمىيلىك، ئىنسانچىلىق دەپ چۈشىنىش، كەڭ دائىرىدىن ئېيتقاندا «مەدەنىيلىك» دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. گۇمانىستارلىق ئۇقۇمى كىشىلەرنىڭ ئادىمىيلىك ھەققىدىكى تۇرلۇك قارىشى، ئۇنىڭغا بولغان ئارزۇ - ئۇمىدى، كىشىلىك تۇرمۇش، جەمئىيەت، مەنئۇيىتىگە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئامىللارنىڭ يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا گۇمانىستارلىق ھەرقانداق زامان ۋە ماكاندا ئادەمنى مەقسەت ۋە مەركەز دەپ تونۇشنى كۆرسىتىدىغان ئىدىيە، دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. بۇ يەردىكى ئادەمنى مەقسەت ۋە مەركەز دەپ تونۇش ئادەمنىڭ كىشىلىكىگە، يەنى شەخسلىكىگە، تېخىمۇ كونكرېت ئېيتقاندا ئىنسانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. شەخسلىكنى تەكىتلەش زامانىۋى جەمئىيەتنىڭ بەلگىسى. ھەقىقەتەنمۇ ھەرقانداق ئادەم شەخسىي ئەركىنلىك ئارزۇسىنى ئاساس قىلغان ساغلام ئىنسانىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتقا موھتاج. گۇمانىستار روھ ئادەمنىڭ ئاڭ - سەۋىيەسىگە قارىتىلغان بولۇپ، ئۇ باشقىلارنىمۇ ئويلايدىغان ساپ دىللىقتۇر. ئۇ كىشىلەردىكى ئادىللىق ۋە ھەققانىيلىقنى مەنبە قىلىدۇ. ئۇ بىر ئادەمنىڭ سۆز - ھەرىكىتىدە، خاراكتېرىدە ۋە پۈتكۈل ساپاسىدا ئىپادىلىنىدۇ.

ئىقتىساد يەر شارىلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، كىشىلەر گۇمانىستار روھنىڭ يېتەرسىز بولۇۋاتقانلىقىدىن ئەپسۇسلانماقتا.

مەلۇم مەنىدە گۇمانىستار روھ ئىنسانلار ئورتاق ئىشىنىدىغان ھەقىقەتچىل روھنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، بىز دائىم تىلغا ئالىدىغان ئىلىم - پەن روھى، تەنتەربىيە روھى، دېموكراتىيە روھى، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى، ئىجتىمائىي ئادىللىق ۋە باراۋەرلىك روھى، ئىنسانپەرۋەرلىك روھى قاتارلىقلار كىشىلەرنىڭ ئەركىن، بەختلىك ۋە قەدىر - قىممىتىنى ساقلاپ ياشىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇلار كىشىلەرنىڭ ئۆز بەختىنى تېپىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق، ئۇنىڭ مۇھىملىقىغا قىل سىغمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ھازىر گۇمانىستار روھنىڭ ئەسلىي مىزانى، بولۇپمۇ ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشى ئېغىر زەربىگە ئۇچراپ، كىشىلەرنى خېلى گاڭگىرىتىپ قويۇۋاتىدۇ. بىز بارغانسېرى ئەۋج ئېلىۋاتقان نەپسانىيەتچىلىك، راھەتپەرەسلىك ئالدىدا ئامالسىز قېلىۋاتىمىز. شۇڭا، گۇمانىستار روھنى قايتا ئۇرغۇتۇش تەخىرسىز بولۇپ قالدى.

گۇمانىستار روھنى قايتا ئۇرغۇتۇشنىڭ يىلتىزى مائارىپتا. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىنسانىي روھ مائارىپنىڭ جېنىدۇر. مائارىپ بىلىم ئۆگىتىدىغان مائارىپلا بولۇپ قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇ كىشىلەرنى گۇمانىستار روھقا ئىگە قىلىدىغان مائارىپ بولۇشى كېرەك. يېڭى مائارىپ قارىشىدا «كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن تىل - ئەدەبىيات دەرسىدە مەركىزىي ئورۇننى ئىگىلەيدىغىنى پەننىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى ئادەم بولۇشى كېرەك» دەپ قارىلىۋاتىدۇ.

باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ ھەم ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگىچە، ئادەم بىلىم ئېلىش خاراكتېرىدىكى سىستېمىلىق ئوقۇشنى تاماملاپلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى، جەمئىيەتكە پايدىلىق زۆرۈر ساپانى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. بۇ ساپانىڭ يادروسى يەنىلا گۇمانىستار روھتۇر. ئۇ شەخسنىڭ غايە، ئېتىقاد، ئەخلاق، ساپا ۋە تەربىيەلىنىشى قاتارلىق جەھەتلىرىدە كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ.

گۇمانىستار روھ بولمىغان مائارىپ كەمتۈك، جانسىز مائارىپتۇر. ھەرقانداق بىلىمنى ئىگىلەشتە كەسپىي نىشانلا بولۇپ، ئىنساندا

بولۇشقا تېگىشلىك ئالىيجاناب غايە ـ ئىستەك ۋە مەدەنىيەت ئۆل-چىمى ئىگىلەنمىسە، بۇنداق بىلىم جەمئىيەتكە بەخت يارىتىپ بې-رەلمەيدۇ، گۇمانىستار روھ ئىنسانلار بارلىققا كەلتۈرگەن قوياش. ئۇ كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ۋە كەلگۈسىنى يورۇتىدۇ. بىز گۇمانىستار روھنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىمىزنى داۋاملىق يورۇتۇشىغا موھ-تاجمىز.

گۇمانىستارلىق ياۋروپادا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنى-شى مەزگىلىدىكى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ روھىنى ئىپادىلەيدىغان گۇمانىزم (توغرا ئاتىلىشى: ھۇمانىزم) دېگەن ئاتالغۇ بىلەن مۇنا-سىۋەتلىك بولۇپ، گۇمانىزم (人文主义 humanism) دېگەن ئۇقۇم بىزگە خېلىلا تونۇشلۇق، بىراق جۇڭگودا تەرجىمە جەھەتتىكى سە-ۋەب تۈپەيلىدىن بەزىلەر ئۇنى ئانتروپولوگىزم (人本主义) ياكى ئىنسانپەرۋەرلىك (人道主义) دەپمۇ ئاتاشتى. «گۇمانىزم» دېگەن ئاتالغۇ قەدىمكى زامان دۇنياسىدا ياكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى مەزگىلىدە بارلىققا كەلمىگەن، 1808 ـ يىلى گېرمانىيەلىك بىر پېداگوگ لاتىن تىلىدىكى سۆز يىلتىزى humanus دىن گېرمانچە humanismus سۆزىنى ياساپ چىققان. ئىنگلىز تىلىدىكى humanism دەل مۇشۇنداق ياسالغان گېرمانچە ئۇقۇمدىن كەلگەن. 19 ـ ئەسىرگە كەلگەندە غەرب ئالىملىرى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى مەزگىلىدىكى پۈتكۈل ئىدىيەۋى ئېقىمنى ئو-مۇملاشتۇرۇپ «گۇمانىزم» دەپ ئاتاشقا باشلىغان. ئەدەبىيات ـ سەن-ئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى مەزگىلىدىكى گۇمانىزم ئادەم ۋە ئىنسان تەبىئىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىدۇ ھەمدە ھەرقايسى مەدەنىيەت ساھەلىرىدە ئادەم ۋە ئىنسان تەبىئىتىنى تې-ئولوگىيەنىڭ ئاسارىتىدىن ئازاد قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ دەۋر-دىكى گۇمانىزمنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكى تۆت نۇقتىغا يى-غىنچاقلىنىدۇ:

1. ئادەمنىڭ قىممىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئىنسان تەبىئىتى

ۋە كىشىلىك غايىنى مەدھىيىلەيدۇ، ئوتتۇرا ئەسىر تىئولوگىيەسى-
نىڭ ئىلاھىنى كۆتۈرۈپ، ئادەمنى كەمسىتىدىغان نۇقتىئىنەزىرىگە
قارشى تۇرىدۇ؛

2. كىشىلىك دۇنياسىدىكى خۇشاللىقتىن ھوزۇرلىنىشنى تەلەپ
قىلىدۇ، ئادەمنىڭ رېئال تۇرمۇشىنىڭ ئەھمىيىتىگە كۆڭۈل بۆلى-
دۇ، ئادەمنىڭ ئۆز تەبىئىتى بويىچە تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى تەكىت-
لەيدۇ. ئوتتۇرا ئەسىر تىئولوگىيەسىنىڭ تەركىھەۋەس ۋە باقىي ئا-
لەم نۇقتىئىنەزىرىگە قارشى تۇرىدۇ؛

3. ئىنسان تەبىئىتىنى ئازاد قىلىشنى ۋە ئەركىنلىك، باراۋەر-
لىكنى تەلەپ قىلىدۇ، ئادەمنىڭ ئەركىن ئىرادىسى، ئەخلاق - پەزى-
لىتى، تىرىشچانلىقى ۋە قابىلىيىتىنى تەكىتلەيدۇ. ئوتتۇرا ئەسىر-
دىكى دىنىي ئاسارەت ۋە فېئوداللىق دەرىجە قارىشىغا قارشى چىقىدۇ؛

4. ئادەمنىڭ ھېسسىي تەجرىبىسى ۋە ئىدراكىي تەپەككۇرىنى
قەدىرلەيدۇ، بىلىمگە تايىنىپ ئىنسانلارغا بەخت - سائادەت يەتكۈ-
زۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، مەدرىسە پەلسەپىسى ۋە جاھالەتچىلىككە
قارشى تۇرىدۇ.

گۇمانىزم بۈگۈنكى كۈندە ھەم تارىخىي ئاتالغۇ سۈپىتىدە، ھەم
ئىلىم - پەن ئاتالغۇسى سۈپىتىدە قوللىنىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ
تەرەققىياتى ئىنسانپەرۋەرلىك (humanitarianism) دېگەن زامانىۋى
ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. ئىنسانپەرۋەرلىك تېخىمۇ كەڭ، تې-
خىمۇ زامانىۋى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، كەڭ ئىستېمال قى-
لىنىدىغان ئاتالغۇغا ئايلاندى. «گۇمانىتار» دېگەن ئاتالغۇ خىلمۇخىل
ساھەلەرگە باغلانغان ھالدا كەڭ ئىستېمال قىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.
مەسىلەن، گۇمانىتار روھ، گۇمانىتار جۇغراپىيە، گۇمانىتار مەنزى-
رە، گۇمانىتار پەنلەر دېگەندەك.

گۇمانىتار پەنلەر (人文科学 the humanities) گە كەلسەك، ئۇ-
نى «ئادەمىيەت پەنلىرى» دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. 15 - ئەسىرنىڭ
ئاخىرى ئىتالىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار humanista

(ئىنگلىزچە humanist ) سۆزى ئارقىلىق كىلاسسىك تىل ۋە ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنى چاقىرغان. بۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆگىتىدىغان دەرسلىرى «گۇمانىستار پەنلەر» (humanities) دەپ ئاتالغان. ئەينى چاغدا بۇ گىراماتىكا، ئىستىلىستىكا، تارىخ، ئەدەبىيات، ئەخلاق پەلسەپىسى قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ دەرسلەر كىشىلەرنىڭ ئەتراپلىق تەربىيەلىنىشىگە دائىر مۇھىم دەرسلەر دەپ قارالغان. ئەمەلىيەتتە، بۇ تەبىئىي پەن دەرسلىرىنىڭ قارشى تەرىپى دەپ قارالغان.

فىرانسىيەدە بارلىققا كەلگەن مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىدىن كېيىن تەبىئىي پەنلەرنىڭ ئورنى بارغانسېرى ئۆسكەن، بولۇپمۇ 19 – ئەسىر ۋە 20 – ئەسىرنىڭ باشلىرى تەبىئىي پەنلەر بىر تەرەپلىمە ھالدا يۇقىرى ئورۇنغا قويۇلغان. چۈنكى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان پاكىتلار كىشىلەرگە تەبىئىي پەنلەرنىڭ جەمئىيەتنى تۈپتىن ئۆزگەرتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئىلىم – پەن تەربىيەسى مەكتەپلەردە ئەھمىيەت بېرىشكە ئېرىشتى. دەل مانا مۇشۇنداق چېكىدىن ئاشقان ئەمەلىي مەنپەئەتپەرەسلىك تونۇشى سەۋەبىدىن ئەنئەنىۋى گۇمانىستار پەنلەرنىڭ قىممىتىگە سەل قارالدى. مەكتەپ سىستېمىسىدا گۇمانىستار پەنلەر دەرسى بىلەن تەبىئىي پەنلەر دەرسى ئايرىۋېتىلدى. ئاقىۋەتتە تەبىئىي پەن ئوقۇغانلار گۇمانىستار پەننى بىلمەيدىغان، گۇمانىستار پەننى بىلگەنلەر تەبىئىي پەننى بىلمەيدىغان بولۇپ قالدى.

گۇمانىستار پەنلەر بىلەن تەبىئىي پەننىڭ ئوبيېكتى ئوخشاش ئەمەس. بۇ ئىككىسى بىر – بىرىنى تولۇقلايدىغان مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ھېچقايسىسى بىر – بىرىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ.

ئەگەر تەبىئىي پەنلەرنىڭ بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ماددا دېسەك، گۇمانىستار پەنلەرنىڭ بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ئادەم. گۇمانىتارلىق دېگىنىمىز، ئادەمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئەھمى-

يىتى، كىشىلىك ئىززەت ـ ھۆرمىتى، قىممەت، ئەخلاق، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، بىلىشى، ھېسسىياتى، ئىرادىسى ۋە ئادىمىيلىكى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ كۆپىنچە ھاللاردا پەلسەپە، دىن، تارىخ، ئەدەبىيات، سەنئەت قاتارلىق گۇمانىتار پەنلەردە گەۋدىلىنىدۇ. تەبىئىي پەن ناتۇرال بولىدۇ، گۇمانىتار پەن ئەخلاق ۋە قىممەت خاھىشىغا ئىگە بولىدۇ. خۇددى گېرمانىيەلىك مەشھۇر بىر ئۇنىۋېرسىتېت مۇدىرىنىڭ ئېيتقىنىدەك، تەبىئىي پەن دەۋرنىڭ پويىزى، گۇمانىتار پەن دەۋر پويىزىنىڭ شوپۇرى.

بۈگۈنكى جەمئىيەتتە، كىشىلەر ئىلىم ـ پەن تەربىيەسىگە زىيادە ئەھمىيەت بېرىپ، گۇمانىتار پەنلەرگە سەل قاراش تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ناچار ھادىسىلەر ئۈستىدە پائال ئويلىنىشقا باشلىدى، تەبىئىي پەنگىمۇ گۇمانىتار روھ سىڭدۈرۈلۈشكە باشلىدى.

گۇمانىتارلىق توغرىسىدا كىشىلەر ئادەتتىكى چاغلاردا نۇرغۇن سۆزلەيدۇ، بىراق كىشىلەرنىڭ گۇمانىتار روھقا بولغان تونۇشى تامامەن بىردەك ئەمەس. بەزىلەر گۇمانىتار روھنى تۆۋەندىكىدەك چۈشىنىدۇ:

1. ئەبەدىيلىككە ئىنتىلىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، رېئاللىقتىن ھالقىغان غايىۋى دۇنيا ۋە كۆڭۈلدىكى ئىنسانىي پەزىلەت ئۈچۈن قەيسەرلىك بىلەن ئىزدىنىش؛

2. ئادەمنىڭ قىممىتىنى ئۇلۇغلاپ، چېركاۋ ۋە ئىلاھشۇناسلىقنىڭ ئادەمگە بولغان ئاسارىتىنى ئىنكار قىلىش؛

3. ئۆزلۈكنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە شەخسنىڭ غايىسىنىڭ ئىشقا ئېشىشى ئۈچۈن ئىنتىلىش، ئادەم نەپسىنىڭ مۇۋاپىقلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، تەركىمەۋسكە قارشى تۇرۇش بىلەن بىللە، ئادەم تەبىئىتىنىڭ نەپسانىيەتچىلىكتە نابۇت بولۇشىغا قارشى تۇرۇش؛

4. ئىندىۋىدۇئاللىقنى ئازاد قىلىپ، كىشىلەر ئارا ئەركىن، باراۋەر مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، شەخسنىڭ قىممىتىنى نامايان قىلىش، پاترىئارخاللىق دەرىجە مۇناسىۋىتى ھەمدە شۇنىڭغا ئوخشاش

ئىدېئولوگىيەنىڭ ئاسارىتىگە قارشى تۇرۇش؛

5. ئەقلىيلىكتە چىڭ تۇرۇپ، خوراپاتلىققا، قارىغۇلارچە ئەگىشىشكە ۋە بىلىش جەھەتتە مەجبۇرلاشقا قارشى تۇرۇش.

يەنە بەزىلەر گۇمانىستار روھنى مۇنداق چۈشىنىدۇ:

1. ئادەمنى ئاساس قىلىپ، ئادەمنىڭ بارلىق شەيئىلەر ئىچىدىكى نېگىزلىك ئورنىنى تەكىتلەش؛

2. شەخسىي ھۆرلۈك ۋە غۇرۇر؛

3. مۇكەممەل ئادەم بولۇش غايىسى؛

4. ئادەمنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت پەزىلىتى؛

5. قىممەت قارىشىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، مەدەنىيەت ئېڭىنى ئۆستۈرۈش.

تەتقىقاتچىلار گۇمانىستارلىقنىڭ مەزمۇن دائىرىسى توغرۇلۇق تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىدۇ:

1. ئىلغار مەدەنىيەت ئېڭى ۋە مىللىي روھقا ئىگە بولۇش؛

2. ئادەمنىڭ يېتىلىش ئېھتىياجى ۋە كەچۈرمىشىگە كۆڭۈل بۆلۈش؛

3. ئادەمنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش؛

4. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيەۋى قارىشىنى مۇللاشتۇرۇش؛

5. ئاكتىپ ئالغا ئىلگىرىلەشتەك كىشىلىك تۇرمۇش پوزىتسىيەسىنى تۇرغۇزۇش؛

6. كۈچلۈك ئىرادە، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق روھىنى يېتىلدۈرۈشكە يېتەكلەش.

گۇمانىستار روھقا قارىتا قانچىلىك ئوخشاش بولمىغان چۈشەنچىلەر بولسىمۇ، ئادەملەردە ئاكتىپ ھالدا ئالغا ئىنتىلىدىغان روھىي تەلپۈنۈش شەكىللەندۇرۇش، ماددىي مەنپەئەتپەرەسلىكنىڭ ئاسارىتىنى تۈگىتىش ھەمدە مەدەنىيلىك تۇيغۇسى ۋە تارىخ تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىش بىز ئۈزۈكسىز ئىنتىلىدىغان گۇمانىستار روھ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان گۇمانىستار پەنلەر تەربىيەسىگە ئومۇم-

يۇزلۇك ئەھمىيەت بېرىلىشكە، گۇمانىتار روھ تەكىتلىنىشكە باشلىندى. تەتقىقاتچىلار بۇنى «گۇمانىتار — ئىجتىمائىي پەن تەربىيەسى» دەپ ئاتاشتى. گۇمانىتار پەنلەر، يەنى ئادىمىيەت پەنلىرى ئىنسانىنىڭ مەۋجۇتلۇق شارائىتىنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ. ئىجتىمائىي پەنلەر، يەنى جەمئىيەت پەنلىرى جەمئىيەت بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىدۇ. گۇمانىتار پەنلەر پەلسەپە، تارىخ، دىنشۇناسلىق، ئەدەبىيات، سەنئەت، مەدەنىيەت تەتقىقاتى، تىلشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىجتىمائىي پەنلەر سىياسىيشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىقتىسادشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق، پسىخولوگىيە قاتارلىق پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. گۇمانىتار پەنلەر بىلەن ئىجتىمائىي پەنلەر «بىر — بىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» غان بولغاچقا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر ئىچكى باغلىنىش بولغاچقا، ئومۇمىي تەتقىقات ئۇسۇلىمۇ ئوخشاش بولغاچقا، شۇنداقلا ئۇلار ئارىسىدىكى چەك - چېگرانى ھېچكىم ئېنىق ئايرىيالمىغاچقا، تەتقىقاتچىلار بۇ ئىككى پەن تۈركۈمىنىڭ نامىنى بىرلەشتۈرۈپ «گۇمانىتار — ئىجتىمائىي پەن» دەپ ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆرۈشتى. ئەمەلىيەتتە، ھەر خىل گۇمانىتار — ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتتىكى ئاخىرقى نىشانى ئادەم، پەقەت ئۇلارنىڭ ئادەمنى تەتقىق قىلىشتىكى نۇقتىسى، ساھەسى، قاتلاملىرى ئوخشىمايدۇ. تەتقىقاتچىلار گۇمانىتار — ئىجتىمائىي پەنگە «ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇتلۇقىنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان، ئادەمنىڭ ماھىيىتى ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان پەن» دەپ تەبىر بېرىشتى.

جۇڭگودا ھازىرقى كىتاب مۇندەرىجىلىرىنى تۈرگە ئايرىشتىن قارىغاندا، گۇمانىتار پەنلەرنىڭ مۇستەقىل ئورنى يوق. كىتابلار تەبىئىي پەنلەر ۋە ئىجتىمائىي پەنلەردىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىلغان. چەت ئەللەردە كىتابلار تەبىئەت پەنلىرى، جەمئىيەت پەن-

لىرى ۋە گۇمانىستار پەنلەردىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تۈرگە ئايرىلغان.
تۈرگە ئايرىشنىڭ بۇنداق ئوخشاش بولماسلىقى ھەرگىز تۈرگە ئاي-
رىش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىدىن ئەمەس، بەلكى تەپەككۇر
ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىدىن، گۇمانىستار پەنلەرنىڭ ئەھمە-
يىتىنى تونۇشىمىزنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىدىن بولغان.
جۇڭگودىكى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلى بويىچە،
گۇمانىستار پەنلەر ھەرقايسى پەنلەرنىڭ ئىچىگە سىڭدۈرۈۋېتىلگەن،
ماتارىيتا گۇمانىستار پەنلەر تەربىيەسىنىڭ مەقسىتىمۇ پەن تەربىيە-
سىنىڭ مەقسىتى ئىچىگە كىرگۈزۈۋېتىلگەن. ئىلمىي مەسىلىلەرنى
ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى تەبىئىيكى، گۇمانىستارلىق مەسىلىسىنى
ھەل قىلىشقا ماس كېلىدۇ، دەپ قارالغان. ھەتتا گۇمانىستارلىققا
دائىر مەسىلىلەرنى ئىلمىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى بىـ-
لەن ئويلانغاندا ۋە ھەل قىلغاندا توغرا بولىدۇ، تەرەققىي قىلدۇرۇش
ئىستىقبالى بولىدۇ، دەپ قارالغان. ئۆلچەملەشتۈرۈپ سىناش بۇنىڭ
مىسالىدۇر. بىر قىسىم كىشىلەر ھەتتا پەلسەپە، تىل - ئەدەبىيات،
ئەخلاق - پەزىلەت قاتارلىقلارغا ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن سىناقنى يولغا
قويغاندىلا ئىلمىي، ئىشەنچلىك بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.
لېكىن، گۇمانىستار پەنلەر مەسىلىسىنى ئىلمىي ئۇسۇل ھەقىقە-
تەن ھەل قىلالامدۇ؟ ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن سىناق ھەممە پەنلەرنىڭ
بارلىق مەزمۇنلىرىغا ماس كېلەمدۇ؟ بۇ يېڭى مەسىلە ئەمەس. 20 -
ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدە قانات
يايغان «كېشۈەن (科玄) مۇنازىرىسى» بۇ مەسىلە ئۈستىدە چوڭقۇر
مۇنازىرىلەشكەن. مۇنازىرىدە دىڭ زېنجاڭ قاتارلىق كىشىلەر ۋەكىل-
لىك قىلغان ئىلىم - پەن تەرەپدارلىرى جۇڭگونىڭ نۆۋەتتىكى
جىددىي ئىشى قالاقلىقتىن قۇتۇلۇش، ئىلىم - پەن مەسىلىسى ھەل
قىلىنسا، باشقا مەسىلىلەر مۇشۇنىڭغا ئەگىشىپ ھەل بولۇپ كېتى-
دۇ، دەپ قارىغان. جاڭ جۈنلى، لياڭ شۇمىڭ قاتارلىق كىشىلەر ۋە-
كىللىك قىلغان «كونسېرۋاتىپلار» ئىلىم - پەن — ۋاستە. ئۇ پە-

قەت تېخنىكا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلالايدۇ. مىستىكا مەسىلىلىرى-نى ھەل قىلالمايدۇ، يەنى كىشىلىك ھاياتتىكى بەخت مەسىلىسىنى، كىشىلىك ھاياتنىڭ ئەھمىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك پەلسەپە مەسىلە-سىنى ھەل قىلالمايدۇ، دەپ قارىغان. ئەينى چاغدا جۇڭگو قالاقلىق تۈپەيلىدىن باشقىلاردىن زەربە يېيىشنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقان. جا-ھانگىرلارنىڭ پاراخوت ـ زەمبىرەكلىرىنىڭ ھۆجۈمىدا دۆلەت دەرۋازىسىنى ساقلاپ قېلىشىمۇ تەس بولغان. جۇڭگولۇقلارغا نىسبە-تەن بۇ كۈلپەتلىك تەقدىردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن جاسارەت بىلەن تە-رىشىپ ئىشلەشكە توغرا كەلگەن. شۇڭا مىستىكىزىم تەرەپدارلىرى تىرىشىپ ئىشلىشىمىزنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبە قىلغان. ئىلىم ـ پەن تەرەپدارلىرى ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبە قىلغان. ئىلىم ـ پەنگە تايىنىپ دۆلەتنى قۇتقۇزۇش كىشى-لەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىقادىغا ئايلانغان.

«ئىلىم ـ پەن مەسىلىكى» نىڭ غەلىبىسى ئىلىم ـ پەننىڭ ئور-نىنى كۆنسايىن يۇقىرى كۆتۈرۈپلا قالماستىن، جۇڭگونىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنى ھەقىقەتەن ئىلگىرى سۈردى. بۇ ھال كىشى-لەردە پەنگە ئۇيغۇن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى توغرا، ھەممىسى ياخشى بولىدۇ، دەيدىغان ئېتىقادنى تىكلىدى. شۇنىڭ بىلەن پەندىكى چىن ۋە ساختا مەسىلىلەر قىممەتتىكى ياخشى ۋە ناچار مەسىلىلەر بىلەن ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز رەۋىشتە ئارىلاشتۇرۇۋېتىلدى. تېخىمۇ ئېغىرى شۇ بولدىكى، «پەنگە ئۇيغۇن بولسىلا ياخشى بولىدۇ» دەيدىغان قاراش شەرتسىز قوبۇل قىلىنغاچقا، پەنگە ئۇيغۇن بولمىغان نەرسە چوقۇم ناچار بولىدۇ، ياخشى بولغان نەرسە چوقۇم پەنگە ئۇيغۇن بولىدۇ، دەيدىغان ئىككىنچى خىل قاراش بىلىپ ـ بىلمەي قوبۇل قىلىنىپ، «پەن ئىدېئولوگىزمى» غا مېڭىش كېلىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ھەممە نەرسە ئىلىم ـ پەنگە چېتىلدى. كىشىلەرنىڭ كىشىلىك ھايا-تىنى، جەمئىيەتكە بولغان سۇبيېكتىپ غايىسىنى ئىپادىلەيدىغان پەلسەپىمۇ ئىلىم ـ پەن ھېسابلاندى. ئادەمشۇناسلىق، ئىنسان تەبى-ئىتىنى چىقىش قىلىدىغان ئەدەبىياتمۇ ئىلىم ـ پەن ھېسابلاندى.

بارلىق نەرسە يا ئىلىم، يا ساختا ئىلىم بولۇشى كېرەك بولدى. ھەتتا ئىلاھىيەتشۇناسلىقمۇ ئىلمىي ئىلاھىيەتشۇناسلىق ۋە ساختا ئىلمىي ئىلاھىيەتشۇناسلىق، دەپ ئېنىق ئايرىلدى. ساختا ئىلمىي ئىلاھىيەتشۇناسلىقنىڭ قىممىتى بولمايدۇ، دەپ قارالدى. مەسىلىلەرنى ئويلانغاندا، مەسىلىلەرگە ھۆكۈم قىلغاندا بىر ئۆلچەم، يەنى «ئىلىم ـ پەن ئۆلچىمى» لا قالدى. گۇمانىتار پەنلەرنىڭ قىممىتى پارچىلىنىۋېتىلدى. گۇمانىتار پەنلەرنىڭ مۇستەقىللىقىغا ۋە گۇمانىتار پەنلەر تەربىيەسىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە سەل قارالدى.

بۇ، گۇمانىتار پەنلەر تەربىيەسىنىڭ قىممىتىگە سەل قارىغانلىق. گۇمانىتار پەنلەر بىلەن تەبىئىي پەنلەر ئوخشىمىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئوخشىمىغان رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. تەبىئىي پەنلەر تەبىئەت ھەرىكىتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ. گۇمانىتار پەنلەر بولسا كىشىلىك ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ؛ تەبىئىي پەنلەر بولسا ئىنتايىن توغرىلىقنى ۋە ئاددىيلىقنى تەلەپ قىلىدۇ، گۇمانىتار پەنلەر بولسا جانلىق ۋە مول بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ تەبىئىي پەنلەرنىڭ ئۆلچىمى قېلىپلاشقان ۋە بىرلىككە كەلگەن بولىدۇ، گۇمانىتار پەنلەرنىڭ ئۆلچىمى ئۆزگىرىشچان ۋە كۆپ خىل بولىدۇ؛ تەبىئىي پەنلەر ئوبيېكتىپ پاكىتنى تەكىتلەيدۇ، گۇمانىتار پەنلەر سۇبيېكتىپ تەسىراتنى تەكىتلەيدۇ. تەبىئىي پەنلەر ۋە گۇمانىتار پەنلەرنىڭ ئوخشىمىغان قىممىتى ۋە خاراكتېرى تەبىئىي پەنلەر ۋە گۇمانىتار پەنلەر تەربىيەسىنىڭ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. تەبىئىي پەنلەر تەربىيەسىنىڭ قورال خاراكتېرلىك قىممىتى مەقسەت خاراكتېرلىك قىممىتىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. گۇمانىتار پەنلەر تەربىيەسىنىڭ مەقسەت خاراكتېرلىك قىممىتى قورال خاراكتېرلىك قىممىتىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. دېمەك، تەبىئىي پەنلەر تەربىيەسى بىلىم بېرىشنى ئەلا بىلىپ، كىشىلەرنى بىر خىل قورال بىلەن تەمىنلەشنى، ئەقىل ـ پاراسەتنى قوزغىتىش جەريانىنى مەقسەت قىلىدۇ. ئىجتىمائىي پەن-

لەرمۇ بىلىم بەرسىمۇ، كىشىلەرنى بىر خىل تۇرمۇش قورالى بىلەن تەمىنلىسىمۇ، لېكىن ئۇ مەقسەتنىڭ ئۆزى بولۇپ، ھېسسىيات، خىسلەت تەربىيەلەش جەريانى ھېسابلىنىدۇ. تەبىئىي پەنلەر تەربىيەسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، گۇمانىتار پەنلەر تەربىيەسىنىڭ ئالاھىدە قىممىتىنى تەتقىق قىلىش تولىمۇ يېتەرسىز.

گۇمانىتار پەنلەر تەربىيەسىنىڭ جەريانى — مەنىۋى بەھرىمەن بولۇش جەريانى، ھاياتلىق ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش جەريانىدۇر.

ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ھاياتلىقنىڭ قىممىتىگە باراۋەر ئەمەس. ئادەمنىڭ ھاياتى قىسقا بولىدۇ. ھاياتلىقنىڭ ساپاسى ئالدى بىلەن ئىنسان مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ مولluقىدا، تۇرمۇش تەسىراتىنىڭ خۇشاللىقىدا بولىدۇ. بىر ئادەمنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى ناھايىتى مەنىسىز بولۇپ، ئىچى تىتىلدىسا، تۇرمۇش ساپاسىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. گۇمانىتار پەنلەرنى ئۆگىنىش ئۆگەنگۇچىلەرنىڭ مەنىۋىيىتىنى بېيىتىش ۋە خۇشاللىقى ئۇچۇن ئىنتايىن ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆگىنىش جەريانى ھۇزۇرلىنىش جەريانى بولىدۇ: پەلسەپىدە پەيلاسوپلارنىڭ ئىدىيە ۋە ئەقىل - پاراسىتىدىن ھۇزۇرلىنىدۇ، دۇنيانى كۆزىتىش ۋە تەھلىل قىلىشنىڭ كۆپ خىل كۆرۈش بۇلۇڭىدىن ھۇزۇرلىنىدۇ؛ ئەدەبىياتتا ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئېچىلىشىدىن ھۇزۇرلىنىدۇ، تىل بىلەن ئىپادىلەشنىڭ نازۇكلۇقى - گۈزەللىكىدىن ھۇزۇرلىنىدۇ. سەنئەتلىك تىلنىڭ مولluقى - كۆپ خىللىقى ئادەم سەزگۈ ئەزالىرى شەكلىنىڭ كۆپ خىللىقىغا مۇراجىئەت قىلىشىغا تېخىمۇ گەپ كەتمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، مەنىۋىيەتنى موللاشتۇرۇشقا ئىنتىلىش ئادەمنىڭ ئاساسىي ئىنتىلىشى بولۇپ، قىلچە ناخشا ئېيتالمايدىغانلارمۇ غىڭشىپ قويىدۇ. رەڭنى پەرقلەندۈرەلمەيدىغانلارمۇ بوياپ بېقىشقا ئامراق بولىدۇ. ساۋاتسىزلارمۇ شېئىر - قوشاق توقۇيدۇ. شۇڭا تەتقىقاتچىلار، گۇمانىتار پەنلەر دەرسى ئالدى بىلەن ھۇزۇرلىنىش داۋامىدا تاۋلىنىش بولىدۇ، ھۇزۇرلىنىش داۋامىدا ھېسسىيات گۈزەللەشتۈرۈلى-

دۇ، دەپ قارايدۇ.

ھازىرقى ماتارىپىمىزدا گۇمانىتار پەنلەر ئوقۇتۇشىدىكى ئەمەلىي ئەھۋال ئادەمنى ئانچە خۇش قىلمايدۇ. مەقسەت قىممىتىنى قورال قىممىتى بېسىپ كەتتى. بەھرىمەن بولۇش جەريانى پاسسىپ ھالدا قوبۇل قىلىش جەريانى بولۇپ قالدى. بىز ماتارىپتا ئېرىشكەن نەرسىلەرنى كۆرەلىدۇق ـ يۇ، يوقىتىپ قويغان نەرسىلەرنى بايقىمىدۇق. ئىگە بولغان نەرسىلەر دېڭىزدا سۇنىڭ يۈزىگە چىقىپ قالغان مۇز تاغنىڭ بىر بۆلۈكى بولسا، يوقىتىپ قويغان نەرسىلەر دېڭىز سۈيى ئاستىدىكى پۈتۈن مۇزتاغدىن ئىبارەت بولدى.

گۇمانىتار پەنلەر تەربىيەسىنىڭ جەريانى — ھاياتنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈش جەريانىدۇر.

رېئال تۇرمۇشتا تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللارنى ھەمىشە ئۇچرىتىپ تۇرىمىز: چىرايلىق گۈللەر خالىغانچە دەسسىۋېتىلىدۇ. ئوماق ئاسلان، كۈچۈكلەر دىققەتسىزلىكتىن ئۆلتۈرۈپ قويۇلىدۇ. قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدىغان بالىلار چوڭلارنىڭ روھىي جەھەتتىن مەجرۇھ قىلىنىشىغا ياكى جىسمانىي جەھەتتىن بوزەك قىلىنىشىغا ئۇچرايدۇ؛ ئېغىر ياتقان بىمارلار دوختۇرلارنىڭ قوپاللىق بىلەن داۋالىشىنى قوبۇل قىلىدۇ. كىرىمى تۆۋەن كىشىلەر سەۋەبسىز كەمسىتىشكە ئۇچرايدۇ. مېيىپلەر باشقىلارنىڭ ئورۇنسىز زاڭلىق قىلىشىغا ئۇچرايدۇ ... ئادەمنىڭ ھاياتلىق ئېڭى، ھاياتلىق ھەققىدىكى قىممەت قارىشى نەدە؟ يۇقىرىقى قىلمىشلارنى قىلغانلارنىڭ ھەممىسى ساۋاتسىز بولۇشى ناتايىن. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى گۇمانىتار پەنلەر تەربىيەسى ئالغان. لېكىن گۇمانىتار پەنلەردىكى ئەدەبىيات، پەلسەپە، ئەخلاق ئىپادىلىگەن ھاياتلىق قىممىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشى، ھاياتلىق قىممىتىگە ھۆرمەت قىلىشى ئوقۇتۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولمىدى.

ھاياتقا ھۆرمەت قىلىش، ھاياتنىڭ قىممىتىگە ھۆرمەت قىلىش ئەڭ ئاساسلىقى ھاياتنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ھۆرمەت قىلىشتا. ھاياتتىن

سەۋەبسىز مەھرۇم قىلماسلىقتا. ئىنتايىن تۆۋەن دەرىجىلىك ھاياتلىق بولغان تەقدىردىمۇ بىر ئادەم تۆۋەن دەرىجىلىك جانلىقتا ياكى ھايۋانغا قىلچە ئىچ ئاغرىتمىسا، ئۇنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھاياتلىققا ھۆرمەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلماق تەس!

ھاياتنىڭ مۇستەقىللىقى، تەكرارلانماسلىقى ھاياتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئاساس قىلىدۇ. لېكىن ھاياتنىڭ مەۋجۇت بولۇشى كۆپايە قىلمايدۇ. ھاياتنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ھاياتلىق قىممىتى نامايان بولۇشنىڭ ئەڭ تۆۋەن شەرتىدىن ئىبارەت. ئادەمنىڭ ھاياتلىق قىممىتى ئادەمدىكى تەسىرات، مۇھەببەت، ئىدىيە ۋە ئىجادىيەت ئىقتىدارىنىڭ ئۆزگىچىلىكىدە تېخىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىنى باشقا نەرسە ئالالمايدۇ. مەشھۇر يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ شۇنچە ياخشى يېزىلىشى، ئۇلارنىڭ كۆرگەنلىرى ۋە تەسىراتلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقىدا، بۇ، تەبىئىيلىككە، ئىنسانىي تۇيغۇغا باي تەسىرات، ھاياتقا بولغان ئوخشاشمىغان تەسىراتتىن ئىبارەت. ئادەمدىكى ھاياتلىق قىممىتىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئادەمنىڭ مۇشۇنداق ئۆزگىچە ھايات تەسىراتى، ھاياتىي كۈچىنىڭ ھۆرمەت قىلىشقا ئىگە بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئۆگىنىش داۋامىدا ئوقۇغۇچىلارغا ھاياتنىڭ مۇشۇنداق دۇپۇلدەپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش، ھايات قىممىتىنىڭ مۇشۇنداق يۈكسىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش، مانا بۇ، گۇمانىتار پەنلەر تەربىيەسىنىڭ ھەقىقىي ۋەزىپىسىدۇر. بۇ، گۇمانىتار پەنلەر تەربىيەسىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ۋە ئاساسىي رولىدىن ئىبارەت. لېكىن بۇنداق تەسىرات، بۇنداق ئىنتىلىشنى ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن سىناق بىلەن ھەرگىز ئەكس ئەتتۈرگىلى بولمايدۇ. ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن سىناق كۆپ بولغاندا، بۇ مەزمۇنلارنىڭ شەكلىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. مانا بۇ، گۇمانىتار پەنلەر تەربىيەسىنى نېمە ئۈچۈن پارچىلانغان بىلىمگە تايىنىپ ئورۇنلىغىلى بولمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

گۇمانىستار ــ ئىجتىمائىي پەنلەر تەربىيەسىنىڭ جەريانى ئەركىن روھنى ھېس قىلىش جەريانىدۇر.

ئىنساننىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلالىشى، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۈكسىلىشىدىكى توپ سەۋەب شۇكى، ئىنسانىيەت ئۆزىدىن ئۈزلۈكسىز ئېشىپ كېتىدۇ. ئۆزىدىكى جىسمانىي، ئەقلىي، مەنىۋى چەكتىن ئۈزلۈكسىز ئېشىپ كېتىدۇ. مۇشۇنداق چەكتىن ئېشىپ كېتىدىغان روھ ئەركىن روھقا ئىنتىلىش جەريانىدىن ئىبارەت. مۇشۇنداق روھنى نامايان قىلىش، مۇشۇنداق روھنى جارى قىلدۇرۇش گۇمانىستار ــ ئىجتىمائىي پەنلەر تەربىيەسىنىڭ ئىچكى رولى ھېسابلىنىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ گۇمانىستار ــ ئىجتىمائىي پەنلەر تەربىيەسى داۋامىدا مۇنداق ئەركىنلىك روھنى ھېس قىلىشى ئەسلىي تەبىئىي ئىش. ئامېرىكا يازغۇچىسى ھېمىڭۋاينىڭ «بوۋاي ۋە دېڭىز» دېگەن پوۋېستىدىكى بوۋاي سانتىياگنىڭ دېڭىز بىلەن كۈرەش قىلىشى، ئەنگلىيە يازغۇچىسى دانىل دېفونىڭ «دېڭىز سەرگەردانى روبىنزون كىرۇزو» ناملىق رومانىدىكى روبىنزوننىڭ دېڭىزدا سەرگەردان بولۇشىدا ئىنساننىڭ تەبىئەتكە بولغان چەكسىز كۈچى ئىپادىلەنگەن. پەيلاسوپلارنىڭ دۇنيانى ئوخشىمايدىغان چۈشىنىشى، چۈشەندۈرۈشى ۋە ئىنتىلىشلىرى ئىنسان ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ ئەركىن پەرۋاز قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇلارنى پارچىلانغان بىلىمگە ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ روھنى (جېنىنى) تاشلىۋەتكەندە، ئىنساننىڭ ئەركىن روھنى تاشلىۋەتكەندە، ئىجتىمائىي پەنلەر تەبىئىي پەنلەرنىڭ ئوپېراتسىيە پىچىقى تەرىپىدىن پارچىلىۋېتىلگەن بولىدۇ. ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ئەلۋەتتە بىلىم نۇقتىسى بولىدۇ، لېكىن پۈتۈن گەۋدىلىك بولۇشى كېرەك. ئەسىرلەردىن بۇيان ئىزچىل كېلىۋاتقان ئەركىن روھنىڭ تۈيغۇسى بولۇشى كېرەك.

ئىنساننىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىدىغان ئەركىن روھمۇ تەبىئىي پەنلەر تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى ئېنېرگىيەسى بولۇپ، ئىنسان

ئىجادچانلىقىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشىغا ماس كېلىدۇ. ھەتتا شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئەركىن گۇمانىتار روھ بولمىسا، ئىلىمنىڭ ئۈزۈكسىز ئىلگىرىلىشىمۇ بولمايدۇ. شۇڭا، ئىجتىمائىي پەنلەر تەربىيەسىنى گۇمانىتار روھ بىلەن ئېلىپ بېرىشى كېرەك.

ئىجتىمائىي پەنلەر تەربىيەسى بۆلۈنمىگەن تەربىيە، پۈتۈن گەۋدە تەربىيەسىدۇر.

مەكتەپ مائارىپىنىڭ دەرسلىرى چەكلىك بولىدۇ. دەرسلىكلەرنىڭ مەزمۇنى چەكلىك بولىدۇ. دەرسلىك بىر خىل مائارىپ ئىدىيەسىنى ئىپادىلەپ بېرىشنىڭ قورالى. مەلۇم ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى ئوقۇتىدىغان مىساللاردىن ئىبارەت. شۇڭا دەرسلىكنى ئوقۇتۇش مەزمۇنى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە دەپ قاراشقا بولمايدۇ. دەرسلىكنى ئوقۇتۇش مەزمۇنىنىڭ چەكلىمىسى دەپ قاراشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. دەرسلىك — ئۆگىنىشنىڭ يېتەكچىسى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدىغان ئەينەكتىن ئىبارەت. دەرسلىكنى ئىشلىتىشتىكى مەقسەت ئاز نەرسە ئارقىلىق كۆپ نەرسىنى كۆرسىتىشتىن ئىبارەت. شۇڭا بىر پارچە دەرسلىكنى چاقىنتىۋېتىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. دەرسلەرنى پارچىلىۋېتىشىمىزنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق. بەلكى دەرسلىكنى يادرو قىلىپ، گۇمانىتار روھنى ھېس قىلىشىمىز لازىم. ئەلىشىر نەۋايى غەزەللىرىنىڭ ئەڭ توپ ئالاھىدىلىكىنى «مەنىۋىيەتنىڭ خاتىرجەملىكىگە ئىنتىلىش» دەپ يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. لۇ شۈن فېليەتونلىرىنىڭ ئەڭ توپ ئالاھىدىلىكىنى ئىبلىسقا بولغان «نەپرەت» دېگەن بىر سۆزگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. با جىننىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكىنى تۇرمۇشقا بولغان «ھەقىقىيلىق» دېگەن سۆزگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن. بۇ يەردىكى «مەنىۋى خاتىرجەملىك»، «نەپرەت» ۋە «ھەقىقىيلىق» ھاياتقا بولغان مۇھەببەت، ھاياتلىق قىممىتىگە بولغان ئىنتىلىشقا تۇتىشىدۇ. بۇنى بىرەر ئابزاس سۆز بىلەن، بىرنەچچە پارچە ماقالە بىلەن ئەكس ئەتتۇرۇپ كەتكىلى بولمايدۇ. بۇ، ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى

نامايەندە، ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى كىشىلىك پەزىلەتنىڭ شانلىق سە-ھىپىسى. ئەگەر بىزدە مۇشۇنداق بىر پۈتۈنلۈك قارىشى بولمىسا، ئىجتىمائىي پەنلەر مائارىپى قاتمال ئوقۇتۇشنىڭ خەۋپىگە دۇچار بولۇپ قالىدۇ.

پۈتۈن گەۋدىلىك تەربىيە قارىشىدا، بىرىنچى، ھېس قىلىش لازىم. ئوقۇغۇچىلار ئاپتورنىڭ تەسىراتىنى، تۇيغۇسىنى، پۈتكۈل ئەسەرنىڭ ئۇسلۇبىنى ۋە كەيپىياتىنى ھېس قىلىشى لازىم. ئىك-كىنچى، چۈشىنىش لازىم. ئاپتورنىڭ مەسىلىلەرنى كۆزىتىش، ھا-دىسىلەرنى بايان قىلىش نۇقتىسىنى چۈشىنىش، ئاپتورنىڭ مەسى-لىلەرگە قاراش، ھادىسىلەرنى تەھلىل قىلىش نۇقتىسىنى ۋە ئۇسۇ-لىنى چۈشىنىش لازىم؛ ئۈچىنچى، ئىپادىلەش لازىم. دەرسلىكتىكى تېكىستلەرنى مىسال قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە ھاياتلىق تەسىراتى-نى ۋە قارىشىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك؛ ئاخىرىدا يەنى ئاخىرقى مەقسەت مەنىۋى ئەركىنلىككە ئىگە بولۇشى كېرەك. شەيئىلەرنى ئىندىۋىدۇئال ھالدا ھېس قىلىش، جەمئىيەتنى ۋە كى-شىلەرنىڭ تۇيغۇسىنى كۆزىتىش، كىشىلىك ھاياتنى ئىجادىي ھالدا ئىپادىلەش لازىم.

گۇمانىتار — ئىجتىمائىي پەنلەر تەربىيەسى ئۆلچەملىك، بىر-لىككە كەلتۈرۈلگەن تەربىيە بولماسلىقى، بەلكى ھەم كۆپ خىل، ھەم ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇلغان تەربىيە بولۇشى لازىم.

«دەرس تېكىستىنى ئابزاسلارغا بۆلۈڭ ھەمدە ئابزاسلارنىڭ مەنى-سىنى يېزىپ چىقىڭ» دېگەن بۇ تەلەپ، تىل - ئەدەبىيات دەرسىدە كۆپ ئۇچرايدىغان تەلەپ. بۆلارنىڭ ھەممىسىنىڭ جاۋابى ئوقۇتقۇچى پايدىلىنىدىغان كىتابلاردا ئېنىق بار. غەلىتە يېرى، شۇ تېكىستنى يازغان ئادەم ئۆز ئەسىرىنى ئابزاسلارغا بۆلۈشنى ئويلاپ كۆرگەنمىدۇ؟

«دەرس تېكىستىنىڭ مەزمۇنىنى يىغىنچاقلاش». بۇمۇ تىل - ئە-دەبىيات دەرسىنىڭ ئاساسىي تەلىپى. ئەسەردە مەركىزىي ئىدىيە بار-مۇ؟ دېمەكچىمەنكى، ھەقىقىي ئىدىيەۋى ھېسسىياتقا ئىگە ئەسەردە

جامائەت ئېتىراپ قىلغان مەركىزىي ئىدىيە بارمۇ؟ ئادەمنى چۈشىنىشنىڭ ئاچقۇچى شۇكى، ھەربىر ئادەم مۇستەقىل ئاڭغا، ھېسسىياتقا ۋە ئىچكى دۇنياغا ئىگە. شۇڭا قاتمال پوزىتسىيە ئىلمىي تەربىيە ھېسابلانمايدۇ. «ئوبراز ئىدىيەدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ» دېگەن قاراشنىڭ ئاساسى يوق ئەمەس. ئەدەبىياتنىڭ كۆپ مەنىلىكى، مول بولۇش خۇسۇسىيىتى ئەدەبىياتنىڭ جېنى ھېسابلىنىدۇ. بۇنى ئادەمنىڭ كۆپ خىل بولىدىغانلىقى بەلگىلىگەن. مانا بۇ، ئىجادىيەتنىڭ ئېنېرگىيەسى ۋە بوشلۇقىدۇر.

پەلسەپىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. مىڭ ئوقۇرمەن بولسا مىڭ فارابى، مىڭ نىتچې، مىڭ كوڭزى بولىدۇ. ئەسىرلەردىن بۇيان فارابى، نىتچې ۋە كوڭزى ئىدىيەسىنى شەرھلەيدىغان قانچە ئادەم ئوتتۇرىغا چىقتى؟ بۈيۈك پەيلاسوپلارنىڭ ئىدىيەسىنى ھەر خىل شەرھلەيدىغان بۇ كىشىلەر ئىنسانىيەتنىڭ ئىدىيە تارىخىنى بېيىتتى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى. قايسى پەلسەپىلىك چۈشەنچىلەرنىڭ ئەكسىچە قاراشلىرى يوق؟ ئەگەر ئىنسان ئىدىيەسىنىڭ كۆپ خىللىقىغا سەل قاراپ، چوقۇم ئۆلچەملىك جاۋاب ئىزدىسەك تەپەككۇر قاتماللىشىپ، روھ بوغۇلماسمۇ؟ تەنقىد ئېڭىنى ۋە ئىجادىي خۇسۇسىيەتنى ھۇزۇرلىنىش جەريانىغا، ھاياتلىق قىممىتىنى ھېس قىلىش پائالىيىتىگە، ئەركىن روھنى نامايان قىلىش سەھنىسىگە ئايلاندۇرغاندا، ھەقىقىي گۇمانىتار - ئىجتىمائىي پەنلەر تەربىيەسى بولالايدۇ. مۇشۇنداق تەربىيە كەيپىياتىدا ئوقۇغۇچىلار خۇشاللىققا ئىگە بولىدۇ. كىشىلىك ھايات قىممىتىنى ھېس قىلىدۇ. روھىي ئەركىنلىككە ئىگە بولىدۇ. گۇمانىتار روھقا ئېرىشىدۇ. ئوقۇتقۇچىمۇ قانائەتلىنىشكە ۋە بەختكە ئىگە بولىدۇ.

2005 - يىلى يېزىلدى

# ئامېرىكا نېگىرلىرىغا يىلتىزىنى تونۇتقان يازغۇچى

ئامېرىكىلىق مەشھۇر نېگىر يازغۇچى، «يىلتىز» قاتارلىق داڭلىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى ئالېكس خالېي 1992 - يىلى 2 - ئاي- نىڭ 10 - كۈنى يۈرەك كېسەللى سەۋەبىدىن ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ جاپا - مۇشەققەت، ئىزدىنىش، ئىجادىيەت ۋە شان - شۆھرەت بىلەن خاراكتېرلەنگەن ھايات مۇساپىسى ئاخىرلاشتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئامېرىكىدىكى گېزىت - ژۇرناللار بەس - بەستە تەزىيە ماقالىلىرى ئېلان قىلىپ، «يىلتىز» ناملىق رومانى ئارقىلىق كىشىلەرگە كۆ- ڭۈللۈك ۋە ئازابلىق ئەسلىمىلەرنى ئېلىپ كەلگەن، ئامېرىكا نېگىر- لىرىغا يىلتىزىنى تونۇتقان بۇ مەشھۇر يازغۇچىنى خاتىرىلەشتى. ئۇ- نىڭ «يىلتىز» ناملىق ئىككى قىسىملىق رومانى ۋە سەككىز قىسىم- لىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئانا تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىنىپ، بىز بىلەن يۈز كۆرۈشكەن بولغاچقا، بۇ كاتتا يازغۇچىنىڭ ھاياتى ۋە ئى- جادىيەت ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇپ قويۇشنى مەقسەت قىلىپ، بۇ ما- قالىنى يېزىپ چىقتىم.

ئالېكس خالېينىڭ ئىسمى ئۇنىڭ «يىلتىز» ناملىق ئەسىرى بە- لەن زىچ باغلانغان بولۇپ، بۇ ئەسەر ئۇنىڭغا دۇنياۋى شۆھرەت ئېلىپ كەلگەن. ئۇ 1976 - يىلى نەشر قىلىنغان بۇ رومانىنى يېزىش ئۇ- چۈن 12 يىل ئىزدەنگەن، تارىخنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن ئافرىقا، ئەنگلىيە، ئامېرىكا قاتارلىق جايلاردا ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، نۇرغۇن ئارخىپ ۋە ماتېرىيال باشقۇرۇش ئورۇنلىرىغا بېرىپ ماتېرىيال كۆرگەن، ئەنگلىيەنىڭ لوندون شەھرىدە ئەينى يىللاردىكى نېگىر قۇللارنى

يۈتكەپ سېتىشقا ئائىت خاتىرە ـ ھۆججەتلەرنى تېپىپ ئوقۇغان. «يىلتىز» نەسەبنامە خاراكتېرلىك رومان بولسىمۇ، ئاپتور ئۇنى يېزىشتا نوقۇل تار دائىرە بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان، بەلكى ئىنتايىن كەڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ئاساسىدا بىر نەسەبنىڭ ئۈچ ئەسىرلىك تارىخىنى، بىر جەمەت كىشىلەرنىڭ ئافرىقىدىكى ئەركىن تۇرمۇشى، ئامېرىكىدىكى ئېچىنىشلىق قۇللۇق تۇرمۇشى ۋە ئاخىرىدا ئەركىنلىككە ئېرىشىش جەريانىنى ئىنچىكە ھەم بەكمۇ تەسىرلىك تەسۋىرلىگەن. پۈتكۈل ئامېرىكا نېگىرلىرىنىڭ ئۇزاققا سوزۇلغان ئىجتىمائىي بەختسىزلىكلىرى، مىللىي ئىزدىنىشلىرى، خورلۇققا، ھاقارەتكە تولغان ھايۋان كەبى تۇرمۇشى؛ ئىنسانىي ھوقۇقى، تاللاش ئەركىنلىكى بولمىغان ئېچىنىشلىق تەقدىرى؛ قۇللۇقنىڭ قارا زەنجىرىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئىنسانىي ئازادلىققا ئېرىشىش يولىدىكى ئىزدىنىشلىرى مۇجەسسەملەنگەن. شۇڭا بۇ تارىخىي روماننىڭ ئېلان قىلىنىشى چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ۋە كەڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش بولۇپ قالغان.

ئامېرىكىدىكى ئاخبارات ساھەسى ۋە ئەدەبىي ئوبزور ساھەسىنىڭ «يىلتىز» ناملىق رومانغا بەرگەن باھاسى بىردەك ياخشى بولغاچقا، بىر يىلدىن كېيىن، يەنى 1977 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئامېرىكا دۆلەت كىتاب مۇكاپاتى كومىتېتى ھەممە كىشى كۆزىنى تىكىپ تۇرغان پىرېست مۇكاپاتى تارىخ تۈرىنىڭ ئالاھىدە مۇكاپاتىنى «يىلتىز» غا بەرگەنلىكىنى ئېلان قىلغان، بۇنىڭ بىلەن خالېينىڭ ئامېرىكا ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئورنى مۇقىملاشقان.

بۇ رومان نەشر قىلىنىپ بىر يىلدىن كېيىن، ئامېرىكا رادىيو شىركىتى تەرىپىدىن ئەڭ تېز سۈرئەت بىلەن «يىلتىز» دېگەن نامدا سەككىز قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى قىلىپ ئىشلەنگەن. بۇ تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ قويۇلۇشى ئامېرىكا جەمئىيىتىدە تېخىمۇ كۈچلۈك زىلزىلە پەيدا قىلغان. ئامېرىكا نېگىرلىرى ئارىسىدا ئۆزىنىڭ مىللىي ئەنئەنىسىنى قەدىرلەش ۋە ئۇنىڭدىن ئىپتىخارلىنىش،

ئىنسانىي غۇرۇرىنى ھەممىدىن ئۈستۈن كۆرۈش، ئەركىنلىكىنىڭ قەدرىگە يېتىش، شىمالىي ئامېرىكىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا قوشقان تارىخىي تۆھپىسىدىن پەخىرلىنىش ھېسسىياتىنى قوزغىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر مەيدان «خالىي قىزغىنلىقى» ۋە «يىلتىزىنى ئىزدەش» قىزغىنلىقى ئەۋجىگە چىقىپ، ئامېرىكىدىكى نېگىرلار ئارىسىدىلا ئەمەس، ئاق تەنلىكلەر ئارىسىدىمۇ «مەن كىم» تېپىمىسىدىكى ئىزدىنىش ئومۇملاشقان. كىشىلەر بەس ـ بەس بىلەن ئارخىپ باشقۇرۇش ئورۇنلىرى ۋە ماتېرىيال ئورۇنلىرىغا بېرىپ ئۆزلىرىنىڭ يىلتىزى ۋە ئەجدادىغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەرنى ئىزدىگەن. ئالېكس خالىي ئاشۇ كۈنلەردە تەكلىپ بىلەن ئامېرىكىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي دېڭىز قىرغىقى بويلىرىغا بېرىپ نۇتۇق سۆزلىگەن. ھەر كۈنى تەخمىنەن 500 دىن ئارتۇق كىشىنىڭ خاتىرىسىگە ئىمزا قويۇپ بەرگەن. ھەر ھەپتىدە تونىلاپ خەت تاپشۇرۇۋالغان. نۇرغۇن كىتابخانىلار مەخسۇس خالېينىڭ ئەسەرلىرىنى ساتىدىغان پوكەي ئاچقان. تېخىمۇ قىزىقارلىقى شۇكى، «يىلتىز» دا تەسۋىرلەنگەن، نېگىرلارنىڭ توي قىلغان چاغدىكى سۈپۈرگىدىن ئاتلاشتەك ئافرىقىچە قەدىمىي ئادەتنى ھازىرقى ئامېرىكا نېگىرلىرى توي قىلغان چاغدا تەقلىد قىلىدىغان ئۇسۇلغا ئايلىنىپ قالغان. ئەۋجىگە چىققان «يىلتىزىنى ئىزدەش» قىزغىنلىقى ئالدىدا، خالېي نوپۇزلۇق ئەرباب سۈپىتىدە ھازىرقى زامان ئامېرىكا ياشلىرىنى ئۈچ ئىشنى قىلىشقا دەۋەت قىلغان. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، جەمەتىدىكى يېشى ئەڭ چوڭ ئادەمنى تېپىپ، ئۇلاردىن جەمەتىنىڭ تارىخىنى ئاڭلاش؛ ئىككىنچىسى، ئىشكاپ، ساندۇق، بالىخانا، گەمىلەرنى ئاختۇرۇپ سالام خەت ۋە باشقا خاتىرىلەرنى تېپىپ جەمەت تارىخىنى يېزىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنى جەمەتىدىكى ھەربىر ئادەمگە بىر پارچىدىن سوۋغات قىلىش؛ ئۈچىنچىسى، جەمەتىدىكىلەرنىڭ يىغىلىشىنى ئۆتكۈزۈپ تۇرۇش. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «قانداشلىق تۇيغۇسىنىڭ بىر تۈرلۈك سېھرىي كۈچى بار... يىغىلىش ئادەمگە جەمەتىنىڭ غەمخورلۇقىنى

ھېس قىلدۇردى ۋە ئۇنىڭدىن ئىپتىخارلاندۇردى». نەتىجىدە، نۇرغۇن ئامېرىكىلىقلار ئۆزلىرىنىڭ جەمەت تارىخىنى يېزىشقا تۇتۇش قىلغان. «يىلتىز» قىزغىنلىقى ئامېرىكا ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ باشقا ساھەلىرىگىمۇ بۆسۈپ كىرگەن.

يېڭى ئىدىيەۋى ئېقىمغا ئەزەلدىن سەزگۈر بولۇپ كەلگەن ئامېرىكا مائارىپ ساھەسىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا قالمىغان. ئىستاتىستىكىدىن قارىغاندا پۈتكۈل ئامېرىكا بويىچە 270 تىن ئارتۇق ئالىي مەكتەپ «يىلتىز» رومانىنى ئالىي مەكتەپ دەرسلىكىگە كىرگۈزگەن، ھەتتا بىر قىسىم ئوتتۇرا مەكتەپلەرمۇ ئوقۇغۇچىلارغا «يىلتىز» دەرسىنى ئورۇنلاشتۇرغان. «يىلتىز» ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىكى زاتلارنىڭ ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان پاراڭغا ئايلىنىپ قالغان. «يىلتىز» غا مۇناسىۋەتلىك خەلقئارا ساياھەت ئىشلىرىمۇ جانلىنىپ كەتكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئالېكس خالېينىڭ ئەجدادلىرى ياشىغان كەنت ــ ئافرىقىنىڭ گامبىيەدىكى چەت، قاقاس جۇفۇلى كەنتى بىر مەزگىل ساياھەت رايونىغا ئايلىنىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن «يىلتىز» قىزغىنلىقى تېزلىك بىلەن چەت ئەللەرگە تارالغان. بۇ ئەسەر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 37 خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنغان. تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى كۆرگۈچىلەر بىرنەچچە مىليارد كىشىدىن ئېشىپ كەتكەن. «ۋاشىنگتون پوچتىسى» گېزىتىنىڭ بىر ئوبزورچىسى «يىلتىز» ناملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى ھەققىدە: ««يىلتىز» ئىرقىي مەدەنىيەتنىڭ خەندىكىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، پۈتكۈل مەملىكەت تاماشىبىنلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى» دېگەن. «دەۋر ھەپتىلىك ژۇرنىلى» «يىلتىز» نىڭ نەشر قىلىنغانلىقى ۋە قويۇلغانلىقى «ئەدەبىيات، تېلېۋىزىيە ھادىسىسى» ۋە «جەمئىيەتشۇناسلىق ھادىسىسى» دەپ كۆرسەتكەن. مەلۇم بىر ئەدەبىي تەنقىدچى ئالېكس خالېي «ئامېرىكا نېگىرلىرىنىڭ سىمۋولى» بولۇپ قالدى، دەپ ئاتىغان. «جەۋھەر» ژۇرنىلى ئالېكس خالېينى ئامېرىكىنىڭ «دۆلەت گۆھىرى» دەپ ئاتاپ، تېخىمۇ يۇقىرى باھا بەرگەن.

بۇش زۇڭتۇڭ 1989 - يىلى ئۇنىڭغا ئامېرىكا دېڭىز مۇداپىئە قوشۇنى تەتقىقات ئاكادېمىيەسىنىڭ شەرەپ مېدالىنى بەرگەن. چۈنكى ئالېكس خالېي 1939 - يىلىدىن 1959 - يىلىغىچە 20 يىل ئامېرىكا دېڭىز مۇداپىئە قوشۇنىدا ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىگەن.

ئالېكس خالېي 1921 - يىلى تۇغۇلغان. گەرچە ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپ دىپلومى بولسىمۇ، قارا تەنلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەربىي پاراخوتتا ئۇزاق مۇددەت ئاشپەز بولۇپ ئىشلەشكە مەجبۇر بولغان، كېيىن ئۇ جاپالىق مەشىق قىلىش ئارقىلىق مۇخبىر ۋە يازغۇچى بولۇپ، «بايۋەچچە»، «تەرمىلەر» ژۇرناللىرىغا ماقالە - ئەسەر ئەۋەتىپ تۇرغان. ئۇ بەزىدە نامراتلىشىپ ئۆي ئىجارىسىنى تۆلىيەلمەي قالغاندىمۇ، يەنىلا بوشاشماي يېزىقچىلىقنى داۋاملاشتۇرغان. ئۇ 1965 - يىلى مالكوم ئېكس بىلەن بىرلىشىپ، «مالكوم ئېكسنىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق تۇنجى كىتابىنى نەشر قىلدۇرغان. ئامېرىكا خەلق ھوقۇقى ھەرىكىتىنىڭ داھىيسى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئامېرىكىدىكى جارچىسى ماركوم ئېكس بىلەن سۆھبەت ئاساسىدا يېزىلغان بۇ كىتاب 60 - يىللاردا ئامېرىكىدىكى ئەڭ بازارلىق كىتاب بولۇپ قالغان. دۇنيادىكى كۆپ خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇ «يىلتىز» دىن كېيىن، يەر ئاستى تۆمۈريولىدىن قاچقان نېگىر قۇللارنىڭ سەرگۈزەشتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «يەنە بىر خىل مىلاد بايرىمى» ناملىق رومانىنى نەشر قىلدۇرغان.

ئۇنىڭغا ئەڭ زور دۇنياۋى شۆھرەت ۋە ئامەت ئېلىپ كەلگىنى يەنىلا «يىلتىز» ناملىق رومان بولغان. ئۇ بىر كېچىدىلا مەشھۇر شەخسكە ۋە مىليونېرغا ئايلىنىپ قالغان. ئۇنى نۇتۇق سۆزلەشكە تەكلىپ قىلغان تېلېگراممىلار ئۈزۈلمىگەن. ئۇنىڭ ھەر قېتىملىق نۇتۇق ھەققى ئون نەچچە مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولغان. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئەسىرى ئامېرىكا ئەدەبىيات تارىخى قامۇسىغا كىرگۈزۈلگەن، «يىلتىز» دۇنيا ئەدەبىيات خەزىنىسىدىكى بىر نۇرلۇق مەرۋايىت بولۇپ قالغان. خۇددى «ۋاشىنگتون پوچتىسى» گېزىتىنىڭ بىر ئوب-

ـزورچىسى ئېيتقاندەك: «بەزىلەر تارىخنى كۆچۈرىدۇ. بەزىلەر تارىخنى يارىتىدۇ. ئالېكس خالېي بولسا تارىخنى كۆچۈرگەن ھەم ياراتقان ئا- دەم».

ئالېكس خالېينىڭ ئۆز كەسپىگە بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتى ۋە قايتماس ئىرادىسىنى بىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ «ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىم رېئاللىققا ئايلاندى» دېگەن ماقالىسىنى ئوقۇش كۇپايە. بۇ ماقالە كۆڭلىگە مەلۇم ئارزۇ ـ ئارماننى پۈككەن ھەربىر غايە ئىگىسىنى ھاياجانلاندۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىدۇ.

* * *

خېلى بۇرۇنلا، مېنى نەس باسقان چاغلاردىلا، مەن سەۋر ـ تاقەت قىلىش بىلەن كۈتۈپ تۇرۇشنى ئۆگىنىۋالغان ھەمدە ھارماي ـ تال- ماي تىرىشىشتا بېرىدىغان بەدەلنىمۇ بىلىۋالدىم.

نۇرغۇن ياشلار ماڭا يازغۇچى بولغىمىز بار، دېيىشتى، مەن ھامان ئۇلارنى مۇشۇنداق ئويدا بولۇش كېرەك، دەپ ئىلھاملاندۇردۇم. لې- كىن مەن يەنە ئۇلارغا شۇنىمۇ ئېنىق ئېيتتىم، يازغۇچى بولۇش بە- لەن ئەسەر يېزىش باشقا ـ باشقا گەپ. كۆپ ھاللاردا بۇ ياشلارنىڭ ئەس ـ خىيالى ئۇزاق مۇددەت ماشىنكىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، يال- غۇزلۇق ۋە زېرىكىشلىك ئىچىدە مۇستەقىل كۈرەش قىلىش ئەمەس، بەلكى بايلىق تېپىش ۋە ئابروي قازىنىش ئىدى. مەن ئۇلارغا: «سى- لەرنىڭ ئويلايدىغىنىڭلار يازغۇچى بولۇش ئەمەس، بەلكى ئەسەرلە- رىڭلارنى ئېلان قىلدۇرۇۋېلىش» دېدىم.

ئەمەلىيەتتە، يېزىقچىلىق تەنھالىققا تولغان، كىشى بىلمەيدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىرىمى ناھايىتى تۆۋەن بىر خىزمەت، مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان يازغۇچىدىن ئىنتايىن ئاز ساندىكىلىرىلا تەقدىر ئىلا- ھىنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشەلەيدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ. ھەتتا مۇۋەپ-

پەقىيەت قازانغان ئاشۇ كىشىلەرمۇ شۇنى ئېتىراپ قىلىدۇكى، ئۇلار ئۇزاققىچە تاشلىنىپ قالغان ھەمدە نامراتلىقنىڭ ئازابىنى تارتقان، مەنمۇ شۇنداق.

مەن يىگىرمە يىل ئىشلىگەن دېڭىز قىرغىقى مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىدىن ئايرىلىپ، ئەركىن بىر يازغۇچى بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن چاغلىرىمدا، ئۆزۈمنىڭ ئىستىقبالىمغا زەررىچە ئىشەنچ قىلالمايتتىم. نيۇيوركتا مەن پەقەت جورجى سىمىتنىلا تونۇيتتىم. بىز تىنىنىس ئىشتاتىدىكى ھايىنىدا بىللە ئۆسكەن ئاغىنىلەر ئىدۇق. جورجى گىرىنىۋىچ كەنتىدىكى سارايىنىڭ بىناسىغا جايلاشقان پاكىز بىر قازناق ئۆيىدە مەن بىلەن ئۇچراشتى. ئۇ دەل مۇشۇ سارايىنىڭ زاپخوزى ئىدى. بۇ قازناق مېنىڭ ئائىلەم بولدى.

كىچىككىنە كەلگەن قازناق قاراڭغۇ ھەم سوغۇق ئىدى. يەنە كېلىپ مۇنچىسىمۇ يوق ئىدى. بىراق مەن بۇلارغا پەرۋا قىلىپ كەتمەيتتىم. مەن ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ كونىراپ كەتكەن بىر ماشىنكا سېتىۋالدىم ـ دە، ئۆزۈمنى راستىنلا بىر يازغۇچىغا ئوخشاپ قالغاندەك سەزدىم.

ئارىدىن بىر يىل ئۆتتى بولغاي، مېنىڭ يېزىقچىلىقىمدا يەنىلا ھېچقانداق بۆسۈش بولمىدى. ئۆزۈمنىڭ قابىلىيىتىمدىن بىر ئاز گۇمانلىنىپ قالدىم. بىرەر پارچە ئەسەرنى بازارغا سېلىش شۇنچە قىيىن، ۋاھالەنكى، ئۇنىڭدىن ئالغان نەپكە ئاران ـ ئاران جان باقىلى بولىدۇ. لېكىن مەن چوڭقۇر چۈشىنەتتىمكى، مېنىڭ ئارزۇيۇم يېزىقچىلىق قىلىش، بۇ مېنىڭ ئۆزۈمدىن بۇيانقى ئىستىكىم ئىدى. مەن بۇنىڭ ئۈچۈن داۋاملىق كۈرەش قىلىۋېرىمەن، گەرچە ئالدىمدىكى يولدا مەغلۇبىيەت ۋەھىمىسى ۋە ئەگرى ـ توقايلىق تولۇپ ـ تاشقان تەقدىردىمۇ.

ئۇ كۈنلەردە ئۈمىد ـ ئىقبال دېگەنلەر خۇددى خىيالىي مەنزىردەكلا غۇۋا ئىدى. ئومۇمەن، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا تەشنا بولغانلارنىڭ جىمىسى مۇشۇنداق ئۈمىد بىلەن تەشۋىشنىڭ ئارىلىشىپ

كېتىشىدەك دەردنى تارتقان.

كېيىنكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مەن قوبۇل قىلغان بىر تېلېفون مېنىڭ تۇرمۇشۇمنى ئۆزگەرتتى. لېكىن بۇ، ۋاكالەتچىلەرنىڭ ياكى تەھرىرلەرنىڭ كىتاب چىقىرىش ئىشى ئۈستىدە مەن بىلەن مەسلە-ھەتلىشىش مەقسىتىدە بەرگەن تېلېفونى ئەمەس ئىدى. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، بۇ مېنى ئۆز ئىشلىرىمدىن ۋاز كېچىشكە ئۈندەپ بېرىل-گەن، ئېنىقتۇرۇق بىلەن تولغان بىر تېلېفون ئىدى. تېلېفون بەر-گۈچى مېنىڭ سان - فىرانسىسكو شەھىرى دېڭىز قىرغىقى مۇھا-پىزەتچىلەر ئەترىتىدىكى بىر كونا تونۇشۇم ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن بىرئاز پۇل قەرز ئالغانىدىم. ھازىر ئۇ، مەندىن شۇ پۇلنى قايتۇرۇش-نى تەلەپ قىلىۋاتاتتى.

ــ ئالېكىس، ئون بەش دوللار پۇلۇمنى قاچان قايتۇرىسەن؟ — ئۇنىڭ مېنى مەسخىرە قىلىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

ــ كېلەر قېتىم ئەسىرىم سېتىلغۇچە كۈتۈپ تۇرغىن! — دې-دىم مەن ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ.

ــ ئۇبدان بىر مەسلىھەتىم بار، — دېدى ئۇ، — ھازىر بىزگە ئومۇمىنىڭ ماتېرىياللىرىنى باشقۇرىدىغان بىر زاپخوز لازىم بولۇۋا-تىدۇ. يىللىق مائاش ئالتە مىڭ دوللار. ئەگەر خالىساڭ، كەلگىن!

ئالتە مىڭ دوللار، بۇ پۇل 1960 - يىللاردا ئاز پۇل ئەمەس ئى-دى. مەن بۇ پۇلغا خېلى ئۇبدانلا بىر ئۆي، بىر كونا ئاپتوموبىل سېتىۋالالايتتىم، تېخى قەرزلىرىمنىمۇ تۆگىتەلەيتتىم، يەنە ئازراق پۇلمۇ ئېشىنالايتتىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تېخى بىر تەرەپتىن ئىشلىگەچ يېزىقچىلىقىمنىمۇ داۋاملاشتۇرالايتتىم.

بۇ دوللار كاللامنى تازا ۋەسۋەسىگە سېلىۋاتقان بىر چاغدا مېنىڭ روھىي دۇنيايىمدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان بىر ئوي ئۇرغۇپ چىق-تى: مەن ئەزەلدىن بىر يازغۇچى، كەسپىي يازغۇچى بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتىم، مانا ئەمدى مەن نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم!

ــ بولدى، رەھمەت ساڭا، مەن چىداپ كېتەلەيمەن، مەن يېزىق-

چىلىقىمنى قىلىۋېرەي، — مەن قەتئىي ئىشەنچ بىلەن شۇنداق جاۋاب بەردىم.

تېلېفوننى قويۇپ، ئۆزۈم يالغۇز قازناق ئۆيدە ئولتۇرغىنىمدا بۇ يەرگە كېلىپ، ئۆز يۇرتۇمدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر يېزىدا ئاخىرقى بىر نەچچە كۈنى ئۆتكۈزگەن مەلۇم بىر كۈندىكى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ...

تېلېفوننى قويۇپ، ئۆزۈم يالغۇز قازناق ئۆيدە ئولتۇرۇپ بۇ ـ ياققا مېڭىۋېتىپ، ئۆزۈمنى ئەخمەققە ئوخشاپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. ئاندىن تامدىكى سېرىق ئىشكاپنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارى ـ يوقى قېپقالغان ۋەجىمنى — ئىككى قۇتا ساردىن بېلىقى كونسېرۋاسىنى ئالدىم، ئاندىن يانچۇقۇمدا ئېشىپ قالغان ئون سەككىز تىيىن پۇلنىمۇ ئالدىم ـ دە، بۇ نەرسىلەرنى بىراقلا كېرەكسىز قەغەز سېۋەتكە سېلىپ قويدۇم. مەن ئۆز ـ ئۆزۈمگە: «ئالېكس، قارىغىنا، ھازىرغىچە سېنىڭ تاپقان بارلىق بايلىقىڭ مانا مۇشۇ!» دېدىم، كەيپىياتىم تۆۋەنلەپ چېكىگە يەتتى.

مەن ھال ـ ئەھۋالىمنىڭ تېز ئوڭشىلىشىنى ئۈمىد قىلسامmu، لېكىن ئىش مەن ئارزۇ قىلغاندەك بولمايتتى. خۇداغا شۈكۈر، ھەر نېمە بولسا مېنىڭ بۇ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىمغا جورجى يار ـ دەم قىلدى.

جورجى ئارقىلىق مەن بەزى سەنئەتكارلار بىلەن تونۇشتۇم. ئۇلارمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش، ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا جاپالىق كۈرەش قىلىۋېتىپتۇ. مەسىلەن، يوھان دايلېننى ئالساق، ئۇ بىر ماھىر رەسسام بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكى، كىيىم ـ كېچەكلىرى ھامانەم يېتىشمەيدىكەن. مۇشۇنداق چاغلاردا ئۇ، كوچىنىڭ ئۇدۇل تەرىپىدىكى قاسساپتىن، ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىدە ئاز ـ تولا گۆشى بار ئۇستىخاننى ئالىدىكەن. ئاندىن مىلىچمال دۇكىنىدىن سولىشىپ كەتكەن كۆكتات يوپۇرمىقىدىن بىرئاز ئېلىپ، مۇشۇ نەرسىلەر بىلەن ئۆز يۇرتىنىڭ شورپىسى ھېسابىدا بىر ۋاق ئېغىزغا تېتىغۇدەك شورپا قايىنىتىپ ئىچىدىكەن.

مەن بىلەن بىر مەھەللىلىك يەنە بىر قابىل ياش ناخشىچى تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ يۈرۈپ بىر ئاشخانىنى باشقۇرۇۋېتىپتۇ. بە ـ

رەر خېرىدارنىڭ توغرالغان كالا گۆشى يېگۈسى بولسا، ئۇ كوچىنىڭ نېرىقى بېشىدىكى دەرىجىدىن تاشقىرى بازارغا بېرىپ سېتىۋېلىپ كېلىدىكەن. ئۇنىڭ ئىسمى ھالىلېي بېلىفىت.

دايلېن ۋە بېلىفىتتەك كىشىلەر مەن ئۈچۈن ئۈلگە يارىتىپ بەردى. مەن ئارزۇ ــ ئېستەكلىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەتلىرىمنى داۋاملاشتۇرۇشتا بەزى قۇربانلارنى بېرىشىمگە ۋە ئامالنىڭ بارىچە تېرىكچىلىك قىلىشىمغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندىم. مۇۋەپپەقىيەتنىڭ غۇۋۋا سايىسىدە ياشىشىمدىكى جىمى مەزمۇن مانا شۇ ئىدى.

ساۋاقلارنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، مەن بارا ــ بارا بەزى ئەسەرلىرىمنى سېتىشقا باشلىدىم، مەن ئەينى چاغدا كۆپچىلىك كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرنى، مەسىلەن، خەلق ھوقۇقى، ئامېرىكا نېگىرلىرى دېگەنگە ئوخشاشلارنى يازدىم. خۇددى ئۇچار قاناتلار جەنۇبقا ئۇچقاندەك، مېنىڭ پىكىر ــ خىيالىممۇ بالىلىق دەۋرىمگە قايتتى، بۇ جىمجىت كىچىككىنە قازناق ئۆيدە ماڭا گويا مومام، بىر نەۋرە ئاچام گىئورگىيە ۋە يەنە ھاممىلىرىم پىداس بىلەن لىزنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندەك ۋە ياكى ئۇلارنىڭ ئائىلىمىز ھەم قۇللۇق تۈزۈم ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىسى ئاڭلانغاندەك بولدى.

بۇ ھېكايىلەرنى ئىلگىرى ئامېرىكا نېگىرلىرى ئېغىزغا ئېلىشتىن ئېھتىيات قىلاتتى. مەن ئەزەلدىن بۇلارنى يۈرىكىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدە ساقلاپ كەلگەن ۋە خاتىرەمگە ئېلىۋالغانىدىم. لېكىن، بىركۈنى مەن «تەرمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىرلىرى بىلەن چۈشلۈك تاماقتا بىللە بولغاندا، ئۇلارغا مومامنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىلىرىنى سۆزلەپ بەردىم. مەن تېخى ئۇلارغا ئائىلە تارىخىم توغرىسىدا بىر كىتاب يازماقچى بولۇۋاتقانلىقىمنى، كىتابنى ئەينى چاغدا ئامېرىكىغا ئەكېلىپ سېتىش ئۈچۈن توشۇپ كېلىنگەن ئۇرۇقداشلىرىم ئىچىدىكى تۇنجى ئەۋلادتىن باشلاپ يازىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، قولۇمغا بىر

نۇسخا توختام تەگدى، مەخسۇس تەتقىقات ۋە يېزىقچىلىق بىلەن شۇ-غۇللىنىشىم ئۈچۈن ئۇلار ماڭا توققۇز يىللىق تۇرمۇش راسخوتى بېرىشنى ھۆددە قىلدى.

ئارزۇ - ئىستەكلىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش — ئۇزاق مۇددەت-لىك، جەۋر - جاپالىق جەريان ئىدى. دەل دېڭىز قىرغىقى مۇھاپى-زەتچىلەر ئەترىتىدىن ئايرىلغىنىمغا ئون يەتتە يىل بولغاندا، يەنى 1976 - يىلى مېنىڭ ئەسىرىم «يىلتىز» ئېلان قىلىنىدى، ھايات - ھۆيت دېگۈچە مەن مىسلىسىز شۆھرەت ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىش-تىم، تۇرمۇشۇمدىكى غوۋا كۆلەڭگە بىردىنلا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ھالقىسىمان نۇرغا ئايلاندى.

قولۇم تونجى قېتىم پۇل كۆردى. نەگىلا بارماي قارشى ئېلى-نىپلا تۇردۇم. تېلېفونۇم ئەتىدىن كەچكىچە توختىماي جىرىڭلاپ تۇردى. يېڭى دوستلار، يېڭى توختام ئارقا - ئارقىدىن توختىماي كېلەتتى. كېيىن مەن «يىلتىز»نى تېلېۋىزىيە تىياترىغا ئۆزگەر-تىش ئۈچۈن يۇك - تاقلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ لوس - ئانژېلىسقا كۆچۈپ باردىم. بۇ كىشىنىڭ بېشىنى قايدۇرىدىغان ھەم كىشىنى جانلاندۇرىدىغان كۈنلەر ئىدى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مەن ئۆز مۇۋەپپەقىيىتىمدىن ئېسەنگىرەپ قالغانىدىم.

كېيىن بىر كۈنىسى، مەن ساندۇقۇمنى ئاختۇرغاندا قولۇمغا ئۆ-زىچە مەھكەم ئېتىلمەي قالغان بىر يەشىك چىقىپ قالدى. ئىچىدە ئىلگىرى مەن گىرىنۇيچ كەنتىدە ئىشلەتكەن بەزى نەرسىلەر تۇراتتى. يەنە بىر بېغىررەڭ سومكىمۇ چىقتى. مەن ئۇنى ئاچتىم، كۆ-زۈمگە سومكىدىكى ئىككى قۇتا ساردىن بېلىقى كونسېرۋاسى چې-لىقتى، كونسېرۋانىڭ ئۈستى ۋاقىت ئۆزىراپ كەتكەچكە داتلىشىپ رەڭگىدىن كېتىپتۇ. يەنە ئون تىيىنلىق، بەش تىيىنلىق ۋە ئۈچ تى-يىنلىق مېتال پۇلمۇ تۇراتتى.

بىردىنلا ئۆتكەن ئىشلار قەلبىمگە خۇددى دولقۇندەك تەگدى. مەن گويا سوغۇق، نەم ۋە ئاددىي بىر قازناقتا ئۆزۈمنىڭ ماشىنكا ئالدىدا

تۇگۇلۇپ ئولتۇرغان ھالىتىمنى كۆرگەندەك بولدۇم.

مەن ئۆزۈمگە شۇنداق خىتاب قىلدىم: سومكىدىكى نەرسىلەرمۇ مېنىڭ بىر قىسىم يىلتىزىم، مەن ئۇلارنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمەن.

مەن بىر ئادەمنى تەكلىپ قىلىپ، بۇ كونسېرۋا بىلەن مېتال پۇلنى ئورگاننىڭ ئەينەك قۇتىغا قاچىلاتقۇزدۇم. ئاندىن سۈزۈك كەل- گەن بۇ ئەينەك قۇتىنى كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان يەرگە قويۇپ قويدۇم. ھازىر، مەن ھەر كۈنى ئۇنى كوكسىۋېلىنىڭ ئىشخانىسىدا كۆرۈپ تۇرالايمەن، بۇنىڭغا يانداپ قويۇلغان پىروست رومان مۇكاپا- تى لوڭقىسى، پان ئامېرىكا رەڭلىك جىنسلار ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى تارقاتقان ئالىي شان - شەرەپ — سىپىنگاس مېدالى ۋە يەنە «يىلتىز» ناملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى كۆرسىتىش مۇناسىۋىتى بىلەن ماڭا مۇكاپات سۈپىتىدە بېرىلگەن ھەيكەلمۇ بار ئىدى. قايسى- بىرىنىڭ مەن ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىم، ئەھمىيىتى ئەڭ زور ئىكەن- لىكىنى بىرنېمە دېيىش ناھايىتى تەس ئىدى. لېكىن شۇنىسى ماڭا ناھايىتى ئېنىقكى، پەقەت ئىلگىرىكى مۇشۇ كونا نەرسىلەرلا ماڭا غەيرەت - شىجائەت ۋە قەتئىي ئىرادىنىڭ «غايىپەرەسلىك» ئىچىدە ئالغا ئىلگىرىلەشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئىكەنلىكىنى ئۇق- تۇرۇپ بېرەلەيدۇ. بەلكىم، بۇمۇ بىرەر ئارزۇ - ئىستەكنى كۆڭلىگە پۈككەن ھەربىر كىشى قوبۇل قىلىدىغان تەجرىبە ۋە ھازىرلاشقا تې- گىشلىك روھ بولسا كېرەك.

1992 - يىلى مايدا يېزىلدى.

# يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختىغا خەت

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قەدىرلىك يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختى ئاكا، سالامەتمۇ سىز؟ سىزنىڭ قەلىمىڭىزنىڭ بىرقەدەر پاكىزلىقى، ئەسەرلىرىڭىزنىڭ مەنىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، چىنلىق تۇيغۇسىنىڭ كۈچلۈكلۈكى مېنى خېلىدىن بېرى سۆيۈندۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ قېتىم «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىللىق 12 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «شەھلا كۆز» ناملىق پوۋېستىڭىزمۇ ماڭا خېلى كۈچلۈك تەنقىدىي روھ بىلەن يېزىلغاندەك تەسىرات بەردى. بولۇپمۇ ئاخىرلاشتۇرۇش ئۇسۇلىڭىز مېنى ئوبدانلا قايىل قىلدى. «ئەگەر مەنمۇ ئاشۇنداق كۈنگە قالسام، رەقىبىمنىڭ كۆزىنى ئويۇپ تاشلىغان بولاتتىم. تىرىكلىكىدىلا ئويۇپ تاشلايتتىم» دېگەن مۇشۇ بىر جۈملە سۆز ئادىلنىڭ ئايالىنىڭ ئېغىزىدىن چىقمىغان بولسا، مەلۇم بىر كەمتۈكلۈك مېنى قانائەتسىزلەندۈرۈپ قويغان بولاتتى.

سىزنىڭ ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان «ئامانەت» ناملىق پوۋېستىڭىزمۇ ناھايىتى ياخشى ئاخىرلاشتۇرۇلغانلىقى بىلەن مېنى ھاياجانغا سالغانىدى. ئىجادىيەتلىرىڭىزدىكى مانا مۇشۇنداق دىتىمغا ياققان تەرەپلىرىڭىز ئەسەرلىرىڭىزنى ئۇچراتساملا ئوقۇپ چىقىش ئىشتىياقىمنى قوزغاپ كەلمەكتە. لېكىن بۇ قېتىم «شەھلا كۆز» نى ئوقۇۋېتىپ، بىر مەسىلىدە ئىچىم بەكلا پۇشۇپ كەتتى. مەن سەممىي بىر كىتابخان سۈپىتىدە بۇ پوۋېستىڭىزدىكى مېنى زېرىكتۈرۈپ قويغان بۇ مەسىلىنى سەمىڭىزگە سېلىپ قويۇشنى بۇرچۇم دەپ بىلىمەن.

بۇ ئەسىرىڭىز 12 - سان «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 3 - بېتىدىن 68 - بېتىگىچە بولغان سەھىپىنى تولۇق ئىگىلەپتۇ. مەن بەت بويىچە مىسال كەلتۈرۈپ پوۋېستىڭىزدىكى ئىچىمنى پۇشۇرغان مەسى-

لىنى بىر - بىرلەپ كۆرسەتمەكچى. پوۋېستتا مۇنداق يېزىلغان: 13 - بەتتە «شەھلا كۆزلەردىن ئىسسىق ياشلار يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلدى»، «شەھلا كۆزلەردىن تۆكۈلگەن تارام - تارام ياش مەڭزىنى بويلاپ زىنىخىنى يۇيۇپ ئۆتەتتى»، 14 - بەتتە «شەھلا كۆزلەردىن ياش تامچىلىرى يامغۇردەك تۆكۈلەتتى»، 19 - بەتتە «كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياشلار يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلەتتى»، «ھەر قېتىم سۆزلەشكە باشلىغاندا كۆز ياشلىرى مارجاندەك تۆكۈلەتتى»، 23 - بەتتە «شەھلا كۆزلىرىدىن يۇم - يۇم ياش تۆكۈپ يىغلىدى»، «ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى خورلۇقتىن ئۇمچەيگەن مەڭزىنى بويلاپ، زىنىخلىرىنى تولدۇرۇپ ئاقاتتى»، «كۆز چاناقلىرىغا خورلۇق يېشى لىققىدە تولاتتى»، 24 - بەتتە «يەرگە تىكىلگەن كۆزلىرىدىن ياش تامچىلىرى دومىلاپ چۈشتى»، 25 - بەتتە «كۆز چاناقلىرىدىكى ياش سەلدەك ئۇلغىيىپ، يامغۇردەك تۆكۈلۈپ چۈشتى»، 26 - بەتتە «كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياشلىرى توختىماي ئاقاتتى»، «كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈلەتتى»، 27 - بەتتە «ساجىدەنىڭ كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈلدى»، «كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش ئېقىتىپ مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇردى»، 47 - بەتتە «ھېلى ئۆزىنى نەگىدۇر يوشۇرغان ئىسسىق ياشلار ئەمدى كۆز چاناقلىرىغا تولۇپ يامغۇردەك تۆكۈلۈپ چۈشتى»، 53 - بەتتە «ساجىدەنىڭ كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياشلار يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلدى»، 59 - بەتتە «كۆزلىرىدىن مۆلدۈردەك ياش تۆكۈپ»، 67 - بەتتە «دوختۇر ئايالنىڭ كۆز ياشلىرى يامغۇردەك تۆكۈلۈپ چۈشتى».

مەن سىزنىڭ ئوخشىتىپ كېتىدىغان تەسۋىرلەرنى زېرىكمەي تەكرارلاۋېرىشىڭىزدىن تېرىكىپ، بۇ ئەسەردە تىل نامراتلىقى ھادىسىسىگە يول قويغانلىقىڭىزنى ھېس قىلدىم. سىز ئاۋستىرىيەلىك مەشھۇر يازغۇچى ستىفان زىۋىگىنىڭ «ناتونۇش ئايالدىن كەلگەن خەت» دېگەن مەشھۇر پوۋېستىنى ئوقۇغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. پۇتۇن ئەسەردىن مەيلى يامغۇردەك، مەيلى مارجاندەك، مەيلى مۆلدۈردەك

تۆكۈلگەن ياشنى تەسۋىرلىگەن بىرەر جۈملىنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ، ئەمما پۈتۈن ئەسەر كىشىگە كۆز ياشقا چىلىشىپ تۇرغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي ماھارەت، ھەقىقىي تىل سەنئىتى!

ھۆرمەتلىك نۇرمۇھەممەت توختى ئاكا، سىز بۇ پوۋېستىڭىزدا باشقىلار تولا ئىشلىتىپ جۇلىقى چىقىپ كەتكەن تەسۋىرىي جۈملىلەرنى، ئوخشىتىشلارنى ئايىماي ئىشلىتىپسىز. پۈتۈن ئەسىرىڭىزدىن پەقەت «ئەسلىمىلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى دولقۇندەك بېسىپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئاشۇ ئىشلار خۇددى ھاشار چۈمۈلىسىدەك بىر - بىرلەپ تىزىلىپ ئۆتۈشكە باشلىدى» دېگەن خېلىلا يېڭى ئوخشىتىشتىن باشقا بىرەرمۇ يېڭىچە ئوخشىتىش ياكى يېڭىچە تۇيغۇ بېرىدىغان بىرەر گۈزەل تەسۋىرنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ.

سىز ئەسىرىڭىزدە ئىشلەتكەن كونا تەسۋىر ۋە ئوخشىتىشلارنىڭ ئوقۇرمەنگە يېڭى تۇيغۇ بېرەلمەيدىغانلىقىغا ئىشىنەمسىز؟ ئەسىرىڭىزنىڭ بەدىئىي تەسىرچانلىقىنى تۆۋەنلىتىۋەتمەيدۇ، دەپ قارىيالامسىز؟

ئەدەبىياتنىڭ تىل سەنئىتى ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان. ئەدەبىي ئەسەر تىلىغا قويۇلىدىغان تەلەپ مەڭگۈ بوشاشتۇرۇشقا بولمايدىغان قاتتىق تەلەپ ھېسابلىنىدۇ. مەشھۇر رۇس يازغۇچىسى لېف تولستوي «ئەدەبىي ئەسەردە مۇنداق ئەھۋالدا، يەنى بىرەر سۆزنىمۇ قوشۇپ قويغىلى بولمايدىغان، بىرەر سۆزنىمۇ چىقىرىۋەتكىلى بولمايدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تېخى بىرەر سۆزنى ئۆزگەرتىۋېتىش بىلەنلا ئەسەر بۇزۇلىدىغان ئەھۋالدىلا ئۇنىڭ ئىدىيەسىنى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ» دېگەن. ئەگەر مىللىي ئەدەبىياتىمىزدا تىل جەھەتتىكى نامراتلىق ۋە يىرىكلىك ھادىسىسى داۋاملىق تەكرارلىنىۋېرىدىغان بولسا، سىزگە ئوخشاش تونۇلغان يازغۇچىلىرىمىز ئەسەر تىلىغا ئىنچىكە ئىشلىمىسە، شەكسىزكى، ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ رايىنى ياندۇرۇپ قويىمىز. مەن سىزنىڭ ئىجادىيىتىڭىزدىمۇ ئىپادىسى كۆرۈلگەن بۇ جىددىي مەسىلىنى تۈزىتىپ كېتەلەيدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن.

1993 - يىلى 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى

# قەشقەر ھەققىدىكى يېڭى ئەپسانە

يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ «سەبرى» تەخەللۇسىنى قوللىنىپ ئېلان قىلغان تۇنجى ئەسىرى «قەشقەر كوچىلىرى» نى ئوقۇپ يازغۇچىنىڭ قەلەم تەۋرىتىشتىكى مۇددىئاسىنىڭ تايىنىنىڭ يوقلۇقىدىن، بەدىئىي جەھەتتە ئازراقمۇ ئۆزگىچىلىك يارىتالمىغانلىقىدىن ھەيران قالدىم. مەن بۇ قىسقا ماقالەمدە بۇ ناچار ھېكايىدىن ئالغان ھەيرانلىق ئىچىدىكى پارچە ـ پۇرات تەسىراتلىرىمنى خالىس نىيەتتە بايان قىلىپ ئۆتىمەن:

«ـــ نېمە؟

ـــ ئۇنتۇپ قالىسەن ئۇكام، تولا چوڭ گەپ قىلما، مە مۇنۇ ئادرېسنى ئېلىۋېلىپ سورا، ئاۋۋال كوچىنى، ئاندىن ئۆي نومۇرىنى تاپ.

ـــ ھا ـ ھا ـ ھا ... گېپىڭنى قارا ھەدە، مەن كىم؟ ئىسمىمنى بىر دەپ باقە، ئىستانبۇل، بۇداپېشت، بۇخارېست، بېلگراد، ۋارشاۋا، ۋېيېننا، رىم، باغداد، كاراچى، راۋالپىندىدەك داڭلىق شەھەرلەرنىڭ چۇشۇمدىمۇ كۆرمىگەن كوچىلىرىدا زوۋانسىز يۈرۈپ، قول ئىشارىتى بىلەن بىرنى مىڭ قىلىپ يۈرگەن ئوغۇل بالىمىزە ئەمدى كېلىپ سېنىڭ قەشقىرىڭدە ئېزىقىپ قالارمىدى ...»

ھېكايىنىڭ ماۋزۇسى بىلەن باشلانمىسىدىكى بۇ دىيالوگنى ئوقۇغان زوقلانغۇچى يازغۇچىنىڭ مۇددىئاسى بىلەن ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى تۇيۇپ بولىدۇ. دېمەك، ھېكايىنىڭ قىممىتى مۇشۇ يەردىلا تۈگەيدۇ. كىتابخاننى قىزىقتۇرىدىغان ھېچقانداق يىپ ئۇچى بولمىغان ئەھۋالدا زوقلانغۇچى ئەسەرنى زورمۇزور ئوقۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئوقۇپ بولۇپمۇ ئۇنىڭ پەيزىنى سۈرەلمەيدۇ. بۇ بىر پارچە دىيالوگ-

دىن بىز يەنە بۇ جاھانكەزدى سودىگەرنىڭ پوچى، ۋات ـ ۋات، كـۆ-
رەڭ، شالالاق، تەنتەك خاراكتېرىنى ئېنىق كۆرۈۋالىمىز. ئەپسۇس-
كى، يازغۇچى ئەسىرىدە ئۇنىڭغا زىيالىيغا خاس سۆپەت، ۋەتەنپەر-
ۋەرگە خاس پەزىلەت بەخش ئېتىدۇ. يازغۇچىنىڭ پېرسوناژ تىلى بى-
لەن پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ ئورگانىك مۇناسىۋىتىگە توتقان يەڭ-
گىل پوزىتسىيەسى مۇشۇنداق زىددىيەتلىك ھالەتنى كەلتۈرۈپ چى-
قارغان. ۋاقىتقا، ئۇنۇمگە ئېتىبار بېرىشنى ئادەت قىلغان سودىگەر-
نىڭ تەييار ئادرېسنى ئېلىشنى رەت قىلىشى كىشىنى تېخىمۇ قايىل
قىلالمايدۇ. بۇ بىر پارچە دىيالوگدىكى كىشىگە بىمەنە تۇيۇلىدىغان
يەنە بىر سەۋەنلىك يازغۇچىنىڭ قەشقەرنى، ئىسمى ئاتالغان ئاشۇ
خەلقئارا شەھەرلەردىنمۇ «ئاجايىپ» ئورۇنغا قويۇۋاتقانلىقى. ئەلۋەت-
تە ۋەتەن ئۇلۇغ، ۋەتەن مۇقەددەس. ئەمما، بۇ ھېسسىيات جەھەتتى-
كىلا ئۇلۇغ كۆرۈش مەسىلىسى. ئەگەر ئەقىل كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ
تۇرغان ئېنىق رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمىساق، ئۇ ھالدا
بىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىمىز ئاكىيوچە ۋەتەنپەرۋەرلىك بولىدۇ،
خالاس. يازغۇچى بالىلارچە بىر خىل ساددا قىزغىنلىق بىلەن قەش-
قەرنى كىتابخانلارغا «ئاجايىپخانا» قىلىپ كۆرسىتىشكە شۇنچە مەپ-
تۇن بولۇپ كەتكەن ـ يۇ، ئەمما قەشقەرگىلا خاس بولغان ھەقىقىي
ئۆزگىچىلىكنى ئېتىبارسىز قالدۇرغان. يەنى دوغاپچى بىلەن كاۋاپ-
چىنىڭ خېرىدار چاقىرىشلىرىنىڭ كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايدىغان
سەنئەت ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن. ئەكسىچە ئۇلارنى كۆزى ئېچىلمى-
غان، ساددا، سەل ئۆزگىچە كىيىنىۋالغان ئۇيغۇرنىمۇ پەرق ئېتەل-
مەستىن، «تۇرك»، «ئەرەب» دەپ تالىشىپ يۈرىدىغان سەھرا بالىلى-
رىدەك تەسۋىرلىگەن. بۈگۈنكى قەشقەرلىك دوغاپچى، كاۋاپچى يى-
گىتلەرنىڭ خەقنىڭ قىياپىتىگە قاراپ گەپ تالىشىپ يۈرۈشى مۇم-
كىن ئەمەس. چەت ئەللىك ساياھەتچى، سودىگەرلەر مىڭلاپ كېلىپ ـ
كېتىپ تۇرغان 80 ـ يىللاردا بۇ دوغاپچى، كاۋاپچىلارنىڭ قىزىقىدى-
غىنى ئۇلارنىڭ يانچۇقىدىكى پۇل، ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ قىياپەت ـ

كىيىنىشلىرى ئەمەس.

«ئۇنىڭ سومكىسىدىكى پېچەت ـ پېچەت پۇل ـ دوللار بىلەن كىتابلار ھەمىشە بىللە تۇرىدۇ. بۇ ئىككى نەرسە مەڭگۈ دوست ئەمەس، شۇنداق بولسىمۇ ئازادىنىڭ سومكىسى بۇ ئىككىسىگە بۆشۈك. سومكىسىلا ئەمەس قەلبىمۇ شۇنداق.» بۇ قۇرلاردىن يازغۇچىنىڭ پۇل قارىشى بىلەن بىلىم قارىشىنى چۈشىنىۋېلىش تەس ئەمەس. پۇل بىلەن بىلىم راستتىنلا بىر ـ بىرىگە دۈشمەنمۇ؟ پۇلنى ئۇلۇغ ياكى نىجىس، ياخشى ياكى يامان دەپ قاراش بۈگۈنكى زامانىۋى دۇنيادا ئۇچىغا چىققان بىر تەرەپلىمىلىك بولسا كېرەك، مەسىلە پۇلدا ئەمەس، بەلكى ئادەمدە. بىر ئادەمنىڭ ئېتىقادى ۋە ئەخلاقىي كۈچى دۇرۇس بولىدىكەن پۇل سۆيۈملۈك نەرسىگە ئايلىنىدۇ. ئەكسىچە بولسا رەزىل نەرسىگە ئايلىنىدۇ. ئەگەر بۇ خىل ئېتىقاد ۋە ئەخلاقتا بىلىم قوشۇلۇپ كېلىدىكەن پۇل ئۇلۇغ نەرسىگە ئايلىنىدۇ. ئەكسىچە بولسا جىنايەتلىك نەرسىگە ئايلىنىدۇ. شاڭخەي سەنلىيەن نەشرىياتى نەشر قىلغان «يەھۇدىيلار ۋە پۇل» دېگەن كىتابتا پۇلنىڭ يەھۇدىيلارنىڭ ھاياتىدا مەركەزلىك ئورۇن تۇتىدىغانلىقى، لېكىن ئۇلارنىڭ پۇلغا چوقۇنمايدىغانلىقى، پۇل يانچۇقتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، خۇدا كۆڭۈلدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دەپ تونۇيدىغانلىقى يېزىلىپ، پۇل بولمىغان بولسا بۈگۈنكى يەھۇدىيلار مەۋجۇت بولمىغان بولاتتى، دەپ يەكۈن چىقىرىلغان. سودىگەرچىلىكتە تۇغما ئىقتىدارغا ئىگە بولغان ئەجدادلىرىمىزمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «مەڭگۈ ئۆلمەيدىغاندەك تىجارەت قىل، ئەتە ئۆلىدىغاندەك ئىبادەت قىل» دېگەن ھەدىسىنىڭ روھىنى ياشاشتىكى دەستۇرى قىلىپ كەلگەن. مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى نەشرىياتى نەشر قىلغان «ھوقۇقنىڭ يۆتكىلىشى» دېگەن مەشھۇر كىتابتا بۈگۈنكى دۇنيادا ھوقۇقنىڭ زوراۋانلىق، بايلىق ۋە بىلىمدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپتىن تەركىب تاپىدىغانلىقى، بۇ ئۈچىنىڭ بىرى كەم بولسا تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇپ كېتىدىغانلىقى دىيالېكتىكىلىق نۇقتىدىن شەرھلەنگەن.

دېمەك، پۇل بىلەن بىلىم ھەرگىزمۇ دۈشمەن ئەمەس. يازغۇچىنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىسى بەكلا يۈزە ھەم خاتا بولۇپ قالغان.

يازغۇچى ئازادنى «ئاجايىپخانا» دا سەبۇرىي ئىسىملىك بىر كىتابپۇرۇش بوۋاي بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ. ئۇ بوۋاي ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ سەبۇرىي دېگەن شائىر بوۋىسىنى بىلىدىغان - بىلمەيدىغانلىقىنى سورىغاندا، جاھانكەزدى سودىگەر ئازاد «— بىلىمەن، بىلمەمدىغان زوھۇرىددىن ھېكىم ئۇ كىشىگە تۈمەن دەرياسى بويىدىكى ھەرەمباغ يېزىسىدىن يەر، سۇ بەرگەن. ئۇ كىشى زوھۇرىددىن ھېكىم دەۋرىنىڭ كاتتا شائىرى ئىدى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بىر سودىگەرنىڭ ئاغزىدىن چىققان بۇ جاۋاب زوقلانغۇچىنىڭ كۈلكىسىنى قىستايدۇ. كىتابخان ئازادنىڭ ئاغزىدىن چىقمۇاتقان يۈسۈف خاس ھاجىب، نەۋايى، مەھمۇد كاشغەرىي، سەئىدىن قەشقەرى، زىيائىي، غەرىبىي، نىزارىي، ئاماننىسا قاتارلىق كىلاسسىكلارنىڭ ئىسىملىرى، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى، ئۇلار ھەققىدىكى تەسىرات - باياندىرىنى ئاڭلاپ بۇ «ئىزدىنىش» رومانىدىكى ئەلامۇ - نېمە؟ دەپ قالىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ ئەلا ئەمەسلىكىگە ئىشىنىدۇ. چۈنكى ئەلا جانلىق، چىن ئوبراز ئىدى. ئازادنىڭ ئوبرازى بولسا يەشكىتىن ھېلىلا چىققان لاتا قورچاقلاردەك ھېچ ئۆرە تۇرالمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئازراقمۇ چىنلىق ئاساسىغا ئىگە ئەمەس.

قەشقەر كوچىلىرىنى قەستەن ئەپسانىۋى سىرلىق دۇنياغا ئايلاندۇرۇپ ئالاھىدە ئىخلاس بىلەن قەلەم تەۋرەتكەن يازغۇچى، كۆزىتىش نۇقتىسىنىڭ ئۆزگىچە بولماسلىقى، بەدىئىي دىتىنىڭ ئۆتكۈر بولماسلىقى، ئەسەردىكى ئىجتىمائىي غايىسىنىڭ قۇرۇقلۇقى تۈپەيلى قەشقەرنىڭ ئۆزىگە خاس يەرلىك گۈزەللىكىنى ۋە شۇ گۈزەللىك ئىچىدىكى خۇنۇك تەرەپلىرىنى ئازراقمۇ كۆرسىتىپ بېرەلمىگەن. ئوبراز، تەپسىلات، دېتاللار ئارقىلىق كىتابخاننى ئۆزى تەسۋىرلىگەن تۇرمۇش ۋە ھايات كۆرۈنۈشلىرىگە ئىشەندۈرەلمىگەن يازغۇچى ئىلاجسىز ئاخىر ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ قەشقەر ھەققىدە ھادىسە

قاتلىمىدا پەيدا بولغان قۇرۇق تەسىراتلىرىنى بايان قىلىپ، ئاندىن ھايات توغرىسىدىكى تەكرار ـ تەكرار ئېيتىلىپ كونىراپ كەتكەن ئاددىي قاراشلىرىنى ئېيتىپ ھېكايىنى تاماملىغان.

«قەشقەر كوچىلىرى» ناملىق بۇ ھېكايە بىر قىسىم كىتابخانلارنى قىزىقتۇردى دېگەندىمۇ، بۇ ئادەتتىكى قىزىقىش بولۇپ ھەرگىزمۇ قەلبىنى لەرزىگە سالالمايدۇ. ئادەتتىكى قىزىقىش ھەرگىزمۇ ئېستېتىكىلىق ھوزۇرلىنىشقا باراۋەر ئەمەس. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، بۇ ھېكايىنىڭ تۇرمۇش چىنلىقى ۋە رېئال ئاساسىنىڭ يوقلۇقى، ئوبرازلارنىڭ سۇنئىيلىكى، قەشقەر كوچىلىرىنىڭ ئۆزگىچىلىكى ۋە خاس ئالاھىدىلىكى يارىتىلمىغانلىقى، مەزمۇن ئەھمىيىتىنىڭ يوقلۇقى، سۇژىتىنىڭ كاۋاكلىقى ۋە يۇقىرىدا تەنقىدلەپ ئۆتۈلگەن ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ يېقىنقى يىللاردىكى ئىجادىيەت نەتىجىلىرىدىن شۇ نەرسىنى ھېس قىلدىمكى، يازغۇچى 80 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدە ئۆزى ياراتقان سەۋىيەنى تەكرارلاشقىمۇ قادىر بولالمايۋاتىدۇ. مەسىلەن، «ئىزدىنىش» رومانىنىڭ 2 ـ قىسمى ھېچقانداق تەسىر قوزغىيالمىدى. «خىرە دېرىزە»، «تۇمان» ناملىق پوۋېستلىرىنىڭ ئىجتىمائىي چوڭقۇرلۇق ۋە ئېستېتىكىلىق چوڭقۇرلۇق جەھەتتىكى ئۇتۇقىدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. خەلق تەقەززا بولۇۋاتقان جىددىي تېمىلار ئۇنىڭ قەلىمىگە نېسىپ بولمايۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كۆنسېرى جەلپ قىلىش كۈچىدىن قېلىۋاتىدۇ ھەم نەزەردىن چۈشۈپ قېلىۋاتىدۇ.

1992 ـ يىلى ئاپرېل

# «ئاتا» رومانىنى «قىدىرىپ تەكشۈرۈش» تىن دوكلات

قانداق چۈشەندۈرۈش ۋە تالاش - تارتىشلارنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر رومانچىلىق بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات پەللىسىنىڭ يۈكسەكلىكىدىن روشەن دالالەت بېرىدىغان ئالاھىدە ژانىر. يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ھازىرغا قەدەر 40 پارچە رومان نەشر قىلىنىپ، نەچچە مىڭ يىللىق مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ خەزىنىسىگە بىر ئۇلۇش بايلىق قوشۇلدى. يازغۇچىلىرىمىزنىڭ غەيرىتى ۋە ئون نەچچە يىلدىن بۇيانقى يۈزلىنىشتىن قارىغاندا كىتابخانلىرىمىز تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى رومانلارنى ئوقۇش بەختىگە مۇيەسسەر بولىدىغان ئوخشايدۇ. ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدىلا «ئويغانغان زېمىن (2)»، «ئاتا»، «ھايات سىرى»، «ئاي يامغۇرى»، «تەڭرىنىڭ ھۆكمى»، «مەھمۇد كاشغەرىي»، «قىساس» تىن ئىبارەت يەتتە رومان نەشر قىلىنىپ بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن ئەدەبىيات مۇنبىرىمىزدە خېلى ئوبدانلا جانلىنىش مەنزىرىسى پەيدا قىلدى.

مەن ئەسلىي بۇ رومانلارنى ئوقۇپ ھاسىل قىلغان باھا ۋە تەسىراتلىرىمنى «1994 - يىلىدىكى ئۇيغۇر رومانچىلىقىغا بىر نەزەر» دېگەن ماۋزۇدا ئومۇملاشتۇرۇپ يېزىشنى ئويلىغانىدىم. بىراق، ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھەربىر رومان ئۈستىدە ئايرىم توختىلىشنى لايىق تاپتىم. شۇڭا، دەسلەپتە يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئاتا» رومانى توغرىسىدىكى تەسىراتىمنى كىتابخانلارغا سۇندۇم.

زوردۇن سابىر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىمىزدىكى تەسىرى چوڭ،

تۆھپىسى كۆپ يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. «ئاتا» ئۇنىڭ «ئابرال شامالللىرى» ۋە «ئىزدىنىش» تىن كېيىنكى 3 ـ رومانى. كىتابخانلار ئادەتتە ئۇنىڭ قەلىمىدىن ئىدىيەۋىلىكى ئۈتكۈر، قۇرۇلمىسى پۇخ- تا، پېرسوناژلار خاراكتېرى مۇرەككەپ ۋە تىلى روشەن خاسلىققا ئىگە، چىنلىق پۇرىقى كۈچلۈك، تەنقىدىي روھقا باي، بۆسۈش خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەرنىڭ چىقىشىنى كۈتەتتى. ئەمما، بۇ قېتىم زوردۇن سابىر كىتابخانلارنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقمىدى. يازغۇچى بۇ رومانىدا يېڭى بەدىئىي سەۋىيە يارىتالمىغانلىقى ئۈستىگە ئەكسى- چە كەينىگە خېلى زور دەرىجىدە چېكىنىپ كەتكەندەك تۇرىدۇ. ھەتتا ئىجادىيەتتىكى ئەڭ ئەقەللىي مەسىلىلەردىمۇ كەتكۈزۈپ قويغانلىقى كىتابخانلاردا يازغۇچىغا نىسبەتەن ئۈمىدسىزلىنىش كەيپىياتى پەيدا قىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ژۇرناللاردا بىرنەچچە پارچە ماقالە يېزىپ ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت يولى ۋە تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ باش- قىلار ئۈچۈن يول كۆرسەتكەن بۇ باشلامچى يازغۇچىنىڭ بۇ يېڭى رومانىنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ چۇۋالچاقلىقى، تىلىنىڭ مەنتىقىسىزلى- قى، سۆژىتىنىڭ كېلەڭسىزلىكى، ئىلمىگە ۋە ئەمەلىيەتكە زىت كې- لىدىغان تەرەپلىرىنىڭ كۆپلۈكى كىتابخانلارنى ھەقىقەتەن گاڭگى- رىتىپ قويدى. مەن تۆۋەندە رومانىدىكى مەسئۇلىيەتسىزلىككە ياتى- دىغان بىر قىسىم خاتالىقلارنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن. شۇ نەرسە ئايان بولسۇنكى، مېنىڭ يازغانلىرىم سۆز ئويۇنى قىلىپ تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈش ئەمەس، بەلكى بىر ئاتاقلىق يازغۇچى بىلەن بىر ئالىي مۇھەررىرنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىت!

رومانىنىڭ بېشىدىلا يازغۇچى بىر جەمەتنىڭ ئەمەس، بەلكى بىر ناھىيەنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرغان، ھەممە زامانىنىڭ بالىسى بولۇپ ياشاپ كەلگەن ئىبراھىم ھاجىم (باش پېرسوناژ) ئۈستىدە ئۆزى كىتابخانغا بىۋاسىتە چۈشەنچە بېرىدۇ. يازغۇچىنىڭ بىزگە بۇ «ئاتا» نىڭ قىلمىشلىرى، ئۇنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى ئۈستىدە بىۋاسىتە دادلاپ بېرىشلىرى بىزنى ئازراقمۇ جەلپ قىلال-

مايدۇ، ئەڭ تۆۋەن بەدىئىي تەلەپ بويىچە ئېيتقاندىمۇ پېرسوناژ خاراكتېرى زىددىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا تەبىئىي يوسۇندا ئېچىلىشى كېرەك ئىدى. يازغۇچىنىڭ «ئاتا» نىڭ قوشنىسى ۋە كوشەندىسى موللاق سوپى ئۈستىدە توختىلىپ «هاجىم بۇ ئادەمدىن خاپا بولغىنى بىلەن ئۇنىڭغا نە قاتتىق گەپ قىلالمايدۇ. نە تىللىيالمايدۇ» دەپ يازغان، لېكىن رومانىنىڭ 14 ـ بېتىدە «هاجىم سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلىدۇ، ئۇ موللاق سوپىنى تىللىدى: سەن بىغەرەز، بەچچىغەر!» دەپ يازغان. موللاق سوپىغا قاتتىق گەپ قىلالمايدىغان هاجىمنىڭ ئۇنى بۇنداق تىللىغىنى نېمىسى؟ رومانىنىڭ 3 ـ بېتىدە يازغۇچى يەنە «باشقىلار هاجىمنى بۇ ناهىيەنىڭ پېشۋاسى، ئاتىسى هېسابلايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بىلەن تۆت قىزى، ئۇنىڭ قولى، پۇتى، تىلى ۋە ئەقلى هېسابلىنىدۇ» دەپ يازغان بولسا 6 ـ بەتتە هاجىمنىڭ تۆتىنچى كۈيۈ ئوغلى ئابلا يانتاقنىڭ قېيىنئاتىسىنى مەسخىرە قىلىپ:

«پېشۋانىڭ هەر تىلى دۇردانىدۇر،
ئىززەتۇ ئىكرامغا لايىق نامىدۇر.
ياخشىلىق، ئىنساب پۇتەدۇر تەسۋىيى
ۋە لېكىن ئاغزى نىجاسەت جامىدۇر.»

دەپ رۇبائىي يازغانلىقى، بۇنىڭغا غەزەپلەنگەن هاجىمنىڭ «مەلئۇن!» دەپ تىللىغانلىقى يېزىلغان. يازغۇچىنىڭ هاجىمنىڭ قولى، پۇتى، تىلى ۋە ئەقلى هېسابلىنىدىغان تۆت كۈيۈ ئوغلىنىڭ بىرى بولغان ئابلا يانتاقنى قېيىنئاتىسىغا تىل تەگكۈزەلەيدىغان «ئىسيانكار كۈيۈ ئوغۇل» سۈپىتىنى بېرىشى مەنتىقسىزلىق ئەمەسمۇ؟

يازغۇچى «ئاتا» رومانىنىڭ 8 ـ بېتىدە روماندىكى يەنە بىر ئاساسلىق پېرسوناژ زېمىن توغرىسىدا باشقىلارنىڭ تىلىدىن «مىش ـ مىش گەپلەرگە قارىغاندا بۇ زېمىن يومېشچىكنىڭ ئەمەس، شۇ چاغدا يېزىغا چۈشكەن بىر كادىرنىڭ پۇشتىمىش. تۆت خىل ئۇز-

سۇرلار يىغمۇپلىنغان شۇ كۇنلەردە تۆۋەنگە چۈشكەن ئۇ كادىر بۇ پومپىشچىكنىڭ چىرايلىق، تەرسا ئايالىنىڭ «تۇغقىنى مەن» دەپ شۇ ئۆيدە يېتىپ - قوپۇپ يۈرگەنمىش» دەپ يازغان. بىز بۇ بۆلەكتىكى «تۆت خىل ئۇنسۇرلار يىغمۇپلىنغان شۇ كۇنلەردە» دېگەن جۈملىدىن زېمىننىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىنىڭ 1957 - يىلىدىن كېيىنگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى بىلىمىز. روماننىڭ 132 - ۋە 335 - بەتلىرىدىكى بايانلاردىن قارىغاندا يازغۇچى روماندا 1989 - يىلى ئاۋغۇستتىن بۇرۇنقى ئىشلارنى يازغان، شۇنىڭغا ئاساسلانغاندا يازغۇچىنىڭ 1989 - يىلىدىكى زېمىننى «زېمىن بۇ يىل 42 ياشتىن ئاشتى» (224 - بەتتە) دەپ يېزىشى خاتا بولۇپ چىقىدۇ. چۈنكى، 1989 - يىلى 42 ياشقا كىرگەن زېمىن 1947 - يىلى گومىنداڭ دەۋرىدە تۇ-غۇلغان بولۇشى كېرەك. بۇ چاغدا نەدىمۇ پومپىشچىك، تۆت خىل ئۇنسۇر دېگەن گەپلەر بولسۇن؟

يازغۇچى «ئاتا» روماننىڭ 25 - بېتىدە ئاكا - ئۇكا ئىبراھىم ھاجى بىلەن ئىسمائىل ھاجى ئۈستىدە توختىلىپ «بەگلەر، ھا-جىلارنىڭ بۇ ئەۋلادلىرى ئۆز نەسەبىگە سادىق، ئىرادىلىك بولغىنى بىلەن جەمئىيەتتە بولغان چوڭ ئۆزگىرىش ئالدىدا ئۇلارنىڭ قەلبى-مۇ خۇددى دەرەخ بىلەن تەڭ ئۆرۈلگەن قۇش ئۇۋىسىدەك يارامسىز، تۇزەلمەس بىر نەرسىگە ئايلاندى. بۇ بوش، يارامسىز قەلبلەردە نە ئۈمىد، نە مۇھەببەت قالمىدى» دەپ يازغان بولسا 26 - بەتتە، ئىس-مائىل ھاجىمنى «ياش، كۆيۈمچان» دەپ يازغان. ئىسمائىل ھاجىم-نىڭ قەلبى «بوش، يارامسىز، مۇھەببەتسىز قەلب» مۇ ياكى «كۆيۈم-چان» قەلبمۇ؟ بىر پېرسوناژنى بىرلا ۋاقىتتا بۇنداق بىر - بىرىگە زىت سۆزلەر بىلەن سۈپەتلەش ئەقىلگە سىغمايدۇ.

يازغۇچى روماندا يەنە ئىسمائىل ھاجىمدىن ئىبارەت بۇ پېرسو-ناژنىڭ يېشىنى بىرنەچچە خىل يازغان. مەسىلەن، 29 - بەتتە «ئىبراھىم ھاجىم ئاتمىش نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا سالايدىغان بالا يۈزى» دەپ يېزىپ ئىسمائىل ھاجىمنىڭ 60 نەچچە ياشقا كىرگەنلى-

كىمدىن بېشارەت بەرگەن بولسا، 65 ـ بەتتە «يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدا ئەمدىلا ئون ئالتە ياشقا تولغان يىگىتكە پومپىشچىك دېگەن قالپاق كىيدۈرۈلگەن» دەپ يازغان. ھەممىگە مەلۇم، يەر ئىسلاھاتى 1953 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەت. ئىسمائىل ھاجى بۇ چاغدا 16 ياش بولسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ يېشى روماندا يېزىلغان ۋەقەلىك يۈز بەرگەن ۋاقىت ــ 1989 ـ يىلى 60 نەچچە ياش بولماي، بەلكى 52 ياش بولىدۇ. يازغۇچى رومانىنىڭ 204 ـ بېتىدە ئېنىق قىلىپ ئىسمائىل ھاجىنى «1934 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تۇغۇلغان» دەپ يازغان. بىز مۇشۇنىڭغا ئاساسەن ئىسمائىل ھاجىنى 1989 ـ يىلى 55 ياشقا كىرگەن دەپ چۈشىنىمىز. لېكىن، يازغۇچىنىڭ يەنە 224 ـ بەتتە ئىسمائىل ھاجىنىڭ ئوغلى زېمىننى «زېمىن بولسا بۇ يىل (1989 ـ يىلنى دېمەكچى) 42 ياشتىن ئاشتى» دەپ يېزىشى تېخىمۇ خاتا يەكۈننىڭ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. چۈنكى، يازغۇچى زېمىنىنىڭ دادىسى ئىسمائىل ھاجىنى ئوغلىدىن پەقەت 13 ياشلا چوڭ قىلىپ قويغان. بۇ ئەمەلىيەتكە سىغمايدىغان ئىش، ئەلۋەتتە.

يازغۇچى رومانىنىڭ 218 ـ بېتىدە ئىسمائىل ھاجىنى «ئۆمرىدە بىرەر قېتىممۇ يۇرتىدىن سىرتقا چىقمىغان» دەپ يازىدۇ. لېكىن 226 ـ بەتتە بولسا «ئىسمائىل ھاجىم 15 ياشلىق بالا ھاجىم ئىدى. تۆرىخان ھاجىم چوڭ دادىمىز بىلەن ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلىپ كەلگەنىكەن» دەپ يازغان. رومانىنىڭ 28 ـ بېتىدىمۇ ئىبراھىم ھاجىنىڭ تىلىدىن «ئۇكام يادىڭدىمۇ، بىز 43 ـ يىلى پەدەر بىلەن بىللە كەشمىرگە بارغاندا» دەپ يازغان. مانا بۇمۇ، ئىسمائىل ھاجى ھەققىدىكى بىر ـ بىرىگە تامامەن زىت كېلىدىغان بايانلاردۇر.

يازغۇچى يەنە رومانىنىڭ 32 ـ بېتىدە ئىبراھىم ھاجىم «ئىنىسىنىڭ بۇنچىۋالا قېرىپ، قورۇلۇپ كەتكىنىنى بىر شەھەردە ياشاۋېتىپمۇ بىلەلمىدى. ئۇ ھازىر ئىنىسىنىڭ نەچچە بالىسى بار، بالىلىرىنىڭ ئىسمى نېمە، بۇلارنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ» دەپ يازغان بولسا، 9 ـ بەتتە، 70 ـ يىللىرى ئىبراھىم ھاجىمنىڭ رەئىسلىك ھو-

قۇقىدىن پايدىلىنىپ ئىنىسى ئىسمائىل ھاجىمنىڭ ئوغلى زىيىننى مەكتەپ مۇدىرىغا بۇيرۇق چۇشۇرۇپ «زىيىننى يىزىغا چۇشۇرۇۋەتسىلە» دىگەن، دەپ يازغان. ئەجەبا 70 - يىللىرى ئۆز قىزىنىڭ سۆيگەن يىگىتى، شۇنداقلا ئاكىسىنىڭ ئوغلى بولغان زىيىننى يىزىغا ھەيدەتكۈزۈۋەتكەن ھاجىم 89 - يىلى زىيىننىڭ ئىسمىنى بىلمەسمۇ؟ يازغۇچى رومانىنىڭ 27 - بىتىدە ئىبراھىم ھاجىمغا «ئۇنى بىر دىمە، ئوكام، سەن بىلمەيسەن، زىيىننىڭ ئىز - دىرىكىنى قىلىپ تاغ ئارقىسىغا نەچچە قىتىم يوشۇرۇنچە ئادەم ئەۋەتتىم، ئۇنى ئالتايدىن، غۇلجىدىن، ئۇرۇمچىدىن، قومۇلدىن ئىزدەتتىم، لىكىن دىرىكىنى ئالالمىدىم» دىگۈزگەن ئەمەسمىدى؟ يەنە قانداقسىگە بۇ ھاجىم زىيىننىڭ ئىسمىنى بىلمەيدۇ؟

يازغۇچى رومانىنىڭ 36 - بىتىدە ئىبراھىم ھاجىمنى تەرىپلەپ: «ناھىيەدە بولغان ھەربىر ياخشى ئىش ھاجىمسىز ئۆتمەيتتى. ھەربىر سورۇن، ھەربىر سەھنە، ھەربىر قارار، ھەربىر ئادەم ھاجىمسىز ھاسىل بولمايتتى. ھاجىم گويا بۇ ناھىيەنىڭ ۋەكىلى، ئەقلى، پەخرى، سۇپىتى ۋە سىمۋولى بولۇپ قالغان ...» دەپ يازغان بولسا، 33 - بەتتە «زىيىننىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى بۇ رايونغا پارتىيە كومىتىت شۇجىسى بولۇپ بىرىلگەنلىكىنى» بىلمىگەن قىلىپ يازغان ھەم «ۋاقىت ھاجىمغا ھەممىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئىنىسىنىڭ قالپاقتىن قۇتۇلغىنىمۇ، زىيىننىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن ئالاھىدە ھۆرمەتلىنىدىغان بىر كادىر بولۇپ قالغانلىقى راست بولۇپ چىقتى» دەپ يىزىپ، ئىبراھىم ھاجىمنى ھەممىدىن خەۋەرسىز ئەربابقا ئايلاندۇرۇپ قويغان. بۇمۇ يازغۇچىنىڭ قەلىمىدىكى بىر روشەن مەنتىقسىزلىق.

يازغۇچى رومانىنىڭ 56 - بىتىدە ئىبراھىم ھاجىمغا ئىنىسىنىڭ ئوغلى زىيىن «ھەممە نىمەم مۇسادىرە قىلىنغان» دەپ تەنە گەپ قىلىپ چىقىپ كەتكەندە، «ھاجىم بۇ خىل قوپاللىقنى ئۆمرىدە تۇنجى رەت كۆرمەكتە، بۇنداق ھاقارەتلىك سۆزنىمۇ تۇنجى قىتىم ئاڭلىماقتا ئىدى. ئۇ زەربىنىڭ تەمىنى تۇنجى قىتىم تىتىدى، روھى

ئازابىنىڭ بۇسىنى تونجى قېتىم پۇرىدى» دەپ يازغان. روشەنكى، بۇ بايانلار 26 ـ بەتتىكى «مانا يېشى ئەمدى 80 گە قاراپ ماڭغاندا ھاـ جىم يۇقىرىقى ئىشلىرى ئۈچۈن ئىچ ـ ئىچىدىن ئازابلىنىدىغان، كېچىلىرى ئورنىدىن تورۇۋېلىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ تۇرۇپ بىئەجەل ئۆلگەن ئاكىلىرى ئۈچۈن ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ روھىدىن ئەپۇ سوراپ‌ـ دىغان بولۇۋالغانىدى» دېگەن بايانلار بىلەن تامامەن زىت. «بۇنداق ھاقارەتلىك سۆزنىمۇ تونجى قېتىم ئاڭلىماقتا» دېگەن جۈملىسىمۇ رومانىنىڭ 6 ـ بېتىدە كويۇ ئوغلى ئابلا يانتاقنىڭ روبائىيسىنى ئاڭلاپ «مەلئۇن!» دەپ چېچىلغان ھالىتىگىمۇ زىت!

يازغۇچى رومانىنىڭ 38 ـ بېتىدە زېمىن بىلەن گۈلنازدىن ئىـ بارەت ۋىسال تاپالمىغان ئاشىق ـ مەشۇقلارنى ئۇچراشتۇرىدۇ. بۇ چاغدا گۈلناز ئېرى ئابلا يانتاقا: «كۆردىڭىزمۇ ئابلا، زېمىن ئاكام بىلەن تېخى ئەمدى كۆرۈشۈۋاتىمەن. 22 يىلدىن كېيىن دەڭا! ...» دەپ يازغان. قىزىق يېرى شۇكى، يازغۇچى 22 يىل كۆرۈشمىگەن بۇ ئىككى ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئون نەچچە ياشلىق يادىـ كار ئىسىملىك بىر ئوغۇلنى پەيدا قىلىپ قويغان، بۇمۇ قوبۇل قىلىـ غىلى بولمايدىغان بىر مەنتىقسىزلىق.

يازغۇچى رومانىدا بىر ئايالنىڭ ئىسمىنى ئۈچ يەردە «ھەنىپە» دەپ ئالغان بولسا، تۆت يەردە «ھەبىبە» دەپ ئالغان. بۇمۇ ئاتاقلىق يازغۇچىنىڭ قەلىمىگە سىغمايدىغان خاتالىق.

يازغۇچى رومانىنىڭ 51 ـ بېتىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۇنىڭچە ئىنسان راھەت ـ پاراغەت ئۈچۈن ياشايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھاجىمنىڭ كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلغۇچى ھالال ئادەملىكىدىن ھېچكىم گۇمان قىلمايدۇ.» بۇ جۈملىدە بىر قاراشتىلا بىلگىلى بولىدىغان ئېغىر لوگىكىلىق خاتالىق مەۋجۇت. مۇشۇنداق ئېغىر لوگىكىلىق خاتاـ لىقلارنىڭ كىتابخانلارنى ھەيران قالدۇرماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ كىتابـ خانلارنى ئەڭ ھەيران قالدۇرىدىغان مىسالدىن يەنە بىرنى كۆرۈپ باـ قايلى: يازغۇچى رومانىنىڭ 19 ـ بېتىدە «ھاجىم كۆزلىرىنى يېرىم

يۇمۇپ خىيالغا كەتتى» دەپ يېزىپ ھاجىمنىڭ خىيالىنى ئۈچ بەت-تىن ئارتۇق بېرىدۇ. ھاجىم خىيال قىلىۋېتىپ مۇنداق دەيدۇ: «يۇ-قىرىدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ 21 ئاتىسى تىلغا ئېلىنىدى.» بۇنى ئوقۇ-غان ئوقۇرمەن يازغۇچىدىن بۇ ئىبراھىم ھاجىمنىڭ خىيالىمۇ ياكى سۆزلەۋاتقان لېكسىيەسىمۇ؟ دەپ سورىماي تۇرالمايدۇ.

بۈيۈك رۇس يازغۇچىسى لېف تولستوي ئۆزى بىلەن زاماندىش مەلۇم بىر يازغۇچىنىڭ ئەسىرىنى ئوقۇۋېتىپ، تۇساتتىن بۇلبۇل-نىڭ ئالتۇن كۈز پەسلىدە سايرىغانلىقىغا ئائىت تەسۋىرنى كۆرۈپ تەبىئەت قانۇنىيىتىگە سىغمايدىغان بۇ خىل تەسۋىردىن غەزەپلىنىپ پۈتۈن ئەسەرگە ئىنكار قىلىش پوزىتسىيەسىنى تۇتقانىكەن. گەرچە تولستوي ھازىر مەۋجۇت بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەسئۇلىيەتچان ئىجادىيەت ئەخلاقىدىن تۇغۇلغان بۇ خىل ئۆلچىمى ئەدەبىيات سا-ھەسىدە يەنىلا مەۋجۇت.

مېنىڭ يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ «ئانا» رومانىنى «قىدىرىپ تەكشۈرۈش» تىن كىتابخانلارغا قىلىدىغان دوكلاتىم مۇشۇنچىلىك.

1996 – يىلى ئىيۇن

# ئەدەبىياتتىكى نورماللىقمۇ ياكى نورمالسىزلىقمۇ

(سۆھبەت يىغىنى خاتىرىسى)

ئورنى: «بوستان» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
ۋاقتى: 1997 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى.

**ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن:** زوردۇن سابىر ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتى تەرەققىياتىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدىغان ئاتاقلىق يازغۇچى. ئۇ رومانچىلىقتا بىرقەدەر يۇقىرى پەللە يارىتقان ۋە تالاي ـ لىغان چۆچۈك ھېكايە، پوۋېستلىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ قەلبىدە ئۆزگە خاس نوپۇزىنى تىكلىگەن پېشقەدەملىرىمىزنىڭ بىرى. ئۈچ يىل بۇرۇن ئۇنىڭ «ئاتا» رومانى ئېلان قىلىندى. رومان ھەر خىل ئىنكاسلارنى قوزغىدى. كۆپلىگەن كىشىلەر: «بۇ رومان ھازىرقى رېـ ئاللىق تېمىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا خېلىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك چىق ـ قان» دېيىشتى. يەنە بەزىلەر يازغۇچىدىن مۇشۇ رومان مۇناسىۋىتى بىلەن تازا رازى بولمىدى. «بوستان» ۋە «قومۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنال ـ لىرىنىڭ بۇلتۇرقى 4 ـ سانىدا بىرلا ۋاقىتتا كېيىنكى خاھىشنى ئىپادىلەيدىغان ماقالە ــ يالقۇن روزىنىڭ ««ئاتا» رومانىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈشتىن دوكلات» ۋە «زوردۇن سابىرنىڭ سۈپەت قارىشىغا با ـ ھا» ناملىق ئىككى ماقالىسى تەڭلا ئېلان قىلىندى. ماقالە ئېلان قى ـ لىنغاندىن كېيىن، ھەر خىل ئىنكاسلار بولدى. بەزىلەر: «مۇشۇنداق مۇنازىرىنىڭ بولۇپ تۇرغىنى ياخشى ئىش. ئەدەبىياتىمىز سۈپىتى ـ نىڭ تەرەققىياتىغا بۇنىڭ پايدىسى زور» دېيىشتى، يەنە بەزىلەر: «زوردۇن سابىر دېگەن ئاتاقلىق يازغۇچى تۇرسا، بۇنداق ماقالىنى

ئالدىراپ باسمايدىغان ئىش ئىدى ...» دېيىشتى. مەيلى قانداق گەپ ـ سۆزلەرنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىزنىڭ بۇ ماقالىنى بېسىشىمىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدىكى بەس ـ مۇنازىرىنى داۋاملاشتۇرۇش، شۇ ئارقىلىق ئۆزىمىزگە خاس چىقىش يولى ئىزدەشكە تۈرتكىلىك قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. بۈگۈن ھەر ساھەدىن يىغىلىپ، زوردۇن سابىرنىڭ «ئانا» رومانى ۋە يالقۇن روزىنىڭ شۇ ھەقتىكى ماقالىسى ھەققىدە ئەركىن ـ ئازادە بىر پاراڭ سېلىشساق. قېنى، پىكىر قىلىپ باقساڭلار، ئالدىدا پىكىر قىلغانلىرىڭلارنىڭ ئىسمى ماقالىنىڭ ئالدىدىن ئورۇن ئالسۇن جۇمۇ (كۈلكە).

يۇسۇپجان مۇھەممەت: مۇمكىن بولسا يالقۇن روزىنىڭ ئاشۇ ماقالىسىنى بىر ئوقۇۋەتمەيلىمۇ؟ (ماقالە ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن) ماقالىدە ئەسەرگە باھا بېرىلىپتۇ. مەن روماننى تەپسىلىي ئوقۇيالمىغاچقا كېيىنچە بىر نېمە دەي.

پەخرىدىن مۇسا: (تېزىسقا قاراپ) سۆزۈمنىڭ ماۋزۇسى ««ئانا» رومانىدىكى ئابلا يانتاق مەردلىكنىڭ سىمۋولىمۇ؟»

مەن پېشقەدەم، تالانتلىق يازغۇچىمىز زوردۇن سابىر ئەسەرلىرىنىڭ يۈز مىڭلىغان كىتابخانلىرى ئارىسىدا كىتابخۇمار بىر ئوقۇرمەن بولۇش سۈپىتىم بىلەن نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يارىتىۋاتقان بۇ كامىل زاتنىڭ «ئانا» رومانىدىكى ئابلا يانتاق ئوبرازى ھەققىدە قىسقىچە توختالماقچىمەن.

«ئانا» رومانى زوردۇن سابىر ئەپەندىنىڭ يەنە بىر ياخشى رومانىدۇر. «ئانا» ئىنتايىن چوڭقۇر مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رومان، شۇنداقلا بىر ياخشى ئېما. ئىبراھىم ھاجى ئائىلىسى ئارقىلىق ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتى بىرقەدەر روشەن سۈرەتلەپ بېرىلگەن بۇ روماندا ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ پسىخىكىلىق روھىي خاراكتېرى تولىمۇ ماھىرلىق ۋە قايىل قىلارلىق ھالدا ئېچىپ بېرىلگەن. چېقىمچىلىق، كۆرەلمەسلىك، پۇلغا قارىغۇلارچە چوقۇنۇش، ھوقۇقپەرەسلىك، خۇشامەتچىلىك، ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ بۇزۇق-

چىلىق قىلىش، ئۆزئارا غەيۋەت ـ شىكايەت، بىر ـ بىرىنىڭ ئەيـ-
بىنى ئېچىش، بىر ـ بىرىگە ئورا كولاش، ئۆز ـ ئۆزىدىن پارچىلـ-
نىش، بۆلۈنۈش، تەلۋىلەرچە مەيخورلۇق، چېكىدىن ئاشقان ھەشەمەتـ-
خورلۇق ... مانا بۇلار بىز زاماندىش ئۇيغۇر كىشىلىرىنىڭ رومانىدا
ئەينەن ئەكس ئەتكەن پىسخىكىلىق ئالامەتلىرىدۇر. ئەمما رومانىدىكى
ئابلا يانتاق بۇنىڭ سىرتىدا بولۇپ، ئۇ يازغۇچىنىڭ قەلىمى ئاستىدا
ئىنتايىن مەرد، كەڭ قورساق قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. رومانىدىكى
باشقا پېرسوناژلار كىشىگە شۇنداق تەبىئىي، خۇددى بىزنىڭ ئەتراـ-
پىمىزدا يۈز بەرگەندەك تۇيغۇ بەرسىمۇ، بىراق ئابلا يانتاق سۈنئىي
ياسالغان ئادەم قىياپىتىدە كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولىدۇ. مەن ئانچە
جاھان كۆرمىگەن بىر ئادەم، شۇ ۋەجدىن نەزەر دائىرەم تار، شەخسىـ-
يەتچى ھەم كۆنەلەمچى ئادەملەر تائىپىسىگە ياتسام كېرەك. لېكىن
شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ھەرقانچە جاھان كۆرگەن ئەركەكمۇ (ئۇ
مەيلى قايسى مىللەت بولمىسۇن) ئۆز نىكاھىدىكى ئايالنى چوقۇم يات
كىشىدىن كۆنەلەيدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئايالىنىڭ بۇرۇن بىر سۆيگەن يىـ-
گىتى بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئۇچۇن رەشك ئوتىدا ئاز ـ پاز بولسىمۇ
ھەسرەتلىنىدۇ. مەن يەنە شۇنداق ئويلايمەنكى، يەر شارىدا ئۇيغۇر
ئەركەكلىرىدەك ئايالىنى كۆنەلەيدىغان ئىنسانلار تۈپى بولمىسا كېـ-
رەك. بۇ گەپنى ئىزاھلاش ئۈچۈن زوردۇن سابىر ئەپەندىنىڭ «ئانا»
رومانىغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەزكۇر رومانىدىكى 1 –
بابنىڭ 10 ـ بېتىدە ئابلا يانتاق ئىسىملىك داڭلىق شائىر (ھاجىمـ-
نىڭ كۈيۈ ئوغلى) تەسۋىرلەنگەن يېزىلمىلار بىزگە چۈشەندۈرىدۇ-
كى، ئابلا يانتاقنىڭ كىشىلەرگە ئېيتقان سۆزلىرى ئۇيغۇر ئەركەكـ-
لىرى پىسخىكىسىغا قىلىنغان بىر ھاقارەت، بىر داڭلىق شائىرنىڭ
ئۆزى ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. ئابلا يانتاق «كۆنداشلىق قىلىدىغانلار
ئاڭسىزلار، نادانلار!» دەيدۇ. ئۇنداقتا، ئۇنىڭ سۆزى بويىچە ھەممىلا
ئەركەك خوتۇنلىرىنى بىپايان يايلاقتىكى ئاساۋ ئاتلاردەك مەيلىگە
قويۇۋېتىشى كېرەكمۇ؟ شۇ چاغدىلا ئەركەكلەر ئاڭلىق، بىنادان

ھېسابلىنامدۇ؟ ئابلا يانتاق يەنە «ھەرقايسىلىرى تۆت ـ بەش ئەرگە تەگكەن خوتۇن بىلەن توي قىلىپمۇ ئايالىم ساق، قىز چىققتى دېيە-شىدىكەنلا» دەيدۇ باشقىلارغا. مېنىڭچە، ئاشۇنداق سۆزنى قىلغان ئەركەكلەر كىچىك بالا ياكى نېرۋىسىدىن ئازغان ئادەم بولمىسىلا، نورمال ئادەملەرنىڭ ئۇنداق دېيىشى مۇمكىن ئەمەس. ئابلا يانتاق يە-نە «مەن بىلەن توي قىلىپ بىرىنچى ئاخشىمى (زېمىن، زېمىن!) دەپ توۋلىدى تېخى» دەيدۇ ھەمدە شۇئان ئايالىنى ئەيىبلىمەستىن ئۆزد-نى ئەيىبلىگەن بولىدۇ. ئويلاپ باقايلى، توي كۈنىنىڭ بىرىنچى ئاخشىمىدىكى بۇنداق ئېچىنىشلىق رېئاللىق — ئۆز ئايالىنىڭ باش-قا بىر ئەركەكنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ئېڭراپ يېتىشى قايسىبىر ئەر-كەكنى غەزەپلەندۈرمەيدۇ؟ ئېنىقكى، بۇ ئۇيغۇر پسىخىكىسىغا يات بىر تەسۋىر. يەنىمۇ زىغىرلاپ ئېيتقاندا، قانداق بىر ئەركەك بىر قىزنى نىكاھىغا ئېلىپ، يەنە ئۇنى كىشىلەر ئالدىدا ئاپئاشكارا ھالدا يۇقىرىقىدەك تەرىپلەپ بېرەر؟ ئابلا يانتاق ساراڭمۇيا؟ ياق، ئۇ ساراڭ ئەمەس. بەلكى:

پېشۋانىڭ ھەر تىلى دۇردانىدۇر،
ئىززەتۇ ئىكرامغا لايىق نامدۇر.
ياخشىلىق، ئىنساب پۈتەدۇر تەسۋىيى،
ۋە لېكىن ئاغزى نىجاسەت جامدۇر.

دېگەندەك شېئىرلارنى يازالايدىغان ئەقىللىك، بىلىملىك ئىنسان. بۇ ئىنسان تېخى ئاشۇ ئايالىدىن ئىككى باللىقمۇ بولىدۇ، بۇ ئىككى بالىنىڭ بىرى رومانىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا زېمىننىڭ بالىسى بولۇپ چىققاندىمۇ، ئۇ ھېچقانداق ئوي ـ خىيال، ئاچچىقلىنىشتا بولمايدۇ. مانا مۇشۇنداق بالىچاقىلىق بىر شائىر ئائىلىسى ئۈچۈن بۇ مۇرەك-كەپ ھەم يۈز ـ ئابروي ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرۇۋاتقان جەمئىيەتتە ئابروي ـ ئىناۋەت دېگەن زادىلا كېرەك ئەمەسمۇ؟ غەيۋەت ـ شىكا-يەتكە تولغان بۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئابلا يانتاقتەك بىر شائىرنى

(ئەگەر ئۇ غۇرۇرلۇق ئىنسان بولسا) ئىچ ـ ئىچىدىن رەللە قىلىپ غەزەپلەندۈرمەسمۇ، ئۆرتەندۈرمەسمۇ، ئازابلاندۇرماسمۇ، قېنىنى چىدىقارماي جېنىنى ئالماسمۇ؟! بىر ناھىيەدە خېلى ئابرۇيى بار داڭلىق شائىر ئابلا يانتاق ئۇچۇن مېنىڭچە ئەلۋەتتە ئابروي ـ ئىناۋەت كېرەك. چۈنكى بۇ دېگەن مۇرەككەپ كىشىلىك ھايات ـ تە! ئۇنداق بولسا شائىر ئابلا يانتاق نېمە ئۇچۇن يۇقىرىقىدەك گەپلەرنى ھېچبىر ھېيىقماستىن قىلىپ يۈرىدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابىنى ئاشۇ شائىرنىڭ ئۆزىدىن سوراشقا توغرا كېلىدۇ، بىراق ئۇ شائىر قەيەردە؟ ئۇيغۇر تۇپرىقىدا بارمۇ زادى؟

مەزكۇر رومانىنىڭ 1 ـ باب 3 ـ بۆلەك 39 ـ بېتىدە شائىر ئابلا يانتاقنىڭ ئايالى گۈلناز بۇنىڭدىن يىگىرمە نەچچە يىل ئىلگىرىكى ۋە شۇنىڭدىن بۇيان كۆرۈشۈپ باقمىغان سابىق سۆيگىنى زېمىن بىلەن كۆرۈشۈپ قالىدۇ. بۇ چاغدا ئەر بولغۇچى ئابلا يانتاق ئايالى گۈلناز بىلەن زېمىننى مەجبۇرىي دېگۈدەك قۇچاقلىتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئېرىنىڭ كۆزىچىلا «گۈلناز بېشىنى ئىختىيارسىز زېمىننىڭ كۆكرىكىگە قويىدۇ ...» زېمىن ھەتتا «قىزنىڭ ئۆزىگە تونۇش پۇرىقىدىن مەست بولۇپ ئىختىيارسىز ئۇنىڭ يالاڭباش بېشىنى ئاستا سىلاپ» قويىدۇ. بۇ يەردە قىرىق ياشلارغا يېقىنلاپ قالغان گۈلنازنىڭ «قىز» دەپ تەسۋىرلىنىشىنى قويۇپ تۇرايلى، ئۇنىڭ ئېرى بولغان ئابلا يانتاق ئۇلارنى چىڭ قۇچاقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ شېئىر ئوقۇيدۇ:

«يۈرەكتىن يۈرەككە يول بارمىش پىنھان،
سۆزلىشەر شاۋقۇنسىز شۇڭلاشقا ئىنسان.
ۋارقىراپ سۆزلەيمىز يالغاننى دائىم،
ھەقىقەت دىللاردا ياتار جىم ھامان.»

مانا بۇ روماندىكى رېئاللىق. ئەمما مەن بۇنداق رېئاللىقنى ئەتراپىمدىكى جەمئىيەتتىن ئىزدەپ تاپالمايدىغانلىقىمغا، ھەتتا ئۇنداق

شائىرنىمۇ ھازىر ھەم كەلگۈسىدە ئۇچراتمايدىغانلىقىمغا، ئۇچرى-تالمايدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن!

رومانىنىڭ 83 ـ بېتىگە كەلگەندە، كۆڭلى ـ كۆكسى ئىنتايىن كەڭ، ئاڭلىق، مەرد شائىر ئابلا يانتاقنىڭ مەردلىكى نەلەرگىدۇر يوقاپ، بىردىنلا «ئەرلىك غۇرۇر» ى قوزغىلىپ، «ئۇيغۇرلارغا خاس ئەرلىك بىلەن پىچاقنى ئىشقا» سالماقچىمۇ بولىدۇ ... دېمەك، بۇ چاغدا ئۇ بىردىنلا قاتتىق كۆنەمچى ئەركەككە ئايلىنىپ، ئايالىنى ئىزدەپ زېمىنىنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ ۋە كېچىدە نامەلۇم كىشىلەر تەرى-پىدىن يەتكۈچە دۇمبالىنىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالىدۇ. شۇنداق، ئىنسان ئەڭ ئۆزگىرىشچان مەخلۇق. بۇ سۆز بويىچە ئېيتقاندا ئابلا يانتاقنىڭ ئىلگىرىكى مىجەز ـ خاراكتېرى ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئالدىنقىسى بىلەن كېيىنكىسىنى سېلىشتۇرغاندا ئابلا ياقتاققا ئوخشاش بىر مەرد شائىر ئۆزىنى ۋە ئۆز خاھىشىنى بىراقلا ئىنكار قىلىۋەتكەن تۇتۇرۇقسىز شەخسكە ئوخشاپ قالامدۇ؟

روماندا يەنە ئابلا يانتاق بىردىنلا ئۆزگىرىپ مەردلىككە قايتى-دۇ ـ دە، ئۆز بەختىنى قۇربان قىلىپ، زېمىن بىلەن گۈلنازنىڭ بەختى ئۈچۈن گۈلناز بىلەن ئۆزى تەلەپ قىلىپ ئاجرىشىدۇ. ھەتتا رومانىنىڭ 217 ـ بېتىگە كەلگەندە ئۇ زېمىنغا: «سەن تېخى مېنى تو-لۇق چۈشەنمەيسەن، زېمىن. مەن باشقىلارنىڭ بەختى بىلەن ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلايدىغانلاردىن. مەن ئۇيغۇردىن چىققان تۇنجى ‹سى-غىرگو›، (ئاۋستىرىيەلىك پىسخولوگىيە ئالىمى فىروئىدنىڭ ئالىي پەزىلەت نەزەرىيەسىنىڭ ئىسمى) بولماقچى» دەيدۇ. زېمىنمۇ ئۇنىڭغا ئۇلاپلا: «ئاجايىپ رومانتىكا، مەن مۇشۇنداق بىر ‹راخماتوف› (رۇسى-يە يازغۇچىسى چېرنىشېۋسكىينىڭ ‹نېمە قىلىش كېرەك› رومانى-دىكى باش قەھرىمان ـــ يازغۇچىنىڭ ئىزاھاتى) نىڭ چىقىشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلاردىن. بىز ياشاۋاتقان مۇشۇ ئەسىردىلا فىروئى-دىزمنى قورقماي سىناق قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ بارلىقىنى زادىلا ئويى-لىماپتىمەن» دەيدۇ.

بۇ دېمىسىمۇ ئاجايىپ رومانتىزم، ياۋروپاچە رومانتىزم. ئەمما بۇنداق رومانتىك روھنى بىز ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىن تاپالايمىزمۇ؟ نەچچە مىڭ يىللىق ئۇيغۇر پىسخىكىسى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دەۋرى ئەمدىلا گۈللىنىۋاتقان جەمئىيەتتە، بولۇپمۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە شۇنچە تېز ئۆزگىرىپ ياۋروپالىشىپ كېتەرمۇ؟ مېنىڭچە، ئۇيغۇرلاردا «فىروئىدىزمنى قورقماي سىناق قىلىۋاتقان» ئابلا يادتاقتەك ئادەملەر گەرچە «ئاتا» رومانىدا ئاپىرىدە قىلىنغان بولسىمۇ، رېئاللىقتا يوق، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بولماسلىقى مۇمكىن. فىروئىدىزمچە ئەسەرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيەت قاتلىمىغا بۆسۈپ كىرگىلى ئانچە ئۇزاق بولمىغان، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ فىروئىدىزمچە ئەسەرلەر ئەمدىلا يېزىلىپ ئاندا ـ ساندا ئېلان قىلىنىۋاتقان 21 ـ ئەسىر هارپىسىدا، ئۇيغۇر كىشىلىرىدىن «فىروئىدىزمنى قورقماي سىناق قىلىۋاتقان» رېئال ئادەملەرنىڭ چىقىشى مۇمكىنمۇ؟ بۇنى ئاپتورنىڭ ئارزۇسى ياكى ئالدىن تەسەۋۋۇرى دەپ قارىغاندىمۇ، 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرى ئوبيېكت قىلىنغان بۇ رومانغا نىسبەتەن ئۇ بەك بالدۇرلۇق قىلامدۇ ـ قانداق؟

هەرقانداق بىر مىللەت ئۆزىگە خاس پىسخىكىلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇيغۇر پىسخىكىسى تېخىمۇ شۇنداق! شۇڭا ئابلا يانتاق بىزنىڭ رېئال پىسخىكىلىق هالىتىمىزدىن ياتلاشقان هالدا ئۆزىنىڭ «شائىر» لىق سۈپىتى بىلەن مەزكۇر رومانغا قىستۇرۇلغان بىر مەۋھۇم قەھرىمان، ئۆز مىللەت پىسخىكىسىدىن ياتلاشقان شالغۇت ئادەم، سۈنئىي ئادەم ياكى ئالجىغان شائىر! ئۇ هەرگىزمۇ «فىروئىدىزملاشقان» هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەركەكلىرىنىڭ تىپى ئەمەس، مەرد ئۇيغۇر ئەركەكلىرىنىڭ تىپىك سىمۋولى تېخىمۇ ئەمەس!

سېتىۋالدى باھاۋۇدۇن: ئىككىنچى يالقۇن روزى بوپسىزغۇ سىز ـ هە. (كۈلكە)

پەرهات ئابدۇرەھىم: زوردۇن سابىرنىڭ ئۇيغۇر رومانچىلىقىغا قوشقان تۆھپىسىنى هەرگىز تۆۋەن هېسابلىغىلى بولمايدۇ. ئۇ

ئۆزگىچە ئۇسلۇب ئارقىلىق ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ رەڭگارەڭ كۆرۈ- نۈشلىرىنى ئۇستىلىق بىلەن سۈرەتلەپ بەرگەن. يالقۇن روزىنىڭ مۇشۇ ماقالىسى ۋە «ئاتا» رومانىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پېشۋالىرى- مىزنىڭمۇ بەزى چاغلاردا ئۇيغۇر تۇرمۇشى، ئۇيغۇر خاراكتېرىگە مە- لۇم جەھەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىقىنى سېزىۋالالايمىز. بۇ بىر يازغۇچىنىڭ يالغۇز ئەسەرگىلا ئەمەس، كىتابخانلارغا، دەۋرگە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنىڭ بار - يوقلۇقىنى ياكى كۈچلۈك - ئاجىزلىقىنى ئىپادىلەيدىغان نەرسە. ئەگەر ئەسەردە ئو- مۇمىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقان چاغدا ئارتۇقچىلىق ئاساسىي ئو- رۇننى ئىگىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىنتايىن ئاز ساندا بەزى نۇق- سانلار كۆرۈلۈپ قالغان بولسا، بۇ چاغدا بىز يەنىلا مۇئەييەنلەشتۈر- سەك بولاتتى. ئەمما ئەسەردىكى، بولۇپمۇ پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ خاراكتېر يارىتىلىشى جەھەتتە ئۇيغۇر پىسخىكىسى، ئۇيغۇر خاراك- تېرى، ئۇيغۇر تۇرمۇشى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىلگەن چاغدا بە- زى ئەھۋاللار بىرقەدەر ئېغىر.

مۇشۇ مەزگىللەردە نەشرىيات ئورۇنلىرىدىمۇ بەزى كەمچىلىك، نۇقسانلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. بۇ مەيلى يازغۇچىغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، مەيلى نەشرىيات، مۇھەررىر يولداشلارغا نىسبە- تەن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ بىر ساۋاق. يېقىنقى مەزگىللەردە نۇرغۇن ئەسەرلەر ئېلان قىلىندى. بەزىدە ھەتتا باشقىلار قولىغا ئېلىپمۇ قويمايدىغان نەرسىلەرمۇ چىقىپ كەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئال- دىراپ بازارغا سېلىنغان نەرسىلەر.

مەيلى نەشرىياتچىلىقنىڭ خەلق ئاممىسى ئالدىدىكى مەسئۇلى- يەتچانلىقى بولسۇن، مەيلى يازغۇچىنىڭ ئوقۇرمەنلەر ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىقى بولسۇن، بۇنىڭغا دىققەت قىلمىساق بولمايدىغان- لىقىنى بىلدۈرىدۇ.

مۇھەممەتجان جېلىل: «بوستان» ژۇرنىلىنىڭ بۇگۈنكىدەك مۇ- شۇنداق سۆھبەت يىغىنىنى ئورۇنلاشتۇرغىنى ئىنتايىن ياخشى بوپ-

تۇ. مەن بۇ سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشقانلىقىم ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشال. گەپنى تېمىدىن باشلىغاندا، زوردۇن سابىر يولداشلار دې-گەندەك بىزنىڭ پېشۋالىرىمىزدىن ئىدى. «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ»، «بوش كەلمە، تۇرپانلىق» تەك نۇرغۇن نادىر ئەسەرلىرى بار. ئۇنىڭغا ھەممىمىز قايىل. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «ئىزدىنىش» رومانى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان رومان ھېسابلىنىدۇ.

يازغۇچى مىللەتنىڭ يازغۇچىسى. ئۇ مىللەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. دۇنياغا مىللەتنى تونۇتىدۇ. مىسال ئۈچۈن ئېيتساق، قىرغىزىستان يازغۇچىسى چىڭغىز ئايتماتوفنىڭ «قىيامەت» رومانى قىرغىز مىللىتىنى دۇنياغا تونۇتتى. يازغۇچى بولۇش يۇكسەك دەرىجىدە مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بولۇشنى ۋە كۆپ قىرلىق بىلىمگە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ھەرقانداق بىر يازغۇچىمىز ئەسەر يازغاندا ئۇنى ئالدىراپلا پۈتكۈزمەستىن، كۆپ تەرەپلىمىلىك پىششىقلاش، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش، ئۆز مىللىتىنىڭ قائىدە ـ يوسۇن، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى قىدىرىپ تەكشۈرگەندە كەمچىلىك، خاتالىقلار ئازىيىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «زوردۇن سابىرنىڭ ‹ئانا› رومانىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈشتىن دوكلات» دېگەن ماقالىنىڭ ئېلان قىلىنىشى مېنىڭچە نورمال ئىش.

مەغلۇبىيەت مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئانىسى، تەنقىدنىڭ ھەربىر يازغۇچىغا نىسبەتەن مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى، ئەستايىدىللىق، ئەتراپلىق مۇئامىلە قىلىش جەھەتتە تۆھپىسى زور بولىدۇ. ھەرقانداق ئەسەرگە نىسبەتەن ئىنكاس بولمىسا بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يالقۇن روزىنىڭ ماقالىسىنىڭ ئېلان قىلىنىشى مېنىڭچە نورمال ئىش.

پەرھات ئابدۇرەھىم: يالقۇن روزىنىڭ جۈرئىتى، دادىللىقىغا قول قويىمەن. زوردۇن سابىرنىڭ «بوش كەلمە، تۇرپانلىق» دېگەن ئەسەرىنى ئېلىپ ئېيتساقمۇ، ئۇنىڭدىكى دىيالوگنىڭ كۆپلۈكى كىشىنى زېرىكتۈرۈپ قويىدۇ.

غېنى قۇربان: بۈگۈن بۇ يەردە «بوستان» ژۇرنىلى يالقۇن روزى-
نىڭ ماقالىسى ھەم زوردۇن سابىرنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە مۇھا-
كىمە يىغىنى ئاچتى. بۇ ئىنتايىن ياخشى باشلىنىش. بىزدە يازغۇ-
چىنىڭ تەۋەلىكى، يازغۇچىنىڭ يۇرتى توغرۇلۇق بىر تۈرلۈك يامان
ئىللەتلەر بار. بىر يازغۇچى قايسى يۇرتتا، قايسى مەھەللىدە بولسا
شۇ ئورۇندا ئۇنى خاتىرىلەش، شۇ ئورۇندا ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ھەق-
قىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش داۋاملىشىۋاتقانىدى. بۇ قېتىم «ئاتا»
رومانىنىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەن بۇ دائىرىنى بۆسۈپ تاشلاپ، بۇ
مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى، ژۇرنالنىڭ دادىللىقى بو-
لۇش بىلەن بىللە، ئىنتايىن ياخشى باشلىنىش بولدى. زوردۇن سا-
بىر يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىنىڭ
بىرى. زۇنۇن قادىر، قەييۇم تۇردى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر قاتارلىقلار-
نىڭ قاتارىدا رومانچىلىقىمىزدا زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان، مول
مېۋە بەرگەن يازغۇچىلاردىن بىرى. ھازىرغىچە زوردۇن سابىر بىزگە
سوۋغا قىلغان «ئابرال شاماللىرى»، «ئىزدىنىش»، «ئارچا ياپرىقى»،
«جىگدىلەر پىچىرلايدۇ» ئەسەرلىرى بىزدە ياخشى تەسىر قوزغىغان.
بولۇپمۇ زوردۇن سابىر «ئىزدىنىش» رومانى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ
مىللەت ئالدىدا مەسئۇلىيەتچان، جاۋابكار بولۇش تۇيغۇسىنى ئەلا
ئوبرازىدا ئىنتايىن ياخشى يارىتىپ بەرگەن. بىزنىڭ ئىجادىيىتى-
مىزگىمۇ تەسىرى چوڭ بولغان.

ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ يەنە ناھايىتى ياخشى ھېكايىلىرى بار.
بىز ئۇ ھېكايىلەردىكى پېرسوناژلارنى ھېلىلا بىر يەردە كۆرگەندەك،
ئۇلار بىلەن سۆزلەشكەندەك ھېس قىلىمىز. «بوش كەلمە، تۇرپان-
لىق» دېگەن ھېكايىسىدە دىيالوگ ئۇزۇن. بۇمۇ زوردۇن سابىر ئىجا-
دىيىتىدىكى بىر ئارتۇقچىلىق. بىز بولساق قىسقارتىمىز، بوغىمىز،
ئەمما زوردۇن سابىر ئۇنى ئۆز رېئاللىقى بويىچە پېرسوناژلارنى مەي-
لىگە قويۇپ بەرگەن. زوردۇن سابىر قەلىمى ئاستىدىكى پېرسو-
ناژلار بىزگە ھايات ئادەملەردەك تۇيغۇ بېرىدۇ. زوردۇن سابىر يەنە

رومانچىلىقتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان تالانتلىق يازغۇچى. «بوستان» ژۇرنىلىدا يالقۇن روزىنىڭ ماقالىسى ئېلان قىلىنىش بىلەن تەڭ جەمئىيەتتە: «زوردۇن سابىرغا تەنقىدىي ماقالىلەرنى يازمىسا بوپتىكەن» دېگۈچىلەر بولدى. مېنىڭچە، بۇ ئوبزورنىڭ يېزىلغانلىقىدىن يازغۇچىنىڭ ئۆزىمۇ خۇشال. ئىنكاس بولمىغان ئەسەرنى بىر پارچە قۇرۇق قەغەز دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ماقالىنىڭ چىقىشى ئىنتايىن ياخشى باشلىنىش.

«ئانا» رومانى ھەققىدە مەنمۇ بىرنەچچە خىل پىكىرنى ئويلىغان، بۇنىڭ بىرى ئابلا يانتاق ئوبرازى. بۇ ھەقتە پەخرىدىن ناھايىتى ياخشى پىكىرلەرنى بەردى. مەن ھاجىم ئوبرازى ھەققىدە توختىلاي. ھاجىم بىزگە باشتا ئىنتايىن سىلىق - سىپايە، ياخشى تەسىر بەرگەن بولسا، كىتابنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا بارغانسېرى خۇنۇكلىشىپ، دۇنيادىكى ئەڭ رەزىل ئادەمگە ئايلىنىدۇ. مېنىڭچە، دۇنيادىكى ئەڭ ناچار ئادەملەرنىڭ بىرى ئۆزىنى قوغداش بەدىلىگە ئۆز يېقىنلىرىنى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ساتىدىغان ئادەمدۇر. «يامانلىقتا يامانلىق قىلالايدۇ ھەر كىشى، يامانلىققا ياخشىلىق قىلالايدۇ ئەر كىشى» دەيدىغان گەپ بار. مۇشۇنداق بىر ئوبراز ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئاكىسىنى، بىر ئەمەس، بىرلا ۋاقىتتا ئۈچ ئاكىسىنى سېتىۋېتىدۇ. ھەرقانداق بىر ئىنسان بىرەر ئۇرۇق - تۇغقىنىنىڭ بەختسىزلىكىدىن يۈرىكى ئېچىشىدۇ. ئەمدى ھاجىم نېمە ئۈچۈن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ساتتى؟ ئۇ زېمىن دېگەن پېرسوناژنى ھاقارەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ قىزىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن سەرگەردان قىلىپ، كۆمۈركانلارنىڭ ئاستىدا، پىژغىرىم ئىسسىقتا ئىشلەشكە مەجبۇر قىلىپ قويىدى؟ ئۇنىڭدىن باشقا ھاجىم جەمئىيەتنىڭ، تۇرمۇشنىڭ، ھۆكۈمەتنىڭ ھەر خىل ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، ھەممە ئادەمنىڭ ھالىغا يېتىپ ئۆتىدىغان ئادەم. ئۇنىڭ ئاكىلىرىنى سېتىۋەتكەنلىكى، زېمىننى دۇنيادىن يوقىتىش تەرەپدارىدا بولۇشى يەنىلا ھاجىم ئوبرازىنىڭ يازغۇچى باشتا كۆرسىتىپ بەرگەن ھاجىم ئەمەس، بەل-

كى باشقىچە بىر ھاجىم ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا دۇنيادا غەم ـ غۇسسىسىز ياشايدىغان بۇ ھاجىم دۇنيادا پەقەت بىرلا ئادەمدىن، يەنى موللاق سوپىدىن قورقىدىكەن. ناۋادا مۇشۇ ئادەم دۇنيادىن يىتكەن بولسا ئىدى، ھاجىم تېخىمۇ خاتىرجەم ئۆتكەن بولاتتى، دېيىلگەن. نېمە ئۈچۈن ھاجىم ئۇنىڭدىن قورقىدۇ؟ نېمىشقا ئۇ يوقالسا ھاجىمغا خاتىرجەملىك بولىدۇ؟ كىتابتا بۇ ھەقتە ئېنىق تەپسىلاتلار يوق. مەن باشتا ھاجىم موللاق سوپىدىن ئەجەب قورقىدىكەن، موللاق سوپى ھاجىمنىڭ ھەممە تارىخىنى بىلىدىغان ئوخشايدۇ، بىركۈنى ھاجىمنى رەسۋا قىلىدىغان ئوخشايدۇ دېسەم، جىمجىتلا يوقاپ كەتتى.

بىز زوردۇن سابىرنىڭ ئىجادىيىتىنى زور دەرىجىدە مۇئەييەنلەشتۈرىمىز. لېكىن، ئەسەرلىرىدىكى كەمچىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

شېرىپجان موللائەھەد: «بوستان» ژۇرنىلىنىڭ مۇشۇنداق بىر سۆھبەت يىغىنى ئۇيۇشتۇرغانلىقىدىن كۆپ خۇش بولدۇم. زوردۇن سابىر بىزنىڭ مەشھۇر يازغۇچىمىز. شەخسەن مەن بىر ئوقۇتقۇچى. زوردۇن سابىر ھەققىدىكى تەسىراتىم چوڭقۇر. بىزنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىك كىتابىدا ئۇنىڭ «دولان ياشلىرى» ناملىق ھېكايىسى بار. بۇ ھېكايە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئۇيغۇر رېئاللىقىنى ناھايىتى ياخشى تەسۋىرلىگەن. «ئىزدىنىش» رومانىمۇ ھەم شۇنداق كاتتا رومان. ئۇلاردىكى پېرسوناژلار كۆز ئالدىمىزدا ھەرقاچان نامايان بولۇپ تۇرىدۇ. «ئانا» رومانىغا كەلسەك، مەنمۇ ئوقۇغان. بىر قىسىم پىكىرلىرىم باشقىلار بىلەن ئوخشاش ئىكەن. ئانا زادى كىمنىڭ ۋەكىلى دېگەن نەرسىدە ئويلىنىپ قالدىم. يالقۇن روزىنىڭ ماقالىسىدە بىر قىسىم نۇقتىلار كۆرسىتىلگەن. مېنىڭچىمۇ شۇنداق يەرلىرى بار ئىكەن. مۇمكىن بولسا مۇشۇنداق سۆھبەت يىغىنلىرى داۋاملىق ئېچىلىپ تۇرسا ئىكەن دەيمەن.

ئەنۋەر ئابدۇراخمان: «ئانا» رومانىنى مەنمۇ ئوقۇغان، بۇ دەل

رەھمەتلىك دادام كېسەلخانىدىكى ۋاقىت ئىدى. بىر كۈنى دادامغا ئوبدانىراق بىر كىتاب ئوقۇپ بېرەي دەپ كىتابخانىغا كىرسەم، زور-دۇن سابىرنىڭ «ئانا» رومانى تۇرۇپتۇ. ماڭا، بۇ رومانىنىڭ ماۋزۇسى بەك ياقتى. چۈنكى، مەن ئۇنى دادامغا ئوقۇپ بەرمەكچى ـ دە، مەن ئوقۇدۇم، دادام ئاڭلاپ ياتتى ... يوقىرىدا باشقىلار دېگەندەك، روما-نى ئوقۇپ باش ـ ئايىغىنى تازا باغلاشتۇرالمىدىم. بەزى پېرسو-ناژلار ماڭا تازا ياقمىدى. مەن «نۆۋەتتە ئەدەبىياتىمىزنى باشلاپ مې-ڭىۋاتقان ئادەملىرىمىزدە يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك» دېگەن سۆزگە قايىلمەن. ئۇلارنىڭ مەيلى يامان، مەيلى ياخ-شى ئەسەرلەرنى يېزىشى بىۋاسىتە ھالدا ئەدەبىياتىمىزغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بايا چىڭغىز ئايتماتوفنىڭ گېپىنى قىلىشتۇق. ئۇمۇ قىرغىز مىللىتىنىڭ ئويى، تارىخى ۋە رېئاللىقىنى ئۇستىلىق بىلەن تەسۋىرلەپ قىرغىز مىللىتىنى جاھانغا تونۇتتى. مەلۇم بىر ياش شائىر دوستۇم بىر چاغدا مۇنداق بىر گەپنى قىلغان: «مەن بىرى بىلەن باغلاشتىم، بىر يىلدا مىڭ پارچە شېئىر يېزىپ ئېلان قىلا-لىسام، ئۇنى ئۇتۇپ، بىر يۈرۈش ئۆي ئالماقچى ...» مەن دېدىم: «مىڭ پارچە شېئىرنى يازارسەن بىر يىلدا، بىر يىل دېگەن 365 كۈن، ئاز دېگەندە كۈنىگە 2 ـــ 3 تىن يازساڭ يازالايسەن، ئېلان قىلىشنى قو-يۇپ تۇرايلى، مىڭ پارچە شېئىر دېگەن ئاز گەپمۇ؟ ...» مېنىڭچە، شېئىر يازماق تەس گەپ ئەمەس، ھەقىقىي شائىر بولماق تەس. دې-مەك، بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىزدا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك. «ئانا» رومانىنى مۇئەييەنلەشتۈرىمىز، لېكىن تېخىمۇ ياخ-شى رومان چىقىش ئۈچۈن مۇشۇنداق سۆھبەت ئېلىپ بارغانمۇ ياخ-شى. قارىسام يازغۇچىلاردا ھازىر بىر خىل ھۇرۇنلۇق باردەك قىلى-دۇ. ئۆمەرلەرمۇ بۇگۈن سۆھبەتنى خاتىرىلىمەي ئۈنئالغۇنى ئېچىپ قويدىغۇ ھۇرۇنلۇق قىلىپ، مانا (كۈلكە).

ئەسقەر ياسىن: يالقۇن روزىنىڭ ماقالىسى ھەققىدە كۆپ غۇلغۇلا بولدى، كۆزقاراش ئوخشاش بولمىدى. ئۇنداق ـ مۇنداق پىكىرنىڭ

بولۇشى نورمال ئەھۋال، بىزدە تەنقىدكە نىسبەتەن بىر خاتا كۆز قاراش بار. خۇددى بىر ئادەم تەنقىدكە ئۇچرىسا، شۇ تەنقىد بىلەنلا تۈگىشىپ كېتىدىغاندەك. ئەمەلىيەتتە تەنقىد يامان نەرسە ئەمەس. قىسقىسى، بىر قىسىم يازغۇچىلار تەنقىدكە توغرا مۇئامىلە قىلمىدى. پېشقەدەملىرىمىز «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا بىر تەنقىدكە ئۇچراپلا ناھەق پەشۋا يەپ كەتكەچكە، ھازىرمۇ تەنقىدتىن ئېھتىيات قىلىسا كېرەك. بىر ئادەمنىڭ تەنقىدى بىلەن بىر يازغۇچى ھەرگىز تۈگىشىپ كەتمەيدۇ ھەم ئۇ كەڭ ئاممىنىڭ كۆزقارىشىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. بىز زوردۇن سابىرنى ئەسلىگەندە ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئېسىل ئەسەرلىرى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. بۇنى ھەممە بىلىدۇ. بىز ئۇنىڭ ھەربىر ئەسىرىگە ئوبيېكتىپ باھا بېرىشىمىز لازىم. شۇڭا، بۇنىڭدىن كېيىن ياخشى تەنقىدچىلەرنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كەلگىنى ياخشى.

**ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن:** مەن يالقۇن روزىنىڭ «زوردۇن سابىرنىڭ سۇپەت قارىشىغا باھا» ۋە «‹ئاتا› رومانىنى ‹قىدىرىپ تەكشۈرۈش› تىن دوكلات» دېگەن بۇ ئىككى ماقالىسىنىڭ ئېلان قىلىنىشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئىزاھلاپ ئۆتەي. «شىنجاڭ گېزىتى» دە بىر سەھىپە ئېچىلدىغۇ، يازغۇچىلار ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىسىنى تونۇشتۇرىدىغان. شۇنىڭدا، زوردۇن سابىرنىڭ سۇپەت قارىشى ئىپادىلەنگەن بىر ماقالىسى چىققان. ئاڭلىشىمىزچە، ماقالىنى كۆرگەندىن كېيىن يالقۇن روزى «زوردۇن سابىر بۇ ماقالىنى ئۆزىگە تۆۋەن تەلەپ قويۇپ تۇرۇپ يازغان» دېگەن نۇقتىدا ئوبزور يېزىپتىكەن. ئۇنى ئۇرۇمچىدە ئېلان قىلىش مۇمكىن بولماپتۇ. «زوردۇن سابىرنى ئىنكار قىلغان ماقالىنى باسمايمىز، ئۇ دېگەن خەلقىمىزنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك يازغۇچىسى» دەپ، ئاخىر «قومۇل ئەدەبىياتى» دا ئېلان قىلىندى. كەينىدىنلا «‹ئاتا› رومانىنى ‹قىدىرىپ تەكشۈرۈش› تىن دوكلات» دېگەن ماقالىسىنى بىزگە بەردى. بۇنىمۇ ئېلان قىلىش مۇمكىن بولماپتىكەن، «يولۋاسنىڭ ساغرىسىنى سىلىغىلى بولمايدۇ» دېگەندەك. دېمەك، ھېچبىر مەتبۇئات تەنقىدكە توغرا مۇئامىلە

قىلىنغان ـ دە. بىز كۆرسەك، گەپ ئەسەر ئۈستىدە ئىكەن، ئادەم (ئاپتور) ھەققىدە ناتوغرا گەپلەرمۇ يوق. شۇنىڭدىن بىلەن بىز ئېلان قىلدۇق. دېمەك، زوردۇن سابىر ھەققىدىكى ئىككى ماقالە بىرلا ۋاقىتتا ئېلان قىلىندى. ماقالە چىققاندىن كېيىن غۇلغۇلا كۆپ بولدى. جەمئىيەتتە: «ئاتاقلىق قىلىرىمىزدىن بىرىنەچچىسىلا قالدى، بۇلارنى تەنقىدلەۋەرسەك، ئەدەبىياتىمىزدا نېمە قالىدۇ؟ ئەمىسە بىز ـ دە يازغۇچى يوقمۇ؟» دېگەندەك سۆزلەر بولۇندى. دېمەك، جەمئىيەتتە تەنقىدنى كۆتۈرەلمەسلىك ھادىسىسى ئاشكارىلاندى. خۇددى ئاتىمىز بىرەر ئىشنى تۈيۈقسىز خاتا قىلىپ قويسا، «ئاشۇ ئىشىڭ تازا قاملاشماي قالدى دادا» دېمەسلىك كېرەكتەك، دادىنىڭ گېپى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يوللۇقتەك بىر خىل كەيپىيات پەيدا قىلىپ قويدى. يالقۇن روزى «قىدىرىپ تەكشۈرگەن» زوردۇن سابىر ئەپەندىنىڭ بۇ رومانى بۇ يىل مۇنەۋۋەر ئەسەر بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى. ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، خەلق قەلبىدىن ئەڭ چوڭقۇر ئورۇن ئالغان يازغۇچىمىزنىڭ ئالدى زوردۇن سابىر. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەدەبىي تەنقىدكە بولغان چۈشەنچە كەمچىل بولغاچقا، بۇ ژانىرنى نورمال تەرەققىي قىلدۇرۇش ھېلىھەم مۇمكىن بولمىدى. بەلكىم بۇ ئارزۇيىمىزمۇ ئەمەلگە ئېشىپ قالار.

(بۇ سۆھبەت يىغىن خاتىرىسى «بوستان» ژۇرنىلىنىڭ 1997 ـ يىلى 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.)

# زوردۇن سابىرنىڭ سۆھبەت قارىشىغا باھا

يازغۇچى زوردۇن سابىر ئۇيغۇر كىتابخانلىرىنىڭ قەلبىدە خېلى يۇقىرى ئورنى بار، بەلگىلىك بەدىئىي ئىقتىدارغا ئىگە مەھسۇلاتلىق يازغۇچىلارنىڭ بىرى. كىتابخانلارنىڭ ئۇنىڭغا قىزىقىشىدىكى سە- ۋەب، ئۇ ئىجادىيەتتە ئۆزى بىلەن تەڭ قورامدىكى يازغۇچىلارغا سې- لىشتۇرغاندا بىرقەدەر ئەستايىدىلراق. شۇڭا، مەن ئۇنىڭ «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1992 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىكى «گۈلشەن» بېتىدە ئېلان قىلغان «ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ سۆھبىتى توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىنى دەرھال ئوقۇپ چىقتىم. لېكىن، توساتتىن مەندە ئۇنىڭ سۆھبەت قارىشىغا نىسبەتەن مۇنازى- رىلىشىش ئىستىكى تۇغۇلۇپ قالدى. شۇ ئىستەكنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بۇ ماقالەمنى يېزىپ چىقتىم. بەلكىم مۇشۇكنى يولۋاس دەپ خاتا تونۇپ قالغان ياكى بۆركۈتنى قۇشقاچ دەپ چىلڭ تۇرۇۋالغان بو- لۇشۇممۇ مۇمكىن، ئەمما رەھىمسىز مۇنازىرىلىشىش ئارقىلىق ھەممىنى ئايدىڭلاشتۇرغىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

يازغۇچى مەزكۇر ماقالىسىدە ئۆزى سۆھبەت يارىتىشتا «ئالاھىدە ئاڭلىق دىققەت» قىلىپ كېلىۋاتقان بەش تۈرلۈك مەسىلىنى كۆر- سىتىشتىن بۇرۇن كەسكىن تەلەپپۇزدا «ئەسەرنىڭ سۆھبىتى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۇنۇمى، جەمئىيەتتە ئوينىغان رولى، ئېرىشكەن ھۆر- مەت ـ ئىناۋىتى بىلەن ئۆلچىنىدۇ» دەپ ئېيتقان. بۇ يەردە مەن ياز- غۇچىنىڭ جۈملە شەكلىنىڭ ئۆلۈك، تەپەككۇرىنىڭ تورى يوقلۇقى- نى نەزەردىن ساقىت قىلىپ تۇمتاقلىقى، مۇكەممەل ئەمەسلىكى توغرىسىدا توختالمايمەن. «ئىجتىمائىي ئۈنۈم» دىن ئىبارەت مەزمۇنى ئانچە ئېنىق بولمىغان بۇ ئۇقۇم ئەسەر سۆھبىتىنى ئۆلچەيدىغان بىر-

دىنىبىر ئۆلچەم ھېسابلىنىدىكەن، بۇ سەنئەتتىكە قىلىنغان ئاسىيلىق ھېسابلىنىدۇ. قەدىمكى رىم دەۋرى ئوبزورچىسى خوراتىئوس «تەر- بىيەنى لەززەتكە سىڭدۈرۈش كېرەك» دېگەن مەشھۇر نەزەرىيەنى ئوتتۇرىغا قويغىنىدا ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئېستېتىكىلىق قىممىتى- نىڭ مۇھىملىقىنى ئالاھىدە ئېتىبارغا ئالغان. بۈگۈنكى كۈندە ئەدە- بىي ئەسەرنىڭ سۈپىتىنى «ئىجتىمائىي ئۈنۈم» بىلەنلا ئۆلچەشنى مەقسەت قىلغان ھەرقانداق نۇقتىئىنەزەر كىشىگە ئەدەبىيات نەزەرد- يەسى ھەققىدىكى ئىپتىدائىي ساۋاتلارنى ئەسلىتىدۇ. نەزەرىيە سا- ھەسىدە ئەدەبىي ئەسەرنىڭ سۈپىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئېستېتىكىلىق ئۆلچەملەر كونسېرى چوڭقۇرلاپ ۋە نازۇكلىشىپ كېتىۋاتقان شارا- ئىتتا، بىز مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ رېئال ئەھۋالىنى چىقىش قى- لىپ، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتىگە ئىجتىمائىي قىممەت بىلەن ئېستېتىكىلىق قىممەتنىڭ بىردەكلىكى نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك. بۇنىڭدىنمۇ تۆۋەن ئۆلچەملەرنى تە- شەببۇس قىلىش، ئەدەبىياتىمىزنى تېخىمۇ نامراتلاشتۇرۇۋېتىدۇ، خالاس.

ئاپتور ماقالىسىدە يەنە «سۈپەتلىك ئەسەرلەر ھەقىقىي ئىجادىيەت باسقۇچىدىلا مەيدانغا كېلىدۇ» دەپ مۇتلەقلەشتۈرىدۇ. روشەنكى، ھەرقانداق يازغۇچى «مەن ئىجادىيەتتە ھەقىقىي ئىجادىيەت باسقۇ- چىغا كۆتۈرۈلدۈم. ئەمدى سۈپەتلىك ئەسەر يارىتىشىم كېرەك» دەپ يۈرمەيدۇ. ئەكسىچە، ئۇنىڭ سۈپەتلىك ئەسەر ياراتقان ۋاقتى ھەقى- قىي ئىجادىيەت باسقۇچىغا كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يازغۇ- چى بۇ مەسىلىدە سەۋەب بىلەن نەتىجىنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ قويغان.

ئاپتور ماقالىسىدە يەنە «مەن ھازىرغىچە بىرقەدەر ياخشى دېگەن باھاغا ئېرىشكەن ھېكايە، پوۋېست، رومانلىرىمنى ھەرگىزمۇ ئىجا- دىيەت جەريانىنىڭ يۇقىرى باسقۇچىغا يەتكەنلىكىمنىڭ مەھسۇلى دەپ ئېيتالمايمەن. بۇ ئەسەرلەرنىڭ تولىسى ھەۋەس، تەقلىد (ئاڭ-

سىز تەقلىد) باسقۇچىدا پەيدا بولغان ئىجادىيەت قىزغىنلىقىمىنىڭ مەھسۇلى» دەپ ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىگە كەمتەرلىك بىلەن تەنقىدىي مۇئامىلە قىلغان. مېنىڭچە، بۇ تەكەللۇپ يۈزىسىدىنلا ئېيتىپ قويۇلغان سۆز بولۇپ، يازغۇچى ئۆز ئەسەرلىرىنى ھەرگىزمۇ رەھىمسىزلىك بىلەن ئاڭلىق ھالدا ئىنكار قىلمىغان. رەھىمسىزلىك دېگەندە ئۆزىنىڭ سۈپەتسىز دەپ قارىغان ئەسەرلىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ ئىنكار قىلىشقا پېتىنالمىغان. ئاڭلىق دېگەندە شۇ ئەسەرلىرىنىڭ ناچار چىقىپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ ئامىللارنى كۆرسىتىپ بېرەلمىگەن. سۈپەت — رەھىمسىزلىك بىلەن ئاڭلىق يوسۇندا تەكرار - تەكرار ئىنكار قىلىش ئارقىلىقلا مۇكەممەللىشىدىغان نەرسە.

زوردۇن سابىر 80 - يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئالدىنقى قاتاردا سانىلىدىغان بىر قىسىم مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ياراتقان يازغۇچى. لېكىن ئۇ كۆپ ھاللاردا سەنئەت غۇرۇرى ئانچە كۈچلۈك بولمىغان، قىممەت قارىشى تازا دۇرۇس بولمىغان بەزى ئوبزورچىلىرىمىز تەرىپىدىن بىھۇدە ماختىلىپ كەتتى ھەم خاتا تەنقىد قىلىنىپمۇ قالدى. بۇنىڭغا ئەلۋەتتە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە كۆرۈلىدىغان نورمال ئەھۋال قاتارىدا قارىغىلى بولمايدۇ. بىز زوردۇن سابىرنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئىبارەت ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ قارىغىنىمىزدا، ئۇ ھەممىشە كۆز ئالدىدىكى نەرسىلەرنىڭ گۈزەل بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغان ھەم شۇنىڭغا ئىشىنىدىغان يازغۇچى. ئۇ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە چېقىلىش، تۇرمۇشنىڭ يېغىرىنى ئېچىش جەھەتتە مۇئەييەن چوڭقۇرلۇق ھاسىل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن رەھىمسىز رېئاللىق ۋە شەكىل گۈزەللىكى ئۈستىدە ئىزدەندى دېگىلى بولمايدۇ. ئۇ ئازابلىنىش ئېڭى ۋە تۇرمۇشقا ئارىلىشىش ئېڭى خېلىلا ئاجىز يازغۇچى. ئۇ رېئاللىققا پەقەت ئەخلاق نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىدۇ. شۇڭا، ھاياتنىڭ مەڭگۈلۈك پەلسەپىۋى ماھىيىتى، ئىجتى-

مائىي تۇرمۇشىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى يوشۇرۇن رېئاللىق ھەق-
قىدە ئىزدىنىش بەختىگە مۇيەسسەر بولالمىدى. خەلق تەقەززا بو-
لۇۋاتقان جىددىي تېمىلار ئۇنىڭ قەلىمىگە ناھايىتى ئاز نېسىپ بول-
دى. ئۇ مۇتلەق شەيئى، مۇتلەق چۈشەنچىلەرگە گۇمانىي نەزەر تاش-
لىيالمىدى. ئادەملەرنى، تارىخنى، دۇنيانى، تەبىئەتنى ئازابلىق ھا-
لەتتە كۆزىتىشكە قادىر بولالمىدى. بەزى ئەسەرلىرىدە (مەسىلەن،
«دولقۇنلار ساداسى») بۇ خىل ئىزدىنىشنىڭ ئىزناسى بار دېيىلسە-
مۇ، لېكىن ئۇ بەكمۇ ئاددىي ھەم نوقۇل تەقلىدتىن باشقا نەرسە ئە-
مەس. پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلىرى يۈزە ھەم كونا. ئىجتىمائىي پىكىر-
لىرى ئاجىز. ئۇ تارىم ۋادىسىنىڭ ۋە تەكلىماكان دىيارىنىڭ تەبىئىي
مەنزىرىلىرى ۋە تارىخىي كەچۈرمىشلىرىدىكى، ئۇيغۇر دېھقانلىرى-
نىڭ ھاياتىدىكى تىراگېدىيەلىك ئامىللارنى چوڭقۇر كۆزىتىپ ۋە ئا-
نالىز قىلىپ ئۆلگۈرمىگەچكە، ئەسەرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، تارى-
خىي، پەلسەپىۋى ۋە پسىخىكىلىق چوڭقۇرلۇق جەھەتلەردە يۈزە، ئاد-
دىي بولۇپ قېلىشى، زىلزىلە خاراكتېرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلالماس-
لىقى تەبىئىي ئەھۋال. ئۇ تېخى ئوبيېكتىپ رېئاللىق تەرىپىدىن
چۆچۈتۈپ ئويغىتىلغىنى يوق. ئېنىقراق ئېيتقاندا، يازغۇچى تېخى
رېئاللىقنىڭ سىرلىق دەۋىتىگە، سوكۇت ئىچىدىكى ئۆكسۈشلىرىگە
قۇلاق سالالمىدى. بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، رېئاللىقنىڭ
ۋەزنىنى تولۇق ھېس قىلىپ يېتەلمىدى. شۇڭىمۇ، ئەسەرلىرىدە تو-
مۇر - تومۇرلىرىدىكى ئىسسىق قاندىن قايناپ چىققان ساپ ئېتىقا-
دىنىڭ كۆلەڭگىسىنى چېلىقتۇرغىلى بولمايدۇ. مۇشۇنداق مۇقەددەس
ئالدىنقى شەرت ھازىرلانمىغاچقا يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت ئېنېرگى-
يەسىنىڭ مەنبەسى ناھايىتى تېز ئاجىزلاپ خوراپ كەتتى. بۇنى ياز-
غۇچىنىڭ يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئېلان قىلغان ئەسەرلى-
رىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنىڭ بارغانسېرى ئاجىزلاپ كېتىۋاتقان-
لىقىدىن، كىتابخانلىرىنىڭ ئازلاپ كېتىۋاتقانلىقىدىن، پاكىت بىلەن
سۆزلىگەندە «ئىزدىنىش» رومانىنىڭ 2 - قىسمىنىڭ 1 - قىسمىغا

قارىغاندا سۇپەتسىز چىققانلىقى، ھېچقانداق غۇلغۇلا قوزغىيالمىغان-لىقى، مۇنازىرىگە سەۋەب بولالمىغانلىقى، «قەشقەر كوچىلىرى»، «خىرە دېرىزە» ۋە چەت ئەل تېمىسىدا يېزىلغان بىر قاتار ھېكايە، پوۋېستلىرىنىڭ مەزمۇن جەھەتتە قۇرۇقلۇقى، بەدىئىيلىك جەھەتتە ئانچە مۇكەممەل ئەمەسلىكىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

«ئىزدىنىش» رومانىنىڭ 1 - قىسمىنى زوردۇن سابىر ئىجادى-يىتىدىكى ئەڭ يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيە دەپ ئېيتىش مۇمكىن. چۈنكى، روماندىكى پېرسوناژلار خاراكتېرى خېلى چىن ھەم جانـ-لىق، تىلى قويۇق شېئىرىي پۇراقتا ھەم لىرىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىيات ماجىرالىرى مۇرەك-كەپ ھەم كۆپ قىرلىق بولغاچقا، رومان بەدىئىيلىك جەھەتتە ئالا-ھىدە جەلپكارلىققا ھەم سېھرىي كۈچكە ئىگە. لېكىن مەزمۇنىدا كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان تەرەپلەر يوق ئەمەس. ھەممىگە مەلۇم، جۇڭگو تۇپرىقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيا-تىنى كەڭ ھەم چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ھادىسىسى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن كېيىنلا ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىدا قانات يايدى. بۇ بىر تارىخىي رېئاللىق. گەرچە ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ كىلاسسىك ئە-دەبىياتىمىز ھەققىدىكى تەتقىقات پائالىيىتى يولغا قويۇلغان دېگەن-دىمۇ، ئۇ كۆلەم ۋە چوڭقۇرلۇق جەھەتتە ھادىسە بولۇپ شەكىللىنەل-مىگەن. مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇمىز-نى قوزغايدىغان مۇشۇنداق چوڭ ھادىسىنى يازغۇچى «ئىزدىنىش» رومانىدا تارىخىي چىنلىققا خىلاپ ھالدا، ئىككىلەنمەستىن، مەسئۇ-لىيەتسىزلىك بىلەن لەنجۇۋلۇق پىروفېسسورلارنىڭ چۆنتىكىگە سېلىۋەتكەن. بۇنى «مەسئۇلىيەتچان يازغۇچىنىڭ رېئاللىققا تۇتقان ئىلمىي پوزىتسىيەسى» دېگىلى بولامدۇ؟ بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بىز يازغۇچىنىڭ مىللىي جاۋابكارلىق تۇيغۇسىدىن شۇبھىلەنمەي تۇرالمايمىز. قىسقىسى، يازغۇچىنىڭ يېقىندىن بېرى ئېلان قىلغان ئەسەرلىرىدىن بىر چاغلاردا گۈللەپ - ياشنىغان ئىستېداتىنىڭ

سولىشىپ، بەدىئىي تالانتىنىڭ بارغانچە خىرەلىشىپ كېتىۋاتقانلى-
قىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

زوردۇن سابىر ماقالىسىدە يەنە رېئاللىق مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىپ «بۇ ئەسەرنىڭ كىشىلەر كۆڭۈل بۆلىدىغان ئەمەلىي تۇر-مۇشقا ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە يېقىن بولۇشى بولۇپ، سۇژېت ـ قۇ-رۇلما، دېتاللارنىڭ تاللىنىشىنى كۆرسىتىدۇ» دەپ ئېيتقان. بۇ قىسقىغىنە ئىزاھاتىدا ئاپتور ئاز دېگەندە ئۈچ تۈرلۈك خاتاغا يول قويغان. بىرىنچى، «كىشىلەر كۆڭۈل بۆلىدىغان» دەپ تەكىتلىگەن-لىكىدىن ئاپتورنىڭ كىتابخانلارنىڭ رايىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قو-يىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. روشەنكى، بۇ خىل كۆڭۈلچەك-لىك يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ ئەركىنلىكىنى ۋە مۇستەقىل تاللى-شىنى بوغۇپ، تەسىرات ۋە چۈشەنچىسىنى توسقۇنلۇققا ئۇچرىتىدۇ ھەم يازغۇچىنى بېقىندى ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. سۇبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپ ئەركىنلىك خاھىشى كۈچلۈك ھەقىقىي بىر يازغۇچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇ بىر بەختسىزلىك. تاشقى بېسىمنىڭ بويۇن-تۇرۇقى ئىچىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا سۈپەتتىن ئېغىز ئې-چىش ئارتۇقچە ئىش. ئىككىنچى، بۇ خىل چۈشەندۈرۈشتىن يەنە ئاپتورنىڭ كىشىلەر كۆڭۈل بۆلىدىغان ئەمەلىي تۇرمۇشنىلا رېئال-لىق ھېسابلايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ بەكلا بىر تەرەپ-لىمە ھەم چولتا قاراشتۇر. ھەقىقىي يازغۇچى بولغان كىشى ئۆتكۈر بايقاش كۈچى ئارقىلىق ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ دىققىتىگە چېلىق-مايدىغان، ھادىسىۋى قاتلاملاردا ئانچە روشەن ئەكس ئەتمەيدىغان يو-شۇرۇن، نازۇك رېئاللىقنى، خۇنۇك، رەزىل شەيئى ۋە ھادىسىلەر ئىچىگە كۆمۈلۈپ قالغان يارقىن گۈزەللىكنى، گۈزەل ۋە تىنچ مۇ-ھىتتىكى خەۋپلىك ۋە ئىراگېدىيەلىك ئامىللارنى قېزىپ چىقىش ئارقىلىق مەنىۋى جەھەتتە تەييارلىقسىز تۇرغان كىتابخانلارنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ نەزىرىنى شۇ خىل رېئاللىققا بۇرىيالىشى،

ئۇلارغا يېپيېڭى بىر رېئاللىقنى ھېس قىلدۇرالىشى كېرەك. مانا مۇشۇنداق كىشىلەر كۆڭۈل بۆلۈشكە ئۈلگۈرەلمىگەن رېئاللىقمۇ ھەقىقىي رېئاللىق ھېسابلىنىدۇ. ئۈچىنچى، يازغۇچى سۇژېت ـ قۇرۇلما، دېتاللارنى رېئاللىق ئۇقۇمى بىلەن تەڭداش مەنىدە چۈشەنگەن. سۇژېت ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكى ۋە قۇرۇلمىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، «رېئاللىق» ئۇقۇمى بىلەن تەڭداش مەنىگە ئىگە ئەمەس.

يازغۇچى مەزكۇر ماقالىسىدە يەنە، رېئاللىق مەسىلىسى ئۈستىدە مىسال ۋە نەقىللەر ئارقىلىق چۈشەنچىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزاھلاپ «تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش» شوئارىنى ۋاستىلىك تەكىتلەيدۇ. بۇ ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان كونا شوئار. بۇ شوئارنىڭ مۇكەممەل ياكى مۇكەممەل ئەمەسلىكى توغرىسىدا گۇمانىي پوزىتسىيەدە تۇرۇپ ئويلىنىپ بېقىشتىن بۇرۇن، يازغۇچىدىن ئۆزى ياشاۋاتقان ۋە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان تۇرمۇشنىڭ زادى تۇرمۇش ھېسابلىنىدىغان ياكى ھېسابلانمايدىغانلىقىنى سوراپ باققۇم كېلىدۇ. يازغۇچى، شائىرلار ئادەتتە تۇرمۇشنىڭ سىرتىدا تۇرىدىغان مۇئەللەقتىكى نەرسىمۇ؟ تۇرمۇش ئىنتايىن باي ۋە كەڭ مەزمۇنغا ئىگە ئۇقۇم، ئۇ ئۆز ئىچىگە ئىجتىمائىي تۇرمۇش، شەخسىي تۇرمۇش، ماددىي تۇرمۇش، مەنىۋى تۇرمۇش ۋە ھېسسىيات تۇرمۇشى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئالىدۇ. كېسىپ ئېيتقاندا، ئىنسان بارلىكى جاينىڭ ھەممىسىدە تۇرمۇش بار. تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدىكى يېزىلارغا بېرىپ بىر ـ ئىككى ئاي تۇرۇپ، بىرنەچچە تېما ۋە ۋەقەلىكنى كۆتۈرۈپ كېلىش تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆككەنلىك ھېسابلانمايدۇ. بۇنداق دېگىنىم يازغۇچى، شائىر بولغان كىشىنىڭ تۇرمۇش ھەققىدىكى بىلىم جۇغلانمىسىنى توپلىشىنىڭ ھاجىتى يوق دېگەنلىك ئەمەس. ئەلۋەتتە، يازغۇچى بولغان كىشىنىڭ ئۆزىگە ناتونۇش بولغان تۇرمۇش بىلەن ئۇچرىشىپ چوڭقۇر ئىجتىمائىي ۋە ئېستېتىكىلىق تەسىرلىنىشلەرگە مۇيەسسەر بولۇپ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشى،

شۇبھىسىز چوڭ بىلىم. بىز «تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش» شوئارىنى تەكىتلىگەن چېغىمىزدا ئۇنىڭ يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ خاھىشى-نى، ھايات ھەققىدىكى مۇستەقىل قارىشىنى چەكلىمىگە ئۇچرىتىد-ىغان شەرتلىك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى نەزەردىن سا-قىت قىلماسلىقىمىز كېرەك. شۇڭا ئالدى بىلەن تۇرمۇشقا قانداق چۆكۈش مەسىلىسىنى ئويلىشىش كېرەك. ھەربىر يازغۇچىنىڭ ئۆز دۇنياسىنى يارىتىشتا ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزى رىئايە قىلىدىغان شەي-ئىلەرنى كۆزىتىش ئۆلچىمى بولىدۇ.

يازغۇچى زوردۇن سابىر دېھقانلار تۇرمۇشىنى ئۆگىنىشكە ھەم شۇ تېمىدا ئەسەر يېزىشقا ئامراق يازغۇچى. لېكىن، ئۇ ساپ ئېتىقاد ۋە يۈكسەك مۇددىئادىن ئىبارەت ئىنتايىن مۇھىم بولغان روھىي تەييارلىقنى ھازىرلاپ بولمىغاچقا ئىسلاھات دەۋرىدىكى ناھايىتى ئاز سانىنى ئىگىلەيدىغان بېيىغان دېھقانلارنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى، ئې-ڭىنى، ھېسسىياتىنى يېزىش بىلەنلا قانائەت ھاسىل قىلدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ دەۋرنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ تەشۋىقاتقا ياندىشىپ «ماس قەدەم نەزەرىيەسى» بويىچە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. ئاپتورنىڭ بۇ خىلدىكى ئەسەرلىرىنىڭ بىر ئورتاق ئالاھىدىلىكى — چىنلىق پۇرىقى ئاجىز ھەم پېرسوناژلىرى جان-سىز. شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە يە-نە «ئۇنتۇمايمەن، گۈلسارە»، «ئېھ، توپىلىق يول» غا ئوخشاش گۈ-زەلدەپ توپا ھىدى پۇراپ تۇرىدىغان ئەسەرلەرمۇ يوق ئەمەس. لې-كىن، يازغۇچى تارىم دەرياسىنىڭ بويىدا ئۇنىسىز ياش تۆكۈۋاتقان نامرات دېھقانىنىڭ يىغىسىنى، ئۆمۈر بويى موھتاجلىقتا ئۆتكەن با-لىجانلىق دېھقانىنىڭ چۆچۈرىدەك بەش بالىسىنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، ئايالى بىلەن كۇلۇڭ ئالدىدا ئۆچۈپ قالاي دەپ قالغان چوغنى چۇخ-چىلاپ ئولتۇرۇپ، ئەتىيازنىڭ غېمىنى يەپ پىچىرلاپ قىلىشقان ئىنچىكە ھېساباتىنى ئاڭلىيالمىدى. ئەۋلادتىن — ئەۋلادقا ئوتتۇن توشۇپ جان ساقلاۋاتقان بەختسىز ئوتۇنچىنىڭ قورۇپ، يېرىلىپ

كەتكەن تاپىنىنى كۆرەلمىدى. قىسقىسى، ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ پەردازلانمىغان، ھەقىقىي قىياپىتىنى كۆرۈش بەختىگە مۇيەسسەر بولالمىدى.

ئاپتور رېئاللىققا مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدە ھىيوگونىڭ بالزاك ھەققىدىكى باھاسىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. زوردۇن سابىرنىڭ ئىلگىرى يازغان بىرقانچە ماقالىسىگە ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە دىققەت قىلساق، ئۇنىڭ «بالزاك يولى» غا چوقۇنىدىغانلىقىنى، بالزاكقا نىسبەتەن ئالاھىدە ئىخلاسى بارلىقىنى، بالزاكنىڭ رېئالىزملىق ئەسەرلىرىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆزىنىڭ يەتمەكچى بولغان نىشانى قىلىپ تاللىۋالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەزكۇر ماقالىدىمۇ بۇ خىل ھېسسىيات روشەن ئىپادىلەنگەن. ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، مۇستەھكەم ئېتىقادقا ۋە مۇكەممەل دۇنيا قاراشقا ئىگە بىر يازغۇچى ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ۋە ئۆزى بىلەن زاماندىش ھەرقانداق بىر مەشھۇر يازغۇچىغا تەنقىدىي نەزەر تاشلىشى كېرەك. ھىيوگونىڭ بالزاك ئەسەرلىرى ھەققىدىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈشلىرىنى كۆرۈش بىلەن بىللە، بودلېرنىڭ بالزاك ئەسەرلىرى توغرىسىدىكى ئىنكار قىلىشلىرىنى تەڭ كۆرۈش كېرەك. 19 ــ ئەسىردە ئۆتكەن، بالزاك بىلەن زاماندىش، فىرانسىيەلىك مەشھۇر شائىر ۋە تەنقىدچى بودلېر بالزاك ئەسەرلىرى ئۈستىدە توختىلىپ: «ئۇنىڭ ‹ئىنسان كومېدىيەسى› دىكى پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسىلا ئاكتىيور. يۇقىرى قاتلامدىكى ئاقسۆڭەكلەردىن تارتىپ، تۆۋەن قاتلامدىكى ئاددىي خەلققىچە ھەممىسىلا تۇرمۇشتا ئىنتايىن قەيسەر، كۈرەش مەيدانىدا ئىنتايىن ئاكتىپ ۋە ياكى ئىنتايىن ھىيلىگەر، قىيىنچىلىق ئالدىدا ئىنتايىن چىداملىق، باياشاتلىق ئىچىدە ئىنتايىن سەۋرچان، نامراتلىق ئىچىدە ئىنتايىن ئاچ كۆز، قۇربان بېرىش پەيتىدە ئىنتايىن ئۇزۇل ــ كېسىل. ئومۇمەن، بالزاك ئەسەرلىرىدىكى ھەربىر شەخس، ھەتتا ئىشىك باقارمۇ بىر تالانت ئىگىسى»، «سىمۇۋللۇق ئەھمىيەتكە، ئەپسانىۋى مەنىگە ئىگە» بۇ پېرسوناژلار

«مۇئەييەن ئىرادىنىڭ قورالى» دەپ تەنقىد قىلغان. بودلېرنىڭ تەنقىدىي قاراشلىرىدىن بىز ئۇنىڭ بالزاكنىڭ ھەر خىل ئادەملەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى سۈزۈۋېلىپ ئەكېلىپ تىپ يارىتىش ئۇسۇلىنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن چۈشىنەلمىگەنلىكىنى، ئادەتتىكى رېئال تۇرمۇشتىن ھالقىپ كەتكەن دەپ قارايدىغانلىقىنى، ئەدەبىياتتا ئادەمنى مەقسەت ۋە مەركەز دەپ قارىماي «قورال» ئورنىدا مۇئامىلە قىلغان دەپ تونۇيدىغانلىقىنى كۆرۈۋالىمىز. لېكىن مەيداندا تۇرۇپ ئېيتىمىزكى، بولساق بودلېرنىڭ تەنقىدىدە ھەقىقەت يوق ئەمەس.

بالزاك 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى فىرانسىيە رېئالىزم ئەدەبىياتىدا ئەڭ يۇقىرى چوققا ھېسابلىنىدۇ. رېئالىزم ئەدەبىياتى تارىخى ئۈستىدە گەپ بولغاندا ھەرقانداق كىشى بالزاكقا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ زور بىلىش قىممىتىگە ئىگە ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئەينى دەۋردىكى «فىرانسىيە جەمئىيىتىنىڭ قامۇسى» دەپ تەرىپلەنگەن. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقىغا قىل سىغمايدۇ. لېكىن زامانىۋى ئەدەبىياتنىڭ قىممەت ئۆلچىمى بىلەن قارىغاندا، بالزاك ئەسەرلىرىدىكى پسىخىكىلىق ئىزدىنىشلەرنى چوڭقۇر، ئىچكى خاھىشلىشىشىنى كۈچلۈك دېگىلى بولمايدۇ، پەقەت تۇرمۇشتىكى ئوبيېكتىپ ۋەقەلەرنى تەسۋىرلەش رېئالىزمدۇر دەيدىغان تومتاق قاراش، بۇگۈنكى كۆپ قاتلاملىق، كۆپ خىل پەلسەپىۋى، ئېستېتىكىلىق قۇرۇلمىلارغا ئىگە ئەدەبىيات ئېقىملىرىنىڭ ھاياتىي كۈچى ئالدىدا بەكمۇ ئاجىز كۆرۈنىدۇ.

ھىيوگو بالزاكنى «يامان ئادەتلەرنى قېزىپ چىقىپ، قىزغىن ئوپېراتسىيە قىلىدىغان» مۇتەخەسسىس دەپ ئېيتقان. بۈگۈنكى ئېستېتىكىلىق يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ قارايدىغان بولساق، بۇ بالزاكقا بېرىلگەن ئەڭ يۇقىرى باھا. بالزاك ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن يازغۇچىلارنى «ئۇلار بىزگە ئۆرپ ـ ئادەت تارىخىنى يېزىپ بېرىشنى ئۇنتۇپ قالغان» دەپ تەنقىد قىلغان ھەم ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت مەق-

سىتى ھەققىدە توختىلىپ «مەن بەلكىم تارىخچىلار ئۇنتۇپ قالغان تارىخنى، يەنى ئۆرپ ـ ئادەت تارىخنى يېزىپ چىقىشىم مۇمكىن» دەپ ئېيتقان. مانا بۇ، بالزاكنىڭ سەنئەت قارىشى ۋە ئىجتىمائىي غايىسى. بالزاك ئەسەرلىرىنىڭ ئەدەبىيات تارىخى مۇزېيىدىن چىقال-مايۋاتقانلىقىدىكى، سېھرىي كۈچىدىن قالغانلىقىدىكى سەۋەب مۇشۇ يەردە بولسا كېرەك. چۈنكى، ئەدەبىيات ئەدەپ ـ ئەخلاق رىسالىسى ياكى ئۆرپ ـ ئادەت تەزكىرىسى بولۇپ قالماسلىقى، بەلكى ئالدى بىلەن بىر مىللەتنىڭ ياكى مۇئەييەن بىر دەۋر كىشىلىرىنىڭ رو-ھىيەت تارىخى بولۇشى كېرەك. جامېس جويس، گارسىيا ماركوز، چىڭغىز ئايتماتوف ئەسەرلىرىنىڭ ئىجتىمائىيلىق ۋە ئېستېتىكى-لىق جەھەتتىكى ئالەمشۇمۇل مۇۋەپپەقىيىتى ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ «تۇرمۇشنى ئەتراپلىق تەسۋىرلىگەن» لىكىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۆز خەلقىنىڭ، ئۆز مىللىتىنىڭ مەنىۋى تارىخىنى ئۆزگىلا مەنسۇپ بولغان يېپيېڭى ئېستېتىكىلىق خاسلىق ئارقىلىق سېھرىلىك بە-دىئىي مۇھىت ئىچىگە قويۇپ ئىپادىلەپ بەرگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدىكى كى-تابخان يازغۇچىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى خەلقنىڭ تارىخى ۋە رېئال تەقدىرىگە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلماي، يازغۇچى بىلەن تەڭ ئازابلانماي تۇرالمايدۇ. چۈنكى، بۇ يازغۇچىلار ئانا خەلقىنىڭ قەل-بىنى، ئۆتمۈشىنى، بۈگۈنىنى ۋە كەلگۈسىنى دەۋردىن ھالقىغان يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ قەلبى، ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ۋە كەلگۈسى بىلەن بىردەك قىلىپ يۇغۇرۇۋەتكەن. قىس-قىسى، ھەرقانداق مەبۇد مۇكەممەل ئەمەس. بۇ ئىنتايىن ئاددىي ھەقىقەت. شۇڭا «بالزاك يولى» مۇ بىردىنبىر مۇقەددەس يول ئە-مەس. ئەگەر بۇنداق قارالمايدىكەن، بۇ شۇ كىشىنىڭ قىممەت قا-رىشىدىكى ئاجىزلىق ھېسابلىنىدۇ.

زوردۇن سابىر سۆپەت قارىشىنىڭ ئىككىنچىسىدە «چوڭقۇرلاش-تۇرۇش» مەسىلىسىنى تىلغا ئالغان. يازغۇچى «چوڭقۇرلاشتۇرۇش

ئىنسان روھىدىكى نازۇك تەرەپلەرنى قېزىپ چىقىش دېگەنلىك» دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئەدەبىي ئەسەردىكى «چوڭقۇرلۇق» ئۇقۇمىنىڭ مەز-مۇنى ھەرگىزمۇ پسىخىكىلىق چوڭقۇرلۇق بىلەنلا چەكلىنىپ قال-مايدۇ. بەلكى، ئۇ ئۆز ئىچىگە يەنە تارىخىي چوڭقۇرلۇق، ئىجتىمائىي چوڭقۇرلۇق، پەلسەپىۋى چوڭقۇرلۇق قاتارلىق مەسىلىلەرنىمۇ ئال-دۇ. ئەگەر بىز زوردۇن سابىرنى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە پسىخىك-لىق چوڭقۇرلۇققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان، پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ مۇرەككەپلىككە ئىگە بولۇشى ئۈستىدە ئىزدەنگەن، سىناق قىلغان دەپ قاراپ، پسىخىكىلىق چوڭقۇرلۇق ئۈستىدە ئىز-دىنىش ئۇنىڭ ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ باق-ساقمۇ، لېكىن ئەمەلىي پاكىت بىزنى ئۇمىدسىزلەندۈرۈپ قويىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت يۆنىلىشىنى ئەدەبىيات نەزەرىيەسىدى-كى كونا ئەندىزىلەر ئاساسىغا قۇرغان، بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك ھېچقانداق يېڭىلاش ئېلىپ بارمى-غان، سەنئەت قارىشىدا، ئەخلاق قارىشىدا ھېچقانداق مۇرەككەپ يۈز-لىنىش ھاسىل قىلالمىغان يازغۇچىنى يېڭىلىك بىلەن ئۇسلۇب ياراتتى، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. بىز يازغۇچىنىڭ ئە-سەرلىرىنىڭ مۇئەييەن ئۇسلۇبقا ئىگە ياكى ئەمەسلىكى ئۈس-تىدە دەتالاش قىلىشتىن بۇرۇن، زوردۇن سابىر ئەسەرلىرى تەتقى-قاتقا بەرداشلىق بېرەلەمدۇ ـ يوق؟ دېگەن مەسىلىنىمۇ ئويلاپ كۆ-رۈشىمىز كېرەك.

يازغۇچى زوردۇن سابىر مېنىڭچە پىروزىچىلىقتا ئىجابىي ئۇس-لۇب يارىتىشتىن بۇرۇن «سەلبىي ئۇسلۇبى» بىلەن كىتابخانلارنى بەزدۈرۈپ بولدى. بۇ ئىككى جەھەتتە روشەن كۆرۈلىدۇ. بىرىنچى، يازغۇچى بەزى ئەسەرلىرىدە دۇنيا ۋە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى-دىكى يازغۇچى، شائىرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى پېرسوناژلىرى-نىڭ ۋاسىتىسى ئارقىلىق زېرىكمەي ئاتاپ ئۆتۈشنى ئىجادىيىتىدى-كى بىر ئادەت قىلىۋالغان. مەسىلەن، «ئىزدىنىش»، «قەشقەر كوچى-

لىرى»، «قېنى ئۇ باغلار» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە بۇ ئەھۋال بەك روشەن كۆرۈلىدۇ. ئىككىنچى، بېيىغان دېھقانلار تېمىسىدا ۋە سودىگەرلەر ھەققىدە يېزىلغان كۆپ سانلىق ئەسەرلىرىدە يازغۇچى بوغالتىرلارنىڭ خاتىرىسىگە مەنسۇپ بولغان سان ـ سېپىرلارنى قومدەك ياغدۇرۇۋېتىدۇ. مەسىلەن، «بوش كەلمە، تورپانلىق»، «چايخورلار»، «ئۇنتۇمايمەن، گۇلسارە»، «قومغا سىڭگەن، ھاۋاغا كەتكەن»، «سەھەردە كۆرگەن چۈش»، «باھار ھامان ئىللىق»، «كاككۇك كېلىپ قونغاندا»، «تەكلىماكان گىرۋىكىدە»، «تۆمۈر تاپان»، «ئايدىڭ كېچە»، «ئامەت»، «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ»، «ئېھ، توپىلىق يول» قاتارلىق ھېكايە، پوۋېستلىرىدا بۇ ئەھۋال ئىنتايىن گەۋدىلىك كۆرۈلىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئاپتور سان ـ سېپىرلارنى قانچىكى ئەستايىدىل ھېسابلاپ، ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق سانىغان بولسا، ئەكسىچە شۇ ئەسەرنىڭ ئۆمرى شۇنچە قىسقا بولغان. مۇقەررەر يوسۇندا مۇشۇنداق ئاقىۋەت پەيدا قىلىدىغان بۇ بىنورمال ھادىسە كىتابخانلارنى زېرىكتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن يازغۇچىنى سەگىتمىگەن. بەلكىم يازغۇچى «ئىسلاھات دولقۇنىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئويغىنىپ بېيىغان دېھقانلىرىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى يازدىم، بۇ ھەقىقىي رېئاللىق» دەپ قارىغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، يازغۇچى بۇ ئەسەرلىرىدە ئوبيېكتىپ رېئاللىققا ئېستېتىكىلىق نۇقتىدىن مۇئامىلە قىلالمىغاچقا، ئىجادىيەت جەريانىدا تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى بەدىئىي زوق كاتېگورىيەسىدە ئەمەس، بەلكى ئۇقۇمۋازلىق، فورمۇلاشتۇرۇش ئاساسىدا بىر تەرەپ قىلىش بىلەنلا چەكلەنگەن. ۋەقەلەرنىڭ ئاددىي جەريانىنى، پېرسوناژلارنىڭ تاشقى پائالىيىتىنى، ھادىسىلەرنىڭ كۆرۈنۈشىنى، تاسادىپىي ھالىتىنى نوقۇل تەسۋىرلەشنىڭ بەدىئىي جەھەتتە ھېچقانداق قىممىتى بولمايدۇ. يازغۇچىنىڭ مۇشۇ خىلدىكى ئەسەرلىرىنى (ئىنتايىن ئاز بىر قىسمىنى ھېسابقا ئالمىغاندا) ئەدەبىي ئەسەر دەپ ئاتاشقا شەرتى توشمايدىغان ياكى توشمايدىغانلىقىنى ئويلىنىپ بېقىش كېرەك. چۈنكى، ئېستېتىكىلىق قىم-

مەتكە ئىگە بولمىغان ئەسەر ھەقىقىي بەدىئىي ئەسەر ھېسابلانمايدۇ. ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدە ئالاھىدە كۆچەپ، زېھنىنى سەرپ قىلىپ يەتمەكچى بولغان مەقسىتى كىتابخانلارغا پاكىتنى بايان قىلىپ بېرىشلا بولۇپ قالغان. ۋاھالەنكى، پاكىت ــ ھېكايىچىلىقنىڭ ئەڭ تۆۋەن فورماتسىيەسى ھېسابلىنىدۇ. بىز يازغۇچىنىڭ بۇ خىلدىكى بىر قىسىم ئەسەرلىرىنىڭ كىتابخاننى مۇئەييەن ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە يېرىم ھەقىقىي نەرسىلەر بىلەن تەمىن ئېتىدىغانلىقىغا ۋە يۈزە بولسىمۇ بەدىئىي زوققا ئىگە قىلىدىغانلىقىغا كۆز يۇممايمىز. بەزى جايلاردا تېخى «پاھ» دېگۈزۈپمۇ قويىدۇ.

زوردۇن سابىر مەزكۇر ماقالىسىدە يەنە ئۆزىنىڭ سۆپەت ئۆلچىمىدىكى ئۈچىنچى مەسىلە ــ ھېكايىچىلىق ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكىنى كۆرسىتىدۇ، نەسرىي ئەسەر ۋەقەلىكتىن ئايرىلالمايدۇ؛ ۋەقەلىك ئاپتورنىڭ توقۇپ چىقىشى ۋە تۈرمۈشنى قوبۇل قىلىشىدىن ئىبارەت ئىككى خىل يول بىلەن كېلىپ چىقىدۇ.»

ئاپتورنىڭ شۇنچە ئاددىي ساۋاتلارنى ئېزىپ چۈشەندۈرۈپ كەتكىنىگە ھەيرانمەن. ئاپتورنىڭ بۇنچىۋالا كۆڭۈل بۆلۈپ ئوتتۇرىغا قويغان سۆپەت ئۆلچىمىنى زادى ئەدەبىي ئەسەرنىڭ سۆپىتىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم قاتارىدا قاراشقا ئەرزىمدۇ ـ يوق؟ مېنىڭچە، ئەدەبىي ئەسەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ۋەقەلىك مەقسەت ئەمەس، بەلكى ۋاستە بولۇشى كېرەك. شۇڭا ھەقىقىي يازغۇچى بولۇش ئىستىكىگە ئىگە كىشى نوقۇل ۋەقە قوغلىشىدىغان ئادەتنى ئۆزگەرتىشى، ۋەقەلىكنىڭ قىزىقارلىق بولۇشىغا زېھنىنى سەرپ قىلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئەھمىيىتى، بەدىئىي قىممىتى، ئوبيېكتىپ ياكى سۇبيېكتىپ چىنلىققا ئۇيغۇن بولغان ـ بولمىغانلىقى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشى كېرەك. ۋەقەلىكنىڭ توقۇلغان ياكى تۇرمۇشتىن ئېلىنغان بولۇش ـ بولماسلىقى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ ھەم ھېچنېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. ۋەقەلىكنىڭ قىزىقارلىق، يېڭى بولۇش ــ

بولماسلىقى كىتابخانىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايدىغان مۇھىم تەرەپ، لېكىن قىزىقىش ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي ئىقتىدارلىرىدىن بىرى. زېرىكىشتىن ئەسنەپ كېتىدىغان، ئەسەرگە «شۇنىڭدىن كېيىنچۇ ... شۇنىڭدىن كېيىنچۇ» دەپلا كىرىشىپ قالىدىغان ئادەتتىكى كىتابخانلار ئۈچۈن ئۇ ھەممىدىن مۇھىم بولۇشى مۇمكىن. ئەپسۇسكى، ئادەتتىكى قىزىقىش ھەرگىزمۇ ئېستېتىكىلىق ھوزۇر ئېلىشقا باراۋەر ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋەقەلىك — ئەدەبىياتنىڭ شەكىل ئامىللىرى ئىچىدىكى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك شەكىل. شۇڭا يازغۇچى ئالاھىدە تىلغا ئالغان «ھېكايىچىلىق» نى سۈپەت ئۆلچىمى قىلىشقا ھەرگىز شەرتى توشمايدۇ.

زوردۇن سابىر ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ سۈپەت ئۆلچىمى ھەققىدىكى بەشىنچى مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ «مەن تىلغا ئالاھىدە كۈچ چىقىرىمەن، تىلنىڭ جانلىق، راۋان، ساپ ۋە يېقىن بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىمەن» دەپ ئېيتقان. مېنىڭچە، بۇ ئەدەبىيات سېپىگە ئەمدىلەتىن كىرىپ كەلگەن، قەلىمىنى كۆندۈرۈپ، مەشىق قىلىۋاتقان ئاپتورچاقلارنىڭ ئۆزىگە قويىدىغان تەلىپى. سۈپەتكە قاراپ يۈرۈش قىلغان يازغۇچى «تىلىنىڭ جانلىق، راۋان، ساپ ۋە يېقىن» بولۇشىنى ئاللىبۇرۇن ئۆزىنىڭ تەبىئىي ئادىتىگە ئايلاندۇرۇپ بولغان بولىدۇ. مېنىڭچە، سۈپەت يارىتىشقا يۈزلەنگەن يازغۇچى تىلىنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، لىرىكىلىق خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ ھېسسىي گۈزەللىك يارىتىش، ئىپادىلەش ئۇنۇمىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق تەرەپلەر ئۈستىدە ئىزدەنگەن بولۇشى، خاسلىق ياراتقان بولۇشى كېرەك.

قىسقىسى، زوردۇن سابىرنىڭ سۈپەت قارىشىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇ ئۆلچەملەر زامانىۋى ئەدەبىياتنىڭ قىممەت ئۆلچىمىدىن بەك يىراق بولۇپ، ئاممىباب ئەدەبىياتنىڭ سۈپىتىنى ئۆلچەش شەرتىگە ئاران يېقىنلىشىدۇ. بۇ ئۆلچەملەر ئارقىلىق سۈپىتى يۇقىرى ھەقىقىي ئەدەبىي ئەسەر يېزىپ چىقىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

«ھەربىر كىتابخانىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى چۈشىنىشى ۋە ئۇ-نىڭدىن زوقلىنىشى تامامەن بىر دەك بولمايدۇ» دېگەن ھەقىقەت كەڭ ئومۇملىشىۋاتقان شارائىتتا، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ نامرات ھالىتىنى ئۆزگەرتىشكە ئىمكانىيەت تۇغۇلۇۋاتىدۇ. بىز دەك كىتاب-خانلارنىڭمۇ ئۆزىمىزگە تۇشلۇق مەسئۇلىيىتى ۋە قىممىتى بارلى-قىنى ھېس قىلىۋاتىمىز. بىز ئوتتۇرىغا قويغان قاراش ۋە بىز چىـ-قارغان باھالار سۈپەت يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان يازغۇچىلار ئۈچۈن ئېھتىياجلىق نەرسىگە ئايلىنىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. چۈن-كى، كىتابلارنى ئۆز قىزىقىشى بويىچە ئوقۇيدىغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ پىكرىنى نەزەرگە ئېلىش، ئۇنىڭغا قولاق سېلىپ قويۇشنىڭ يازغۇ-چىلارنىڭ كېيىنكى ئىجادىيىتىگە ياردىمى بولمايدۇ دېگىلى بولماي-دۇ. ئوقۇرمەنلەر ۋە يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنىڭ ماسلىشىپ، ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىزنىڭ مەزمۇ-نى ۋە شەكلى كونسېرى جۇشقۇنلۇق ۋە كۆپ خىللىقتا يۈزلىنىدۇ دەپ تونۇساقلا، ئۆز قاراشلىرىمىزنى ئۇچراشتۇرۇپ، مۇنازىرىلىشىپ بېقىشنىڭ زىيىنى يوق.

1992 - يىلى فېۋرال

# «ئانا يۇرت» تىن تەسىرات

قولۇمدا «تىنچ دون» دەك ئۇلۇغ ئەسەر «ئانا يۇرت» تۇرۇپتۇ. تەسەۋۋۇرۇمدا دون دەرياسى بىلەن ئىلى دەرياسى تەڭ شاۋقۇنلاپ ئاقماقتا. كازاك دېھقانلىرى بىلەن تارانچى دېھقانلىرى تەڭ ئات چاپتۇرۇشماقتا. مۇختارباي بىلەن ئاكسىنىيە خۇپيانە كۆز قىسىشماقتا. نۇرى بىلەن گىرىگورىي جەڭ مەيدانلىرى ئىچىدىن ھەقىقانىيەت ئىزدىمەكتە. مىخائىل شولوخوف بىلەن زوردۇن سابىر مەردانىلارچە قول ئېلىشماقتا ...

مېنىڭ بۇ تەسەۋۋۇرۇم يەڭگىلتەك ھاياجانىمنىڭ كۆچىدىن قاناتلانغان تەسەۋۋۇر ئەمەس، بەلكى «ئانا يۇرت» رومانىنى ئوقۇش جەريانىدا كۆرۈلگەن سان ـ ساناقسىز ھەيرانلىقلار، چوڭقۇر ئۇھسىنىشلار، تۈگىمەس ئويلىنىشلار، ئۇنتۇلماس زوقلىنىشلارنىڭ كۈچىدىن ئۇرغۇغان، ھەقىقىي قايىللىقتىن شەكىللەنگەن تەسەۋۋۇر.

مەن 1985 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈر نەشرىياتى يېڭىدىن نەشر قىلغان «تىنچ دون» رومانىنىڭ 1 ـ تومىدىكى «پەلەمپەينىڭ تاختايلىرى ئاۋۋالقىدەكلا غىچىرلاپ كەتتى، بۇ تونۇش ئاۋازدىن گىرىگورىينىڭ يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى» دېگەن ئىككى قۇر تەسۋىرنى ئوقۇپ، يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ماھارىتىنىڭ نەقەدەر ئىنچىكە ئىكەنلىكىگە، شۇ قەدەر نازۇك ھېسسىياتنى بايقاپ ئالالىغانلىقىغا ھەيران بولغانىدىم.

بۇ ئىككى قۇر تەسۋىر روماننىڭ باش پېرسوناژى گىرىگورىينىڭ ئەسكەرلىككە كېتىپ، ئۇرۇش ئوتلىرى ئىچىدىن ئامان قېلىپ، بىر نەچچە يىل ئۆتكەندە ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ياغاچ قۇرۇلمىلىق، كۆتۈرمە كازاك ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا دادىسى، ئانىسى، ئايالى

بىلەن كۆرۈشكەن چاغدا تەسۋىرلەنگەن. دەل مۇشۇ چاغدا ياشانغان ئانا ئوغلىنى قاراپ قۇچاق ئاچقىنىچە قىز بالىدەك چەبدەسلىك بىلەن پەلەمپەيدىن يۈگۈرۈپ چۈشىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا «پەلەمپەينىڭ تاختايلىرى ئاۋۋالقىدەكلا غىچىرلاپ كېتىدۇ». ئۆيىدىن ئايرىلغىنىغا كۆپ يىللار بولغان گىرىگورىينىڭ يۈرىكى «بۇ تونۇش ئاۋازدىن جىغىلداپ كېتىدۇ». بۇ نەقەدەر نازۇك ھېسسىيات، نەقەدەر نازۇك تەسۋىر ـ ھە؟

دۇنياۋى كىلاسسىك رومان «تىنچ دون» نىڭ شۆھرىتى بىكاردىن چىقمىغانىكەن. شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ ئىككى قۇر نازۇك تەسۋىر قەلبىمگە چوڭقۇر ئورناپ كەتكەن. تا ھازىرغىچە كۆپلىگەن ھېكايە ـ رومانلارنى ئوقۇغان بولساممۇ، مۇشۇ ئىككى قۇر تەسۋىرنى بېسىپ چۈشكۈدەك نازۇك تەسۋىرنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم. بۇ ئىككى قۇر تەسۋىر قەلبىمدە تەڭدىشى يوق يېگانە ئۆلگە بولۇپ ساقلىنىپ كەلمەكتىدى. «پەلەمپەينىڭ تاختايلىرى ئاۋۋالقىدەكلا غىچىرلاپ كەتتى» دېگەن تەسۋىردىكى «ئاۋۋالقىدەكلا» دېگەن سۆزنى ئېلىۋەتكەندە بۇ جۈملە خۇددى يۈگەنسىزلەنگەن خورازدەك يالىڭاچ، سىدام تەسۋىرگە ئايلىنىپ قالاتتى. پۈتكۈل تەسۋىرگە ئۆزگىچە جەلپكارلىق بېغىشلاپ تۇرغان سۆز پەقەت دەل جايىغا چۈشكەن «ئاۋۋالقىدەكلا» دېگەن سۆز ئىدى.

يازغۇچى زوردۇن سابىرمۇ «ئانا يۇرت» ناملىق تارىخىي تىرىلوگىيەسىنىڭ 111 ـ بېتىدە دەل مۇشۇنداق كىشى تېنىنى ھاياجانغا سېلىپ جۇغۇلدىتىۋېتىدىغان بىر نازۇك تەسۋىرنى تولىمۇ ماھىرلىق بىلەن يازغان.

روماندا قاش دەرياسىنىڭ بويىدىكى بىر قەدىمىي سەھرادا چوڭ بولغان باش پېرسوناژ نۇرى غۇلجا شەھىرىگە ئوقۇشقا كېتىدۇ. ئانىسى رەيھان تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىدۇ (ئەلۋەتتە، روماندا رەيھاننىڭ ئۆلۈمى ناھايىتى تەبىئىي رەۋىشتە يۈز بەرگەن بولۇپ، ئوقۇغۇچىغا تاسادىپىيلىق تۇيغۇسى بەرمەيدۇ). نۇرىنىڭ دادىسى زىياۋۇدۇن مەلۇم

سەۋەب بىلەن تۇرمىگە قامىلىدۇ. نەتىجىدە، بىر كۆكۈللۈك ئائىلە ۋەيران بولۇپ، نۇرنىنىڭ ئۆكىلىرى دەرا، بەرا، ھەمرالار ئىگە ـ چاقىسىز بولۇپ قالىدۇ. شەھەردە ئوقۇۋاتقان نۇرى بۇ ئىشلار يۈز بېرىپ بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئۆكىلىرىنى يوقلاپ تۇنجى قېتىم ئۆيىگە كېلىدۇ.

«نۇرى ئاشخانىغا كىردى. كاڭدا ئۈچ ئىنىسى ئۇخلاۋاتاتتى. دەرا كىچىك ئىنىسىنى بىرى بولاپ كېتىدىغاندەك چىڭ قۇچاقلىۋالغان. ئۇلارنىڭ ئۈستىدە تونۇش چىت يوتقان ... نۇرى ئاۋۋال بەرانىڭ ئاپىسىغا تارتقان چىرايلىق بۇرنىنى ئاستا چىمدىدى.»

قاراڭ، بۇ نېمىدېگەن ئىنچىكە، نېمىدېگەن نازۇك، نېمىدېگەن يېقىملىق تەسۋىر. بۇ تەسۋىردىكى «تونۇش» دېگەن سۆز بىلەن «ئاپىسىغا تارتقان» دېگەن سۆزنى چىقىرىۋېتىپ ئوقۇپ باقساق، خۇددى شولوخوفنىڭ رومانىدىكى يۇقىرىقى تەسۋىردىن «ئاۋۋالقىدەكلا» دېگەن سۆزنى چىقىرىۋېتىپ ئوقۇغان چاغدىكىدەك قۇپقۇرۇق تەسىراتقا كېلىمىز.

مانا بۇ يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ «ئانا يۇرت» تىرىلوگىيەسىدىكى نازۇك تىل سەنئىتى!

«ئانا يۇرت» رومانىنىڭ باش قىسمىدىلا ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان بىر قىسقا تەپسىلات بار. بۇ قىسقا تەپسىلاتتا قاش دەرياسى بويىدىكى بۇ قەدىمىي تارانچى يېزىسىدا ئولتۇراقلاشقان دېھقانلارنىڭ ساددا، قوپال مىجەزى، نادانلارغا خاس ئاڭ ـ چۈشەنچىسى، ئادەتتىن تۇرمۇش سەۋىيەسى ناھايىتى ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ تەپسىلاتنى نۇرلاندۇرۇۋەتكىنى ئىمام، مۇختارباي، مۇتىۋەللى، دېھقان، مىرا «قازى» قاتارلىق بىرنەچچەيلەننىڭ تولىمۇ خاسلىققا ئىگە پېرسوناژ تىلى بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئەڭ مۇھىمى مول مەنىگە ھەم ئاجايىپ خاسلىققا ئىگە مۇنۇ تەسۋىر:

«ئۇستەل ئورنىغا قىزىرىپ سىلىقلاشقان نانتاختا قويۇلدى. نۇرىنىڭ قولىغا ھەممە ئادەم قاراپ تۇرۇشتى. ئۇ ‹خىمچىسكى›، قې-

رىندىشنى ھۆلدەپ قويۇپ قەغەزنىڭ بېشىغا ‹ئەرزە› دېگەن خەتنى يازدى. كۆپچىلىك تەڭلا:

— پاھ! ھۇي ... — دېيىشىپ كەتتى.»

تۆت - بەش قۇرلا كېلىدىغان بۇ تەسۋىر رومانىنىڭ باش قىسمىدىكى نادىر تەپسىلاتنى تولىمۇ نۇرلاندۇرۇۋەتكەن. ئۇنداقتا، بۇ قىسقا تەسۋىرنىڭ ئەقىلنى لال قىلغۇدەك سېھرىي كارامىتى زادى قەيەردە؟

بىرىنچى، «پاھ! ھۇي ... — دېيىشىپ كەتتى» دېگەن سۆزدىكى يەرلىك پۇراقتا. ناھايىتى ئېنىقكى «پاھ! ھۇي» دېگەن ئىملىق سۆزنى ئانا دىيارىمىزدا پەقەت ئىلىدىكى تارانچىلارلا ئىشلىتىدۇ. تارانچى شېۋىسىگە مەنسۇپ بولغان بۇ ئىملىق سۆزدىن كۈچلۈك يەرلىك پۇراق چىقىپ تۇرىدۇ. ئوقۇرمەننىڭ كۆز ئالدىغا ئىلى دېھقانلىرىنى كەلتۈرىدىغان بۇ ئىملىق سۆز كىشىگە ناھايىتى يېقىملىق تۇيغۇ بېرىدۇ. بىزدە ئىنتايىن يېقىملىق تۇيغۇ پەيدا قىلغان بۇ سۆزنى ناۋادا باشقا تىلغا، مەسىلەن، خەنزۇ، قازاق تىللىرىغا تەرجىمە قىلىپ باقساق، تەرجىمە قىلىش مۇمكىنچىلىكى پەقەتلا يوق ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. چۈنكى، شېۋە پۇرىقى بار بەزى سۆزلەرنى باشقا تىلغا تەرجىمە قىلغاندا يەرلىك تۈسىنى ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ. نەتىجىدە، نائىلاج روماندىكى بىر گۈزەل سۆزنىڭ سېھرىي كۈچى يوقىلىدۇ. تەبىئىيكى، بۇ رومانىنىڭ تىل گۈزەللىكىگە خېلى ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ.

ئىككىنچى، «ئەرزە» دېگەن كونىچە سۆزدىكى گۈزەللىكتە. بۇ سۆزدىكى گۈزەللىك قەيەردە؟ مەلۇمكى «ئانا يۇرت» تارىخىي تىرىلدۇرگىيە. ئۇنىڭدا 1930 — 1940 - يىللاردىكى ئىلى رايونىدا يۈز بەرگەن ۋەقە - ھادىسىلەرنى مەركەز قىلغان زور تارىخ يېزىلغان. ئۇ يىللاردا كىشىلەر ئەنە شۇنداق كونىچە سۆزلەرنى كۆپ ئىشلىتەتتى. ناۋادا يۇقىرىقى سۆز روماندا «ئەرزە» دەپ يېزىلماي «ئەرز» دەپ يېزىلغان بولسا، كىشىگە ھېچقانداق ئۆزگىچە تەسىر بېرەلمەيتتى.

«ئە» تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن بۇ سۆز كىشىگە تارىخىي تۇيغۇ ئاتا قىلىدىغان گۈزەل تۇسكە كىرگەن. بۇ يازغۇچىنىڭ تارىخىي رومان يېزىقچىلىقىدا ئەمەل قىلىشقا، ئىنچىكىلەشكە تېگىشلىك مۇھىم بىر قائىدىنى پۇختا ئىگىلىگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئۈچىنچى، «خىمىچىسكى» دېگەن كىرمە سۆزدىكى دەۋر تۇسىدە. مەلۇمكى، ئانا تىلىمىزنىڭ سۆزلۈكلىرى ئىچىدە چەت تىللاردىن كىرگەن كىرمە سۆزلەر ناھايىتى كۆپ. بۇ تىل تەتقىقاتچىلىرىمىزغا بەك ئېنىق. ئەمما، يازغۇچى، شائىرلىرىمىز ئىچىدە كىرمە سۆزلەرنى بىرقەدەر ياخشى بىلىدىغانلار ئاز، ئەڭ مۇھىمى بۇ خىل كىرمە سۆزلەرنى ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە ئاڭلىق، ئۇنۇملۇك قوللىنىشنى بىلىدىغانلار تېخىمۇ ئاز. زوردۇن سابىر يۇقىرىقى تەسۋىرىدە «خىمىچىسكى» دېگەن كىرمە سۆزنى ناھايىتى جايىدا قوللانغان. رۇس تىلىغا مەنسۇپ بولغان بۇ ئاتالغۇنىڭ ئانا تىلىمىزغا كىرگەن چاغلىرى دەل 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا توغرا كېلىدۇ. يەنى رۇسىيە بىلەن باردى ـ كەلدى، سودا ـ تىجارەت مۇناسىۋىتىنىڭ قويۇقلىشىشى، ھېسابات ئىشلىرىدا، جەدىدچە ئوقۇتۇشنى يولغا قويغان يېڭى مەكتەپلەردە قېرىنداشقا بولغان ئېھتىياجنىڭ تۇغۇلۇشى سەۋەبىدىن رۇسىيەدىن خىمىيەلىك ئۇسۇلدا ياسالغان قېرىنداش كىرگۈزۈلگەن. بۇ خىل قېرىنداشنى كىشىلەر «خىمىچىسكى قېرىنداش» دەپ ئاتاشقان. دېمەك، يازغۇچى زوردۇن سابىر 1930 ـ يىللارنىڭ دەۋر تۇسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بۇ ئاتالغۇنى ماھىرلىق بىلەن قوللانغان. دەۋر تۇسىگە ئىگە سۆز ـ ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىش تارىخىي رومان ئىجادىيىتىدە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر پرىنسىپ.

تۆتىنچى، كۆپچىلىكنىڭ تەڭلا: «پاھ! ھۇي ...» دېيىشىپ كېتىشىدىكى سىردا. بۇ قىسقا تەپسىلاتتا مەدرىسە مائارىپى بىلەن جەدىدچە مائارىپنىڭ، يەنى كونا مەكتەپلەر بىلەن يېڭى مەكتەپلەرنىڭ مۇھىم بىر پەرقى ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، ئىمام، مۇختارباي قاتارلىق بىر توپ جامائەت مەسلىھەتلىشىپ ھۆكۈمەتكە ئەرز سۇناقچى

بولىدۇ. ئەمما، ئەرزنى يازىدىغان ساۋاتلىق ئادەم تاپالمايدۇ. «كىم يازىدۇ» دېيىشىپ، ئىمامنى يېزىشقا ئۈندەيدۇ. ئىمام مەيۈسلەنگەن هالدا: «مەن ئوقۇيالايمەن، لېكىن يازالمايمەن» دەيدۇ. ئىمامنىڭ بۇ جاۋابىدا مەدرىسە مائارىپىنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى ئىپادىلەنگەن. مەدرىسە مائارىپىدا نەچچە يىللاپ تەربىيەلەنسىمۇ، ئوقۇشنى بىلىپ، يېزىشنى ئۆگىنەلمەيدىغان ئەھۋال بار ئىدى. ناھايىتى ئاز ساندىكى تالىپلارلا يېزىشنى ئۆگىنەلەيتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن خېلى كۆپ يىل ئوقۇشقا توغرا كېلەتتى. ئەمما، جەدىدچە مەكتەپلەردە نەچچە ئاي ئىچىدىلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش ۋە يېزىش ساۋاتى چىقىپ كېتەتتى. ئىمام كونا مەكتەپنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا «مەن ئوقۇيالايمەن، لېكىن يازالمايمەن» دەپ مەيۈسلىنىپ جاۋاب بېرىشكە مەجبۇر بولغان. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇلار ئۆز يېزىسىدىن شەھەرگە (غۇلجىغا) بېرىپ ئوقۇۋاتقان 14 — 15 ياشلاردىكى نۇرىنى ئەرز يېزىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. بىراق، ئۇلار ئۇنىڭ يازالايدىغانلىقىغا بىر ئىشىنىپ – بىر ئىشەنمەيدۇ. قەغەز بىلەن قېرىنداشقا قىممەتلىك بۇيۇمغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىشىپ: «قەغەزنى كىرلەشتۇرۇۋەتمەيلى، قېرىنداشنى سۇندۇرۇۋپ قويمايلى، قازارەن ...» دېيىشىپ كېتىدۇ. «ئۇستەل ئورنىغا قىزىرىپ سىلىقلاشقان نانتاختا» قويۇشىدۇ ھەم ھەممىسى تەقەززالىق بىلەن نۇرىنىڭ قولىغا قاراپ تۇرۇشىدۇ. نۇرى «خىمچىسكى، قېرىنداشنى ھۆلدەپ قويۇپ قەغەزنىڭ بېشىغا «ئەرزە»، دېگەن خەتنى» يېزىشى بىلەن تەڭلا ھەممەيلەن ھەيران بولۇشۇپ، «پاھ! ھوي ...» دېيىشىپ كېتىدۇ. دېمەك، «پاھ! ھوي ...» دېگەن سۆزگە مائارىپ تارىخىمىزغا مۇناسىۋەتلىك ئەنە شۇنداق مۇھىم سىر يوشۇرۇنغان. يازغۇچى بۇ سىرنى تەپسىلىي چۈشەندۈرمىگەن. ئەمما، مائارىپ تارىخىدىن خەۋىرى بار، كونا مەكتەپلەر بىلەن جەدىدچە مەكتەپلەرنىڭ نازۇك پەرقىنى بىلىدىغان كىشىلەر بۇ سىرنى ئاسانلا بىلىپ يېتىدۇ.

ئومۇمەن، يازغۇچى زوردۇن سابىر ئەتراپلىق ئىزدەنگەن ھەم

ئىنچىكە ئۆگەنگەن بولغاچقا، نەچچە قۇر تەسۋىرگە ئەنە شۇنداق كۆپ ئامىللارنى مۇجەسسەم قىلالىغان. مېنىڭ بۇ تۆت - بەش قۇرلۇق تەسۋىرنى روماننىڭ باش قىسمىدىكى نادىر تەپسىلاتنى نۇرلاندۇرۇۋەتكەن، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشۈمدىكى سەۋەب مۇشۇ يەردە. بىر ئەسەرنىڭ ئېپوس خاراكتېرلىك بولۇشىنى مانا مۇشۇنداق مول مەنىگە ئىگە تىل ئامىللىرىمۇ بەلگىلەيدۇ.

روماننىڭ باش قىسمىدىكى يۇقىرىقى تەسۋىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نادىر تەپسىلات ئوقۇرمەننى ئەسەرنىڭ ئىچىگە ناھايىتى تەبىئىي رەۋىشتە ئېلىپ كىرىپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدىكى قىزىقارلىق دىيالوگ، مەنىدار تىل، ئۆزگىچە تارىخىي تۈس، كۈچلۈك يەرلىك پۇراق، روشەن مىللىي پىسخىكا ئوقۇرمەننى بىردەمدىلا ئەينى دەۋرنىڭ مۇھىتى ئىچىگە ئاپىرىپ قويىدۇ. ئوقۇرمەن بۇنىڭدىن 70 يىللار ئىلگىرىكى تارىخىي مۇھىتقا، قاش دەرياسى بويىدىكى قەدىمكى تارانچى يېزىسىغا بېرىپ قالغىنىنى تۇيمىغاندەك، روماننىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكىنىنىمۇ تۇيماي قالىدۇ. بۇ يەردە رول ئوينىۋاتقان مۇھىم ئامىل يازغۇچىنىڭ تىلنى قوللىنىش ۋە ئىپادىلەش جەھەتتىكى پىشقان ماھارىتىدۇر.

يازغۇچى زوردۇن سابىر بۇ روماندا ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىنىڭ كامالەتكە يەتكەن تىل سەنئىتىنى نامايان قىلغان. مەيلى پېرسوناژ تىلى بولسۇن، مەيلى تەسۋىر ياكى ئوخشىتىشلار بولسۇن، ئوقۇرمەننى چەكسىز مەھلىيا قىلىدۇ، بولۇپمۇ 1 - توم بۇ جەھەتتە بەك مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان. مۇختارباي، زىيەك ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى رەيھاننىڭ ئوبرازى، شۇنداقلا غېنى باتۇرنىڭ ئوبرازى كىشىدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇرىدۇ. بۇ تەسىرات ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىكى ئۆزگىچىلىك ۋە چىنلىقتىن باشقا، تىلىدىكى خاسلىقتا قارار تاپىدۇ.

ئەمگەكچان تارانچى كېلىنى رەيھانگۈلنىڭ ئۆز بالىلىرىنى ئەركىلىتىپ ئېيتقان «زىيەك باخشىنىڭ كۈچۈكلىرى، بولۇڭلار، چېيىڭلارنى ئىچىڭلار، ئېتىزغا بېرىپ باراڭدا قاق سالىمىز، چىلگە

يەيسلەر ....» دەپ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئوقۇپ شۇنداق مەستلىكىم
كەلدىكى، يازغۇچىنىڭ قەلىمىگە بارىكاللا دېۋەتتىم. رەيھانىنىڭ بۇ
تىل تەسۋىرىدە ئۇنىڭ بالىلىرىنى ئەركىلىتىشىمۇ، ئىش - ئە-
گەككە ئادەتلەندۈرۈش جەھەتتىكى چېۋەرلىكىمۇ، ئەڭ مۇھىمى، ئې-
رىنى ئىچ - ئىچىدىن سۆيىدىغان ئوتتەك قەلبىمۇ ئىپادىلەنگەن.
روماندا يەنە تۈز مىجەزلىك زىياۋۇدۇن نەۋرە ئاكىسى مۇختارباينى ئا-
يالى رەيھانغا «ئاتا يوللۇق ئاكا ئۇ دېگەن!» دەپ تەرىپلىگەندە، رەيھان-
گۈل «ۋاييەي! ....» دەپ سۆز قاتىدۇ. بۇ چاغدا يازغۇچى «رەيھانگۈل
باينىڭ قىلمىشلىرى: يازىچە پەنجىرىدىن كەتمىگەنلىكى، ئېسىلغان-
لىقى، يېلىنغانلىقى ۋە يامان نىيەتتە بولغانلىقلىرىنى ئاشۇ
«ۋاييەي» بىلەنلا ئىپادىلەيتتى. لېكىن، زىياۋۇدۇن بۇ ئاياللار تىلى-
نىڭ بۇنچىلىك جىق مەنىسى بارلىقىنى نەدىن بىلسۇن ....» دەپ
ئىزاھلايدۇ. مۇشۇلارنى ئوقۇپ تېخىمۇ سۆيۈنۈپ كەتتىم. بىز «ئەدە-
بىيات تىل سەنئىتى» دېگەن نەزەرىيەنى سۆ ئىچكەندەك ئىچىۋالغان
بولساقمۇ، يازغۇچى بۇ روماندا، يۇقىرىقىدەك گۈزەل تىل ۋە تەس-
ۋىرلەر ئارقىلىق بۇ نەزەرىيەنى بەكمۇ يارقىن پاكىتلاشتۇرغاندى.

«ئانا يۇرت» تىرىلوگىيەسى گويا «تىنچ دون» رومانىغا ئوخشاش
بەدىئىي جەھەتتە ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان. بۇ تىرىلوگى-
يە ئاجايىپ ھەيۋەتلىك، ئېپوس خاراكتېرلىك ئەسەردۇر. يازغۇچى-
نىڭ قەلىمى بىپايان كەڭلىككە سوزۇلۇپ، ھەيۋەتلىك تارىخىي ۋە-
قەلىكلەر بىلەن ئادەملەرنىڭ تەقدىرىنى ئۆز ئارا يۇغۇرۇۋەتكەن. رو-
ماندا پېرسوناژلار كۆپ، خاراكتېرلار روشەن، ئوخشاشمىغان سالا-
ھىيەتتىكى پېرسوناژلار ئوخشاشمىغان تىل ئۇسلۇبىدا سۆزلەيدۇ.
ئەر - ئايال باش قەھرىمانلارنىڭ مەنىۋىيىتى مول، خاراكتېرى مۇ-
رەككەپ يارىتىلغان. يازغۇچىنىڭ مول تۇرمۇش جۇغلانمىسى ئەسەر-
دىكى كۆرۈنۈشلەرنىڭ ناھايىتى رەڭدار بولۇشىنى تەمىنلىگەن، ئىلى
دېھقانلىرىنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى ھەققىدىكى تەپسىلىي تەسۋىرلەر
ۋە يەرلىك شېۋە رومانىنى تېخىمۇ قويۇق ئىلى پۇرىقىغا ئىگە قىل-

غان. ئەسەردىكى پىسخىكىلىق تەسۋىر، پورترېت تەسۋىرى، مۇھىت تەسۋىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئەڭ يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئاپتورنىڭ ھېكايە بايان قىلىشتىكى پۇختىلىقى ۋە ئىنچىكىلىكى كىشىنى زوقلاندۇرىدۇ. رومان ۋەقەلىكىنىڭ ھەربىر مۇھىم ھالقىسى، پېرسوناژنىڭ ھەربىر مۇھىم ھەرىكىتى تولۇق تاپشۇرۇلغان. رومانىنىڭ گۈزەل بايان شەكلى، پېرسوناژلارنىڭ خاسلاشقان تىلى، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس روشەن مىجەز - خاراكتېرى، قىزىقارلىق ۋەقە ۋە تەپسىلاتلار، چوڭقۇر پەلسەپىۋى مۇھاكىمىلەر، ئىنچىكە تەسۋىرلەر ئوقۇرمەنلەرنى ئاجايىپ - غارايىپ بىر بىپايان بەدىئىي ئالەمگە تۇيدۇرماي ئېلىپ كىرىپ كېتىدۇ. ئوقۇرمەنلەر ئاشۇ بىپايان بەدىئىي ئالەم ئىچىدە ساددا - سەمىمىي، ئەمما قوپال دېھقانلارنى، باتۇر، شىر يۈرەك ئەزىمەتلەرنى، قورقۇنچاق، ساتقۇن جان باقتىلارنى، دانا يولباشچىلارنى، مەككار سىياسىيونلارنى كۆرىدۇ، رومانتىك مۇھەببەت ھېكايىلىرىنى، دەھشەتلىك ئۇرۇش قىسسىلىرىنى، ئەركىنلىك ئىستەكلىرىنى، زوراۋانلىق سەپسەتىلىرىنى، ھايات ھەقىقەتلىرىنى، خەلق ئىنقىلابلىرىنى، پىداكارلىققا ئوقۇلغان مەدھىيەلەرنى، ئىككى يۈزلىمىچىلىككە قارىتىلغان نەشتەردەك تەنقىدلەرنى ئوقۇيدۇ.

ئوقۇرمەنلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ مىللىي تارىخىدىكى شانلىق ئىنقىلاب ھەققىدە يېزىلغان بىر پارچە نادىر رومانىنى ئوقۇش چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، يۇقىرىقىدەك ئاجايىپ - غارايىپ بەدىئىي ئالەم ئىچىدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتلارغا مۇيەسسەر بولۇش ھەم رەڭگارەڭ پېرسوناژلار بىلەن سىردىشىش، تونۇشۇش بەزىلىرىگە ھەۋەس ۋە مۇھەببەت، بەزىلىرىگە غەزەپ ۋە نەپرەت، يەنە بەزىلىرىگە ھەسرەت - ئېچىنىش بىلەن مۇئامىلە قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىش كەم ئۇچرايدىغان ئامەت.

قىسقىسى، «ئانا يۇرت» رومانى ئېپوس خاراكتېرلىك نادىر تارىخىي رومان. بۇ ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى نەشرىيات تەرىپىدىن يې-

...زىلغان كىرىش سۆزىدە ئېيتىلغاندەك: «ئاجايىپ يارقىن تارىخىي ۋە بەدىئىي چىنلىق تۇيغۇسى، مۇرەككەپ ھېس - تۇيغۇلارغا باي ئىنچىكە تەسۋىرلىرى، يېقىملىق بەدىئىي ئۇسلۇبى، راۋان، مەنىلىك تىل سەنئىتى بىلەن بىر پۈتۈن دەۋرنىڭ تارىخىي ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك سىزىپ بەرگەن» لىكىدە.

بۇ شاھانە روماندىكى يۈزلىگەن پېرسوناژلار ئىچىدە مۇختارباينىڭ خاراكتېرىدىكى جەلپكارلىق ئادەمنى بەك مەپتۇن قىلىدۇ. ئۇنى ئۇيغۇر رومانچىلىقىدا بارلىققا كەلگەن پۈتمەس - تۈگىمەس تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە بىر ھەقىقىي تىپ دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. يازغۇچى مۇختارباينى ھەم گۈزەللەشتۈرۈپ كۆرسىتىدۇ، ھەم ھەجۋىيلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەيدۇ. مۇختارباي ئوبرازى مەدھىيە بىلەن پاش قىلىش بىرلەشتۈرۈلگەن ئوبراز. لۈكچەك مىجەز، ھۆكۈمرانلىق ئىستىكى كۈچلۈك، خاراكتېرى ئۇچۇق - يورۇق، يۈرۈش - تۇرۇشى مەردانە، غەلىتە قىلىقلىرى كۆپ، گەپ - سۆزلىرى قىزىقارلىق، ئاغزى ئىتتىك، تەرسا ھەم ئۆزگىرىشچان، كۆڭلى تۈز ھەم ساددا، يەڭگىلتەك ھەم پوچى، ئىچى تار ھەم مەرد، بىر ئۆمۈر بىمەنە ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرىپ ياشاپ ئادەتلەنگەن، ئەمما چوڭ ئىشلارغىمۇ ئۆزىنى ئاتاشقا تەييار تۇرىدىغان مۇختارباينىڭ مۇرەككەپ خاراكتېرى ئادەمدە ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئەدەپ - ئەخلاققا مۇخالىپ سۆز - ھەرىكەتلىرى، بىمەنە ئارزۇ - ھەۋەسلىرى، تومپايلارچە قىلىقلىرى ئوقۇرمەنىنىڭ تەنقىد تۇيغۇسىنى قوزغىسا، ئومۇمىنىڭ ئىشى ئۈچۈن ھېچنېمىسىنى ئايىمايدىغان، مەردلىكنى ئەلا بىلىدىغان، ھېچكىمدىن قورقمايدىغان پەزىلىتى ئوقۇرمەننى چوڭقۇر سۆيۈندۈرىدۇ. رومانىنى ئوقۇۋېتىپ مۇختارباينىڭ مىڭبېگىنىڭ خوتۇنىغا پوخورلۇق قىلىپ جېنىدىن ئايرىلغىلى تاس قالغاندا نەۋرە ئىنىسى زىياۋۇدۇنغا «ــ تووۋا قىلدىم ئۇكام، ئەمدى خوتۇن خەقنىڭ كەينىدىن چاپمايمەن!» دەپ يىغلامسىراشلىرى ۋە «بىر دىنلا بەش ۋاق نامازنى باشلىۋېلىپ ئىمامنىڭ يېنىدىلا يۈكۈنۈپ

ئۆلتۈرىدىغان بولۇۋالغانلىقى»؛ قونچى ئۇزۇن ئۆتۈكنى تامغا تېپىپ كۆچەپ كېيىۋاتقان ھالىتى؛ مەشھۇر باي رەخمجان سابىر ھاجىنىڭ شەھەردىكى ھويلىسىدا تۇرۇپ تۇنۇگۈندىن بېرى ھېچنېمە يېمەي تاڭشۇرۇلغاندەك شىپىدە بولۇپ كەتكەن ئېتىغا قاراپ «مۇنۇ باينىڭ قورۇسىدا ئات يېگۈدەك بىرنېمە يوق، ھەممىلا يەر سىرلانغان ياغاچ، پاھ، بۇنداقمۇ ئۆي بولىدىكەن، ھېچبولمىسا بىر باغ قوناق شېخى تېپىلسىچۇ ...» دەپ ئويلاشلىرى؛ قاق سەھەردە قوپۇپ خوتۇننىغا «تەرەتكە ۋاقتىدا سۇ بەرمىدىڭ!» دەپ ۋارقىرىغان پېتى ھويلىغا چىقىۋېلىپ، ھۇجرىلىرىدا ئۇخلاۋاتقان ئۆيلەنگەن ئىككى ئوغلىنىڭ ئىشىكىنى تېپىپ تىللاپ ئويغىتىشلىرى؛ ئوغلاقنى ئابدۇمەرگە تارتقۇزۇپ قويغىنىغا كېچىچە ئۇيقۇسى كەلمەي تېرىكىپ چىقىشلىرى؛ مەزىن ئەزاننى ۋاقتىدا توۋلىمىدى دەپ بېزەپ تىللاشلىرى؛ زىياۋۇدۇنغا بۈگۈنكى ئوغلاق تارتىشىشتا قانداق قىلىش لازىملىقى ھەققىدە ئورۇنلاشتۇرغان بۇيرۇقلىرى؛ ھېۋىزبايىنىڭ ئۈچ نەۋرىسىنىڭ خەتنە تويىغا مەھەللە ئەرلىرىنى باشلاپ ئاتلىق ماڭغان چاغدىكى قىياپىتى؛ مۇزداۋاندىن پارتىزانلارغا يول باشلاپ ئۆتۈش جەريانىدا پارتىزانلار تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن، «كۆكۈچ ماتادىن ھەربىيچە كىيىم كىيگەن بىر ئەسكەرنىڭ» تاشلىقتا قانغا مىلىنىپ ياتقان ئۆلۈكىنى پۇتى بىلەن ئۆرۈپ قاراپ «ۋاي ئۆلۈمتۈك، سەتلىكىنى بۇ نىجىسنىڭ. مۇشۇ قوتۇر ئىت بىلەن سوقۇشىمىز دەپ تاغ - داۋانلاردىن ئاتلاپ بۇ يەرگە كەلگىنىمىزنى!» دەپ ئېيتقان سۆزلىرى كۆز ئالدىمىزدا ئاجايىپ گۈزەل كارتىنا بولۇپ گەۋدىلەندى. بولۇپمۇ، ئاقسۇدا ئابدۇكېرىم ئاباسوف بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغاندا «غۇلجىغىمۇ چىقارسەن، ئەخمەتجان، غېنى باتۇرلارغا دەپ نوخلاڭنى ئالغۇزمىسام!» دېگەن ئاچچىق پوپوزىسى بىلەن «ــ نېمە دەيدۇ مۇنۇ قاشقالىق!» دەپ ۋارقىراشلىرى قولاق تۇۋىمىزدە جاراڭلاپ تۇردى. مانا مۇشۇ كارتىنىلاردا مۇختارباينىڭ خاراكتېر خاسلىقى چاقناپ تۇرىدۇ. مۇختاربايدەك مول خاسلىققا، ئۆزگىچە مىجەز ـ خاراكتېرگە ئىگە

پېرسوناژ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر پىروزچىلىقىدا ئاز ئۇچرايدۇ.

يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان تىللاردا داستان بولۇپ كېلىۋاتقان، رىۋايەت تۈسىگە باي مەشھۇر قەھرىمان غېنى باتۇرنىڭ ئۆزگىچە ئوبرازىمۇ روماندا ئالاھىدە تەپسىلاتلار ئارقىلىق ناھايىتى جانلىق يارىتىلغان. مەسىلەن، غېنى باتۇر نورىنى باشلاپ قاما ئىسىملىك قازاق دوستىنىڭ ئۆيىگە كىرگەن چاغدىكى دىيالوگ بىزنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ.

«— پاھ، پاھ، ھېلىمۇ سۇدا يۇرىدىغان قاما دېگەن ھايۋان بولغىنىڭ، بورسۇق بولغان بولساڭ ئۆيۈڭ قانچىلىك سېسىق بولار ئىدى. پىتلىرىڭ يوق كۆرپە - تېكمەتلىرىڭمۇ باردۇر - ھە، قازاق؟ — دەپ چاقچاق قىلدى.

— پىت بولمىسا ئوروس بولۇپ قالمايمەنمۇ غېنىكا، ئوروس بولۇپ قالسام ساڭا كۈن يوققۇي! ...

— ھا - ھا ... مەيلى پىتلاۋەرگىن، پىتلىرىڭ ئۇچسا ئۇچسۇن، ئوروس بولما. شېڭ دۇبەنىنىڭ ئەقلى ئوروستىن كېلىدۇ. ئۇياقتا بىز خەقنى قىرىپ تۈگەتتى. قالغىنىنى ئەمدى شېڭ دۇبەنىنىڭ قولى بىلەن يوقاتماقچى.»

مانا بۇنى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى مەشھۇر دىيالوگ دەپ ئېيتىش كېرەك. بۇنىڭدا ئىلى ئۇيغۇرلىرىغىلا خاس يۇمۇرلۇق خۇسۇسىيەت، يەرلىك ئالاھىدىلىكتىن سىرت، قېرىنداشلارچە مىللىي دوستلۇق ۋە بىر خەلقپەرۋەر ساددا قەھرىماننىڭ ئېڭى ئىپادىلەنگەن، شۇنداقلا غېنى باتۇرنىڭ ئۆزگىچە مىجەز - خاراكتېرى ئىپادىلەنگەن.

روماندا يەنە نىزەرخان خوجام، ھېكىمخان تۆرەم، مۇتائالى خەلپىتىملەرنىڭ ئوبرازلىرىمۇ ياخشى يارىتىلغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى مىللىي رەھبەرلەرنىڭ، ھەر خىل تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئىچكى مۇددىئاسى، دۇنيا قارىشى، خاراكتېرىدىكى كۈچلۈك ھەم ئاجىز تەرەپلەر ناھايىتى ياخشى يورۇتۇلغان. ئىجتىما-

ئىي، تارىخىي مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك مۇلاھىزە – بايانلار رومانىنى مەزمۇن جەھەتتە كەڭلىك، تارىخىي جەھەتتە چوڭقۇرلۇق ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە قىلغان. مانا مۇشۇنداق زور ئۇتۇق رومانىنى مىللىي ئېپوس تۇسىگە ئىگە قىلغان.

بۇ يەردە شۇ نەرسىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكۈم كېلىۋاتىدۇ. رومان نەشر قىلىنىپ، بازارغا سېلىنىپ، بىرەر ھەپتە ئۆتە – ئۆتمەيلا، مۇنداقچە ئېيتقاندا 1 – تومىنىڭ يېرىمىنى ئوقۇ – ئوقۇمايلا تونۇش – بىلىشلەر ئۆزئارا سالاملاشساق «ئانا يۇرت» نى ئوقۇدۇڭمۇ، دەپ سورىشىدىغان، ئوقۇمىغان بولسا، ئوقۇغىن، ئوقۇڭلار، جىددىي ئوقۇش كېرەك، دەپ ئوقۇشقا تەۋسىيە قىلىشىدىغان، بەزىدە تەسىراتلىرىمىزنى ئېغىز – ئېغىزىمىزغا تەگمەي سۆزلىشىپ كېتىدىغان بولۇشۇپ قالدۇق. بۇ رومان ھەقىقەتەن بىزنى «سۆزلەيدىغان» قىلىپ قويغانىدى. بايقىشىمچە، ماڭا ئىلى ۋادىسىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن دوستلىرىمنىڭ تەسىراتلىرى بەكرەك چوڭقۇر، ھاياجانلىنىپ سۆزلەشلىرى تېخىمۇ ئۆزگىچە تۇيۇلدى. مەن بۇنى رومانىنىڭ ئىلى تۇرمۇشىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغانلىقىدىن، نۇرغۇن ۋەقە – ھادىسە، يەر – جاي ئىسىملىرى ۋە تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئۇلارغا بەكرەك تونۇش بولغانلىقىدىن، بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئالاقىدار بىلىشى باشقا يۇرتنىڭ كىشىلىرىگە نىسبەتەن كۆپرەك بولغانلىقىدىن دەپ چۈشەندىم. شۇئان ئېسىمگە بارلىق ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرنى «ئانا يۇرت» رومانىدىن تولۇق، يېتەرلىك لەززەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن چوقۇم «ئانا يۇرت، لۇغىتى» ئىشلەش كېرەككەن، دېگەن پىكىر كەلدى.

بۇ مۇنداقلا ھاياجان بىلەن دېيىلگەن گەپ ئەمەس. بىلىشىمىز كېرەككى، «ئانا يۇرت» ناملىق بۇ تارىخىي تىرىلوگىيەنىڭ يېزىلىشى 20 – ئەسىر مىللىي ئەدەبىياتىمىزدىكى بىر مۆجىزە خاراكتېرلىك ئۇتۇق. بۇ رومان زوردۇن سابىرنىڭ 20 – ئەسىر ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى ئورنىنى يۇكسەكلىككە ئىگە قىلغان كاتتا رومان. ئۇيغۇر

ئەۋلادلىرى ئوچۇق ئېيتقاندا زوردۇن سابىر ئاپىرىدە قىلغان «ئانا يۇرت، مەكتىپى» ئوقۇماي بولمايدىغان بىر «مەجبۇرىيەت مائارىپى» ھېسابلىنىدۇ. ئىككى ـ ئۈچ ئايدىن بېرى ئۇيغۇرلارنى «سۆزلەيدى-غان» قىلىپ قويغان بۇ رومان بىر ئېپوس خاراكتېرلىك ئەسەر. ئۇ-نىڭدا ئەركىنلىك ئۈچۈن قان كەچكەن بىر مىللەتنىڭ مىللىي ئار-زۇسى، تارىخىي ئۆرۈنۈشلىرى، تارىخىي كۈلپەتلىرى، تارىخىي جاراھەتلىرى، تارىخىي ھەسرەت ـ نادامەتلىرى، شۇنداقلا بېشىغا كەلگەن تارىخىي پالاكەتلىرى ۋە تارىخىي بەختسىزلىكلىرى ناھايىتى كەڭ ھەم چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن. ئۇنىڭدا خۇددى «تىنچ دون» رومانىدىكى كازاك مىللىتىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئازابلىق مىل-لىي كىرىزىسقا ئوخشاشلا، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئارتۇق مىللىي كىرى-زىس ئىپادىلەنگەن. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بۇ تارىخىي تىرىلو-گىيە مەخسۇس مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە، تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا تې-گىشلىك ئەدەبىيات ھادىسىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ بىر تارىخىي رومان بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنىڭدا ھەقىقىي ۋەقەلەر، چىن ئادەملەر يېزىلىش بىلەن بىللە توقۇلما تەپسىلاتلارمۇ، توقۇلما پېرسوناژلار-مۇ يېزىلغان. قايسى ۋەقەلەر ھەقىقىي، قايسى ۋەقەلەر توقۇلغان، كىملەر تارىخىي پېرسوناژ، كىملەر توقۇلما پېرسوناژ ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىش بۇ رومانىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىنى ئاشۇرۇپ، تەربىيەۋى ئۈنۈمىنى كۈچەيتىش، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ تارىخ بى-لىمىنى كۆپەيتىشنىڭ مۇھىم بىر يولى. چۈنكى، ئوقۇرمەنلەر پىس-خىكىسىنى چىقىش قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار ئۆز مىللىتىنىڭ تارى-خىغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي رومانلارنى ئوقۇغاندا، تەبىئىي ھالدا توقۇلما ۋەقەلەر بىلەن ھەقىقىي ۋەقەلەرنى، تارىخىي پېرسوناژلار بىلەن توقۇلما پېرسوناژلارنى بىلىش ئارزۇسىدا بولىدۇ. بولۇپمۇ بىر قىسىم تارىخىي شەخسلەرنىڭ كېيىنكى ھاياتىنى بىلىشنى بەكرەك ئارزۇ قىلىدۇ. ناۋادا «ئانا يۇرت، لۇغىتى» مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈزۈلۈپ قالسا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئېستىكىنى مەلۇم

دەرىجىدە قانائەتلەندۈرۈپ، روماندىن بەھرە ئېلىشنى تېخىمۇ كۈ-
چەيتىدۇ.

«ئانا يۇرت» رومانى ناھايىتى يۇقىرى ماھارەت بىلەن يېزىلغان تارىخىي ترىلوگىيە. بۇ رومان چىنلىق تۇيغۇسىنىڭ كۈچلۈكلۈ-
كى، تارىخىي مەزمۇن بىلەن بەدىئىي توقۇلمىنىڭ بىرىكتۈرۈلۈشى، پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ روشەنلىكى، ئاساسىي سۇژىت بىلەن يانداش سۇژىتلارنىڭ ماسلاشتۇرۇلۇشى، پېرسوناژلار تىلىنىڭ خاس-
لىقى، تەسۋىرنىڭ گۈزەللىكى، بايان تىلىنىڭ يېقىملىقلىقى، كىنايە تۇسىنىڭ قويۇقلۇقى، ھېسسىياتنىڭ موللۇقى، قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەللىكى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆلگە خاراكتېرلىك رومان ھېسابلىنىدۇ. بۇ رومانىنىڭ ھەجمى خېلىلا چوڭ. ئاپتور بۇ ئەسەرنى بابلارغا ئايرىمىغان، ئايرىم - ئايرىم ماۋزۇمۇ قويمىغان. «— ۋاي ئوغرى! ...» دەپ باشلىنىدىغان پېتى «گويا تۆكۈلگەن قانلار پاجىئەنى مەقسەت قىلغاندەك، ئەزىز قۇربانلار تىرىكلەرنى يانلىرىغا چىللاۋات-
قاندەك، ھەممىلا ئادەمنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقۇسى كەلگەندى. لېكىن، قويۇق ئورمانلار كەينىدىن — كۈنچىقىشتىن ئاستا باش كۆتۈرۈۋاتقان قۇياش ئىنسانلارنى ھايات، ياشاشقا — بەختكە چىللە-
ماقتا ئىدى!» دەپ ئاخىرلاشتۇرغان. دېمەك، يازغۇچى بۇ رومانىنى سۈۋارى يېزىپ چىققان. ئۇنىڭ شەكلى سۈۋارى يېزىلغىنى بىلەن، مەزمۇنى يۇرەكنى لەرزىگە سالىدىغان دەرىجىدە دولقۇنلۇق، ئوقۇغان كىشىنى گاھ سۆيۈندۈرىدىغان، گاھ كۈلدۈرۈپ تېلىقتۇرىدىغان، گاھ چوڭقۇر ئويغا تارتقۇزۇپ ئۆكۈندۈرىدىغان، گاھ بوقۇلدىتىپ يىغ-
لىتىۋېتىدىغان دەرىجىدە تەسىرلىك يېزىپ چىقىلغان.

«ئانا يۇرت» رومانى بىزنى بىر ئەسىردىن يەنە بىر ئەسىرگە، بىر ئېرادىن يەنە بىر ئېراغا ئېلىپ كىرگەن خاسىيەتلىك رومان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، دەل مۇشۇنداق پەيتتە نەشر قىلىنىپ بازارغا سېلىنغان «ئانا يۇرت» رومانى شۇنىڭ ئۈچۈن خاسىيەتلىككى، بىز «ئانا يۇرت» تىن ئىبارەت «يول خېتى» نى كۆتۈرگىنىمىزچە يېڭى

ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىدۇق. بۇ بىر خاسىيەتلىك مەنىگە تولغان سىمۋول.

مەن زوردۇن سابىر ئەپەندىنىڭ بۇ ئۇلۇغ رومانىنى بارلىق ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىنىڭ زىر - زەۋەرلىرىگىچە چۈشىنىپ، ھەزىم قىلىپ ئوقۇشىغا ياردىمى تېگىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ يىل ئىچىدە مەخسۇس «ئانا يۇرت، لۇغىتى» ناملىق كىتاب ئىشلەپ چىقىشنى نىيەت قىلدىم. ھازىرچە كىتابخانلىق كۆڭلۈم سۈپىتىدە بۇ تەسىرات ماقالەمنى يېزىپ چىقتىم.

2001 - يىلى 2 - ئايدا يېزىلدى

# «ئەقىللىق» ئوسكار بېلىق

**مۇھەررىردىن:** 2008 - يىلىنى ئۆزىتىپ، 2009 - يىلىغا قەدەم قويۇش مۇناسىۋىتى بىلەن شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «قار لەيلىسى پىروگراممىسى» داڭلىق ئوبزورچى يالقۇن روزى بىلەن ئالتە ئۆسمۈرنى تەكلىپ قىلىپ، بالىلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ ۋاقىت ئېڭى، ھايات قارىشى، كىشىلىك ئارزۇسى، قىيىنچىلىقنى يېڭىش روھى قاتارلىق مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ سۆھبەت ئۆتكۈزگەن. بۇ سۆھبەت يانۋاردا كۆرسىتىلگەندىن كېيىن، كۆرۈرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. بىز يالقۇن روزى بىلەن گۈلىستان سۇرەتنىڭ سۆھبەت خاتىرىسىنى ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىشنى مۇۋاپىق كۆرۈپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇندۇق.

«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

* * *

**گۈلىستان سۇرەت:** يالقۇن ئاكا، مانا بىز 2008 - يىلىنى ئۇزىتىپ، 2009 - يىلىغا قەدەم قويدۇق. دېمەك، ۋاقىت ئاققان سۇدەك تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. بىز ۋاقىت ھەققىدە ھەر دائىم ئويلىنىپ تۇرۇشىمىز، ياش - ئۆسمۈرلەرگە بۇ توغرۇلۇق تەربىيە - چۈشەنچە بېرىپ تۇرۇشىمىز لازىم. سىزنىڭچە، ۋاقىتقا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟

**يالقۇن روزى:** بىز يۇقىرىدا ئالتە كىچىك دوستنىڭ 2008 - يىلىغا بولغان تەسىراتلىرىنى بىر - بىرلەپ ئاڭلىدۇق. بەزىلىرى

2008 ـ يىلىدىن ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى، بەزىلىرى سۆيۈنىدىغانلىقىنى، بەزىلىرى ئادەتتىكىچە ھېس قىلغانلىقىنى ئېيتتى. ئومۇمەن، بۇلار كۆڭلىدىكى تەسىراتلىرىنى يوشۇرماي، ياساپ جابدۇماي، سەممىيلىك بىلەن ئېيتتى. ئەلۋەتتە، بىر يىلنىڭ ئەمەس بىر كۈننىڭ كىشىگە قالدۇرغان تەسىراتىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئەمدى مەن ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، 2008 ـ يىلى مەن ئۈچۈن نەتىجىلىك بىر يىل بولدى. بۇ بىر يىلدا ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 20 پارچىگە يېقىن دەرسلىك كىتابىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئىشلىدىم. ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرى ئۈچۈن بىر پارچە «ئوقۇتۇشتا پايدىلىنىش قوللانمىسى»نى تۈزۈپ نەشر قىلدۇردۇم. 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى بەش نەپەر شائىرنىڭ تاللانما شېئىر توپلىمىنى نەشرگە تەييارلاپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلدۇردۇم. ئون پارچىگە يېقىن ماقالە يېزىپ مەتبۇئاتلار ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردۇم. ئۈرۈمچى، قەشقەر، قومۇل قاتارلىق جايلاردا تەكلىپ بىلەن ئوقۇتقۇچىلارغا بىرنەچچە مەيدان لېكسىيە سۆزلىدىم. جاڭ رۇڭنىڭ «بۆرە توتېمى» رومانىنى، گاۋېن ھامبىلىننىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىن تېزىسلار» قاتارلىق ئون نەچچە پارچە كىتابنى ئوقۇپ خاتىرە قالدۇردۇم. شۇڭا، 2008 ـ يىلنى مەن ئۈچۈن نەتىجىلىك بىر يىل بولدى، دەپ قارايمەن.

ۋاقىتقا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك، دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، ۋاقىت دېگەن ھايات دېمەكتۇر. ۋاقىتقا قانداق مۇئامىلە قىلىش ماھىيەتتە ھاياتقا قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدۇر. ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش ھەربىر ئادەم ئۈچۈن تۈپ مەسىلە. مەن ياشلىرىمىزنىڭ جۇشقۇن، ئىزدىنىش، تەۋەككۈل قىلىش روھىغا باي، رېئاللىققا باتۇرلۇق بىلەن يۈزلىنەلەيدىغان، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى نامايان قىلىش، بەختى ۋە ئىستىقبالىنى نۇرلاندۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلالايدىغان بولۇشىنى ئارزۇ قىـ

ئۆتكۈزۈشكە ئىنتىلىشى كېرەك.

**گۈلىستان سۇرەت:** يالقۇن ئاكا، سىزنىڭچە ئوغۇللار بىلەن قىزلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە قويۇلىدىغان تەلەپ پەرقلىق بولۇشى كېرەكمۇ، ئۇلار بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا نېمىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەك؟

**يالقۇن روزى:** ئوغۇللار بىلەن قىزلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە قويۇلىدىغان تەلەپلەر بەزى جەھەتلەردە ئوخشاش، بەزى جەھەتلەردە پەرقلىق بولىدۇ. بۇ تەلىم ــ تەربىيەدىكى مۇھىم قانۇنىيەت. ئەپسۇسلىنارلىقى، ھازىر بۇ قانۇنىيەتكە يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلمىگەچكە، ئوغۇللارنىڭ قىز مىجەزلىشىشى يىلدىن ــ يىلغا ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇنىڭدا ھەر خىل سەۋەبلەر بولىسىمۇ، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئايال ئوقۇتقۇچىلار سانىنىڭ %90 تىن ئارتۇقراق بولۇشى ئوغۇللارنىڭ قىز مىجەزلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان ئاساسلىق سەۋەب دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇ بىزنىڭ ئاساس مائارىپىمىزدا ھەل قىلىش قىيىن بولۇۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى. ئوقۇتقۇچىلار قۇرۇلمىسىدىكى بۇنداق زىيادە بىر تەرەپلىمىلىك خېلى كۆپ مىللەت ۋە دۆلەتلەردە مەۋجۇت ئەھۋال بولغاچقا، ئوغۇللارنىڭ قىز مىجەزلىشىش ئەھۋالىمۇ دۇنياۋى ھادىسە بولۇپ قالدى.

ئادەتتە، بالىلار يېتىلىۋاتقان مەزگىللەردە كۆپ جەھەتتە باشقىلارنى دورايدۇ ۋە ئۈلگە قىلىدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپلىرىمىزدە ئايال ئوقۇتقۇچىلار كۆپ بولغاچقا، قىز ــ ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار ئوخشاشلا ئايال ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ سۆز ــ ھەرىكەتلىرىنى ئۈلگە قىلىپ، بىلىپ ــ بىلمەي ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇم، ئەرلەر بىلەن ئاياللار نۇرغۇن جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. مۇھەببەت ــ نەپرەت تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىمۇ پەرق بار. يۈرۈش ــ تۇرۇش، سۆز ــ ھەرىكەت جەھەتلەردىمۇ روشەن پەرقلىنىدۇ. ئەمما، بالىلار بۇ پەرقنى بىلمىگەچكە، ئوغۇللار كۆپ ھاللاردا ئايال

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سۆز - ھەرىكەت، يۈرۈش - تۇرۇشىدىكى ئاياللارغا خاس نۇرغۇن ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا، بىز قىزلار بىلەن ئوغۇللارنىڭ ئۆز پەرقلىرى ئۈستىدە ئويلىنىپ، ئوغۇللارنىڭ جاسارەتلىك، قىزلارنىڭ نازاكەتلىك بولۇشتەك ئەڭ توپ خاسلىقىنى ئۆزىدە يېتىلدۈرۈشكە تىرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بۇ جەھەتتە ئوقۇتقۇچىلارمۇ، ئاتا - ئانىلارمۇ، جەمئىيەتمۇ ئۆز بۇرچىنى سەگەكلىك ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئادا قىلىشقا ئەھمىيەت بېردشى، ئوغۇل بالىلارنىڭ قىز مىجەزلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىغا ھەرگىز سەل قارىماسلىقى كېرەك.

**گۈلىستان سۇرەت:** يالقۇن ئاكا، سىز ئوتتۇرىغا قويغان بۇ مەسىلە جىددىي مۇئامىلە قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە ئىكەن. ئەمما، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ياش - ئۆسمۈرلىرىمىزنىڭ خاراكتېرى ئاجىزلاپ، ئازغىنە قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسىلا بەل قويۇۋېتىدىغان، چۈشكۈنلىشىپ ھەممىدىن ۋاز كېچىدىغان، جىمى نەرسىدىن قاقشاپلا يۈرىدىغان، دۇچ كەلگەن مۇشكۇلاتلارنى يېڭىشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئازراقمۇ ئىزدىنىپ باقمايدىغان بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. گەرچە بۇنداق ئەھۋال ئومۇمىيۈزلۈك بولمىسىمۇ، ئەمما يىلدىن - يىلغا كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ. سىزنىڭچە، مۇشكۈل مۇھىتنىڭ بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆرسىتىدىغان ئىجابىي تەسىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولامدۇ - يوق؟

**يالقۇن روزى:** ھازىرقى دەۋرىمىزدە ھەقىقەتەن ئانچىكىم جاپاغىمۇ چىدىمايدىغان، باشقىلارغا قېيىداپ، جىمى نەرسىدىن قاقشاپلا يۈرىدىغان بىر تۈركۈم بالىلار بار. بۇنداق بالىلارنى جەمئىيەتشۇناسلار «غودۇڭشىيدىغان بىر ئەۋلاد» دەپ تەرىپلەشتى. شۈبھىسىزكى، قىيىنچىلىق خاراكتېرنى تاۋلايدىغان پىچ، مۇشكۈل مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلىشنىڭ پايدىسى ھەقىقەتەن زور بولىدۇ. مۇشكۈل شارائىت ئادەمنى ھەر جەھەتتىن تاۋلايدۇ. مۇشكۇلاتنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتمىگەن پەزىلەتمۇ ئىشەنچسىز بولىدۇ. بۇنداق دېيىش ئار-

قىلىق مەن ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مۇھىتىنى ياخشىلىماسلىق كېرەك، دېمەكچى ئەمەس. ئەلۋەتتە، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مۇھىتىنى ياخشىلاش كېرەك. لېكىن، بالىلارنى قىيىنچىلىق بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ چېنىقتۇرۇشقا، ئىرادىسىنى تاۋلاشقا سەل قارىماسلىق كېرەك.

مەن 2001 ـ يىلى خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن كېرىيەنىڭ كۆكيار يېزىسىغا بېرىپ، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم. پارىڭىمىز دەرسلىك كىتابلارنىڭ ئوقۇغۇچى بېشىغا ئەمەلىيلىشىش ـ ئەمەلىيلەشمەسلىك مەسىلىسىگە مەركەزلىشىپ قالدى. ئۇ چاغدا دەرسلىك كىتابلارنى ھەقسىز تارقىتىش سىياسىتى تېخى يولغا قويۇلمىغان بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسلىكلەرنى تولۇق سېتىۋېلىشى بىر قىيىن مەسىلە ئىدى. مەن «دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى نامرات ئەھۋالدا ئوقۇغۇچىلار دەرسلىك كىتابلارنى قانداق قىلىپ تولۇق سېتىۋالالايدۇ» دەپ سورىدىم. بىر ئوقۇتقۇچى جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: «دەرسلىك كىتابلار ئوقۇغۇچىلارغا تولۇق ئەمەلىيلىشىدۇ. چۈنكى، دەرسلىكلەرنى ئوقۇغۇچىلار سېتىۋالمايدۇ، بەلكى بىز — ئوقۇتقۇچىلار سېتىۋالىمىز. شىنخۇا كىتابخانىسى بىلەن مائارىپ ئىدارىسى ئورتاقلىشىپ، ھەربىر پەننىڭ دەرسلىك كىتابىنىڭ پۇلىنى شۇ پەننىڭ دەرس ئوقۇتقۇچىسىنىڭ مائاشىدىن قايرىۋالىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىسىغا قەرزدار بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار قەرزلىرىنى مەۋسۇم ئاخىرلاشقىچە ئەپلەپ تۆلەپ بولىدۇ. نېمە تاپسا شۇنى ئەكېلىپ پۇلغا ھېسابلاپ ئۆتكۈزىدۇ. بەزىلىرى ئوتۇن ئەكېلىدۇ. بەزىلىرى كۆكتات ئەكېلىدۇ. بەزىلىرى توخۇ، تۇخۇم ئەكېلىدۇ. بەزىلىرى توشقان گۆشى ئەكېلىدۇ. بىزنىڭ بۇ يەردە ياۋا توشقان كۆپرەك، شۇڭا كۆپىنچە توشقان گۆشى ئەكېلىپ، بىر توشقاننى ئۈچ يۈەندىن ئۆتكۈزىدۇ. توشقان گۆشى مايسىز، قەنتسىز گۆش بولغاچقا، بىزگە ماس كەلمەيدىكەن. بىز يېزا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى بولغاچقا، ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئېتىزىمىز، چارۋا ماللىرى-

مىز بار، ھەرىكىتىمىز جىق، ئەمگىكىمىز كۆپ، چېنىقىش پۇرسىتىمىز بار. شۇڭا، راھەترەك تۇرمۇشتا ياشايدىغان كىشىلەردە كۆپ كۆرۈلىدىغان قاندا ماي ئارتىپ كېتىش، قەنت كېسىلى دېگەندەك كېسەللىكلەر بىزدە يوق دېيەرلىك. توشقان گۆشىنى كۆپ يېيىشكە توغرا كەلگەچكە سالامەتلىكىمىزدە ئەكس تەسىر كۆرۈلدى. بۇنىڭغا ئامال قىلالمىدۇق.» مەن بۇ ئىشلاردىن نورمالسىزلىق ھېس قىلىپ ئۇقۇتقۇچىلارغا ئېچىنغان بولساممۇ، لېكىن بىرنەرسە مېنى قىزىقتۇرغاچقا، «ئۇقۇغۇچىلار توشقاننى قانداق تۇتىدۇ؟» دەپ سورىدىم. ھېلىقى ئۇقۇتقۇچى: «يېزىمىزنىڭ بىر تەرىپى دالاغا تۇتاش، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر كۆپ، شۇ يەر ياۋا توشقانلارنىڭ ماكانى. ئۇقۇغۇچىلار دالانىڭ بىر تەرىپىگە تور يېيىپ قويۇپ، دالانىڭ يەنە بىر تەرىپىگە بېرىپ چۇقان ـ سۈرەن سالسا، توشقان قورقۇنچاق مەخلۇق بولغاچقا، ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي ئۇركۇپ قېچىپ يۇگۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تورغا ئۇسۇپ ئۇقۇغۇچىلارنىڭ ئولجىسىغا ئايلىنىدۇ. ئۇقۇغۇچىلار ئۇنى سويۇپ، ئادالاپ بىزگە ئۆتكۈزۈپ، قەرزىنى تۇگىتىدۇ.» دېدى. مەن بۇ بالىلارنىڭ ئۆزى دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقنى ئۆزى ھەل قىلىش ئۇچۇن، گەدىنىدىكى قەرزىنى تۆلىۋېتىش ئۇچۇن ھەر خىل ئاماللار بىلەن تىرىشقانلىقىدىن سۆيۈندۇم. بۇ بىر ئېسىل پەزىلەتتە! ھەقىقەتەنمۇ ئۇقۇغۇچىلار بۇ جەرياندا ھەرىكەت، پەزىلەت، تەدبىر، پاراسەت، ماھارەت، ھەمكارلىق روھى جەھەتتە يېتىلىپ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىپتۇ، مانا بۇ، مۇشكۇل مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلىشنىڭ پايدىسى. بىز ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى قىيىنچىلىق ئىچىدىن يول تېپىشقا ئىلھاملاندۇرۇشىمىز كېرەك. سەۋەبى ھايات يولى ھەرگىز داغدام بولمايدۇ. ئۇنىڭدا كۇتۇلمىگەن قىيىنچىلىقلار ھە دېگەندە ئۇچراپ تۇرىدۇ. مۇمكىن بولسا، ئەتەي قىيىن مۇھىت پەيدا قىلىپ بالىلارنى چېنىقتۇرۇشنىمۇ ئويلىشىپ بېقىش كېرەك. ساپا مائارىپى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇنداق قىلىش تامامەن توغرا ھەم زۆرۈر.

**گۈلىستان سۇرەت:** يالقۇن ئاكا، سىزنىڭچە، ھازىر مەيلى مەكتەپ تەلىم ـ تەربىيەسىدە بولسۇن، مەيلى ئائىلە تەربىيەسىدە بولسۇن، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى تەربىيەلەش جەھەتتە ئەڭ سەل قارىلىۋاتقان نۇقتا قايسى، دەپ قارايسىز؟

**يالقۇن روزى:** بۇ بىر قىيىن سوئال بولدى. بۇنىڭغا ھەركىم ھەر خىل قارىشى مۇمكىن. مېنىڭچە، بىزنىڭ مەكتەپ تەربىيەمىزدە بولسۇن، ئائىلە تەربىيەمىزدە بولسۇن بالىلارغا توغرا تەپەككۇر ئۇسۇلىنى ئۆگىتىش ھەم ئۇلارنىڭ مۇھەببەت ـ نەپرەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈش جەھەتتىكى تەربىيە يوق دېيەرلىك بولۇۋاتىدۇ. ساپا مائارىپى ئاللىبۇرۇن يولغا قويۇلۇپ، دەرس ئىسلاھاتى سىناق قىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ كاللىسىدا يەنىلا ئىمتىھان مائارىپىنىڭ سەلبىي تەسىرى ئېغىر. ئۇلار ھېلىغىچە بالىلارنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسىگىلا كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئەتراپلىق يېتىلىشىگە سەل قارايدۇ. بولۇپمۇ تەپەككۇر ئۇسۇلىنىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا دىققەت قىلمايدۇ. بالىلارنىڭ نېمىگە مۇھەببەت باغلاپ، نېمىگە نەپرەت بىلدۈرۈۋاتقانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىدۇ. تەپەككۇر ئۇسۇلىنىڭ توغرىلىقى دېگەندە، بالىلارنىڭ پىكىرلىرىنىڭ ئادىمىيلىككە، قانۇنغا، ئىجتىمائىي ئەخلاققا، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇن ئەمەسلىكىگە قاراش كېرەك. مۇھەببەت ـ نەپرىتىنىڭ روشەن ياكى مۇجمەللىكىگە قاراشتا ئۇلارنىڭ قارشى تۇرۇۋاتقان نەرسىلىرى بىلەن ھىمايە قىلىۋاتقان نەرسىلىرىنىڭ نېمىلىكىگە نەزەر سېلىش كېرەك. بالىلارنىڭ توغرا بولغان مۇھەببەت ـ نەپرەت تەربىيەسىگە ئىگە بولماسلىقى، ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە قەلبىدە پىرىنسىپى يوق ئادەم بولۇشىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۈبھىسىزكى، قەلبىدە مۇنتىزىم، روشەن پىرىنسىپى يوق ئادەم بولۇش بەك خەتەرلىك. شۇنداق بولغاچقا، دانىشمەنلەر «پىرىنسىپسىز دوستتىن، پىرىنسىپچىل دۈشمەن ياخشى» دېگەن. ھەقىقەتەنمۇ پىرىنسىپسىز ئادەم دوست كىم، دۈشمەن كىم پەرق ئېتەلمەيدۇ. مەقسەت نېمە،

ۋاستە نېمە ئاڭقىرالمايدۇ. ئىنكار قىلىنىۋاتقان نەرسىسى بىلەن قوللاۋاتقان نەرسىسىدە روشەنلىك بولمايدۇ. قەتئىي ۋاز كېچىشكە بولمايدىغان پرىنسىپ بىلەن مۇئەييەن شەرت ئاستىدا ياكى مۇئەييەن شارائىتتا تاكتىكىلىق يوسۇندا ۋاز كېچىشكە بولىدىغان پرىنسىپنى بولسا، قىلچىمۇ چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار ھەق - ناھەق مەسىلىسىدە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقماستىن، ئۆزىنى چەتكە ئېلىپلا كۈن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇنداق ئادەملەرنىڭ پرىنسىپى شەخسىي مەنپەئەتنىڭ دەل ئۆزىدۇر. ئۇلار ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىگە پايدىلىق ياكى زىيانلىق بولۇشىنى بىردىنبىر پرىنسىپ قىلىپ ياشاپ كېتىۋېرىدۇ. ئالدى بىلەن ئومۇمغا ئەمەس ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ. بۇنداق قەلبتە ئالىيجانابلىقنىڭ نۇرى بولمايدۇ. بۇنداق قەلب ئىگىسىدە باشقىلار ئۈچۈن قۇربان بېرىش روھى بولمايدۇ. شۇڭا، بىز ھەر دائىم بالىلارنى توغرا تەپەككۇر قىلىشقا يېتەكلىشىمىز ھەم روشەن مۇھەببەت - نەپرەت قارىشىغا ئىگە قىلىپ تەربىيەلەشكە، قەلبىدە توغرا، ئالىيجاناب پرىنسىپ تۇرغۇزۇشقا تىرىشىشىمىز كېرەك.

**گۈلىستان سۇرەت:** يالقۇن ئاكا، ناھايىتى ئەھمىيەتلىك گەپلەرنى قىلىپ بەردىڭىز. يېقىندا كىچىك دوستلار ئۆزلىرىنىڭ 2009 - يىلىدىن كۈتىدىغان ئۈمىد - ئارزۇلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ ئۆتتى. سىزمۇ سۆھبىتىمىزنىڭ ئاخىرىدا ئۆسمۈر بالىلارنىڭ ئارزۇسىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، 2009 - يىلىدىن كۈتىدىغان ئۈمىدىڭىزنى سۆزلەپ باقسىڭىز قانداق؟

**يالقۇن روزى:** مەن بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ 2009 - يىلىدىن كۈتىدىغان ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدىم. ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى تىلەيمەن. مەن بۇ يەردە ئولتۇرغان ھەممە بۇ پروگراممىنى كۆرۈۋاتقان بارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارزۇسىنى چىقىش قىلىپ، شۇنداق دېگۈم كېلىۋاتىدۇ: مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلارنى تاپشۇرۇق ئىشلەيدىغان ماشىنىغا ئايلاندۇرۇپ قويمىسا! ئۇلارنىڭ ئائىلىگە قايتقاندىن كېيىنكى

ۋاقىتنى تاپشۇرۇق ئارقىلىق ئىگىلىۋالمىسا! ئۇلارنىڭ كۆڭۈللۈك چاغلىرىنى تاپشۇرۇق ئىچىگە غەرق قىلىۋەتمىسە! ساپا مائارىپىنىڭ ۋە دەرس ئىسلاھاتىنىڭ تەشەببۇسىمۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈكىنى ئىلاج بار يېنىكلىتىشتىن ئىبارەت. بۇ يۈكنىڭ ئىچىدە تاپشۇرۇق-نىڭ مىقدارىنى ئازايتىش ئىزچىل تۈردە تەكىتلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. سەۋەب شۇكى، مەكتەپلەر ۋە ئوقۇتقۇچىلار تېخىچە ئىمتىھان مائا-رىپىنىڭ ئاسارىتىدىن ئازاد بولالمايۋاتىدۇ.

مېنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 6 ـ يىللىقىدا ئوقۇيدىغان قىزىم تۇمارىس يېقىندا شائىر تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ ھەممە كىشىگە دې-گۈدەك تونۇش بولغان داڭلىق شېئىرى «تۈگىمەس ناخشا» غا تەقلىد قىلىپ «تۈگىمەس تاپشۇرۇق» دېگەن ماۋزۇدا مۇنداق بىر پارچە ھەجۋىي شېئىر يېزىپتۇ:

ھەر ئاخشىمى بېشىم قاتىدۇ،
تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ كېتەلمەي.
يۈز نومۇرنى كۆزلەپ يازىمەن،
ئاۋارىمەن تېخى يېتەلمەي.

بۈگۈن ئاخشام ئىشلىدىم يەنە،
قاقشاپ تۇرۇپ، قەغەزگە جىجىپ.
قەيەردىندۇر، جان ئانام چىقىپ،
كايىپ كەتتى غەزىپى تېشىپ.

ـــ ئۇخلىمايسەن ھەركۈنى شۇنداق،
دۆتمۇ يا سەن دەرس بىلمەيدىغان.
يا كىشىگە ئارام بەرمەيسەن،
قانداق تاپشۇرۇق بۇ تۈگىمەيدىغان.

— كايىما ئانا، سەنمۇ بىر چاغدا،
بالا ئىدىڭغۇ ئۇخلىمايدىغان.
سەنمۇ ئىشلەپ تۈگىتەلمىگەن،
شۇنداق تاپشۇرۇق بۇ تۈگىمەيدىغان.

بۇ ھەجۋىي شېئىردا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇق مەسىلىسىدىكى ئورتاق ئارزۇسى ئەكس ئەتكەن دەپ قارايمەن. ئەلۋەتتە، ئوقۇغۇچى بولغانىكەن تاپشۇرۇق بولىدۇ. ئەمما تەلەپ شۇكى، تاپشۇرۇقنىڭ مىقدارى مۇۋاپىق بولسا، شەكلى خىلمۇخىل بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، دەرس ئىسلاھاتىنىڭ تەلىپىگىمۇ ئۇيغۇن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگىمۇ پايدىلىق بولىدۇ.

# بەخت ئىلكىڭىزدە*

رىياسەتچى (ئىلنۇر ئىبراھىم): ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قەدىرلىك تېلېۋىزور كۆرگۈچىلەر، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم سۆھبىتىمىزگە ئىشتىراك قىلغان ئەزىز مېھمانلار، دىققەت ـ نەزىرىڭلارنىڭ «چىن يۈرەكتىن چىن سۆزلەر» پىروگراممىمىزدا بولۇشىنى چىن كۆڭلىمىزدىن ئارزۇ قىلىمىز.

ھەممىمىزگە مەلۇم، ھەربىر ئىنسان بۇ دۇنيادا بەختلىك ياشاشنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇڭا، ھايات مۇساپىسىدە بەختكە ئىنتىلىدۇ ۋە بەخت ئۈچۈن توختاۋسىز كۈرەش قىلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بەخت ئىنسانلار قوغلىشىدىغان ئىنتايىن مۇھىم نىشانلارنىڭ بىرى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، نۇرغۇن كىشىلەر تۇرمۇشتىن بەخت ھېس قىلالماي ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇنداقتا، بەخت دېگەن زادى نېمە، بەختنى قانداق چۈشىنىش كېرەك، ئۇنىڭ ئۆلچىمى قانداق بولىدۇ؟... بۇ بىز بىلىشكە، چۈشىنىشكە تېگىشلىك مەسىلە. بىز بۈگۈنكى سۆھبىتىمىزدە بەختتىن ئىبارەت ھەممە ئادەم كۆڭۈل بۆلىدىغان بۇ مەسىلە ئۈستىدە سۆھبەتلەشمەكچى. مەن ئالدى بىلەن بۈگۈنكى سۆھبىتىمىزنىڭ ئالاھىدە مېھمىنىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي.

بۇ ئەپەندىم ئەدەبىي ئوبزورچى، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ

---

* بۇ ئەسەر 2007 ـ يىلى كۈزدە ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن «چىن يۈرەكتىن چىن سۆزلەر» پىروگراممىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن مەخسۇس تېمىلىق تېلېۋىزىيە سۆھبىتىنىڭ خاتىرىسى. بۇ سۆھبەت تېلېۋىزىيەدە تارقىتىلغاندىن كېيىن جەمئىيەتتە قىزغىن قارشى ئېلىنغان. سۆھبەتنىڭ خاتىرىسى «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2008 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان. كېيىن دەرس ئىسلاھاتىنىڭ تەلىپى بويىچە تۈزۈلگەن ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر «تىل ـ ئەدەبىيات ـ تاللىما دەرسلىكى»نىڭ 4 ـ كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن.

مۇھەررىرى يالقۇن روزى بولىدۇ.

يالقۇن ئەپەندى، بىز ئادەتتە تۇرلۇك سورۇنلاردا بەخت ھەققىدە پىكىرلىشىپ قالىمىز. كۆزىتىپ باقساق كىشىلەرنىڭ بەخت ھەققىدىكى قارىشى خىلمۇخىل بولىدىكەن. سىزنىڭچە، بەخت دېگەن سۆزنى زادى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ مۇشۇ ھەقتە قارىشىڭىزنى سۆزلەپ باققان بولسىڭىز.

**يالقۇن روزى:** بەخت ھەربىر ئىنسان ئۆمۈرۋايەت ئىنتىلىدىغان ۋە ئىزدىنىدىغان مۇھىم نىشان. بەختلىك ياشاشنى ئارزۇ قىلمايدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك. بەختكە ئىنتىلىش ئىنساننىڭ تەبىئىتى. ئەمما، ئادەملەرنىڭ بەختنى چۈشىنىشى، بەختنىڭ مەنبەسى ھەققىدىكى تونۇشى، بەخت ھەققىدىكى ئۆلچىمى ھەر خىل بولىدۇ. بەزىلەر مال ـ دۇنيانى، بەزىلەر ھوقۇق ـ مەرتىۋىنى، بەزىلەر شان ـ شەرەپنى، بەزىلەر ساغلاملىقنى، بەزىلەر گۈزەللىكنى، بەزىلەر خاتىرجەملىكنى، يەنە بەزىلەر باشقىلارنىڭ كۆزىگە قارىماي مۇستەقىل ياشاشنى بەخت دەپ بىلىدۇ.

ئامېرىكىلىق يازغۇچى مارك تۋېن «پادىشاھلار ئۇچۇن تاجدىن ئايرىلىش چوڭ ئىش، ئەمما بالىلار ئۈچۈن ئويۇنچۇقىدىن ئايرىلىش چوڭ ئىش» دېگەن. بەخت ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى نازۇك ئۇقۇم، چۈنكى ئۇ ئابستراكت ئۇقۇم. ئەگەر بەخت كونكرېت شەيئى بولغان بولسا، بەخت ھەققىدىكى چۈشەنچە بىرلىككە كەلگەن، بەختنىڭ تەبىرى تۇراقلاشقان بولاتتى. ئەمما، ئۇ كۆرگىلى، تۇتقىلى بولمايدىغان مەۋھۇم ئۇقۇم بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ بەختنى چۈشىنىشى پەرقلىق، بەرگەن تەبىرى كۆپ خىل، بەختنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچىمى ھەر خىل بولۇپ كەلمەكتە.

بەختنىڭ نېمىلىكى، ئۇنىڭ مەنبەسى ھەققىدە ئىنسانىيەت تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر مۇتەپەككۇرلار كۆپ ئىزدەنگەن ھەم بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى بايان قىلغان. غەربنىڭ دانىشمەن پەيلاسوپى ئارىستوتېل «بەخت دېگەن ئۆزىدىن قانائەتلىنىش» دېگەن؛ شەرقنىڭ

دانىشمەن پەيلاسوپى كۇڭزى «بەخت دېگەن ئۆزىنى تونۇۋالماق» دې-گەن. بىزنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرىمىز يۇسۇف خاس ھاجىپ «بەخت قانائەت قىلماقتۇر. ھەقىقىي بەخت كۆڭۈلنىڭ بايلىقىغا باغلىق» دېگەن. گېرمانىيەلىك پەيلاسوپ شوپېنخاۋېر «بەخت ئىچكى بايلىق-تۇر»، «بەخت ئېسىل مىجەزدۇر» دېگەن. يۇقىرىقى كىلاسسىك پەيلاسوپلارنىڭ بەخت قارىشىدىكى بىر ئورتاقلىق شۇكى، ئۇلار بەختنى ئىنساننىڭ روھىي دۇنياسىغا، ئېنىقراق ئېيتقاندا، قانائەت تۇيغۇسىنىڭ ئۇيغىنىشىغا باغلىغان. ھەقىقەتەنمۇ قانائەت ھېس قى-لىش بەخت ھېس قىلىشقا تەڭ دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، بىرى چوڭ، بىرى كىچىك سېۋەت كۆتۈرگەن ئىككى قىزچاق بىر-لىكتە ياۋا بۆلجۈرگەن تەرگىلى تاغقا چىققان. ئۇلار بىركۈن دېگۈ-دەك ياۋا بۆلجۈرگەن تەرگەن. بىر چاغدا سېۋىتى كىچىك قىز سېۋ-ىتىنىڭ بۆلجۈرگەنگە لىق تولغانلىقىغا قاراپ مەمنۇنىيەت بىلەن سۆيۈنۈش ھېس قىلغان. سېۋىتى چوڭ قىزچاق بولسا، سېۋىتىنىڭ تېخىچە توشمىغانلىقىغا قاراپ، كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ ئۆكۈنۈش ھېس قىلغان. بۇ مىسالدىكى سېۋەت دەل قانائەتكە مىسال قىلىن-غان. ئادەم قانائەتچان بولسا بەخت ھېس قىلىپ سۆيۈنىدىغان مە-ۋتلىرى كۆپ بولىدۇ. ئەگەر قانائەتسىز بولسا، ئۆزىنى بەختسىز ھېس قىلىپ، ئۆكۈنىدىغان ئىشلىرى كۆپ بولىدۇ.

زامانىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ ئارزۇ – ئارمانلىرى ناھايىتى كۆپ، تۇرمۇشقا قويغان تەلىپىمۇ ئىنتايىن يۇقىرى. شۇڭا، ئۆزىنى بەخت-لىك ھېس قىلىشىمۇ يېتەرسىز. ھازىرقى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بەختنى ئۆلچەشتە ماددىي تۇرمۇش سەۋىيەسىنىلا كۆزدە تۇتىدۇ. ئىنسان روھىي جەھەتتە مۇئەييەن قانائەتلىنىش سەۋىيەسىگە يەت-كەندە بەختلىك بولۇش ئۆلچىمىگە يەتكەن بولىدۇ، دەپ قارايدىغانلار ئاز سانلىقنى ئىگىلەيدۇ. بايلىق، گۈزەللىكنى بەختلىك بولۇشنىڭ مەنبەسى دەپ قارايدىغان خاھىش بۈگۈنكى دۇنيادا خېلى كەڭ ئو-مۇملاشقان ئەھۋالدۇر. ئامېرىكىلىق پسىخولوگىيە ئالىمى داۋد

ھېرس «بەخت ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن ئەمەس، مىجەز ـ خاراكتېر -
دىن كېلىدۇ» دەپ كۆرسىتىش ئارقىلىق بۇگۇنكى زامان كىشىلە -
رىنى سەگىتمەكچى بولغان. ئۇ بەختتىن بېشارەت بېرىدىغان تۆت
ئالاھىدىلىك بار. ئۇلار: ئۆز غورۇرىنى ئەلا بىلىش، ئۆزىنى تونۇتۇ -
لىش ئېڭى، ئۈمىدۋار پوزىتسىيە، سىرتقا يۈزلەنگەن مىجەز ـ
خاراكتېر، دەپ جاكارلىغان. بۇ خىل بەخت قارىشىنى ياقلايدىغان
ئالىملار بىردەك: ماددىي بايلىق ۋە تاشقى ئامىللار ئادەمنى بەختلىك
قىلىدىغان ئاساسلىق نەرسىلەر ئەمەس. مال ـ دۇنيا، شان ـ شەرەپ،
پايدا ـ مەنپەئەت، ھوقۇق ـ مەرتىۋىنى سەۋدايىلارچە قوغلىشىش ئا -
دەمنىڭ كۆڭۈل ئارامىنى بۇزىدۇ، بەخت تۇيغۇسىنى ئاجىزلاشتۇرۇ -
ۋېتىدۇ، دەپ قارايدۇ. لىزا پىلانت ناھايىتى كەسكىن قىلىپ «مې -
نىڭچە، بەختنىڭ مەنبەسى ئاددىي تۇرمۇش، ئاددىيلىق، غەمسىز -
لىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ھەقىقىي بەخت چىنلىقنى بايقىغۇچى
ئالاھىدە ئۆزلۈكتىن كېلىدۇ، ئۇ قەلب خاتىرجەملىكىنى ساقلايدۇ،
ئاددىيلىق ــ تاشقى تۈگىمەس شاۋقۇن ـ سۈرەنلەرنى تىنچىتىپ،
ئىچكى ئۆزلۈككە قايتىشنىڭ بىردىنبىر يولى. ئەملىمىزنىڭ كە -
چىككىنە ئۆسۈشى ئۈچۈن باشلىقنىڭ قاتتىق ئەيىبلەشلىرىگە ئۇز -
دىمىگەن ھەمدە يىل بېشىدىن ئاخىرىغىچە چىرايىمىزدىن كۈلكىنى
ئۆكسۈتمىگەن، تۈگىمەس ئۈچرىشىشلار ئۈچۈن كۆڭۈل قويۇپ يا -
سىنىپ، زورىغا كۈلۈمسىرەپ ئاخىر ئۆيگە قايتىپ يەككە ـ يېگانە
ۋە ئاجىز ئۆزىمىزگە يۈزلەنگەن چېغىمىزدا، بىز ئۆزىمىزگە: مەن
نېمىشقا شۇنداق قىلىمەن، ئۇ شۇنچىۋالا مۇھىممۇ، دەپ سوئال قو -
يۇشىمىز لازىم. بىزنىڭ ئېھتىياجىمىز قانچىكى ئاز بولسا، ئېرى -
شىدىغان ئەركىنلىكىمىز شۇنچە كۆپ بولىدۇ. ئازادىلىك كۆپرەك،
بىئاراملىق ئازراق بولۇش؛ چىنلىق كۆپرەك، ساختىلىق ئازراق بو -
لۇش؛ خۇشاللىق كۆپرەك، كۈلپەت ئازراق بولۇش ــ مانا بۇ، ئاددىي
تۇرمۇش تەلپۈنىدىغان نىشان» دېگەن. پىسخولوگ ئېيدى دىينا بەخت
تۇيغۇسىغا ئېرىشىشنىڭ يوللىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، «تۇرمۇش -

تىكى ئادەتتىكى ئۇششاق ئىشلاردىنمۇ بەخت ھېس قىلغىلى بولىدۇ، ئاتالمىش بەخت قەلبىمىزدىكى بىر خىل تۇيغۇ. ئۆزىمىزنىڭ بەختلىك ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ ئۆزىمىزدە بارلىرىنى قەدىرلەڭ» دەيدۇ. مەنمۇ بەخت مەسىلىسىدە دەل مۇشۇنداق پوزىتسىيەنىڭ بولۇشىنى قۇۋۋەتلەيمەن. ھەقىقەتەنمۇ بەخت دېگەن ئىلكىدىكىنى قەدىرلەشتىن كېلىدۇ، ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ قولىدىكىگە تەلمۈرۈشتىن كەلمەيدۇ. سەۋەبى: ياراتقۇچى ھېچكىمگە ھەممىنى بېردۈەتمەيدۇ. بۇ نۇقتىدا ئاۋستراليەلىك ئىككى پۇتى يوق داڭلىق ناتىق جون كېتىسنىڭ «سىز ساپما كەش كىيەلىگەنلىكىڭىز ئۈچۈن بەختلىك» دېگەن مەشھۇر سۆزى ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ.

رىياسەتچى: يالقۇن ئەپەندى، سىز «بەخت دېگەن ئىلكىدىكىنى قەدىرلەشتىن كېلىدۇ»، «ئادەمدە بەخت ھېس قىلىش ئۈچۈن قانائەت تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك» دەپ ئېيتتىڭىز. ئەمما، بىزدە بارغا قانائەت قىلىپ ياشاشنى ھورۇنلۇق، تۇرمۇشقا تۇتۇلغان پاسسىپ پوزىتسىيە، ئادەم قانائەتسىزلىك بىلەن تىرىشقاندىلا تۇرمۇشنى، مۇھىتنى ئۆزگەرتىپ ئالغا باسالايدۇ، دەپ قارايدىغان كىشىلىك ھايات قارىشىمۇ بار. بۇ ئىككى خىل قاراش ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت مەۋجۇتمۇ ـ قانداق؟

يالقۇن روزى: مەن يۇقىرىدا ئارىستوتېل، كۇڭزى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىقلارنىڭ بەختنىڭ نېمىدىن ھاسىل بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى سۆزلەپ ئۆتتۈم. ئۇلار ئوخشاشلا «بەخت قانائەتتىن كېلىدۇ» دېگەن. بەزىلەر بۇنىڭدىن پەرقلىق ھالدا «بەخت دېگەن ھەرگىزمۇ ئۆزىنى قانائەت تاپقۇزۇشتىن كەلمەيدۇ، بەلكى ئۇ قىممەتلىك نىشان يولىدا توختىماي ئىزدىنىشتىن كېلىدۇ» دەپ قارايدۇ. ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش زۆرۈركى، قانائەت قىلىش دېگەن سۆز ھەرگىزمۇ ھورۇن بولۇش، بوشاڭ بولۇش دېگەن سۆزگە باراۋەر ئەمەس. ئاچلىققا، نامراتلىققا، خار ـ زارلىققا، زۇلۇمغا، ئادالەتسىزلىككە شۈكۈر ـ قانائەت قىلىشنى نومۇس، دەپ بىلىش نورمال غۇ-



رۇغا ئىگە بارلىق ئىنسانلارغا ئورتاق.

ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئادەم قانائەتسىز مەخلۇق. قانائەتسىزلىك ئىنساننىڭ تۇغما تەبىئىتى. ئىنسان ئەنە شۇ قانائەتسىزلىك ئىچىدە بەخت ئىزدەيدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، قانائەتسىزلىك تەرەققىياتنىڭ خېمىرتۇرۇچى.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قانائەتسىزلىكنىڭ ئىجابىي تەرىپىمۇ، سەلبىي تەرىپىمۇ بار. ئۇنىڭ ئىجابىي تەرىپى شۇكى، قانائەتسىزلىك بىر خىل ئىنتىلىش كۈچى! ئاكتىپ پوزىتسىيە، شۇنداقلا تەشەببۇسكار ھالەت! ئۇنىڭ سەلبىي تەرىپى شۇكى، قانائەتسىزلىك بىر خىل ئاچ كۆزلۈك!

قانائەت قىلىش بىلەن قانائەت قىلماسلىق مەسىلىسىدە بىزدە قانداق مەنتىقە بولۇش كېرەك دېگەندە، مېنىڭچە، ئادەم بىلىمنى ئاشۇرۇش، ئەخلاقىنى يۈكسەلدۈرۈش، جەمئىيەتكە قىممەت يارىتىش جەھەتتە قانائەتسىز بولۇشى، داۋاملىق ئالدىدىكى ئۈلگىلەرگە قارىشى، ئاشۇ مۇنەۋۋەر ئۈلگىلەردىن ئىلھام ئېلىشى كېرەك. كىشىلىك

تۇرمۇشتىن بەخت ھېس قىلىش جەھەتتە قانائەتچان بولۇشى، زىيادە ئاچ كۆز بولماسلىقى كېرەك. بۇ جەھەتتە ئالدىدىكىلەرگە ئەمەس، پات ـ پات ئارقىسىغا قارىشى، ئۆزىگە مەنسۇپ تۇرمۇشتىن بەخت ھېس قىلىپ ياشاشنى ئۆگىنىۋېلىشى، قايتۇرۇپ كەلگىلى بولمايدىغان ياكى ئايرىلىپ قېلىش پېشانىسىگە پۈتۈلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەسرىتىنى چەكمەسلىكى كېرەك. ئادەم ھاياتنىڭ لەززىتىنى سۇ-رۇش خىيالىغا كېلىپ، قانائەت ھاسىل قىلغاندا، ئاندىن ئۆزىنى بەختلىك دېسە بولىدۇ. ئاچ كۆز ئادەمگە باي بولۇشمۇ ھېچقانداق ھۇزۇر بېرەلمەيدۇ. يۈسۈف خاس ھاجىپ ئېيتقاندەك «قانائەتسىز ئادەم مەڭگۈ بەختلىك بولالمايدۇ.» چەكتىن ئاشقان قانائەتسىزلىك ئىنساننى بەختسىزلىككە سۆرەيدۇ. چۈنكى، چەكتىن ئاشقان قانائەتسىزلىك ئادەمنى ئاچ كۆز، ساختىپەز، نەپسانىيەتچى، قارا نىيەت، ھەسەتخور قىلىدۇ. يۈسۈف خاس ھاجىپ ناھايىتى ئېنىق قىلىپ، «شەخسىي مەنپەئەت ئۈچۈن قانائەتچان بولۇش، ئەلنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن قانائەتسىز بولۇش زۆرۈر» دېگەن. بۇ تەشەببۇس بىزنىڭ قانائەتكە قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىزدا ئاجايىپ دانا كۆرسەتمە بولالايدۇ. شەخسىي مەنپەئەت ئۈچۈن قانائەتسىز بولۇش ھەقىقەتەنمۇ خاتىرجەمسىزلىك ۋە بەختسىزلىككە تەڭ! ئەمما، ئەل ـ ۋەتەننىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن قانائەتسىز بولۇش كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان، باشقىلارغا بەخت يارىتىدىغان قىممەتلىك روھ! بۇ جەھەتتە ياپونىيەلىك ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ ھېكايىسى بىزنى چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە قىلىدۇ.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى «مېيجى» يىلىدىكى يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتى باشلانغاندا، ياپونىيەلىك ئىككى ئوقۇغۇچى ئەينى ۋاقىتتىكى ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ تەرەققىي تاپقان دۆلەت ــ بىرىتانىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ پايتەختى لوندونغا كېلىپ مەلۇم ئۇنىۋېرسىتېتتا سانائەت پەنلىرىنى ئوقۇپتۇ. ئۇلار بۇ جەرياندا ئەنگلىيەنىڭ گۈللەنگەن سانائىتىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشۇپتۇ، ئۆز دۆلىتىنىڭ سا-

نائەت ئاساسىنىڭ تولىمۇ ئاجىز ھەم قالاقلىقىدىن قاتتىق ئۆكۈنۈ-شۈپتۇ. سانائەت بىر دۆلەتنىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى تەرەققىياتىنىڭ تۈپ ئاساسى، شۇنداقلا كۈچ - قۇدرىتىنىڭ نامايەندىسى بولغاچقا، بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەن ياپونىيەلىك بۇ ئىككى ئو-قۇغۇچى ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ، بېرىلىپ ئۆگىنىپتۇ. بىر تىيىن پۇلنىمۇ بىھۇدە خەجلىمەي سانائەتكە ئائىت ئەڭ يېڭى قوللانمىلار-نى، نازۇك تېخنىكىغا ئائىت ماتېرىياللارنى، زۆرۈر چېرتيوژلارنى توپلاپتۇ. ئۇلار بىرنەچچە يىللىق ئوقۇشنى ناھايىتى جاپادا، ئەمما ئىنتايىن كۆڭۈلدىكىدەك تاماملاپ، دوكتورلۇق قالپاقلىرىنى باش-لىرىغا كىيىشىپ، يۈك - تاقلىرىنى تېڭىشىپ، يۈكسەك ئارزۇ - ئارمانلارنى كۆڭلىگە پۈكۈشۈپ ئانا ۋەتىنى ياپونىيەگە قايتىشقا جاب-دۇنۇپتۇ، ئويلىمىغان يەردىن ئەنگلىيەنىڭ تاموژنا خادىملىرى ئۇلار-نىڭ توپلىغان ماتېرىيال - چېرتيوژلىرىنى ئېلىپ كېتىشكە رۇخ-سەت قىلماپتۇ. تاموژنا خادىملىرى «بۇ ماتېرىياللار بىزنىڭ دۆلەت مەخپىيەتلىكىمىز ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، چېگرادىن ئېلىپ چىقىپ كېتىش مەنئى قىلىنىدۇ» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. بۇ ئىككى ياپونىيەلىك ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆز ۋەتىنى ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر بولغان بۇ ماتېر-ياللارنى تاشلاپ قويۇپ قايتقۇسى كەلمەپتۇ، نائىلاج قالغان بۇ ئىك-كى ئوقۇغۇچى ئاخىر كىشىنىڭ پاراستى ۋە جاسارىتىدىن ھالقىپ كەتكەن بىر پەۋقۇلئاددە چارىنى ئويلاپ تېپىپتۇ. ئىككىسى بىر نى-يەت، بىر مەقسەتكە كېلىپ پۈتۈشۈپتۇ. ئۇلار مەردانىلىك بىلەن چەك تاشلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ بىرى ئۆلۈم يولىنى تاللاپ، قار-نىنى يېرىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ. يەنە بىرى ئۆلگۈچىنىڭ قورساق بوشلۇقىنى پاك - پاكىز ئادالاپ ئىچىگە ئەڭ زۆرۈر ماتېرىياللارنى قاچىلاپ، ئوپېراتسىيە يىپ - يىڭنىسى بىلەن تىكىپتۇ، ئاندىن مۇ-ناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئوپېراتسىيەدە ئۆلۈپ كەتكەن، ياپونلارنىڭ ئادىتى بويىچە جەسەتنى ۋەتەنگە ئېلىپ كېتىپ ئۇرۇق - تۇغقانلىد-رىغا تاپشۇرۇپ بەرمىسەم بولمايدۇ، دەپ مەلۇم قىلىپ، پاراخوت بىد-

لەن ياپونىيەگە قايتۇرۇپ كېتىپتۇ. كېيىن ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۈگۈنكى ياپونىيەنىڭ تەرەققىياتى ئەنە ئاشۇنداق ۋەتەن ئۈچۈن قانائەتسىزلىك بىلەن ئۆزىنى بېغىشلاش روھىغا ئىگە مىڭلىغان - مىليونلىغان ياپون ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ پىداكارلىقىنىڭ نەتىجىسى!

ياپونىيەلىك بۇ ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن قىلچە ئىككىلەنمەي جېنىنى پىدا قىلىشى كىشىنى ھەقىقەتەن ئويلاندۇرىدۇ. بىز ئادەتتە، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ۋەتەن توغرۇلۇق گەپ ساتىدىغان كىشىلەرنى كۆپ كۆرىمىز، ئەمما كۆپىنچىمىز ھالقىلىق پەيتتە باشقىلارنىڭ بەدەل تۆلىشىنى ئارزۇ قىلىپ، ئۆزىمىز بولسا، قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇۋالىمىز. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ۋەتەنپەرۋەرلىك يۈكسەك روھ. بۇنداق يۈكسەك روھ ھەممىلا كىشىنىڭ ۋۇجۇدىدا بولۇۋەرمەيدۇ. «ۋەتەن!» دەپ ۋارقىراپ قويۇش چوڭ گەپ ئەمەس، ۋەتەن ئۈچۈن پىداكار بولۇش قالتىس ئىش، ئەل قاتارى ياشاش مۇشكۇل ئىش ئەمەس، ۋەتەن تۇيغۇسىدا مەردانە ياشاش مۇشكۇل ئىش، ۋەتەننى سۆيۈش ھېچ گەپ ئەمەس، ۋەتەن ئۈچۈن كۆرەش قىلىش قالتىس ئىش!

دېمەك، ياپونىيەلىك ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ ئەل - ۋەتەن ئۈچۈن بەخت يارىتىش يولىدىكى يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى، يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەلنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن قانائەتسىزلىك بىلەن ياشاشنىڭ تىپىك ئىپادىسى.

رىياسەتچى: قانائەتسىزلىكنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرىپى ھەققىدە ناھايىتى ياخشى سۆزلەپ بەردىڭىز. سىزگە رەھمەت.

ھەممىمىزگە مەلۇم، ھايات يولى ئەگرى - توقاي، تۇرمۇش مۇرەككەپ، ياشاش جاپالىق جەريان. مۇشۇنداق مۇرەككەپ، جاپالىق ھايات مۇساپىسىدە ئادەم ھە دېگەندىلا ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىپ ياشىمىقى تەس. چۈنكى، ھاياتتا كۆپ ھاللاردا ئاپەت بىلەن ئامەت ئارىلىشىپ كېتىدۇ ياكى نۆۋەتلىشىپ تۇرىدۇ. تۇرمۇشنىڭ راھىتىگە قارىغاندا جاپا - مۇشەققىتى كۆپ بولىدۇ. ئادەمنىڭ ئېرىشكىنىگە

قارىغاندا يوقاتقىنى كۆپ بولىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا بەخت ھېس قى-
لىپ ياشاشنىڭ قانداق يولى بار؟ مۇشۇ جەھەتتىكى چۈشەنچىڭىزنى
سۆزلەپ باققان بولسىڭىز.

يالقۇن روزى: سۆھبىتىمىز بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىۋاتىدۇ.
سىزگىمۇ رەھمەت. ئىنساننىڭ ھايات مۇساپىسى ھەقىقەتەن خىل-
مۇخىل قىسمەتكە تولغان بولىدۇ. ئەمما، ئىشىنىش كېرەككى، مەي-
لى بەخت بولسۇن ياكى بەختسىزلىك بولسۇن نىسپىي بولىدۇ، مۇت-
لەق بەختنىڭ ئىلكىدە يايرايدىغان ياكى پۈتۈنلەي بەختسىزلىكنىڭ
قۇچىقىدا ئىڭرايدىغان ئادەم يوق دېيەرلىك. شاھانە سارايلاردا
راھەت ـ پاراغەتنىڭ ئىلكىدە ئۆسكەن شاھزادە ـ مەلىكىلەر مۇھەب-
بەت، نىكاھ مەسىلىسىدە سامانلىقتا مۇرادىغا يېتىشكەن نامرات
قىز ـ يىگىتلەرچىلىك بەخت تۇيغۇسىغا چۆمەلمەسلىكى مۇمكىن.
شەھەر ـ شەھەرلەردە ئېگىز بىنالىرى بار بايلار، تۇرمۇشى غورىگىل
ئاددىي ئائىلىلەر كۆندە دېگۈدەك بەھرىمەن بولىدىغان ئىللىق، خا-
تىرجەم، كۆڭۈللۈك، گۈزەل ئاخشامدىن تولىمۇ ئاز بەھرىمەن بولۇ-
شى مۇمكىن. شۇڭا، بەخت بىلەن بەختسىزلىك نىسپىي بولىدۇ، دەپ
قاراش ئادەتتىكى ساۋاتقا ئايلانغان. بۇ ھەقتىكى بىرقەدەر مۇرەككەپ
چۈشەنچە نېمە؟ دېگەندە، ئۇ بولسىمۇ بەختنى قانداق چۈشىنىش
مەسىلىسىدىن ئىبارەت. مۇتەپەككۇر ئالىمىمىز ئابدۇشۇكۇر مۇھەم-
مەتئىمىن بىر رۇبائىيسىدا مۇنداق دېگەن:

قىسمىتى قامۇس ھاياتنىڭ ھەر بېتى راھەت ماڭا،
مەيلى قايغۇ، مەيلى شادلىق كەلگىنى ئامەت ماڭا.
بولسا گەر قەلبىڭدە ھېكمەت قىلغۇسى جۇتنى باھار،
بولمىسا قەلبىمدە ھېكمەت ئامىتىم ئاپەت ماڭا.

بۇ رۇبائىينىڭ پەلسەپىۋى مەنىسىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى،
ئىنساننىڭ بىلىمى مول بولسا، ھاياتنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى چوڭقۇر

چۈشىنەلىسە، تەقدىرنىڭ ئويۇنلىرىنى دانىشمەنلەرگە خاس نەزەر
بىلەن كۆزىتەلىسە ھەربىر ئىشتىن بىر چوڭقۇر مەنە ھېس قىلىپ،
روھىي جەھەتتە تەمكىن، خاتىرجەم ياشىيالايدۇ. ھاياتتا ياسىداق
ئۆيلەردە، ئاپپاق يوتقان ـ كۆرپىلەرنىڭ ئۈستىدە غەم ـ قايغۇدىن
تولغىنىپ ياتالمايدىغان ئادەملەرمۇ بولىدۇ. قاراڭغۇ كامېرلاردا، پىت
يوتقانلارنىڭ ئىچىدە خاتىرجەم خورەك تارتىپ ئۇخلىيالايدىغان ئا-
دەملەرمۇ بولىدۇ. بۇ شوپېنخاۋېرنىڭ «روھىي دۇنياسى باي ئادەم-
لەرلا ئۆزىنى ئەڭ بەختلىك ھېس قىلىدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆ-
زىگە توغرا كېلىدۇ. ئەمما، روھىي جەھەتتىن باي بولۇش ئۇنداق
ئاسان ئىش ئەمەس. بۇ خىل بايلىق مىجەز ـ خاراكتېرىنىڭ ئې-
سىل، بىلىمىنىڭ مول، ئەقلىنىڭ ئۆتكۈر، غايىسىنىڭ يۈكسەك،
قىممەت قارىشىنىڭ ئۆزگىچە بولۇشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ
خىلدىكى كىشىلەر ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۈمىدۋار، خۇشال، خاتىرجەم
كەيپىياتنى ساقلاپ قالالايدۇ. چۈنكى، بۇ خىلدىكى كىشىلەر مۇئەي-
يەن ئەھۋالدا ئەقلىنى يوقاتمىغان ئادەمنىڭ يوقىتىدىغان ھېچ نەر-
سىسى بولمايدىغانلىقىنى، ھاياتتا بىر ئىشىك يېپىلغاندا، ھامان يە-
نە بىر ئىشىكنىڭ ئېچىلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ
چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرمىغان بىلەن روھىي ھالىتى ئاجايىپ
خاتىرجەم بولىدۇ. بىلىش كېرەككى، گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ، ئاغزى
يۇمۇلماي ھىجىيىپ يۈرۈش بەختلىك ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ئە-
مەس، بەلكى كۆپ ھاللاردا بۇ مەنىۋى پۇچەكلىكىنىڭ ئىپادىسى ھې-
سابلىنىدۇ. ئىنسان روھىي جەھەتتە يۈكسەكلىككە قەدەم قويماي
تۇرۇپ ھەقىقىي بەختنىڭ پەيزىنى سۈرەلمەيدۇ. قەلبى يۈكسەكلىك-
كە يەتكەن كىشىلەرنىڭ مىيىقىدىكى سۇس كۈلكىسى، مىڭلىغان
نادانلارنىڭ مەنىسىز شاد كۈلكىسىدىن ئەلا! روھىي يۈكسەكلىككە
يەتكەن ئادەملەر تۇرمۇشنىڭ ئېلىپ كەلگەن قايغۇلىرىنىمۇ، خۇ-
شاللىقلىرىنىمۇ، تەقدىرنىڭ ئاتا قىلغان ئامەتلىرىنىمۇ، ئاپەتلىرى-
نىمۇ ئۇنچىۋالا پەرۋا قىلىپ كەتمەيدىغان تۇراقلىق مەنىۋى ساپاغا

ئېرىشكەن بولىدۇ. بۇ خىل تىپتىكى ئادەملەر زىيادە ھېس ـ ھايا- جاندىن مۇستەسنا بولىدۇ. ئۇزىنى دانىشمەنلەردەك سالماق تۇتىدۇ. ئۇلار پەقەت خەيرلىك ۋە دۇرۇس ئىشلارغىلا ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇ- زىنىڭ ئەمەس، بەلكى ئۆزگىلەرنىڭ بەختى ئۈچۈن ئىنتىلىدۇ ياكى شۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە «بەخت — باش- قىلار ئۈچۈن ياشاش دېمەكتۇر.» يۈسۈف خاس ھاجىپ «ھەرقانداق ئىنسان مەيلى تىرىكلىكىدە ياكى ئۆلگەندىن كېيىنكى بەختىنى ئار- زۇ قىلىدىكەن، قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىشى لازىم» دې- گەن. پارس كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بولغان بىر شائىرمۇ بىر رۇبائىيسىدا:

ئەجەل ئوق ئاتسا قالقىنىڭ بىكار،
ئالتۇندا ئېغىناپ ياتقىنىڭ بىكار.
جاھاندا ھەممىدىن ياخشىلىق ئەلا،
بۇنىڭدىن باشقا گەپ ساتقىنىڭ بىكار.

دەپ يازغان. قىسقىسى، كىشىلىك ھاياتتىن ئېرىششنى بەخت دەپ بىلىش بىلەن جەمئىيەتكە تەقدىم قىلىپ ياشاشنى بەخت دەپ بى- لىش ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. ئېرىششنى، بەھرىمەن بولۇشنى بەخت دەپ بىلىش ئاددىي مەنىدىكى بەخت بولسا، تەقدىم قىلىشنى بەخت دەپ بىلىش ئالىيجاناب مەنىدىكى بەخت! بۇنىڭ ھەر ئىككىلىسى بەخت ھېسابلانسىمۇ، ئەمما خاراكتېرى مۇتلەق پەرقلىنىدۇ. تەقدىم قىلىپ ياشاشنى بەخت دەپ بىلىش ھەممىلا كىشىنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ.

رىياسەتچى: يالقۇن ئەپەندى، ئادەتتە توغرا بولغان بەخت قارىشى ۋە بەخت ئېڭىغا ئىگە بولۇش ھەربىر كىشى ئۈچۈن مۇھىم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىر جەمئىيەت، بىر مىللەت كىشىلىرى ئۈچۈن- مۇ ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە دەپ قارىلىدۇ. سىز مائارىپ تەتقىقاتى

جەمئىيەتتىمۇ خېلى كۆپ ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ باردىڭىز. سىز تەلىم ـ تەربىيە نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ، مىللەتنىڭ كېلەچىكى بولغان ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى توغرا بەخت قارىشى ۋە بەخت ئېڭىغا ئىگە قىلىشتا قانداق ئىشلارنى قىلىش زۆرۈر دەپ تونۇيدىغانلىقىڭىزنى سۆزلەپ باققان بولسىڭىز.

يالقۇن روزى: ھەرقانداق بىر ئادەم ئۇچۇن ئېيتقاندا، توغرا بەخت قارىشىنى تۇرغۇزۇش بەك زۆرۈر مەسىلە. چۈنكى، ئادەم ئۆمۈرۋايەت بەخت ئىزدەيدۇ. بەختلىك بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەمما، بەختنىڭ نېمىلىكىنى، ئۇنىڭ مەنبەسىنى نۇرغۇن كىشى بىلمەيدۇ. ئۇنداق كىشىلەر بەختكە ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ قەدرىگە يېتەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ بەخت ھەققىدىكى تونۇشى يېتەرسىز. ھاياتتا نۇرغۇن كىشىلەر گويا «تۆگە مىنىپ تۆگە ئىزدەپتۇ» دېگەندەك گاراڭ ياشىغان ھالەتتە ئىلكىدىكى بەختنىڭ قەدرىگە يەتمەي، ئاللىقەيەرلەردىن بەخت ئىزدەپ ياشاپ ئۇششۇقچە ئاۋارە بولۇپ، ئاخىرقى ھېسابتا تۇرمۇشتىكى مەغلۇبىيەتچىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. سەۋەبى، ئۇلار توغرا بەخت قارىشىنى شەكىللەندۇرەلمىگەن. بىزدە ئومۇمەن «بەخت كېلىدۇ نەدىن، پېشانەڭدىكى تەردىن» دېگەن بەخت قارىشى ئومۇملاشقان. بۇ قاراشنىڭ خاتا يېرى يوق، ئەمما سەل يۈزە. ئۇ كىشىلەرنى ھالال ياشاشقا، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ھايات كەچۈرۈشكە رىغبەتلەندۇرىدۇ. بۇ تەرىپى كىشىنى سۆيۈندۇرىدۇ. ئەمما، ھازىرقى مۇرەككەپ دۇنيادا پەرزەنتلەرنى بۇنداق يۈزە قاراش بىلەن توغرا، مۇكەممەل بەخت قارىشىغا، ئالىيجاناب ئاڭغا ئىگە قىلىش تەس. بىر ئادەمنىڭ قىممىتىنى ۋە مۇۋەپپەقىيىتىنى بايلىقىنى پەش قىلىش ئارقىلىق ئۆلچەيدىغان مۇشۇنداق بىر دەۋردە ماددىي نەرسە ۋە پايدا ـ مەنپەئەتنىڭ ۋەسۋەسىسى كىشىلەرنى بارغانسېرى بەخت قارىشى جەھەتتە نەزىرىنى تاشقى ئامىللارغا تىكىدىغان قىلىپ قويۇۋاتىدۇ. شۇڭا «بەخت كېلىدۇ نەدىن، پېشانەڭدىكى تەردىن» دېگەن قاراشنى مۇتلەقلەشتۇرۇۋېلىش بىر تەرەپلىمە ئۇچۇر يەتكۈزۈپ قويىدۇ.

پىسخولوگىيەدە «بەخت دېگەن بىر قەدەر تۇراقلىق راھەتلىنىش ھېسسىياتى بولۇپ، تاشقى ئامىل ئەمەس، بەلكى مۇھىمى كۆڭۈل رايىغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. روھىي ھالەت تۆۋەن بولسا، تۇرمۇش كۆڭۈلسىز بولىدۇ؛ روھىي ھالەت ئۈستۈن بولسا، تۇرمۇش كۆڭۈللۈك ۋە راھەت سېزىلىدۇ. بەختنىڭ تەخمىنەن 15% كە يېقىنراقى تاپاۋەت ۋە مال ـ مۈلۈككە، 85% تىن ئارتۇقراقى تۇرمۇشقا تۇتۇلغان كۆزقاراشقا، ئۆزىنى بىلىش ۋە كىشىلەر ئارا مۇناسىۋەتكە باغلىق بولىدۇ» دەپ قارايدۇ. روھىي ھالەت ئۈستۈن بولۇش ئۈچۈن ساغلام ھەۋىسى بولۇش، تۇرمۇش مەقسىتى بولۇش، يۇمۇرلۇق ھېسسىياتى بولۇش، ئۈمىدۋار پوزىتسىيەسى بولۇش، ھۇزۇرلىنىشنى بىلىش، كۆزىتىش نۇقتىسى كۆپ بولۇش، ئەقىل ـ پاراسەتلىك بولۇش، غۇرۇرلۇق بولۇش كېرەك. بىز ياش ـ ئۆسمۈرلەردە توغرا بەخت قارىشى ۋە بەخت ئېڭى شەكىللەندۈرۈشتە تەلىم ـ تەربىيە مەزمۇنىنى قاراتمىلىق ھالدا تۆۋەندىكى تەرەپلەردە كونكرېتلاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

بىرىنچى، ساغلام ھەۋەس يېتىلدۈرۈشكە ئادەتلەندۈرۈش كېرەك. ساغلام ھەۋەسنىڭ بولۇشى كىشىلىك تۇرمۇشنى ھۇزۇرلۇق جەريانغا ئايلاندۇرىدۇ. ئادەم ئۆزى قىزىقىدىغان ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولسا كۆڭلىرىنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى بىلمەيلا قالىدۇ. مەسىلەن، كىتاب ئوقۇش، مۇزىكا ئاڭلاش، سەيلە قىلىش، ماگىزىن ئارىلاش، گۈل ئۆستۈرۈش، قۇش بېقىش... قاتارلىقلار ساغلام ھەۋەس ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسىدا ئەلياسكام دېگەن بىر بوۋاي بولىدىغان، بۇ كىشىنىڭ ئۆزگىچە بىر ساغلام ھەۋىسى بولۇپ، گېزىت ـ ژۇرناللاردىن ئۆزى ياقتۇرغان مەزمۇنلارنى تۈرلىرى بويىچە قىيىپ چاپلايتتى. ئۇ كىشىنىڭ قىيىپ چاپلىغان ماتېرىياللىرى مەن كۆرگەن چاغدا 30 نەچچە توپلام بولغانىكەن، ئۇ كىشى بۇ ماتېرىياللارنى تولىمۇ تۈجۈپىلەپ توپلىغان بولۇپ، كۆرگەن كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايتتى. مېنىڭچە، ئەلياسكام دېگەن بۇ ئادەم ئۆتۈپ كەتكۈچە كۈنلىرىنى مەنىلىك ھەم بەختلىك ئۆتكۈزدى دەپ ئويلايمەن.

مەن. ئەمما، ساغلام بولمىغان ھەۋەس باشقىلارنى يىرگەندۈرىدۇ ھەم شۇ خىل ھەۋەسكە بېرىلگەن كىشىنى بارا ـ بارا نابۇت قىلىدۇ.

ئىككىنچى، تۇرمۇش مەقسىتى تۇرغۇزۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مەقسىتى ناھايىتى مۇھىم. مەقسىتى يوق ئادەم گاھ ئوڭغا، گاھ سولغا دەلدۈگۈنۈپ، ئېگىز ـ پەس دەس-سەپ ماڭغىنىچە يۈنىلىشنى بەلگىلىمىگەن ھالدا كېتىۋاتقان مەست كىشىگە ئوخشايدۇ. بۇنداق روھتىكى ئىنسانلار روھىيەت باياۋانىدا ئۈمۈرۋايەت سەرگەردان بولۇپ ئۆتىدۇ. مەقسىتى بار ئادەم ئىنتىلىش ئىچىدە ياشايدۇ. بۇنداق تەشەببۇسكار ھالەتتە ئۆز نىشانىنى كۆزلەپ ياشاشقا ئادەتلەنگەن ئادەم تۇرمۇش مۇساپىسىدىكى ئۆتكۈنچى نەرسى-لەرگە مەستانە بولۇپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويمايدۇ.

ئۈچىنچى، ئېسىل مىجەز ـ خۇلق يېتىلدۈرۈشكە رىغبەتلەندۈ-رۈش كېرەك. مىجەز ـ خۇلقى ئېسىل بولۇش، خاراكتېرى ئوچۇق ـ يورۇق بولۇش كىشىلىك ھاياتتا دائىم دېگۈدەك خۇشال كەيپىياتنى ساقلاپ ياشاشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. مىجەز ـ خاراكتېرى ئېسىل كىشىلەر پارلاق ھايات كەچۈرەلمىگەن تەقدىردىمۇ، بەختلىك ياشاي-دۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ناھايىتى ئەپۇچان كېلىدۇ ھەم يۇمۇرلۇق تۇيغۇغا باي بولىدۇ. بۇرۇن بەستەمىي ئە-سىملىك بىر دانىشمەن ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئادەم باغدادنىڭ بىر خالتا كوچىسىدا كېتىۋاتسا، ئىككىنچى قەۋەتتە ئۆيى بار بىر مەينەت خو-تۇن بىر جاۋۇر كۈلنى دېرىزىسىدىن سىرتقا تۆككەنىكەن، ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بەستەمىينىڭ ئۈستىبېشىغا چۈشۈپ قارىغۇسىز قىلىۋې-تىپتۇ، بەستەمىي قاتتىق غەزەپلىنىپ بولۇپ، ئارقىدىن ئۆز ـ ئۆ-زىگە «ھەي بەستەمىي، سېنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىڭ ئۈچۈن، ئاسماندىن بېشىڭغا كۈل ئەمەس چوغ ياغسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ. ئار-تۇقچە غەزەپلەنمەي، شۈكۈر ئېيتىپ يولۇڭغا مېڭىۋەر» دەپتۇ.

دېمەك، بەستەمىينىڭ ئەپۇچانلىقى ھەم يۇمۇرلۇق خاراكتېرى ئۇنىڭ كەيپىياتىنى دەرھال تەڭشەپ، روھىي جەھەتتىكى خۇشاللى-

قىنى ساقلاپ قالغان.

تۆتىنچى، ئۈمىدۋار پوزىتسىيە يېتىلدۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. ئادەم كىشىلىك ھاياتنىڭ ئەگرى ـ توقاي مۇساپىسىدە ئۇرغۇن پېشكەللىكلەرگە يولۇقماي قالمايدۇ. بۇنداق چاغدا ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتى ۋۇجۇدىڭىزنى چۇلغىۋالىدۇ. دەل مۇشۇنداق پەيتلەردە ئۈمىدتىن ۋاز كېچىشنىڭ ھاياتىڭىزنى زاۋاللىققا يۈزلەندۈرىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىشىڭىز كېرەك. پېشكەللىكلەر ئېلىپ كەلگەن غەم ـ قايغۇلار ئىچىدە تىمىسقىلاپ يۈرۈش، ئوڭۇشسىزلىقلار ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇپ يۈرۈش ئۆز ـ ئۆزىڭىزگە قىلغان ئەڭ قاتتىق ئۇۋالچىلىق. ھازىرقى زاماندىكى ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا «غودۇڭشۇيدىغان ئەۋلاد» بارلىققا كەلدى. بىر كۈنى بىر جەمئىيەتشۇناس گۈللۈكتە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرسا، كەينى تەرەپتىن بىرنەچچە ياشنىڭ قىلىشىۋاتقان سۆزلىرى قۇلىقىغا كىرىپ قاپتۇ. ئۇ ياشلار «ھايات نېمىدېگەن مەنىسىز»، «بۇ كۈنلەر نېمىدېگەن زېرىكىشلىك»، «ياشىغاننىڭ نېمە پايدىسى؟» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىشىپتۇ، جەمئىيەتشۇناس ھەيران بولۇپ، بۇلارنىڭ بېشىغا قانداق ئېغىر كۈنلەر كەلگەندۇ، ئۇلار قانداق يامان تۇرمۇشتا قالغاندۇ؟ دېگەندەك ئويلار بىلەن، ئورنىدىن تۇرۇپ، گۈللەرنى قايرىپ قارىسا، بۇ سۆزنى قىلىۋاتقانلار سۇ ئۈزۈش كۆلچىكىدە، يەل تۇشقۇزۇلغان پالاسنىڭ ئۈستىدە سۇغا چىلىنىپ راھەتلىنىپ ياتقان تۆت ـ بەش ياش بالىلار ئىكەن. ئۇلار دەۋاتقان گەپنى ھەرگىزمۇ ئۇ قەدەر راھەت تۇرمۇشتا ياشاۋاتقان ئادەملەر دەيدىغان گەپ ئەمەس. ئەمما، ئۇلار بۇ يارىماس گەپلەرنى راستتىنلا قىلغان، دېمەك ئۈمىدسىز روھتىكى ئادەم تۇرمۇشتىكى پېشكەلچىلىكلەرگە، ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغاندا ئەمەس، راھەت تۇرمۇش ئىچىدىمۇ ئوخشاشلا مەغلۇبىيەت بايرىقىنى لەپىلدىتىپ ياشايدۇ. بۇنداق ياشاش ھاياتنىڭ قىممىتىنى تولىمۇ تۆۋەن ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

بەشىنچى، ھاياتتىن ھۇزۇر ھېس قىلىپ ياشاشنى ئۆگىتىش

كېرەك. ھاياتتىن ھوزۇر ھېس قىلىپ ياشاش كۆپ ھاللاردا ئادەم-نىڭ تەربىيە كۆرگەن ـ كۆرمىگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالىدۇ. ياخشى تەربىيە كۆرگەن بىر ئادەم بىلەن يەپ ـ ئىچىشنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان بىر ئادەم ياپپېشىل بىر تاغقا بىللە سايا-ھەتكە چىقسا، بۇ جايدىكى مەنزىرە ئۇلاردا ئوخشاشمىغان ھېسسىيات پەيدا قىلىشى مۇمكىن. رەڭگارەڭ گۈللەر يەلپۈنۈپ تۇرغان، بولۇق ئۆسكەن يايلاق ياخشى تەربىيە كۆرگەن كىشىگە كۆرۈپ قانمايدىغان گۈزەل مەنزىرە سۈپىتىدە كۆرۈنۈشى مۇمكىن، يەپ ـ ئىچىشنى ئەلا بىلىدىغان ئادەمگە قىزىقتۇرۇشچىلىكى يوق ئوت ـ چۆپ سۈپىتىدە كۆ-رۈنۈشى مۇمكىن، نەتىجىدە، تەربىيە كۆرگەن كىشى بىر ـ بىرىدىن ئېگىز تاغلارغا، جەلپكار قارىغايزارلىقلارغا، يەلپۈنۈپ تۇرغان گۈل ـ چىمەنلەرگە قاراپ، ساپ ھاۋادىن قانغۇچە نەپەسلىنىپ، ئاجايىپ گۈزەل ھېسلارغا چۆمۈلۈشى مۇمكىن. يەپ ـ ئىچىشنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان ئادەم ئاقئۆينىڭ ئىچىگە كىرىپ، پۇشۇلداپ ئولتۇ-رۇپ گۆش ـ ماي يەپ، ئاچچىق ھاراقنى مەززە قىلىپ ئىچىپ، خۇ-دىنى يوقاتقان ھالدا ھوزۇر سۈرۈشى مۇمكىن. قارىماققا، ھەر ئىك-كىلىسى ھوزۇرلانغان بولسىمۇ، ئەمما سۈپەتتە ئاسمان ـ زېمىن پەرق بار.

ئالتىنچى، بەختكە توغرا يول بىلەن ئېرىشىش تەربىيەسى بېرىش كېرەك. ھازىرقى ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆزىنى مەركەز قىلىش ئە-دىيەسى كۈچلۈك. ھەممە كىشىنىڭ ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۆزىنى زىيادە مۇھىم چاغلىۋالىدۇ. ئۆزىنىڭ ھەممە ئىشى يوللۇقتەك ئويلايدۇ. ئىنسان ئۆزىنىڭ قەلبىنى بۆلغاش بەدىلىگە ئېرىشىدىغان خۇشاللىقلارغا ، ئادىمىيلىكنى قۇربان قىلىش بەدە-لىگە ئېرىشىدىغان بەخت تۇيغۇسىغا ئۆزىنى ئۇرمىغان ياخشى. چۈن-كى، تەبىئىتى رەزىل خۇشاللىقلار دەماللىققا ئادەمنى شادلىق تۇي-غۇسىغا غەرق قىلغان بىلەن، ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن كىشىنى تو-لىمۇ بىئارام قىلىدۇ، ۋىجداننى ئازابلايدۇ. باشقىلارنىڭ نەزىرىدىكى

ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈۋېتىدۇ. ھەتتا يامان ئاقىۋەتكە دۇچار قىلىدۇ. شۇڭا، ئىجتىمائىي تەرتىپ، ئەخلاقىي پرىنسىپ، قانۇن ـ مىزانلارغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئاتالمىش بەختنى قوغلاشماسلىق كېرەك.

يەتتىنچى، جاپا ـ مۇشەققەت ئارقىلىق تاۋلاش كېرەك. يەنى جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدىمۇ بەخت ئامىللىرى بارلىقىغا ئىشەندۈرۈش كېرەك. بىلىش كېرەككى، تۇرمۇش شارائىتى ناچار، غورىگىل ھايات كەچۈرۈۋاتقان كەمبەغەل بالىلار قارىماققا بەختسىزدەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇلار قىيىنچىلىقنى يېڭىپ تۇرمۇش ئۆتكۈزۈپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، ئادەتتە پۇل خەجلىمەي ئېرىشكىلى بولمايدىغان خىسلەتلەر، قىيىنچىلىقنى يېڭىش، مۇستەقىل ياشاش، تۇرمۇشقا توغرا مۇئامىلە قىلىشتەك ئېسىل پەزىلەتلەرگە ئىگە بولۇپ، كەلگۈسىدە بەختلىك تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش ئاساسىغا ئىگە بولىدۇ. بىلىش لازىمكى، ئانچە ـ مۇنچە جاپا تارتىش، ئۆگىنىشسىزلىققا ئۇچراش بالىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىدە كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم مەسىلە.

سەككىزىنچى، مول مەنىۋىلىككە ئىگە بولۇش ھەققىدە تەربىيە بېرىش كېرەك. مەنىۋى دۇنياسى نامرات ئادەملەر تۇرمۇشتىن، تەبىئەتتىن كېلىدىغان ھېسسىي تۇيغۇلارغا قىزىقىپ كەتمەيدۇ. ئۇلار ھەممە نەرسىنى پايدا ـ زىيان ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچەيدۇ. ھېسسىي ئەھمىيەتكە، روھىي قىممەتكە ئىگە نەرسىلەرنىڭ قىممىتىنى كونكرېتلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. ئۇلار ئادەتتە «نېمە پايدىسى؟» دېگەن سوئالنى قويۇش ئارقىلىق ھەممە نەرسىدىن ماددىي مەنپەئەت ئىزدەيدىغان خاھىشنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇلارغا ھېسسىي ئەھمىيەتكە، روھىي قىممەتكە ئىگە نەرسىلەرنىڭ قىممىتىنى چۈشەندۈرۈش بىھۇدە ئاۋارىچىلىك بولىدۇ. ھەرقانداق نەرسىنىڭ كونكرېت، ئېنىق قىممەتكە ئىگە بولۇشىنى، ئېنىقراق ئېيتقاندا، روشەن ماددىي مەنپەئەت ئاتا قىلىدىغان بولۇشىنى ئارزۇ قىلىش تۇرمۇشنىڭ مەزمۇنىنى ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىدۇ، ئادەمنىڭ ھېسسىياتىنى نامراتلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

مول مەنىۋىلىكككە ئىگە بولۇشلا ئادەمنىڭ ھاياتىنى ئىنسانىي سۇ-پەتكە ئىگە قىلىدۇ.

توققۇزىنچى، غۇرۇرنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش ھەققىدە تەربىيە بېرىش كېرەك. بۇ جەھەتتىكى تەربىيە بەخت ھەققىدىكى ئەڭ نېگىزلىك تەربىيە. ئەگەر ئادەم غۇرۇرىدىن ۋاز كەچسىلا ياشاش يولى تولىمۇ جاپا ـ مۇشەققەتسىز جەريانغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

بىر ئادەم غۇرۇرسىزلىق شاھادەتنامىسىنى ئالغاندا «يۈزۈمنىڭ قېلىنلىقى، جېنىمنىڭ راھىتى» دەپ يۈزىنى پولۇدەك قىلىپ بو-لۇشىغا ياشاۋېرىدۇ. ئەمما، ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ ئىززەت ـ غۇرۇرى ھەرقانداق نەرسىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. شۇڭا، ئادەمدە ئۆزىنىڭ ئادەملىك قەدىر ـ قىممىتىنى قوغداش، يوق بولسا قولغا كەلتۈرۈش ئىرادىسى بولۇشى كېرەك. بۇ بىر خىل غۇ-رۇر، شۇنداقلا بىر خىل بەخت. ھاياتتا غۇرۇرىنى ساقلاپ ياشاش ئا-دەمنى بەكمۇ لەززەتلىك بەخت تۇيغۇسىغا مۇيەسسەر قىلىدۇ. بۇنداق شېرىن تۇيغۇنى غۇرۇرى يوق ئادەملەرنىڭ ھېس قىلىپ يېتەلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. مەرتىۋىسىنىڭ كىچىككىنە ئۆسۈشىنى تا-ما قىلىپ، يىل بويى «خوش ـ خوش» دەپ ياشاشقا ئادەتلىنىپ كەت-كەن بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ مەنىۋى جەھەتتە ئۆزىنى مەغرۇر تۇ-تۇپ، غۇرۇرى بىلەن ياشاشنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلىپ يېتەلىشى تولىمۇ تەس! ھازىر جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مەنپەئەت تۇيغۇسى بارغانسېرى كۈچىيىپ، غۇرۇر تۇيغۇسى بارغانسېرى ئا-جىزلاپ كېتىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئۆزى جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بىر جەمئىيەتنىڭ بەختسىزلىكى، بىر خەلقنىڭ بەخت-سىزلىكى! چۈنكى، غۇرۇردىن خالىي قەلب مەجرۇھ قەلب. شۇڭا، ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە ھايات مۇساپىسىدە ئىنسانىي غۇرۇر بايرىقىنى ھەر دائىم لەپىلدىتىپ ياشاش ھەققىدە تەربىيە بېرىش كېرەك.

ئونىنچى، ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە بەختكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە رىياسەتچى: يۇقىرىدا بەختكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە ئەتراپلىق سۆھبەتلەشتۇق. سۆھبىتىمىزگە ئىشتىراك قىلغان

مېھمانلارمۇ بەخت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى سۆزلەپ ئۆتتى. يالقۇن ئەپەندى، سىزدىن ئاخىرىدا شۇنى سورىغۇم كېلىۋاتىدۇ. ھەربىر ئادەم كۈندىلىك تۇرمۇشىدا بەخت ھېس قىلىپ ياشاش ئۈچۈن زادى قانداق تۇرمۇش پوزىتسىيەسىنى شەكىللەندۈرۈشى زۆرۈر دەپ قارايسىز؟

يالقۇن روزى: مۇتەپەككۇرلار ھاياتنى بىر كىتابقا ئوخشىتىدۇ. ھاماقەت كىشىلەر بۇ كىتابنى گويا ئات ئۈستىدە گۈل كۆرگەندەك قول ئۇچىدا ۋاراقلاپ قويۇپلا بولدى قىلىدۇ. پاراسەتلىك كىشىلەر بۇ كىتابنى تولىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن ئوقۇيدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھاياتتىن ئىبارەت بۇ كىتابنى پەقەت بىرلا قېتىم ئوقۇغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق ئادەم كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ ئۇششاق ئىشلاردىنمۇ بەخت ھېس قىلىپ ياشاشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. بۇ نۇقتىدا قارىنىڭ لەپىلدەپ يېغىۋاتقان ھالىتىنى كۆرۈشمۇ بىر بەخت. قۇشلارنىڭ چۇرۇلداپ سايراشلىرىنى ئاڭلاشمۇ بىر بەخت. ھۇپپىدە ئېچىلغان بىر تال گۈلنى كۆرۈشمۇ بىر بەخت. باللارنىڭ تاتلىق كۈلكىسىنى كۆرۈشمۇ بىر بەخت. تۈن قوينىدا چاراقلاپ يېنىپ تۇرغان يۇلتۇزلارنى كۆرۈشمۇ بىر بەخت. شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان بۇلاقلارنى كۆرۈشمۇ بىر بەخت.

ئادەم ئۆز قىسمىتىدىن قاقشاپ، ئۆز تۇرمۇشىدىن دادلاپ ياشاۋەرمەي، ئۆزىدە بار نەرسىلەرنى قەدىرلەپ ياشاشنى، ئۆزىگە تەۋە نەرسىلەردىن ھۇزۇرلىنىشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. ئەڭ ياخشىسى باشقىلارغا ھەۋەسلىنىپلا يۈرمەي، ئۆزىگە ماس كېلىدىغان، ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان تۇرمۇشتىن ھۇزۇرلىنىپ ياشاشنى ئۆگىنىۋېلىشى لازىم. بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلاپ دېيىدىغىنىمىز شۇكى، بەخت — ئىلكىدىكىنى قەدىرلەشتىن كېلىدۇ، ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ قولىدىكىگە تەلمۈرۈشتىن كەلمەيدۇ. ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ياراتقۇچى ھېچكىمگە ھەممىنى بېرىۋەتمەيدۇ.

رىياسەتچى: قەدىرلىك كۆرۈرمەنلەر، بىز بەخت توغرىسىدىكى

بۈگۈنكى سۆھبىتىمىزدىن ئىلھاملىنىپ، ئۆزىمىزگە يۈزلەنگەن ھالدا «مەن بەختلىكمۇ» دەپ سوراپ باقايلى. جاۋابىمىز ھەر خىل بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئېسىمىزدە بولسۇن، مانا مۇشۇ سوئال بىز-نىڭ بەخت ھەققىدىكى ئاڭلىق ئىزدىنىشىمىزنىڭ بىرىنچى قەدىمى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

قەدىرلىك كۆرۈرمەنلەر، بۈگۈنكى سۆھبىتىمىز مۇشۇ يەردە ئا-ياغلاشتى. كېلەركى ھەپتىدىكى سۆھبىتىمىزدە كۆرۈشەيلى، ئامان بولۇڭلار. خەير - خوش.

# زادى قانداق ئانىلار ئۇلۇغ

يېقىنقى يىللاردا شېئىر ـ قوشاقلاردا، سەھنە ـ ئېكرانلاردا «ئانىلار ئۇلۇغ»، «جاھاندا ئەڭ ئۇلۇغ ئىنسان ئانا»، «ئانا ھەممىدىن ئۇلۇغ» دېگەنگە ئوخشاش تەرىپ ۋە مەدھىيە سۆزلىرى خېلى كەڭ ئومۇملىشىپ قالدى. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە، كىشىلەرمۇ بۇ سۆزلەرنى دائىم دېگۈدەك ئىستېمال قىلىدىغان بولدى. كىشىلەر ئانىلارنى نېمە ئۈچۈن بۇنداق قارىغۇيۇق ئۇلۇغلايدۇ؟ مېنىڭچە، ئۇلار ئومۇمەن مۇنداق قارايدۇ: «ئانىلار توققۇز ئاي توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ بالا تۇغىدۇ، يەنە ئېمىتىدۇ، بالىنى پەرۋىشلەپ چوڭ قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئانىلار ئۇلۇغ، ئانىلار ئۇلۇغلاشقا تېگىشلىك ئىنسانلار!»

قارىماققا، ئانىلارنى بۇنداق ئۇلۇغلاشنىڭ مەلۇم ئاساسى باردەك قىلىدۇ، ئەمما ئانىلارنى مۇشۇ ئۆلچەم، مۇشۇ شەرتلەر بويىچە ئۇلۇغلاشقا توغرا كەلسە، بۇنداق «ئۇلۇغلاش» چۈشەنچىسىدىن كەم دېگەندە مۇنداق تۆت تۈرلۈك زىددىيەتلىك پىكىر تۇغۇلىدۇ:

بىرىنچى، ئانىلار ئۇلۇغ بولسا، دادىلار ئۇلۇغ ئەمەسمىكەن؟ شۈبھىسىزكى، بۇ بىر ئورۇنسىز تالاش ـ تارتىشنى پەيدا قىلىشتۇر. بىلىش لازىمكى، ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئاياللىرى ئۇلۇغلۇق مەرتىۋىسىگە ئىگە بولۇپ، ئەرلىرى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت ئەمەس. ئۇلۇغلۇق ئادەمنىڭ جىنسى، يېشى، نەسەبى، مىللىتى ئاساس قىلىنىپ ئايرىلىدىغان مەسىلە ئەمەس. شۇنىڭدەك، ئانىلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى قانداقتۇر «ئۇچار قاناتلاردىن جان ـ جانىۋارلارغىچە بولغان پۈتكۈل جانلىقلار دۇنياسىدىكى چىشى جىنسلىقلارغا ئورتاق بولغان تۇغۇش، بېقىش، ھىمايىسىگە ئېلىش، ئاسراش ـ پەرۋىش قىلىشتەك جەريان بىلەنلا چەكلەنسە كۇپايىلەن ـ

مەيدۇ.» ئانىلارنىڭ ئارىسىدىمۇ ئۇلۇغ ئانىلار بار، دادىلارنىڭ ئارىسىدىمۇ ئۇلۇغ دادىلار بار. ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ «ھەممىسىلا ئۇلۇغ» ئەمەس! ئانىلارنى ئۇلۇغلاپ ئاجايىپ پاساھەتلىك مىسرالارنى تۈزگەن، ئانىلارنى مەدھىيىلەپ ناخشا ـ قوشاقلارنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا، بىز بۇنداق ھاياجانلىق ھېسسىياتنىڭ قانداق ھەقىقەتنى ئۆلچەم قىلىشى لازىملىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. ھەقىقىي ئۇلۇغلۇق «بالا تۇغۇش» بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئۇلۇغ ئىدىيەنى، ئۇلۇغ نىشاننى تۇغۇش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ھەقىقىي ئۇلۇغ ئانا، قىيىن تاللاشلارغا توغرا كەلگەندە توغرا يول تاپالايدىغان ئەقىل ـ پاراسىتى بىلەن، ئەۋلادلىرىنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ئىككىلەنمەي يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدىغان جەڭگىۋار روھى بىلەن، كىشىنى ئەيمەندۈرىدىغان ۋە قايىل قىلىدىغان پاكلىقى بىلەن، ھۆسنىگە مەڭگۈ ئۆزگەرمەس لاتاپەت قوشىدىغان پەزىلىتى بىلەن، يىمىرىلمەس قورغاندەك ئېتىقادى بىلەن ئۇلۇغ بولىدۇ. بىرلا جۈملىگە يىغىنچاقلىغاندا، مەيلى ئەر، مەيلى ئايال، مەيلى دادا، مەيلى ئانىغا نىسبەتەن بولسۇن، «ئۇلۇغ» لۇقىنىڭ ئەڭ ئالىي شەرتى — خەلقچىللىق؛ قانچىكى ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر ئادەم بولسا، شۇنچە ئۇلۇغ بولىدۇ... مۇشۇنداق شەرتنى ھازىرلىغان ئانا ئەمەس، بەلكى ئېمىكئانا بولسىمۇ، ئوخشاشلا ئۇلۇغ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئانىلار قارىغۇلارچە ھالدا ئۇلۇغلانسا ياكى ئۇلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى «بالا تۇغۇش، ئېمىتىش، چوڭ قىلىش» قىلا باغلاپ قويۇلسا، ئانىلارنىڭ مەسئۇلىيەت ئېڭى ئاجىزلاپ، ئۆزىگە قويىدىغان تەلىپى تۆۋەنلەپ، بىخۇدلىشىپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. چۈنكى، ئانىلارنىڭ بىر مىنۇتمۇ ئەستىن چىقارمايدىغان مەسئۇلىيىتى — ئائىلە ۋە مىللەتنىڭ كېلەچىكى بولغان بالىلىرىنى جاپالىق ئەجىر، دۇرۇس تەربىيە بىلەن تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرالايدىغان يارامىلىق ئىنسانلارغا، ئانا ۋەتەننىڭ دەۋىتىگە قولاق سالىدىغان، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كويىدا پىداكارلىق كۆرسىتىدىغان ئەزىمەتلەرگە ئايلاندۇ-

رۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. بالزاكنىڭ «مىللەتنىڭ كىيلەچىكى ئانىلارنىڭ قولىدا» دېگەن مەشھۇر سۆزى دەل ئانىلارنىڭ مۇشۇنداق شەرەپلىك مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالىشى ياكى ئادا قىلالماسلىقىغا قارىتا ئېيتىلغان.

ئانىلارنى ئۇلۇغلاشتا ئۆلچەم ھېسابلىنىدىغان يوقىرىقى شەرت ۋە مەسئۇلىيەت ئېنىقى نەزەردىن ساقىت قىلىنىپ، «ئۇلۇغ» دېگەن سۆپەتنى، پەرزەنت يۇزى كۆرگەنلىكى ئانىغا ئاتا قىلىنىۋېرىش — بىر مىللەتنىڭ قىممەت تارازىسىنىڭ مۇجمەللەشكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. ئەگەر ئانىلار قارىقويۇق ئۇلۇغلىنىپ، ئۇلارغا بىر تەرەپلىمە ھالدا مەدھىيە ئوقۇلۇۋەرسە، ئانىلار ئارىسىدىكى ئۆز - ئۆزىنى تونۇش ئېڭى تېخى يېتەرلىك ئويغانمىغان مىليونلىغان نادان ئانىلار خاتا ئىلھاملاندۇرۇلۇپ، ئائىلىدە ئەرلىرى بىلەن مەرتىۋە ۋە باراۋەرلىك دەۋاسى قىلىدىغان ئاقىۋەت ئۇلغىيىپ كېتىدۇ. ئەگەر بۇنىڭغا «ئەر - ئاياللار ھوقۇقتا باراۋەر» دېگەن قانۇن تەشۋىقاتىنى خاتا چۈشىنىپ، ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا، ھەممە ئىشتا تەتبىقلاشقا ئۇرۇنۇش خاھىشى قوشۇلسا، «ئائىلە» دىن ئىبارەت ئىمارەتكە ئىچىدىن دەز كېتىشكە باشلايدۇ. ئېنىقكى، بىر ئائىلىدىكى بارلىق ئەزالار ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا تەلەپ قىلىدىغان ھوقۇق، ئادا قىلىدىغان مەجبۇرىيەت مەۋجۇت. ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت «قانۇنىيەت» تىن ئىبارەت مۇقەددەس مىزان ئۈستىگە قۇرۇلغان. «قانۇن» بىلەن «قانۇنىيەت» ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە، ئاۋۋال قانۇنىيەتنىڭ مىزانىغا بويسۇنۇش، ئاندىن قانۇننىڭ نىزامىغا مۇراجىئەت قىلىش كېرەك. ھەرقانداق ئائىلىدە بۇ خىل «قانۇنىيەت ئېڭى» ئاجىزلاپ، «قانۇن ئېڭى» كۈچىيىپ كېتىدىكەن، ئۇنداق ئائىلە رىقابەتلىشىۋاتقان رەقىبلەر سورۇنىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بىر ئائىلىدىكى ھەربىر ئەزا ئۆزىنىڭ قانۇنىيەتكە ئويغۇن بولغان سالاھىيىتىنى ئېنىق تونۇسا، يەنى دادا دادىلىق، ئانا ئانىلىق، ئەر ئەرلىك، ئايال ئاياللىق، بالا بالىلىق سالاھىيىتىنى ئېنىق تو-

نۇسا ۋە شۇ ئاساستا مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلسا، بۇنداق ئائى-
لە ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنىڭلا ئەمەس، بەلكى بىر جەمئىيەتنىڭ،
بىر مىللەتنىڭ شەرىپىنى يۇقىرى مەرتىۋىگە كۆتۈرىدۇ.

«زامانىۋىلىشىش» نى يېتەكچى شوئار قىلغان ھازىرقى زامان
جەمئىيىتىدە، ئىنسان تەبىئىتىگە يېتەرلىك ھۆرمەت قىلىش، ئەر
بىلەن ئايالدىن ئىبارەت ئىككى جىنس ئۆزىگە مۇناسىپ مەسئۇلى-
يەتنى ئۈستىگە ئېلىشتەك قەدىمىي مۇقەددەس تەڭپۇڭلۇق كۈنسايىن
بۇزۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ. «ئەركىنلىك»، «باراۋەرلىك» شوئارى ئاس-
تىدا، ئەرلەرنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، «ئائىلە» دىن ئىبارەت
ئىللىق ئۇۋىسىنى تاشلاپ قويۇپ، ئۆزىنى سىرتقا ئېتىۋاتقان ئا-
ياللار كۈنسايىن كۆپەيمەكتە... مۇشۇنداق نامۇۋاپىق يۈزلىنىش سە-
ۋەبىدىن بۇزۇلغان ئائىلىلەرنىڭ سانى شىددەت بىلەن ئاشماقتا، ئا-
ئىلە نىزامى جەھەتتە ئەركىنلەشكەن ئائىلىلەر ناھايىتى مۇشكۈل
ئەخلاق كىرىزىسىغا پاتماقتا. ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، قان كېچىپ
قۇربان بېرىپ قولغا كەلتۈرىدىغان ئەركىنلىك بار، شۇنداقلا يەنە
ئالىقىنىڭدا تۇرسىمۇ، ئىككىلەنمەي چۆرۈپ تاشلىۋەتسە بولىدىغان
ئەركىنلىكمۇ بار! شۇڭا، «ئەركىنلىك» مەسىلىسىنى ئائىلىگە تەد-
بىقلىغاندا، باشقىچە ئويلىشىپ بېقىش كېرەك. مېنىڭچە، ئەركىن-
لىكنى ئەمەس، «مەجبۇرىيەت» نى شوئار قىلغان ئائىلە ــ پالاكەت-
چىلىكتىن يىراق ئائىلە.

ئىككىنچى، ئانىلارنى قارىقويۇق ئۇلۇغلاش ھادىسىسى ــ ھەقى-
قىي ئۇلۇغ ئانىلارغا قىلىنىغان ئادالەتسىزلىك، ھەتتا ھاقارەت بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئانىلار بارلىق ئانىلارغا ئورتاق بولغان «بالا تۇ-
غۇش، ئېمىتىش، چوڭ قىلىش» تەك ئومۇمىي شەرت بىلەن ئۇ-
لۇغلانسا، ئۆز نۆۋىتىدە بۇ باشقىلارنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن
كۆيۈپ ـ پىشىدىغان، ھەققانىيەت يولىدا قۇربان بېرىشكە توغرا
كەلسە، ئىككىلەنمەي قۇربان بېرىشكە تەييار تۇرىدىغان پىداكار، با-
تۇر، غۇرۇرلۇق، مەسئۇلىيەتچان ئانىلارغا قىلىنىغان ئادالەتسىزلىك

بولىدۇ. ئانىلار ئارىسىدا، ئەۋلادلىرىنىڭ ئىستىقبالى ئۈستىدە كې-
چىلىرى كىرپىك قاقماي ئويلىنىپ، گۈزەل كېلەچەك، پارلاق ئىس-
تىقبال ۋە غالىب ئاقىۋەتلەرنىڭ ئارزۇسىدا يىلالندەك تولغىنىپ،
ئوت ـ ئاتەش بولۇپ ياندىغان ئانىلارمۇ بار؛ تالڭ ئاتقۇچە ئەيش ـ
ئىشرەت كۆلۈبلىرىدىكى كۆلچەكلەردە ئۈزۈپ، ئۆزگىلەرنىڭ كا-
رىۋاتلىرىدا خۇدىنى يوقاتقان هالدا ئېغىناپ، ئەر ۋە بالىلىرىنى نو-
مۇس دەرياسىغا غەرق قىلىپ، هاقارەت ئوتىدا كۆيدۈرۈپ پۇچىلاۋات-
قان ئانىلارمۇ بار؛ هايات ـ ماماتلىق سىناقلارغا دۇچ كېلىۋاتقان
خەلقىنىڭ غېمىنى يەپ، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن بارلىق پاراسى-
تىنى ئىشقا سېلىپ ۋە بارلىق جاسارىتىنى نامايان قىلىپ ياشاۋاتقان
مۆتىۋەر ئانىلارمۇ بار؛ يولدىن ئازغانلارنىڭ كېچىدە ئادىشىپ قال-
ماسلىقى ئۈچۈن گۈلخان ياقىدىغان، ئۇلار ماڭماق بولغان چۆللەرگە
قۇدۇق كولاپ ياشاشنى شەرەپ دەپ بىلىدىغان ئانىلارمۇ بار. ئەجداد-
لىرىنىڭ تارىخىي شۆھرەتلىرىدىن ئىپتىخارلىنىپ، ئۇلارنىڭ جەڭ-
گىۋار روھىدىن كۈچ ـ مەدەت ئېلىپ، ئەجدادلىرىنىڭ شەنىگە نۇر
بېغىشلاش كويىدا ئىزدىنىپ ياشايدىغان پەخىرلىك ئانىلارمۇ بار؛
ئۆز ئەجدادىنىڭ قاتىلىنى ئۆز قويىندا هۇزۇرلاندۇرۇپ ياشاشقا ئا-
دەتلىنىپ كەتكەن لەنەتگەردى ئانىلارمۇ بار!

ئانىلارنى مۇئەييەن ئۆلچەم ۋە پىرىنسىپ بويىچە ئۇلۇغلىماي،
«بالا تۇغۇش، ئېمىتىش، چوڭ قىلىش» تەك شەرتنى هازىرلىغانلىقى
ئۈچۈنلا، قارىقويۇق ئۇلۇغلاش ـــ مىللىي پىسخىكىمىزدا پەرۋاسىز-
لىق، مەسئۇلىيەتسىزلىك تۇيغۇسىنىڭ ئۇستۇنلۇك قازىنىپ كەت-
كەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. بىلىشىمىز كېرەككى، ئىنچىكە، پۇختا ئىش
كۆرۈش روهى ئاجىز، پەرق تۇيغۇسى مۇجمەل، مەسىلىلەرنى هەقىد-
قەت نەزىرى بىلەن كۆزىتىشكە ئادەتلەنمىگەن بىر مىللەتنىڭ قىم-
مەت تارازىسىدا، كۆپ هاللاردا «گۆھەر» بىلەن «تاش» نىڭ قىممىتى
ئوخشاش! بىزگە ئوخشاش، يۇكسىلىشنىڭ كويىدا كېچە ـ كۈندۈز
تېپىرلاۋاتقان بىر مىللەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلۇغلاش ئوبيېك-

تىنى توغرا بېكىتەلمەي، «ئۇلۇغ» دېگەن بۇ ئالىي ماركىنى كىمگە چاپلاشنى ئاڭقىرالماي قايمۇقۇپ يۈرۈش بەكمۇ بىچارىلىكتۇر.

ناۋادا، «بالا تۇغۇش، ئېمىتىش، چوڭ قىلىش» تەك شەرتنى ھازىرلىغانلىقنى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ ئانىلارنى ئۇلۇغلاشقا توغرا كەلسە، ئېسىمىزدە بولسۇنكى، جاللات شېڭ شىسەينىڭ ئانىسىمۇ بۇ ئۆلچەمگە پۈتۈنلەي چۈشىدۇ. ئايالالر تۈرمىسىدىمۇ بۇ شەرتنى ھازىرلىغان ئايالالر كۆرمىڭ! ئەمما، ئاشۇلار «ئۇلۇغ ئانا» دەپ تەرىپلەشكە ئەرزىمدۇ؟ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئانىلارنى كەلسە - كەلمەس ئۇلۇغلاش — ھەقىقىي ئۇلۇغ ئانىلارغا قىلىنغان ئوچۇق ھاقارەت.

ئۈچىنچى، ئانىلار «بالا تۇغۇش، ئېمىتىش، چوڭ قىلىش» شەرتىنى ھازىرلىغانلىقى تۈپەيلى «ئۇلۇغ» دەپ سۈپەتلەنسە، بۇ سۈپەتلەش، فىزىيولوگىيەلىك سەۋەب تۈپەيلىدىن پەرزەنت كۆرۈش بەختىگە مۇيەسسەر بولالمىغان ئايالالرنى كەمسىتكەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تۇغۇش — ئايالالرنىڭ تەبىئىي ئىقتىدارى، شۇنداقلا ئورتاق فىزىيولوگىيەلىك خۇسۇسىيىتى. بىر جەمئىيەتنىڭ ئانىلارنى بۇنداق بىمەنە ئۇلۇغلىشى ئالدىدا، پەرزەنت كۆرەلمەسلىك قىسمىتىگە مۇپتىلا بولغان ئايالالر نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالىدۇ. گۇناھسىز ئايالالرنى ئوڭايسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان بۇنداق مەنىسىز ئۇلۇغلاش ھادىسىسىنىڭ باشقىلارغا كەلتۈرىدىغان بېسىمىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە نوقۇل ھالدا بالا تۇغۇپ ئانا بولۇش ئۈچۈن ھېچقانداق سەۋىيە ياكى ساپا ئالدىنقى شەرت قىلىنمايدۇ، ھەتتا بۇ ئىش بەزى گاس - گاچا ئايالالرنىڭمۇ قولىدىن كېلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەقلىنىڭ، روھىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام بولسىلا، نامدىكى «ئانا» لارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇشنىڭ شارائىتىنى ھازىرلىغان بولىدۇ. بىراق، ئۆز پەرزەنتىنى ئىنسانىدەك ياشاشقا ئىگە قىلىشنىڭ شارائىتىنى ھازىرلاش باشقا بىر گەپ. بۇنداق شارائىت ھەربىر ئانىدا پاك ئەقىدە ۋە مۇئەييەن نىشان، بەلگىلىك ساپا ۋە سۈپەت، قى-

يىن تالالاشقا دۇچ كەلگەندە، جاپا ـ مۇشەققەتتىن، ھەتتا ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان روھ ھەمدە ئۆزگە بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى ئىستراتېگىيەلىك مەنپەئەتنى كۆرەلەيدىغان ئۆتكۈر مەنىۋى كۆز بولغاندا، ئاندىن ھازىرلىنىدۇ. مانا شۇنداق ئانىنىڭ قوينىدا چوڭ بولغان بالىلار بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي گەۋدىسىگە ھاياتىي كۈچ بولۇپ قېتىلىدۇ. بۇنداق شارائىتنى ھازىرلىمىغان ئانىلارنىڭ قوينىدا چوڭ بولغان بالىلارنىڭ كۆپىنچىسى گېزى كەلگەندە بىر ۋاقلىق تاماق ئۈچۈن قىلچە ئىككىلەنمەي سېتىلىدۇ!

تۆتىنچى، ئانىلار «بالا تۇغۇش، ئېمىتىش، چوڭ قىلىش» شەرتىنى ھازىرلىغانلىقى تۈپەيلى ئۇلۇغلانسا، بۇنىڭدىن «قانچە كۆپ بالا تۇغسا، شۇنچە ئۇلۇغ ئانا، قانچە ئاز بالا تۇغسا، شۇنچە تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇلۇغ ئانا؛ تۇغمىسا، ئۇلۇغ ئەمەس» دېگەن بىمەنە يەكۈن كېلىپ چىقىدۇ. ئۇيلاپ باقساق، پادىچىنىڭ قىممىتى پادا سانىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىدە ئەمەس، بەلكى ئۆز پادىسىغا بولغان مەسئۇلىيىتىدە كۆرۈلىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئانىنىڭ قىممىتى ئۆزىگە يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەتنى، يەنى پەرزەنتلىرىنى زامانىنىڭ تەلىپىگە، مىللەتنىڭ ئېھتىياجىغا مۇناسىپ، يارامىلىق ئەۋلادلاردىن قىلىپ تەربىيىلەپ چىقالىشىدا ئىپادىلىنىدۇ.

ئەگەر، ئانىلارنى ئۇلۇغلاشتا، «بالا تۇغۇش، ئېمىتىش، چوڭ قىلىش» شەرت قىلىنىۋېلىنسا، ھەرقانچە بىلىملىك، ھەرقانچە پەزىلەتلىك ئايال بولسىمۇ، بۇ خىل ئۇلۇغلۇق شەرتىگە يېقىنلىشالمايدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئىپارخان، يەتتە قىزلىرىم، نۇزۇگۇم، رىزۋانگۈللەر ئانا ئەمەس، بەلكى قىزلاردۇر. ئۇلار نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى نېمە ئۈچۈن ئۇنتۇلماي ئۇلۇغلىنىدۇ؟ ئۇلار ھۆرلۈك ئۈچۈن تەۋرەنمەي كۈرەش قىلغانلىقى، ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتىنى ھەممىدىن ئالىي بىلگەنلىكى، باشقىلارنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن پىداكارلىق بىلەن قۇربان بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلۇغلىنىدۇ. بىز يۇقىرىقى بىمەنە «شەرت» نى ئاشۇ ئۇنتۇلماس قەھرىمان

قىزلىرىمىزغا قويۇشقا پېتىنالايمىزمۇ؟!

تەڭرى ئاتا قىلغان تەبىئىي ئىقتىدار ۋە ھەممە ئاياللارغا ئورتاق بولغان فىزىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكنى چىقىش قىلىپلا، «ئانىلار ئۇلۇغ» دېيىش ھەقىقەتەن كۈلكىلىك. ھەرقانداق قىز بالاغەتكە يەتكەندە، فىزىيولوگىيە نۇقتىسىدىن ئانا بولۇش سالاھىيىتىنى ھازىرلىغان بولىدۇ، مۇشۇ مەنىدىن بىز ئۇلارنى «ئۇلۇغلۇق مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرغان كىشىلەر»، «كاندىدات ئۇلۇغلار» دەپ ئېيتساق مۇۋاپىق بولامدۇ؟

بالا تۇغقان، ئېمىتكەن، چوڭ قىلغان ئانىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، «ئانا» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىلا كۇپايە. شۇ تۈپەيلى ئانىلارنى قارىقويۇق ھالدا ئۇلۇغلاش — نورمالسىزلىق. ئەمما، ھەربىر كىشىنىڭ ئۆز ئانىسىنى قانچىلىك دەرىجىدە ياخشى كۆرۈشى، كۈتۈشى، ھەتتا «ئانام دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئانا» دەپ چۈشىنىشى ئۆزىنىڭ ئەركى. بۇنداق ھېسسىياتنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. «ئانام ئۇلۇغ» دېگەن سۆز بىلەن «ئانىلار ئۇلۇغ» دېگەن سۆزنىڭ خاراكتېر ۋە مەنە پەرقى ناھايىتى زور. ئۆزىنىڭ ئانىسىنى ئۇلۇغ كۆرۈش بىلەن ئومۇمىي ئانىلارنى ئۇلۇغ كۆرۈش پرىنسىپال مەسىلە. بۇ يەردە ھېسسىيات بىلەن ھەقىقەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە ياتىدىغان نازۇك پەرق مەۋجۇت.

2008 - يىلى يېزىلدى

# بېكخام مۇھىممۇ، ئېشەكمۇ

## ــ ھوشۇر قارىيغا ئوچۇق خەت

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھوشۇر قارىي ئەپەندى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 2 ـ يورۇش قانىلىدا «كېۋەز گۈلى» ماركىلىق خىمىيەلىك ئوغۇتنىڭ ئېلانىغا چىققىنىڭىز ئېسىڭىزدىمۇ؟ ئۇ ئېلاندا سىز ئۇستىبېشىڭىزغا قەشقەر دېھقانلىرىنىڭ كىيىمىنى كە-يىپ، چاپچىپ تۇرغان ئېشەككە مىنگەن ھالدا ئارقىڭىزغا بىر توپ «دېھقان» نى ئەگەشتۇرۇپ، گويا «مىڭبىر كېچە» ھېكايىلىرىدىكى ئەلى بابادەك، ئۇلارنى «كېۋەز گۈلى غارى» نىڭ ئالدىغا باشلاپ بار-دىڭىز. بۇ ئوچۇق خەت ئارقىلىق مەن سىز بىلەن مەخسۇس مۇشۇ ئېلان توغرىسىدا پاراڭلاشماقچى.

ھوشۇر قارىي ئەپەندى، سىز خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە مۇئەييەن ئورنى بار ياخشى ناخشىچى ھەم ئاكتيور. سىز ئورۇنلىغان ناخ-شىلار، سىز رول ئالغان دىراما، ئېتۇتلارنىڭ كۆپىنچىسى كىشىلەر-نى مەمنۇن قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇنى كەسپىي ھاياتىڭىزدىكى مۇ-ۋەپپەقىيەت دەپ قارايمىز، ئەلۋەتتە. ئۆز كەسپىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئادەمنىڭ روھىنى شادلىققا تولدۇرىدۇ ھەم قەدىر ـ قىممە-مىتىنى ئاشۇرىدۇ. ناۋادا بىراۋنىڭ نەتىجە ـ ئۇتۇقلىرى قانچە كۆپ، شان ـ شەرەپلىرى قانچە يۇقىرى بولسا، ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلغۇ-چىلار بىلەن ھەسەت قىلغۇچىلارنىڭ سانى شۇنچە كۆپىيىپ بارىدۇ. مەنىۋىيىتى ساغلام كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ھەۋەس ئۇچقۇنلىرى چاق-نىسا، مەنىۋىيىتى ساغلام بولمىغان كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ھەسەت ئوتلىرى لاۋۇلدايدۇ. ئادەمگە نىسبەتەن باشقىلار ھەۋەس قىلغۇدەك

ھەم ھەسەت قىلغۇدەك ياشاشنىڭ ئۆزى بىر بەخت. ھەۋەس قىلغۇدەك دوستلىرى، ھەسەت قىلغۇدەك دۈشمەنلىرى بولمىغان ھايات تولىمۇ سىدام ـ رىقابەتسىز ھايات ھېسابلىنىدۇ. ھەۋەس ئوتلىرى بىلەن ھەسەت ئوتلىرى ئادەمنى تاۋلايدۇ ياكى خارابلاشتۇرىدۇ. باشقىلارنىڭ كۆزلىرىدىن، سۆزلىرىدىن چىقىۋاتقان ھەۋەس ئۇچقۇنلىرىدىن، ياغدۇرۇۋاتقان ئالقىشلىرىدىن مەست بولۇپ خۇدىنى يوقاتقان ئادەم بىلەن باشقىلارنىڭ مەجرۇھ قەلبىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ھەسەت ئوتلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ۋايساپ يۈرىدىغان ئادەمنىڭ شانلىق ھاياتى ئوخشاشلا ناھايىتى قىسقا بولىدۇ. شۇڭا، ئالقىشقا دۇچ كەلگەندە گىدىيىپ كۆپۈپ كېتىدىغان، قارغىشقا دۇچ كەلگەندە سالپىيىپ چۆكۈپ كېتىدىغان پىسخىكىسى ئاجىز بىچارە ئادەملەردىن بولۇپ قالماسلىق كېرەك. شان ـ شۆھرەت ۋە ئوڭۇشسىزلىق ئالدىدا ئۆزىنى يوقىتىپ قويماي، روھىي ھالىتىنى سالماق، بىمالال تۇتقاندىلا ھەقىقىي پىشىپ يېتىلگەن ئادەم بولغىلى بولىدۇ. ئەپسۇسكى، بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەمىزدە بۇنداق پىسخىكىلىق ساپاغا ئىگە كىشىلەر ئىنتايىن ئاز.

ھوشۇر قارىي ئەپەندى، مەن سىزنىڭ «بومپەدە»، «قەمبەرخان» ناملىق VCD پىلاستىنكىلىرىڭىزنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇلاردىن ئۆزۈم سۆيۈنگۈدەك ھۇزۇر ئالىمەن. بولۇپمۇ يېڭىدىن چىققان «قەمبەرخان» ناملىق VCD پىلاستىنكىڭىز ماڭا ئالاھىدە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. سىزنىڭ ئۇ پىلاستىنكىڭىزنى قىياپەت ۋە سالاپەت، كىيىنىش ۋە تارىنىش، مەنزىرە ۋە كۆرۈنۈش، ئاھاڭ ۋە مېلودىيە، مەزمۇن ۋە شەكىل، ماھارەت ۋە پاراسەت جەھەتلەردىن ساپ بولغان بىر مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مەھسۇلى، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدا ئەقىدە ـ ئېتىقاد، ئۆرپ ـ ئادەت، ئەدەپ ـ ئەخلاق، مىللىي پىسخىكا، مىللىي ئارزۇ ... قاتارلىق مەدەنىيەت مەزمۇنلىرىمىزنىڭ ناھايىتى ساپ ھەم روشەن ئىزنالىرى بار. مۇنداقچە ئېيتقاندا، مىللىي مەدەنىيەت قىممىتىگە ئىگە ئەسەر، دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەڭ



ئەقەللىيسى، پىلاستىنكا قېپىدىكى سۈرىتىڭىزدىن سىزنىڭ مەدەنىيەت كىملىكىڭىزگە بولغان ھۆرمەتلەش ۋە ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىش ھېسسىياتىڭىزنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. سىزنىڭ بېشىڭىزغا سەرپۇش تۇماق، ئۇچىڭىزغا چەكمەن تون كىيىپ نەق قەشقەر يىگىتلىرىگە خاس قىياپەتتە كىيىنىپ چۈشكەن يېرىم گەۋدىلىك سۈرىتىڭىز، كىشىلەرگە تونۇش بولۇپ كەتكەن ئادەتتىكى ئوبرازىڭىز بىلەن تامامەن پەرقلىنىدۇ. سەھنە ـ ئېكرانلاردا ۋە ئادەتتىكى كۈنلەردە دائىم دېگۈدەك گالستۇك تاقاپ، كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ كۆزگە چېلىقىدىغان قىياپىتىڭىز جامائەتكە تونۇش بولغاچقا، ھەتتا ئېتۇتلاردا دوستانە مەسخىرە قىلىنغاچقا، پىلاستىنكا قېپىدىكى قەشقەر يىگىتلىرىگە خاس مىللىي قىياپىتىڭىز مېنى قىزىقتۇردى. مەن بۇ خىل قىياپىتىڭىزنى ئەنئەنىۋى مىللىي ئوبرازىمىزنى نامايان قىلىشتىن شەرەپ ھېس قىلىدىغان روھىي دۇنيايىڭىزنىڭ ئىپادىسى دەپ ئويلايمەن. بىزنىڭ نازۇك مىللىي غۇرۇرغا ئىگە سەنئەتكارىمىز ئابدۇرېھىم ھېيت سەھنە ۋە ئېكرانلاردا دائىم دېگۈدەك تولۇپ تاشقان ئىپتىخار ھېسسىياتى بىلەن مىللىي قىياپەتتە نامايان بولغان بىلەن، ناھايىتى كۆپ ئارتىسىمىز ئىمكانىيەت بار ئەھۋالدىمۇ بىرەر قېتىم مىللىي ئوبرازدا ئۆزىنى كۆرسىتىشنى ئويلاپ قويمايدۇ. ھەممىمىزگە ئايانكى، مىللىي كىيىم ـ كېچەكلىرىمىز بىزنىڭ مەدەنىيەت كىملىكىمىزنىڭ سىمۋوللۇق بەلگىسى، مىللىي خاسلىقىمىزنىڭ روشەن نامايەندىسى. مىللىي كىملىك شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن مۇكەممەللىشىدىغان سالاھىيەت. مىللىي كىملىكىمىز-

نىڭ تاشقى شەكلى بولغان كىيىم ـ كېچەكلىرىمىزنى مەيلى تۇرمۇش، مەيلى سەھنە ـ ئېكرانلاردا كىيىش كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان ئەھۋال. ئەمما، مىللىي كىيىم ـ كېچەكلىرىمىزنى مىللىي ئادەت نۇقتىسىدىن كىيىش بىلەن مىللىي ئاڭ نۇقتىسىدىن كىيىش پەرقلىنىدۇ. مېنىڭچە، مۇتلەق كۆپچىلىك كىشى مىللىي ئادەت نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ كىيىدۇ. ئابدۇرېھىم ھېيتقا قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ تون كىيىپ ئولتۇرغان چاغدىكى ھېسسىياتى باشقىچە، ئۇ سەھنىدە گويا غالىب قوشۇنىنىڭ جەڭ بايرىقىنى يېپىنغان باھادىر ئەزىمەتتەك تولۇپ تاشقان ئىپتىخار ھېسسىياتى بىلەن ئولتۇرىدۇ. ھازىر بىزدە ئۆزىمىزنىڭ مىللىي ئوبرازىنى باشقىلارنىڭ ئۆلچىمىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ لايىھەلەش ئارقىلىق دەۋرگە، تەرەققىياتقا ماسلاشقان قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇشتەك ئۆزىدىن ياتلىشىش كەيپىياتى كۆچىيىپ كەتتى. شۈبھىسىزكى، بۇ مىللىي ئۆزلۈك ئېڭى سۇسلاپ، كەمسىنىش تۇيغۇسىنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇنداق ئىجتىمائىي مىللىي پسىخىكا ئومۇملاشقانسېرى ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىمىز، خاس مىللىي ئادەتلىرىمىز ئۆزىمىزگە قالاقتەك، مەتۇدەك كۆرۈنىدۇ. بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ئاجىزلاپ كەتسە ئۆزىنىڭ قىممەتلىك نەرسىلىرى قەدىرسىز تۇيۇلۇپ، باشقىلارغا ئوخشىيالىغانلىقىدىن، باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتىگە تەۋە نەرسىلەردىن ئىپتىخارلىنىپ يۈرىدىغان روھىي زەئىپلىككە شۇنچە كۆپ يول قويىدۇ. بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئۆزبېكىستان ناخشىچىسى يۇلتۇز ئۇسمانوۋا ئۈرۈمچىدە ناخشا كېچىلىكى ئۆتكۈزگىلى كەلگەندە تۆۋەن ساپالىق بىر قىسىم تاماشىبىن ئۇنىڭغا ئادەم يىرگەنگۈدەك دەرىجىدە قىزغىنلىق كۆرسىتىپ كېتىشتى. بەزى مۇخبىرلىرىمىز ئۇنى زىيارەت قىلغاندا يۇلتۇز ئۇسمانوۋانىڭ دادىسىنىڭ غۇلجا ئۇيغۇرلىرىدىن ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ يېزىپ، يۇلتۇز ئۇسمانوۋانىڭ شان ـ شەرەپلىرىنى ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ ئاسمىنىدا نامايان

قىلىشماقچى، ئۇنىڭ شان ـ شۆھرەتلىرىدىن مىللىي سەنئىتىمىز-گە نېسىۋە ئايرىماقچى بولۇشتى. مەسخىرىلىك يېرى شۇكى، ئۆزبې-كىستانىنىڭ بۇ ناخشىچىسى ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن:

كىم قەشقەرنىڭ ئۆزىدەن،
كىم غۇلجىنىڭ كۆزىدەن؟
بابام قايدان بولسا بولسۇن،
مەن ئۆزبېكنىڭ قىزىمەن!

دەپ ناخشا ئوقۇپ، ئۆزىنىڭ مىللىي سالاھىيىتىنى ئېنىق جاكارلى-دى. غورۇرى پۇچەك، ئەقلى زەئىپ بىر قىسىم نادان ئەخمەقلەر ئۇ-نىڭ بۇ ناخشىنى كىم ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن ئېيتقانلىقىغۇ پەرۋا قىلماستىن «ياخشى ئېيتىپتۇ» دېيىشىپ، دەلتىلەرچە ئىپادە بىلى-دۈرۈشۈپ ھېچنېمە بولمىغاندەك يۈرۈۋېرىشتى.

باشقىلارنى مۇۋاپىق ھۆرمەتلەش، ئۆزگىلەرنىڭ قىممىتى بار نەرسىلىرىدىن زوقلىنىش ئەقلىي مەدەنىي پوزىتسىيە. ئەمما، ھە-دېگەندىلا ئۆزىنىڭ ئىززىتىنى ئۇنتۇغان ھالدا چەكتىن ئاشقان ھۆرمەت ھېسسىياتى بىلەن باشقىلارنى باشقا ئېلىۋېلىش غورۇرى پۇچەكلىكنىڭ ئىپادىسى. نورمال غورۇر مەيلى باشقىلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشتە بولسۇن، مەيلى نەپرەت كۆرسىتىشتە بولسۇن قەتئىي ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدىغان قىممەتلىك قورال. قوراللا ئەمەس، بەلكى بىر خىل روھىي ساپا، ئادىمىيلىك سۈپەت. ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ-لىغۇدەك مەشھۇر شەخسلىرى، قەدىرلىگۈدەك مىللىي مەدەنىيىتى يوق مىللەت تولىمۇ بىچارە مىللەت. ئەمما، ئۇلۇغلاشقا ئەرزىگۈدەك شەخسلىرى، پەخىرلەنگۈدەك مىللىي مىراسلىرى تۇرۇپ قەدىرلى-يەلمىگەن مىللەت بەكمۇ زەئىپ، چۈشكۈن مىللەتتۇر. بىزنىڭ ھا-زىرقى ھە دېگەندىلا ئۆزىمىزنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن ئۆزگىلەرنىڭ ئۇ-لۇغلىرىنى چوڭ بىلىش، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنى-

لىرىمىزدىن باشقىلارنىڭ مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى قالتىس چاغلاي-
دىغان مىللىي پىسخىكىمىز چۈشكۈنلەشكەن مىللىي روھىمىزنىڭ
ئىپادىسى. ئەلۋەتتە ئۆزگە، ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىگە ساد-
دىلارچە مەپتۇن بولۇش خاھىشىمۇ كىشىنى ئۆكۈندۈرىدىغان مىللىي
نادانلىق! مەيلى ئۆزىمىزنىڭ، مەيلى ئۆزگىلەرنىڭ ئۇلۇغلىرى ياكى
ئۇلۇغ ھېسابلىنىدىغان تەرەپلىرى بولسا، ئىلمىي، ئادىل، ئوبيېك-
تىپ، توغرا مۇئامىلىدە بولۇش نەزەر دائىرىسى كەڭ، تەربىيە كۆر-
گەن، ساپالىق ئادەملەرنىڭ سۈپىتى ھېسابلىنىدۇ. ئۆزگە ۋە ئۆز-
گىلەرگە نىسبەتەن ئىلمىي ئاساسى يوق ھالدا قارىغۇلارچە مۇئەييەن-
لەشتۈرۈش ياكى ئىنكار قىلىش پوزىتسىيەسىنى تۇتۇش، مەسىلى-
لەرگە بالىلارچە مۇئامىلە قىلىدىغان ساددىلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق
ساددىلىق كېسىلى ئادەتتىكى ئاۋامدىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى قال-
تىس چاغلايدىغان بەزى ئاتالمىش زىيالىيلىرىمىزدىمۇ، تەپەككۇرىدا
مەنتىقىي ئىزچىللىق يوق، بەزى ئالىجوقا قەلەمكەشلىرىمىزدىمۇ
خېلىلا ئېغىر. يامان يېرى شۇكى، ساددىلىق، نادانلىق كېسىلى
ئاۋامدا مەۋجۇت بولسا كەلتۈرىدىغان زىياندىن، ئاشۇنداق ئاتالمىش
زىيالىيلار بىلەن ئالىجوقا قەلەمكەشلەردە مەۋجۇت بولسا كەلتۈرى-
دىغان زىيان تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ. چۈنكى، پەرق ئېتىش ئىقتىدارى
ئاجىز بىر قىسىم ئوقۇرمەن ئۇنداقلارنىڭ مىللەتپەرۋەرلەرچە قىيا-
پەتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ قىلغان، ئاڭلىماققا مەردانە، ئەمما پوپاڭ -
پۇچەك ھاياجانلىق گەپلىرىگە ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىدۇ. چالا - بۇلا
قاراشلىرىغا قايىل بولۇشۇپ ئاسانلا ئەگىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بى-
لەن ئۇلارنىڭ قىممەت قاراشلىرى قالايمىقانلىشىپ، تامامەن بىمەنە
بولغان تەشەببۇس، چۈشەنچىلەرنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىپ، شەيئىلەرنى
كەلسە - كەلمەس مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ياكى ئىنكار قىلىپ، مەسىلى-
لەرنى ھاماقەتلەرچە باھالاپ يۈرۈشكە ئادەتلىنىپ كېتىدۇ. يېقىندا
«جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىدا دەل مۇشۇنداق بىر يەڭگىلتەك ئاپ-
تورنىڭ «دوستلۇق مېھىر - مۇھەببەتتى مەڭگۈلۈك بولسۇن» دېگەن

بىر يازمىسىنى ئوقۇپ قالدىم. بارغانسېرى چېلىكىنىڭ تېگى كۆرۈنۈپ قېلىۋاتقان، تەپەككۇرىنىڭ تۇتامى يوق، قارىسىغا سۆزلەشكە خۇشتار بۇ قەلەمكەش ئاجايىپ مىللەتپەرۋەر ئەلپازدا ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھەممىنى بىراقلا ھەل قىلىۋېتىشكە ئۇرۇنىدىغان تەنتەكلىكى بىلەن مۇنداق يازغان: «ئۇزاق تارىخىمىزغا نەزەر سالساق، ئۇيغۇر خەلقى دوستلۇقنى ئەزەلدىن قەدىرلەپ كەلگەن. ئەمما دوستلۇق ئۈچۈن ئاز بەدەل تۆلىمىگەن؛ مېلىدىن، بايلىقىدىن، يەر ـ ئۆيلىرىدىن، بالىچاقىسىدىن، ۋەتىنىدىن، ھەتتا جېنىدىن ئايرىلىش بەدىلىگە دوستلۇقنىڭ تۇز ـ ھۆرمىتىنى ساقلىغان: ئۆز يۇرتىدا مۇساپىر ھالەتكە چۈشۈپ قالسىمۇ، دوستلۇق ئۈچۈن تارتقان زىيىنىدىن، ۋەيرانچىلىقىدىن ۋايسىمىغان. مانا بۇ ئۇيغۇر روھى! چەكسىز بەدەل تۆلەش روھى!»

نادانلارچە يېزىلغان بۇ يازمىدىكى ھاياجانلىق بايانلارنىڭ قىلچىمۇ پاكىت ئاساسى ياكى ئىلمىي ئاساسى يوق بولۇپ، بىمەنىلىكتە ئۈچىغا چىققان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. قارىماققا ئاپتور ئەجدادلىرىمىزنى ئۇلۇغلاۋاتقاندەك گەپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ خەلقىمىزگە قىلىنغان ھاقارەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس. پەقەت ئەقىلسىز، ئەخمەق مىللەتلا «مېلىدىن، بايلىقىدىن، يەر ـ ئۆيلىرىدىن، بالىچاقىسىدىن، ۋەتىنىدىن، ھەتتا جېنىدىن ئايرىلىش بەدىلىگە دوستلۇقنىڭ تۇز ـ ھۆرمىتىنى» ساقلىشى مۇمكىن. بۇنداق ئەخمەق مىللەتنى ئىنسانىيەت تېخى ئۆز تارىخىدا كۆرگىنى يوق. ئۇيغۇرلارمۇ ئۆز تارىخىدا ئۇنداق چەكتىن ئاشقان ئەخمەقلىقنى سادىر قىلغىنى يوق. خەلقىمىز ئۆزىنىڭ ھېكمەتلىك ماقال ـ تەمسىللىرىدە «كۈلگەننىڭ ھەممىسى دوست، ھومايغاننىڭ ھەممىسى دۈشمەن ئەمەس»، «ھېسابلىق دوست ئايرىلماس»، «ئىشەنمىگىن دوستۇڭغا، سامان تىقار پوستۇڭغا»، «دوستۇڭ دوست بولسۇن، ھېسابىڭ دۇرۇس بولسۇن»، «دوست كۆپ، توغرىسى ئاز»، «بىلىكىڭ توم بولسا، دۈشمىنىڭ سالامغا كېلۇر»، «بۆرىنى قانچە باقساڭمۇ، ئىككى كۆزى

جاڭگالدا» دېگەندەك ھوشيار، پىرىنسىپچىل دوستلۇق قارىشىنى ئىپادىلىگەن. يۇقىرىدىكى ئاساسسىز، ئەخمىقانە بايانغا قارىساق، ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ دوستلۇق قارىشىدا نە پىرىنسىپنى، نە ئىپ-نىق ھېسابنى، نە سەممىيەتنى شەرت قىلىدىغان مەزمۇن يوق ئىـ-كەنلىكىنى بايقايمىز. بىزنىڭ نەزىرىمىزدە مۇنداق دوستلۇق ئەخ-مەقنىڭ دوستلۇقى، خالاس! خەلقىمىز ھەرگىزمۇ بۇنداق ئەخمىقانە دوستلۇق ئەنئەنىسىگە ئىگە ئەمەس. دوست ئۈچۈن چەكسىز بەدەل تۆلەش روھى بار مىللەت ھەرگىزمۇ «ھېسابلىق دوست ئايرىلماس» دېگەن ھېكمەتنى يەكۈنلىمەيدۇ. نېمە دەۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيدىغان بۇ تەپەككۇرى مەجرۇھ قەلەمكەشنىڭ يېزىشىچە، دوستىغا چەكسىز بەدەل تۆلەيدىغان، ھەممە نەرسىسىنى ئېلىۋالسىمۇ ۋايسىمايدىغان روھ ئۇيغۇر روھىمىش. كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، 8 — 10 يىلدىن بېرى يازغان يازمىلىرىدا تاقىلا - تۇقىلا گەپلەرنىلا يېزىپ كېلىۋاتقان، ئولتۇرغان - قوپقان يېرىنىڭ ھەممىسىدە ئاغزىغا نېمە كەلسە پاراڭ دەپ سوقۇپ كېلىۋاتقان بۇ نادان سەركە ئاشۇ يازمىسى-نىڭ خاتىمىسىدە نېمە دەپ يازغان دېگەندە: «شۇڭا، بىز ئەجدادلاردىن تەۋەررۇك بولۇپ كېلىۋاتقان دوستلۇق مىزانلىرىغا ۋارىسلىق قى-لىشىمىز، ئۇنى قەدىرلەپ، ئاسراپ، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا پاكىز ھا-لەتتە مىراس قىلىپ قالدۇرۇشىمىز كېرەك» دەپ خىتاب قىلغان. ناۋادا بىز بۇ ئاپتوردىن «تارىختىن بۇيان دوستلۇقنىڭ تۈز - ھۆر-مىتى ئۈچۈن مېلىدىن تارتىپ جېنىغىچە، ئۆيىدىن تارتىپ ۋەتىنى-گىچە، بالىسىدىن تارتىپ خوتۇنىغىچە ھەممىنى دوستىغا بېرىۋەتكەن بۇ مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادى نەدە تۇرۇپتۇ؟» دەپ سورىساق نېمە دەپ جاۋاب بېرىشى مۇمكىن؟! يازغانلىرىڭنىڭ نەرى «دوستلۇقنىڭ پاكىز مىزانى» دەپ سورىساقچۇ؟

بۇنداق بىمەنە قاراشلار مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ئاجىز ئوقۇرمەنلەرنى ئېزىقتۇرماي قالماي-دۇ. باشقىلارنىڭ قاراشلىرىنى ھەقىقەت نەزىرى بىلەن كۆزىتىشكە

ئادەتلىنىشىنىڭ ئورنىغا، نوپۇزغا قارىغۇلارچە باش قويۇشقا ئادەتلەن-
گەن كۆپ قىسىم ئوقۇرمەن گەپنىڭ ماھىيىتىدىكى مەنە بىلەن گە-
مەس، كىمنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتقانلىقى بىلەن ھېسابلىشىدۇ –
دە، توغرا دەۋاتسا كېرەك، دەپ قاراپ قارىقويۇق قوبۇل قىلىۋېرىدۇ.
مانا مۇشۇنداق نادان ئوقۇرمەنلەر قوشۇنىنىڭ بىزدە تېخى مۇئەييەن
كۆلەمدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، ئاشۇ خىلدىكى ئالىمجوقا قەلەم-
كەشلەرنىڭ بىر مەزگىل بازار تاپىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرى-
دۇ. ئەمما، ھەقىقەت شۇكى، ھاماقەتلىكنىڭ زاۋال تېپىشى مۇقەر-
رەر! ئىلمىي بولمىغان، پاكىتقا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، زىددىيەتلىك
پوپاڭ «پاراڭ» لار مەنتىقلىق، ھەقىقەتكە ئۇيغۇن مۇنازىرە – مۇھا-
كىمىلەر ئالدىدا كۆلكىلىك ماھىيىتىنى يوشۇرالماي قالىدۇ.

ھوشۇر قارىي ئەپەندى، مەن سىزنىڭ «كېۋەز گۈلى» ماركىلىق
خىمىيەلىك ئوغۇتنىڭ ئېلانىغا چىققاندىكى قىياپىتىڭىزنى دەل ئا-
شۇنداق ئاساسسىز، يوغان گەپ قىلىدىغان بىر قىسىم قەلەمكەشنىڭ
بىمەنە سۆز – چاقچاقلار بىلەن مەسخىرە قىلغانلىقىنى، ھەتتا ھاقا-
رەت خاراكتېرىدىكى باھا – بايانلار بىلەن تەنقىدلىگەنلىكىنى
ئاڭلاپ، بۇ ھەقتىكى تەسىراتىمنى سىزگە ئېيتىش ئارقىلىق ئو-
قۇرمەنلەرگە يېڭىچە بىر قىممەت ئۆلچىمىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى
زۆرۈر دەپ بىلدىم.

گەپنى ئوچۇق قىلسام، سىزنىڭ ئېشەك مىنىپ ئېكرانغا چىققان
ئوبرازىڭىز ئۇلارنىڭ ئوغىسىنى قاينىتىپتۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە،
بىز باشقىلارغا ئېشەك مىنىپ كۆرۈنسەك باشقا مىللەتلەرنىڭ نەزى-
رىدە مىللىي ئوبرازىمىز خۇنۇكلىشىپ كېتەرمىش. شۇڭا، ئۇلار
مىللەتكە مەسئۇل بولۇش ھېسسىياتى بىلەن «ئەجدادلىرىمىز ئات
مىنگەن، ئات!» دەپ چالۋاقاپ سىزدىن رەنجىپتۇ. ئۇلارنىڭ سورۇن –
سورۇنلاردا كۆبجۈپ، ئۆزىنى باسالمىغان ھالدا كومپيۇتېرنىڭ ئەزال-
رىغا يىغىن ئېچىۋاتقان قارا قورساق داۋيجاڭدەك قوللىرىنى شىل-
تىپ، ۋارقىراپ – جارقىراپ سۆزلەشلىرىنى كۆرسىڭىز «ھوشۇر

قارىيىنى دارغا ئېسىشقا بۇيرۇۋەتمىگىدى» دەپ ئەندىشە قىلىپ قالىسىز. ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئاساسى يوق ساددا قاراشلارنى پەتىۋا قىلىپ كۆتۈرۈۋالغان ئۇ بىچارە بايقۇشلارنىڭ قۇرۇق ھاياجان بىلەن قىلىۋاتقان تەنتەكلەرچە گەپ - سۆزلىرى نادانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. مىللەتنى قارىغۇلارچە ئۇلۇغلاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن بۇنداق ھاماقەتلەرنىڭ گېزى كەلگەندە مىللەتنى يەنە ئوخشاشلا ئاساسسىز ئەيىبلەپ دېمىگىنى قالمايدۇ. بۇ يەردە رول ئويناۋاتقىنى ئۇلارنىڭ سوغۇققان ئىلمىي تەپەككۇرى ئەمەس، بەلكى تورمۇزى يوق قۇرۇق ھاياجىنى! باشقىلارنىڭ پىكرىدىكى تېرەنلىكتىن ئەمەس، كەيپىياتىدىكى ھاياجاندىن تەسىرلىنىپ كېتىدىغان بىر قىسىم گول كىشىلەرلا ئۇلارغا ئاسان ئەگىشىپ كېتىدۇ - دە، بىلىپ - بىلمەي گۇپپاڭچىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. سامانغا ئوت ياققانچىلىك ئۇنۇم بېرىدىغان ئۇنداق قۇرۇق ھاياجاندىن ھەممىلا ئادەم تەسىرلىنىۋەرمەيدۇ. تەپەككۇرى سەگەك، مەسىلىلەرنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ھالدا كۆزىتىدىغان ۋە ئەستايىدىل پىكىر قىلىدىغان كىشىلەر بولسا، ئۇنداقلارنىڭ ئەلپازىغا مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇشىدۇ ياكى شەيخ سەئدىنىڭ «تومپايغا نەسىھەت قىلغان كىشى ئۆزى نەسىھەتكە موھتاجدۇر» دېگەن ھېكمىتىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۆزىنى ئاياپ جىممىدە تۇرۇۋېلىش شەكلىدە ئىنكاس قايتۇرۇشىدۇ. بۈيۈك رۇس يازغۇچىسى لېف تولستوي شۇنداق دېگەن: «كۆپ نەرسىنى بىلىدىغان كىشى خاتالىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۆز پىكرىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن بايان قىلىشنى بىلىدۇ، يۈزەكى بىلىدىغان، ئۆزۈمچىل كىشىلەر بولسا، ھەممە نەرسە ھەققىدە غەيرىي تەبىئىي بىر جاسارەت بىلەن ۋالاقلاۋېرىدۇ.»

ھوشۇر قارىي ئەپەندى، مەن سىزنىڭ ئېكراندا قەشقەر يىگىتلەرىگە خاس كىيىنىپ ئېشەك مىنگەن ھالەتتە كۆرۈنگەن ئاشۇ ئوبرازىڭىزنى «ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقىي مىللەت ئوبرازى» دەپ قارايمەن. مەن 2007 - يىلى 26 - يانۋار قىشلىق تەتىل ھارپىسىدا ئۈرۈمچى

شەھەرلىك 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تەكلىپى بىلەن چۈشتىن ئاۋۋال ئوقۇتقۇچىلارغا «يېڭى دەرس شارائىتىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەجبۇرىيىتى» دېگەن تېمىدا لېكسىيە سۆزلىدىم. چۈشتىن كېيىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈش ئالدىدىكى نەچچە يۈز ئوقۇغۇچىغا «قىممەت قارىشى يېتىلدۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى» ھەققىدە لېكسىيە سۆزلىدىم. توغرا، دۇرۇس قىممەت قارىشى تۇرغۇزمىغان ئەھۋالدا، ھەرقانداق كىشى ئۆتكۈنچى ھەۋەسنى، يالتىراق سۈپەتنى، قۇرۇق شوئارنى چوڭ بىلىپ ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۈگۈنكى رەڭگارەڭ ھەم مۇرەككەپ دۇنيادا ھەرقانداق بىر خەلقنىڭ پەرزەنتى ئۆز خەلقىنىڭ يادرولۇق مەنپەئىتى بىلەن باغلانغان يادرولۇق قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزمايدىكەن، مەڭگۈ گول بولۇپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇلارغا نېمىنىڭ خەلقىمىزنىڭ يادرولۇق مەنپەئىتى، نېمىنىڭ يادرولۇق قىممەت قارىشى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش زۆرۈر. مەن مۇشۇ نۇقتىدىن چىقىپ، ئوقۇغۇچىلاردا توغرا قىممەت قارىشى يېتىلدۈرۈش توغرىسىدىكى لېكسىيەنى چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ دەل ئېشەكتىن باشلىدىم. مېنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دىن كېيىن قىلغان تۇنجى سۆزۈم «سىلەرچە، بىزگە بېكخام مۇھىممۇ، ئېشەكمۇ؟» دېگەن سوئال بولدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بۈگۈنكى دۇنيادا ئەڭ مەشھۇر پۇتبولچى ھېسابلىنىدىغان ئەنگلىيەلىك بۇ چولپانغا ھەۋەس قىلىدىغان، ئۇنىڭ سۈرەتلىرىنى ھۇجرىلىرىغا، كىتاب ـ دەپتەرلىرىنىڭ مۇقاۋىلىرىغا چاپلىۋالىدىغان ئوقۇغۇچىلار بولغاچقا، بۇ غەلىتە سوئالدىن ھەيرانلىق ھېس قىلىپ جىممىدە بولۇپ كېتىشتى. مەن ئوقۇغۇچىلارغا بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن: «مېنىڭچە، بىز ئۈچۈن بېكخامدىن ئېشەك مۇھىم» دېدىم. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەيرانلىق ۋە قىزىقىشى تېخىمۇ ئاشتى. مەن قاراشلىرىمنى ئېنىق، كونكرېت، چۈشىنىشلىك، پاكىتلىق، قىزىقارلىق، جانلىق، قاراتمىلىق قىلىپ ئىككى سائەت سۆزلەپ بولۇپ، ئاخىرىدا ئوقۇغۇچىلاردىن باشتىكى سوئالىمنى قايتىلاپ سورىۋىدىم، زالدىكى

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى بىردەك خۇشاللىق بىلەن «ئىشەك!» دەپ ۋارقىراشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قېتىمقى نۇتۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتى. ئوقۇغۇچىلار قىممەت قارىشى يېتىلدۈرۈش جەھەتتىكى بىر قېتىملىق ئۇنتۇلغۇسىز لېكسىيەنى ئاڭلىدى. مەسىلىلەرگە ئالدى بىلەن ئۆزى تەۋە ئىجتىمائىي توپنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئەمەلىيەتتىن قاچىدىغان، ئۆزىنى بېزەپ تەسۋىرلەشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن، يالغان ـ ياۋىداق گەپ ـ سۆزلەر بىلەن باشقىلارنى ئالداشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەن خاراكتېرى ئاجىز، ئاڭ ـ سەۋىيەسى ئاددىي كىشىلەر «ئېشەكنى ماختاش سەت ئەمەسمۇ، مىللىتىمىزنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرگەنلىك ئەمەسمۇ؟» دەپ قوبۇل قىلالماسلىقى مۇمكىن. لېكىن، ئويلاپ بېقىش كېرەك ـ تە: بېكخام بىزنىڭ خەلقىمىزگە، ئانا ۋەتىنىمىزگە نېمە قىلىپ بەرگەن، ئېشەكچۇ؟ ئېشەك مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان خەلقىمىزنىڭ پۇتىغا پۇت، قولىغا قول بولۇپ، ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىدا مۇشكۇلىنى ئاسان، سەپەر ـ مېھماندارچىلىق ئىشلىرىدا يىراقىنى يېقىن، يۆتكەش ـ توشۇش ئىشلىرىدا ئېغىرىنى يېنىك قىلىپ ئاجايىپ رول ئويناپ كەلدى. كۈنىمىزدىن 100 يىل ئىلگىرى موللا مۇسا سايرامى تەرىپىدىن يېزىلغان ئۆلمەس ئەسەر «تارىخى ھەمىدىي» دە «ھەر ھەپتىدە 2000 ئېشەك ئاشلىق ياركەنتتىن كەم بولماي كاشغەرگە كېلىپ تۇرىدۇ» دەپ يېزىلغان. دېمەك، بۇنداق تارىخىي پاكىتلار ئېشەكنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق تارىخىدا قانچىلىك مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەجدادلىرىمىز يايلاق تۇرمۇشىدا ياشىغان دەۋرلەردە ئات سەلتەنەتلىك تۆھپىلىرى بىلەن مىسلىسىز رول ئوينىغان بولسا، خەلقىمىز كەڭ كۆلەمدە ئولتۇراق تۇرمۇش شەكلىگە قەدەم قويغان 1000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان ئېشەك كۈندىلىك ھاياتتا بارلىق ھايۋاننى بېسىپ چۈشىدىغان تۆھپىسى بىلەن مىسلىسىز رول ئويناپ كەلدى. بۇ نۇقتىدا بىز ئېشەكتىن ئىبارەت

بۇ مەخلۇقنى ئۇيغۇرلارنىڭ 1000 يىلدىن بۇيانقى قاتناش ـ ترانس- پورت ۋە يېزا ئىگىلىك تارىخىدىكى تۆھپىسى ئەڭ زور «ئەمگەك نە- مۇنچىسى» دەپ باھالىساق قىلچە ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز. نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئاتقا قارىغاندا ئېشەكنىڭ رولى كۆچىيىپ كەتتى؟ بۇنىڭغا ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراق تۇرمۇشقا كۆچ- كەندىن كېيىنكى تۇرمۇش شەكلى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجى بىلەن جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ جاۋاب ئىزدىسەك قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشەلەيمىز. لى ياڭ ئەپەندى يېزىپ تەييارلىغان «جۇڭگو شىنجاڭ . ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى» ناملىق رەسىملىك كىتابتىكى باياندىنمۇ بىز ئېشەكنىڭ رولىنىڭ كۆچىيىپ كېتىشىدىكى سەۋەبنى چۈشىنەلەيمىز. لى ياڭ ئەپەندى مۇنداق يازغان: «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلاردا ئېشەك بېقىش ۋە ئېشەك ئىشلىتىش ئەنئەنىسى بار، ئېشەك چۆل ـ جەزىرىلەردە سە- پەر قىلىش ماھىرى ھېسابلىنىدۇ، ئۇ ئاتقا ئوخشاش نازۇك كەلمەي- دۇ، قورسىقى ئاچسا ھەزىم قىلغىلى بولىدىغانلىكى نەرسىنىڭ ھەممىسىنى يەۋېرىدۇ. چۆل ـ جەزىرىدىكى ئازگاللارغا يىغىلىپ قالغان سۇلارنىڭ ئىشقارلىق تەركىبى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ. بۇنداق سۇنى ئېشەك بىلەن تۆگە ئىچسە ھېچ ئىش يوق، ئادەم بىلەن ئات ئىچسە ئۆلىدۇ. ئېشەك ئىنچىكە تۆت پۇتىنى يورغىلىتىپ ئې- غىر يۈكلەرنى ئارتىپ، چۆلدە يېمەي ـ ئىچمەي بىر كۈن يۈرەلەيدۇ. لېكىن ئاتتا بۇنداق چىدامچانلىق يوق.» قىسقىسى، ئېشەك ئۇي- غۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا تولىمۇ زور رول ئويناپ كەلدى. بىزنىڭ تالاي ئەر ـ ئاياللىرىمىزنى كوپىراتسىيەنىڭ 20 يىلغا سو- زۇلغان مۇشەققەتلىك ئەمگىكىدىن ئېشەك قۇتقۇزۇپ قالمىغان بول- سا، ئۇلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى كېسەلمەن، مەجرۇھ بولۇپ كەت- كەن، ھەتتا ئاچ قېلىپ ئۆلۈپ كەتكەن بولاتتى. ئېشەك بىزنىڭ يېزا ئىگىلىك مەدەنىيىتىمىزنىڭ سىمۋولى! بىر دېھقاننىڭ ئۆيىدە بىر ئېشەك بولسا، ئۇ ئائىلىنىڭ كۈندىلىك جاپاسىدا زور ئاسانچىلىق



نەۋرىسىنى ئالدىغا ئېلىپ بازارغا ماڭغان ئېشەكلىك بوۋاي

كۆرۈلىدۇ. ئەلۋ ئادەتتىكى بىر ئېشەكمۇ تۆت ـ بەش قاۋۇل ئەمگەك كۈچىنىڭ ئىشىنى قىلىدۇ. «ئېشىكى يوق موللامنىڭ قولىقى تىنچ» بولغان بىلەن، ئېشىكى يوق دېھقاننىڭ ھالىغا ۋاي! جانغا تولىمۇ ئەسقاتىدىغان ئېشەكتىن ئىبارەت بۇ ياۋاش جانىۋار تالاي يىل مابەي-نىدە دۇمچىيىپ قالغان ماك ـ ماك مومايلىرىمىز بىلەن يۆتەلگەك بوۋايلىرىمىزنى مەنزىلىگە بىخەتەر يەتكۈزۈپ كەلدى. بىزنىڭ مىڭ-لىغان جاھانكەزدى ئوغلانىمىز ئاسىيانىڭ قەلبىنى ئاشۇ غەلۋىسى ئاز، مۇلايىم ئېشەك بىلەن كېزىپ چىقتى. ھېلىمۇ ئالتە شەھەردى-كى، بولۇپمۇ قەشقەر، خوتەنلەردىكى مىليونلىغان قېرىندىشىمىزنىڭ جېنىغا ھەقىقىي ئەسقېتىۋاتقان ئاساسلىق قاتناش ۋە ئىشلەپچىقى-رىش قورالى ئېشەك، دەپ تونۇساق خاتا بولمايدۇ. بىز قەشقەر، يە-كەن، خوتەنلەرنىڭ بازار كۈنلىرىدىكى ئاجايىپ مەنزىرىسىنى كۆرۈپ باقساقلا بۇ نۇقتىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز. قەشقەرنى ئالىدىغان بولساق، قەشقەرنىڭ يەكشەنبە بازىرىغا ئەتراپتىكى يېزا ـ ناھىيە-لەردىن يۈزمىڭدىن ئارتۇق دېھقان خوراز چىللىغاندىن تارتىپ چىڭ-قىچۇشكىچە چۇمۇلىدەك قاتار تىزىلىپ، ئايىغى ئۈزۈلمەي كىرىدۇ. ئۇلار بۇ كۈنكى بازارغا ھەرگىزمۇ «جىپ»، «سانتانا»، «خوندا»، «تو-يوتا»، «مىرسىدىس» لاردا كىرمەيدۇ، بەلكى 70 ـ 80 پىرسەنتى ئې-شەك ياكى ئېشەك ھارۋىسى بىلەن كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەتىگەندە تارام ـ تارام يوللاردىن بازارغا قاراپ ئېقىۋاتقان ياكى كەچتە ئۆيىگە قاراپ ئالدىراپ يېنىۋاتقان كۆرۈنۈشىگە قارىسىڭىز نېمىدېگەن تى-رىشچان خەلق بۇ، دېمەي تۇرالمايسىز. قەشقەرنىڭ يەكشەنبە كۈنى-دىكى دېھقان بازىرى قەشقەرنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىدىكى كى-شىنى ئەڭ مەپتۇن قىلىدىغان گۈمانىتار مەنزىرە سۈپىتىدە كىشى-لەرنى جەلپ قىلىپ كەلمەكتە. خوتەندە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يازغۇچى تۇرسۇنجان مۇھەممەت «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىل-لىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلغان «دېھقان يېنىدا ئېشەك بار» دېگەن ماقالىسىدە ئېنىق قىلىپ مۇنداق يازغان: «ئۇيغۇر يېزىلىرىنى، ئۇي-

غۇر دېھقانلىرىنى پىششىق بىلىدىغان ھەربىر كىشى ئۈچۈن سىر ئەمەسكى، مەھەللە يوللىرىدا، ئېتىزلاردا، بازار ـ رەستىلەردە، جاڭگال ـ بارخانلاردا ھايات تېرىكچىلىكى ئۈچۈن تېپىرلاپ يۈرگەن، چوڭقۇر كۆمۈلگەن رىزىق ـ نېسىۋىسىنى زېمىن باغرىدىن تېپىپ يېيىش ئۈچۈن باش كۆتۈرمەي ئەمگەك قىلىۋاتقان ھەربىر جاپاكەشنىڭ ــ بىقۇۋۇل دېھقاننىڭ كەينىدە بىردىن ئۇزۇن قولاق، جاھىل، تەرسا، ئەمما ئىگىسىدەكلا كۆكسى ـ قارنى كەڭ، تاياق يېسىمۇ، ئىزا ئاڭلىسىمۇ، ھەتتا ئۇرۇپ ناكار قىلىنسىمۇ دەردىنى ئۆزى بىلىپ جىمجىتلا تۇرىدىغان جاپاكەش ئېشەكلەر سايىدەكلا ئەگىشىپ يۈرىدۇ.»

ئەمەلىيەت، پاكىت شۇنداق تۇرسا بىز يەنە قايسى يۈزىمىز بىلەن ئېشەكنى كەمسىتىمىز، ئۇنىڭ رولىغا سەل قارايمىز، ئۇنىڭ تۆھپىسىگە كۆز يۇمىمىز؟! بۇ ئاقىلانىلىكمۇ؟ بۇ ئادىللىقمۇ؟ ئېشەكنىڭ خەلقىمىزگە ۋە ئانا ۋەتىنىمىزگە كۆرسەتكەن بىھېساب خىزمىتى ئالدىدا، بىز ئۈچۈن ئىسسىقمۇ ئەمەس، سوغۇقمۇ ئەمەس بولغان پۇتبول چولپىنى بېكخام نېمىگە ئەرزىيتتى؟ بېكخامنىڭ شان ـ شەرىپى بىز بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز. ئۇ چولپان بولسا ئىنگلىزلارنىڭ ئاسمىنىنى يورۇتىدىغان چولپان. بىز پەقەت ئۇنىڭ ماھارىتىدىن زوقلىنىپ قويساقلا كۇپايە، ئۆسمۈرلىرىمىزنىڭ ئۇنى مەبۇد قىلىۋېلىشىنىڭ قىلچە ئورنى يوق. مېنىڭ بۇ يەردە ئەتەي بېكخامغا ئېسىلىۋېلىشىم، تار مەھكىمچى ياكى ئەسەبىي يەكلىمەچى ئادەملەردەك ئۆزگىلەرنى قارىقويۇق ئىنكار قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مەقسەتلىك سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېڭىدا يادرولۇق مىللىي مەنپەئەت چۈشەنچىسىنى تىكلەش، ئۆزى مەنسۇپ ئىجتىمائىي توپنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ئالدىن ئويلىشىدىغان تەپەككۇر ئۇسۇلىنى ئىگىلىتىش!

بەلكىم بەزىلەر «ھايۋان بىلەن ئادەمنى سېلىشتۇرۇش دۇرۇس ئەمەس» دەپ ئويلىشى مۇمكىن، بىلىش كېرەككى، «ئىنسان بىلەن

ھايۋاننىڭ قايسىسى قىممەت جەھەتتە ئەۋزەل ھېسابلىنىدۇ؟» دەپ ئومۇمىي قىممەت جەھەتتىن سورىسا، «ئىنسان مەڭگۈ ئەزىز ۋە ئەۋ- زەل ھېسابلىنىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىش كېرەك. ئەمما، يەككە قىممەت نۇقتىسىدىن ئادەم بىلەن ھايۋاننى سېلىشتۇرۇش پۈتكۈل ئىنسان- يەتنىڭ تەپەككۇر ئادىتىگە ئورتاق. مەسىلەن، بىزدىمۇ «ھۈنىرى يوق ئەردىن مېكىيان توخۇ ياخشى» دېگەندەك پىكىرنى سېلىشتۇرما شە- كىلدە ئىپادىلەش ئادىتى بار. بۇ ئوي ـ پىكىرنى ئوبرازلىق ئىپادى- لەش ئېھتىياجى سەۋەبىدىن ئىستىلىستىكا قائىدىسىگە ئۇيغۇن ھالدا كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىدىغان تەپەككۇر ئادىتى ھېسابلىنىدۇ. باشقىلارنى «بېكخام مۇھىممۇ، ئېشەكمۇ» دەپ سوئال قويۇپ مۇلا- ھىزىگە يېتەكلەش مېتود مەسىلىسىدۇر. بۇ يەردىكى مەقسەت ئې- شەكنى بۇيۇكلۇككە كۆتۈرۈش ئەمەس، مىللىي مەنپەئەتنىڭ مۇھىم- لىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش. ھەربىر دۆلەتنىڭ دۆلەت ئەھۋالى ۋە تۈپ مەنپەئەتى ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشىنىڭ ئاساسى بولغىنىدەك، بىز- نىڭ مىللىي ئەھۋالىمىز ۋە مىللىي مەنپەئەتىمىزمۇ بىزنىڭ ئىج- تىمائىي قىممەت قارىشىمىزنىڭ مۇھىم ئاساسى. پەرقلىق ئىجتى- مائىي مۇھىتتا ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئوخشاش بىر ئوبيېكتقا بولغان قارىشى ئوخشاش بولمايدۇ. بىز ئەلۋەتتە ئۆزىمىزنىڭ نۇق- تىسىدا تۇرۇپ باھا بېرىشكە ۋە خۇلاسە چىقىرىشقا ھەقلىق. بۇنىڭ ئۇچۇن ئالدى بىلەن ھەربىر ئادەم، بولۇپمۇ مىللىي زىيالىيلار ئۆزى مەنسۇپ ئىجتىمائىي توپ ۋە ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان رېئاللىق ھەققى- دە چوڭقۇر تونۇشقا ۋە توغرا بىلىشكە ئىگە بولۇشى لازىم. قارى- غۇلارچە باھا بېرىش ۋە خۇلاسە چىقىرىش نادانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئورتاق تەقدىر چەمبىرىكى ئىچىدە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭمۇ، ئۆزى مەنسۇپ ئىجتىمائىي توپنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ئالاقىدار مەسىلى- لەردىكى قاراشلىرى ۋە پوزىتسىيەسى ئوخشاش بولماي قالىدۇ. بۇنداق بولۇشىدا تونۇشنىڭ چوڭقۇر، بىلىشنىڭ توغرا، يىراقنى كۆرۈش ئىقتىدارىنىڭ ھازىرلانغان بولۇش ـ بولماسلىقى مۇھىم

رول ئوينايدۇ. «سومورغىنىڭ خىيالىنى قوشقاچ قايدىن بىلسۇن» دې-گەندەك، گاھىدا تاققا ـ توققا پىكىر قىلىدىغان كالتا ـ كۆسەي ئا-دەملەر ئادەتتىكى ئەرزىمەس قاراشلىرىنى «مېنىڭچە» دەپ ئەزۋەيلەپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، باشقىلار ئاسماندىن گەپ قىلىۋاتسا، ئادراسمانىنىڭ گېپىنى قىلىپ ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىۋېتىدۇ. توغرىسى شۇكى، ئىدراكقا ۋە ئەخلاققا مۇخالىپ بولمىغان شەرت ئاستىدا، ئۆزىمىز مەنسۇپ ئىجتىمائىي توپنىڭ قىممەت قارىشى ئاساسىدا شەيئىلەرگە مۇئامىلە قىلىشىمىز ۋە ئۇلارنى باھالىشىمىز لازىم.

باشقىلاردىن بىچارىلەرچە ھېيىقىش، ئۆزىنىڭ يادرولۇق مەنپە-ئەتىنى گەۋدىلەندۇرۇشكە جۈرئەت قىلالماسلىق بىر خىل بىقۇۋۇل-لۇق. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز، ئانا ـ مومىلىرىمىز تا بۈگۈنگىچە تايىنىپ كېلىۋاتقان، مىنىپ كېلىۋاتقان تۆھپىكار جانىۋار ئېشەكنى مۇشۇ مىللەتنىڭ پەرزەنتى بولغان ھوشۇر قارىي مىنىپ ئېكرانغا چىقسا مىللەتنىڭ ئوبرازى خۇنۈكلىشىپ كېتەمدىكەن!؟ كىملەرگە سەت كۆرۈنىدىكەنمىز، كىملەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىدىكەنمىز، كىمكەن ئۇ بىز نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىشتىن ئەنسىرەيدىغان؟ بىز بىر ئەمەلىيەتچى، بىر خەلقپەرۋەر سۈپىتىدە بۇ ئاددىي ھايۋاننىڭ ئۆچمەس تۆھپىلىرىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرمەكتە، ئۇنىڭغا ئادىل مۇئامىلە قىلماقتا يوق، ئاللىكىملەرنىڭ نەزىرىدىكى مىللىي ئوبرا-زىمىزنىڭ خۇنۈكلىشىپ كېتىشىدىن قورقساق ئۆزىمىزگە بولغان ئىشەنچىمىز ئاجىز، پاكىتقا كۆز يۇمىدىغان ساختىپەز، تۆھپىگە تۇكۇرىدىغان تۇزكورلاردىن بولمايمىزمۇ؟ «ئىت ئىنسانلارنىڭ دوس-تى» دەپ تەرىپلىگەنگە ئوخشاش «ئېشەك ئۇيغۇرنىڭ دوستى!»، «ئۇيغۇرلار ئېشەك ئۇستىدىكى مىللەت!» دەپ جاكارلىساق نېمىسى خاتا؟ رېئال پاكىت، تارىخىي ئەمەلىيەت مۇشۇنداق ئەمەسمۇ؟ شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۆزىمىزنىڭ مىللىي كىملىكىنى داغۋازلىق بىلەن بې-زەپ، قۇرۇق شۆھرەت ۋەسۋەسىسىدە ساختا سۆلەت پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنۇپ نېمە قىلىمىز؟ سۆزلەڭ، يېزىڭ دېسە «ئۆزىمىزنى ئېتىراپ

قىلالايلى» دەپ گەپنى گويا تەۋرەنمەس ئەمەلىيەتچىدەك باشلاش، ئەمەما رېئاللىققا يۈزلەنگەندە، دەرھال پاكىتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۇرۇنۇش قانداق پوزىتسىيە؟ روشەنكى، بۇ بىر مىللىي ئاجىزلىق! بىر مىللەت ئۆزىدىن ھالقىيمەن، تەرەققىي قىلىمەن دەيدىكەن، چوقۇم ئەمەلىيەتچىل بولۇشى، سەمىمىي، سەۋرچان بولۇشى، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مىللىي كىملىكىنى ئېتىراپ قىلىشى ۋە ئۆزىنى ئۆزۈكسىز تاكامۇللاشتۇرۇشقا تىرىشىشى كېرەك. بىز نېمە دېسەك خەق ئىشىنىۋېرىدىغان ئىش يوق. ئېشەكنىڭ خەلقىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى ئالاھىدە رولىنى ھەممە كىشى بىلىدۇ. قېنى باشقىلار بىزنىڭ تۇرمۇش رېئاللىقىمىزنى بىلەمدۇ ـ بىلمەمدۇ، كۆرۈپ باقايلى:

1929 ـ يىلى 22 يېشىدا قەشقەرگە كەلگەن شىۋېتسىيەلىك داڭلىق تۈركولوگ گۇننار ياررىڭ «قەشقەرگە قايتا سەپەر» ناملىق كىتابىدا مۇنداق يازغان: «1929 ـ يىلى قەشقەرگە كېلىپ خۇددى ھازىرقى دەۋردىن ئوتتۇرا ئەسىرگە ـــ «مىڭبىر كېچە» نى فىلىمگە ئېلىش ئۈچۈن راسلانغان كۆرۈنۈش ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك بولدۇم. بۇ يەردە يا ئاپتوموبىل، يا موتوسىكلىت يوق، ھەتتا ۋېلىسىپىتمۇ كۆزگە چېلىقمايتتى... بايلار ۋە ئېسىلزادىلەر چىرايلىق گۈللۈك يوپۇق ـ شالچا سېلىنىپ، ئېگەرلەنگەن يۇزۇر ئاتلارغا مىنىپ، مىغىلداپ تۇرغان كىشىلەر توپىنى يېرىپ ئۇياقتىن بۇياققا ئۆتۈپ يۈرەتتى. قول ـ ئىلكىدە پۇل ـ مېلى ئانچە جىق ئەمەسلەر ئېشەككە مىنەتتى، ھالبۇكى، شەھەر ئاھالىسىنىڭ زور كۆپچىلىكى بولغان كەمبەغەللەر پىيادە ماڭاتتى... قەشقەرگە ئەمدىلا كەلگىنىمدە، بۇ يەردىكى ئېشەكلەر مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. ئېشەك دۇنيادىكى ئەڭ قانائەتچان ھايۋان. قەشقەر بازارلىرىدا لىق نەرسە قاچىلانغان خۇرجۇن ئارتىلغان ئېشەككە يەنە تېخى بىر ياكى ئىككى بالىنى ئالدىغا ئېلىپ مىنىۋالغان كىشىلەرنىمۇ ئۇچرىتىقلى بولاتتى. ئېشەككە نوختا سېلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئېشەكنىڭ ئى-

گىسى قولىغا كىچىك بىر تاياق ئېلىۋېلىپلا مىنىۋالغان ئېشىكىنى ئۇياق - بۇياققا كېتىۋاتقان ئادەملەر توپى ئىچىدىن ئۆتكۈزۈپ كې-تەلەيتتى. ئېشەكنى سول تەرەپكە ياكى ئوڭ تەرەپكە ماڭدۇرماقچى بولغاندا، ئېشەك ئىگىسى ئېشىكىنىڭ قۇلىقىغا تايىقىنى سەل - پەل تەگكۈزۈپ قويسىلا كۇپايە قىلاتتى. ئېشەكنىڭ ئىگىسى ئېشىكىنى سەل تېزرەك ماڭدۇرماقچى بولغاندا، ئۇنىڭ ساغرىسىغا كېلىشتۈرۈپ بىر تاياق سېلىپ قويسىلا بولاتتى.»

ئۆرپ - ئادەت تەتقىقاتچىسى لى ياڭ ئەپەندى «ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق يازغان: «ئېشەك هارۋىسى جە-نۇبىي شىنجاڭ دېهقانلىرىنىڭ ئاساسلىق ئائىلە قاتناش قورالى بو-لۇپ، ئومۇمەن ئۆي بېشىغا بىردىن توغرا كېلىدۇ. بازار كۈنلىرى دېهقانلار دەبدەبىلىك كۆرۈنۈش ياساپ، ئېشەك هارۋىلىرىغا ئولتۇ-رۇپ، قوشۇن تارتىپ بازارغا ماڭىدۇ. شۇ سەۋەبلىك بازار يېنىدا بىر خىل ئۆزگىچە ئورۇن، يەنى ئېشەك هارۋىسى مەيدانى بارلىققا كەلگەن. ئۇيغۇرلار تارىختا ‹ئېگىز هارۋىلىقلار› (قاڭقىللار 高车) دەپ ئاتالغان. بۇ نام ئۇلارنىڭ ئېگىز چاقلىق ياغاچ هارۋىلارنى يا-ساشقا ماهىر بولغانلىقىدىن كېلىپ چىققان. لېكىن هازىرقى ئې-شەك هارۋىلىرىنىڭ هەممىسى بالونلۇق هارۋا بولۇپ، ياغاچ چاقلىق كالا هارۋىلىرىنى ئاز ساندىكى بازارلاردىلا ئاندا - ساندا ئۇچراتقىلى بولىدۇ.»

1980 - يىللاردا ئانا دىيارىمىزغا كەلگەن ياپونىيەلىك ئىكارىي كوئىچى ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلار هەققىدىكى «دادا، ئاپا خۇشال ئۆتەيلى» ناملىق كىتابىدا: «كۆزۈمنى شۇنداق يۇمساملا يىپەك يولىدىكى بوس-تانلىق كەنتلەر كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. ماڭسا - ماڭسا تۈگىمەيدىغان تەكلىماكان، يىراقتا قارنى يېپىنچا قىلغان قاراقۇرۇم تېغى. ئۇنىڭ-غا نەزەر سالغاچ ماڭسىڭىز چەكسىز داۋاملاشقان ئۇزۇن بىر يول، يول ئۈستىدە ئۇياق - بۇياققا كېتىۋاتقان ئېشەك هارۋىلىرىدا قىپ-قىزىل ياغلىق ئارتىۋالغان، بولاقتەك كۆزلىرى نۇرلىنىپ تۇرغان

ئۇيغۇر چوكانلىرى ... يېپەك يولى مەنزىرىلىرىدە ئېشەك ھارۋىسى،
ياشانغانلار، ئۇنىڭدىن قالسا باللار كەم بولمايدۇ ... ئۇيغۇر دوپپى-
سى كىيگەن، ئاپپاق ساقال قويغان بوۋايلار پەيلاسوپلارغا خاس سالا-
پەت بىلەن ئېشەكنى قامچىلاپ يىراقلاپ كېتىدۇ. قەيەرگىلا بارسى-
ڭىز بۇغداي، قوناق، كۆدە، يېڭىلا تېرىۋېلىنغان پاختا تاغارلىرى
لىق بېسىلغان ھارۋىلار ئۇچراپلا تۇرىدۇ ... ئېشەك ھارۋىلىرى ئې-
گىز تېرەكلىك يوللاردا چاڭ - توزان ئۆرلىتىپ يىراقلاپ كېتىدۇ.
ھازىر شۇلارنى ئويلاپلا قالسام بىر خىل سېغىنىش ھېس قىلىمەن»
دەپ يازغان.

يۇقىرىقىلار غەرب ۋە شەرق كىشىلىرىنىڭ بىز ھەققىدىكى باياد-
لىرى. ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ئېشەكنىڭ قانچى-
لىك مۇھىم رول ئويناپ كەلگەنلىكىنى ھېلىھەممۇ شۇنداق مۇھىم
رول ئويناپ كېلىۋاتقانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىدۇ. شۇڭا، ھەم-
مىگە ئايان بۇنداق رېئاللىقتىن قېچىشنىڭ، ئۇنى يوشۇرۇشنىڭ نې-
مە ھاجىتى؟ بىز قەددىمىزنى تىك تۇتۇپ، ئاۋازىمىزنى جاراڭلىق
چىقىرىپ، ئۆزگىلەرنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ «ئېشەك ئۇيغۇر-
نىڭ دوستى»، «ئۇيغۇرلار ئېشەك ئۇستىدىكى مىللەت» دەپ پەخىر-
لەنسەك بولۇۋېرىدۇ. گەپ، بىزنىڭ ئۆزىمىزگە بولغان ئىشەنچىمىز-
نىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقىدا، ئەمەلىيەتچىل روھىمىزنىڭ بار -
يوقلۇقىدا، قىممەت قارىشىمىزنىڭ رېئاللىققا ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇن
ئەمەسلىكىدە، پاكىتنى تەن ئېلىش جاسارىتىمىزنىڭ بار - يوق-
لۇقىدا!

1874 - يىلى ئامېرىكىلىق داڭلىق رەسسام تومسون ناست بىر
سىياسىي ھەجۋىي رەسىم ئىجاد قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئېشەك بى-
لەن پىلنىڭ لىڭگىرتاقتاق ئويناۋاتقان ھالىتى تەسۋىرلەنگەن.
رەسسام ئېشەكنى دېموكراتلار پارتىيەسىگە، پىلنى جۇمھۇرىيەتچى-
لەر پارتىيەسىگە سىمۋول قىلىپ، بۇ ئارقىلىق بۇ ئىككى پارتىيە-
نىڭ ھاكىمىيەتنى نۆۋەتلىشىپ باشقۇرۇش ئەھۋالىنى ھەجۋىي قىل-



1980 ـ يىلى رىگان سايلامغا قاتناش-قاندا ئامېرىكىدىكى ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان سىياسىي ھەجۋىي سۈرەت

غان. ئويلىمىغان يەردىن بۇ ئىككى پارتىيەنىڭ داھىيـ-لىرى نۇتۇق سۆزلەپ، بۇ ھايۋانلارنى ئۆز پارتىيەلىـ-رىگە سىمۋول قىلىشنى شەرەپ دەپ بىلىدىغانلىقىـ-نى جاكارلاشقان. دې-موكراتلار پارتىيەسىنىڭ داھىيسى: «ئېشەك — چىداملىق، قەيسەر ھايۋان. ئۇ ھەقىقەتەن بىزگە سىمـ-ۋول بولالايدۇ» دېگەن. جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيە-سىنىڭ داھىيسى بولسا: «پىل — تولىمۇ تەمكىن، ئىشچان ھايۋان. ئۇ ھەقىقەتەن بىزگە سىمۋول بولالايدۇ» دېگەن. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى كۈچلۈك، پوزىتسىيەسى ئەمەلىيەتچىل بولغاچقا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالدىغا بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ مەسخىرىلىك پاسسىپ ھالەتنى ئاكتىپ ھالەتكە ئايلاندۇرۇۋەتكەن. بۇنداق روھ ئۆگىنىشكە ئەرزى-مەمدۇ؟ باشقىلارنىڭ قانداق قارىشىغا زىيادە ئەھمىيەت بېرىش، باش-قىلارنىڭ مەسخىرە قىلىشىدىن قورقۇپلا يۈرۈش، باشقىلارنىڭ با-ھاسى بىلەن تولا ھېسابلىشىش شۇ ئادەم ياكى شۇ مىللەتنىڭ مەنى-ۋىيىتىنىڭ ناھايىتى بىچارىلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

«ئەجدادلىرىمىز ئات مىنگەن، ئات!» دەپ ئېيتىلغان ھاياجانلىق باياندا ئاتنى ئۇلۇغلاپ، ئېشەكنى كەمسىتىش مەنىسى چىقىپ تۇرى-دۇ. ئاتنى ئۇلۇغلاش ھەرگىز خاتا ئەمەس، بىراق، ئېشەكنى پەس-لەشتۇرۇش ئادالەتسىزلىك. مەسىلە بىزنىڭ كاللىمىزدا. ئويلاپ با-قايلى، ئادەتتە ئەدەبىي ئەسەرلەردە، سەھنە ـ ئېكرانلاردا پادىشاھ،

سانغۇن، سەركەردە، باتۇر ـ ئەزىمەتلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتا كۆپىنچە ئاتلىق ھالەتتە يارىتىلغان بىلەن، ئەۋلىيا، دانىشمەن، مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئوبرازى ئېشەكلىك يارىتىلىدۇ. ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئۆمۈر بويى ئېشەك مىنىپ دىن تارقاتقانىكەن. ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشىنىڭ قوزغىلىشىغا سەۋەبچى بولغان مەشھۇر موناخ پىيەر. لەمت گېرمانىيە، فىرانسىيە، ئىتالىيەنى ئېشەك مىنىپ ئارىلاپ خىرىستىيانلارنى يېرۇسالېمنى قايتۇرۇۋېلىشقا كۈشكۈرتكەنىكەن. بىزنىڭ دانىشمەن نەسرىدىن ئەپەندىمىزمۇ ئۆمۈر بويى ئېشەك بىلەن جاھان كەزگەن.

قىسقىسى، ئېشەكنى كەمسىتىش ئاۋام ئادەتلىنىپ قالغان ئەنئەنىۋى بىر تەرەپلىمە قاراشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئېشەكنى كەمسىتىشنىڭ ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسى يوق. بار دېيىلسە، پەقەت پىسخىكىلىق ئاساسىلا بار. ئەگەر ئۇ ھارام مەخلۇق دەپ قارالغاچقا، شۇ سەۋەبتىن كەمسىتىلىدۇ، دېيىلسە، مۇمىنلىرىمىزنىڭ ئېتىكىدىن چۇشمەي ئەتىۋارلىنىدىغان مۇشۇكمۇ ھارام مەخلۇقتۇر. ئەمما ھېچكىم مۇشۇكنى كەمسىتمەيدۇ. بىر شائىرنىڭ شېئىرىدا: «ئەي ئوغۇل، بىلىم ئۆگەنگىن! نادانلىق نومۇستۇر، بۇ نومۇسنى كۆتۈرۈشكە پەقەت ئېشەكلا رازى بولىدۇ» دېيىلگەن. روشەنكى، بۇ ئېشەككە ئۇۋال قىلغانلىق. ئېشەك بىلىمسىزلىككە رازى بولۇپ ياشاپ، باشقا ھايۋانلار ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ دەرۋازىسىغا بېرىۋالغان ئەھۋالنى بىرەر كىشى كۆرگىنى يوق! بىر قەلەمكەش ئەدىبلەرنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتى ھەققىدىكى تاقىقا ـ تۇققا گەپلەر بىلەن تولغان بىر ماقالىسىدە، قايسىبىر ھەۋەسكارنىڭ «جاپاكەش بولغاچقا كۆپتۇر خىزمىتى، ھاياسىز بولغاچقا يوقتۇر ئىززىتى» دېگەن قوشىقىدىن ئىلھاملىنىپ «ئېشەك تۆھپىسى زور ھايۋان بولسىمۇ، قىلىقى سەت بولغاچقا قەدرى يوق» دەپ يازغان. ئەجەبا، ئېشەكنىڭلا قىلىقى سەت بولۇپ، باشقا ھايۋانلارنىڭ قىلىقى چىرايلىقمۇ؟ ئېشەكتىن باشقا ھايۋانلار سەت قىلىق قىلغاندا «ھۇجرىسى» غا كىرىپ كېتەم-

دۇ؟ ھەممە ھايۋان ئوخشاشلىغۇ؟!

دېمەك، بىز ئېشەكنى سەلبىي ئوبرازلار قاتارىدا ئۆزلىرى ئۆزگىچە پوزىتسىيەسىنى تۇتقانمىز. ئەلۋەتتە، بۇ ئەھۋال بىز ئۇيغۇرلاردىلا ئەمەس، باشقا مىللەتلەردىمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇت. مەسىلەن، دۇنياۋى شۆھرەتلىك قىرغىز يازغۇچىسى چىڭ-غىز ئايتماتوفنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن بىر ھېكايىنى ئەسلەيدىغان بولساقمۇ، بۇ خىل ئەھۋالنى ھېس قىلالايمىز. ئايتماتوف قازاقىس-تاننىڭ جامبۇل شەھىرىدىكى مال دوختۇرلۇق تېخنىكومىدا ئو-قۇۋاتقان چاغلىرىدا، ھايۋانلار توغرىسىدا دەرس بېرىدىغان بىر رۇس پىروفېسسور ئوقۇغۇچىلارنى ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۇرۇپ سۆزلەتكۈزۈش مەقسىتىدە جامبۇلدىكى «ئات چاپار» دېگەن مال بازىرىغا باشلاپ بارغان. ئالارمەنلەر بىلەن ساتارمەنلەر مىڭ - مىڭ قايناپ كەتكەن مال بازىرىدا پىروفېسسور بىر ئېشەكنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى ئايتماتوفقا قاراپ:

— ئايتماتوف، ماۋۇ، ئېشەكنىڭ قايسى تۈرى؟ قېنى سۆزلە، — دەپ كۆزئەينىكىنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرغان. ئايتماتوف:

— بۇ جانىۋار دەسلەپتە ئافرىقا بىلەن ئاسىيا قۇرۇلۇقىدا پەيدا بولغان، ھازىر سىبىرىيە، كەشمىر، تىبەت، ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق جايلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇلار ئاساسەن قولغا ئۆگىتىلىپ، ئۇلاغ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ باشقا ھايۋانلاردىن قۇلىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن پەرقلىنىدۇ. پاقالچىقىغا چۈشىدىغان ئىنچىكە قۇيرۇقىمۇ بار. تەخمىنەن ئون ئىككى ئاي قورساق كۆتۈرىدۇ ... — دەپ سۆزلە-ۋېتىپ ئېشەكنىڭ ئىگىسىگە كۆزى چۈشۈپ، نېمە قىلىشنى بىلمەي ئۇيالغىنىدىن ئاۋازى بوغۇلۇپ تۇتۇتلەپ قالغان. سەۋەبى، ئېشەكنىڭ ئىگىسى بولغان ئاقساقال ئۇنىڭ ئاچىسىنىڭ قوشنىسى ئىكەن. ھې-لىقى ئاقساقال ئۆز ئاۋۇلىغا قايتقاندىن كېيىن:

— ۋاي توۋا، تۆرەقۇلنىڭ بالىسى ئايتماتوف جامبۇلدا ئېشەكچى-لىكنى ئوقۇپ يۈرۈپتۇ، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. مۇئەللىمى بىلەن

بىللە بازاردا ئېشىكىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ تېگى ـ تەكتىدىن باشلاپ ئۇرۇق ـ جەمەتى، يەتتە ئاتىسىنى پۈتۈنلەي ساناپ چىقتى، ــ دەپ پۈتكۈل ئاۋۇلغا ھېكايە قىلىپ بەرگەنىكەن.

ئەسلىدە ئېشەكنى تەتقىق قىلىش، ئېشەكنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بىلىش ناھايىتى زۆرۈر ئىش. ئەمما، ئادەت كۆچى تۈپەيلىدىن بۇ مەسىلىگە نۇرغۇن كىشى كۆلكىلىك ئىش دەپ قارايدۇ. ئىلىم ئەھلىلىرى بولسا ناھايىتى ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتىدۇ. بىر ساۋاقدىشىمىزنىڭ سىڭلىسى مۇئەللىمى بىلەن بىللە كانادادىن قەشقەرگە مەخسۇس ئېشەكنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغىلى كەلگەنلىكى توغرىسىدا گەپ بولغاندا، سورۇندا ئولتۇرغانلار «پاراققىدە» كۈلۈشۈپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە، كانادالىقلارغا سېلىشتۇرغاندا بىز ئۇيغۇرلار ئېشەكنىڭ پايدىسىنى كۆپ كۆرگەن. ئەمما، تەتۈرسىچە، خەق ئېشەكنى چوڭ بىلگەن ـ يۇ، بىز ئېشەكنى پەس كۆرگەن. بىز ئېشەكلىرىمىزگە ئاشۇنداق نادانلارچە، بىر تەرەپلىمە قاراشلاردا بولۇپ مۇئامىلە قىلساق توغرا بولامدۇ ياكى خاتا بولامدۇ؟ بۇنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىشىمىز زۆرۈر. بىزنىڭ ياش شائىرىمىز ئادىل تۇنىياز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىلى 5 ـ، 6 ـ (قوشما) سانىدا بېسىلغان «قەشقەردىكى يەر شارى» ناملىق داستانىدا:

ۋەتەن، ئېھ ۋەتەن!
چىرايلىقتۇر ھەممە نەرسىسى
چىرايلىق ئۇنىڭ قايغۇسىمۇ ھەم.
گۆھەردۇر، ئالمىدۇر، خوش پۇراق گۈلدۇر،
ۋەتەن دالاسىدا كۆرگەن تولۇق تېزەك.

دەپ يازغان. مانا بۇ ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىك مەزمۇنىدىكى شېئىر. ۋەتەن ھەرگىزمۇ ئابستراكت نەرسە ئەمەس، بەلكى تولىمۇ كونكرېت نەرسە! ئېتىز ـ دالالىرىمىزدىكى قۇرت ـ قوڭغۇزلاردىن تارتىپ

ھاۋادىكى پاشا ـ چىۋىنلىرىمىزگىچە ۋەتىنىمىزنىڭ مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدىغان شەيئىلەر ھېسابلىنىدۇ. تۆھپىسىنى تەرىپلەپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان، خەلقىمىزگە قىش ـ ياز ئەسقېتىپ كېلىۋاتقان ياۋاش، جاپاكەش مەخلۇق ئېشەك بولسا تېخىمۇ شۇنداق. ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتپەرۋەرلىك قۇرۇق شوئارلىرىمىزدا، شۆھرەت ۋەسۋەسىسى بىلەن سۆزلىگەن ئالىجوقا سۆزلىرىمىزدە ئەمەس، بەلكى ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ، ئەزىز خەلقىمىزنىڭ قىممىتى بار ھەربىر نەرسىسىنى ئىككىلەنمەي قەدىرلىيەلىشىمىزدە ئىپادىلىنىدۇ.

ھوشۇر قارىي ئەپەندى، شۇڭا مەن سىزنىڭ ئېكراندىكى ئېشەك مىنىپ، قەشقەر يىگىتلىرىگە خاس كىيىنىپ كۆرۈنگەن قىياپىتىڭىزنى «ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقىي مىللەت ئوبرازى» دەپ ئېيتالايمەن. بىزنىڭ خەلقىمىز ۋە ئانا ۋەتىنىمىز ئۈچۈن قىلچىمۇ ماھىيەتلىك مۇناسىۋىتى بولمىغان بېكخام ئەپەندى بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ بايلىقى، مىللىتىمىزنىڭ دوستى بولغان ئېشەكنى سېلىشتۇرۇپ، «بىز ئۈچۈن بېكخامدىن ئېشەك مۇھىم» دەپ ماختىنالايمەن.

ھوشۇر قارىي ئەپەندى، روھىڭىزنى ئۈستۈن، قەددىڭىزنى تىك تۇتۇڭ! كۆپ ھالدا ئەخمەقلەرگە بېرىلىدىغان ئەڭ ياخشى جاۋاب پەقەت سۈكۈتتىن ئىبارەت.

2007 ـ يىلى دېكابىردا يېزىلدى

2011 ـ يىلى دېكابىردا تولۇقلاندى

# كۆرەش رەجەپكە ئوچۇق خەت

قەدىرلىك ئۇسسۇلچىمىز كۆرەش ئەپەندى، سىزنىڭ شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 5 ـ قانىلىنىڭ «تەڭرىتاغ كۈيلىرى» پىروگراممىسىدا رىياسەتچى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىڭىزدىكى بىر بىمەنە قارىشىڭىزدىن خەۋەر تېپىپ، ئاتايىتەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا بېرىپ سىزنى زىيارەت قىلغان 51 ـ سان پىروگراممىنى كۆرۈپ، كىشىلەرنى ئۆكۈندۈرگەن ھېلىقى قارىشىڭىزنى قورمۇ ـ قۇر خاتىرەمگە كۆچۈرۈپ كەلدىم:

«رىياسەتچى: كۆرەشكا، سىز ئۇسسۇل ئورۇنلاش ياكى ئۇسسۇل ئىجاد قىلىشتا بولسۇن ئۆز خاسلىقىڭىزنى يارىتالايدىغان سەنئەت كارلارنىڭ بىرى. ئۇنداقتا، يېتىشىۋاتقان ياش ئۇسسۇلچىلىرىمىزغا دەيدىغان قانداق گېپىڭىز بار؟

كۆرەش رەجەپ: سىز بىر ئۆمۈر ئۇيغۇر ئۇسسۇلى ياكى باشقا مىللەت ئۇسسۇلى بىلەن شۇغۇللانسىڭىز، شۇ ئىجاد قىلغان ئۇسسۇلىڭىز شۇ مىللەتكە تەۋە بولسۇن. بىر مىللەتنىڭ ئۇسسۇل مەدەنىيىتى، ئۇسسۇلىنىڭ ھالىتى ئەبجەشلىشىپ كەتسە بۇنى تولدۇرۇۋالغىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس. قوبۇل قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى يوقىتىش ئورنىنى دەسسەپ قالسا، بۇ بىزنىڭ مەغلۇبىيىتىمىز.

بىز ئاشۇ كىلاسسىك ئۇسسۇللىرىمىزنى، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز يارىتىپ بەرگەننى قۇچاقلاپ تۇرساق بولمايدۇ. ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىلىقىنىڭ 10 تۈردىن باشقا قوياش ئۇسسۇلچىلىقى، قىلىچ ئۇسسۇلچىلىقى، ئات ئۈستى ئۇسسۇلى قاتارلىق نۇرغۇن جەڭگىۋار ئۇسسۇلىمىز بار. ئەلۋەتتە، ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن، بەزى

ئۇسسۇللىرىمىز مۆمىن چىراي بولۇپ قالدى. ئاستا ئوينايدىغان، كىيىملەر ئۇزۇن، باش كىيىملەر ئېغىر بولۇپ جەڭگىۋارلىقىمىز ئاجىزلاپ كەتتى. بىز ئاشۇ جەڭگىۋارلىقىمىزنى تەكىتلىگەن ئاساستا، ئۇسسۇلىمىزنى بېيىتىشنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىلىرى ئۇسسۇللا بىلسە، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخى، ئەدەبىياتى، رەسساملىقى، سەنئەتنىڭ تۈرىدىن باشقا، تولۇق مەدەنىيەت ئاساسىغا ئىگە بولمىساق بولمايدۇ. ئۇيغۇر سەنئەتكارى بولىدىكەنسىز، ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىسى بولىدىكەنسىز، پۈتۈن زېھنىڭىز بىلەن ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىنى كۆزلىشىڭىز كېرەك.»

قەدىرلىك ئۇسسۇلچىمىز كۈرەش ئەپەندى، سىزنىڭ پۈتۈن ھاياتىڭىز ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولغان ھايات. سىز بۇ ساھەدە مۆۋەپپەقىيەت قازانغۇچى، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىلىقى ھەققىدە سۆزلەش سالاھىيىتىگە ئىگە شەخس. مەن سىزنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتى ھەققىدىكى قاراشلىرىڭىزغا رەددىيە بېرەلمەيمەن. چۈنكى، ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ قائىدە - قانۇنىيىتىنى پەقەت بىلمەيمەن. ئەمما، ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىغا كۆرسىتىدىغان پايدىلىق ياكى زىيانلىق تەسىرى ھەققىدە خېلى چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە مەن. بۇ ئۇچۇق خەتتە سىزگە بۇ جەھەتتىكى تەسىراتىمنى تولۇق ئاشكارىلىغۇم يوق. سىزگە بۇ ئۇچۇق خەتنى يېزىشتىكى مەقسىتىم، سىزنىڭ يۇقىرىقى جاۋابىڭىزدىكى بىمەنە چۈشەنچىڭىزگە رەددىيە بېرىش (جاۋابىڭىزدىكى لوگىكا ۋە گىراماتىكىغا ياتىدىغان خاتالىقلارغا بىر نېمە دېمەيمەن.)

سىز «ئەلۋەتتە، ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن، بەزى ئۇسسۇللىرىمىز مۆمىن چىراي بولۇپ قالدى. ئاستا ئوينايدىغان، كىيىملەر ئۇزۇن، باش كىيىملەر ئېغىر بولۇپ جەڭگىۋارلىقىمىز ئاجىزلاپ كەتتى» دەپسىز. بۇ سۆزىڭىزدىن قارىغاندا، سىزنىڭچە، ئەۋرەتلىرى-

نى ئىككى تال دەرەخ يوپۇرماقلىرى بىلەن توسۇۋېلىپ، يۈز – كۆزلىرىنى ئالىيىپىشىل بويىۋېلىپ، يالاڭ ئاياغ پۇتلىرى بىلەن يەرنى كۆچەپ دەسسەپ، ياۋايى هايۋاندەك چىرقىراپ، ئەسەبىيلىك بىلەن ئوينايدىغان ئافرىقىدىكى ئىپتىدائىي مىللەتلەرنىڭ ئۇسسۇلى ئەڭ جەڭگىۋار بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ ئۇسسۇل رىتىممۇ تېز، ئۇزۇن كىيىممۇ يوق، تېخى ئېغىر باش كىيىممۇ يوق، شۇنداق ئەمەسمۇ؟!

رىياسەتچى سىزدىن «كۆرەشكا، هازىر بەزىلەر ئۇيغۇر ئۇسسۇلى بۇزۇلۇپ كەتتى، ھەتتا پۇتۇنلەي توگەشتى دەيدىكەن، سىز شۇ قاراشقا قانداق قارايسىز؟» دەپ سورىغان سوئالغا جاۋاب بەرگەندە، «قورساقنى ئېچىپ، كاسىنى ئوينىتىپ، پۇتۇنلەي چەتنىڭكىنى دورىغان. ئۇلارنىڭ ئېھتىياجى پەقەت ئىقتىسادىي ئۇنۇمنىلا قوغلىشىپ قىلىنىۋاتقان ئىش. بۇنداق نەرسىلەرگە بىز قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك. بۇنىڭ بىزنىڭ ساپ سەنئىتىمىزگە كىرىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالمىساق بولمايدۇ» دەپ سۆزلەپسىز. بۇ سۆزلىرىڭىزدىن قورساقنى ئېچىپ، كاسىنى ئوينىتىپ ئۇسسۇل ئويناشقا قارشى تۇرىدىغانلىقىڭىز چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇنداقتا، ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتىنى مۆمىن چىراي قىلىۋەتكەن «ئاستا رىتىم»، «ئۇزۇن كىيىم»، «ئېغىر باش كىيىم» قايسى!؟ سىز مۇشۇ ئۈچ نەرسىنى پاكىت سۈپىتىدە تىلغا ئاپسىزغۇ؟ مېنىڭ بىلىشىمچە، ئايال ئۇسسۇلچىلارنىڭ ئەڭ ئېغىر باش كىيىمى ئاتۇشنىڭ ئايالچە كەمچەت تۇمىقى، ئەر ئۇسسۇلچىلارنىڭ يېڭىسارنىڭ تىك تۇمىقى؛ ئايال ئۇسسۇلچىلارنىڭ ئۇزۇن كىيىمى بېغىشقىچە يېڭى بار، ئوشۇققىچە ئېتىكى بار كۆڭلەكلەر، ئەر ئۇسسۇلچىلارنىڭ ئۇزۇن كىيىمى پېشى ئىشتاننىڭ ئىچىگە تىقىۋېتىلىدىغان ئوخشاشمىغان رەڭدىكى كۆڭلەكلەر، رىتىمى ئەڭ ئاستا ئوينىلىدىغان ئۇسسۇل «تەزە ئۇسسۇلى» مىكىن دەپ ئويلايمەن.

قاراپ باقسام مەيلى ئايال، مەيلى ئەر ئۇسسۇلچىلىرىمىزنىڭ كۆڭلىكىنى داۋاملىق قىسقارتقىلى بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. ئۇ تۇ-

ماقالارنىمۇ چۆرۈپ تاشلىۋەتكىلى بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. چۈنكى، ئاشۇ كىيىملەرلا بىزگە ھەقىقىي مىللىي ئوبراز بېغىشلايدۇ. ئۇسسۇل ھەرىكىتىنى قارىغۇيۇق تېزلىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق بولسا كېرەك، دەپ قارايمەن. چۈنكى، ئاستا ياكى تېتىك ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىلا ئېھتىياجغا بېقىپ ئۆز جايىدا زۆرۈرمىكىن؟! بۇ بەك ئەقەللىي ساۋات بولسا كېرەك.

مەن گېپىڭىزنىڭ ئورانىدىن «ئۇسسۇلچىلىرىمىزنى ئىسلامىيەت مۆمىن چىراي قىلىۋەتتى»، «جەڭگىۋارلىقىنى قويمىدى» دېمەكچى بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلدىم. چۈنكى، سىزنىڭ قورساقنى ئېچىپ ئوينايدىغان ئۇسسۇلغا قارشى مەيدانىڭىز بىلەن ئۇزۇن كېيىمگە بولغان نارازىلىقىڭىز ئوتتۇرىسىدىكى؛ كاسىنى چايقاپ تېز ئوينايدىغان ئۇسسۇلغا قارشى مەيدانىڭىز بىلەن ئاستا ئوينايدىغان ئۇسسۇلغا قارشى پوزىتسىيەڭىز ئوتتۇرىسىدىكى زىتلىق مېنى جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا بولسا كېرەك، دېگەن ئويغا كەلتۈرۈپ قويدى. قارىغاندا، «گەپنىڭ تېگىدە گەپ باردەك، ساقالنىڭ تېگىدە خەپ باردەك» تۇرىدۇ. سىز ئىسلامىيەتنىڭ ئۆزى مۆمىن چىراي، ئۇ جەڭگىۋارلىقتىن مۇستەسنا، دەپ چۈشىنىدىكەنسىز. ھەتتا بۇگۇنكى ئارقىدا قېلىشىمىزنىڭ سەۋەبىنىمۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىمىزدىن كۆرىدىغاندەك قىلىسىز.

قەدىرلىك ئۇسسۇلچىمىز كۆرەش ئەپەندى، ئەگەر راستتىنلا مۇشۇنداق قارىغان بولسىڭىز تامامەن خاتا بولىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ نۇرغۇن نادان كىشىلەر دىن بىلەن تەرەققىياتنى مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ چۈشىنىۋالىدۇ. تارىختىن، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىدىن بىخەۋەر چالا ساۋات ئىنسانلار مۇنداق قاراشقا ئادەتلەنگەن: بۈگۈنكى دۇنيادا تەرەققىي تاپقان ئەل خەلقلىرىنىڭ ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىنى ئىلغار، شۇڭا ئۇلارنىڭ جەمئىيىتى تەرەققىي قىلغان. ئىسلام دىنى قالاق، شۇڭا ئىسلام ئەللىرى ۋە ئىسلام ئېتىقادىدىكى مىللەتلەرنىڭ جەمئىيىتى قالاق.

قارايدىغان بولساق، بۈگۈنكى دۇنيادا چوڭ ھەم مۇھىم دىنلاردىن ئىسلام دىنى، خىرىستىيان دىنى، يەھۇدىي دىنى، بۇددا دىنى، ھىندى دىنى قاتارلىقلار بار. بۇ دىنلارنىڭ پەيدا بولغىنىغا نەچچە مىڭ يىللار بولدى. ئەمما، بۇ دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان مىللەت ۋە دۆلەتلەرنىڭ تارىخىغا نەزەر سالساق، ھەممىسىدە ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردە گۈللىنىش، خارابلىشىش بولغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز. بۇ خىل دولقۇنسىمان ئەھۋالدىن ناھايىتى كۆپ مىللەت ياكى دۆلەت خالىي ئەمەس. مۇشۇ مەنىدىن مۇتەپەككۇرلار دىن بىلەن تەرەققىياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇتلەقلەشتۈرۈپ پىكىر قىلىشقا قوشۇلمايدۇ. ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ھەرقانداق بىر دىننىڭ پەيغەمبەر – ئەۋلىيالىرى ئۆزلىرىنى ھەرگىزمۇ «ئىلىم – پەننىڭ ئەلچىلىرى» دېگەن ئەمەس. ھېچقانداق بىر مىللەت تەبىئەت دۇنياسىنى ئۆزگەرتىپ، تەبىئىي پەننى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، ئۆز پەيغەمبەرلىرىنىڭ تەلىماتىغا تايانغانمۇ ئەمەس. پەقەت ئىلىم – پەن نەتىجىلىرىنى، تېخنىكا ۋاسىتىلىرىنى ئىشلىتىشتىكى نىشاننى بېكىتىشتە ئۇلارنىڭ تەلىماتىغا مۇراجىئەت قىلغان، خالاس.

قەدىرلىك ئۇسسۇلچىمىز كۈرەش ئەپەندى، سىز ئېيتقان جەڭگىۋارلىقمۇ ئۇ دىندا بار، بۇ دىندا يوق نەرسە ئەمەس.

بىز ئالدى بىلەن «جەڭگىۋار» دېگەن سۆزنىڭ تىل تەۋەلىكى ۋە لۇغەت مەنىسىگە قاراپ باقايلى: «جەڭگىۋار» سۈپەت سۆزى بولۇپ، ئۇ پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن. مەنىسى: ① جەڭ ۋە كۈرەش قىلىشقا ھەر دائىم تەييار تۇرىدىغان، كۈرەش قىلغۇچى، كۈرەشكە قاتناشقۇچى، كۈرەشچان. ② جەڭلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، جەڭگە ئۆزىنى ئاتىغان، جەڭدىن قايتمايدىغان. كۆچمە مەنىدە: كۈرەشكە تەييار ۋە كۈرەش روھىغا ئىگە، جەسۇر.

سىز «ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن» دېگەن سۆزنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئۇسسۇللىرىمىز جەڭگىۋار ئىدى، بىزمۇ جەڭگىۋار ئىدۇق، دېمەكچىدەك قىلىسىز.

توغرا، بىز ئەلگىرىكى ھەرقايسى جايلاردا ۋە ھەرقايسى تارىخىي باسقۇچلاردا كۆك تەڭرىگە، شامان دىنىغا، مانى دىنىغا، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. ئۇسسۇللىرىمىز تازا تەرەققىي قىلغان، شۆھرىتى ھەر ياققا تارالغان مەزگىل خەلقىمىز بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. ئەجەبا، بىز بۇددا دىنى جەڭگىۋار خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغاچقا، ئۇسسۇللىرىمىز تەرەققىي قىلىپ چاڭئەن شەھىرىنى زىلزىلىگە سالغان، سۇي ـ تاڭ سۇلالىلىرىدىكى بەي جۇيى قاتارلىق شائىرلارنىڭ نەزم ـ بېيىتلارنى توقۇشىغا سەۋەب بولغان، دەپ قارىساق توغرا بولارمۇ؟ مەدەنىيەت ھادىسىلىرى نوقۇل تاشقى تەسىر ئاستىدا كۆرۈلىدىغان ھادىسىمۇ؟ ئۇنىڭ شەكىللىنىشىدە مىللىي پسىخىكا ئامىلى، مىللەتنىڭ قىزىقىش، ھەۋەس، ئادەتلىرى ئازراقمۇ رول ئوينىمامدۇ؟ بۇددا دىنى بارلىققا كەلگەن نېپال، ھىندىستان قاتارلىق جايلاردىكى خەلقلەرنى جەڭگىۋار خەلق دەپ تونۇساق تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلەرمۇ؟ ئۇنداقتا، بۇددا دىنى پەيدا بولغان ھىندىستانغا بۇنىڭدىن 1000 يىل ئىلگىرى مۇسۇلمان تۈركلەردىن بولغان داڭلىق پادىشاھ سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ ئون يەتتە قېتىم غەلىبىلىك يۈرۈش قىلغانلىقىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى ھىندىستانلىقلارنى بويسۇندۇرۇش ۋە ھىندىستاننى ئىستېلا قىلىشنى گويا شىكارغا چىققاندەك پۈتكۈزگەن. پاكىستانلىق تارىخ ئالىمى سەئىد فەيياز مەھمۇدنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: «بىر مەزگىل ئۇ ۋە ئۇنىڭ قوماندان ـ جەڭچىلىرى ھىندىستاننى ئىستېلا قىلىشنى ھەتتا يىلدا بىر قېتىم بولىدىغان ئۆزۈن يوللۇق ساياھەت دەپ قاراشقان.»

ئارىدىن 500 يىل ئۆتكەندە، يەنى 1520 ـ يىللىرى ئۇلۇغ ئىرادىگە ئىگە، جەسۇر شاھزادە بابۇر ھىندىستاندا قۇدرەتلىك بابۇرىيلار سۇلتانلىقىنى، يەنى تۈرك موغۇل ئىمپېرىيەسىنى قۇرغان. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى تاكى 1850 ـ يىللارغىچە بۇ ئىمپېرىيەنى داۋام ئەتكۈزگەن. ئۇلار ھىندىستان تارىخىغا ئۆزلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقى، ئىد-

جادچانلىقى، مەدەنىيەت روھى بىلەن ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان.

قەدىرلىك ئۇسسۇلچىمىز كۆرەش ئەپەندى، مەن يەنە سىزنىڭ سەمىڭىزگە سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىدىن ئىمپېراتور بابۇرغىچە بولغان 500 يىللىق ئارىلىقتا ھىندىستانغا قارا بوراندەك باستۇرۇپ كىرىپ، ھىندىستانلىقلارنىڭ ئاللا - توۋسىنى چىقىرىۋەتكەن يەنە بىر بۈيۈك ئىمپېراتور ئەمىر تۆمۈرنىمۇ سېلىپ قويغۇم كېلىۋاتىدۇ. بۈيۈك ئىمپېراتور ئەمىر تۆمۈر ئۆز ئىمپېرىيەسى ئەتراپىدىكى ئالتۇن ئوردا خانلىقى، ئوسمان ئىمپېرىيەسى، پېرسىيە، ھىندىستان خانلىقلىرىنى دەھشەتلىك مەغلۇپ قىلىپ ياپراقتەك تىترەتكەن. يىلدا بىر قېتىم ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرگە ھوجۇم قىلىپ دۈشمەنلىرىنى چەكسىز ۋەھىمىدە قويغان بۇ غالىب ئىمپېراتور يازدا ئىستېلا يۈرۈشكە ئاتلىنىپ، قىشتا پايتەخت سەمەرقەنتكە قايتىپ كېلەتتى. ناپولېئون، گىتلېردەك شەخسلەرنى ئېسىدىن چىقمايدىغان دەرىجىدە ھەسرەتتە قويغان موسكۋا شەھىرىگە بېسىپ كىرىپ، بىر يىل تۇرغانىدى. تۆت ئەتراپىدىن ئۆزىگە تەڭ كەلگۈدەك بىرەر دۈشمەن تاپالماي ئىچى پۇشقان ئەمىر تۆمۈر 1405 - يىلى 1 - ئايدا ئېتىنىڭ بېشىنى شەرققە بۇراپ سەددىچىنىنىڭ ئىچىنى كۆرۈپ بېقىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئۇ ھەرگىزمۇ سەمەرقەنتنىڭ سەنئەت ئۆمىكىنى باشلاپ «ئات ئۈستى ئۇسسۇلى» نى ئويناپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىقمىغان، بەلكى يېڭىلىش دېگەننى بىلمەيدىغان 200 مىڭ كىشىلىك جەڭگىۋار قوشۇننى باشلاپ يولغا چىققان. بۈيۈك ئىمپېراتور ئەمىر تۆمۈرنىڭ بۇ زور قوشۇنى نەچچە كۈن يول يۈرۈپ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتكەندە بۇ تەڭداشسىز ئىمپېراتورغا تۇيۇقسىز كېسەل تېگىپ قازا قىلغان.

قىسقىسى، «ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن، بەزى ئۇسسۇللىرىمىز مۆمىن چىراي بولۇپ قالدى» دېيىش ئارقىلىق ئىلگىرىكى دىنىي ئېتىقادلىرىمىز شارائىتىدا ئۇسسۇللىرىمىز جەڭگىۋار ئىدى، بىزمۇ جەڭگىۋار ئىدۇق، چۈنكى ئۇ دىنلار جەڭگىۋار دىنلار ئىدى، دې-

مەكچى بولغانلىقىڭىز تامامەن خاتا. شۇنداقلا، «بىز ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن تەرەققىياتتا ئارقىدا قالغان» دېگەن تونۇشتا تۇرۇپ ئويلىغان ئويلىرىڭىز قىلچە ئاساسسىز. چۈنكى، جەڭگىۋار-لىق ھەرقايسى دىنىي ئېتىقادتىكى مىللەت ـ قوۋملارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئوخشىمىغان دەۋرلەردە، ئوخشىمىغان ئامىللار تۈپەيلى ئويغىنىدىغان بىر خىل يۈكسەك روھ. تارىختا تۈرلۈك ئېتىقادتىكى تۈرلۈك مىل-لەتلەر ئۆز ۋۇجۇدىدىكى بۇ روھنى ئوخشىمىغان دەۋرلەردە، ئوخشى-مىغان دەرىجىدە جەۋلان قىلدۇرغان.

قەدىرلىك ئۇسسۇلچىمىز كۈرەش ئەپەندى، بىزگە ئوخشاش تە-پەككۇر تىپىدىكى ئەمەس، ھېسسىيات تىپىدىكى مىللەتلەردە لوگ-كىلىق پىكىر قىلىش ئادىتى كەمچىل، ھېسسىياتلىق پاراڭ ـ سۆھبەتلەر كۆپ، ئىلمىي روھ كەمچىل، قارىغۇلارچە قىزغىنلىق كۈچلۈك بولىدۇ. سىزنىڭ قاراشلىرىڭىز دەل مۇشۇنداق ھېسسىيات تۈسى قويۇق، ئىدراك ئاساسى يوق، قارىغۇلارچە قىزغىنلىق بىلەن سۇغىرىلغان. سىز يۇتكۇل دۇنياغا ئۇسسۇلنىڭ كۆزى بىلەن قاراي-سىز. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىنى ئۇسسۇلنى ئۆلچەم قىلىپ ئۆلچەيسىز. پەقەت سىزلا ئەمەس، بىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەر نەغمە ـ ناۋا، ناخشا ـ ئۇسسۇلنى مىللەتنىڭ بارلىقى، دەپ قارايدۇ. شۇنداقلا نەغمە ـ ناۋا، ناخشا ـ ئۇسسۇللىرىمىز مىللىتىمىزنى دۇنياغا تونۇتۇۋاتىدۇ، دەپ پەخىرلىنىشىدۇ. توغرا، سەنئەتمۇ مەدە-نىيەتنىڭ بىر قانىتى. ئۇمۇ خەلقىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس بىر بايلىقى. ئەمما بارلىقى ئەمەس! ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەككى، ئىقتىساد، ھاكىمىيەت، مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا قاتارلىقلار جەمئىيەتنىڭ تە-رەققىياتىدىكى بىرلەمچى ئامىل. سەنئەت ئىككىلەمچى ئامىل. بىر-لەمچى ئامىلنى شەكىللەندۈرگۈچىلەر پاراسەت تىپلىق بولسا، ئىك-كىلەمچى ئامىلنى شەكىللەندۈرگۈچىلەر ماھارەت تىپلىق بولىدۇ. بۈگۈنكى دۇنيا رىقابەت دۇنياسى ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە ئايان ھە-قىقەت. شۈبھىسىزكى، بىر مىللەتنىڭ نەغمە ـ ناۋا، ناخشا ـ ئۇس-

سۈلى ھەرقانچە تەرەققىي قىلسىمۇ، مىللەت ئەزالىرى سەنئەت دېسە جېنىنى بەرگۈدەك پىداكارانە روھقا ئىگە بولسىمۇ، ئۇنداق مىللەت ئىككىنچى بىر مىللەتنىڭ نەزىرىدە رىقابەت ئوبيېكتى دەپ تەن ئې-لىنمايدۇ. ھەتتا ھاياتىي كۈچكە ئىگە مىللەت دەپمۇ تونۇلمايدۇ. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە بىر مىللەتنىڭ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تە-رەققىيات سەۋىيەسى ياكى كۆلىمىنى رىقابەت كۈچى سۈپىتىدە قارايدىغان ئادەت يوق. شۇڭا، ناخشا ـ ئۇسسۇل، نەغمە ـ ناۋانىڭ مىللىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى رولىنى بەك مۇبالىغىلەش-تۈرۈپ چۈشىنىشۈپلىپ، «سەنئىتىمىز مىللىتىمىزنى دۇنياغا تونۇ-تۇۋاتىدۇ» دەپ بىر تەرەپلىمە قاراشتا ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ يۈرۈش نادانلىق. خەلقىمىز ھېسسىيات تېپىدىكى مىللەت بولغاچقا، ناخشا ـ ئۇسسۇل، نەغمە ـ ناۋاغا بەك ھېرىسمەن. نەغمە ـ ناۋا، ناخشا ـ ئۇسسۇل كىشىنى ئوڭاي ھاياجانلاندۇرىدۇ ھەم ھۇزۇر ھېس قىلدۇ-رىدۇ. بۇ ئۇنىڭ غىدىقلاش كۈچىنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن بولغان. بىزگە ئوخشاش ھېسسىيات تېپىدىكى مىللەت بۇنداق غىدىقلاشقا دۇچ كەلگەندە سۇنى كۆرگەن بېلىقتەك يايراپ، ھەممىنى ئۇنتۇيدۇ. خۇدنى يوقىتىپ مەستانە ھېسلارغا چۆمۈلىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ بۇ خىل ھالەت ھازىر سېرىق سىزىقتىن ئۆتۈپ قىزىل سىزىققا يېقىنلىشىپ قالدى. ئېنىقىنى ئېيتقاندا، مىللىي روھىمىزنىڭ چۈشكۈنلەشكەن-لىكىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن 1000 يىللار ئىلگىرى ئۆتكەن دانىشمەن بوۋىمىز ئەل فارابى «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى توغرىسىدا» دېگەن كاتتا ئەسىرىدە پاسىق شەھەرنىڭ پۇقرالىرى ھەققىدە توختىلىپ «بۇ شەھەرنىڭ خەلقى تۇرمۇشنىڭ ماددىي ئىن-تىلىشلىرىگە قۇل بولغاندۇر. يېمەك ـ ئىچمەك، شەھۋەتپەرەسلىك قىلماق، قۇرۇق خىيالغا بېرىلمەك قاتارلىق نەرسىلەرنى، بەزم ـ مەشرەپ، كۈلكە ـ چاقچاقلارنى ھەممە نەرسىدىن ۋە ھەممە تەرەپتىن ئۈستۈن قويىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. ئەل فارابىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئۆزىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى ئەھۋاللارغا بىر ـ بىرلەپ

باغلاپ باقساق بىز ئۆزىمىزنىڭ پەزىلەتلىك شەھەر پۇقراسى ياكى پاسىق شەھەرنىڭ پۇقراسى ئىكەنلىكىمىزنى دەرھال بىلىمىز. بىز مۇشۇ يىللاردا ئىككىلەمچى ئامىلنى، ماھارەت تىپلىق كىشىلەرنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇۋاتىمىز. بەزم ـ مەشرەپلەردىن بېرى كېلەلمەيۋاتىمىز. مەنىسىز كۈلكە ـ چاقچاقلىرىمىز، بىزەپ يۇمۇرلىرىمىز، پاخپاق پارانگلىرىمىز سورۇن ـ سورۇندا ياڭراپ تۇرۇپتۇ. ئاتالمىش ئۇسسۇلچى قىزلىرىمىز شەمۇشەھەرلەردىكى قاۋاق ـ قاۋاقلاردا غىلجىڭلاپ تۇرۇپتۇ. ھەر خىل نامدىكى سەنئەت كېچىلىكلىرىنى تۇشمۇتۇشتا ئۆتكۈزۈپ، چوڭ ـ كىچىك سەنئەت چولپانلىرىغا گويا كېۋەزگە سولياۋ يوپۇق ياپقاندەك كەلسە ـ كەلمەس تون كىيگۈزۈشلەر مۇشۇ كۈنلەردە تۇرمۇشىمىزنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولۇپ قالدى. ھەركىم مەۋجۇتلۇق ئاساسىنى مۇستەھكەملەش رىقابىتىگە تەخىرسىز كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مۇشۇنداق ئەھۋالدا شۇنداق يەكۈنگە كېلىشكە بولىدۇكى، بۇگۈنكى كۈندە نەغمە ـ ناۋاسى قانچە كۈچلۈك، توي ـ تۆكۈنى قانچە كۆپ مىللەتنىڭ ئۇزاققا بارمىغان كەلگۈسىدە قايغۇ ـ ھەسرىتى شۇنچە كۆپ، يىغا ـ زارىسى شۇنچە قاتتىق بولىدۇ. مەن بۇ ئارقىلىق مۇتەئەسسىپ مەيداندا تۇرۇپ نەغمە ـ ناۋا، ناخشا ـ ئۇسسۇلنى تەرك ئېتەيلى، دېمەكچى ئەمەس. بىرلەمچى ئامىل بىلەن ئىككىلەمچى ئامىلنىڭ رولىنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسىنى چۈشىنەيلى، پاراسەت تىپلىق كىشىلەر بىلەن ماھارەت تىپلىق كىشىلەرنىڭ قىممىتىنى پەرق ئېتىشنى بىلەيلى، نەغمە ـ ناۋا، ناخشا ـ ئۇسسۇلنى ھەممە نەرسىدىن ئۈستۈن قويۇۋېلىپ سېرىق سىزىقتىن ئۆتكۈزۈۋەتمەيلى، دېمەكچى. نۇرغۇن كىشىلەردىمىزگە ئورتاق بولغان، ھەتتا ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىدە تەكىتلەنگەن «تارىختا تالاي خان ـ پادىشاھلار ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ، سەنئەتكارلار ئۇنتۇلمايدۇ» دېگەن بىمەنە قاراش پەقەت بىزگە ئوخشاش بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان، نەغمە ـ ناۋا، ناخشا ـ ئۇسسۇلنىڭ بەندىلىرىگە خاس قاراشتۇر. سەنئەتكە بولغان

بوئىداق ئىدراكتىن خالىي ئەخمىقانە مۇھەببەت ھازىر چېكىگە يەت-
تى. ئاگاھ بولۇشىمىز كېرەككى، مىللىي پىسخىكىمىزدىكى بۇ خىل
سەنئەت مەستانىلىقى لايىقىدا بولماي چەكتىن ئېشىپ كەتسە، خەل-
قىمىزنىڭ ھاياتىدا جەزمەن پۇشايمانلىق ئاقىۋەت شەكىللىنىدۇ.
خۇددى خەلقئارالىق تەسىرگە ئىگە مىسىرلىق مۇتەپەككۇر يۇسۇپ
قەرزاۋى ئېيتقانىدەك: «نەغمە - ناۋا، ناخشا - ئۇسسۇل مىللەتنى
مۇھىم غايىلىرى ۋە چوڭ مەسىلىلىرى ئۈستىدە غەم يېيىشتىن
گول قىلىدىغان خەتەرلىك قورال.»

قەدىرلىك ئۇسسۇلچىمىز كۈرەش ئەپەندى، ئىلھامبەخش سۆھ-
بىتىڭىزنىڭ تورتكىسىدە سىزگە دەيدىغانلىرىم ھازىرچە مۇشۇنچى-
لىك. ئەركىن سۆھبەت - مۇنازىرىلەر ئوتتۇرىمىزدىكى چۈشىنىش-
نى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ، دەپ ئىشىنىمەن.

2006 - يىلى 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى

# بىز قانداقلارچە «ناخشا ـ ئۇسسۇل مىللىتى» ئاتىلىپ قالدۇق

1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالى ھەققىدە يېزىلغان ماقالە ـ ئەسەرلەردە ئۇيغۇرلار ئومۇمەن «باتۇر، ئەمگەكچان، ئەقىل ـ پاراسەتلىك مىللەت» دەپ تەرىپلىنەتتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يېزىلغان شۇ خىلدىكى ماقالە ـ ئەسەرلەردە بولسا «ئۇيغۇرلار ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىر مىللەت» دەپ تەرىپلىنىدىغان بولدى. يېقىندا شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى، پەلسەپە پەنلىرى دوكتورى ياۋ ۋېي خانىمنىڭ بىر يېڭى كىتابىنى كۆرۈپ قالدىم. 2005 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلغان بۇ كىتابنىڭ نامى «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي پسىخىكىلىق ھالىتى ۋە مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈستىدە تەتقىقات» بولۇپ، ماۋزۇسىنىڭ ئۆزىلا مېنى ناھايىتى قىزىقتۇردى. دوكتور ياۋ ۋېي خانىم بىرىنچى بابىنىڭ بېشىدىلا «جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىدە، ئۇيغۇرلار ‹ناخشا ـ ئۇسسۇل مىللىتى› دەپ تەرىپلىنىدۇ. بۇ، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلارغا بەرگەن باھاسى ۋە ئۇلار ھەققىدىكى تونۇشى» دەپ يازغانىدى. مەن بۇ جۈملىنى ئوقۇپ بىرھازا ئويلىنىپ كەتتىم.

پسىخولوگىيەدىكى مۇھىم ئۇقۇم بولغان پسىخىكىلىق ھالەت كىشىلەرنىڭ سىياسەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى پوزىتسىيەسى، قىممەت قارىشى ۋە ئىنتىلىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئۇقۇم ئىكەنلىكى ئېنىق. بىر مىللەتنىڭ پس-

خىكىلىق ھالىتىنى تەشكىل قىلغۇچى ئامىللار، يەنى پوزىتسىيە، قىممەت قارىشى ۋە ئىنتىلىش ئۆز نۆۋىتىدە شۇ مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى ئامىلى ۋە قوزغاتقۇچىسى بولۇپ ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. مۇشۇ نۇقتىئىنەزەر بىلەن قارىغاندا ناخشا ـ ئۇسسۇل، نەغمە ـ ناۋانى چوڭ بىلىدىغان مىللىي پوزىتسىيەمىز، قىممەت قارىشىمىز ۋە ئىنتىلىشىمىز جەمئىيەتنىڭ ھەم ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىدا قانچىلىك قوزغاتقۇچلۇق رول ئوينىيالىشى مۇمكىن؟! «ئىقتىساد جەمئىيەتنىڭ ئومۇرتقىسى» «ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئاساس» دەپ تونۇلۇۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا، بىزنىڭ بۇ خىل پوزىتسىيەمىز، قىممەت قارىشىمىز ۋە ئىنتىلىشىمىز مىللىتىمىزنىڭ رىقابەتكە تولغان دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا قانچىلىك قۇۋۋەت بېرەر، بىلىم ئىگىلىكىنى بەلگە قىلغان جەمئىيەتتە تېگىشلىك ئىززەت ـ ھۆرمەتنى تېپىشىغا قانچىلىك ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتەر؟

ياۋ ۋېي خانىم كىتابىنىڭ 16 ـ بېتىدە 467 ئۇيغۇرنى ئوبيېكت قىلىپ، ئۇلارنىڭ «ئۆز مىللىتىنى قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە دەپ تونۇيدىغانلىقى» نى تەكشۈرگەن. تەكشۈرۈلگۈچىلەرنىڭ قاتلىمى كادىر، ئوقۇتقۇچى، دېھقان، ئىشچى ۋە ئوقۇغۇچىلاردىن تەركىب تاپقان؛ تەكشۈرۈشكە باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئالىي مەكتەپكىچە بولغان ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلىرى قاتناشقان. تەكشۈرۈلگۈچىلەردىن تۆۋەندىكى 14 تۈر بويىچە ئۆز مىللىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ بېقىش تەلەپ قىلىنغان:

1. دوستلۇققا ئەھمىيەت بېرىدۇ؛ 2. ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىر؛ 3. يۇمۇرلۇق؛ 4. ئۈمىدۋار؛ 5. بېكىنمە؛ 6. ئوچۇق ـ يورۇق؛ 7. ئۈمىدسىز؛ 8. ئەقىللىك؛ 9. ئەستايىدىل؛ 10. ئىچ مىجەز؛ 11. ئىشچان؛ 12. تۈز كۆڭۈل؛ 13. باتۇر؛ 14. مەرد.

تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغان 467 كىشىنىڭ 369 نەپىرى «ئۇيغۇرلار ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىر» دەپ كۆرسەتكەن. بۇ، كۆرسىتىل-

گەن 14 تۇر ئىچىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرغان.

تارىختا ئات ئۇستىدە قويۇندەك چېپىپ كېتىۋېتىپ ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، ئارقىسىغا قارىتىپمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئېتىپ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيندەك دۇنياۋى ئىستېلاچىنى ھەيران قالدۇرۇپ «ئوقياچى مىللەت» دەپ ئاتالغان خەلقىمىز؛ چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى زامانىدا تۇرلۇك ساھە بويىچە يېتىلگەن ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن «مەرىپەتچى مىللەت» دەپ ئاتالغان خەلقىمىز قانداقلارچە بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە «ناخشا - ئۇسسۇل مىللىتى» ئاتىلىپ قالدى؟! نېمە سەۋەبتىن بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىمىزمۇ مۇشۇ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىمىز بىلەن ماختىنىدىغان، باشقا مىللەتلەرمۇ بىزنى شۇنداق دەپ تەرىپلەيدىغان بولدى؟

ئەلۋەتتە، ھەرقانداق ئىشنىڭ سەۋەبى بولىدۇ. جەمئىيەتلەشكەن بىر ئىجتىمائىي ھادىسىنىڭ سەۋەبىنى بىرلا ئامىلغا باغلاپ قويۇشتەك مۇتلەقچىلىك سادىر قىلىشتىن ساقلىنىش زۆرۈر. مىللىتىمىزنى ناخشا - ئۇسسۇل، نەغمە - ناۋاغا باغلاپ ماختاپ ئۇچۇرۇشىمىز، باشقىلارنىڭمۇ بىزنى مۇشۇ جەھەتتىن تەرىپلىشىنىڭ تۇرلۇك كونكرېت ھەم مۇرەككەپ سەۋەبى بار. ئالدى بىلەن تۇرمۇشىمىزدا رادىيو - تېلېۋىزىيە قاتارلىق زامانىۋى تاراتقۇلار ۋە ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ، كومپيۇتېر، VCD ، MP3 قاتارلىق زامانىۋى ئاپپاراتلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئومۇملىشىشى بىر سەۋەب. رادىيو ئىستانسىلىرى بىلەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى خىزمەتنى نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئەڭ يۇكسەك ئورۇنغا قويۇۋېلىشى، ئەتىگەندىن كەچكىچە دۇنيادا نەغمە - ناۋا، ناخشا - ئۇسسۇلدىن بۆلەك ئىشلار يوقتەك شۇنىلا ئاڭلىتىش، شۇنىلا كۆرسىتىشكە كۆچىشى بىر تۇرلۇك سەۋەب. بازار ئىگىلىكىنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل، نەغمە - ناۋا سەنئىتىگە كەڭ كۆلەملىك مەھسۇلاتلىشىش ۋە بازارلىشىش پۇرسىتى ئاتا قىلىشى يەنە بىر تۇرلۇك سەۋەب. روشەنكى، بۇ سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسى تاشقى سەۋەب. ئەڭ مۇھىمى ئىچكى سەۋەبتۇر.

راستتىنى ئېيتقاندا، خەلقىمىزنىڭ سەنئەتخۇمارلىقى، ھېسسىي خۇشاللىققا زىيادە ئىنتىلىشى، بىغەم، يەڭگىلتەك پوزىتسىيە ئە-چىدە ھايات كەچۈرۈشى مۇھىم سەۋەبتۇر. شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ «ناخشا - ئۇسسۇل مىللىتى» دەپ ئاتىلىشىمىز بىلەن نەغمە - ناۋا-غا زىيادە ھېرىسمەن بولۇشتەك مىللىي پسىخىكىمىز ئۇلۇغ تاناسىپ-تۇر. مۇشۇ كۈنلەردە نەغمە - ناۋا، ناخشا - ئۇسسۇلغا مەستانىلەرچە ئىنتىلىش خەلقىمىزنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتىغا ئايلىنىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەڭ توپ، ئەڭ يېتەكچى خۇمار - ھېسسىياتىغا ئاي-لىنىپ بولدى، دېيىشكە بولىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا 1980 - يىلى-دىن ھېسابلىغاندا، 20 — 30 يىلدىن بۇيان ناخشا - ئۇسسۇل مىل-لىتىمىزنىڭ ئۆزىنى ئىپادە قىلىشىدىكى مۇھىم شەكىل بولۇپ قالدى. ئىلىم - پەن، ئېتىقاد ۋە سەنئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش جەمئىيەتنى ساغلام تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ئىگە قىلىدۇ ھەم كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تەڭپۇڭلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قى-لىدۇ. ئەپسۇسكى، بىزنىڭ نۆۋەتتىكى مىللىي ھاياتىمىزدا نەغمە - ناۋانىڭ ساداسى ھەممىنى بېسىپ چۈشتى.

ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان ناخشا - ئۇسسۇل، نەغمە - ناۋا جە-ھەتتە ئەتراپىدىكى مىللەتلەرگە نىسبەتەن ئەزەلدىن بىرقەدەر ئۇس-تۈن ھالەتتە بولۇپ كەلگەنلىكى راست. ئەمما، سودا - تىجارەتنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇشنى، ئىلىم - مەرىپەتنى چوڭ بىلىشنى، ھۈ-نەر - ئەمگەكنى قولدىن بەرمەسلىكنى ئالدىنقى قاتاردىكى ئىش ھېسابلىغان. ئالدى بىلەن مۇشۇ نەرسىلەرگە ئىنتىلگەن. ئالدى بى-لەن مۇشۇ نەرسىلەرگە ئىنتىلمەي ۋە ئېرىشمەي تۇرۇپ ناخشا - ئۇسسۇل، نەغمە - ناۋاغا دۈم چۈشۈشنى مەسئۇلىيەتسىزلىك، نور-مالسىزلىق، ئويۇن قېپىلىق، دەپ ھېسابلىغان. ئەمەلىيەتتىمۇ بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ناخشا - ئۇسسۇل، نەغمە - ناۋانىڭ زىيادە ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇلۇشى ھەم ھەيران قالارلىق دەرىجىدە يامراپ كېتىشى جەمئىيەت پسىخولوگىيەسى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا

بىر تۈرلۈك مىللىي چۈشكۈنلۈك، دەپ قارىلىدۇ. بۇ خىل پاسسىپ
پىسخىكىلىق ھالەتكە مۇپتىلا بولغان خەلق «سەنئەتخۇمار مىللەت»
دېگەندەك قارىماققا چىرايلىق ئاڭلىنىدىغان سۆزلەر بىلەن سۈپەتلى-
نىشىدىن قەتئىينەزەر، ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا كېسەل پىسخىكىغا
گىرىپتار بولغان ھېسابلىنىدۇ. بىلىش كېرەككى، بۇنداق نام - ئا-
تاقلار مىللەتنىڭ ئومۇمىي قىممىتى بىلەن ماسلاشمايدۇ، مەسخىرى-
لىك تۈس ئېلىپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن 1000 يىللار ئىلگىرى ئۇيغۇرلار
ئات ئۈستىدە دەۋران سۈرۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئېتەكلىرىدە زور كۈچ
بولۇپ تونۇلۇپ، قۇدرەتلىك خانلىقلارنى قۇرغان، مەدەنىيەت جەھەت-
تە قېرىنداش مىللەتلەرگە باشلامچى بولغان چاغلاردا ئۇلارنىڭ ناخ-
شا - ئۇسسۇل، نەغمە - ناۋالىرى قوشنا ئەللەرنىڭ ھەۋەس بىلەن
ئۆگىنىدىغان ئۈلگىسىگە ئايلانغان ھەم ئۆتكەن - كەچكەن سایاھەت-
چى - سەيياھلارنىڭ نەزىرىدە زور ئارتۇقچىلىق ھېسابلانغان. ئەمما،
بۈگۈندىن بىر ئەسىر ئىلگىرى خەلقىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسا-
دىي، مەدەنىي ھاياتى ۋە تۇرمۇش سەۋىيەسى مىسلىسىز تۆۋەن ھالەت-
كە چۈشۈپ قالغاندا، بۇ جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىمىز دىيارىمىزغا
كەلگەن يات كىشىلەرنىڭ كۆزىگە سىغماي قالغان. مەسىلەن،
1906 - يىلى 8 - ئايدا قەشقەرگە ئېكسپېدىتسىيەچى سالاھىيىتى-
دە كەلگەن فىنلاندىيە قان سىستېمىسىدىن بولغان رۇسىيەلىك ئو-
فىتسېر مانىېرخېيىم (MANNERHEIM) ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خا-
تىرىسىدە: «ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئىتى بىكار تەلەپ، كەيپ - ساپا
تۇرمۇشقا ئادەتلەنگەن، تەييارتاپ، كۈن - كۈنلەپ لاغايلاپ يۈرىدۇ،
ئىشلەي دېمەيدۇ. بولۇپمۇ قوغۇن پىششىقىدا ئۇلار توپلىشىپ ئول-
تۇرۇشۇپ، بىر - ئىككى قوغۇن - تاۋۇزنى پىچىپ داستىخانغا قو-
يۇۋېلىپ، ئەتىگەندىن تۈن يېرىمىغىچە توختىماي نەغمە - ناۋا قى-
لىشىدۇ» دەپ خاتىرىلىگەن.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ناخشا - ئۇسسۇل، نەغمە -
ناۋا مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىغا، ئىقتىسادىي قۇۋۋىتىگە بې-

قىپ گاھىدا يارىشىدۇ، گاھىدا ياراشمايدۇ. بۈگۈنكى شارائىتىمىزدا ناخشا ـ ئۇسسۇل، نەغمە ـ ناۋاغا زىيادە ھېرىسمەن بولۇش بىزگە يارىشامدۇ ـ ياراشمامدۇ؟ دېگەن مەسىلىگە كەلگەندە، چوڭقۇرراق ئويلىنىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. مېنىڭچە، بۈگۈنكى دۇنيادا كۆپ جەھەتتە باشقىلارنىڭ كەينىدە قالغان، ئىقتىسادىي قۇۋۋىتى ئاجىز، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى نىسبەتەن قالاق، پەن ـ تېخنىكىسى راۋاجلانمىغان، مائارىپ سەۋىيىتى تۆۋەن، ئىنسانىيەتنىڭ ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زاماندىكى تەرەققىيات نەتىجىلىرىگە بىر ئۇلۇش ھەسسە قوشالمىغان بىر مىللەتنىڭ ئويۇن ـ تاماشا ھېسابلىنىدىغان ناخشا ـ ئۇسسۇل، نەغمە ـ ناۋاغا خۇددى يوقاتقان ھالدا ھېرىسمەن بولۇشى، شەك ـ شۈبھىسىزكى چۈشكۈنلۈك! تېخىمۇ كەسكىنرەك ئېيتقاندا، دەۋر بىلەن ھاماقەتلەرچە قارشىلاشقانلىق! ئامېرىكىلىق پسىخولوگىيە ئالىمى سىلۋانو ئارىئېتى (silvano Arieti) «ئىجادىيەتنىڭ سىرى» ناملىق كىتابىدا «بىۋاستە قانائەتكە، سەزگۈ ئەزالار ھوزۇرىغا، خاتىرجەملىككە، ئەينى پەيتتىكى شاد ـ خۇراملىققىلا ئەھمىيەت بېرىدىغان مەدەنىيەت ئادەمنىڭ ئىجادىيەت قابىلىيىتىنى ئىلگىرى سۈرەلمەيدۇ» دەپ ئېيتقان. بۇنىڭدىن بىز نەغمە ـ ناۋاغا ھېرىسمەن بىر مىللەتنىڭ نەقەدەر يەڭگىل بىر مىللەت بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز.

بىز كۆزىمىزنى يوغان ئېچىپ بۈگۈنكى دەۋرگە قاراپ باقايلى. دەۋر بىزنى نېمىگە چاقىرىدۇ، بۈگۈنكى دەۋرنىڭ ماھىيىتى نېمە؟ خەق نېمە ئويدا، بىز نېمە كويدا؟! بۈگۈنكى دەۋر بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى، رىقابەت دەۋرى! دەۋرنىڭ بۇ خىل تەلىپىگە بىز ناخشا ـ ئۇسسۇل، نەغمە ـ ناۋاغا تەلۋىلەرچە ھېرىسمەن بولغان پسىخىكىلىق ھالىتىمىز بىلەن قانداقمۇ ماسلىشالايمىز ۋە تاقابىل تۇرالايمىز؟! بىلىشىمىز كېرەككى، كۆپ خىل ئىقتىدار ئىگىلىرى يېتەرلىك بولغان، ئۇنىۋېرسال ساپاسى كۈچلۈك مىللەتلەرلا بۈگۈنكى دەۋرنىڭ تەلىپىگە يېقىنلىشالايدۇ ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن رىقابەتكە قاتـ

نىشالايدۇ. بىزگە ئوخشاش روھىيىتىدە «سەتئەتخۇمارلىق» تىن ئەد-بارەت ھېسسىيات تەركىبى زىيادە ئارتىپ كەتكەن مىللەتلەر رىقابەت سەھنىسىدە باشقىلار بىلەن ھەرگىزمۇ روبىرو بولالمايدۇ. چۈنكى بىر مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدا «سەتئەتخۇمارلىق» تەركىبى زىيادە ئارتىپ كەتسە، تەبىئىي ھالدا تەپەككۇرغا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئەقلىي تەر-كىبىنى چەكلىمىگە ئۇچرىتىدۇ. ۋۇجۇدىدا ئەقلىي تەركىبى كەمچىل مىللەتلەر قانداقمۇ ئەقىل ۋە بىلىمنى دەسمايە قىلىپ ياشاشقا ئا-دەتلەنگەن مىللەتلەر بىلەن رىقابەتلىشەلىسۇن؟! بۇنداق بولۇۋەرسە ئاخىرقى ھېسابتا ئىدراكقا ئەھمىيەت بېرىش ئادىتى بىلەن تونۇلۇك ساھەلەردىكى رىقابەتتە غەلىبە قۇچقان مىللەتلەرگە بىر چەتتە تۇرۇپ ئالقىش ياغدۇرۇشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان «چاۋاكچى مىللەت» بو-لۇپ قالمايمىزمۇ؟

يېقىندا تېلېۋىزىيەدە قويۇلغان بىر ئېتۇتتا ئەتەي قاراتمىلىق قىلىپ «خەلق نېمىنى ياخشى كۆرسە، شۇ نەرسە قەدىرلىك بولىدۇ، ئۇلۇغ بولىدۇ؛ خەلقىمىز ناخشا ـ ئۇسسۇل، نەغمە ـ ناۋانى ياخشى كۆرىدۇ، بىز خەلقىمىزنىڭ تاللىشىنى ھۆرمەت قىلىشىمىز كې-رەك» دېگەن ئەخمىقانە مەنتىقە بازارغا سېلىندى. روشەنكى، بۇ تو-لىمۇ ئاددىي، نادانلارچە قاراش. بۇنداق نادانلارچە قاراش گەپنىڭ توغرا ـ خاتاسىنى ئىلغا قىلالمايدىغان، پەقەت قىزىق گەپكەن دەپ كالچاراپ كۇلۇشنىلا بىلىدىغان تەپەككۇرى مەجرۇھ كىشىلەرنىلا قايمۇقتۇرالايدۇ. نورمال ئىدراكقا ئىگە كىشىلەرنىڭ بولسا قىيسىق كۇلكىسىنى قىستايدۇ. بىلىش كېرەككى، خەلقنىڭ تاللىشى، خەلق-نىڭ ياخشى كۆرۈشى ھەممە ۋاقىتتا توغرا بولۇۋەرمەيدۇ. خەلقىمىز «ئىلى ھارىقى» نىمۇ ئادەمنى چۆچۈتكۇدەك دەرىجىدە ياخشى كۆرۈپ ئىستېمال قىلىدۇ. بۇمۇ خەلقىمىزنىڭ بىر خىل تاللىشى. بۇنداق ناچار ئادەتنى بىزگە ھېچكىم زورلىغان ئەمەس. خەلقنى شېپى كەل-تۈرۈپ مەلۇم ناچار ئادەت ۋە نورمالسىز كەيپىياتنى يوللۇق كۆرسە-تىشكە ئۇرۇنۇش ئەخمەقلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. خەلق ھەقىقە-

تەن ئۇلۇغ. خەلقنىڭ ئۇلۇغلۇق مەسىلىسى مەڭگۈلۈك مەسىلە. ئەمما، خەلقنىڭ تۇتقان يولىنىڭ توغرا ـ خاتا بولۇشى باشقا مەسىلە. ئۇلۇغ ئالىم ئېينىشتېيىن «مېنىڭ دۇنيا قارىشىم» دېگەن ماقالىسىدە: «ئاۋام ئىدىيە جەھەتتە ئومۇمەن قاشاڭ كېلىدۇ» دەپ ئېيتقان. ئافاق خوجىدەك لەنەتگەردىلەرنى 300 يىللاپ ئەۋلىيا بىلىپ، مازىرىغا تاۋاپ قىلىپ كەلگەننىمۇ شۇ خەلق! ئېسىمىزدە بولسۇنكى، ھەقىقەتنى كۆپ ھالدا دانىشمەن ـ مۇتەپەككۇرلارلا تونۇيالايدۇ ۋە ئاشكارىلىيالايدۇ. خەلقنىڭ تالللىشى ۋە مايىلىلىقى ھە دېگەندىلا توغرا بولۇۋەرمەيدۇ. ئېنىقراق ئېيتقاندا، خەلقنىڭ تاللىشى ۋە مايىللىقى ھەرگىزمۇ بىردىنبىر ئۆلچەم بولالمايدۇ. ئەگەر ھەممە ئىشتا، ھەممە ۋاقىتتا خەلقنىڭ تاللىشى ۋە مايىللىقى ئۆلچەم قىلىنسا، ئۇ ھالدا خەلقنى يېتەكلەيدىغان، يىراقنى كۆرەر يېتەكچى ـ داھىيلارنىڭ؛ پايدا ـ زىيان، ياخشى ـ ياماننى ئېنىق ئايرىش، ھەقىقەتنى پەرق ئېتىش قابىلىيىتىگە ئىگە دانىشمەن ـ مۇتەپەككۇرلارنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ. ناۋادا خەلق ئۆزىلا ئۆزىنىڭ بىلگىنىچە ياشاۋەرسە، نېمىنى ياخشى كۆرسە قەدىرلەۋەرسە، نېمىنى خالىمىسا چۆرۈپ تاشلاۋەرسە، ئاخىرىدا ھالاكەت پاتقىقىغا پېتىپ قالىدۇ. بىلىشىمىز لازىمكى، ئىنسانىيەت پەيدا بولغاندىن باشلاپ بۈگۈنگىچە يېتەكچى ـ داھىيلار بىلەن دانىشمەن ـ مۇتەپەككۇرلارغا ئېھتىياجلىق بولۇپ كەلگەن. شۇڭا، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىنىڭ 265 ـ بېيىتىدە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: «قارا، ئېسىل كىشىلەر ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى بەگ، بىرى دانا، (ئۇلار) ئىنسانلارنىڭ باشلامچىسىدۇر» دەپ يازغان. بۇ يەردىكى بەگ ئەل باشچىلىرىنى، يەنى يېتەكچى ـ داھىيلارنى، دانا دېگىنى دانىشمەن ـ مۇتەپەككۇرلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلۇغ بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىزگە ئۇلارنى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ئەڭ ئېسىل كىشىلەر، ئۇلار ئىنسانلارنىڭ باشلامچىلىرىدۇر، دەپ كۆرسىتىپ بەرگەن. ئەمدى كېلىپ بىز بىر ماھارەت تېپىلىق ئېتۇت-

چىنىنىڭ پەلىپەتىش قاراشلىرىغا ئالدىنىپ يۈرسەك، ھەممە ئادەم ئال-دىراپ ئوينايدىغان بىر جۈندەككە، ئالدىغا كەلگەن ئادەم تېپىپ ئوي-نايدىغان بىر پوندەككە ئايلىنىپ قالىمىز. شۇڭا، گەپنىڭ ئەركەك-چىشىسىنى ئايرىپ ياشاشقا ئادەتلىنىشىمىز كېرەك. تەپەككۇر جە-ھەتتىكى نامرات ھالىتىمىز بىزنى ھەر دائىم ھەسرەتتە قويىدۇ. ئە-قىل كۆزىمىزنى يوغان ئاچمىساق، تۈيۈق يولنى بىخۇدلۇق بىلەن تاللاۋېرىمىز.

ئۆتكەندە كورلىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق قەلەمكەشلەر يې-غىنىدا قارىسىغا سۆزلەپ ئادەتلىنىپ كەتكەن بىر قەلەمكەش «بىزگە سەئىدىيە خانلىقىدىن ئون ئىككى مۇقام مىراس قالغان. بۈگۈنكى كۈندە بىزنى ئون ئىككى مۇقام دۇنياغا تونۇتتى. بىز دۇنيادا ‹ناخشا-ئۇسسۇل مىللىتى› دەپ ئېتىراپ قىلىندۇق. بىز يا ئىلىم-پەن، يا تېخنىكىدا تونۇلمىدۇق. شۇڭا، خەلقىمىزنى دۇنياغا تونۇتۇۋاتقان ناخشا-ئۇسسۇل، نەغمە-ناۋانى ئۇنداق-مۇنداق دېيىش خاتا!» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. توغرا، بىز مىللىتىمىزنى باشقىلارغا، دۇنيا-غا تونۇتىدىغان مىللىي بايلىقلىرىمىزنى قەدىرلەيمىز ھەم ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىمىز. ئەمما، بىز خەلقىمىزنى ناخشا-ئۇسسۇل مىللىتى سۈپىتىدە دۇنياغا تونۇتۇشتىنمۇ ئاۋۋال، مىللىتىمىزنىڭ دۇنيادىكى مىللەتلەر قاتارىدا ئۇزاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا كاپا-لەتلىك قىلىدىغان ھاياتىي كۈچكە ئىگە مىللىي بايلىقلارغا تېخىمۇ موھتاج. ئويغانغان مىللەتلەر ئۇنىۋېرسال مىللىي كۈچىنى ئاشۇ-رۇش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتسا، بىز ناخشا-ئۇسسۇل، نەغمە-ناۋا-لىرىمىز مىللىتىمىزنى دۇنياغا تونۇتۇۋاتىدۇ، دەپ گول بولۇپ، شۇ-نىڭ بىلەن قانائەت قىلساق بولمايدۇ. چۈنكى، تونۇلۇشقا قارىغاندا مەۋجۇتلۇققا كاپالەتلىك قىلىش تېخىمۇ مۇھىم! دۇنياغا تونۇلۇش-نىڭ يوللىرى تولا، بەزى ھاللاردا ئۇ بىردەملىك ئىش. ئەمما، مەۋ-جۇتلۇققا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ يوللىرى ئىنتايىن تار ۋە مۇشكۇل. شۇڭا بىز ناخشا-ئۇسسۇلدىن ئىبارەت بىرلا ئىشقا بەند بولۇپ

قالمايلى، نەغمە ـ ناۋادىن ئىبارەت بىرلا ئىشنى ئۇنچىۋالا چوڭ بىلىۋالمايلى، ئۇنىۋېرسال مىللىي كۈچىمىزنى هازىرلاشقا تىرىشايلى. نەغمە ـ ناۋا، ناخشا ـ ئۇسسۇل بىزنىڭ بايلىقىمىز، ئەمما بارلىقىمىز ئەمەس! ئەگەر ناخشا ـ ئۇسسۇل، نەغمە ـ ناۋا جەھەتتىكى ئەۋزەللىكىمىز بىلەنلا قانائەتلىنىپ، پەخىرلىنىپ، مىللىتىمىزنىڭ مىللىي خاراكتېرىنى «سەنئەتخۇمار» دېگەن سۈپەتكە مىخلىۋېتىپ، نەغمە ـ ناۋا، ناخشا ـ ئۇسسۇلنى مىللىتىمىزنىڭ تۈپ خۇمارى قىلىپ ياشاشقا ئادەتلىنىپ كەتسەك، پۇشايمانلىق ئاقىۋەتتىن ساقلىنالمايمىز. قارىسىغا سۆزلەيدىغان ئالىجوقا قەلەمكەشلەرنىڭ كەيپىياتلىق جۆيلۈشلىرى، يۈزە بايانلىرى، چالا ـ بۇلا قاراشلىرى چوڭقۇر مۇلاھىزىلىك بايانلارغا، پىشقان قاراشلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەخلەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس!

مۇتەپەككۇر ئالىمىمىز ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەد ئىمىن ئۆزىنىڭ «يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش» ناملىق چوڭقۇر مۇلاھىزىلىك ماقالىسىدە، قاراخانىيلار خانلىقى ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇنىۋېرسال ئەۋزەللىكلىرىمىز، ئەقلىي تەپەككۇرغا ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئەمەلىيەتچىل، هاياتىي كۈچكە ئىگە جۇشقۇن مىللىي خاراكتېرىمىز ھەققىدە سۆيۈنۈش بىلەن قەلەم تەۋرىتىپ كېلىپ، 15 ـ ئەسىردىن كېيىنكى مىللىي هاياتىمىز ھەققىدە ئۆكۈنۈش بىلەن مۇنداق قۇرلارنى يازغان: «ئۇلۇغبەگ پاجىئەسىدىن كېيىن ئەدىب ـ شائىرلىقتىن باشقا بىزدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئالەمشۇمۇل ئالىملار چىقمىدى. مەنىۋى مەدەنىيەت خەزىنىمىز ھېسسىي سەنئەت ۋە ئەدەبىياتنى بىردىنبىر ئىپتىخار پەللىسى قىلىشقا مەجبۇر بولدى. قولىمىزنىڭ يەتكىنى ئۇسسۇل، دىمىمىزنىڭ يەتكىنى ناخشا بولدى! بىز ‹ئېتنولوگىيەلىك مىللەت› كاتېگورىيەسىدىكى ‹ناخشا ـ ئۇسسۇل مىللىتى›، ‹شېئىر مىللىتى› بولۇپ قېلىۋەردۇق. بوياقچىدىن ئارتۇق خىمىك، تۆمۈرچىدىن ئارتۇق فىزىكلىرىمىز بولمىدى» دەپ يېزىپ، چوڭقۇر ئۆكۈنۈش ئىچىدە مۇنداق سېلىشتۇرمى-

لىق بايان بىلەن خىتاب قىلغان: «سەنئەتتە داڭ چىقارغان، سەنئەتـ-
كە يۈلىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان سىگانلارنىڭ ئاقىۋەتتە يۇرت
- ماكانسىز جاھان كېزىپ، تىلەپ - تېرىپ ياشاشقا چۈشكەن لاما-
كانلىقى بىلەن، تارىخ بورانلىرىدا چېچىلىپ، جەڭگى - جېدەللەردە
قىرىلىپ ھالى قالمىغان يەھۇدىيلارنىڭ نەزەرىيەۋى تەپەككۇر ۋە
ئۆتكۈر پەنلەرگە بولغان يۇكسەك ئېتىبارىدىن ‹ئالىملار مىللىتى›،
قۇدرەتلىك، زامانىۋى مىللەت كامالىتىگە يەتكەنلىكىنى كۆز ئالدى-
مىزغا نېمىشقا كەلتۈرمەيمىز؟!»

ئىنسانىيەت يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويغان مۇشۇ شارائىتتا، دۇن-
يادىكى بارلىق چوڭ - كىچىك مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ نېمە قىلىشى
زۆرۈرلۈكىنى كۈنسايىن چوڭقۇر تونۇپ يېتىۋاتىدۇ. ئۇلار ھەرگىز-
مۇ ناخشا - ئۇسسۇل، نەغمە - ناۋانى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئالىي خۇما-
رى، ئەڭ ئالىي خۇشاللىقى قىلىشنىڭ كويىدا ئىزدەنمەيۋاتىدۇ. بەل-
كى مەدەنىيەتنىڭ ھەممە ئامىللىرىغا ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈپ، بىر-
لەمچى ئامىللار بىلەن ئىككىلەمچى ئامىللارنىڭ مۇھىملىق دەرى-
جىسىنى، ماھارەت تىپلىق كىشىلەر بىلەن پاراسەت تىپلىق كىشى-
لەرنىڭ قىممەت تەرتىپىنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىۋا-
تىدۇ. قازاقىستاندا نەشر قىلىنغان «قازاقىستان، ئۆزبېكىستان،
قىرغىزىستان، تۈركمەنىستانلاردا 20 - ئەسىردە تونۇلغان مەشھۇر
ئۇيغۇرلار» دېگەن بىر قىممەتلىك كىتاب يېقىندا قولۇمغا چۈشۈپ
قالدى. شۇ كىتابنىڭ مۇندەرىجىسىگە قارىساقلا، ئەسلى نېمىگە
بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈش، قايسى خىلدىكى كىشىلەرنى كۆپ يېتىلدۈ-
رۈشكە كۈچەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ يەتكىلى بولىدۇ.
كىتابنىڭ مۇندەرىجە تەرتىپى مۇنداق: 1. ھاكىمىيەت ئۈستىدە بول-
غانلار؛ 2. ئىقتىساد ساھەسىدە باش كۆتۈرگەنلەر؛ 3. ئارمىيەدە داڭ
چىقارغانلار؛ 4. تەشكىلاتچىلار؛ 5. ئالىملار - ئاكادېمىكلار؛ 6. دوخ-
تۇرلار؛ 7. مائارىپچىلار؛ 8. ئەدىبلەر؛ 9. ئاخباراتچىلار؛ 10. ئارخې-
تېكتورلار؛ 11. رەسسام - ھەيكەلتىراشلار؛ 12. تىياتىر، مۇزىكا،

كىنو، ئۇسسۇل ساھەسىدىكىلەر: 13. تەنھەرىكەتچىلەر.

بىزدە بولسا ھازىر گەھۋال باشقىچە: ئىككى كۆزىمىز نەغمە ـ ناۋاچىلار بىلەن ناخشا ـ ئۇسسۇلچىلارغىلا تىكىكلىك: ئالقىش ـ تەبرىكلىرىمىز شۇلارغىلا ياغدۇرۇقلۇق؛ دىققىتىمىز ناخشا ـ ئۇسسۇل، نەغمە ـ ناۋالارغىلا مەركەزلىشكىلىك؛ بالىلىرىمىزنىڭ قەلبىدىكى ھەۋەس قىلىدىغان قالتىس كىشىلەرمۇ يەنىلا شۇلار! قىسقىسى، ئەڭ ئالىي ھەۋىسىمىز، ئەڭ يۇقىرى ئىنتىلىشىمىز، ئەڭ ئومۇمىي خۇشاللىقىمىز نەغمە ـ ناۋا، ناخشا ـ ئۇسسۇل! ئىپتىخارىمىزمۇ شۇ دائىرىگە مەركەزلىشكىلىك. شۇبھىسىزكى، بۇ بىر بىنورمال ئىجتىمائىي پسىخىكا ھەم غەلىتە ئىجتىمائىي قىسمەت! كارل ماركس «ئادەم مۇھىتنى يارىتىدۇ، مۇھىتمۇ ئادەمنى يارىتىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. بىزنىڭ نەغمە ـ ناۋاغا زىيادە ھېرىسمەن كەيپىيات بىلەن تولغان ئىجتىمائىي مۇھىتىمىز قانداق ئەۋلادلارنى يارىتىشى مۇمكىن؟ بۇ ئەستايىدىل ئويلىنىدىغان جىددىي مەسىلە.

2006 ـ يىلى 8 ـ ئايدا يېزىلدى

# بىزگە قانداق ئارتىسلار كېرەك

مەن «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىغا خاسلىشىپ قېلىۋاتقان «بىزگە قانداق xx لار كېرەك؟» دېگەن يۆنىلىشتىكى مۇھاكىمە تېمىسىدا ئىلگىرى «بىزگە قانداق ادىبلار كېرەك» دەپ بىر پارچە ماقالە يازغانىدىم. 2006 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئۆز ئالدىمغا بەلگىلىگەن مۇھاكىمە تېمامنىڭ ئىزچىللىقىنى نەزەردە تۇتۇپ بۇ قېتىم «بىزگە قانداق ئارتىسلار كېرەك» دېگەن تېمىدا ئويلىغانلىرىمنى يېزىپ ئېلان قىلدۇرۇشنى نىيەت قىلدىم.

مەن 2006 ـ يىلى پىلانلىق ھەم باسقۇچلۇق ھالدا دەسلەپ شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 5 ـ يۇرۇش قانىلىنىڭ «مەدەنىيەت بوستانى» مەخسۇس پىروگراممىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن «زىيالىيلارنىڭ بۇرچى» توغرىسىدىكى سۆھبەتتە «زىيالىيلار قاتلىمى بىلەن سەرخىللار قاتلىمى بىر مىللەتنىڭ پاراسەت تىپلىق كىشىلىرى بولۇپ، ئۇلار جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىدا ئوينايدىغان رولى، نەغمە ـ ناۋاسى كەسىپ قىلغان ماھارەت تىپلىق كىشىلەرنىڭ رولىدىن ئالاھىدە مۇھىم بولىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئاۋام ماھارەت تىپلىق كىشىلەرنىڭ ماھارەتلىرىگە مەپتۇن بولۇش بىلەنلا چەكلەنمەي، جەمئىيەتتىكى ئىدىيەۋى پىكىر ئېقىمىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۆزگىرىش ياسىشىغا تۈرتكە بولىدىغان زىيالىيلار قاتلىمى بىلەن سەرخىللار قاتلىمىنىڭ تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرىغىمۇ يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلۈش زۆرۈرلۈكى» ھەققىدىكى قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويغانىدىم. ئارقىدىن ئەتىيازدا «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ شۇ يىللىق 3 ـ سانىدا داڭلىق ئۇسسۇل رېژىسسورى كورەش رەجەپنىڭ سۆھبەت جەريانىدا ئېيتىدـ

لىگەن قارىشىغا قارىتا «كۆرەش رەجەپكە ئوچۇق خەت» ناملىق ماقا-
لەمنى ئېلان قىلىپ، «بىر مىللەت نەغمە ـ ناۋا، ناخشا ـ ئۇسسۇل
جەھەتتە ھەرقانچە تەرەققىي قىلسىمۇ، مىللەتنىڭ چوڭ ـ كىچىك
ئەزالىرى سەنئەت دېسە جېنىنى بەرگۈدەك دەرىجىدە سەنئەت مەستا-
نىسى بولۇپ كەتسىمۇ، بۇنداق مىللەت ئىككىنچى بىر مىللەتنىڭ
نەزىرىدە ھەرگىزمۇ رىقابەت ئوبيېكتى ھېسابلانمايدىغانلىقىنى، بۇ-
گۈنكى رىقابەت دۇنياسىدا بىز ھازىرلاش زۆرۈر بولغان ئەڭ مۇھىم
مەسىلە رىقابەت سەھنىسىدە روبىرو تۇرالايدىغان ھاياتىي ئىقتىدار»
ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇم. 8 ـ ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك تې-
لېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «چىن يۈرەكتىن چىن سۆزلەر» مەخسۇس
پىروگراممىسىدا «نەغمە ـ ناۋا ۋە مىللەت ساپاسى» تېمىسىدا رىيا-
سەتچى ئىلنۇر ئىبراھىم بىلەن يېرىم سائەت سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ،
«نەغمە ـ ناۋاغا، ناخشا ـ ئۇسسۇلغا زىيادە بېرىلىش بىر مىللەتنىڭ
چۈشكۈنلەشكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى، نەغمە ـ ناۋا، ناخشا ـ ئۇسسۇل
بىزنىڭ بايلىقىمىز، ئەمما بارلىقىمىز ئەمەس!» دېگەن ئىدىيەنى
شەرھلىدىم. كۆزدە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ شۇ يىللىق
5 ـ سانىدا «بىز قانداقلارچە ‹ناخشا ـ ئۇسسۇل مىللىتى› ئاتىلىپ
قالدۇق» دېگەن ماۋزۇدا يېزىلغان مۇھاكىمە ماقالەمنى ئېلان قى-
لىپ، مىللىي پىسخىكىمىزدىكى نەغمە ـ ناۋا، ناخشا ـ ئۇسسۇلغا
سەۋدايىلارچە مەپتۇن بولۇپ كەتكەنلىكتەك ئەمەلىيەتنى دەلىل ـ
ئىسپاتلار بىلەن كۆرسىتىپ بەردىم ۋە ھەۋەس، قىزىقىشلىرىدا
زامانغا مۇناسىپ كەلمەيدىغان دەرىجىدە بىر تەرەپلىمىلىك كۆرۈلگەن
مىللەتنىڭ ئۆمرى كوتا، بەختى قارا بولۇشتەك پاجىئەلىك تەقدىر-
دىن ساقلىنالمايدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇردۇم. بۇ ماقالەم 11 ـ ئاي-
نىڭ 20 ـ كۈنى مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ «جۇڭگو-
غا نەزەر» پىروگراممىسىدا دىكتور پاتىگۈل مۇھەممەتنىڭ ئىجرا-
سىدا تولۇق ئاڭلىتىلدى. مەن 2006 ـ يىلى كۆڭۈل بۆلۈپ مۇھاكى-
مە قىلغان تېمامنىڭ ئىزچىللىق ئېھتىياجى سەۋەبىدىن بۇ قېتىم

«بىزگە قانداق ئارتىسلار كېرەك» دېگەن تېمىدىكى مۇلاھىزەمنى يېزىپ «مىللىي ئۆزلۈك ئېڭى كۈچلۈك، مىللىي كىملىك قارىشى روشەن، كىشىلىك قەدىر - قىممىتىنى ئەلا بىلىدىغان، سەنئەتكارغا خاس غۇرۇرغا ئىگە ئارتىسلار كېرەك» دېگەن مۇراجىئىتىمنى بىلدۈرۈشكە تىرىشتىم. بۇ دېگەنلىك ھەرگىزمۇ بىزنىڭ سەنئەت ساھەمىزدە بۇ خىلدىكى ئارتىسلار يوق، دېگەنلىك ئەمەس، پەقەت كەم دېگەنلىك.

ئەگەر بىز سەنئەت سېپىمىزدىكى سانى شۇنچىۋالا كۆپ ئارتىسلار قوشۇنىنىڭ سۈپەت - ساپاسى ھەققىدە پەقەت مۇلاھىزە ئېلىپ بارمىساق، بۇ مەدەنىيەت مۇھىتىمىزدىكى نورمالسىزلىق ھېسابلىنىدۇ. تەپەككۇرى سەزگۈر، ئىجتىمائىي ئىنكاس ئىقتىدارى كۈچلۈك، ساغلام روھقا ئىگە بىر مىللەت ئۆزىنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا ئۇخشىمىغان نۇقتىدىن كۆڭۈل بۆلۈشى، نەزەر ئاغدۇرۇشى كېرەك. بىزدە ئىلمىي يوسۇندا ئېلىپ بېرىلغان مۇلاھىزە - تەنقىدلەرنىمۇ «چىشلەپ تارتتى»، «زىددىيەت تېرىدى» دەپ چۈشىنىدىغان، سەمىمىيلىك بىلەن توغرا، ئوبيېكتىپ، ئىلمىي، ئادىل ھالدا ماختاپ - مەدھىيەلەپ مۇئەييەنلەشتۈرسىمۇ «ئادەم ئادەمنى ماختاش فېئوداللىق كونا قاراشتىن كەلگەن كېسەللىك» دەپ ئەخمىقانە ھالدا پەتىۋا ئوقۇيدىغان بىمەنە چۈشەنچە ساقلانماقتا. بۇنداق چۈشەنچە، بىر بولسا نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلمەيدىغان نادانلارنىڭ، بىر بولسا مەسىلىلەرگە ھەقىقەت نەزىرى بىلەن قاراشقا ئاجىزلىق قىلىدىغان زەئىپ روھنىڭ مەھسۇلى! ئىلمىي ئاڭغا ئىگە بىر تەربىيە كۆرگەن ئادەم مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقان مەسىلىگە ئالدجوقا گەپلىرى بىلەن چەكلىمە قويۇشقا كۈچىمەي، ئېلىپ بېردلىۋاتقان مۇھاكىمىنىڭ ئاساسلىرىنىڭ يېتەرلىك ياكى يېتەرسىز ئىكەنلىكىگە بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئىلىم ساھەسىدە يېتەرلىك ئاساسقا ئىگە ھەرقانداق كىشى ئۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ھوقۇقلۇق. «مىللىي پىسخىكىمىزدىكى نەغمە -

ناۋا، ناخشا ـ ئۇسسۇلنى زىيادە ئۇلۇغلاش، ئۇنىڭغا سەۋدايىلارچە
ھېرىسمەنلىك قىلىش چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىك» دېگەن تونۇشنى
بۇرمىلاپ، «بىزگە ناخشا ـ ئۇسسۇل كېرەك ئەمەس، دەپ ماقالە ياز ـ
دى» دەپ چۈشىنىۋېلىش ھەم «سەنئەتنىڭ دۈشمىنى» دەپ قالپاق
كىيدۈرۈش مەسىلىگە تەپەككۇر كۆزى بىلەن قارىماي، كەيپىيات ما ـ
يىللىقى بىلەن مۇئامىلە قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «گۇمانىتار
ئوقۇشلۇق» ناملىق كىتابتا «دىن، پەن، سەنئەت ئىنسانىيەتنىڭ
ئۈچ چوڭ روھىي تۈۋرۈكى، بۇ ئۈچ چوڭ تۈۋرۈك ئىنساننىڭ روھـ ـ
دىن ئىبارەت داڭقاننى تەڭپۇڭ ھالدا كۆتۈرۈپ تۇرغان مۇستەھكەم
ئۈچ پۇتقا ئوخشايدۇ» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. شۇڭا، ئۈچ چوڭ تۈۋ ـ
رۈكنىڭ، ئۈچ مۇستەھكەم پۇتنىڭ بىرى بولغان سەنئەتكە «كېرەك
ئەمەس» دەپ مۇئامىلە قىلىش سېپى ئۆزىدىن نادانلىق ھېسابلىنىـ ـ
دۇ، دەپ قارايمەن. پەن چىنلىققا ۋە ھەقىقەتكە، دىن ئاق كۆڭۈللۈك
ۋە سەمىمىيلىككە، سەنئەت گۈزەللىككە تەلپۈنىدۇ. بۇ ئۈچى ئوخ ـ
شاشلا ئىنسانلارنىڭ روھىي ئېنتىلىشى بولۇپ، بىرىنى كەم بولسا
بولمايدۇ. بىرى يەنە بىرىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. پەنگە سەل قارال ـ
سا ئىنسانلارنىڭ ماددىي تەرەققىياتى توختايدۇ. دىنىي ئېتىقادقا سەل
قارالسا ئىنسانلارنىڭ روھىي دۇنياسى گۇمران بولىدۇ. سەنئەتكە
سەل قارالسا ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسى قۇرغاقلىشىپ كېتىدۇ.
ماددىي قىممەت، روھىي قىممەت ۋە مەنىۋى قىممەت ئىنسانلار
ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان زۆرۈر نەرسىلەر ھې ـ
سابلىنىدۇ. سەنئەتكە بولغان سەۋدايىلارچە ھېرىسمەنلىك بولسا
باشقا گەپ، سەنئەتنىڭ رولى ۋە قىممىتىگە بولغان تونۇش بولسا،
ئۇ باشقا گەپ! سەنئەتنىڭ رولى ۋە قىممىتىگە ئىنكار قىلىش پو ـ
زىتسىيەسىنى تۇتقان بىر قەلەمكەش، ھەرگىزمۇ «بىزگە قانداق ئار ـ
تىسلار كېرەك» دەپ كۆڭۈل بۆلۈپ مۇھاكىمە قىلىپ يۈرمەيدۇ.
بىزگە قانداق خاراكتېردىكى سەنئەت كېرەك، بىزگە قانداق سۈ ـ
پەت ـ ساپادىكى ئارتىسلار كېرەك؟ دېگەن مەسىلە بىز مەڭگۈ كۆڭۈل

بولۇشكە، مۇلاھىزە قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرگە كىرىدۇ!

ئۇنداقتا، بىزگە زادى قانداق ئارتىسلار كېرەك؟

1. بىزگە مىللىي ئۆزلۈك ئېڭى كۈچلۈك ئارتىسلار كېرەك.

قارايدىغان بولساق، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ ھازىر دۇنيادا ھەرقايسى مىللىي مەدەنىيەتلەر ئۇتتۇرىسىدىكى ئۇچرىشىش ۋە سىڭىشىش تارىختىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن كۈچىيىپ كەتتى. مۇشۇنداق شارائىتتا تەرەققىي قىلغان مىللەتلەر ياكى سانى كۆپ مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى قارا بوراندەك يۇيۇرۇلۇپ كېلىپ ئارقىدا قالغان ياكى سانى ئاز مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ رەڭگىنى تېز سۈرئەتتە ئۆزگەرتىۋېتىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتچىل روھقا ئىگە ھەرقانداق بىر ئادەم جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ بۇ يۈزلىنىشىنى ئېتىراپ قىلماي قالمايدۇ. ئەمما، بىز بۇ خىل يۈزلىنىش ئالدىدا پاسسىپ ھالدا قاراپ تۇرۇش پوزىتسىيەسىنى ئىپادىلىسەك، كەم ـ كوتىسىز بوشاڭلىق قىلغان بولىمىز. بىز ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ «ئىممۇنىتېت» كۈچىنى ئاشۇرۇپ، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ خاسلىقىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىشىمىز كېرەك. بۇنداق «ئىممۇنىتېت» كۈچى مىللەتنىڭ بارلىق ئەزالىرى ئۆزىنىڭ مىللىي ئۆزلۈك ئېڭىنى ئاشۇرغاندىلا شەكىللىنىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بىزنىڭ ئارتىسلىرىمىز مىللىي ئۆتمۈش، مىللىي تۇرمۇش، مىللىي ئادەت، مىللىي روھ، مىللىي ئارزۇ زېمىنىغا يىلتىز تارتقان ساپ مىللىي سەنئەتنىڭ ئىجادچىلىرى ۋە ئىجراچىلىرى بولۇشنى شەرەپ ۋە مۇقەددەس بۇرچ، دەپ بىلىشى لازىم. «پاتمەنىڭ كۆڭلىكى، سەكسەن يەردە يامىقى» دېگەندەك، بىزنىڭ قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ناخشا ـ ئۇسسۇللىرىمىز ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ سەنئىتىدىن ئېلىپ كېلىنگەن پۇرۇچلاردىن ياماق سېلىنىپ ئەسلىنى بىلگىلى بولمايدىغان شالغۇت سەنئەتكە ئايلىنىپ قالماسلىقى كېرەك. بىز ئۇچۇن ئېيتقاندا، لوپنورلۇق بىر ئاددىي پادىچىنىڭ بىپايان توغراقلىق جاڭگالدا ئېيتقان

مۇڭلۇق ناخشىسى ياۋروپانىڭ ھەشەمەتلىك زاللىرىدا ئورۇنلانغان سەلتەنەتلىك سىمفونىيەلەردىن گۈزەل! قەشقەرلىك قايماقچى قىزنىڭ بېشىدىكى گىلەم دوپپىسىنىڭ گۈلى ئەنگلىيە ئايال پادىشاھى ئېلىزابېتنىڭ بېشىدىكى شاھلىق تاجىغا قوندۇرۇلغان كۆزنى چاقنىتىدىغان بىباھا ئالماستىن گۈزەل! تورپانلىق كارىزچى بوۋاينىڭ كىشىلىك ھايات ھەققىدىكى ئاددىي ھېكايىسى كورېيەنىڭ تالاي تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىدىن گۈزەل! يوزلىرى ئاپتاپتا قارىيىپ كەتكەن ئىلىلىق دېھقاننىڭ بىنەمدىكى سوغۇق قارا تاشنىڭ ئۈستىدە ئاچچىق موخوركىسىنى شوراپ ئولتۇرۇپ، ئۇيۇقتا پېتىۋاتقان كەچكى قۇياشنىڭ ئاداققى نۇرلىرىغا ئۇزاقتىن - ئۇزاق تىكىلىپ تۇرغان ئويچان ھالىتى رودىننىڭ دۇنياغا مەشھۇر «مۇتەپەككۇر» دېگەن ھەيكىلىنىڭ ئوبرازىدىن گۈزەل!

بىز دەۋاتقان «ئىممۇنىتېت» كۈچى دەل مانا مۇشۇنداق ئۆزىنىڭ مىللىي ئەنئەنىسىنى ۋە مىللىي مىراسلىرىنى كۆز قارىچۇقىدەك قەدىرلەيدىغان قايناپ تۇرغان مىللىي ئۆزلۈك ئېڭىدىن كېلىدۇ. ئەگەر خىلمۇخىل مەدەنىيەتلەر تىنىمسىز زەرەت تارقىتىپ تۇرۇۋاتقان مۇشۇنداق شارائىتتا ئارتىسلىرىمىزدا تەۋرەنمەس مىللىي ئۆزلۈك ئېڭى شەكىللەنمەيدىكەن، لاتىن ئۇسسۇلى بىلەن ئۇيغۇر ئۇسسۇلىغا مۇئامىلە قىلغاندا ئۆزىنىڭ سەنئىتىنى نوقۇل ھالدا باشقىلارنىڭ گۈزەللىك ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچەيدىغان ئەھۋال ئومۇملىشىپ كېتىدۇ. ئاقىۋەتتە، خەقلەرنىڭ مودا بولۇۋاتقان ناخشا - ئۇسسۇللىرى بىزنىڭ ئېڭىمىزدا سەنئەتنىڭ ئالىي نەمۇنىسى بولۇپ قالىدۇ. مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى مانا مۇشۇنداق پسىخىكىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن تەڭلا باشلىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا باشقىلارنىڭ سەنئىتى كۆزىمىزگە نۇرانە كۆرۈنۈپ، ئۆزىمىزنىڭ سەنئىتى خۇنۈك كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. ئاقىۋەتتە ھەركىم ھېلى ئىرېلاندىيەنىڭ، ھېلى ئىسپانىيەنىڭ، ھېلى ھىندىستاننىڭ، ھېلى ئۆزبېكىستاننىڭ ... سەنئىتىدىن بىر - ئىككىدىن «ياماق»

ئېلىپ كېلىپ مىللىي سەنئىتىمىزگە ئۆز خاھىشى بويىچە ياماق سېلىپ ئۇنى «پاتىمەنىڭ كۆڭلىكى» گە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. شۇڭا، بىز ئارتىسلىرىمىزغا ھەرقانداق ئەھۋالدا مىللىي ئۆزلۈك ئېڭىنى بوشاشماي كۈچەيتىشنى تەشەببۇس قىلىمىز. مىللىي ئۆزلۈك ئېڭى ئاجىزلايدىكەن، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ رەڭگى ئۆڭۈشكە باشلايدۇ. ئېسىمىزدە بولسۇنكى، بۈگۈنكى دۇنيادا مىللىي مەدەنىيەتلەر شىددەت بىلەن قوشۇلۇۋاتقان، بىر ـ بىرىنى زەرەتلەۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما زامانىۋى ئىنسانلار يەنىلا رەڭگى ئۆڭمىگەن، خاسلىقىنى يوقاتمىغان ساپ مىللىي مەدەنىيەتلەرنى كۆرۈشنى، ئۇنىڭدىن زوقلىنىشنى، ئىلھام ئېلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

2. بىزگە مىللىي كىملىك قارىشى روشەن ئارتىسلار كېرەك.

مىللىي كىملىك مەسىلىسى بۈگۈنكى دۇنيادا ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىگە ئايلانماقتا. بىزنىڭ ئېتنىك مەنبەيىمىز قايسى، ئىرقىي ئالاھىدىلىكىمىز نېمە، ئانا يۇرتىمىز قەيەر، تىلىمىز، دىنىمىز، ئەخلاقىمىز، گۈزەللىك تۇيغۇمىز قانداق؟ دېگەن ئۇقۇملار ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىش ۋە ئۇنى چوڭقۇر چۈشىنىش بىزنىڭ مىللىي كىملىك ھەققىدىكى تونۇشىمىزنى روشەنلەشتۈرىدۇ. بۇ جەھەتتىكى تونۇشى روشەنلەشكەن بىر ئادەمدە ئالىي مىللىي غايە تەبىئىي ھالدا شەكىللىنىدۇ. بۇنداق كىشى كىم ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن، قانداق شەكىلدە ياشىشى كېرەكلىكىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىدۇ. شۇڭا، بىز مىللەتنىڭ ھەربىر ئەزاسىنى ئورتاق بولغان ئالىي مىللىي غايىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز كېرەك. چۈنكى، ئورتاق بولغان ئالىي مىللىي غايىگە ئىگە كىشىنىڭ مىللىي ئەقىدىسى ئىنتايىن ساپ ۋە كۈچلۈك بولىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، مىللىي كىملىك ھەققىدىكى تونۇشى مۈجمەل بولغان بىر ئادەمدە بۇنداق ئېسىل روھىي سۈپەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس!

مەن بىزنىڭ ئارتىسلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ مىللىي كىملىكىمىز ھەققىدىكى تونۇشىنىڭ دەۋر تەقەززا قىلىۋاتقان دەرىجىدە

ئەتراپلىق ۋە روشەن ئىكەنلىكىگە گۇمان بىلەن قارايمەن. ئۇلارنىڭ سەھنە - ئېكرانلاردىكى، سورۇن - سۆھبەتلەردىكى سۆز - بايانلىرىدىن، كۆپىنچىسىگە بۇ جەھەتتە گۇمان بىلەن قارىماسلىققا ئامالىم يوق. ئېسىمىزدە بولسۇنكى، سەھنە ۋە ئېكرانلاردا بادام دوپپىنى كىيىپ بېلىنى باغلىغان، ئەتلەس كۆڭلەكنى كىيىپ لەپەر ئوينىغان ھالدا كۆرۈنگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىدىلا، «خەلقىمگە رەھمەت» دەپ ياغلىما ئېغىزلىق قىلىپ مىللەت، خەلق ھەققىدە ھاياجانلىنىپ بىر - ئىككى ئېغىز سۆزلەپ قويغان كىشىدىلا مىللىي كىملىك ھەققىدىكى تونۇش شەكىللەنگەن بولۇۋەرمەيدۇ. مىللىي كىملىك ھەققىدىكى تونۇش بىر مۇكەممەل چۈشەنچە، ھەرگىزمۇ قۇرۇق ھاياجان ئەمەس ياكى شەكلەن قىياپەت ئەمەس!

مەن ئارتىسلىرىمىزنىڭ مىللىي كىملىك ھەققىدىكى تونۇشىنى شەكىللەندۈرۈشكە يېتەرلىك زېھىن ۋە ۋاقىت ئاجرىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. سىستېمىلىق ئىزدەنمىگەن ۋە تەربىيەلەنمىگەن ئەھۋالدا بۇ خىل تونۇشنىڭ ئەتراپلىق ۋە روشەن ھالدا شەكىللىنىشى مۇمكىن ئەمەس، بۇنداق زۆرۈر تونۇش شەكىللەنمىگەن ئارتىس سەھنىدە يۈگۈرۈپ يۈرگەن «بەدىئىي قورچاق» تىن باشقا نەرسە ئەمەس.

3. بىزگە كىشىلىك قەدىر - قىممىتىنى ئەلا بىلىدىغان ئارتىسلار كېرەك.

شۈبھىسىزكى، كىشىلىك قەدىر - قىممەت ئىنساننىڭ شەخسىيىتى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئەڭ ئالىي بايلىق. ئۇ ھاياتتىنمۇ مۇھىم. ئۆزىنىڭ كىشىلىك قەدىر - قىممىتىگە سەل قاراش ياكى ئۇنىڭ بىلەن ئوينىشىش ساپاسى ئەڭ تۆۋەن ئادەملەرنىڭ ئادىتى. كىشىنى ئۆكۈندۈرىدىغىنى شۇكى، ئۆزىنىڭ كىشىلىك قەدىر - قىممىتىگە سەل قاراش بۈگۈنكى جەمئىيەتتە ئومۇمىيۈزلۈك دېگۈدەك ساقلىنىۋاتقان ئەخلاق مەسىلىسى بولۇپ قالدى. بۇ قانداقتۇر ئارتىسلىرىمىزدىلا ساقلىنىۋاتقان مەسىلە ئەمەس. گەپ ئارتىسلىرىمىز ئۈستىدە كېتىۋاتقان بولغاچقا، مەن ئارتىسلىرىمىز ئارىسىدا بۇ

جەمەتتە كۆرۈلگەن تىپىك مىسال ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ قەدىر - قىممەت ئېڭىنى تېخىمۇ ئويغىتىشنى مەقسەت قىلدىم.

كۈنىمىزدىكى داڭلىق يازغۇچى دېڭ گاڭنىڭ بۇنىڭدىن 10 نەچچە يىللار ئىلگىرى يېزىپ ئېلان قىلغان «يىراق شەرقتە كۆرگەنلىرىم» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتىدا كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان مۇنداق بىر تەپسىلات سۆزلەنگەن. ئاپتور 1990 - يىللارنىڭ بېشىدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا يۈز بەرگەن سىياسىي يەر تەۋرەشتىن كېيىن مۇستەقىل بولغان روسىيە فېدېراتسىيەسىگە قىلغان — يىراق شەرق رايونىدىكى ساياھىتى جەريانىدا كۆرگەن، ھېس قىلغانلىرىنى بايان قىلىپ كېلىپ خاربىندىكى بىر كېچىلىك بەزمىخانىدا كۆرگەن ئەھۋالنى قىستۇرۇپ ئۆتىدۇ. ئاپتورنىڭ يېزىشىچە، بەزمىخانىدا جۇڭگولۇق قىزلار بىلەن جۇڭگوغا پۇل تاپقىلى كەلگەن روسىيەلىك قىزلار مودا ناخشىلارنى ئېيتىپ ۋە خىلمۇخىل ئۇسسۇللارنى ئويناپ خاربىنلىق بايۋەچچىلەرنىڭ ئەس - ھوشىنى رام قىلىۋالىدۇ. بۇ بايۋەچچىلەر سېرىق چاچلىرى يالتىراپ تۇرىدىغان بۇ روسىيەلىك ساھىبجامال نازىنىنلارنىڭ يېرىم يالىڭاچ بەدەنلىرىگە مەپتۇن بولۇپ ۋە ئىشقىۋاز قىلىقلىرىغا مەست بولۇشۇپ خۇدىنى يوقىتىدۇ. ھاياجانلانغان بايۋەچچىلەر بۇ قىزلارغا بەس - بەستە گۈل سوۋغا قىلىشىدۇ. ئەجەبلىنەرلىكى، رۇس قىزلىرى ئۆزلىرىگە تۇتۇلغان گۈللەرنى پوكەيگە ئاپىرىپ پۇلغا تېگىشمەيدۇ. جۇڭگولۇق قىزلار بولسا پۇلغا تېگىشىۋېتىپ چىقىپ كېتىدۇ. ئاپتور پوكەيدىكى خېنىمدىن سەۋەبىنى سورىغاندا، ئۇ خېنىم «رۇس قىزلىرىنىڭ ھەممىسى خەق سوۋغا قىلغان گۈللەرنى چامادانىغا سېلىپ ئۆز ئېلىگە ئېلىپ كېتىدۇ» غانلىقىنى ئېيتىدۇ ۋە «بۇ گۈللەرنىڭ بىرنەچچە كۈندىلا قۇرۇق چۆپكە ئوخشاش قۇرۇپ كېتىشىگە قارىماي، ئۇلار يەنىلا گۆھەردەك ئەتىۋارلاپ ساقلايدىكەن» دەپ قوشۇمچە قىلىدۇ. ئاپتور جۇڭگولۇق قىزلار بىلەن روسىيەلىك قىزلارنىڭ ئۆزلىرىگە تەقدىم قىلىنغان گۈللەرگە تۇتقان پەرقلىق پوزىتسىيەسىدىن ئىككى مىل-

لىدىنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمىنى ۋە كۆمانىتار روھىنى كۆرۈۋالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئاپتور گېزى كەلسە ئېپپەت سودىسى قىلمايدۇ دې-گىلى بولمايدىغان ئاشۇ رۇسىيەلىك قىزلارنىڭ ۋۇجۇدىدا چاقنىغان ئۆزىنى قەدىرلەش روھىنىڭ ئۇچقۇنىدىن قاتتىق تەسىرلىنىدۇ.

تەقدىم قىلىنغان گۈل كۆڭۈلنىڭ سىمۋولى ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان. بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە گۈل سوۋغا قىلدى دېگەنلىك، كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتىنى قىلدى، دېگەنلىك. ئادەم، دوست، قېرىنداش دەپ بىلىپ ھۆرمەت قىلدى، دېگەنلىك. بىر ئادەم سىزگە مانا مۇشۇنداق ھېسسىياتتا گۈل تەقدىم قىلسا سۆيۈنمەي تۇرالامسىز؟ ئەگەر نورمال كىشىلىك قەدىر ـ قىممەت تۇيغۇڭىز بولسىلا چوقۇم سۆيۈنىسىز. بۇ خىل قىممەتلىك كۆڭۈلنى قەدىرلەيسىز، ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىسىز. ئەگەر ئۆزىڭىزگە سوۋغا قىلىنغان گۈلگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن باشقىچە مۇئامىلە قىلسىڭىز دەل ئۆزىڭىزنى قەدىرلىمىگەن بولىسىز. خەق سىزنى قەدىرلەپ گۈل سوۋغا قىلسا، سىز ئۇ گۈلنى پۇلغا تېگىشىۋەتسىڭىز ئۆزىڭىز ئۆزىڭىزگە زىيان يەتكۈزگەن بولىسىز. ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئۆزىڭىزنى قەدىرلىمىگەن ھەم خەقنى ھۆرمەت قىلمىغان بولىسىز!

ئەمدى بىز سەھنىگە چىقىسىلا «ئەزىز خەلقىم»، «قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم» دەپ گەپ باشلايدىغان بىر كاززاپ ئارتىسىمىزنىڭ گۈلگە مۇناسىۋەتلىك قىلمىشىغا قاراپ باقايلى: بىزنىڭ خېلىلا نامى بار بۇ ئارتىسىمىز ئۆزىنىڭ سەنئەت كېچىلىكىنى ئۆتكۈزۈپ، ئايلىنىپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر ناھىيەگە بارغاندا، ئاق كۆڭۈل خەلقىمىز ئۇنىڭغا بولغان تىلەك ۋە ھۆرمىتىنى ئىپادىلەپ ئويۇن جەريانىدا ئۇنىڭغا بىرنەچچە دەستە گۈل سوۋغا قىلغان. ئۆزىنىڭ كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتى بىلەن ئەسلا ھېسابلاشمايدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋالغان بۇ مەنپەئەتپەرەس ئارتىسىمىز، ئويلىمىغان يەردىن پۇلنى دەپ ئۆزىگە سوۋغا قىلىنغان گۈللەرنى سەھنىنىڭ ئارقىسى بىلەن تۆۋەنگە ئېلىپ چۈشۈپ تاماشىبىنلارغا سېتىشقا ئورۇنلاش-

تۇرغان. بۇ ئىش تەكرارلىنىش جەريانىدا سىزىلىپ قېلىپ، بۇ ئار-
تىسىمىز گۈل ئورنىغا چالما - كېسەككە دۇچار بولغان. دېمەك، ئاق
كۆڭۈل تاماشىبىنلار ئۆزلىرىنىڭ ئەخمەق قىلىنغانلىقىنى بىلگەن-
دىن كېيىن، ئۇ ئارتىسنى تۇكۇرۇپ تاشلىۋەتكەن. ئۆزىنىڭ كىشى-
لىك قەدىر - قىممىتىنى ئەلا بىلىش ئادىتى يوق ئادەم ئاخىرقى
ھېسابتا مانا مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قالىدۇ. بۇ ھەممىمىز ئۈچۈن بىر
ئىبرەت!

شۇڭا، بىزگە كىشىلىك قەدىر - قىممىتىنى ئەلا بىلىدىغان،
ئۇنىڭ ئۈچۈن ماددىي مەنپەئەتلەردىن ئىككىلەنمەي ۋاز كېچەلەيدى-
غان، نومۇس تۇيغۇسى كۈچلۈك ئارتىسلار كېرەك، دەپ ئېيتىمىز.
ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئۆزىنىڭ كىشىلىك
قەدىر - قىممىتى ئۈچۈن قىلچە يول قويماي كۈرەش قىلىپ، بەدەل
تۆلەپ كىشىلەرنى سۆيۈندۈرگەن ئارتىسلىرىمىزمۇ يوق ئەمەس.
ئەمما، پايدا - مەنپەئەت، ئۇنۋان - مەنسەپ ئالدىدا ئۆزىنى خار قى-
لىپ، نامى بۇلغىنىپ كەتكەن، سەھنە - ئېكرانلاردا ئايالچە ياسىنىپ
قىلمىغىنى قالمايۋاتقان داپ يۈز ئارتىسلىرىمىزمۇ يوق ئەمەس. ئې-
سىمىزدە بولسۇنكى، ئارتىسلىرىمىزغا ئالقىش ياغدۇرۇپ تۇرغان
خەلقىمىز ھەر زامان، ھەر ماكاندا ئۇلارنىڭ نۇرانە ئوبرازىنى كۆ-
رۈشنى چىن دىلىدىن ئارزۇ قىلىدۇ. خەلقنىڭ ئالدىدا نۇرانە ئوبرازى
بىلەن پەيدا بولالايدىغان ئارتىسلار، شۈبھىسىزكى، كىشىلىك قە-
دىر - قىممىتىگە قاتتىق ئەھمىيەت بېرىدىغان ۋىجدانلىق ئار-
تىسلار ئارىسىدىن چىقىدۇ!

4. بىزگە سەنئەتكارغا خاس غۇرۇرغا ئىگە ئارتىسلار كېرەك.

مېنىڭچە، ھازىر خېلى نۇرغۇن ئارتىسلىرىمىزدا سەنئەتكارغا
خاس غۇرۇر تېخى يېتەرلىك ئەمەس. سەنئەتكاردا كۈچلۈك كەسپىي
غۇرۇر بولمىسا، ئۇ خىلمۇخىل مۇددىئادىكى كىشىلەرنىڭ قولىدىكى
قورچاققا ئايلىنىپ قالىدۇ. سورۇن - سورۇنلاردا سورۇن بېزىكى
سۈپىتىدە ئولتۇرۇپ قېلىۋاتقان بەزى ئارتىسلارنى كۆرگەن چې-

غىمدا ئىچ ـ ئىچىمدىن ئۆكۈنۈپ كېتىمەن. سەنئەت ساھەسىدە بىتخوۋېننىڭ سەنئەتكارغا خاس غۇرۇرى ھەققىدىكى ھېكايە 200 يىلدىن بۇيان تەرىپلىنىپ كەلمەكتە. بىركۈنى بىتخوۋېن مەشھۇر ئەدىب گىيوتې بىلەن يولدا سەيلە قىلغاچ پاراڭلىشىپ كېتىۋاتسا، ئالدى تەرەپتىن كىنەز ۋە ئۇنىڭ شاھزادىلىرى كېلىپ قاپتۇ. ئۇلار بىتخوۋېن بىلەن گىيوتېنىڭ مەشھۇر نامىنى ئاڭلىغان بولغاچقا، ئۇلارنى تونۇپ ھۆرمەتلەپ يول بېرىپتۇ. بۇ چاغدا بىتخوۋېن ئۇلارنى پىسەنتىگە ئالماي، شىرنىڭكىدەك ھەيۋەتلىك بېشىنى كۆتۈرۈپ، مەردانە قەدەم تاشلاپ يولغا مېڭىۋېرىپتۇ. بىتخوۋېننىڭ ھەرىكىتى قارىماققا سەل ئاشۇرۇۋەتكەنلىك ھېسابلانسىمۇ، ئەمما كىنەز، شاھزادىلەرگە ئۇچراپ قالغاندا قوللارچە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغان ياكى ھاياجانلانغىنىدىن يۈگۈرۈپ بېرىپ قوللىرىنى مەھكەم سىقىپ، قۇرت يېگەن ئېزىق چىشلىرىدىن تارتىپ كۆرسىتىپ كالچاراپ كۈلۈپ كۆرۈشىدىغان كىشىلەرنىڭكىدىن مىڭ ئارتۇق. بىتخوۋېننىڭ سەنئەتكارغا خاس بۇنداق مەغرۇرانە غۇرۇرىدىن ئۆگىنىشكە ئەرزىيدۇ.

2006 ـ يىلى ئەتىيازدا ئامېرىكا زۇڭتۇڭى كىچىك بۇش ھىندىستانغا زىيارەتكە كەلگەندە، ھىندىستان زۇڭتۇڭى ئابدۇل كالام بىلەن زۇڭلىسى مامموخان سىنگ ئۇنىڭ شەرىپىگە كاتتا زىياپەت ھازىرلاپ، زىياپەتكە ھىندىستاننىڭ دۆلەت گۆھىرى دەرىجىلىك داڭلىق كىنو چولپىنى، «دۇنيا گۈزىلى» دەپ نام ئالغان ئاشۋارىيا راينى بۇش زۇڭتۇڭغا ھەمراھ بولۇپ زىياپەتكە قاتنىشىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ تەكلىپنامە ئەۋەتكەن. سەنئەتكارغا خاس غۇرۇرغا ئىگە بۇ گۈزەل ئارتىس ھېچ ئىككىلەنمەستىن «ۋاقتىم يوق» دەپ تەكلىپنامىنى قايتۇرۇۋەتكەن. ھىندىستاننىڭ ئاخبارات ۋاستىلىرى ئادەمنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك بۇ مەغرۇر پوزىتسىيەنى بەس ـ بەستە تەشۋىق قىلىشقان. مەن ئويلاپ قالدىم: ئەگەر ئاشۇ سورۇنغا بىزنىڭ بىر قىسىم داڭلىق ئارتىسلىرىمىز تەكلىپ قىلىنغان بول ـ

سا، ئەھۋال قانداق بولۇشى مۇمكىن؟ ئۇلار تەكلىپنى قولىغا ئېلىپلا قەشقەرنىڭ چىمەن دوپپىسىدىن بىرنى سوۋغات ئۈچۈن سومكىسىغا قاتلاپ سېلىپ ئالدى ـ كەينىگە قارىماي دەرھال يولغا چىقارمۇ ياكى بۇشىنىڭ سىياسىي ئېتىقادىنىڭ بىزگە نىسبەتەن دوستلۇق ياكى دۈشمەنلىك خاراكتېرى بار ـ يوقلۇقىنى ھېسابقا ئېلىپ، ئويلىنىپ ئاندىن بېرىش ـ بارماسلىقىنى بەلگىلەرمۇ؟

2006 ـ يىلى 12 ـ دېكابىر، ئۈرۈمچى

# «ۋاڭ مېڭنىڭ ئۆز تەرجىمىھالى» بۇنداق يېزىلماسلىقى كېرەك ئىدى

**ئىلاۋە:** 20 - ئەسىردىكى جۇڭگو يازغۇچىلىرى ئىچىدە لۇ شۇندىن قالسا ۋاڭ مېڭنى ئەسەرلىرى ئۇيغۇرچىغا ئەڭ كۆپ تەرجىمە قىلىنغان يازغۇچى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ھازىرغىچە ئۇنىڭ «قەلبىنۇر»، «زەڭگەر كۆز»، «ۋىسال تاپماق بەسى مۇشكۇل»، «چولپاننىڭ كەچۈرمىشى»، «ۋاڭ مېڭنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى شىنجاڭ» قاتارلىق كىتابلىرى ئانا تىل - يېزىقىمىزدا نەشر قىلىندى. شۆھرەت مۇھەممىدى تەرجىمە قىلىپ تۈزگەن «ۋاڭ مېڭ ۋە ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابمۇ مەلۇم جەھەتتىن ۋاڭ مېڭنىڭ ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، كىتابنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ۋاڭ مېڭنىڭ ماقالىلىرىدىن تەشكىل تاپقان. خەنزۇ يازغۇچىلىرى ئىچىدە ۋاڭ مېڭنى ئۇيغۇرلار ھاياتىنى تېما قىلىپ ئەڭ كۆپ ئەسەر يازغان يازغۇچى، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئۇ ئۇيغۇرلار ھەققىدە كۆپلىگەن پوۋېست، ھېكايە، نەسر ۋە ماقالىلەرنى يازغان. ئۇنىڭ بۇ خىل ئەسەرلىرى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. كۆپلىگەن ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرى ۋاڭ مېڭنى ئۇستاز ئورنىدا كۆرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن نۇرغۇن ئەل - ئاغىنىلىرى بار. تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئابدۇكېرىم خوجا، زوردۇن سابىر، رەخىم قاسىم، مىجىت ناسىر، ئابلىمىت سادىق، مەمتىمىن ھوشۇر، غەيرەت ئاسىم، ئەكبەر غۇلام قاتارلىقلار ۋاڭ مېڭ بىلەن چوڭقۇر مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرگەن ئەدىبلىرىمىزدۇر. ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ ۋە ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ۋاڭ مېڭغا بولغان ھۆرمىتى ناھايىتى يۇقىرى، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. خۇددى مەمتىمىن ھوشۇر يازغاندەك: «ۋاڭ مېڭنىڭ ۋۇجۇ-

دىدا بىز ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن ئېسىل تەرەپلەر بار. بىز -
نىڭ تىلىمىزنى ئۆزىنىڭ ئىككىنچى ئانا تىلى قىلغان، شىنجاڭغا،
شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئالاھىدە مۇھەببىتى بار بۇ ئاجا -
يىپ ئادەمنى قانچىلىك ھۆرمەتلىسەك شۇنچە ئەرزىيدۇ!» («ۋاڭ مېڭ
ۋە ئۇيغۇرلار» غا قاراڭ).

ئادەمنى ھۆرمەت قىلىش بىلەن ئادەمگە چوقۇنۇش ئىككى ئىش.
بۇنى ئايرىلاشتۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك. پسىخولوگلارنىڭ كۆرسىتى -
شىچە، ھۆرمەت قىلىش ئەزىزلەش، ئىخلاس قىلىشنىڭ يىغىندىسى،
ھۆرمەت قىلىش سەگەكلىك، ئىدراكىيلىقنىڭ ئىپادىسى. ھۆرمەت
قىلغۇچىلار ئۆزىنى تامامەن كونترول قىلالايدۇ. چوقۇنۇش ئۇنىڭغا
ئوخشىمايدۇ، چوقۇنۇش بىر تۇرلۇك قارىغۇلارچە ھالەت بولۇپ، ئە -
سەبىيلىك، خۇراپىيلىقنىڭ نەتىجىسى، چوقۇنغۇچىلار ئۆزىنى تاما -
مەن يوقىتىدۇ. ئادەمگە كېرىكى چوقۇنۇش بولماستىن، بەلكى ھۆر -
مەت قىلىش. بىراۋغا قارىغۇلارچە چوقۇنۇش شەخسكە مەنپەئەت ئې -
لىپ كەلمەيلا قالماستىن، جەمئىيەتكىمۇ زىيان يەتكۈزىدۇ. داڭلىق
شەخسلەرگە بولغان چوقۇنۇشنىڭ جەمئىيەتكە بولغان مەلۇم خىلدى -
كى زىيىنىنى بىز ئاز كۆرمىگەن. بىز بىراۋلارغا تىزلىنىپ تۇرۇپ
قارىساق، بەكلا گىگانت كۆرۈنۈپ كېتىدۇ. ئورنىمىزدىن دەس تۇ -
رۇپ، رۇسلىنىپ تۇرۇپ قارىساق ئۇلارنىڭ مەشھۇر ناملىرىنىڭ
ئارقىسىدا ئەسلىدە ئاددىيغىنا بوي - بەستى بارلىقىنى، ئۇنچىۋالا
چوقۇنۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى بىلىۋالايمىز.

ئېسىمىزدە بولسۇنكى، ھۆرمەت ئادەمنى ئاقىللاشتۇرىدۇ، چوقۇ -
نۇش ئادەمنى نادانلاشتۇرىدۇ.

بىز ۋاڭ مېڭغا نىسبەتەن قانچىلىك ھۆرمەت نەزىرىمىز بىلەن
تىكىلەيلى، ۋاڭ مېڭ بەرىبىر ئادەم. ئادەم بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ
پۈتۈنلەي ئېسىل خىسلەتلەرنىڭ ئىگىسى بولۇپ كېتەلمەيدۇ. ئۇ
بۈگۈنكى دەۋر جۇڭگو ئەدەبىياتىدىكى ھەرقانچە كاتتا يازغۇچى بولۇپ
كېتىشىدىن قەتئىينەزەر تەتقىقات ۋە تەنقىدنىڭ ئوبيېكتى بولۇش -

تىن خالىي بولالمايدۇ. بىرەر ئەدىبنى چوڭقۇر چۈشىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ۋە ئەسەرلىرى توغرۇلۇق يېزىلغان ئوبزور - ماقالىلەرنى ئوقۇش كېرەك. ھەرقانداق ئادەمنى نۇقسانسىز ئادەم سۈپىتىدە تونۇش ئەمەلىيەتكىمۇ، ئەقىلگىمۇ سىغمايدۇ. ھەرقانداق ئەدىبنىڭ ئەسىرىگە تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىشنى ئۇنتۇپ قېلىش روھىي قۇلچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىز ئۇزاق مەزگىل شەخسكە چوقۇنۇش كەيپىياتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولغاچقا، ئىجتىمائىي پىسخىكىمىزدا ھېلىھەم بۇ خىل نورمالسىز كەيپىيات- نىڭ تەسىرى بار دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. مەن چوقۇنۇش پىسخىكىسى كۈچلۈك بەزى ئادەتتىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ۋاڭ مېڭغا بولغان ھۆر- مىتىنىڭ چەكتىن ئېشىپ، قارىغۇلارچە ئۇلۇغلاشقا ئايلىنىپ كې- تىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، «جۇڭگو ئەدەبىيات ئوبزورچىلىقىنىڭ ۋىجدانى»، «ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى تازىلىغۇچى» دېگەن ئاتاقلارغا ئېرىشكەن داڭلىق ئەدەبىيات ئوبزورچىسى لى جيەنجۈننىڭ «ۋاڭ مېڭنىڭ ئۆز تەرجىمىھالى» ناملىق ئۈچ قىسىملىق كىتابىنى ئوقۇپ يازغان ئۆتكۈر تەنقىدىي ئوبزورىنى تەرجىمە قىلىپ ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇم. لى جيەنجۈن «دەۋرىمىز ۋە ئەدەبىياتىمىزنىڭ دۈشمەنلى- رى»، «ئەدەبىيات نېمە ئۈچۈن ئۇلۇغ» قاتارلىق ئوبزور توپلاملىرى بىلەن زور تەسىر قوزغىغان شەخس. ئۇ زامانىمىزدىكى داڭلىق ياز- غۇچىلاردىن جيا پىڭۋا، جاڭ رۇڭ، ۋاڭ مېڭ قاتارلىقلارنىڭ ئەسەر- لىرى ھەققىدىكى نەشتەردەك ئوبزورلىرى بىلەن جۇڭگو ئەدەبىياتى ساھەسىنى چوڭقۇر ئويلىنىشقا سالغان ئەدەبىيات ئوبزورچىسى. ئابدۇقادىر جالالىدىن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2010 - يىللىق 2 - سانىدا لى جيەنجۈننىڭ جاڭ رۇڭنىڭ «بۆرە توتېمى» ناملىق رومانى توغرۇلۇق يازغان «ئەدەبىياتتىكى فاشىزم» ناملىق ئوبزورىنى تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلدۇرغاندىن كېيىن ئوقۇرمەن- لەر ئارىسىدا ئۆزگىچە تەسىرات پەيدا قىلدى. مېنىڭچە «ۋاڭ مېڭ- نىڭ ئۆز تەرجىمىھالى، بۇنداق يېزىلماسلىقى كېرەك ئىدى» دېگەن

تەنقىدىي ئوبزورىمۇ ئوقۇرمەنلەرنى يېگىنچە تەسىراتقا ھەم چۈشەنچىگە ئىگە قىلالمايدۇ.

مېنىڭ «يېگىنچە تەسىرات ھەم چۈشەنچە» دېگەندە نەزەردە تۇتقىنىم مۇنداق ئىككى جەھەتنى كۆرسىتىدۇ.

بىرىنچى، ئاپتوبىيوگرافىيە (ئۆز تەرجىمىھال) يېزىشتا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش مەسىلىسى. ئاپتوبىيوگرافىيە يېزىش بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ پىشىپ يېتىلىشكە باشلىغانلىقىنىڭ روشەن بەلگىلىرىدىن بىرى. بىزدە خېلى - خېلى كاتتا ئەدىبلەرمۇ، بېشىدىن نى - نى قىسمەتلەر ئۆتكەن زاتلارمۇ ئاپتوبىيوگرافىيە يېزىشقا سەل قارايدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئاپتوبىيوگرافىيە يېزىش تېخى ئەمدىلەتىن باشلىنىۋاتىدۇ دېيىشكە بولىدۇ. شۇنداق بولغاچقا تەرجىمىھال يېزىقچىلىقىدا بىزدە تەجرىبە - ساۋاق كەمچىل. شۇڭا، باشقىلارنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى ئۆگىنىشىمىز زۆرۈر. لى جيەنجۇنىڭ ماقالىسى بىزنى ئاپتوبىيوگرافىيە يازغاندا نېمىلەرگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز، نېمىلەرگە دىققەت قىلىشىمىز زۆرۈرلۈكى ھەققىدە پايدىلىنىشقا بولىدىغان قىممەتلىك چۈشەنچىلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئىككىنچى، ھەقىقىي ئەدەبىيات ئوبزورچىسىنىڭ ئاتالمىش نوپۇز بىلەن ھېسابلاشمايدىغانلىقى مەسىلىسى. شۈبھىسىزكى، ئىلىم ساھەسىدە نوپۇزغا پەسەنت قىلماي ھەقىقەتنى ياقلاش قىممەتلىك ئىلمىي روھ ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە ئەدەبىيات ئوبزورچىلىقى ساھەسىدە ئىلمىي روھقا ئىگە تەلەپچان، كەسكىن ئوبزورچىلارمۇ ياكى تەنقىد ئېڭى ياكى مۇنتىزىم پىرىنسىپى يوق ياخشىچاق ئوبزورچىلارمۇ بولىدۇ. تەنقىد ئېڭى يوق، ياخشىچاق ئوبزورچىلارنىڭ ئەدەبىي ئوبزورچىلىق ئۆلچىمى ھەممىگە ياخشىچاق بولۇش، خالاس. كەسكىن ئوبزورچىلار تەنقىدىي روھى كۈچلۈك، مەسئۇلىيەتچان كېلىدۇ. بۇنداق ئوبزورچىلار ياخشىچاقلىقنى ياقتۇرمايدۇ، ئۇلار ئەدەبىي ئوبزورچىلىقتا ئەدەبىياتنىڭ قانۇنىيەتلىك توپ پىرىنسىپىنى

ئۆلچەم قىلىپ، ھەرقانداق ئەدەبىي ئەسەرگە ئوبيېكتىپ، ئىلمىي ، توغرا، ئادىل باھا بېرىشنى ئىستەيدۇ. بۇنداق ئوبزورچىنىڭ نەزەرىدە بىرەر ئەسەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ياكى ئىنكار قىلىش مۇھىم مەسىلە ھېسابلانمايدۇ. بەلكى، كىمنىڭ ئەسىرى بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش مۇھىم كەسپىي ئەخلاق ھېسابلىنىدۇ.

— يالقۇن روزى

*　　　*　　　*

ھەرقانداق شەكىلدىكى تەرجىمىھال ئىچىدە، ئاپتوبىيوگرافىيە (ئۆز تەرجىمىھال) يېزىش ئەڭ تەس بولسا كېرەك. چۈنكى، ئۇ ئىنتايىن مۇشكۈل ئىش، بۇنىڭدا ئاپتور قەلبىدىكى ئۆزىدىن سۆيۈنىدىغان مۇرەككەپ ئىدىيەۋى ھالەت ۋە مەنمەنچىلىك خاھىشى ئۈستىدىن غالىب كېلىشكە توغرا كېلىدۇ. ئادەم تۇغۇلۇشىدىنلا باشقىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە ماختىشىغا تەشنا بولۇشتەك پىسخىكىلىق ئېھتىياجغا ئىگە بولغاچقا، كىشىلەر ئاپتوبىيوگرافىيە يېزىشتا ئاسانلا دۇنيادىكى ياخشى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە، يامانلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزگىلەرگە تەئەللۇق قىلىپ قويىدۇ، بەلكىم يەنە ئۆزىنى ئەۋلىيا، باشقىلارنى ئىبلىس قىلىپ يېزىپ، ئاپتوبىيوگرافىيەنى ئاچچىقىنى چىقىرىپ، ئۆزىنى ئاقلاشنىڭ قورالى قىلىپمۇ قويىدۇ.

ئەمما، ئاپتوبىيوگرافىيە ئۆچ ئېلىش سەھنىسى ئەمەس، باشقىلارنى ساۋىدايدىغان قامچىمۇ ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى سوغۇققانلىق بىلەن كۆزىتىش ۋە قاتتىق ئوپېراتسىيە قىلىشتۇر. ئوپېراتسىيە تىغى باشقىلارغا ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە قارىتىلغان بولىدۇ. ئاپتوبىيوگرافىيە بىر كىشىنىڭ شەرەپلىك تارىخى ئەمەس، بەلكى پۇشايمان خاتىرىسى بولۇشى؛ ئۇنىڭدا مۇئەللىپنىڭ باشقىلارغا قانداق شەپقەت

قىلغانلىقى ئەمەس، بەلكى باشقىلاردىن قانداق ئىلتىپاتقا ئېرىشكەن-لىكى يېزىلىشى؛ ئەسەر تولۇپ تاشقان يامان غەرەز ۋە ئۆچ ئېلىش كەيپىياتىغا تولغان ئەمەس، بەلكى تولۇپ تاشقان ئاق كۆڭۈللۈك ۋە مىننەتدارلىق ھېسسىياتىغا تولغان بولۇشى لازىم. شۇڭا، ئاپتوبىئو-گرافىيە يېزىشتا، ئاپتور كاجلىق قىلماي، بەلكى ئۆزىنى تونۇتۇۋې-لىشى؛ تەكەببۇر ئەمەس، بەلكى كەمتەر بولۇشى؛ ئۆزىنى سوتچى قا-تارىدا ئەمەس، بەلكى شاھىت ئورنىدا قويۇشى؛ ئۆزىنىڭ ئەرزىمەس ئېرىشكەنلىرى ياكى مەھرۇم بولغانلىرى، شەرەپ - نومۇسلىرى ۋە-ياكى تونامغا چىقمايدىغان ئىشلىرىنى نارازىلىق بىلەن ئۆچ ئېلىش تۇيغۇسىدىكى تار روھىي ھالەتتە زېرىكمەي - ئېرىنمەي بايان قىلماي، بەلكى گىيوتېنىڭ «شېئىر ۋە چىنلىق» دېگەن ئەسىرىدە يازغىنىن-دەك، مۇھىم نۇقتىنى «ئادەم بىلەن دەۋرنىڭ مۇناسىۋىتى» نى چۆ-شەندۈرۈشكە مەركەزلەشتۈرۈش ياكى پىروتاك «قەدىمكى گىرېتسى-يە، رىم ئۇلۇغلىرىنىڭ تەرجىمىھالى» دا يازغىنىدەك، «ئەڭ مۇھىم ئىش» ۋە «خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان ئىشلار» غا كۆڭۈل بۆلۈش لازىم. ئۆز ئەقىل - پاراسىتىنى ئۆزىدىن مەمنۇن بولغان ھالدا بازارغا سېلىش، تالانتىنى كۆز - كۆز قىلىش، ئۆزىنىڭ «نۇرانە» لىقىنى نامايان قىلىش ئاپتوبىئوگرافىيە يېزىقچىلىقىدىكى ئەڭ زور پەرھىز ۋە سەۋەنلىك بولۇپ، پىششىپ يېتىلگەن بارلىق ئاپتوبىئو-گرافىيە مۇئەللىپلىرى بۇنى خوپ كۆرمەيدۇ.

ئاپتوبىئوگرافىيە يېزىقچىلىقى ئۇستىدە دەسلەپتىلا بۇنداق بىر تالاي مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشۈمدىكى سەۋەب شۇكى، مەن يېقىنىدا ۋاڭ مېڭنىڭ ئۈچ قىسىملىق «ئۆز تەرجىمىھالى» نى سىستېمىلىق ئوقۇغاچقا، ئۇمىدسىزلىنىش ئىچىدە گاڭگىراپ، گاڭگىراش ئىچىدە ئويلىنىپ يۇقىرىقىدەك قاراشقا ئىگە بولدۇم. ئاپتوبىئوگرافىيە يېزىشنىڭ ئۇسۇللىرى كۆپ بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ۋاڭ مېڭغا ئوخشاش يازماسلىق لازىم. ۋاڭ مېڭنىڭ ئاپتوبىئوگرافىيەسى بەكمۇ كۆرەڭلىك بىلەن، بەكمۇ مەنمەنلىك بىلەن يېزىلغان؛ ئۆزىگە بەك

ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئۆزگىلەرگە بەكمۇ سەل قارالغان. ئۇ ئۆزىنى «قەلبى پارلاق »، «ئىجابىي ئوبراز» قىلىپ يازماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە ئوقۇرمەنلەرگە زىددىيەتلىك ۋە پارچىلانما ئۆزلۈكنى نامايان قىلغان. مەسىلەن، كۆرەڭ، ئەمما ئادا- ۋەتخور، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، ئەمما تىتىلداق ، مەردانە، ئەمما گىدىجىڭ، سەگەك، ئەمما گاراڭ، قىلنى قىرىق يارىدىغان، ئەمما كۆپىنىڭ ئەجرىنى كۆرمەيدىغان قاتارلىقلار. بۇ «جىن - پىلىڭ - مېي» دېگەن ئەسەردىكى «50 چاقىرىم يىراقتىكى ھەسەل ھەرىسىنىڭ تەرەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرەلىسىمۇ، ئەمما بوسۇغىدىن چىقىپ پىلىغا پۇتلىشىپ كېتىپتۇ» دېگەندەك ئىش بولغان. «باشقىلار» نى يازغاندا ئۇنىڭدا نورمال پىسخىكا ۋە كەڭ قورساقلىق كەم بولغان. باشقىلارغا تۇتقان پوزىتسىيەسى ۋە بەرگەن باھاسىدا ئۇلارنىڭ ئۆزى بىلەن بولغان پايدا - زىيان مۇناسىۋىتىنى ئۆلچەم قىلغان؛ ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغانلار زور خاتالىق ئۆتكۈزۈپ، نۇرغۇن ئادەملەرگە زىيان سالغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇلاردىن «مەڭگۈ مىننەتدار» بولغان؛ ئارازلىشىپ قالغانلارنى ئۇلارنىڭ ئەل ئىچىدىكى ئابرۇيى ئۆسۈپ، ئېسىل ئەسەرلەرنى يازغان بولسىمۇ، «قاتتىق تەنقىدلەپ رەھىمسىز پاش قىلغان». ئۇنىڭ ئاپتوبىيوگرافىيەسى «سەلبىي پېرسوناژ» ۋە «قارشى تەرەپلەر» بىلەن تولۇپ كەتكەن: ئۇلار گاھىدا «بىغەرەزلەر» بولسا، گاھىدا «بەزى سەرخىل زىيالىيلار»، گاھىدا «چاكىنا ئاقىللار»، گاھىدا «هارۋا ئەپقاچىدىغانلار»، «تەنتەكلەر»، گاھىدا «قول تۇتۇشقانلار»، گاھىدا «سولچى» بولغان. «ئۇلار»، گاھىدا «مۆھتەرەم»، «قەدىرلىك» كونا رەقىب دېيىلگەن. بۇ كىشىلەرنى تىلغا ئالغاندىكى ۋاڭ مېڭنىڭ يوشۇرۇن كىنايىلىرى، شەپقەتسىز نەشتىرى، سوغۇق ئىبارىلەر بىلەن باشقىلارنىڭ زىتىغا تېگىشلىرى كىشىگە ئىنتايىن يېقىمسىز تەسىر بېرىدۇ.

ۋاڭ مېڭنىڭ ئۆزلۈك تۇيغۇسى تېخىمۇ قالتىستەك قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «تالانتى ئۇرغۇپ تۇرغان » چاغلىرىنى يازغاندا كۆرەڭلىكى

پەرىشتىلەردەك پەرۋاز قىلىپ، خۇدىنى يوقىتىش دەرىجىسىگە يەت-
كەن: «سەن مېنى يوقىتالمايسەن. مەن ئەرزىمەس ۋە ئاجىز بولسام-
مۇ، لېكىن قول ـ ئىلكىمدە بار، كۆڭلۈم توق، زېھنىم ئۇرغۇپ تۇ-
رىدۇ، كاللام چېچەن، دىلىم يورۇق. ۋۇجۇدۇمدا ئەدەبىياتنىڭ ئوتى،
بىلىم ۋە تالانت يالقۇنى كۆيۈپ تۇرىدۇ. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە
تۇرلۇك ـ تۇمەن ئۆزگىرەلەيمەن. بىر دوستۇمنىڭ ئېيتىشىدەك،
پۈتۈن بەدىنىم زەرەت بىلەن تولغان بولۇپ، ھەرقاچان ئۇچقۇن
چاچرىتىپ تۇرىدۇ.» ئۆزىنى مۇشۇنداق ئاشكارا ئۇچۇرۇپ، كۆككە
كۆتۈرۈشلەردىن لى بەي خىجىل بولۇپ، ساۋ جىنىڭ كەمسىنىشى
تۇرغانلا گەپ. ئۇنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىنى باھالاشتا، ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن
ئابزاسلارنى نەقىل كەلتۈرۈپ، كۆرەڭلەپ، ئۆزىدىن ھۇزۇرلىنىشىنى
دېمەمدىغان تېخى! بىر كىشىدە «ئۆزۈمنىڭ ئەسىرى ياخشى، باش-
قىلارنىڭ خوتۇنى ياخشى» دەيدىغان بۇرمىلانغان سېزىم بولسا، گەر-
چە كۈلكىلىك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن بەك ئېغىر مەسىلە ھېسابلىنىپ-
مۇ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئەخلاق ۋە پەزىلەت جەھەتتىمۇ ئوخشاشلا ئۆ-
زىنى چوڭ چاغلىسا، باشقىلارنى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويىدۇ؛ ئەگەر
بۇنداق ئۆزىنى بېزەش باشقىلارنى خۇنۇكلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئە-
مەلگە ئاشۇرۇلسا، كىشىنىڭ يۈزىنى قىزارتىش بىلەنلا قالماستىن،
قەلبىنىمۇ مۇزلىتىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ۋاڭ مېڭنىڭ ئاپ-
توبىيوگرافىيەسىدە كىشىنى ئۇمىدسىزلەندۈرىدىغان مۇشۇنداق
سۆزلەرنى جىق كۆرىمىز. مەسىلەن، ئۇچىنچى قىسىمنىڭ 13 ـ با-
بىدا، ئۇ ئۆزى ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەن مۇبالىغە سۆزلىرى ئارقىلىق
باشقىلارنى چۇشۇرۇپ: «مەن باشقىلارغا تامامەن ئوخشىمايدىغان كەڭ
قورساق، ئالىيجاناب، قىلچە داغ يوق، يامانلىقنى ياخشىلىققا ئۆز-
گەرتەلەيدىغان، بەختسىزلىكنى خەيرلىك قىلىپ كۆرستەلەيدىغان
پەزىلەتنى، خىسلەتنى، ئۆلچەمنى، خاراكتېرنى ئېيتىپ بېرىشىم
كېرەك ... مەن ئۆزۈمنىڭ خۇشال ۋە پارلاق ئۈلگىلىك ئوبرازىم
ئارقىلىق غەزەپلىك ۋە گاراڭ ھالەتتىكى سىز بوۋايغا جاۋاب بېرد-

شىم لازىم. مەن كەلگۈ ۋە يورۇق ئۈلگىلىك مەنىۋى دۇنيانى سىزنىڭ ئىچى تارلىقىڭىزغا سېلىشتۇرۇپ روشەنلەشتۈرۈشۈم كېرەك. مەن ئۆزۈمنىڭ ئىجتىھات ۋە تىرىشچانلىقىم، ئۆزلۈكسىز ئەدەبىي ئەمەگەكلىرىم ئارقىلىق بۇرادىرىمنىڭ ئاجىز يېزىقچىلىق ئىقتىدارىغا ئۇچۇر قايتۇرۇشۇم زۆرۈر ... مەن ئەقىل - پاراسەت، ئاق كۆڭۈللۈك، ئىجابىيلىق، ئىجتىھات جەھەتلەردە كۆپ يۇقىرى بولغان ئەدەبىي ئەمگەكلىرىم ئارقىلىق سىزنىڭ قارغاشلىرىڭىز، ئىچى تارلىقىڭىز، ئادەتلىنىپ كەتكەن بۇزۇق ھەۋەسلىرىڭىزگە جاۋاب بېرىشىم لازىم» دەپ ئۆزىنى بېزەپ كۆرسەتكەن. ۋاڭ مېڭنىڭ قەلىمى ئاستىدا، ئىسىم - فامىلىسى بىزگە نامەلۇم بولغان بۇ «بۇرادىرىم» ۋە «سىز بوۋاي» ھەممە «بىغەرەزلەر» گە بولغان مەسخىرىلەرنى خالىغانچە ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ۋاڭ مېڭ «ئۆزى ئۇچۇن تەسىرلەنگەن» چاغلاردىمۇ قورال - ياراغلىرىنى كۆتۈرگەن ھالدا رەقىبلىرىنى مازاق قىلىشنى ئۇنتۇمىغان: «ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن ياشىغان مۇھىتتا، مېنىڭ تەرەپ - تەرەپكە ئوق چىقىرىشلىرىم، بوراندەك شىددەت بىلەن تېگىشلىرىم ئالدىدا، بۇرادىرىمنىڭ ‹چوكا› دەك ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قوراللىرى كارغا كەلمەي قالدى. پەلىپەتىش گەپلەرنى قىلىدىغان بىرنېمىلەر ھەرقانچە قىلسىمۇ، قەيەردىن قول سېلىشنى بىلەلمىدى. پاھ، بۇرادەرلىرىم نېمە ئۈچۈن مەن بىلەن زادىلا چىقىشالمايدىغاندۇ، نېمانچىۋالا رەزىلدۇ؟ تارىخ ئۇلۇغ، بۇرادەرلىرىممۇ تارىختا ئۇلۇغ بولغان، بولدىلا، شۇنىڭغا شۈكۈر قىلىش كېرەك، تارىخنىڭ بۇرادەرلىرىمنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى شۇ يەرگە مەڭگۈ مىخلاپ قويۇشى مۇمكىن ئەمەسمۇ ... ».

سىز بۇ يەردە «مېنىڭ نۇرانىلىقىم»نى، «ئاق كۆڭۈللۈكۈم»نى، «ئالىيجانابلىقىم»نى، «ئىجابىيلىقىم» نى كۆرەلمەيسىز، كۆرەلەيدىغىنىڭىز پەقەت ۋاڭ مېڭ ئەپەندى تەنقىدلىگەن «غەزەپلىك ۋە گاراڭ» كەيپىيات، «ئىچى تارلىق»، «چىدىماسلىق»، «ئالاقزەدىلىك» قاتارلىقلاردىنلا ئىبارەت. مەن تا ھازىرغا قەدەر شۇنى ئايدىڭلاش-

تۇرالمىدىمكى، بىر كونا رەقىبى ۋە باشقا ئەرزىمەس رەقىبلىرىگە بولغان ئاچچىقىنى شۇنچە تەلتۆكۈس چىقىرىۋېلىشىنىڭ زادى نېمە ئەھمىيىتى باردۇ؟ بۇنداق قاتتىق ۋە رەھىمسىز تىل كۆرىشى ئوقۇرمەنلەرگە، بولۇپمۇ ياش ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا قانداق پايدىلىق تەسىر بېرەر؟ بېردىيېف «ئادەمنىڭ قۇللۇقى ۋە ئەركىنلىكى» دېگەن ئەسىرىدە: «ئادەمنىڭ قۇللۇق ئاسارىتىگە چۈشۈپ قېلىشى بەلكىم ئۇنىڭ ئۆزلۈكىگە بەكمۇ چوڭقۇر پېتىپ قالغانلىقىدىن، ئۆز ھالىتىگە بەكمۇ كۆڭۈل بۆلگەنلىكىدىن بولسا كېرەك» دېگەنىدى. «شەپقەتسىز كۆرەش»، «رەھىمسىز زەربە» گە ئۇچرىغان بەزى كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، «ئۆزلۈك»نى تاشلاپ، ئاخىرىدا «ئەركىنلىك» ۋە «ئازادلىق» قا ئېرىشىمىكى ئاسان ئىش ئەمەستەك بىلىنىدۇ. گەرچە ئۇلار دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىگەن «ئىناقلىق» ئۆلگىلىرى بولسىمۇ، «كەڭ قورساقلىق» نى تەكىتلىسىمۇ، لېكىن «كۆرەش دەۋرى» نىڭ ئۆز مەنىۋىيىتىگە بەرگەن ئېغىر تەسىرىدىن قۇتۇلالماي، ئاخىر «كۆرەش پەلسەپىسى» نىڭ قۇربانى بولۇپ، «كۆرەش» نى بىر «خۇشاللىق» ئىش قىلىشى مۇمكىن.

ئەسلىي مەنىسىدىن ئېيتقاندا، ئاپتوبىيوگرافىيە يېزىقچىلىقى بىر خىل تىنچ ۋە يېقىملىق بايان. بۇنىڭدا ئەڭ قىممەتلىك بولغىنى — كەڭ قورساقلىق، ھېسداشلىق، مېھىر - شەپقەت. بىر ئادەم كەڭ قورساق بولۇپ، كەيپىياتى تىنچ ھالەتتە تۇرغاندىلا، ئاندىن ئاپتوبىيوگرافىيە يازالايدۇ. «مەتتەي ئىنجىل» دا: «كۈن ياخشى ئادەملەرنىمۇ، يامان ئادەملەرنىمۇ يورۇتىدۇ؛ يامغۇر ھەققانىيەتچىل كىشىلەرگىمۇ، رەزىل كىشىلەرگىمۇ چۈشىدۇ» دېيىلگەن. بۇ، ئاپتوبىيوگرافىيە يازغۇچىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ ياخشى ھالەت، ئۇلار ئىنتىلىشكە تېگىشلىك ئەڭ يۈكسەك مەنزىل. لېكىن، ۋاڭ مېڭ ئاپتوبىيوگرافىيە يېزىشتا، ئۆز كەيپىياتىنى تەڭشىمىگەن. ئۇنىڭ كۆڭلىدە گۈرۈلدەپ يېنىۋاتقان بىر نامسىز ئوت بولغان. نام-

سىز ئوت يېنىشى بىلەنلا ھېسداشلىقى يوقالغان. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ تولىمۇ ئاددىي يېزىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشتىن باش تارتماي، ئاشۇ «سەلبىي پېرسوناژ» لارنى يازغان. ھەتتا ئۆلۈپ كەتكەن بەزى كىشىلەرگىمۇ ھېسداشلىق قىلماي، نوقۇل ھالدا «پاش قىلىش» ئۇسۇلىنى قوللانغان. «ۋاڭ مېڭنىڭ ئۆز تەرجىمىھالى» نىڭ ئىككىنچى قىسمىدا ئۇ « بىر ئەپەندى» گە پۈتۈن بىر بەت ئاجرىتىپ، ئۇنىڭ ئۆزى ۋە ئەسىرىنى گۇمران قىلىش ئەلپازى بىلەن پاش قىلىپ، ئىنتايىن كۈچلۈك نەپرەتى ۋە نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەن. ۋاڭ مېڭ بۇ «ئەپەندى» نى «لاپ ئېتىش» قا ئامراق، «بولۇشىغا توقۇپ چىقىرىدۇ»، ئۇ بىر شەھەرگە پەقەت بىر قېتىملا بارالايدۇ، ئىككىنچى قېتىم بارالمايدۇ، بارسا ھېچكىم كۆزگە ئىلماي، كوچىدىن ئۆتكەن چاشقان ئۇر - ئۇرغا قالغاندەك بولىدۇ ۋەھاكازا دەپ يازغان. بەلكىم ۋاڭ مېڭنىڭ مۇشۇنداق يېزىشتا ئاساسى بولۇشى مۇمكىن، لېكىن مېنىڭچە، بىر ئادەمنى بۇنداق يەككە يۈنىلىشلىك يېزىش ئوبيېكتىپمۇ، ئادىللىقمۇ ئەمەس، چۈنكى ئۆزىنىڭ ئەينى يىللاردا ئورتاق ئاپەتكە ئۇچرىغان ئۆلۈپ كەتكەن دوستىغا، يەنى ئاشۇ ھەقىقانىيەت تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت سېزىمىغا ئىگە دوستىغا نىسبەتەن، ۋاڭ مېڭ خۇددى لۇ شۇن تەشەببۇس قىلغاندەك ئۇنىڭ «گۈزەللىكىنىمۇ، رەزىللىكىنىمۇ تەڭ يېزىش» ى كېرەك ئىدى، ئەگەر ئۇنىڭ پەقەت ناچار ئەخلاقى ۋە رەزىللىكلىرىلا يېزىلىپ، گۈزەل ئەخلاقى ۋە ياخشى ئىشلىرى يېزىلمىسا، بۇ كەڭ قورساقلىق ۋە مېھرىبانلىق تۇيغۇسىنىڭ كەملىكى، خالاس!

ئەگەر ئاپتوبىيوگرافىيە يېزىشتا ئۆزگىلەرگە نىسبەتەن ياخشى نىيەتتىكى مېھرىبانلىق ۋە قىزغىنلىق بولۇشى كېرەك دېيىلسە، ئۇنداقتا تارىخ ۋە رېئاللىققا نىسبەتەن تەمكىن ۋە سەگەكلىك بىلەن ئويلىنىش روھى ۋە تەنقىدىي بايان قىلىش روھى بولۇشى كېرەك. چۈنكى شۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن ئاپتور ئۆزىگە خاس مۇستەقىل قاراش شەكىللەندۈرۈپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ كىشىلىك ھايات ۋە جەمئىي-

يەتكە بولغان تونۇشىنى قىممەتكە ئىگە ھۆكۈم بىلەن تەمىنلىيەلەي-
دۇ ھەمدە بۇ ئارقىلىق سىما چيەن كۆرسەتكەن «ئىلگىرىكىنى بايان
قىلىپ كېيىنكىسى ئۈستىدە ئويلىنىش» مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ.

ھالبۇكى، ۋاڭ مېڭنىڭ ئاپتوبىيوگرافىيەسىدە بۇنداق تەنقىدىي
مۇھاكىمە روھى كەمچىل. ئۇ تارىخ ۋە رېئاللىقنى «ئۆزلۈك» ئاستى-
غا يوشۇرغان. نۇرغۇن مەسىلىلەرگە نىسبەتەن، ئۇنىڭ جاۋابى ياكى
مۇجمەل، ياكى چوڭقۇر ئەمەس. ئۇ ھەمىشە سىغىشمايدىغان نۇرغۇن
نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ۋە
يوچۇقلارنى يوقىتىشقا مايىل. مەسىلەن، ئۇ دىنىي مەنىدىكى «مېس-
سىئانىڭ» نى «ئالتۇن رەڭلىك تېررورلۇق» دەپ قارايدۇ، دىنىي ئې-
تىقاد بىلەن دىندىن خالىي خۇراپاتلىق ۋە ئۆز مەيلىچە ئىلاھ يارد-
تىۋالىدىغان ھەرىكەتنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئۇ يەنە دېموكراتىيە،
ھوقۇق بىلەن «دۆلەت ئەھۋالى» نىڭ مۇناسىۋىتىنى سۆزلىگەندە،
بىر خىل ئۆزئارا ماس كەلمەسلىك تەسىرىنى بېرىدۇ. لۇڭ يىڭتەي
خانىم تەيۋەندىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىق-
نىڭ يوقلۇقىنى، جەمئىيەتتىكى مەدەنىيەتسىز ئەھۋاللار بىلەن كۇ-
رەش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ، «جۇڭگولۇقلار،
نېمىشقا ئاچچىقلانمايسىلەر» دېگەن ئەسەرنى يېزىپ، ئالدىنقى ئە-
سىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىكى تەيۋەنلىكلەر بىلەن چوڭ قۇرۇقلۇقتى-
كىلەردە زور تەسىر قوزغىغان. لېكىن ۋاڭ مېڭ بۇنى: «ھەرگىز
ئاچچىقلىنىشقا بولمايدۇ، ئاچچىقلانغان بولسىمۇ، خاپىلىقىنى ئې-
تىراپ قىلىشقا بولمايدۇ»، «تەنتەكلىك، ئۆز ھېسسىياتىغا بېرد-
لىش، چوڭ گەپ قىلىپ پو ئېتىش، كانىيى يىرتىلغىچە ۋارقىراپ،
چىچاڭشىپ كېتىش، داد ـ پەرياد كۆتۈرۈپ، ئۆزىنى ھەممىدىن
ئۈستۈن چاغلاش ئۆزگىچىمۇ، ئۆزىگىمۇ زىيان يەتكۈزىدۇ، ھېچ
ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالماي رەسۋاسى چىقىدۇ ... بىز ئىدراك ۋە
ئەقىل ـ پاراسەت، يۈكسەك ئىرادە، مەدەنىيلىك ۋە ئەخلاق، ياخشى
نىيەت ۋە ئاق كۆڭۈللۈك، مەڭگۈ ئىجابىي پوزىتسىيە ئارقىلىق ئۇنى

تەدرىجىي ھەل قىلىنىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئاچچىقلانسىلا «ئۆزگىرىدۇ»، تولۇق بەرمەيدۇ. نىمىگە «كىم ئاساسلانىدۇ» بىلەن تىكىشتۇرىدۇ؟ كىم ئاچچىقلانسا تەتقىق قىلىنىدۇ؟ «ئاچچىقلىنىش» بىلەن ئالدىراڭغۇلۇق، «ئەقىل – پاراسەتلىك» ئەمەس دەپ كىم دەيدۇ؟ «ئاچچىقلىنىش»، «مەدەنىيەتلىك ۋە ئەخلاقلىق» ئەمەس دەپ كىم دەيدۇ؟ «ئاچچىقلىنىش»، «ياخشى نىيەت ۋە ئاق كۆڭۈل-لۈك» ئەمەس دەپ كىم دەيدۇ؟ چۈ يۈەن ئاچچىقلانمىغان بولسا، «جۇدالىق زارى» نى يازالامتى؟ سىما چيەن ئاچچىقلانمىغان بولسا «تارىخنامە» نى يازالامتى؟ لۇ شۈن ئاچچىقلانمىغان بولسا «ليۇ خې-جېن قىزنى ئەسلەيمەن» نى يازالامتى؟ ماركس «غەزەپتىن شائىر چىقىدۇ» دېگەن. ئافرىقىلىق شائىر مايا ئانجىلو «غەزەپلىنەيلى، غە-زەپلىنىش كىشى بولۇش بىر ياخشى ئىش، ئۇ ساغلاملىقىنىڭ بەلگىلى-سى» دېگەن. شۇڭا، ئەڭ مۇھىمى ئۇنى ئاددىي ھالدا ئىنكار قىلماي-لى، مەسىلە نېمىگە ئاچچىقلىنىش ۋە قانداق ئاچچىقلىنىشتا. كۆپ-نىڭ ئىشىغا ئالدىراشتەك مول ئىدراكىي روھتىكى «ئاچچىقلى-نىش» نىڭ يامان يېرى يوق، بىز ئۇنى ئىلھاملاندۇرۇپ تەشەببۇس قىلىشىمىز لازىم، ئۇ جۇڭگولۇقلاردا سەۋرچانلىق بىلەن يېتىلدۇ-رۇشىمىز زۆرۈر بولغان زامانىۋى پۇقرالىق ساپاسى.

پەرقلەرنى يوقىتىپ چىقىرىپ ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەشتەك بۇنداق تەپەككۇر شەكلى ۋاڭ مېڭنىڭ «ئېنىقسىزلىق پرىنسىپى» ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن پايدىلىنىش سىستېمىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ۋاڭ مېڭ مۇتلەق ئىدىيە ۋە قائىدىگە نىسبەتەن گۇ-مانىي پوزىتسىيەدە بولىدۇ، لېكىن تۇرمۇشقا ۋە ئادەمگە نىسپىيچى-لىك نۇقتىئىنەزىرى بىلەن قاراشقا مايىل. ئىش بۇنداق بولۇشىمۇ، ئۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن؛ بۇنداق بولماسلىقىمۇ، ئۇنداق بولماسلى-قىمۇ مۇمكىن. قىسقىسى، ۋاڭ مېڭنىڭ نەزىرىدە، ھەممە نەرسە تۇراقسىز، «ئېنىقسىز» بولىدۇ. بىلگىلى بولماسلىق يولى مۇقەررەر ھالدا ئىنكارچىلىق ۋە ئەمەلدىن قالدۇرمىچىلىقتا ئېلىپ بارىدۇ. مۇقەررەر ھالدا «ئۇلۇغ» نەرسىنى ئادەتتىكى سەۋىيەگە چۈشۈرۈشكە

مايىل بولىدۇ. ئۇنىڭ ۋاڭ شۇنىڭ «ئالمىجانابلىقتىن ئۆزىنى قاچۇ-
رۇشى» نى ماختىغانلىقى، لۇ شۇننىڭ «ئۇستاز» لىق ئورنىنى پە-
سەيتىپ شەرھلىشى قاتارلىقلار بۇنى چۈشەندۈرىدۇ. ۋاڭ مېڭ ھال-
قىش دەرىجىسى ناھايىتى زور، سەكرەشچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك
بولغان بىر خىل تەپەككۇر ئارقىلىق مۇناسىۋەتسىز ئىككى ئىشنى
بىرلەشتۈرۈپ سېلىشتۇرۇش، ئاخىردا قارشى تەرەپتىن ئىنكار قى-
لىش مەقسىتىگە يېتىشكە ئامراق. ئۇنىڭ دائىم قوللىنىدىغان ئۇ-
سۇلى ــ بىر خىل قاراش ياكى بىر خىل ھادىسىنى «مەدەنىيەت زور
ئىنقىلابى» ئارقىلىق سېلىشتۇرۇش، ئەگەر ئۇنى ئىنكار قىلماقچى
بولسا، ئۇنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى مەلۇم ئىش ياكى
مەلۇم ئادەم بىلەن ئوخشاشلىقىنى تەكىتلەش؛ مۇئەييەنلەشتۈرمەك-
چى بولسا، ئۇنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» غا نىسبەتەن ئىنكار
پوزىتسىيەسىدە بولغان ياكى ھالقىپ كەتكەن دېيىشتىن ئىبارەت
(ئۇنىڭ ۋاڭ شۇنى ئاقلاشتا قوللانغىنى شۇنداق تاكتىكا). ۋاڭ مېڭ-
نىڭ ئاپتوبىيوگرافىيەسى ۋە باشقا بەزى مۇھاكىمە ئەسەرلىرىدىن:
«مەسىلەن، ‹مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى› نى ئالساق»، «‹مەدەنىيەت زور
ئىنقىلابى› دىكىگە ئوخشاش» دېگەنگە ئوخشاش جۈملىلەرنى دائىم
ئۇچرىتىمىز. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئۇنىڭدا قالدۇرغان
ئاسارىتى شۇكى، پەقەت شەكىل جەھەتتىلا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلا-
بى» غا ئوخشاپ كېتىدىغان ھادىسىمۇ ئۇنىڭ ھاياجانلىق ئىنكاسىنى
قوزغايدۇ. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» تەپەككۇرى ئاددىي ھالدىكى
قارىمۇقارشىلىق تەپەككۇرى بولۇپ، ھەممىدە ئۇ بولمىسا بۇ، بىر-
بىرى بىلەن چىقىشالمايدۇ دېيىشكە ئادەتلىنىشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ
بىلەن، ۋاڭ مېڭ «مۆتىدىللىك» نى تەكىتلەپ ھەرقانداق ئىش «ئۇ-
جۇر - بۇجۇرىغىچە» بايان قىلىنغان بولسا، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ كەت-
كىلى بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ؛ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا كىشى-
لەر «ھەقىقەت مۇنازىرە قىلغانسېرى ئايدىڭلىشىدۇ» غانلىقىغا ئى-
شەنگەچكە، «چوڭ مۇنازىرە» نى تەشەببۇس قىلغان. ۋاڭ مېڭمۇ شۇ-

نىڭدىن كېيىن ئېلىنىش، توقۇنۇشۇش خاراكتېرىدىكى «دىيالوگ» لارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك «مۇنازىرە كېسەلگە گىرىپتار بول-غان» لىق دەپ قارىغان. ئۇ ھەمىشە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نى ئۆلچەم قىلىش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ قارىشىغا رەددىيە بېرىدۇ. مەسىلەن، جاڭ چېڭجى «روھنى تازىلاش» نى تەكىتلىگەندە، ۋاڭ مېڭ دەرھال «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا مودا بولغان رەتكە سېلىش، ھېساب ئېلىش، تازىلىنىۋېتىش دېگەندەك بىر تالاي سۆزلەرنى ئويلاي-دۇ. مانا مۇشۇنداق باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىش ۋە سېلىشتۇرۇش نەتى-جىسىدە، جاڭ چېڭجىنىڭ تەشەببۇسىنى بىردىنلا بىمەنە، ھەتتا قورقۇنچلۇق نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئەمەلىيەتتە، جاڭ چېڭ-جىنىڭ تەشەببۇس قىلغىنى بىر خىل گۇمانىتار روھ ياكى مەدەنى-يەت ساپاسى جەھەتتىكى «پاكلىق روھى» بولۇپ، ۋاڭ مېڭ ئويلىغان قورقۇنچلۇق «ھېساب ئېلىش»، «تازىلىنىۋېتىش» قا تۈپتىن ئوخشى-مايدۇ. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» غا تەقلىد قىلىشتەك بۇنداق «تۆ-ۋەن مۇقام» لىق تەپەككۇر ۋاڭ مېڭنىڭ ئاپتوبىيوگرافىيەسىدە ئاك-تىئال قۇرۇلما، تەنقىدچانلىقتىن ئىبارەت مەرىپەت روھىنىڭ كەم بولۇشىنى بەلگىلىگەن. بۇنداق تەپەككۇر كۆپ بولغاندا بىر خىل پاسسىپ گۇمان ئېتىقادى ۋە قۇراشتۇرۇش ئېتىقادىنىلا يېتىلدۈ-رەلەيدۇ.

R.پاسكال: «ئاپتوبىيوگرافىيە بىر رەسىم ئەمەس، بەلكى رېئىتى-گېن ئېچىدىكى ئۆزگىرىش جەريانى. ھەرىكەت پەقەت يۈز بەرگەنلى-كى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۆسۈپ يېتىلىش باسقۇچىغا ۋەكىللىك قىلغانلىقى ئۈچۈن بايان قىلىنىدۇ ...» دېگەن. شۇنداق، ئاپتوبى-يوگرافىيە خاراكتېرنىڭ تەرەققىيات جەريانى ۋە قەلبىنىڭ تاكامۇل-لىشىش جەريانىنى خاتىرىلەپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ مۇشۇ تەرەققى-يات ۋە تاكامۇللىشىشنى ئىسپاتلايدۇ. ئاپتوبىيوگرافىيە يۈز بەرگەن پاكىتنى ھۆرمەتلەشتىنمۇ، شۇنداقلا باشقىلارنى ۋە ھەقىقەتنى قىز-غىن سۆيۈشتىنمۇ دېرەك بېرىدۇ. ئۇ، ئۆتۈپ كەتكەن گۈزەل پەيت-

لەرگە بولغان چوڭقۇر سېغىنىش، شۇنداقلا ئاپتورنىڭ دۇنياغا ۋە باشقىلارغا بولغان مىننەتدارلىقى ۋە بەخت تىلىشىدۇر. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ۋاڭ مېڭ ئاپتوبىيوگرافىيە يېزىشتا بىر خىل ناتوغرا بايان پوزىتسىيەسى ۋە ئىشەنچسىز بايان ئۇسۇلىنى تاللىغان، شۇڭا ئۇنىڭ مىليون سۆزلۈك ئۇزۇن «ۋاڭ مېڭنىڭ ئۆز تەرجىمىھالى» كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان ئەسەر بولۇپ قالغان، ئۇنىڭدا باھاردەك ئىللىقلىق، كىشىنىڭ قەلبىنى يورۇتىدىغان نۇر كەمچىل؛ ئۇنىڭدا مۇبالىغە ئۇسۇلى ئارقىلىق «ئۆزلۈك» گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، باشقىلار بىلەن ئورتاق بەھرىلىنىشكە بولىدىغان پارلاق ۋە گۈزەل دۇنيا يوق.

2008 – يىلى 9 – ئاينىڭ 18 – كۈنى، بېيجىڭ

(خۇاشىيا نەشرىياتى 2010 – يىلى 1 – ئايدا نەشر قىلغان «ئەدەبىيات نېمە ئۈچۈن ئۇلۇغ» دېگەن كىتابتىن تەرجىمە قىلىندى.)

策　　划：阿迪力·穆罕默德
责任编辑：巴哈尔古丽·吐尔洪
特约编辑：拜格买提·玉苏甫
责任校对：阿布都热依木·阿不力米提
封面设计：努尔买买提·艾买尔
版式设计：迪丽努尔·吾买尔

新疆名家名著丛书
我为什么要写文学评论（维吾尔文）
牙里坤·肉孜　著

新疆科学技术出版社出版发行
（乌鲁木齐市延安路255号　邮政编码：830049）
新疆新华书店经销　北京盛通印刷股份有限公司印刷
880mm×1230mm　32开本　15.375印张
2012年4月第1版　2012年4月第1次印刷

ISBN 978-7-5466-1228-7（民文）定价:54.00元

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن

خەتتات: خەممەت تىسدالىم

## يالقۇن روزى ئەسەرلىرى

تەۋپىق يولى

لاي قەلئەنىڭ سىرى

ئويغىنىۋاتقان ئەجداد روھى

مەن نېمىشقا ئوبزور يازىمەن

ISBN 978-7-5466-1228-7

9 787546 612287 >

定价：54.00元